# ماۋزيدوڭ تاللانما ئەسەرلرى

## 1 - توم

پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار!

# ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

## 1 ـ توم

# تاللانما ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا

بۇ تاللانما ئەسەرلەر يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى مۇھىم ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى جايلاردا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك نۇسخىدىكى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ ھېچقايسىسى ئاپتورنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىگەن، ئەسەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خېلى رەتسىز بولغان، ھەرپ خاتالىقلىرىمۇ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى مۇھىم ئەسەرلەر كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى. ھازىرقى بۇ تاللانما ئەسەرلەر جۇڭگو گوڭچەندانگى قۇرۇلۇپ ئۆز بېشىدىن كوچۈرگەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممە ئەسەرلەر يېزىلغان ۋاقتىنىڭ تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلدى. بۇ تاللانما ئەسەرلەرگە جايلاردا ئىلگىرى بېسىلغان نۇسخىلىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن بەزى مۇھىم ئەسەرلەر ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كىرگۈزۈلدى. بۇ تاللانما ئەسەرلەردىكى ھەممە ئەسەرلەرنى ئاپتور ئۆزى قاراپ چىقىپ، بەزى جايلىرىنى ئەدەبىي جەھەتتىن تۈزەتتى، ئايرىم ئەسەرلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن بىرئاز تولۇقلىدى ۋە تۈزەتتى.

تۆۋەندە نەشر قىلىش ئىشىغا دائىر بىرنەچچە ئىزاھات بېرىمىز:

بىرىنچى، ھازىر نەشر قىلىنغان بۇ تاللانما ئەسەرلەر ھېلىمۇ ئانچە تولۇق ئەمەس. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاۋىي ھۆججەتلەرنى يوقىتىۋەتكەنلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلاردا ئىنقىلاۋىي

ھۆججەتلەر يوقلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان نۇرغۇن خەتلەر ۋە دېيىنباۋلارنى (بۇلار يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىدە خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى) ھازىر تېخى تاپالمىدۇق.

ئىككىنچى، ئىلگىرى تارقالغان ئەسەرلەردىن بەزىلىرى، مەسىلەن، «يېزىلارنى تەكشۈرۈش» ئاپتورنىڭ پىكرى بويىچە كىرگۈزۈلمىدى؛ يەنە ئاپتورنىڭ پىكرى بويىچە «ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە مالىيە مەسىلىسى»نىڭمۇ بىرىنچى بابى (يەنى «ئۆتكەنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئاساسىي خۇلاسە»)لا كىرگۈزۈلدى.

ئۈچىنچى، بۇ تاللانما ئەسەرلەردە بەزى ئىزاھلار بېرىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا دائىر بولۇپ، شۇ ئەسەرنىڭ 2-بېتىنىڭ ئاستىغا بېرىلدى؛ قالغان قىسمىنىڭ بەزىلىرى سىياسىي خاراكتېردا، بەزىلىرى تېخنىكىلىق خاراكتېردا بولۇپ، ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى.

تۆتىنچى، بۇ تاللانما ئەسەرلەر ئىككى خىل تۈپلەندى. بىر خىلى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەسەرلەر تۈپلام قىلىنغان بىر توملۇق، يەنە بىر خىلى تۆت توملۇق. تۆت توملۇقنىڭ بىرىنچى تومى بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرى ۋە ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى توملىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆتىنچى تومى ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ ماۋ زېدۇڭ تاللانما**
**ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ۋېيۈەنخۇيى**

1951-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرى


جۇڭگو جەمىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل (1926 - يىل 3 - ئاي) ........................................ 3
خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات (1927 - يىل 3 - ئاي) ........................................ 23
دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ جىددىيلىكى ........................................ 23
تەشكىللىنىش ........................................ 25
تۇخاۋ - لېيشېنلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ دېھقانلار جەمىيىتىگە ئۆتۈشى ........................................ 27
«ناھايىتى يامان بولدى» ۋە «ناھايىتى ياخشى بولدى» ........................................ 29
«ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى» دېيىلگەن مەسىلە ........................................ 31
«ئۇششۇقلار ھەرىكىتى» دېيىلگەن ھەرىكەت ........................................ 34
ئىنقىلاپ شېھىنلىكى ........................................ 36
ئون تۇت چوڭ ئىش ........................................ 43

# ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرى

جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ (1928 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) ............... 93
1. ئىچكى سىياسى ئەھۋال........................... 93
2. جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەپلىرى.......................... 96
3. خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي قىلىنىشى ۋە ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتى........................... 100
4. خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي ۋەزىيىتىنىڭ خۇنەن ـ خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدە تۇتقان ئورنى... 103
5. ئىقتىسادىي مەسىلە.............................. 104
6. ھەربى گېنجۈيدىلەر مەسىلىسى......................... 105
جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش (1928 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)...... 113
خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي قىلىنىشى ۋە ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتى........................... 113
گېجۈي رايونىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى...................... 123
ھەربى مەسىلىلەر............................... 126
يەر مەسىلىسى................................. 139
ھاكىمىيەت مەسىلىسى.............................. 145
پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسىلىسى....................... 148
ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى....................... 157
گېجۈي رايون مەسىلىسى............................ 160

پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا
(1929 ـ يىل 12 ـ ئاي)..................................173
نوقۇل ھەربىي كۆز قاراش توغرىسىدا..................174
چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدا.........179
تەشكىلسىزلىك كۆز قارىشى توغرىسىدا...................181
مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق توغرىسىدا..................183
جۇگۇەنجۈيى توغرىسىدا..................................185
شەخسىيەتچىلىك توغرىسىدا..............................186
ليۇكۇجۇيىلىق ئىدىيە توغرىسىدا.........................189
قارامىلىقنىڭ قالدۇقلىرى توغرىسىدا......................191
ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ (1930 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)......195
ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم (1933 ـ يىل
8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) .................................217
يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك
(1933 ـ يىل 10 ـ ئاي) ..................................233
بىزنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىمىز (1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ
23 ـ كۈنى) ..............................................239
ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، خىزمەت ئۇسۇلىغا
دىققەت قىلايلى (1934 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)............249
ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىياسىي توغرىسىدا
(1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)...............................261
ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى..................261
مىللىي بىرلىكسەپ............................................278
خەلق جۇمھۇرىيىتى..........................................285

خەلقارا ياردەم....................................294
جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ جەڭلۇۋى مەسىلىسى (1936 - يىل
12 - ئاي).................................................315
بىرىنچى باپ ئۇرۇشنى قانداق تەتقىق قىلىش كېرەك......315
1 - بولۇم ئۇرۇش قانۇنىيىتى راۋاجلىنىپ بارىدۇ..............315
2 - بولۇم ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى — ئۇرۇشنى يوقىتىش..........322
3 - بولۇم جەڭلۇۋى مەسىلىسى — ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگىنىڭ
قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان نەرسە........................324
4 - بولۇم مۇھىم مەسىلە — ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش..........330
ئىككىنچى باپ جۇڭگو كوڭچەندانگى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي
ئۇرۇشى.....................................................339
ئۈچىنچى باپ جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇ-
سىيەتلىرى..................................................345
1 - بولۇم بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى..........................345
2 - بولۇم جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نىمە...347
3 - بولۇم بۇنىڭدىن بىزنىڭ جەڭلۇۋى ۋە جەڭتۇيىمىز ۋۇجۇتقا
كېلىدۇ......................................................353
تۆتىنچى باپ «قورشاپ يوقىتىش» ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا
قارشى تۇرۇش — جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي
شەكلى......................................................355
بەشىنچى باپ جەڭلۇۋىلۇك مۇداپىيە........................364
1 - بولۇم ئاكتىپ مۇداپىيە ۋە پاسسىپ مۇداپىيە..............364
2 - بولۇم «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى...371
3 - بولۇم جەڭلۇۋىلۇك چېكىنىش............................375

4 ـ بۆلۈم جەنلۇبېلۇك قايتۇرما ھۇجۇم ........ 398
5 ـ بۆلۈم قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاش مەسىلىسى ........ 402
6 ـ بۆلۈم ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش مەسىلىسى ........ 416
7 ـ بۆلۈم يۆندۈگچەن ........ 427
8 ـ بۆلۈم تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى ........ 437
9 ـ بۆلۈم يوقىتىش ئۇرۇشى ........ 443

**جياڭ جېيشىنىڭ باياناتى توغرىسىدا بايانات** (1936 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ........ 457

**جۇڭگو گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى** (1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) ........ 473
مىللىي زىددىيەت ۋە ئىچكى زىددىيەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچى ........ 473
دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش ........ 480
بىزنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىمىز ........ 491

**مىليونلىغان ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشەيلى** (1937 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى) ........ 515
تىنچلىق مەسىلىسى ........ 515
دېموكراتىيە مەسىلىسى ........ 520
ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسى ........ 524
كادىرلار مەسىلىسى ........ 526
پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە مەسىلىسى ........ 528
يىغىننىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ........ 528

مىليونلىغان ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى
بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشەيلى............529
ئەمەلىيەت توغرىسىدا (1937 ـ يىل 7 ـ ئاي)......................535
زىددىيەت توغرىسىدا (1937 ـ يىل 8 ـ ئاي)......................563
1. ئىككى خىل دۇنيا قاراش......................................564
2. زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى........................................572
3. زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى..................................579
4. ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى...600
5. زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە كۈرىشى.........612
6. دۇيكاڭنىڭ زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇتقان ئورنى...........624
7. خۇلاسە..........................................................628

# بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي
# ئۇرۇش دەۋرى

# جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل*

**(1926 - يىل 3 - ئاي)**

كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز؟ بۇ مەسىلە — ئىنقىلاپتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە. جۇڭگودا ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر ناھايىتى ئاز نەتىجە بەردى، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ھەقىقىي دوستلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقىي دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىشكە قادىر بولالمىغانلىغىدۇر. ئىنقىلاۋىي پارتىيە — ئاممىنىڭ يولباشلامچىسى، ئىنقىلاپتا ئىنقىلاۋىي پارتىيە خاتا يولغا باشلىسا، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. ئىنقىلاۋىمىزنى خاتا يولغا باشلاپ قويماسلىق ۋە چوقۇم ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەقىقىي دوستلىرىمىز بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەقىقىي دۈشمەنلىرىمىزگە زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. ھەقىقىي دوستلىرىمىز بىلەن ھەقىقىي دۈشمەنلىرىمىزنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

ئنقلاپقا تۇتقان پوزتسىيلرى ئۈستدە ئۇمۇمى تەھلل يۈرگۈزمەي بولمايدۇ.

جۇڭگو جەمئيتدىكى سنپلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

پومېشچكلار سنپى ۋە مەيبەنلەر سنپى. ئقتسادى قالاق، يېرم مۇستەملكە جۇڭگودا پومېشچكلار سنپى ۋە مەيبەنلەر سنپى پۈتۈنلەي خەلقارا بۇرژۇئازيسنىڭ بېقندسى، ئۇلارنىڭ ياشاپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلنشى جاھانگرلككە قاراشلق. بۇ سنپلار جۇڭگونىڭ ئەڭ قالاق ۋە ئەڭ ئەكسيەتچل ئشلەپچقرش مۇناسۋەتلرىگە ۋەكللك قلدۇ، جۇڭگونىڭ ئشلەپچقرش كۈچلرىنىڭ راۋاجلنشغا توسقۇنلۇق قلدۇ. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلرى جۇڭگو ئنقلاۋىنىڭ مەقسدى بلەن تامامەن سغشالمايدۇ. بولۇپمۇ چوڭ پومېشچكلار سنپى ۋە چوڭ مەيبەنلەر سنپى باشتن-ئاخر جاھانگرلك تەرپدە تۇرۇپ كەلمەكتە، ئۇلار ئۇچغا چققان ئەكسلئنقلاپچلار. ئۇلارنىڭ سياسى ۋەكللرى — گوجياجۇيچلار① ۋە گومنداڭنىڭ ئوڭچلرى.

* يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئەسرى شۇ چاغدا پارتيە ئچدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئككى خل خاھشقا قارشى تۇرۇش مەقسددە يېزلغان ئدى. شۇ چاغدا پارتيە ئچدىكى برنچى خل خاھشقا چېن دۇشيۇ ۋەكللك قلاتتى، ئۇ پەقەت گومنداڭ بلەن ھەمكارلششقلا ئەھميەت بېرپ، دېھقانلارنى ئېسدن چقرپ قويغان، بۇ ئوڭچل جخۇيجۇيى ئدى. ئككنچى خل خاھشقا جاڭ گوتاۋ ۋەكللك قلاتتى، ئۇ پەقەت ئشچلار ھەرىكتگلا ئەھميەت بېرپ، ئوخشاشلا دېھقانلارنى ئېسدن چقرپ قويغان، بۇ «سول»چل جخۇيجۇيى ئدى. بۇ ئككى خل جخۇيجۇيسنىڭ ھەر ئككلسى ئۆز كۈچنىڭ يېتەرلك ئەمەسلكنى سېزەتتى، لېكن نەدن كۈچ

ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە. بۇ سىنىپ جۇڭگونىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە، ئاساسەن، مىللىي بۇرژۇئازىيىنى كورسىتىدۇ، ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىغا قارىتا زىددىيەتلىك پوزىتسىيە تۇتىدۇ: چەتئەل كاپىتالىنىڭ زەربىسى ۋە جۇنفالارنىڭ زۇلمى جېنىغا تەككەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئىنقىلابنى لازىم تاپىدۇ، جاھانگىرلىككە قارشى ۋە جۇنفالارغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ياقلايدۇ؛ لېكىن ئىنقىلابنىڭ ئىچكى جەھەتتە مەملىكىتىمىز پرولېتارىياتىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قاتنىشىشىغا، تاشقى جەھەتتە خەلقارا پرولېتارىياتىنىڭ ئاكتىپ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە يەتمەكچى بولۇشتىن ئىبارەت سىنىپىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تەھدىت دەپ ھېس قىلغاندا، ئىنقىلابتىن يەنە گۇمانلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى مىللىي بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت بىر سىنىپ ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان دولەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆزىنى دەي جىتاۋنىڭ[2] «چىن مۇرىتى» دەپ ئاتىغان بىر كىشى بېيجىڭ «چېنباۋ»[3] گېزىتىدە پىكىر

تېپىشنى، نەدىن كەڭ ئىتتىپاقچىغا ئېرىشىشنى بىلمەيتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ سادىق ئىتتىپاقچىسى دېھقانلار ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىتتىپاقچىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە شۇ ۋاقىتتىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئارىسالدى سىنىپ ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلاب يۇقىرى ئورلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ بولۇنۇش ياسايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئوڭقانىتىنىڭ جاھانگىرلىك تەرەپكە ئوتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئالدىن كورگەن ئىدى. 1927 - يىلى تۇغۇلغان ۋەقە بۇنى ئىسپاتلىدى.

بايان قىلىپ: «سول قولۇڭنى كوتۇرۇپ جاھانگىرلىكنى يوقات، ئوڭ قولۇڭنى كوتۇرۇپ گوڭچەنداڭنى يوقات» دىگەن ئىدى. بۇ سوزلەر بۇ سىنىپنىڭ زىددىيەتلىك ۋە ساراسىمىلىك ھالىتىنى سۇرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇلار گومىنداڭنىڭ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگىنى سىنىپى كۇرەش تەلىماتى بويىچە چۇشەندۇرۇشكە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار گومىنداڭنىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىشىگە ۋە گوڭچەنداڭنى④ ھەم سولچىلارنى ئوز ئىچىگە ئېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. لېكىن بۇ سىنىپنىڭ غەرىزى ــــ مىللى بۇرژۇئازىيە ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان دولەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇش غەرىزى پۇتۇنلەي ئەمەلگە ئاشمايدۇ، چۇنكى ھازىر دۇنيادىكى ۋەزىيەت ــ ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۇچ ئوتتۇرىسىدا ئاخىرقى كۇرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەزىيەت. بۇ ئىككى چوڭ كۇچ ئىككى چوڭ بايراقنى تىكلىدى: بىرى ــ قىزىل، ئىنقىلاۋى چوڭ بايراق، بۇ بايراقنى ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىونال ئېگىز كوتۇرۇپ، پۇتۇن دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگۇچى سىنىپلارنى ئوز بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشقا چاقىرماقتا؛ بىرى ــ ئاق، ئەكسىلئىنقىلاۋى چوڭ بايراق، بۇ بايراقنى خەلقارا ئىتتىپاق ئېگىز كوتۇرۇپ، پۇتۇن دۇنيادىكى بارلىق ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى ئوز بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشقا چاقىرماقتا. ئارىلىقتىكى سىنىپلار چوقۇم ناھايىتى تېزلىكتە بولۇنىدۇ، بىر قىسمى سولغا قاراپ مېڭىپ ئىنقىلاپچىلارغا قوشۇلىدۇ، بىر قىسمى ئوڭغا قاراپ مېڭىپ ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا قوشۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ «مۇستەقىل» تۇرۇشىغا ئورۇن يوق. شۇڭا، جوڭگو ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئوز سىنىپىنى جۇتى قىلىپ «مۇستەقىل» ئىنقىلاپ قىلىش ئىدىيىسى پەقەت بىر خام خىيالدىنلا ئىبارەت.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيە. بۇنىڭغا ئوز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان

دىخانلار[5]، قول سانائىتى ئىشخانىلىرىنىڭ ئىگىلىرى، ئۇششاق
زىيالىلار تەبىقىسى — ئوقۇغۇچىلار، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ
ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇششاق ئەمەلدارلار، ئۇششاق خىزمەتچىلەر، ئۇششاق
لۇيشىلار — ، ئۇششاق سودىگەرلەر كىرىدۇ. بۇ سىنىپ سان جەھەتـ
تىنمۇ، سىنىپىي خاراكتېر جەھەتتىنمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا
ئەرزىيدۇ. ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلار ۋە قول
سانائىتى ئىشخانىلىرىنىڭ ئىگىلىرى باشقۇرغان ئىگىلىكلەرنىڭ ھەمـ
مىسى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى. بۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە
ئىچىدىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر گەرچە ئوخشاشلا ئۇششاق بۇرژۇئازىيە
ئىگىلىكى ئورنىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئۈچ
قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى — ئېشىنىدىغانلار، يەنى ئۆزلىرىـ
نىڭ جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگىكى بىلەن تاپقان دارامىتىدىن،
ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، ھەر يىلى ئېشىنىدىغانلار.
بۇنداق كىشىلەردە باي بولۇش ئىدىيىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ،
ئۇلار جاۋ گۇڭ يۈەنشۈەيگە[6] ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ،
چوڭ باي بولۇش توغرىسىدا خام خىيال قىلمىسىمۇ، لېكىن ھامان
ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇلار
كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىچىك بايلارنى كۆرسە،
كۆپۈنچە، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر
يۈرەكسىز كېلىدۇ، ئۇلار ئەمەلدارلاردىن قورقىدۇ، ئىنقىلابتىنمۇ
بىر ئاز قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئوتتۇرا بۇرژۇـ
ئازىيىنىڭكىگە خېلى يېقىن بولغانلىقتىن، ئۇلار ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىـ
نىڭ تەشۋىقاتىغا خېلى ئىشىنىدۇ، ئىنقىلابقا قارىتا گۇمانلىنىش
پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. بۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيە

ئىچىدە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار ئوتتۇراھال بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوڭ قانىتى. ئىككىنچى قىسمى — ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇمۇمەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىيەلەيدىغانلار. بۇ بىر قىسىم كىشىلەر بىرىنچى قىسىمدىكىلەردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ، ئۇلارمۇ باي بولۇشنى ئويلايدۇ، لېكىن جاۋ گۇڭ يۈەنشۇەي ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا ھامان يول قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جاھانگىرلار، جۇنفالار، فېئودال - پومېشچىكلار ۋە مەيبەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېزىشى ھەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇلار ھازىرقى دۇنيانىڭ بۇرۇنقى دۇنياغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا. ئۇلار ھازىر ئەگەر ئىلگىرىكى قېلىپتا ئەمگەك قىلىدىغانلا بولسا، تۇرمۇشنى قامدىيالماي قالىدىغانلىقىنى؛ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ، كەچ يېتىش، ئىش كەسپىگە تېخىمۇ بەك كۆڭۈل قويۇش لازىملىقىنى سەزمەكتە. ئۇلار ئانچە - مۇنچە ئادەم تىللايدىغان بولۇپ قالدى: ئەجنەبىلەرنى «ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، جۇنفالارنى «بۇلاڭچى سىلىگلار»، تۇخاۋ - لېيشېنلارنى «رەھىمسىز بايلار» دەپ تىللاشماقتا. ئۇلار جاھانگىرلارغا ۋە جۇنفالارغا قارشى ھەرىكەتتىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسمىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ (سەۋەبى: ئەجنەبىلەر ۋە جۇنفالارنىڭ قۇۋۋىتى شۇنچە چوڭمىش)، بۇ ھەرىكەتكە ئاسانلىقچە قاتنىشىشنى ماقۇل كۆرمەيدۇ، بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ، لېكىن ئىنقىلابقا ھەرگىز قارشى چىقمايدۇ. بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈچىنچى قىسمى — تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىشىپ كەتكەنلەر. بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى

ئۇمۇمەن ئىلگىرى ھاللىق كىشىلەر بولۇپ، ئەمدى بارا ـ بارا ئارانلا كۈن كۆچۈرەلەيدىغان بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم يىل ئاخىرىدا ھېساپ ـ كىتاپ قىلغانىدا، چۆچۈپ كېتىپ: «ھەي، يەنە زىيان تارتىپتىمەن!» دەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئوتتۇرىدا ئوبدان كۈن كۆچۈرگەن، كېيىن يىلدىن ـ يىلغا تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلىشىپ، قەرزى بارا ـ بارا كۆپىيىپ، بارا ـ بارا ئېچىنىشلىق كۈنگە قالغانلىقتىن، «كەلگۈسىنى ئويلىغاندا تىترەك بېسىپ كېتىش» ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىشتىكى بىلەن ھازىرقىنىڭ تەتۈر سېلىشتۇرمىسى تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتتە خېلى مۇھىم، سان جەھەتتىن خېلىلا كۆپ ئامما. ئۇششاق بۇرژۇئا ـ زىيىنىڭ سول قانىتى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۈچ قىسمىنىڭ ئىنقىلاپقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ئادەتتىكى ۋاقىت ـ لاردا ئوخشاش بولمايدۇ؛ لېكىن ئۇرۇش ۋاقتى كەلگەندە، يەنى ئىنقىلاپ دولقۇنى يۇقۇرى ئۆرلىگەن، غەلىبىنىڭ تاڭ نۇرى كۆرۈن ـ گەن چاغدا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سولچىلىرىلا ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ قالماي، ئارىلىقتىكىلىرىمۇ ئىنقىلاپقا قاتنىشىدۇ، ھەتتا ئوڭچىلىرىمۇ پۇرولېتارىياتنىڭ ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سولچىلىرىنىڭ زور ئىنقىلاۋىي دولقۇنىنىڭ قىستىشى بىلەن ئىنقىلاپقا ماسلىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1925 ـ يىلدىكى 30 ـ ماي ھەرىكىتى⑦ ۋە جايلاردىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغىنىمىزدا، بۇ ھۆكۈم خاتا ئەمەس.

يېرىم پۇرولېتارىيات. بۇ يەردە يېرىم پۇرولېتارىيات دېگىنىمىز

تووۋەندىكى بەش خىل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ[8] مۇتلەق كوپچىلىگى، (2) كەمبەغەل دېھقانلار، (3) ئۇششاق قول سانائەتچىلەر، (4) دۇكان خىزمەتچىلىرى[9]، (5) ئۇششاق ئېلىپ-ساتارلار. يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى بىلەن كەمبەغەل دېھقانلار — يېزىلاردا سان جەھەتتىن ئىنتايىن كوپ ئاممە. دېھقانلار مەسىلىسى دېگىنىمىز، ئاساسەن، ئەنە شۇلارنىڭ مەسىلىسى. يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار، كەمبەغەل دېھقانلار ۋە ئۇششاق قول سانائەتچىلەر باشقۇرغان ئىگىلىكلەر — تېخىمۇ كىچىك بولغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىگى. يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگى ۋە كەمبەغەل دېھقانلار ئوخشاشلا يېرىم پرولېتارىياتقا كىرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا يەنىلا يۇقۇرى، ئوتتۇرا ۋە تووۋەن دېگەن پەرقلەر بار. يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىگە قارىغاندا ئېغىر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر يىلى ئالغان ئاشلىقى تەخمىنەن يېرىم يىلغىلا يېتىدۇ، يېتىشمىگەن قىسمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا ياكى بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا، ياكى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرى كېلىدۇ. ئۇلار ئەتىياز بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا، سېرىق-تال ۋاقتىدا باشقىلاردىن يۇقۇرى ئوسۇم بىلەن قەرز ئالىدۇ، قىممەت باھادا ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى باشقىلارغا مۇھتاج بولمايدىغان ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارنىڭكىدىن، تەبىي، ئېغىرراق بولىدۇ،

لېكىن كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىدىن ئوبدانراق بولىدۇ. كەمبەغەل دىخانلار يېرى بولمىغانلىقتىن، ھەر يىلى باشقىلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، ھوسۇلىنىڭ پەقەت يېرىمىنى ياكى يېرىمىدىن ئاز قىسمىنى ئالىدۇ؛ يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلار بولسا، باشقىلاردىن ئىجارىگە ئالغان يېرىنىڭ يېرىم ياكى يېرىمىدىن ئاز ھوسۇلىنى ئالىمۇ، لېكىن ئۆز يېرىدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىلىغى ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. كەمبەغەل دىخانلار يېزىلاردىكى ئىجارىگە ئالغۇچى دىخانلار بولۇپ، پومېشچىكلار تەرىپىدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي ئورنى جەھەتتىن يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسىم كەمبەغەل دىخانلارنىڭ بىر قەدەر تولۇق دىخانچىلىق سايمانلىرى ۋە خېلى دەسمايىسى بولىدۇ. مۇنداق دىخانلار يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئالالايدۇ. يېتىشمىگەن قىسمىنى قارا ئاشلىق تېرىش، بېلىق ۋە راك تۇتۇش، توخۇ ۋە چوشقا بېقىش ياكى بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىش يولى بىلەن تولدۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ئارانلا قامدايدۇ، ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەت ۋە مۇھتاجلىق ئىچىدە ئەبلەپ ـ سەپلەپ يىلدىن چىقىۋېلىش كويىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارنىڭكىدىن ئېغىرراق، لېكىن يەنە بىر قىسىم كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىدىن ئوبدانراق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىلىغى بولسا، يېرىم ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ. يەنە بىر قىسىم

كەمبەغەل دېخانلار دېيىلگەنلەرنىڭ بولسا، يېتەرلىك دېخانچىلىق سايمانلىرىمۇ بولمايدۇ، دەسمايىسىمۇ بولمايدۇ، ئوغۇتلىرى يېتىشمەيدۇ، يەردىن ئالىدىغان هوسۇلى ئاز بولىدۇ، ئىجارە تۆلىگەندىن كېيىن قولىدا هېچقانچە بىر نەرسە قالمايدۇ، ئۇلار بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا تېخىمۇ مۇهتاج بولىدۇ. قەهەتچىلىك ۋاقىتلىرىدا ئۇلار تۇت-بەش كۈننى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇرۇق-تۇققان، يار-بۇرادەرلىرىگە يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ، بىرنەچچە كۈرە، بىرنەچچە شىڭ ئاشلىق قەرز ئالىدۇ، قەرزى تۆپلىنىۋېرىپ، ئېغىر يۈككە ئايلىنىدۇ. ئۇلار دېخانلار ئىچىدە ئەڭ جاپاكەشلەر بولۇپ، ئىنقىلاۋىي تەشۋىقاتلارنى ناهايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئۇششاق سانائەتچىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم پۈرولېتارىيات دەپ ئاتىلىدۇكى، ئۇلار گەرچە ئاددى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئەركىن كەسىپچىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ، كوپىيونچە، بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى يېزىلاردىكى كەمبەغەل دېخانلارنىڭكىگە تەگرەك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى يۈكى ئېغىر بولۇپ، ئىش هەققى بىلەن تۇرمۇش خىراجىتى ماس كەلمىگەنلىكتىن، هەر دائىم نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ ۋە ئىشسىزلىقنىڭ خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرۇشىمۇ كەمبەغەل دېخانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. دۇكان خىزمەتچىلىرى ماگازىنلاردىكى يالانما خادىملار بولۇپ، ئازغىنا مائاشى بىلەن ئائىلىسىنىڭ خىراجىتىنى قامدايدۇ، لېكىن مال باهاسى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ تۇرغاچقا، مائاشى، كوپىيونچە، بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم ئاشۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالساڭ، ئۇز ئەهۋالىدىن توختىماي زارلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنى كەمبەغەل

دىخانلار بىلەن ئۇششاق قول سانائەتچىلەرنىڭكىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، بۇلار ئىنقىلاۋىي تەشۋىقاتنى ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. ئۇششاق ئېلىپ-ساتارلارنىڭ، مەيلى كوتۇرمىچىلىك قىلىدىغانلىرى بولسۇن ياكى كوچىلاردا پايىمچىلىق قىلىدىغانلىرى بولسۇن، ئۇمۇمەن، دەسمايىسى ئاز، پايدىسىمۇ ئاز بولىدۇ، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلىرىگە يەتمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئورنى كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىدىن ئانچە پەرق قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان ئىنقىلاپقا مۇھتاج بولۇشىمۇ كەمبەغەل دىخانلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

پۇرولېتارىيات. ھازىرقى زامان سانائەت پۇرولېتارىياتى تەخمىنەن 2 مىليون كىشى. جۇڭگو ئىقتىسادىي جەھەتتىن قالاق بولغانلىقتىن، ھازىرقى زامان سانائەت پۇرولېتارىياتىنىڭ كىشى سانى كوپ ئەمەس. 2 مىليون چامىسىدىكى بۇ سانائەت ئىشچىلىرى، ئاساسەن، تومۇر يول، كان، دېڭىز نەقلىياتى، توقۇمىچىلىق ۋە كېمىسازلىقتىن ئىبارەت بەش خىل سانائەت ئورنىدىكى ئىشچىلار، يەنە كېلىپ، بۇلارنىڭ خېلىلا كوپ ساندىكىلىرى چەتئەل كاپىتالى بىلەن قۇرۇلغان سانائەتنىڭ قولىدا. سانائەت پۇرولېتارىياتى سان جەھەتتىن كوپ بولمىسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودا ئەڭ ئىلغار سىنىپ، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلغۇچى كۈچ. 4 يىلدىن بۇيانقى ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىدە، مەسىلەن، دېڭىزچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى[10]، تومۇر يول ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى[11]، كەيلۇەن ۋە جياۋزو كومۇر كانلىرىدىكى ئىش تاشلاش[12]، شامىيەندىكى ئىش تاشلاش[13] ھەم «30-ماي»دىن كېيىن بولغان شاڭخەي، شياڭگاڭلاردىكى چوڭ

ئىش تاشلاشلاردا⑭ ئىپادىلەنگەن كۈچلەرنى كۆزدىن كەچۈرسەكلا، سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولالىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى — مەركەزلەشكەنلىكى. مەركەزلىشىش جەھەتتىن ھەرقانداق خىلدىكى كىشىلەر ئۇلارغا يېتەلمەيدۇ. ئىككىنچى سەۋەبى — ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلغان، ئىككى قول بىلەنلا قالغان، باي بولۇشتىن ئۈمىت ئۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىرلار، جۇنفالار ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنتايىن شەپقەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئالاھىدە جەڭگىۋار كېلىدۇ. شەھەرلەردە مەدىكارلىق قىلىدىغان ئىشچىلارنىڭ كۈچىمۇ دىققەت قىلىشقا ناھايىتى ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماتو ھامماللىرى ۋە قول ھارۋىسى سۆرىگۈچىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، قىغچىلار ۋە كوچا تازىلىغۇچىلارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇلاردا ئىككى قولدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن مەركەزلىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىملىقى جەھەتتىن سانائەت ئىشچىلىرىغا يەتمەيدۇ. جۇڭگودا يېڭى شەكىلدىكى كاپىتالىستىك يېزا ئىگىلىكى تېخى ئاز. يېزا پرولېتارىياتى دېگىنىمىز يىللىقچى، ئايلىقچى ۋە كۈنلۈكچى قاتارلىق ياللانما دېھقانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ياللانما دېھقانلاردا يەر ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولمايلا قالماستىن، ھېچقانداق دەسمايىمۇ بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئەمگەك كۈچىنى سېتىش بىلەنلا كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقى، قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ يامانلىقى، كەسپىنىڭ تۇراقسىزلىقى باشقا ئىشچىلارنىڭكىدىن ئېشىپ

چۈشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يېزىلاردا تازا قىيىنچىلىق تارتىۋاتقانلار بولۇپ، دېخانلار ھەرىكىتىدە كەمبەغەل دېخانلارغا ئوخشاش مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، خېلى كۆپ ساندا سەرگەردان پرولېتارلار بار، بۇلار يېرىدىن ئايرىلغان دېخانلار ۋە ئىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان قول سانائەتچىلىرى. ئۇلار جەمئىيەتتە تۇرمۇشى ئەڭ تۇراقسىزلار. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا مەخپىي تەشكىلاتلىرى بار، مەسىلەن، فۇجيەن ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىكى «سەنخېخۇي»، خۇنەن، خۇبېي، گۇيجۇ ۋە سىچۇەن ئۆلكىلىرىدىكى «گېلاۋخۇي»، ئەنخۇي، خېنەن ۋە شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى «داداۋخۇي»، جېلى ۋە دۇڭبېي ئۈچ ئۆلكىدىكى «زەيلىخۇي»، شاڭخەي ۋە باشقا جايلاردىكى «چىڭباڭ»لار[15] ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشـ لەردە ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان تەشكىلاتلىرى ئىدى. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش — جۇڭگونىڭ ئالدىدا تۇرغان قىيىن مەسىلىلەردىن بىرى. بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا قابىل كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكـ تېرى بار، ئەگەر ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىنسا، ئۇلارنى بىر خىل ئىنقىلاۋىي كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، جاھانـ گىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بارلىق جۇنفالار، گۇەنلياۋلار، مەيبەنلەر سىنىپى، چوڭ پومېشچىكلار سىنىپى ۋە ئۇلارغا بېقىندى بولغان بىر قىسىم ئەكسىيەتچى زىيالىلار — بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. سانائەت پرولېتارىياتى — ئىنقىلاۋىمىزنىڭ رەھبىرىي كۈچى. بارلىق يېرىم پرولېتارىيات ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە — بىزنىڭ ئەڭ يېقىن

دوستىمىز. ئىككىلىنىپ تۇرغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئوڭ قانىتى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولۇشى مۇمكىن، سول قانىتى بىزنىڭ دوستىمىز بولۇشى مۇمكىن ــ لېكىن بىز ھەر دائىم ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشىمىز، ئۇنىڭ بىزنىڭ سېپىمىزنى پاراكەندە قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار

① گوجياجۇيىچىلار شۇ چاغدا «جۇڭگو گوجياجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى»نى تەشكىل قىلغان، كېيىن يەنە ئۇنىڭ نامىنى «جۇڭگو ياشلار پارتىيىسى»گە ئۆزگەرتكەن بىر ئوچۇم فاشىزىمچى نومۇسسىز سىياسەتۋازلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار گومىنداڭغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھەرخىل ئەكسىيەتچىلەردىن ۋە جاھانگىرلاردىن جىنتىيې ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆزلىرىگە ئەكسىلئىنقىلاۋىي كەسىپ قىلىۋالغان.

② دەي جىتاۋ ــ ياش ۋاقتىدىلا گومىنداڭغا قاتناشقان، جياڭ جيېشى بىلەن بىرلىكتە جياۋيىسودا ھايانكەشلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1925-يىلى سۇن جۇڭشەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭغا قارشى قۇترىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جياڭ جيېشىنىڭ 1927-يىلى ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېڭ قىلىشىغا روھىي جەھەتتىن ھازىرلىق قىلىپ بەرگەن. ئۇ ئۇزاق مۇددەت جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى ئۈچۈن سادىق غالچى بولۇپ كەلگەن. 1949-يىل 2-ئايدا جياڭ جيېشى ھوكۇمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىت يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

③ بېيجىڭ «چېنباۋ» گېزىتى شۇ چاغدا سىياسى جەھەتتىن بېياڭ جۇنفالارنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغان سىياسى تەشكىلاتلارنىڭ

بىرى — بەنجىۇشىنىڭ نەشر ئەپكارى ئىدى.

④ 1923-يىلى سۇن جۇڭشەن جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا گومىنداڭنى ئوزگەرتىپ قۇرۇش، گومىنداڭ-گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كوممۇنىستلارنى گومىنداڭغا قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە 1924-يىل 1-ئايدا گۇاڭجۇدا گومىنداڭنىڭ 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇ چاغدا يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە لى داجاۋ، لىن بوچۈي، چۈي چيۇبەي قاتارلىق يولداشلار بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ، گومىنداڭنىڭ ئىنقىلاۋىي يولغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىشتە ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدىكى گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ ئىجرائىي ۋېيۈەنلىكى ياكى خوبۇ ئىجرائىي ۋېيۈەنلىكىگە سايلانغان ئىدى.

⑤ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئوتتۇرا دېخانلارنى كوزدە تۇتىدۇ.

⑥ جاۋ گۇڭ يۈەنشۈي جۇڭگو خەلق ئەپسانىلىرىدىكى بايلىق خۇداسى بولۇپ، ئىسمى جاۋ گۇڭمىڭ.

⑦ بۇ 1925-يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شاڭخەيدىكى ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ 5-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىنى كورسىتىدۇ. 1925-يىل 5-ئايدا چىڭداۋ ۋە شاڭخەيلەردىكى ياپونىيە يىپ ئېگىرىش زاۋۇتلىرىدا ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى، كولىمى ناھايىتى كەڭ بولدى. ياپون جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى بېيياڭ جۇنفالار تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇۋېتىلدى. 5-ئاينىڭ 15-كۈنى شاڭخەيدىكى ياپونىيە يىپ ئېگىرىش زاۋۇدىنىڭ كاپىتالىستلىرى ئىشچى گۇ جېڭخۇڭنى ئېتىپ ئولتۇردى ۋە ئون نەچچە ئىشچىنى يارىدار قىلدى. 28-كۈنى چىڭداۋ ئىشچىلىرىدىن 8 كىشى ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 30 ـ كۈنى شاڭخەيدى ئوقۇغۇچىلاردىن 2 مىڭدىن ئوشۇق كىشى زۇجيېلەردە ئىشچىلارغا مەدەت بېرىشنى تەشۋىق قىلدى ۋە زۇجيېلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى چاقىرىق قىلدى، ئارقىدىنلا 10 مىڭدىن ئوشۇق كىشىنى توپلاپ، ئەنگلىيە زۇجيېدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا «يوقالسۇن جاھانگىرلىك»، «پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەنگە ئوخشاش شۇئارلارنى توۋلىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ساقچىلىرى دەرھال ئوق چىقىرىپ قىرغىنچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى، بۇ مەشھۇر «30 ـ ماي پاجىئەسى» ئىدى. بۇ زور قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەزىپى قوزغالدى، ھەممە جايدا نامايىشلار، ئىش تاشلاشلار، ئوقۇش تاشلاشلار ۋە بازار تاشلاشلار يۈز بېرىپ، جاھانگىرلىككە قارشى ناھايىتى كەڭ كولەملىك ھەرىكەت شەكىللەندى.

⑨ يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە بىرىم ئوز ئالدىغا تىرىقچىلىق قىلىدىغان، بىرىم ئىجارىگە ئالىدىغان نامرات دېھقانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.

⑨ جۇڭگونىڭ دۇكان خىزمەتچىلىرى ئىچىدە ھەرخىل تەبىقىدىكىلەر بار. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە دۇكان خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە كۆپرەك سانىنى تەشكىل قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ قالغان بىر قىسىم تۆۋەن قاتلام دۇكان خىزمەتچىلىرى پرولېتارىيات تۇرمۇشىنى كوچۈرەتتى.

⑩ بۇ 1922 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى شياڭگاڭ دېڭىزچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى بىلەن جاڭجياڭ كېمىچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شياڭگاڭ دېڭىزچىلىرى ئىش تاشلاشنى 8 ھەپتە قەتئىي داۋاملاشتۇردى، ئۇلارنىڭ شىددەتلىك، قانلىق كۆرەشلىرى ئارقىسىدا، ئاخىر ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شياڭگاڭدىكى دائىرىلىرى ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇشنى، ئاۋالقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، قولغا ئېلىنغان ئىشچىلارنى قويۇپ بېرىشنى ۋە قازا تاپقان ئىشچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە نەپىقە بېرىشنى ماقۇل كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئارقىدىنلا جاڭجياڭ

كېمە ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى، 2 ھەپتە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارمۇ غەلىبە قازاندى.

⑪ جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 1921-يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئارىسىدا تەشكىلاتچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى، 1922 ۋە 1923-يىللىرى ئاساسىي تۆمۈر يول لىنىيىلىرىدە گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى بولۇپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى 1923-يىل 2-ئاينىڭ 4-كۈنى بېيجىڭ-خەنكۇ تۆمۈر يولى ئىشچىلىرىنىڭ باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئومۇمىي ئىش تاشلىشى ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قوللىغان بېيياڭ جۇنفا ۋۇ پېيفۇ، شياۋ ياۋنەنلەر ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا قارشى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، بۇ تارىختىكى مەشھۇر «7-فېۋرال پاجىئەسى» بولدى.

⑫ كەيلۇەن كۆمۈر كانى — كەيپىڭ ۋە لۇەنجۇ كۆمۈر كان رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، ئۇلار جۇڭگونىڭ خېبېي ئۆلكىسىدە بولۇپ، ئۆزئارا باغلانغان چوڭ كۆمۈر كان رايونى، بۇنىڭدا 50 مىڭدىن ئوشۇق كان ئىشچىسى بار ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى 1900-يىلى يىختۇەن ھەرىكىتى ۋاقتىدا كەيپىڭ كۆمۈر كانىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلار يەنە لۇەنجۇ كۆمۈر كان گۇڭسىسىنى قۇرغان ئىدى، كېيىن ئۇمۇ كەيلۇەن كان ئىشلىرى باش ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كانىنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى يالغۇز ئىگىلىۋالدى. كەيلۇەندىكى ئىش تاشلاش 1922-يىل 10-ئايدىكى ئىش تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ. جياۋزو كۆمۈر كانى خېنەن ئۆلكىسىگە تەۋە بولۇپ، جۇڭگونىڭ مەشھۇر كۆمۈر كان رايونى. جياۋزودىكى ئىش تاشلاش 1925-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە داۋام قىلغان ئىش تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ.

⑬ شامىيەن ئۇ چاغدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى گۇاڭجۇدا ئىجارىگە

ئالغان يەر ئىدى. شامىيەندە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى 1924 ـ يىل 7 ـ ئايدا يېڭى ساقچىلىق تەرتىۋى ئېلان قىلىپ، شامىيەندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ زۇجيېگە كىرىش ـ چىقىشتا سۈرەتلىك چاپلانغان گۇۋاھنامىنى ئېلىپ يۈرۈشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى، لېكىن چەتئەللىكلەر بولسا، ئىختىيارىي كىرىپ ـ چىقاتتى. شامىيەن ئىشچىلىرى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىش تاشلاش ئېلان قىلىپ، بۇ يولسىز تەدبىرگە ئېتىراز بىلدۈردى. نەتىجىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى بۇ يېڭى ساقچىلىق تەرتىۋىنى ئىلاجسىز ئەمەلدىن قالدۇردى.

⑭ 1925 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى شاڭخەي ۋەقەسىدىن كېيىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەيدە ئومۇمىي ئىش تاشلاش باشلاندى، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شياڭگاڭدا ئومۇمىي ئىش تاشلاش باشلاندى. ئالدىنقىسىغا 200 مىڭدىن ئوشۇق كىشى، كېيىنكىسىگە 250 مىڭ كىشى قاتناشتى. شياڭگاڭدىكى زور كۆلەملىك ئىش تاشلاش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، بىر يىل تۆت ئاي داۋام قىلىپ، دۇنيا ئىشچىلار ھەرىكىتى تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش تاشلاش بولدى.

⑮ سەنخېخۇي، گېلاۋخۇي، داداۋخۇي، زەيلىخۇي ۋە چىڭباڭلار ـــ خەلق ئارىسىدا بولغان باشلانغۇچ شەكىلدىكى مەخپىي تەشكىلاتلار، بۇ تەشكىلاتلار، ئاساسەن، ۋەيران بولغان دېھقانلار، ئىشسىز قالغان قول ھۈنەرۋەنچىلەر ۋە لۈكچەك پرولېتارلاردىن تەركىب تاپاتتى. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق دەۋرىدە مۇنداق كىشىلەر، كۆپىنچە، دىنىي خۇراپاتنى ئالاقە ۋاستىسى قىلاتتى، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكىل بويىچە، خىلمۇ ـ خىل نامدا تۈرلۈك تەشكىلاتلارنى شەكىللەندۈرەتتى، بەزىلىرىدە قوراللىق كۈچمۇ بولاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەملىشىشكە ئىنتىلەتتى ۋە مەلۇم ۋاقىتلاردا كۈرەش قوزغاپ، ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقان گۇەنلىياۋلار ۋە پومېشچىكلارغا قارشى تۇراتتى. لېكىن شۇنىسى ناھايىتى

روشەنكى، دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەر مۇنداق قالاق تەشكىلاتلاردىن ئۆزلىرىنىڭ نىجات يولىنى تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنداق قالاق تەشكىلاتلارنى يومشىتىش ۋە زومىگەر كۈچلەر، دۇ[illegible]نچە ئۇ [illegible]؛ چاڭگىلىغا ئېلىۋالاتتى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەشكىلاتلار قارىغۇلارچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرىدا بولغاچقا، بەزىلىرى ئەكسىيەتچى كۈچكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 1927 - يىلى جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېڭگىيەن قىلغان چاغدا مۇنداق قالاق تەشكىلاتلاردىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇش ۋە ئىنقىلاپقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان ئىدى. يېقىنقى زامان سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ كۈچلىرى ئۆسۈپ ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاستا - ئاستا پۈتۈنلەي يېڭى شەكىلدىكى تەشكىلاتلارنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدىكى باشلانغۇچ شەكىلدىكى قالاق تەشكىلاتلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقاتتى.

# خۇنەن دېخانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات*

**(1927 - يىل 3 - ئاي)**

## دېخانلار مەسىلىسىنىڭ جىددىلىكى

مەن بۇ قېتىم خۇنەنگە[1] بېرىپ، شياڭتەن، شياڭشياڭ، خېڭشەن، لىلىڭ، چاڭشادىن ئىبارەت 5 ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە تەكشۈرۈپ چىقتىم. 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە جەمئى 32 كۈن ئىچىدە يېزىلاردا ۋە ناھىيە شەھەرلىرىدە تەجرىبىلىك دېخانلارنى ۋە دېخانلار ھەرىكىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنى چاقىرىپ تەكشۈرۈش يىغىنلىرى ئۆتكۈزدۈم، ئۇلارنىڭ دوكلاتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم، بىرمۇنچە ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم. دېخانلار ھەرىكىتى توغرىسىدا ئۇلاردىن ئاڭلىغان نۇرغۇن داۋالار خەنكۇ ۋە چاڭشالاردا شېنشىلار سىنىپىدىن ئاڭلىغان داۋالارنىڭ پۈتۈنلەي ئەتۈرى بولۇپ چىقتى.

كورۇپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان بىرمۇنچە ئاجايىپ ئىشلارنى كوردۇم ۋە ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، بۇ ئەھۋاللار ناھايىتى نۇرغۇن جايلاردا بولسا كېرەك. دېخانلار ھەربىكىتىگە قارشى ئېيتىلغان ھەرخىل گەپ-سوزلەرنى تېزدىن تۈزىتىش لازىم. ئىنقىلاپ دائىرىلىرى دېخانلار ھەربىكىتىگە قاراتقان تۇرلۇك خاتا تەدبىرلىرىنى تېزدىن ئوزگەرتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالىغا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا دېخانلار ھەربىكىتىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى ئىنتايىن زور بىر مەسىلە. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە يۈز مىليون دېخان جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمى، جەنۇبىي قىسمى ۋە شىمالىي قىسمىدىكى ئولكىلەردە قوزغىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى خۇددى بوران-چاپقۇندەك ئىنتايىن شىددەتلىك بولىدۇكى، ئۇنى ھەرقانداق زور كۈچ باسالمايدۇ. ئۇلار ئوزلىرىنى چىرماپ تۇرغان بارلىق تورلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئازاتلىق يولىغا قاراپ تېز ئالغا باسىدۇ. ئۇلار بارلىق جاھانگىرلار، جۇنفالار، خىيانەتچى ئەمەلدارلار، تۇخاۋ-لېيشېنلارنى گورگە تىقىدۇ. ئۇلار بارلىق ئىنقىلاۋىي پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە ئىنقىلاۋىي

---

* يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە ۋە تېشىدا دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىگە قىلىنغان تاپا-تەنىلەرگە جاۋابەن يېزىلغان. بۇ تاپا-تەنىلەرگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن يولداش ماۋزېدۇڭ خۇنەنگە بېرىپ، 32 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە بۇ دوكلاتنى يازدى. شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە چېن دۇشيۇ باش بولغان ئوڭچىل جىخۇيىجۇيىچىلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىماي، ئوزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئاساسەن شۇكى، ئۇلار گومىنداڭنىڭ

يولداشلارنى سىناپ كۆرۈپ، يا قوبۇل قىلىدۇ، يا رەت قىلىدۇ. دېخانلارغا ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلامسەن؟ يا ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قول شىلتىپ تەنقىت بىرەمسەن؟ يا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ قارشى چىقامسەن؟ ھەر بىر جۇڭگولۇقتا بۇ ئۈچىدىن بىرىنى تاللىۋېلىش ئەركىنلىكى بار، ۋەزىيەت سىنى چاپسانلىق بىلەن تاللىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، خالاس.

## تەشكىللىنىش

خۇنەندىكى دېخانلار ھەرىكىتى، ئوتتۇرا خۇنەن ۋە جەنۇبى خۇنەننىڭ بۇ ھەرىكەت راۋاجلانغان ناھىيىلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەخمىنەن ئىككى مەزگىلگە بۆلۈنگەن. بۇلتۇر 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىرىنچى مەزگىل، يەنى تەشكىللىنىش مەزگىلى بولغان. بۇ مەزگىلدە 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت مەخپى پائالىيەت مەزگىلى، ئىنقىلاۋىي ئارىسىيە جاۋ خېڭتىنى② قوغلاپ چىقارغان 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئاشكارا

---

ئەكسىيەتچىل ئىقىمىدىن قورقۇپ كېتىپ، دېخانلارنىڭ قوزغالغان ۋە قوزغىلىۋاتقان ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي كۆرەشلىرىنى قوللاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. گومىنداڭغا يادارا قىلىپ، ئۇلار ھەتتا ئەڭ ئاساسىي ئىتتىپاقچى بولغان دېخانلاردىن ۋازكېچىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە گۇڭچەنداڭنى ياردەمچىسىز ـ يېتىم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1927 ـ يىلى يازدا گومىنداڭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلىپ، «پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتى» ۋە خەلققە قارشى ئۇرۇش قوزغاشقا جۈرئەت قىلدىكى ئۇ، ئاساسەن، گۇڭچەنداڭنىڭ ئەنە شۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلاندى.

پائالىيەت مەزگىلى بولغان. بۇ مەزگىلدە دېخانلار جەمىيىتى ئەزالە-رىنىڭ ئومۇمى سانى ئاران 3 ـ 4 يۈز مىڭ بولغان، ئۇ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدىغان ئاممىمۇ ئاران 1 مىليوندىن كۆپرەك بولغان، يېزىلاردا تېخى ھېچقانداق كۈرەشلەر بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئۇلارغا ھېچقانداق تەنقىتمۇ بەرمىگەن. دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى يول باشلاش، چارلاش، يۈك توشۇش ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەنلىكتىن، بېيفا ئارمىيىسى جۈنگۇەنلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇلار ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز ئوبدان گەپلەرنىمۇ قىلىشىپ قويىغان. 10 ـ ئايدىن بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىككىنچى مەزگىل، يەنى ئىنقىلاپ مەزگىلى بولغان. بۇ مەزگىلدە دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىردىنلا 2 مىليونغا يەتكەن، ئۇ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدىغان ئاممە 10 مىليون كىشىگە يەتكەن. دېخانلار جەمىيىتىگە كىرىشتە كۆپىنچىلىك دېخانلار ھەر بىر ئائىلىدىن پەقەت بىرلا كىشىنىڭ ئىسمىنى يازدۇرغانلىقتىن، ئەزالار 2 مىليون بولغان بولسا، ئاممە تەخمىنەن 10 مىليون كىشى بولىدۇ. خۇنەندىكى ھەممە دېخانلارنىڭ يېرىمى دىگىدەك تەشكىللەنگەن. شياڭتەن، شياڭشياڭ، لىۇياڭ، چاڭشا، لىلىڭ، نىڭشياڭ، پىڭجياڭ، شياڭيىن، خېڭشەن، خېڭياڭ، لېيياڭ، چېنشيەن، ئەنخۇا قاتارلىق ناھىيىلەردە دېخانلار-نىڭ ھەممىسى دىگىدەك دېخانلار جەمىيىتى تەشكىلاتلىرىغا ئۇيۇشقان ۋە دېخانلار جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. دېخانلار كەڭ كۆلەملىك تەشكىلاتلارغا ئىگە بولۇش بىلەنلا ھەرىكەتلىنىشكە باشلى-غان، شۇنىڭ بىلەن 4 ئاي ئىچىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ يېزا ئىنقىلاۋى كۆتۈرۈلگەن.

# تۇخاۋ-لىپىشىنلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ دېخانلار جەمىيىتىگە ئۆتۈشى

دېخانلارنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىسى تۇخاۋ-لىپىشىنلار ۋە قانۇنسىز پومېشچىكلار بولۇپ، ھەرخىل ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمى، شەھەرلەردىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلار، يېزىلاردىكى قەبىھ ئادەتلەرمۇ چەتتە قالمىغان. بۇ ھۇجۇم خۇددى شىددەتلىك بوران-چاپقۇندەك تۇس ئالغانكى، بويسۇنغانلار ئامان قالغان، قارشى چىققانلار ھالاك بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فېئودال-پومېشچىكلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىمتىيازلىرى يەر بىلەن يەكسان بولغان. پومېشچىكلارنىڭ ئابرويى ۋە ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلغان. پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇشى بىلەنلا دېخانلار جەمىيىتى بىردىن-بىر ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، «بارلىق ھاكىمىيەت دېخانلار جەمىيىتىگە ئۆتسۇن» دېگەن شۇئار ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ھەتتا ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى جېدەلگە ئوخشاش ئۇششاق ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ كىشىلەر دېخانلار جەمىيىتىگە بارىدىغان بولغان. ھەرقانداق ئىش دېخانلار جەمىيىتىدىن ئادەم قاتناشمىسا ھەل بولمايدىغان بولۇپ قالغان. دېخانلار جەمىيىتى يېزىلاردا ھەتتا ھەممىگە ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزۈپ، راستىنلا «دېگىنىنى قىلالىغان». سىرتتىكىلەر دېخانلار جەمىيىتىنى پەقەت ياخشىلا دېگەن، يامان دېيەلمىگەن. تۇخاۋ-لىپىشىنلار ۋە قانۇنسىز پومېشچىكلار بولسا، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان، ھېچقايسىسى

غىڭ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان. دىخانلار جەمىيەتلىرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا تۇخاۋ-لىېشېنلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىكلىرى شاڭخەيگە، ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرى خەنكۇغا، ئۈچىنچى دەرىجە-لىكلىرى چاڭشاغا، تۆتىنچى دەرىجىلىكلىرى ناھىيە شەھەرلىرىگە قېچىپ بېرىۋالغان، بەشىنچى دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئۇششاق-چۈشەك تۇخاۋ-لىېشېنلار يېزىلاردا قېلىپ، دىخانلار جەمىيىتىگە تەسلىم بولغان.

كىچىك لىېشېنلار: «10 كويچەن بەرسەم، مېنى دىخانلار جەمى-يىتىگە ئالساڭلار» دېيىشكەن.

دىخانلار: «كوتە! سېسىق پۇلۇڭنى!» دەپ جاۋاپ بېرىشكەن.

بىرمۇنچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك پومېشچىكلار، باي دىخانلار، ھەتتا ئوتتۇرا دىخانلار ئىلگىرى دىخانلار جەمىيىتىگە قارشى تۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە دىخانلار جەمىيىتىگە كىرەي دەپ يالۋۇرۇپمۇ كىرەلمىگەن. مەن بارغانلا يەردە مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇردۇم، ئۇلار ماڭا: «ئۆلكىدىن كەلگەن ۋەيىۋەن، بىزگە كېپىل بولسىڭىز!» دەپ يالۋۇرۇشتى.

چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا جايلار رەسمى دەپتەر، ئايرىم دەپتەر دەپ ئىككى خىل نوپۇس دەپتىرى تۇتۇپ، ياخشى ئادەملەرنى رەسمى دەپتەرگە، ئوغرى-قاراقچى قاتارلىق يامان ئادەملەرنى ئايرىم دەپتەرگە تىزىملايدىكەن. ھازىر بەزى جايلاردىكى دىخانلار ئەنە شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئىلگىرى دىخانلار جەمىيىتىگە قارشى تۇرغانلارنى «بۇلار ئايرىم دەپتەرگە تىزىملانسۇن!» دەپ قورقۇتقان.

بۇ كىشىلەر ئايرىم دەپتەرگە تىزىملىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، دىخانلار جەمىيىتىگە كىرىشكە ھەر تەرەپتىن چارە ئىزلىگەن، پۈتۈن

پىكىر ـ خىيالى ئۆز ئىسىملىرىنى دىخانلار جەمىيىتىنىڭ دەپتىرىگە تىزىملىتىۋېلىپ خاتىرجەم بولۇشتىلا قالغان. لېكىن ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا دىخانلار جەمىيىتىنىڭ قاتتىق رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇلار دائىم دەككە ـ دۈككىدە كۈن كۆچۈرگەن: دىخانلار جەمىيىتىنىڭ تېشىدا قېلىش گويا ماكانسىز قالغاندەك، يېزا تىلىدا ئېيتقاندا، «غېرىپ» بولۇپ قالغاندەك بىلىنگەن. قىسقىسى، بۇنىڭدىن 4 ئاي ئىلگىرى ئادەتتىكى كىشىلەر كوزگە ئىلمايدىغان «دىخانلار جەمىيىتى» ئەمدى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە بولۇپ قالغان. ئىلگىرى شېنشىلار ھاكىمىيىتىگە باش قويغان كىشىلەر ئەمدى دىخانلار ھاكىمىيىتىگە باش قويغان. مەيلى قانداقلا كىشى بولسۇن، بۇلتۇر 10 ـ ئايدىن بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن 10 ـ ئايدىن كېيىنكى ۋاقىتنىڭ باشقا ـ باشقا ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماقتا.

## «ناھايىتى يامان بولدى» ۋە «ناھايىتى ياخشى بولدى»

دىخانلار يېزىلاردا ئىسيان كۆتۈرۈپ، شېنشىلارنىڭ شىرىن چۈشلىرىنى بۇزۇۋەتكەن. يېزا خەۋەرلىرى شەھەرلەرگە تارقىلىشى بىلەنلا شەھەرلەردىكى شېنشىلار دەرھال قىيا ـ چىياغا چۈشكەن. مەن چاڭشاغا يېتىپ بېرىپلا ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، نۇرغۇن مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلىدىم. جەمىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەردىن تارتىپ گومىنداڭنىڭ ئوڭچىلىرىغىچە، ھەممىسى بىر ئېغىز سوز بىلەنلا: «ناھايىتى يامان بولدى» دېيىشكەن. ھەتتا ناھايىتى ئىنقىلاپچىل كىشى ھېساپلىنىپ يۈرگەنلەرمۇ ھېلىقى

«ناھايىتى يامان بولدى» دېگۈچىلەرنىڭ پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان سوز - چۆچەكلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، يېزا ئەھۋالىنى شۇ تەرىقىدە خىيالىغا كەلتۈرۈش بىلەنلا لاسىدا بولۇپ، «يامان بولدى» دېگەن سوزنى ئىنكار قىلىشقا چارىسىز قالغان. ناھايىتى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرمۇ پەقەت: «يامان بولغان بولسىمۇ، بۇ- ئىنقىلاپ جەريانىدا بولىدىغان ئىش» دېيىشكەن. يىغىپ ئېيتقاندا، مەيلى قانداقلا كىشى بولسۇن، مۇشۇ «يامان بولدى» دېگەن سوزنى تولۇق ئىنكار قىلىشقا چارىسىز قالغان. ھەقىقەتتىمۇ، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، كەڭ دېھقان-لار ئاممىسى قوزغىلىپ، ئوزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇن-لاشقا كىرىشكەن، يېزىلاردىكى دېموكراتىك كۈچلەر قوزغىلىپ، يېزىلاردىكى فېودال كۈچلەرنى ئاغدۇرۇشقا كىرىشكەن. ئۇرۇقداش فېوداللىق خاراكتېردىكى تۇخاۋ-لېيشېنلار، قانۇنسىز پومېشچىكلار سىنىپى — نەچچە مىڭ يىللىق ئىستىبدات سىياسىتىنىڭ ئاساسى، جاھانگىرلار، جۇنفالار ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھۇلى. بۇ فېودال كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش — مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقىي نىشانىسى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى مىللىي ئىنقىلاپ ئۈچۈن 40 يىل تىرىشىپ ئورۇنلىماقچى بولغان، ئەمما ئورۇنلىيالمىغان ئىشلارنى دېھقانلار بىرنەچچە ئايدىلا ئورۇنلاپ قويغان. بۇ — 40 يىل، ھەتتا بىرنەچچە مىڭ يىلدىمۇ ۋۇجۇتقا چىقمىغان ئاجايىپ زور ئىش. بۇ ناھايىتى ياخشى. بۇنىڭ زادىلا «يامان بولدى» دەيدىغان يېرى يوق، بۇ زادىلا «ناھايىتى يامان بولدى» دەيدىغان ئىش ئەمەس. «ناھايىتى يامان بولدى» دېگەن سوز، روشەنكى، پومېشچىكلارنىڭ مەنپەئەتى تەرەپتە تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشىغا زەربە بېرىدى-غانلارنىڭ نەزىرىيىسى، روشەنكى، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېودالىق

كونا تەرتىپلەرنى ساقلاپ قېلىپ، دېموكراتىك يېڭى تەرتىپلەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان نەزەرىيىسى، روشەنكى، ئەكسىلئىنقىلاۋىي نەزەرىيە. ھەر بىر ئىنقىلاۋىي يولداش ئۇلارغا ئەگىشىپ قارىسىغا سوزلىمەسلىكى كېرەك. سەن ئەگەر ئىنقىلاۋىي نۇقتەئى نەزەرىنى ئېنىق تىكلىۋالغان كىشى بولساڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېزىلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەرنى بىر قۇر كوزدىن كوچۇرگەن بولساڭ، جەزمەن زادى كورۇپ باقمىغان بىر خوشاللىققا چومگەن بولاتتىڭ. سان-ساناقسىز قۇللار — دىخانلار ئۇ يەرلەردە ئوزلىرىنىڭ ئادەمخور دۈشمەنلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقتا. دىخانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتى پۈتۈنلەي توغرى، ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ناھايىتى ياخشى بولدى! «ناھايىتى ياخشى بولدى» دىگەن سوز — دىخانلارنىڭ ۋە باشقا ئىنقىلاپچىلارنىڭ نەزەرىيىسى. بارلىق ئىنقىلاۋىي يولداشلار بىلىشى كېرەككى، مىللى ئىنقىلاپ يېزىلاردا زور بىر ئوزگىرىشنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج. شىنخەي ئىنقىلاۋى[3] ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئوزگىرىش بولمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ مەغلۇپ بولدى. ھازىر مۇشۇنداق ئوزگىرىش بولدى، بۇ — ئىنقىلاپنىڭ ئورۇنلىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى. بارلىق ئىنقىلاۋىي يولداشلار بۇ ئوزگىرىشنى ھىمايە قىلىشى لازىم، ئۇنداق قىلمىسا، ئەكسىلئىنقىلاۋىي مەيدانغا ئوتۇپ قالغان بولىدۇ.

## «ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى» دىيىلگەن مەسىلە

يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر: «دىخانلار جەمىيىتىنى قۇرۇش لازىملىغىغۇ لازىم، ئەمما ھازىر دىخانلار جەمىيىتىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدۇ» دىيىشكەن. بۇ —

ئارىلىقتىكىلەرنىڭ سۆزى. ئەمەلىيەت قانداق؟ توغرى، دېھقانلار يېزىلاردا بىرئاز «قالايمىقان ئىش قىلغان». دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ، پومېشچىكلارنىڭ سۆز قىلىشىغا يول قويمىغان، پومېشچىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان. بۇ پومېشچىكلارنى يەرگە ئېتىپ ئۇرۇپ، يەنە ئۈستىگە دەسسىگەن بىلەن باراۋەر بولغان. «سېنى ئايرىم دەپتەرگە تىزىملايمىز!» دېگەن، تۇخاۋ-لېشېنلارغا جەرىمانە قويغان، ئۇلاردىن پۇل ئىئانە ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ جۇۋىلىرىنى چېقىپ تاشلىغان. دېھقانلار جەمئىيىتىگە قارشى تۇرغان تۇخاۋ-لېشېنلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىر توپ كىشىلەر بېسىپ كىرىپ، چوچقىلىرىنى سويۇپ، ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ يېيىشكەن. شۇنىڭدەك تۇخاۋ-لېشېنلارنىڭ قىز-كېلىنلىرىنىڭ ئېسىل سەرەمجانلانغان ئورۇنلىرىغا چىقىپ دەسسەپ-ئېغناپمۇ قويغان. ھەدېسىلا تۇخاۋ-لېشېنلارنى تۇتۇپ، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈپ، يېزا بويىچە سازايى قىلغان، «لېشېنلار! ئەمدى بىزنى تونۇپ قويۇش!» دەپ، خالىغىنىنى قىلغان، ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا بىر تۈرلۈك ۋەھىمە پەيدا بولغان. بەزىلەرنىڭ «ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى»، «ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى»، «تولىمۇ قاملاشماي قالغاندەك تۇرىدۇ» دېگەنلىرى ئەنە شۇلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، ھەقىقەتتە خاتا. بىرىنچىدىن، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە تۇخاۋ-لېشېنلار، قانۇنسىز پومېشچىكلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەبچى بولغان. تۇخاۋ-لېشېنلار، قانۇنسىز پومېشچىكلار ئىلگىرىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچلىرىگە تايىنىپ زومىگەرلىك قىلىپ، دېھقانلارنى ئاياق-ئاستى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا،

دېخانلار ئۇلارغا ئەنە شۇنداق قاتتىق قارشى چىققان. قارشىلىق ئەڭ كۈچلۈك، قالايمىقانچىلىق ئەڭ زور بولغان جايلار تۇخاۋ-لېيشىيلار، قانۇنسىز پومېشچىكلارنىڭ جىنايىتى ئەڭ ئېغىر بولغان جايلار ئىكەن. دېخانلارنىڭ كوزى ئەسلا خاتا كورمىگەن. كىم يامان ئەمەس، كىم ئەشەددى، كىم ئانچە ئەمەس، كىمنى قاتتىق جازالاش كېرەك، كىمنى يېنىك جازالاش كېرەك — بۇلارنىڭ ھەممىسنى دېخانلار ناھايىتى ئېنىق ھېساپقا ئالغان، ناموۋاپىق جازالاپ قويغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئىككىنچىدىن، ئىنقىلاپ قىلىش مېھمان چاقىرىش-زىياپەت بېرىش ئەمەس، ماقالا يېزىش ئەمەس، رەسىم سىزىش-كەشتە تىكىش ئەمەس، ئۇ ئۇنداق نەپىس، ئۇنداق بىمالال، نازاكەتلىك، ئۇنداق مۇلايىم ۋە رەھىمدىل، ئەدەپلىك ۋە كەمتەر بولمايدۇ. ئىنقىلاپ — قوزغىلاڭ، بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت. يېزا ئىنقىلاۋى — دېخانلار سىنىپى فېودال-پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلاپ. دېخانلار ئەگەر ناھايىتى زور كۈچ چىقارمىسا، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مۇستەھ-كەم-چوڭقۇر يىلتىز تارتقان پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنى ھەرگىز ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايدۇ. يېزىلاردا زور ئىنقىلاپ دولقۇنى كوتۇرۇ-لۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا مىڭلىغان-تۇمەنلىگەن ئاممىنى قوزغاپ، زور كۈچنى شەكىللەندۇرگىلى بولىدۇ. يۇقۇردا ئېيتىلغان «ھەددى-دىن ئېشىپ كەتتى» دېيىلگەن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسنى دېخانلارنىڭ يېزىلاردىكى زور ئىنقىلاپ دولقۇنى قوزغىغان كۈچى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن. بۇ ئىش-ھەرىكەتلەر دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ ئىككىنچى مەزگىلىدە (ئىنقىلاپ مەزگىلىدە) ئىنتايىن زورۇر. ئىككىنچى

مەزگىلدە دىخانلارنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش لازىم. كىشىلەرنىڭ دىخانلار جەمئىيەتلىرىنى يامان نىيەت بىلەن تەنقىت قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. بارلىق شېنشىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش، شېنشىلارنى يەرگە ئېتىپ ئۇرۇش، ھەتتا دەسسەش لازىم. «ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى» دېيىلگەن بارلىق ئىش-ھەرىكەت-لەر ئىككىنچى مەزگىلدە ئىنقىلاۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەر بىر يېزىدا بىر قىسقا مۇددەتلىك ۋەھىمە پەيدا قىلىش لازىم، ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئەكسىلئىنقىلاپ-چىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بېسىقتۇرغىلى ھەرگىز بولمايدۇ، شېنشىلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى ھەرگىز بولمايدۇ. ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دېسەڭ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشىڭ كېرەك، چەكتىن ئاشۇرۇ-ۋەتمەسەڭ، ئەگرىنى تۈز قىلالمايسەن④. ئارىلىقتىكىلەرنىڭ سۆزلىرى كۆرۈنۈشتە ئالدىنقىلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما، ماھىيەتتە، ئالدىنقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بىر نۇقتەئىي نەزەردىن چىققان بولۇپ، يەنىلا ئىمتىيازلىق سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغان پومېشىكلار نەزىرىيىسى. مۇنداق نەزىرىيە دىخانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، نەتىجىدە ئىنقىلاپنى بۇزىدۇ، بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرماي تۇرالمايمىز.

## «ئۇششۇقلار ھەرىكىتى» دېيىلگەن ھەرىكەت

گومىنداڭنىڭ ئوڭچىلىرى: «دىخانلار ھەرىكىتى — ئۇششۇقلار ھەرىكىتى، ھورۇن دىخانلار ھەرىكىتى» دېيىشكەن. مۇنداق سۆزلەر چاڭشادا خېلى ئەۋج ئالغان. مەن يېزىلارغا بارغاندا، شېنشىلار-

نىڭ: «دىخانىلار جەمىيىتىنى قۇرسا بولىدۇ، ئەمما ھازىر ئىش بېجىرگۈچىلەر يارىمايدۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش كېرەك!» دېگەن سوزلىرىنى ئاڭلىدىم، مۇنداق سوزلەر ئوڭچىلارنىڭ سوزى بىلەن بىر مەنىدە بولۇپ، ھەممىسى دىخانلار ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ (دىخانلار ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتكەنلىكتىن، ھېچكىم ئۇنى ئېلىپ بارسا بولمايدۇ دېيەلمەيدۇ)، ئەمما ھازىر دىخانلار ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار يارىمايدۇ، دېگەنلىكتۇر، ئۇلار بولۇپمۇ تووەن دەرىجىلىك دىخانلار جەمىيەتلىرىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىلىرىنى ئوچ كورىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئۇششۇقلار» دېيىشىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇرۇن شېنشىلار كوزگە ئىلمايدىغان بارلىق كىشىلەر، شېنشىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان، جەمىيەتتە دەسسەپ تۇرغىدەك ئورنى بولمىغان ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بارلىق كىشىلەر ئەمدى مانا شۇنداق باش كوتۇرگەن. باش كوتۇرگەنلا ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان. ئۇلار يېزىلىق دىخانلار جەمىيەتلىرىدە (ئەڭ تووەن دەرىجىلىك دىخانلار جەمىيەتلىرىدە) ھەممە ئىشقا خوجا بولغان، يېزىلىق دىخانلار جەمىيەتلىرى ئۇلارنىڭ قولىدا ناھايىتى دەھشەتلىك نەرسە بولۇپ قالغان. ئۇلار قارىداپ كەتكەن يوغان مۇشتۇملىرىنى كوتۇرۇپ، شېنشىلارنىڭ باشلىرىغا تەڭلىگەن. ئۇلار لىيشېنلارنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈپ يېتىلەپ يۇرۇپ، يېزا بويىچە سازايى قىلغان (شياڭتەن ۋە شياڭشياڭ ناھىيىلىرىدە يېزا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش دەپ، لىلىڭ ناھىيىسىدە ئېتىز قىرلىرىدا سازايى قىلىش دەپ ئاتاشقان). ئۇلار قاتتىق، رەھىمسىز ئەيىبلەش ئاۋازلىرىنى ھەر كۇنى شېنشىلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىتىپ

تۇرغان. ئۇلار بۇيرۇق چىقىرىپ، ھەممىگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇلار ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن تۇرماقتا — بۇرۇن ھەممە كىشىدىن تۆۋەن تۇراتتى، شۇڭا ئىش باشقىچە بولۇپ كەتتى، دېيىلگەن.

## ئىنقىلاپ شيەنفېڭى

بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئادەم توغرىسىدا بىر-بىرىگە زىت ئىككى خىل قاراش بولسا، ئۇنىڭدىن بىر-بىرىگە زىت ئىككى خىل مۇلاھىزە كېلىپ چىقىدۇ. «ناھايىتى يامان بولدى» ۋە «ناھايىتى ياخشى بولدى»، «ئۇششۇقلار» ۋە «ئىنقىلاپ شيەنفېڭى» — بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئوبدان مىسالى.

دېھقانلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ۋۇجۇتقا چىقمىغان ئىنقىلاۋى ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ مىللى ئىنقىلاپنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئىشلىگەنلىكىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈم. لېكىن بۇنداق ئۇلۇق ئىنقىلاۋى ئىشنى، ئىنقىلاپنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىدىمۇ؟ ياق. دېھقانلار باي دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، كەمبەغەل دېھقان دىگەن ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل دېھقاننىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى ھېسسىياتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىرىنچى مەزگىلدە باي دېھقانلار، جياڭشىدىكىلەرنىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كېتىپتۇ، جياڭ جيېشىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ[5]، ئايروپىلان بىلەن گۇاڭدۇڭغا[6] قايتىپ كېتىپتۇ، ۋۇپېيفۇ[7] يۇېجۇ شەھىرىنى يېڭىۋاشتىن ئىشغال قىلىپتۇ، دېھقانلار جەمىيىتى جەزمەن ئۇزاققا بارالمايدۇ، سەنمىنجۇيىمۇ[8] راۋاج تاپالمايدۇ، چۈنكى بۇلار بۇرۇندىن بولۇپ باقمىغان

نەرسە، دىگەن سوزلەرنى ئاڭلىغان. يېزىلىق دىخانلار جەمىيەتلىرد-
نىڭ ئىش بېجىر گۇچىلىرى (كوپچىلىكى «ئۇششۇقلار» دىيىلگەنلەردىن)
دىخانلار جەمىيىتىنىڭ تىزىم دەپتىرىنى ئېلىپ، باي دىخانلارنىڭ
ھويلىسىغا كىرىپ، ئۇلارغا: «دىخانلار جەمىيىتىگە كىرىسىڭىز» دىگەن.
باي دىخانلار قانداق جاۋاپ بەرگەن؟ باي دىخانلاردىن پوزىتسىيىسى
ياخشىراقلىرى: «دىخانلار جەمىيىتىگە دەمسىلەر؟ مەن بۇ يەردە
تۇرغىلى بىرقانچە ئون يىل بولدى، بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان
دىخانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن، دىخانلار جەمىيىتى دىگەننى كور-
مەيمۇ جان بېقىپ كەلدىم. مېنىڭچە، بۇ ئىشنى قىلمىغىنىڭلار ياخشى!»
دىگەن. باي دىخانلاردىن پوزىتسىيىسى قەبىھلىرى: «نىددىكى دىخانلار
جەمىيىتى، كاللا كېسەر جەمىيەت، كىشىنى خەيلى قىلماڭلار!» دىگەن.
شۇنىسى ناھايىتى ئەجەپلىنەرلىككى، دىخانلار جەمىيىتى مانا شۇنداق
بىرنەچچە ئايدىن بۇيان دەسسەپ تۇرالىغان، بەلكى شېنشىلارغا
قارشى چىقىشقا جۇرئەت قىلغان. يېقىن ئەتراپتىكى شېنشىلارنى
ئەپيۇن غاڭزىسىنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۇچۇن دىخانلار جەمە-
يىتى تۇتۇۋېلىپ، يېزا بويىچە سازايى قىلغان. ناھىيە شەھەرلىرىدە
تېخى چوڭ شېنشىلارغا، مەسىلەن، شياڭتەندە يەن رۇڭچيۇغا، نىڭ-
شياڭدا ياڭ جىزىيلارغا ئولۇم جازاسى بەرگەن. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى
خاتىرىلەش يىغىنى، ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇش يىغىنى ئوتكۈزگەندە
ۋە بېيفا غەلىبىسىنى ئۇمۇميۈزلۈك تەبرىكلىگەندە، ھەر بىر يېزىدىن
ئون مىڭدىن ئوشۇق دىخان چوڭ-كىچىك بايراقلارنى ۋە ئەپكەش،
جوتۇلارنى كوتۈرۈپ، داغدۇغىلىق سەپ تارتىپ نامايىش قىلغان.
شۇ چاغدىلا باي دىخانلار ئالاقزادە بولۇشقا باشلىغان. بېيفا غەلە-
بىسىنى ئۇمۇميۈزلۈك تەبرىكلىگەندە، ئۇلار، جيۇجياڭ شەھىرىمۇ

ئىلىندى، جياڭ جيېشىنىڭ پۈتى يارىدار بولىغىنى يوق، ۋۇ پېيفۇ ئاخىر مەغلۇپ بولدى، دىگەن سوزلەرنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ياشىسۇن سەنمىنجۇيى»، «ياشىسۇن دىخانلار جەمىيتى»، «ياشىسۇن دىخانلار» دىگەنگە ئوخشاش «قىزىل ـ يېشىل ئېلانلار» (شۇئارلار) ئوچۇق چاپلانغان. باي دىخانلار «ياشىسۇن دىخانلار ـ ھە، بۇ ئادەملەرنىمۇ ياشىسۇن دىگىلى بولامدۇ؟» دەپ قاتتىق ئالاقىزادە بولۇپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، دىخانلار جەمىيتىنىڭ ھەيۋىتى تازا ئاشقان. دىخانلار جەمىيتىنىڭ كىشىلىرى باي دىخانلارغا: «سىلەرنى ئايرىم دەپتەرگە تىزىملايمىز!» ياكى «يەنە بىر ئاي ئوتسە، جەمىيەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ ھەر بىرى 10 كويىچەندىن پۇل تولەيدۇ!» دىيىشكەن. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىلا باي دىخانلار ئاستا ـ ئاستا دىخانلار جەمىيتىگە كىرىشكە باشلىغان[9]، بەزىلىرى جەمىيەتكە كىرىش ئۈچۈن 5 موچەن ياكى بىر كويىچەندىن پۇل تاپشۇرغان (ئەسلىدە پەقەت 100 ياماقلا ئېلىنىدىكەن)، بەزىلىرى بولسا، ئارىغا كىشى قويۇپ، ئاندىن دىخانلار جەمىيتىگە كىرىشكە رۇخسەت ئالغان. لېكىن بىرمۇنچە جاھىللار شۇ كەمگىچە دىخانلار جەمىيتىگە كىرمىگەن. باي دىخانلار دىخانلار جەمىيتىگە كىرىشتە، «ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتەرمىكىن» دەپ ھەمىشە قورقۇپ يۈرگەنلىكتىن، كوپۇنچە، ئوز ئائىلىسىدىكى 60 ـ 70 ياشلىق بوۋاينىڭ ئىسمىنى دىخانلار جەمىيتىگە يازدۇرۇپ قويغان. ئۇلار دىخانلار جەمىيتىگە كىرگەندىن كىيىنمۇ دىخانلار جەمىيتى ئۈچۈن قىزغىن ئىشلىمىگەن. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى باشتىن ـ ئاخىر پاسسىپ بولغان.

ئوتتۇرا دىخانلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇلار ئىنقىلاپنى ئوزى ئۈچۈن ئانچە كوپ پايدىسى يوق دەپ

ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدىسى قاينىقلىق، ھېچكىم ئۇلارنى يېڭىمىدىغا ئىشىك قېقىپ، قەرز سۈيلىمەيدۇ. ئۇلارمۇ، ئەزەلدىن بارمىدى - يوقمىدى، دېگەن داۋلىغا ئاساسەن، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ: «دىخانلار جەمىيىتى راستلا دەسسەپ تۇرالارمۇ؟» «سەنمىنجۇيى راستلا راۋاج تاپالارمۇ؟» دەپ ئويلاپ، «ھەي تاڭەي!» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن، ئۇلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق: «دىخانلار جەمىيىتى قۇرۇشنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ - كۆرمەسمۇ؟» دەپ ئويلىغان. بىرىنچى مەزگىلدە دىخانلار جەمىيىتىنىڭ كىشىلىرى تىزىم دەپتىرىنى ئېلىپ، ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلارغا «دىخانلار جەمىيىتىگە كىرىڭلار!» دېگەندە، ئوتتۇرا دىخانلار «ئالدىرىماڭلار!» دەپ جاۋاپ بەرگەن، ئىككىنچى مەزگىلگە كېلىپ، دىخانلار جەمىيىتىنىڭ كۈچى تازا ئۇلغايغاندا، ئوتتۇرا دىخانلار ئاندىن دىخانلار جەمىيىتىگە كىرگەن. ئۇلارنىڭ دىخانلار جەمىيىتىدىكى ئىپادىسى باي دىخانلارنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى، لېكىن ئۇلار ھازىرچە ئانچە ئاكتىپ ئەمەس ئىكەن، ئۇلار يەنە قاراپ باقماقچى. دىخانلار جەمىيىتىنىڭ ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ دىخانلار جەمىيىتىگە كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىش خىزمىتىنى كۈپەيتىپ ئېلىپ بېرىشى تامامەن زۆرۈر.

يېزىلاردا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئاساسىي كۈچ — كەمبەغەل دىخانلار. مەخپىي پائالىيەت مەزگىلىدىمۇ، ئاشكارا پائالىيەت مەزگىلىدىمۇ كەمبەغەل دىخانلار ئاكتىپ كۈرەش قىلغان. ئۇلار گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىنى ھەممىدىن بەك قوبۇل قىلغان. ئۇلار تۇخاۋ - لېيشېنلارغا ئەشەددىي دۈشمەن، ئۇلار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن تۇخاۋ - لېيشېنلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار باي

دېخانلارغا: «بىز ئاللىقاچان دېخانلار جەمئىيىتىگە كىرىپ بولدۇق، سىلەر نېمە ئۈچۈن تېخىچە ئىككىلىنىپ يۈرىسىلەر؟» دېسە، باي دېخانلار مەسخىرە قىلغان تاۋۇش بىلەن: «باش تىققىدەك ماكانىڭلار، پۇت قويغىدەك يېرىڭلار يوق تۇرسا، دېخانلار جەمئىيىتىگە كىرمەي نېمە قىلاتتىڭلار!» دېيىشكەن. دۇرۇس، كەمبەغەل دېخانلار بىرەر نېمىدىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ ھەقىقەتەن «باش تىققىدەك ماكانى، پۇت قويغىدەك يېرى يوق»، ئۇلار نېمە ئۈچۈن دېخانلار جەمئىيىتىگە كىرمىسۇن؟ چاڭشادا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يېزا ئاھالىسى ئارىسىدا كەمبەغەل دېخانلار 70 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا دېخانلار 20 پىرسەنتنى، يومبىشىكلار بىلەن باي دېخانلار 10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن. 70 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل دېخانلار يەنە يوقسۇللار ۋە نامراتلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدىكەن. پۈتۈنلەي ئىش-ئوقەتسىزلەر، يەنى يېرىمۇ يوق، دەسمايىسىمۇ يوق، تىرىكچىلىك ۋاستىلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان، چەتكە چىقىپ ئەسكەر بولۇشقا، ياكى چەتكە چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا، ياكى سەرگەردان بولۇپ قەلەندەرچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانلار «يوقسۇللار»[10] بولۇپ، 20 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن. يېرىم ئىش-ئوقەتسىزلەر، يەنى ئازراق يېرى بار ياكى ئازراق دەسمايىسى بار، ئەمما تاپقىنى قورسىقىغا يەتمەيدىغان، يىل بويى جاپا-مۇشەققەت، غەم-قايغۇ ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار، مەسىلەن، قول سانائەتچى ئىشچىلىرى، ئىجارىگە ئالغۇچى دېخانلار (ھاللىق ئىجارىگە ئالغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا)، يېرىم ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېخانلار «نامراتلار»[11] بولۇپ، 50 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ ئىككى

خىل كەمبەغەل دىخانلار ئاممىسى قوشۇلۇپ يېزا ئاھالىسىنىڭ جەمئى 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلار دىخانلار جەمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم غولى، فېودال كۈچلەرنى يوقىتىدىغان شىەنفېڭ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ۋۇجۇتقا چىقمىغان ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا زور خىزمەت كورسەتكۈچىلەر. كەمبەغەل دىخانلار سىنىپى بولمىغان بولسا (شېنشىلارنىڭ سوزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇششۇقلار» بولمىغان بولسا)، يېزىلاردا ھازىرقىدەك ئىنقىلاۋىي ھالەتنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى ھەرگىز بولمايتتى، تۇخاۋ-لېيشېنلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى، دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ئورۇنلىغىلى ھەرگىز بولمايتتى. كەمبەغەل دىخانلار ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغانلىقتىن، دىخانلار جەمىيىتىدە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغان. بارلىق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك دىخانلار جەمىيەتلىرىنىڭ ۋېيۈەنجاڭ، ۋېيۈەنلىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى مەزگىللەردە ھەممىسى دىگىدەك كەمبەغەل دىخانلاردىن بولغان (خېڭشەن ناھىيىسىدىكى يېزىلىق دىخانلار جەمىيەتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىچىدە يوقسۇللار تەبىقىسى 50 پىرسەنتىنى، نامراتلار تەبىقىسى 40 پىرسەنتىنى، نامرات زىيالىلار 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن). بۇنداق كەمبەغەل دىخانلار رەھبەرلىكى ئىنتايىن زورۇر. كەمبەغەل دىخانلار بولمىغان بولسا، ئىنقىلاپ بولمىغان بولاتتى. ئۇلار ئىنكار قىلىنسا، ئىنقىلاپ ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ. ئۇلارغا زەربە بېرىلسە، ئىنقىلاپقا زەربە بېرىلگەن بولىدۇ. ئىنقىلاپتا ئۇلارنىڭ ئومۇمى يونۇلۇشى باشتىن-ئاخىر خاتاسىز بولدى. ئۇلار تۇخاۋ-لېيشېنلارنىڭ ئابرويىنى توكتى. ئۇلار چوڭ-كىچىك تۇخاۋ-لېيشېنلارنى يەرگە ئېتىپ ئۇردى، بەلكى دەسسىدى. كەمبەغەل دىخانلارنىڭ ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكى «ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى»

دېيىلگەن نۇرغۇن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ھەقىقەتەن، ئىنقىلاپ ئۈچۈن
زورۇر ئىدى. خۇنەندىكى بەزى ناھىيەلەرنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت-
لىرى، ناھىيىلىك داڭبۇلىرى⑫ ۋە ناھىيىلىك دىخانلار جەمئىيەتلىرى
بىرقانچە خاتا چارىلەرنى قوللانغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
يۇمىشچىكلارنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ئەسكەر ئەۋەتىپ، توۋەن
دەرىجىلىك دىخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى قولغا ئالغان.
خېڭشەن، شياڭشياڭ ناھىيىلىرىنىڭ تۈرمىلىرىگە يېزىلىق دىخانلار
جەمئىيەتلىرىنىڭ نۇرغۇن ۋەيىيۈەنجاڭ، ۋەيىيۈەنلىرى قامالغان. بۇ
ئىنتايىن چوڭ خاتالىق بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دىمىغىنى ئۈستۈ-
رۈپ قويغان. بۇ ئىشنىڭ خاتا بولغان ـ بولمىغانلىقىنى دىخانلار
جەمئىيەتلىرىنىڭ ۋەيىيۈەنجاڭ، ۋەيىيۈەنلىرى قولغا ئېلىنغاندا، شۇ
جايلاردىكى قانۇنسىز يۇمىشچىكلارنىڭ ناھايىتى خوشال بولۇپ
كەتكەنلىكى، ئەكسىيەتچىل كەيپىياتنىڭ ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەت-
كەنلىكىگە قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. بىز «ئۇششۇقلار ھەرىكىتى»،
«ھورۇن دىخانلار ھەرىكىتى» دىگەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۆزلەرگە
قارشى تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ تۇخاۋ ـ لىيېشىنلارنىڭ كەمبەغەل دىخانلار
سىنىپىغا زەربە بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان خاتا ھەرىكەتلەرنى قىلىپ
قويماسلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، كەمبەغەل دىخان-
لاردىن بولغان رەھبەرلەردىن بەزىلىرىدە ئىلگىرى ھەقىقەتەن
كەمچىلىكلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر كۆپچىلىكى تۈزىلىپ
كەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرى قىمارۋازلىقنى مەنئى قىلىش ۋە ئوغرى-
قاراقچىلارنى يوقىتىشقا تىرىشقان. دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ كۈچە-
يىشى بىلەن جايلاردا قىمارۋازلىق تۈگىتىلگەن، ئوغرى ـ قاراقچىلار
غايىپ بولغان. بەزى جايلاردا، ھەقىقەتەن، يولدا چۈشۈپ قالغان

نەرسىلەرگە نەزەر سېلىنمايدىغان ۋە كېچىسى ئىشىك تاقالمايدىغان بولغان. خېگشەن ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كەمبەغەل دىخانلاردىن بولغان رەھبەرلەرنىڭ 85 پىرسەنتى ناھايىتى ئوبدان، ناھايىتى قابىل، ناھايىتى تىرىشچان بولۇپ كەتكەن. پەقەت 15 پىرسەنتىدىلا تېخى بەزى ناچار ئادەتلەر بار ئىكەن. بۇلارنى پەقەت «ئاز سانلىق ناچار ئۇنسۇرلار» دەپ ئاتاشقىلا بولىدۇ، ھەرگىز تۇخاۋ-لىيشېنلارنىڭ سوزىگە ئەگىشىپ، قارا-قويۇقلا «ئۇششۇقلار» دەپ تىللاشقا بولمايدۇ. بۇ «ئاز سانلىق ناچار ئۇنسۇرلار» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىمۇ، دىخانلار جەمئىيىتىدە ئىنتىزامنى چىڭىتىش شۇئارى ئاستىدا، ئاممىگە تەشۋىق قىلىپ، «ئاز سانلىق ناچار ئۇنسۇرلار»غىمۇ تەربىيە بېرىپ، دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىشقىلا توغرى كېلىدۇ، ھەرگىز خالىغانچە ئەسكەر ئېۋەتىپ ئادەم تۇتۇپ، كەمبەغەل دىخانلار سىنىپىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، تۇخاۋ-لىيشېنلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئۆستۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئىنتايىن دىققەت قىلىش لازىم.

## ئون تۈت چوڭ ئىش

دىخانلار جەمئىيىتىنى ئەيىپلىگۈچى بىر تۈركۈم كىشىلەر، دىخانلار جەمئىيىتى نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى، دېيىشمەكتە. مەن يۇقۇرىدا دىخانلارنىڭ تۇخاۋ-لىيشېنلارغا زەربە بەرگەنلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەيىپلىگىدەك ھېچقانداق يېرى يوقلىغىنى كورسىتىپ ئوتتۇم. لېكىن دىخانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ناھايىتى كوپ، كىشىلەرنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە جاۋاپ

بېرىش ئۈچۈن، دىخانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى بىر قۇر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ زادى قانداق ـ لىغىنى بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىشىمىز لازىم. مەن دىخانلارنىڭ بىر ـ نەچچە ئايدىن بۇيانقى ھەرىكەتلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ جەملەپ چىقتىم، دىخانلار دىخانلار جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە جەمئىي ئون توت چوڭ ئىش قىلغان، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى دىخانلارنى دىخانلار جەمىيىتىگە تەشكىللىگەن

بۇ ـــ دىخانلار قىلغان بىرىنچى چوڭ ئىش. شياڭتەن، شياڭشياڭ، خېڭشەنگە ئوخشاش ناھىيىلەردە دىخانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەشكىللەنگەن، بىرمۇ «بۇلۇڭ ـ پۇچقاق»تىكى دىخانلار قالمىدى دېگۈدەك قوزغالغان، بۇ ـــ بىرىنچى دەرىجىلىكى. بەزى ناھىيىلەردە، مەسىلەن، يىياڭ، خۇارۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە دىخانلارنىڭ كۆپ قىسمى تەشكىللەنگەن، ئاز قىسمى تېخى تەشكىللەنمىگەن، بۇ ـــ ئىككىنچى دەرىجىلىكى. بەزى ناھىيىلەردە، مەسىلەن، چېڭبۇ، لىڭلىڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە دىخانلارنىڭ ئاز قىسمى تەشكىللەنگەن، كۆپ قىسمى تېخى تەشكىللەنمىگەن، بۇ ـــ ئۈچىنچى دەرىجىلىكى. غەربىي خۇنەن تەرەپ يۈەن زۇمىڭنىڭ[11] تەسىر كۈچى ئاستىدا بولۇپ، ئۇ تەرەپكە دىخانلار جەمىيىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات يېتىپ بارمىغان، نۇرغۇن ناھىيىلەرنىڭ دىخانلىرى تېخى تامامەن تەشكىللەنمىگەن، بۇ ـــ تۆتىنچى دەرىجىلىكى. تەشكىللىنىش، ئومۇمەن، چاڭشانى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا خۇنەندىكى ناھىيىلەردە ئەڭ راۋاجلانغان، جەنۇبىي خۇنەندىكى ناھىيىلەردە ئىككىنچى ئورۇندا

تۇرىدۇ، غەربىي خۇنەندە ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ. ئۆلكىلىك دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ بۇلتۇر 11 - ئايدىكى تۇڭجى مەلۇماتىغا قارىغاندا، پۈتۈن ئۆلكىدىكى 75 ناھىيىنىڭ 37 سىدە دېخانلار جەمئىيىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئەزالىرىنىڭ سانى 1 مىليون 367 مىڭ 727 گە يەتكەن. بۇلارنىڭ تەخمىنەن 1 مىليونى بۇلتۇر 10 ۋە 11 - ئايلاردا، دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ كۈچى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە تەشكىللەنگەن، 9 - ئايدىن ئىلگىرى تېخى 3 - 4 يۈز مىڭدىن ئاشمايتتى. ئەمدى 12 ۋە 1 - ئايلاردىن كېيىن، دېخانلار ھەرىكىتى يەنە كەڭ ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەزالارنىڭ سانى ئاز دېگەندە 2 مىليونغا يەتكەن. جەمئىيەتكە كىرىشتە، ھەر بىر ئائىلىدىن، كۆپىنچە، بىرلا كىشى تىزىمغا ئالدۇرغانلىقتىن، ھەر بىر ئائىلىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 جاندىن ھېسابلىغاندا، ئامما تەخمىنەن 10 مىليون بولىدۇ. بۇنداق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېز تەرەققىيات بارلىق تۇخاۋ - لېيشېنلار، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ يىتىم قېلىشىغا، جەمئىيەتنىڭ بىردىنلا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بولۇپ ئىككى دۇنياغا بۆلۈنۈشىگە، يېزىلاردا ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ — دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قىلغان بىرىنچى چوڭ ئىش.

## ئىككىنچى پومبىشكىلارغا سىياسىي جەھەتتىن زەربە بەرگەن

دېخانلار ئۆز تەشكىلاتلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى سىياسىي جەھەتتىن پومبىشكىلار سىنىپىنىڭ، بولۇپمۇ تۇخاۋ - لېيشېنلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، يەنى

يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي تۈرۈندىن پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنى ئاغ-دۇرۇپ تاشلاپ، دېھقانلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ — ئىنتايىن جىددىي ۋە ئىنتايىن مۇھىم بىر كۈرەش. بۇ كۈرەش — ئىككىنچى مەزگىلدىكى، يەنى ئىنقىلاپ مەزگىلىدىكى مەركىزىي كۈرەش. بۇ كۈرەش غەلىبە قازانماي تۇرۇپ، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەلەپ قىلىشقا ئوخشاش بارلىق ئىقتىسادىي كۈرەشلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. خۇنەننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، مەسىلەن، شياڭشياڭ، خېڭشەن، شياڭتەن قاتارلىق ناھىيىلەردە پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ تەنھا ھاكىمىيىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن لىلىڭ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم جايلىرىدا (مەسىلەن، لىلىڭنىڭ غەربىي رايونى ۋە جەنۇبىي رايونىدا) كورۇنۇشتە پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى دېھقانلار ھاكىمىيىتىدىن توۋەن تۇرغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە، سىياسىي كۈرەش كەسكىن بولمىغانلىقتىن، پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى تېخىچە يوشۇرۇن تۇردە دېھقانلار ھاكىمىيىتى بىلەن قارشىلاشماقتا. بۇ جايلاردا دېھقانلارنى تېخى سىياسىي غەلىبىگە ئېرىشتى دېگىلى بول-مايدۇ، پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى دېھقانلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلمىغانلا قەدەر، سىياسىي كۈرەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلارغا سىياسىي جەھەتتىن زەربە بېرىش ئۇسۇلى، ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ھېساپ ئېلىش. توخاۋ-لىيېشىلار يەرلىك جامائەت پۇلىنى باشقۇرغاندا، كوپۇنچىسى بىلىندۇرمەي يەپ كەلگەن، ھېساۋاتى ئېنىق بولمىغان. مانا ئەمدى دېھقانلار ھېساپ ئېلىشنى دەستەك

قىلىپ تۇرۇپ، نۇرغۇن تۇخاۋ-لېيشېنلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، بىرمۇنچە جايلار ھېساپ ئېلىش ۋېيیۈەنخۇيلىرىنى تەشكىل قىلىپ، مەخسۇسلا تۇخاۋ-لېيشېنلاردىن ھېساپ ئالغان، تۇخاۋ-لېيشېنلار بۇنداق ئورگاننى كۆرگەندە، تىترەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق ھېساپ ئېلىش ھەرىكىتى دىخانلار ھەرىكىتى قوزغالغان ناھىيەلەردە ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭ ئەھمىيىتى پۇل قايتۇرۇۋېلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تۇخاۋ-لېيشېنلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇخاۋ-لېيشېنلارنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى يوقىتىشتا.

جەرىمانە قويۇش. ھېساپ ئېلىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ياكى بۇرۇن دىخانلارنى قاخشىتىپ ئەسكىلىك قىلغانلىقى، ياكى ھازىر دىخانلار جەمىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرىدە بولغانلىقى، ياكى قىمارۋازلىق مەنئى قىلىنغان بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە ياكى ئەپيۈن غاڭزىلىرىنى تاپشۇرمىغانلىقى مەلۇم بولغان. مۇشۇ جىنايەتلەرگە ئاساسەن، دىخانلار پالانى تۇخاۋغا مۇنچە جەرىمانە قويۇلسۇن، پۇستانى لېيشېنغا مۇنچە جەرىمانە قويۇلسۇن، دەپ قارار چىقارغان، جەرىمانە بىرقانچە ئون يۈەندىن تارتىپ بىرقانچە مىڭ يۈەنگىچە بولغان. دىخانلار تەرىپىدىن جەرىمانە قويۇلغانلارنىڭ، تەبىي، ئابرويى توكۈلگەن.

پۇل ئانە ئېلىش. رەھىمسىز يومېشىكلاردىن پۇل ئانە ئېلىنىپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىشكە، كوپېراتىپلار قۇرۇشقا، دىخانلارغا قەرز پۇل بېرىش ئورۇنلىرى قۇرۇشقا ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن. پۇل ئانە ئېلىشمۇ بىر تۈرلۈك جازا، بىراق جەرىمانە قويۇشتىن يېنىكرەك. يومېشىكلارنىڭ بېشىغا بىر بالا كەلمىسۇن

دەپ، دىخانلار جەمئىيەتلىرىگە ئۆزلىگىدىن پۇل ئانە تولىگەنلىرىمۇ خېلى كۆپ.

يېنىك ئەيىپلەش. دىخانلار جەمئىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان سوز-ھەرىكەتلىرى كۆرۈلگەن، لېكىن جىنايىتى يېنىكرەك بولغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىشىلەر توپلىنىپ بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئانچە-مۇنچە ئەيىپلىگەن. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭدىن كېيىن دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان سوز-ھەرىكەتلەرنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېنىق يېزىپ «تىل خەت» بەرگەن.

چوڭ نامايىش قىلىش. دىخانلار جەمئىيىتى ئاممىگە باشچىلىق قىلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆچەككەشكەن تۇخاۋ-لېشېنلارغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەن، چوچقىلىرىنى سويماي، ئاشلىقلىرىنى ئېلىپ چىقماي قويمىغان، بۇنداق ئىشلار خېلى كۆپ. يېقىندا شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ ماجياخې دېگەن يېرىدە 15 مىڭ كىشىنى باشلاپ بېرىپ 6 لېشېننىڭ سوراقىغا تارتىش ئىشى بولغان، سوراق 4 كۈن داۋام قىلغان، لېشېنلارنىڭ 130 دىن ئارتۇق چوچقىسى سويۇلغان. نامايىشنىڭ نەتىجىسى، كوپۇنچە، جەرىمانە قويۇش بولغان.

ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈپ يېزا بويىچە سازايى قىلىش. بۇنداق ئىش جايلاردا ناھايىتى كۆپ بولغان. تۇخاۋ-لېشېنلارغا قەغەزدىن ياسالغان ئۇزۇن قالپاقلار كىيگۈزۈلگەن، قالپاقلارغا پالانى تۇخاۋ ياكى پالانى لېشېن دېگەن خەتلەر يېزىلغان. ئۇلارنى ئاغامچا بىلەن باغلاپ، بىر توپ كىشىلەر ئارىغا ئېلىپ يېتىلەپ ماڭغان. جاڭ ئۇرۇپ، بايراق كوتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئىشلىرىمۇ بولغان. بۇنداق جازا تۇخاۋ-لېشېنلارنى قاتتىق تىترەتكەن. بىر قېتىم ئۇزۇن قالپاق كىيگەنلەر شۇنىڭدىن باشلاپلا ئابرويى

توكۇلۇپ، ئەل قاتارىغا قوشۇلالمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا پۇلى بارلىرىنىڭ كوپۇنچىسى ئۈزۈن قالپاق كىيىشتىن كورە، جەرىمانە تولەشنى ئەۋزەل كورگەن. لېكىن دىخانلار ئۇنىمىغاندا، ئۇلارغا بەرىبىر قالپاق كىيگۈزۈلگەن. بىر يېزىلىق دىخانلار جەمىيىتى ناھايىتى ئۇستىلىق ئىشلەتكەن، بىر لېشېننى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇ كۈنى ئۈزۈن قالپاق كىيگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقان، لېشېن قورققىنىدىن رەڭگى ئۇچۇپ كەتكەن. ئەمما، دىخانلار جەمىيىتى ئۇنىڭغا شۇ كۈنى ئۈزۈن قالپاق كىيگۈزمەسلىكنى قارار قىلغان. چۈنكى شۇ كۈنى قالپاق كىيگۈزۈلسە، بۇ لېشېن تېخىمۇ بىزىرىۋېلىپ، جازاغا تارتىلىشتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى بۇگۈن قويۇپ بىرىپ، يەنە بىر كۈنى قالپاق كىيگۈزگەن ياخشى، دەپ ھېساپلىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ لېشېن ئۆزىنىڭ قاچان قالپاق كىيدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ھەر كۈنى ئويىدە ياتسا ــ قوپسا ئەنسىرەپ، خاتىرجەم بولالماي قالغان.

ناھىيە تۈرمىلىرىگە قامىتىش. بۇ ــ ئۈزۈن قالپاق كىيگۈزۈشتىنمۇ ئېغىر جازا. دىخانلار تۇخاۋ ــ لېشېنلارنى تۇتۇۋېلىپ، شەنگەن مەھكىمىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىپ قاماتقان ۋە ئۇلارغا جازا بېرىشنى شەنگەنگە تاپشۇرغان. ھازىر تۈرمىلەرگە كىشى قاماش بۇرۇنقىنىڭ ئەكسىچە، بۇرۇن شېنشىلار دىخانلارنى قاماتقان بولسا، ئەمدى دىخانلار شېنشىلارنى قاماتماقتا.

قوغلاپ چىقىرىش. تۇخاۋ ــ لېشېنلاردىن جىنايىتى ھەممىگە ئايان بولغانلىرىنى دىخانلار قوغلىۋەتمەكچى بولغان ئەمەس، بەلكى تۇتماقچى ياكى ئولتۇرمەكچى بولغان. ئۇلار تۇتۇلۇشتىن ۋە ئولتۇرۇلۇشتىن قورقۇپ، باشقا جايلارغا قېچىپ كەتكەن. ئاساسىي تۇخاۋ ــ لېشېنلار دىخانلار ھەرىكىتى راۋاجلانغان ناھىيىلەردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك

قېچىپ كەتكەن، نەتىجىدە قوغلاپ چىقىرىلغان بىلەن باراۋەر بولغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىكلىرى شاڭخەيگە، ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرى خەنكوۋغا، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرى چاڭشاغا، تۆتىنچى دەرىجىلىكلىرى ناھىيە شەھەرلىرىگە قېچىپ بېرىۋالغان. قېچىپ كەتكەن بۇ تۇخاۋ - لېيشېنلارنىڭ شاڭخەيگە بېرىۋالغانلىرى ئەڭ خاتىرجەم بولغان. خەنكوۋغا بېرىۋالغانلىرى، مەسىلەن، خۇاروڭ ناھىيىسىدىن بارغان 3 لېيشېن ئاخىرى تۇتۇۋېلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىنگەن. چاڭشاغا بېرىۋالغانلىرى قاچان بولسۇن ئۆز ناھىيىلىرىدىن ئۆلكە مەركىزىگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرىگەن، مەن چاڭشادا ئىككىسىنىڭ تۇتۇۋېلىنغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ناھىيە شەھەرلىرىگە بېرىۋالغانلىرىنىڭ سالاھىيىتى تۆتىنچى دەرىجىلىك بولۇپ، ئۇ يەرلەردە دېھقانلار ئۈچۈن كۆز - قۇلاق بولىدىغانلار كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلارنى سېزىۋېلىش ناھايىتى ئاسان بولغان. خۇنەن ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، مالىيە دائىرىلىرى ئۇنى دېھقانلارنىڭ بايلارنى قوغلىۋېتىپ، پۇل توپلاشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىپ قويغانلىقىدىن كۆرۈشكەن، مانا بۇنىڭدىن تۇخاۋ - لېيشېنلارنىڭ يېزىلاردا تۇرالماي قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئېتىش. بۇ جەزمەن ناھايىتى چوڭ تۇخاۋ - لېيشېنلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنى دېھقانلار ھەر ساھە خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە قىلغان. مەسىلەن، نىڭشياڭ ناھىيىسىدىن ياڭ جىژى، يۆبياڭ ناھىيىسىدىن جۇ جىياگەن، خۇاروڭ ناھىيىسىدىن فۇ داۋنەن، سۈن بوجۇلارنى دېھقانلار ۋە ھەر ساھە خەلقى ھەيدەكچىلىك قىلىپ ھۆكۈمەتكە ئاتتۇرغان. شياڭتەن ناھىيىسىدىكى يەن رۇڭچيۇنى بولسا، دېھقانلار

ۋە ھەر ساھە خەلقى شيەنجاڭنى مەجبۇرى ماقۇل قىلىپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان ۋە دىخانلار ئۆز قولى بىلەن ئاتقان. نىڭشياڭ ناھىيىسىدىكى ليۇ جاۋنى دىخانلار ئۆزلىرىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. لىلىڭ ناھىيىسىدىكى يېڭ جىفەن، يىياڭ ناھىيىسىدىكى جۇ تيەنجۈي، ساۋ يۈنلەرنى بولسا، «تۇخاۋ-ليېشېنلارنى سوراق قىلىش پەۋقۇلئاددە فاتىگى» ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق چوڭ ليېشېن، چوڭ تۇخاۋلاردىن بىرەرسىنى ئېتىپ تاشلاش پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، فېودال گېزەندىلىرنى يوقىتىشتا زور ئۈنۈم بەرگەن. بۇنداق چوڭ تۇخاۋ-ليېشېنلاردىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە كۆپ دېگەندە بىرنەچچە ئۇنى، ئاز دېگەندىمۇ بىرنەچچىسى بار، ھەر بىر ناھىيىدە جىنايىتى ئۆچىغا چىققانلاردىن ئاز دېگەندە بىرنەچچىسىنى ئېتىپ تاشلاشلا ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. تۇخاۋ-ليېشېنلار دەۋر سۈرگەن چاغلاردا دىخانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. چاڭشا ناھىيىسىنىڭ شىنكاڭ جېندىكى تۇەنفاگجۈينىڭ جۈيجاڭى خې مەيچۈەن تۇەنفاگجۈينى باشقۇرغاندىن بۇيانقى 10 يىل ئىچىدە ئۆلتۈرگەن نامرات دىخانلار مىڭغا يېتىپ بارغان، ئۇ بۇنىڭغا «باسمىچىلارنى ئۆلتۈرۈش» دەپ چىرايلىق نام بەرگەن. مېنىڭ يۇرتۇم شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ يىنتيەن جېندىكى تۇەنفاگجۈينىڭ جۈيجاڭى تاڭ جۈنيەن، لو شۇلىنلار مىنگونىڭ 2-يىلىدىن بۇيانقى 14 يىل ئىچىدە 50 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 4 كىشىنى تىرىك كۆمگەن. ئۆلتۈرۈلگەن 50 نەچچە كىشىدىن ئەڭ ئاۋال ئۆلتۈرۈلگەن ئىككىسى پۈتۈنلەي گۇناسىز تىلەمچى ئىدى. تاڭ جۈنيەن: «ئىشنى ئىككى قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلايمىز!» دېگەن. بۇ ئىككى قەلەندەر

ئوز ھاياتىدىن ئەنە شۇنداق ئايرىلغان. ئىلگىرى تۇخاۋ ـ لىيشېنلارنىڭ رەھىمسىزلىكى، تۇخاۋ ـ لىيشېنلارنىڭ يېزىلاردا پەيدا قىلغان ئاق تېرورلىقى ئەنە شۇنداق بولغان تۇرسا، ھازىر دېخانلارنىڭ قوزغىلىپ بىرنەچچە تۇخاۋ ـ لىيشېننى ئېتىپ تاشلاپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشتەك كىچىككىنە تېرورلۇق ھادىسىسىنى پەيدا قىلغانلىقىنى ئورۇنسىز دېيىشكە نىمە ئاساس بار؟

## ئۈچىنچى پومېشچىكلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەربە بەرگەن

چەتكە شال ۋە گۈرۈچ چىقىرىشقا، شال باھاسىنى ئورلىتىشكە، بېسمدارلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق. بۇ ــ يېقىنقى ئايلاردىن بۇيان خۇنەن دېخانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈرەشىدە بولغان چوڭ بىر ئىش. كەمبەغەل دېخانلار بۇلتۇر 10 ـ ئايدىن ھازىرغىچە پومېشچىك ۋە باي دېخانلارنىڭ شال ۋە گۈرۈچنى چەتكە چىقىرىشىنى توسقان ھەمدە شال باھاسىنى ئورلىتىشى ۋە بېسمدارلىق قىلىشىنى مەنئى قىلغان. نەتىجىدە كەمبەغەل دېخانلارنىڭ مەقسىدى تولۇق ئەمەلگە ئېشىپ، شال ۋە گۈرۈچنىڭ چەتكە چىقىرىلىشى قاتتىق توسۇۋېتىلگەن، شال باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈرۈلگەن، بېسمدارلىق توختىلگەن.

ئىجارە ۋە رەنىنى ئاشۇرۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ئىجارە ۋە رەنىنى كېمەيتىشنى تەشۋىق قىلىش. بۇلتۇر 7 ۋە 8 ـ ئايلاردا، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ كۈچى تېخى ئاجىز مەزگىلدە، پومېشچىكلار بەنىلا ئېكسپلاتاتسىيىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ بارىدىغان كونا قائىدىلەر بويىچە، ئىجارىگە ئالغۇچى دېخانلارغا ئىجارە ۋە رەنىنى سوزسىز

ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئارقىمۇ-ئارقا ئۇختۇرغان. لېكىن 10-ئايغا
يەتكەندە، دىخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ،
ئىجارە ۋە رەنىنى ئاشۇرۇشقا بىردەك قارشى تۇرغانلىقتىن، پومېش-
شىكلار ئىجارە ۋە رەنىنى ئاشۇرۇش دېگەن سوزنى ئىككىنچى ئېغىزغا
ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان. 11-ئايدىن كېيىن دىخانلارنىڭ
كۈچى پومېشچىكلارنىڭ كۈچىنى بېسىپ چۈشكەنلىكتىن، دىخانلار
ئىجارە ۋە رەنىنى كېمەيتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەشۋىق قىلىدىغان
بولغان. دىخانلار: ئېيسىت، بۇلتۇر كۈزدە ئىجارىنى تولەش ۋاقتىدا
دىخانلار جەمئىيىتى كۈچسىز بولۇپ قالدى، بولمىسا بۇلتۇر كۈزدىلا
ئىجارىنى كېمەيتكەن بولاتتۇق، دېيىشكەن. بۇ يىل كۈزدە ئىجارىنى
كېمەيتىش توغرىسىدا دىخانلار كەڭ تەشۋىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ،
پومېشچىكلارمۇ ئىجارىنى كېمەيتىشنىڭ چارىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ.
رەنىنى كېمەيتىشكە كەلسەك، بۇ خېڭشەن قاتارلىق ناھىيىلەردە
ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق.
بۇلتۇر 7 ۋە 8-ئايلاردا پومېشچىكلارنىڭ بىرەيلەنگە ئىجارىگە
بەرگەن يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە بىرەيلەنگە ئىجارىگە بېرىش
ئىشلىرى تېخى كوپ ئىكەن. 10-ئايدىن كېيىن ئىجارىگە بەرگەن
يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھېچقايسىسى پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان.
ھازىر بىرەيلەنگە ئىجارىگە بەرگەن يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە
بىرەيلەنگە ئىجارىگە بېرىش ئۈستىدە سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى
قالمىغان، پەقەت ئىجارىگە بەرگەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ئوزى
تېرىشى ئۈستىدىلا ئازراق مەسىلە قالغان. بەزى جايلاردا پومېشچىك-
لار ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ ئوزى تېرىماقچى

بولغاندا، دېخانلار بۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. بەزى جايلاردا يومبىشىنىڭ ئۆزى تېرىماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا يول قويۇلغان، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجارىگە ئالغۇچى دېخانلارنىڭ ئىشسىز قېلىش مەسىلىسى تۇغۇلغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن چارىسى يوق.

ئۆسۈمنى كېمەيتىش. ئەنخۇا ناھىيىسىدە ئۆسۈم ئۈمۈمىيۈزلۈك كېمەيتىلگەن، باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئۆسۈمنى كېمەيتىش ئىشى يۈرگۈزۈلگەن. پەقەت دېخانلار جەمىيىتىنىڭ كۈچى ئەۋج ئالغان جايلاردىلا يومبىشىكلار «مۈلۈكنىڭ ئۈمۈمنىڭ بولۇشى»دىن قورقۇپ، پۇتۇنلەي «قەرز بېرىشنى توختىتىپ قويغان»، يېزىلاردا ئۆسۈمگە قەرز بېرىش ئىشلىرى يوق دېگىدەك بولۇپ قالغان. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆسۈمنى كېمەيتىش دېگەن نەرسە پەقەت كونا قەرزلەر بىلەنلا چەكلەنگەن. كونا قەرزلەرنىڭ ئۆسۈمى كېمەيتىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ قەرز بەرگەن ئەسلى پۇلىنى قىستاپ ئېلىشىغىمۇ يول قويۇلمىغان. كەمبەغەل دېخانلار: «ھېچقىسى يوق، يىل ئاخىرلىشىپ قالدى، كېلەر يىل قايتۇرارمەن!» دېيىشكەن.

## توتىنچى تۇخاۋ-لېيشېنلارنىڭ فېئوداللىق ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ــــ دۇ، تۇەنلەرنى[14] يوقاتقان.

كونا شەكىلدىكى دۇ، تۇەن (يەنى رايون، يېزا) ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى، بولۇپمۇ دۇ دەرىجىلىكلىرىنى، يەنى ناھىيە دەرىجىسىگە يېقىن بولغانلىرىنى پۇتۇنلەي دېگىدەك تۇخاۋ-لېيشېنلار

ئىگىلىۋالغان ئىدى. «دۇ»نىڭ قارىمىغىدا 10 مىڭدىن 50 ـ 60 مىڭغىچە ئاھالە بولۇپ، ئۇ تۇەنفاڭجۈيگە ئوخشاش مۇستەقىل قۇراللىق كۈچكە، مو سىلىغى[15] سىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇستەقىل مالىيە-باج ئېلىش ھوقۇقىغا، دىخانلارنى خالىغانچە قولغا ئېلىش، قاماش، سوراق قىلىش ۋە جازالاشقا ئوخشاش مۇستەقىل ئەدلىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇنداق ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىكى لىيشېنلار بەئەينى يېزا پادىشاسى ئىدى. دىخانلار ھوكۇمەتكە، مەسىلەن، زۇڭتۇڭ، دۇجۈن[16]، شيەنجاڭلارغا ئانچە پەرۋا قىلمايتتى، پەقەت ئاشۇ يېزا پادىشالىرىلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي «ئۇلۇقلىرى» ھېساپلىناتتى، ئۇلار دىمىغىدا ھىم دەپ قويسىلا، دىخانلار بۇنىڭغا ئىنتايىن دىققەت قىلىش لازىملىغىنى چۈشىنەتتى. بۇ قېتىم يېزىلاردا ئىسيان كوتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھەيۋىسى ئومۇميۈزلۈك سۇندۇرۇلۇپ، تۇخاۋ-لىيشېنلارنىڭ قولىدىكى يېزا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئۆز-ئۆزىدىن ئاغدۇرۇلغان. دۇزۇڭ ۋە تۇەنزۇڭلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يەرلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويغان. ئۇلار:

«بۇنداق ئىشلار بىلەن كارىم يوق!» دەپ تۇگەشكەن.

دىخانلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، دۇزۇڭ ۋە تۇەنزۇڭلار توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، غەزەپلىنىپ:

«ئۇ نىملەرنى دەمسەن، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىدى!» دىيىشكەن.

«ئىشى تۈگىدى» دىگەن سوز ھەقىقەتەن ئىنقىلاپ دولقۇنى بولۇپ ئۆتكەن جايلاردىكى كونىچە يېزا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ بىرىدۇ.

## بەشىنچى پومېشچىكلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى ئاغدۇرۇپ، دىخانلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى تىكلىگەن

خۇنەندىكى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى ئوتتۇرا خۇنەندە ئازراق، غەربىي ۋە جەنۇبىي خۇنەندە كۆپرەك. ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىر ناھىيىدە 600 دىن مىلتىق بار دەپ ھېساپلى-غاندا، 75 ناھىيىدە جەمئىي 45 مىڭ مىلتىق بار، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بولسا كېرەك. دىخانلار ھەرىكىتى راۋاجلانغان ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي خۇنەن رايونلىرىدا دىخانلارنىڭ قوزغىلىشى شۇنچە شىددەتلىك تۇس ئالغانكى، پومېشچىكلار سىنىپى تەڭ كېلەلمىگەن، ئۇلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دىخانلار جەمىيىتىگە تەسلىم بولۇپ، دىخانلارنىڭ مەنپەئەتى تەرەپتە تۇرغان، مەسىلەن، نىڭشياڭ، پىڭجياڭ، لىۇياڭ، چاڭشا، لىلىڭ، شياڭتەن، شياڭشياڭ، ئەنخۇا، خېڭشەن، خېڭياڭ ناھىيىلىرىدە شۇنداق بولغان. ئاز قىسمى بىتەرەپ مەۋقەدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تەسلىم بولۇشقا مايىل بولۇۋاتىدۇ، مەسىلەن، باۋچىڭ ۋە باشقا ناھىيىلەردە شۇنداق بولغان. يەنە بىر ئاز قىسمى بولسا، دىخانلار جەمىيەتلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش مەۋقەسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، مەسىلەن، يىجاڭ، لىنۋۇ، جياخې ناھىيىلىرىدە شۇنداق بولغان، لېكىن ھازىر دىخانلار ئۇلارغا زەربە بېرىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنى يېقىن ئارىدا يوقىتىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، ئەكسىيەتچى پومېشچىكلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان قۇراللىق كۈچلەر تامامەن «ئەبىخۇتۇەن دائىمىي دۇيى»[17] قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى يېزىلىق ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە

قىلىش ئورگانلىرىنىڭ — دېخانلار ھاكىمىيىتىنىڭ يېزىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلگەن. بۇنداق كونا فېئوداللىق كۈچلەرنىڭ تارتىۋېلىنىشى — دېخانلارنىڭ فېئوداللىق كۈچلىرىنى قۇرۇشنىڭ بىر تەرىپى. دېخانلارنىڭ فېئوداللىق كۈچلىرىنى قۇرۇشنىڭ يەنە بىر يېڭى تەرىپى بار، ئۇ بولسىمۇ دېخانلار جەمئىيىتىنىڭ سوبياۋ دۆيلىرى. سوبياۋ — ئۇزۇن ساپلىق بىكىتىلگەن ئىككى بىسلىق نەيزە، ئۇنىڭدىن يالغۇز شياڭشياڭ ناھىيىسىدىلا 100 مىڭ بار. باشقا ناھىيىلەرنىڭ، مەسىلەن، شياڭتەن، خېڭشەن، لىلىڭ، چاڭشا ناھىيىلىرىنىڭ ھەر بىرىدە 70 — 80 مىڭ، 50 — 60 مىڭ، 30 — 40 مىڭدىن بار. دېخانلار ھەرىكىتى بولۇۋاتقان ھەممە ناھىيىلەردە سوبياۋ دۆيلىرى تېز راۋاجلانماقتا. سوبياۋ بىلەن قوراللانغان بۇنداق دېخانلار «ئەيخۇتۇەن غەيرى دائىمى دۆيى» بولۇپ قالىدۇ. بۇ كەڭ سوبياۋلىق كۈچلەر يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كونا قۇراللىق كۈچلەردىن زور بولۇپ، بارلىق تۇخاۋ - لىيېشېنلارنى تىترىتىۋاتقان ۋە يېڭىدىن ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان قۇراللىق كۈچلەر. خۇنەندىكى ئىنقىلاپ دائىرىلىرى بۇنداق قۇراللىق كۈچلەرنى 75 ناھىيىدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق دېخانلار ئارىسىدا ھەقىقىي تۈردە ئومۇملاشتۇرۇشى، ھەر بىر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېخاننى بىردىن سوبياۋغا ئىگە قىلىشى لازىمكى، بۇنى كىشىنى قورقىتىدىغان نەرسە دەپ قاراپ، چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇنداق سوبياۋ دۆيىدىن قورقۇپ كەتكۈچىلەر بولسا، بۇنداقلار راسا قورقۇنچاقلار! ئۇنىڭدىن پەقەت تۇخاۋ - لىيېشېنلارلا قورقىدۇ، ئىنقىلاپچىلار ھەرگىز قورقماسلىقى كېرەك.

## ئالتىنچى شەنگەن لويلار ۋە يامۇل يايلىرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغان

ناھىيە سىياسىتىنى پەقەت دىخانلار قوزغالغاندىلا سۇزۇلدۇرگىلى بولىدۇ، بۇ گۇاڭدۇڭنىڭ خەيفېڭ ناھىيىسىدە ئىسپاتلانغان ئىدى. بۇ قېتىم خۇنەندە بولۇپمۇ تولۇق ئىسپاتلاندى. تۇخاۋ - لېيشېنلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان ناھىيىلەردە قانداقلا كىشى شەنگەن بولسا، ھەممىسى دىگىدەك خىيانەتچى ئەمەلدار بولۇپ كەلگەن. دىخانلار قوزغالغان ناھىيىلەردە قانداقلا كىشى بارسا، پاك ھوكۇمەت بولغان. مەن بارغان بىرنەچچە ناھىيىدە شەنگەنلەر ئالدىغا بىرەر ئىش كەلسە، ئاۋال دىخانلار جەمىيىتىدىن مەسلىھەت ئالىدىكەن. دىخانلارنىڭ كۇچى تازا ئەۋج ئالغان ناھىيىلەردە دىخانلار جەمىيىتى-نىڭ سوزى «ناھايىتى ئوتكۇر» ئىكەن. دىخانلار جەمىيىتى تۇخاۋ - لېيشېنلارنى ئەتىگەندە قولغا ئېلىشنى لازىم تاپسا، شەنگەنلەر ئۇنى چۇشكە قالدۇرالمايدىكەن، چۇشتە قولغا ئېلىشنى لازىم تاپسا، كەچكە قالدۇرالمايدىكەن. دىخانلار ھاكىمىيىتى يېڭىلاردا دەسلەپ تىكلىنىۋاتقان چاغلاردا، ناھىيە شەنگەنلىرى تۇخاۋ - لېيشېنلار بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، دىخانلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغان. دىخانلار ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى بىلەن تەڭ تۇرالاي-دىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ناھىيە شەنگەنلىرى پومېشچىكلارغىمۇ، دىخانلارغىمۇ ساختا پوزىتسىيە تۇتقان، دىخانلار جەمىيىتىنىڭ سوزلىرىدىن بەزىلىرىنى قوبۇل قىلغان، بەزىلىرىنى رەت قىلغان. پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى دىخانلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پۇتۇنلەي ئاغدۇرۇلغاندا بولسا، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، دىخانلار جەمىيىتىنىڭ

سوزى ئوتكۈر بولۇپ قالـغان. ھازىر شياڭشياڭ، شياڭتەن، لىلىڭ، خېڭشەن قاتارلىق ناھىيـەلەرنىڭ ناھىيە سىياسىتىنىڭ ئەھۋالى مۇنداق:

1. ھەممە ئىش شيەنجاڭلار بىلەن ئىنقىلاۋىي خەلق تەشكىلاتلىرى-نىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا ھەل قىلىندىغان بولغان. بۇنداق يىغىنلار شيەنجاڭ تەرىپىدىن چاقىرىلىپ، شيەنجاڭ مەھكىمىسىدە ئوتكۈزۈلگەن. بۇنداق يىغىنلار بەزى ناھىيىلەردە «ھوكۇمەت ۋە جامائەت تەشكى-لاتلىرىنىڭ باش قوشقان يىغىنى» دەپ، بەزى ناھىيىلەردە «ناھىيە ئىشلىرى يىغىنى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭغا شيەنجاڭدىن باشقا، ناھىيە-لىك دېخانلار جەمىيىتى، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ناھىيىلىك سودىگەرلەر جەمىيىتى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر بىرلەشمىسى، ناھىيىلىك ئوقۇ-غۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە گومىنداڭ ناھىيىلىك داڭبۇسىنىڭ[18] ۋەكىللىرى قاتناشقان. بۇنداق يىغىنلاردا خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ پىكىرلىرى شيەنجاڭغا تەسىر كورسەتكەن، شيەنجاڭمۇ دائىم ئۇلار نىمە دىسە شۇنى قىلغان. شۇنىڭ ئۇچۇن، خۇنەندە دېموكراتىك ۋېيۈەنلىك تۈزۈمدىكى ناھىيە سىياسى تەشكىلىنى قوللىنىشتا، ئەلۋەتتە، مەسىلە قالمىغان. ھازىرقى ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر شەكىل ۋە ماھىيەت جەھەتلىرىدىن خېلى دېموكراتىيىلىشىپ قالغان. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىگى — يېقىنقى 2-3 ئايدىن بۇيانقى ئىش، يەنى دېخانلار تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىپ، تۇخاۋ-لېيشېنلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىنكى ئىش. شەنگەنلەر گونا يولەنچۈكلىرىنىڭ يىقىلغانلىغىنى كورۇپ، ئەمەلدار بولۇش ئۇچۇن باشقا يولەنچۈك تاپماي بولمايدىغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىنلا

خەلق تەشكىلاتلىرىغا خوشامەت قىلىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن يوقۇرىدىكىدەك ۋەزىيەت كېلىپ چىققان.

2. سوراقچىلار ئۈچۈن ئەنزى قالمىغان. خونەنىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ھېلىمۇ شەنگەنلەر ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان، سوراقچىلار شەنگەنلەرنىڭ ئەنزىلەر ئۈستىدە سوراق قىلىشىغا ياردەملىشىدىغان تۈزۈم بولۇۋاتىدۇ. شەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى باي بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈنلەي غەللە-پاراق ئېلىش، ئالۋاڭ-ياساق سېلىش، ھەربى سەيسى سېلىشقا، ھەق-تەلەپ دەۋالىرى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئافىنى قارا قىلىپ، قورقىتىپ بىرەر نەرسە ئېلىشقا ئوخشاش بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشلارغا تايانغان، بولۇپمۇ كېيىنكىسىنى دائىملىق ۋە ئىشەنچلىك بايلىق مەنبەئى قىلىۋالغان. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان تۇخاۋ-لىيشېنلار ئاغدۇرۇلۇپ، دەۋا ھوددىگەرلىرىمۇ قالمىغان. دېخانلارنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىمۇ تامامەن ھەر دەرىجىلىك دېخانلار جەمئىيەتلىرىدە بىرتەرەپ قىلىنغان. شۇڭا ناھىيە مەھكىمىلىرىدىكى سوراقچىلارغا پەقەت ئىش قالمىغان. شياڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ سوراقچىسى ماڭا: «دېخانلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيە مەھكىمىسىگە ھەق-تەلەپ دەۋالىرى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋالىرى توغرىسىدا ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 60 پارچە ئەرز كېلىپ تۇراتتى، دېخانلار جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەركۈنى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئاران تۆت-بەش پارچىلا كېلىدىغان بولۇپ قالدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن شەنگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ يانچۇغى قۇرۇق قالغان.

3. جىڭبىيدۇي، ساقچى ۋە يايىلار ئەسكىلىك قىلىشتىن ئۆزىنى پۈتۈنلەي چەتكە تارتقان ۋە يېزىلارغا بېرىپ قورقىتىپ بىرەر نەرسە

ئاللمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇرۇن يېزىلىقلار شەھەرلىكلەردىن قورقاتتى، ئەمدى شەھەرلىكلەر يېزىلىقلاردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر بېقىپ كەلگەن ساقچى، جىگبىيدۇي ۋە بايلارغا ئوخشاش ياۋۇز ئىشتلار يېزىلارغا بېرىشتىن قورققان، يېزىلارغا بارغاندىمۇ قورقىتىپ بىرەر نەرسە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار دىخانلارنىڭ سوبىياۋسىنى كورسىلا تىترەپ كېتىدىغان بولغان.

## يەتتىنچى ستاگلار ۋە ئۇرۇق باشلىقلىرىنىڭ ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، چېگخۇاڭمىياۋۋاڭ ۋە يەر پۇساسىنىڭ ئىلاھى ھاكىمىيىتىدىن تارتىپ ئەرلەر ھاكىمىيىتىگىچە ھەممىسىنى ئاغدۇرغان

جۇڭگودا ئەرلەر، ئادەتتە، شىتۇگلۇق ئۇچ خىل ھاكىمىيەتنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولىدۇ، بۇلار: (1) دولەت، ئولكە ۋە ناھىيىدىن تارتىپ يېزىغىچە بولغان دولەت شىتۇگى (سىياسى ھاكىمىيەت)؛ (2) ئۇرۇقلار ستاگى، تارماق ئۇرۇقلار ستاگلىرىدىن تارتىپ ئائىلە باشلىقلىرىغىچە بولغان ئۇرۇقداشلىق شىتۇگى (ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى)؛ (3) يەنلوتيەنزى، چېگخۇاڭمىياۋۋاگدىن تارتىپ يەر پۇساسىغىچە بولغان ئاخىرەت شىتۇگى، شۇنىڭدەك ئاسمان خۇداسىدىن تارتىپ تۇرلۇك چىلتەنلەرگىچە بولغان ئىلاھلار شىتۇگى — يىغىپ ئېيتقاندا، ئەرۋاھلار شىتۇگى (ئىلاھى ھاكىمىيەت)دىن ئىبارەت. ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇچ خىل ھاكىمىيەتنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولۇشتىن تاشقىرى، ئەرلەر ھوكۇمرانلىقى (ئەرلەر

ھاكىمىيىتى)دىمۇ بولىدۇ. بۇ تۆت خىل ھاكىمىيەت — سىياسىي ھاكىمىيەت، ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتى پۈتۈن فېئودال ئۇرۇقداشلىق ئىدىيىسى ۋە تۈزۈمىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى، خۇسۇسەن دېھقانلارنى چىرمىۋالغان ئىنتايىن يوغان چوڭ تۆت ئاغامچا ئىدى. دېھقانلارنىڭ يېزىلاردا پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنى قانداق ئاغدۇرغانلىقى يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بولدى. پومېشچىكلار ھاكىمىيىتى — بارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ غولى. پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇرۇقداشلىق ھاكىمىيىتى، ئىلاھىي ھاكىمىيەت ۋە ئەرلەر ھاكىمىيىتى بىراقلا تەۋرىنىشكە باشلىغان. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ كۈچى ئەۋج ئالغان جايلاردا ئۇرۇق باشلىقلىرى ۋە سىتاگلارنىڭ پۇللىرىنى باشقۇرغۇچىلار ئەمدى ئۇرۇق ئەۋلاتلىرىنى ئېزەلمەيدىغان ۋە سىتاگلارنىڭ پۇللىرىنى يەپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇرۇق باشلىقلىرى ۋە پۇل باشقۇرغۇچىلارنىڭ يامانلىرى تۇخاۋ-لېيشېنلار قاتارىدا ئاغدۇرۇلغان. سىتاگلار ئىلگىرىكىدەك «ساغرىسىغا ئۇرۇش»، «سۇغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش»، «تىرىك كۆمۈش»كە ئوخشاش دەھشەتلىك تەن جازالىرى ۋە ئۆلۈم جازالىرىنى ئەمدى قوللىنالمايدىغان بولۇپ قالغان. ئاياللار ۋە كەمبەغەللەر سىتاگلاردىكى زىياپەتلەرگە كىرەلمەيدىغان كونا قائىدىلەرمۇ بۇزۇپ تاشلانغان. خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ بەيگو دېگەن يېرىدىكى ئاياللار توپلىنىپ سىتاگلاردىكى زىياپەتكە بېسىپ كىرىپ، ھېچبىر پەسەن قىلماستىن ئولتۇرۇشۇپ يەپ-ئىچىشكەن، ھۆرمەتلىك ئۇرۇق باشلىقلىرى ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان. يەنە بىر جايدا كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ سىتاگلاردىكى زىياپەتلەرگە كىرىشى مەنئى قىلىنغانلىقتىن، بىر

تۆركۈم كەمبەغەل دىخانلار بىسىپ كىرىپ، راسا يەپ-ئىچىشكەن، بۇنى كورگەن تۇخاۋ-لىيشىنلار ۋە ئۇزۇن تونلۇق جاناپلار قورقۇپ قېچىپ كەتكەن. دىخانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ئىلاھى ھاكىمىيەتمۇ ئۇمۇمىيۈزلۈك تەۋرەشكە باشلىغان. نۇرغۇن جايلاردا دىخانلار جەمىيىتى بۇتخانىلارنى ئىگىلەپ، جەمىيەتنىڭ ئىشخانىسى قىلغان. ھەممە جايلاردىكى دىخانلار جەمىيەتلىرى بۇتخانىلارنىڭ مۈلكىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىپ، دىخانلار مەكتىۋى قۇرۇشنى ۋە دىخانلار جەمىيىتىگە خىراجەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇنى «خۇراپاتتىن كەلگەن جامائەت پۇلى» دەپ ئاتىغان. لىلىڭ ناھىيىدە خۇراپاتلىقنى مەنئى قىلىش ۋە بۇتلارنى چېقىش ئىشى خېلى ئەۋج ئالغان. بۇ ناھىيىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا دىخانلار ئوي بۇتلىرى ئۈچۈن شاڭ كويدۇرۇپ مەھەللە ئايلىنىشنى مەنئى قىلغان. لۇكۇ رايونىنىڭ فۇبولىڭ دىگەن يېرىدىكى بۇتخانىدا نۇرغۇن بۇت بار ئىكەن، گومىنداڭنىڭ رايونلۇق داڭبۇسىنى قۇرۇشتا ئوي يېتىشمە-گەنلىكتىن، چوڭ-كىچىك بۇتلار بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇلغاندىمۇ، دىخانلار بۇنىڭغا ھېچنىمە دىمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشى ئۆلگەندە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر — ئىلاھقا سىغىنىش، دىنى مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش ۋە ئەرۋاھلارغا پانۇس كويدۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى ئازىيىپ كەتكەن. بۇ ئىشلارغا دىخانلار جەمىيىتىنىڭ ۋېيۈەنجاڭى سۈن شياۋشەن باشچىلىق قىلغانلىقتىن، شۇ يەردىكى روھانىلار سۈن شياۋشەننى بەك يامان كورۈپ قالغان. شىمالدىكى 3-رايونىنىڭ لۇڭفېڭشەن دىگەن يېرىدىكى دىخانلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ياغاچ بۇتلارنى يېرىپ گوش پىشۇرۇپ يىگەن. جەنۇبىي رايوندا دۇڭفۇ ئىبادەتخانىسىدىكى 30 نەچچە بۇتنى

ئوقۇغۇچىلار بىلەن دېخانلار بىرلىكتە كويدۇرۇۋەتكەن، بۇلاردىن پەقەت «باۋ گۇڭ لويى» ئىسىملىك ئىككى كىچىك بۇتنىلا بىر قېرى دېخان تارتىۋېلىپ: «ئۇنداق قىلماڭلار، يامان بولىدۇ!» دەپ ئېلىپ كەتكەن. دېخانلارنىڭ كۈچى هوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن جايلاردا ئىلاهلارغا ئېتىقات قىلغۇچىلاردىن پەقەت قېرى دېخانلار بىلەن ئاياللارلا قالغان، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېخانلار ئېتىقات قىلمايدىغان بولغان. دېخانلار جەمىيەتتە هوقۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېخانلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، ئىلاهى هاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش ئىشلىرى هەممە جايدا ئېلىپ بېرىلماقتا. ئەرلەر هاكىمىيىتى دېگەن بۇ نەرسە كەمبەغەل دېخانلار ئارىسىدا ئەزەلدىن ئاجىزراق، چۈنكى ئىقتىسادىي جەھەتتە، كەمبە-غەل دېخانلار ئاياللىرى بايلار سىنىپىنىڭ ئاياللىرىغا قارىغاندا ئەمگەككە كۆپرەك قاتناشمىسا بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن پىكىر بايان قىلىش، هەتتا هەل قىلىش هوقۇقلىرى بىرقەدەر كۆپرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىقتىسادى بارغانسېرى ۋەيران بولۇۋاتقانلىقتىن، ئەرلەر ئاياللارنى ئوزىگە بويسۇندۇرىدىغان تۈپ شەرتمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەن. يېقىندىن بۇيان دېخانلار هەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا نۇرغۇن جايلاردا ئاياللار يېزا-كەنت ئاياللار بىرلەشمىلىرىنى تەشكىل قىلغان، ئاياللارنىڭ باش كۆتۈرۈش پۇرسىتى كېلىشى بىلەن ئەرلەر هاكىمى-يىتى كۈندىن-كۈنگە تەۋرىنىپ قالغان. قىسقىسى، بارلىق فېودال ئورۇنداشلىق ئىدىيىسى ۋە تۈزۈملىرى دېخانلار هاكىمىيىتىنىڭ ئوسۇشىگە ئەگىشىپ تەۋرىنىپ قالغان. لېكىن هازىرقى ۋاقىتتا دېخانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى پومېشچىكلارنىڭ سىياسىي هاكىمىيىتىنى

پاچاقلاپ تاشلاشقا مەركەزلەشكەن. يومبىشىكلارنىڭ سىياسى ھاكىمىيىتى پاچاقلىنىپ بولغان جايلاردا دىخانلار ئۇرۇقداشلىق، دىنىي خۇراپاتلىق ۋە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسە-ۋەتتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا ھۇجۇم باشلىغان. ئەمما بۇ ھۇجۇم ھازىر تېخى «باشلىنىش»تىنلا ئىبارەت، بۇ ئۈچ نەرسىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاش دىخانلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈرىشى تولۇق غەلىبە قازانغاندىن كېيىنلا مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھازىرقى ۋاقىتتا دىخانلارنىڭ سىياسى كۈرىشىنى بارلىق كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىپ، يومبىشىكلار ھاكىمىيىتىنى تەل-توكۈس ئاغدۇ-رۇپ تاشلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىقتىسادىي كۈرەشنى باشلاپ، كەمبەغەل دىخانلارنىڭ يەر ۋە باشقا ئىقتىسادىي مەسىلە-لىرىنى تۈپتىن ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئۇرۇقداشلىق، خۇراپىي ئىدىيىلەر ۋە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نامۇۋاپىق مۇناسىۋەتلەر-نىڭ يوقىتىلىشىغا كەلسەك، ئۇلار سىياسى كۈرەش ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشلەرنىڭ غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى تەبىي نەتىجىسى بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ نەرسىلەرنى يوقىتىشقا ھەددىدىن ئارتۇق كۈچ چىقىرىپ، قوپاللىق ۋە زورلۇق بىلەن كىرىشسەك، بۇنى جەزمەن تۇخاۋ-لېشىنلار پانا قىلىۋېلىپ، «دىخانلار جەمئىيىتى ئاتا-بوۋىلارغا ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ»، «دىخانلار جەمئىيىتى ئىلاھلارنى خارلاپ دىننى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ»، «دىخانلار جەمئىيىتى خوتۇنلارنى ئۇمۇمنىڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات شوئارلىرىنى كوتۇرۇپ چىقىپ، دىخانلار ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشياڭ ناھىيىسى ۋە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ياڭشىن ناھىيىسىدە يېقىندا دىخان-

لارنىڭ بۇتلارنى چېقىشقا قارشى تۇرغانلىقىدىن يومپىشىكلارنىڭ پايدىلانغانلىقى ئەنە شۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى. بۇتلارنى دېھقانلار ئۆزلىرى ئورناتقان، مەلۇم ۋاقىتقا يەتكەندە، دېھقانلار بۇ بۇتلارنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ تاشلايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن بۇتلارنى تولىمۇ بالدۇر ئېلىۋېتىشى ھاجەتسىز. گۇڭچەنداڭنىڭ بۇ نەرسىلەر توغرىسىدىكى تەشۋىقات سىياسىتى «ياينىڭ كىرىچىنى مەھكەم تارتىپ تۇرۇش، ئەمما ئوقنى قويۇپ بەرمەسلىك»تىن[15] ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇتلارنى دېھقانلار ئۆزى ئېلىپ تاشلىشى، ئىبرى ئۆلگەندىن كېيىن ساداقەتلىك كورسىتىپ قۇربان بولغان ئاياللار خاتىرىسىگە سېلىنغان سىتاگىلار، ئىپرىگە سادىق تۇل خوتۇنلار خاتىرىسىگە ئورنىتىلغان دەرۋازىلارنى دېھقانلار ئۆزلىرى چېقىۋېتىشى، باشقىلارنىڭ قىلىپ بېرىشى توغرى ئەمەس.

مەنمۇ يېزىلاردا دېھقانلارغا خۇراپاتلىقنى يوقىتىشنى تەشۋىق قىلدىم. مەن مۇنداق دېدىم:

«كىشىلەر تەلەيلىك بولايلى دەپ 8 خەتلىك پالغا ئىشىنىدۇ، يەرلىك ياخشى تاللانسا، ئەرۋاھلار شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ يىل بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا تۇخاۋ-لېيشېنلار، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئاغدۇرۇلدى. بۇ بىرنەچچە ئايدىن ئىلگىرى تۇخاۋ-لېيشېنلار، خىيانەتچى ئەمەلدارلار تەلەيلىك بولۇپ، ئۇلارغا ئەرۋاھلار شاپائەت قىلغان بولسا، ئەمدى بۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت تەلىيى قېچىپ، ئەرۋاھلار شاپائەت قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇمۇ؟ تۇخاۋ-لېيشېنلار سىلەرنىڭ دېھقانلار جەمىيىتىڭلارنى مەسخىرە قىلىپ: «ھەجەپ بولۇۋاتىدۇ، بۈگۈنكى كۈن ۋېييۈەنلەر دۇنياسى بولۇپ كەتتى، قارا، تەرەتكە بارساڭمۇ ۋېييۈەنلەرگە

دوقۇرۇشۇپ قالسەن» دېيىشۋاتىدۇ. دەرۋەقە، توغرى. شەھەردىمۇ، يېزىدىمۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىمۇ، دېخانلار جەمئىيىتىدىمۇ، گومىنداڭدىمۇ ۋە گۇڭچەنداڭدىمۇ ئىجرائى ۋېيۇەنلەر بار، ھەقىقەتەن، ۋېيۇەنلەر دۇنياسى. لېكىن بۇمۇ 8 خەتلىك پالىدىن ۋە ئەرۋاھلاردىن بولۇۋاتامدۇ؟ ھەجەپ ـ ھە! يېزىلاردىكى يالاڭتۇشلەرنىڭ 8 خەتلىك پالىدىن ئۇشتۇمتۇت تەلىيى كېلىپ قاپتۇ ـ ھە! ئەرۋاھلارمۇ ئۇشتۇمتۇت شاپائەت قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ ـ ھە! ئىلاھلارغىچۇ؟ ئۇلارغا سىغىنىشقا بولىدۇ. لېكىن دېخانلار جەمئىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، پەقەت گۇەنشېڭ دىجۇن ۋە گۇەنيىن داشىلار بىلەنلا بولۇپ كەتكەندە، تۇخاۋ ـ لىيشېنلارنى يوقاتقىلى بولاتتىمۇ؟ بۇ گۇەنشېڭ دىجۇن ۋە گۇەنيىن داشىلارمۇ بىچارە ئىكەن، بىرقانچە يۈز يىل سىغىندىڭلار، ئۇلار سىلەرگە بىرمۇ تۇخاۋ ـ لىيشېننى يوقىتىپ بەرمىدىغۇ! سىلەر ھازىر ئىجارىنى كېمەيتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، ئېيتىڭلارچۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە چارە بار، ئىلاھلارغا ئىشىنەمسىلەر ياكى دېخانلار جەمئىيىتىگە ئىشىنەمسىلەر؟»

مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، دېخانلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

## سەككىزىنچى سىياسى تەشۋىقاتنى ئومۇملاشتۇرغان

قانۇن ـ سىياسى مەكتەپلىرىدىن ئون مىڭنى ئېچىپمۇ، ھازىر دېخانلار جەمئىيەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسى تەربىيىگە ئوخشاش، قىسقا مۇددەت ئىچىدە سىياسى تەربىيىنى ھەممە چەت ـ ياقا جايلاردىكى ئەر ـ ئاياللار ۋە قېرى ـ ياشلارغىچە ئومۇملاشتۇرۇپ بولغىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بولماس. يوقالسۇن جاھانگىرلار، يوقالسۇن جۇنفالار، يوقالسۇن خىيانەتچى ئەمەلدارلار، يوقالسۇن تۇخاۋ ـ

لىېشېنلار دېگەن بۇ بىرقانچە سىياسى شوئارلار راستلا قاناتسىز ئۇچۇپ يۇرۇۋاتىدۇ، يېزىلاردىكى سانسىز ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، قېرىلار، باللار ۋە ئاياللار ئارىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ئورنىشىپ، يەنە ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىن ئاغزى ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقماقتا. بىر توپ باللار ئويناۋاتىدۇ دەيلۇق، ئەگەر سەن بىر بالىنىڭ يەنە بىر بالىغا كوزىنى ئالايتىپ، يەرنى تېپىپ، قولىنى شىلتىگەن هالدا ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى كورسەڭ، دەرهال ئۇنىڭدىن: «يوقالسۇن جاهانگىرلار!» دېگەن جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلايسەن.

شياڭتەن ئەتراپىدا باللار كالا باققىلى چىققاندا ئۇرۇش قىلىپ ئويناپدىكەن، بىرى تاڭ شېڭجى، يەنە بىرى يې كەيشىن[20] بولىدىكەن، بىردەمدىن كېيىن بىرى يېڭىلىدىكەن، يەنە بىرى قوغلايدىكەن، قوغلىغىنى — تاڭ شېڭجى، قاچقىنى — يې كەيشىن. «يوقالسۇن كۇچلۇك جاهانگىرلار......!» دېگەن بۇ ناخشىنى بازاردىكى باللارنىڭغۇ هەممىسى دېگىدەك بىلىدىكەن، يېزىدىكى باللارنىڭمۇ نۇرغۇنلىرى بىلىدىكەن.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىنى يېزىلاردا بەزى دېھقانلارمۇ ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار بۇ ۋەسىيەت ئىچىدىن «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «سەنمىنجۇيى»، «تەڭ هوقۇقسىز شەرتنامىلەر» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۇندىلىك تۇرمۇشىدا كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىۋېرىدىكەن. شېنشى قىياپىتىدىكى بىر ئادەم يولدا بىر دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ، شېنشى گىدىيىپ ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ، هېلىقى دېھقان غەزەپلىنىپ: «هەي، تۇخاۋ ـ لىېشېن! سەنمىنجۇيىنى بىلەمسەن؟» دەپتۇ. چاڭشا شەهىرى ئەتراپىدىكى كوكتاتچى دېھقانلار شەهەرگە كوكتات ساتقىلى كىرسە، دائىم ساقچى-

لارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن ئىكەن. ئەمدى دىخانلار قورال تېپىۋالغان، بۇ قورال — سەنمىنجۇيى. ساقچىلار كوكتات ساتىدىغان دىخانلارنى ئۇرغان ۋە تىللىغاندا، دىخانلار دەرھال سەنمىنجۇيىنى كوتۇرۇپ چىقىپ، قارشىلىق كورسىتىدىكەن-دە، ساقچىلار گەپ قىلالماي قالىدىكەن. شياڭتەن ناھىيىسىدىكى بىر رايونلۇق دىخانلار جەمئىيىتى بىر ئىش توغرىسىدا يېزىلىق دىخانلار جەمئىيىتى بىلەن كېلىشەلمىگەندە، يېزىلىق دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەيبۈەنجاڭى: «رايونلۇق دىخانلار جەمئىيىتىنىڭ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىسىگە قارشى تۇرىمىز!» دەپ خىتاب قىلغان.

سىياسى تەشۋىقاتنىڭ يېزىلاردا ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى — پۈتۈنلەي گوڭچەنداڭنىڭ ۋە دىخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ كورسەتكەن خىزمىتى. ناھايىتى ئاددى يازما شوئارلار، رەسىم ۋە نۇتۇقلار دىخانلارنىڭ ھەر بىرىنى خۇددى بىر قېتىم سىياسى مەكتەپتە ئوقۇپ چىققاندەك ناھايىتى كەڭ ۋە تېز ئۇنۇمگە ئىگە قىلىۋاتىدۇ. يېزىلاردا ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ دوكلاتلىرىغا قارىغاندا، ئەنگلىيىگە قارشى نامايىش، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنى خاتىرىلەش ۋە بېيفا غەلىبىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەبرىكلەشتىن ئىبارەت ئۈچ قېتىملىق زور ئاممىۋى يىغىندا سىياسى تەشۋىقات ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلغان. بۇ يىغىنلار داۋامىدا دىخانلار جەمئىيىتى بار جايلاردا سىياسى تەشۋىقات ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىپ، يېزىلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن، ئۇنۇمى ناھايىتى زور بولغان. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەرخىل پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئاددى شوئارلارنىڭ مەزمۇنىنى پەيدىن-پەي تولۇقلاش، مەنىسىنى پەيدىن-پەي چۈشىنىشلىك قىلىش لازىم.

## توققۇزىنچى    دېخانلار مەنئى قىلغان ئىشلار

گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىگىدە دېخانلار جەمىيىتى يېزىلاردا ئابرويىنى تىكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن دېخانلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى مەنئى قىلغان ياكى چەكلىگەن. ئەڭ قاتتىق مەنئى قىلـغانلىرى پەي، قىمار ۋە ئەپيۇنلەردىن ئىبارەت.

پەي: دېخانلار جەمىيىتىنىڭ كۈچى ئەۋج ئالغان جايلاردا ماجاڭ، پەيجيۇ ۋە قەغەز ئويۇنلىرى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان.

شياڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ 14 ـ دۇسىدىكى بىر رايونلۇق دېخانلار جەمىيىتى ئىككى سېۋەت ماجاڭنى كويدۇرۇۋەتكەن.

يېزىلارغا بارساڭ، ھېچقانداق پەي ئويناۋاتقانلارنى كۆرمەيسەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا دەرھال جازا بېرىلىدۇ، ھېچبىر يۈز ـ خاتىرە قىلىنمايدۇ.

قىمار: ئىلگىرىكى «قىمارۋازلار»نىڭ ئۆزلىرى ھازىر قىمارنى مەنئى قىلماقتا، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ كۈچى ئەۋج ئالغان جايلاردا قىمار ئويناش، پەي ئويۇنلىرىغا ئوخشاشلار پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلانغان.

ئەپيۇن: ناھايىتى قاتتىق مەنئى قىلىنغان. دېخانلار جەمىيەتلىرى ئەپيۇن غاڭزىلىرىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ھېچكىم قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن. لىلىڭ ناھىيىسىدە بىر لېشېن ئەپيۇن غاڭزىسىنى تاپشۇرمىغانلىقتىن، تۇتۇۋېلىنىپ يېزا بويىچە سازايى قىلىنغان.

دېخانلارنىڭ بۇ «غاڭزىسىزلاندۇرۇش ھەرىكىتى» ئۆزىنىڭ داغدۇغىسى جەھەتتىن بېيفا ئارمىيىسىنىڭ ۋۇپېيفۇ، سۈن چۈەنفاڭ[21]

قوشۇنلىرىنى قۇرالسىزلاندۇرغانلىقىدىن قىلىشمايدۇ. بىرمۇنچە گىنفى-لاۋىي ئارمىيە جۇنگۇەنلىرىنىڭ ئائىلىلىرىدىكى ئەپيۇن خۇمارى بەكمۇ قاتتىق بولغان، بىر تال «غاگزا»غا تايىنىپ جىنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان موتىۋەر قىرىلارنىڭ ھەممىسى «ياشىۋنلار» (لىيشىنلار دىخانلارنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دەيدىكەن) تەرىپىدىن غاگزى-سىزلاندۇرۇلغان. «ياشىۋنلار» ئەپيۇننى تىرىش ۋە چېكىشنىلا ئەمەس، باشقا يەرلەرگە توشۇشنىمۇ مەنئى قىلغان. گۈيجۇ ئۆلكىسىدىن باۋچىڭ، شياڭشياڭ، يۇشيەن، لىلىڭ ناھىيىلىرى ئارقىلىق جياڭشى ئۆلكىسىگە توشۇلغان ئەپيۇنلەردىن يولدا توسۇۋېلىنىپ كويدۇرۇۋې-تىلگەنلىرى ئاز ئەمەس. بۇنداق قىلىش ھوكۇمەتنىڭ مالىيىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. نەتىجىدە ئۆلكىلىك دىخانلار جەمىيىتى بىيفا ئارمىيىسىنىڭ تەمىناتىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك دىخانلار جەمىيەتلىرىگە «ئەپيۇن توشۇشنى مەنئى قىلىش ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇلسۇن» دەپ بۇيرۇق بەرگەن. ئەمما دىخانلار بۇنىڭدىن ناھايىتى رەنجىگەن.

بۇ ئۈچ نەرسىدىن باشقا، دىخانلار مەنئى قىلغان ياكى چەكلىگەن نەرسىلەر يەنە كوپ، قىسقارتىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىچە:

خۇاگۇ. بۇ بىر خىل كىچىك تىياتىر بولۇپ، نۇرغۇن جايلاردا ئويناش مەنئى قىلىنغان.

جو. نۇرغۇن ناھىيىلەردە جولارنى چېقىپ تاشلاش ئىشلىرى بولغان، شياڭشياڭ ناھىيىسىدە بۇ ئىش ئالاھىدە ئەۋج ئالغان. دىخانلار جوغا ئۆلتۇرغانلارغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ، جولارنى چېقىپ تاشلاشقا ئاران تۇرىدىكەن، لېكىن دىخانلار جەمىيىتى ئۇلارنى توسۇپ قويغان. دىخانلار جەمىيىتىنى باشقۇرغۇچىلار دىخانلارغا: «سىلەر

جولارنى چېقىپ تاشلىساڭلار، بايلار ئۇچۇن پۇل ئىقتىسات قىلىپ بەرگەن بولسىلەر، جو كوتۇرگۈچىلەر ئىشسىز قالىدۇ، بۇ ئۇزەڭلارنى ئۇزەڭلار زىيانغا ئۇچراتقانلىق بولمامدۇ؟» دېگەن. دېخانلار بۇنىڭ تېگىگە يېتىپ يېڭى ئۇسۇل تاپقان، يەنى جو كوتۇرگۈچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، بايلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن.

ھاراق چىقىرىش ۋە شىرنە قايناتىش. شال - گۈرۈچتىن ھاراق چىقىرىش ۋە شىرنە قايناتىش ئۇمۇمىيۈزلۈك مەنئى قىلىنغان، ھاراق چىقارغۇچى ۋە شىرنە قايناتقۇچىلار بۇ توغرىدا قاخشاپلا يۈرگەن. خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ فۇتيەنيۈ دېگەن يېرىدە ھاراق چىقىرىش مەنئى قىلىنمىغان بولسىمۇ، ھاراقنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن بەلگىلەپ قويۇلغانلىقتىن، ھاراق دۇكانلىرى پايدا تاپالماي، ھاراق چىقارماسلىققا مەجبۇر بولغان.

چوچقا. ھەر بىر ئائىلىدە بېقىلىدىغان چوچقىلارنىڭ سانى چەكلەنگەن، چۈنكى چوچقىلار شال - گۈرۈچ يەيدۇ.

توخۇ - ئۆردەك. شياڭشياڭ ناھىيىسىدە توخۇ - ئۆردەك بېقىش مەنئى قىلىنغان، ئەمما ئاياللار بۇنىڭغا قارشى چىققان. خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ ياڭتاڭ دېگەن يېرىدە ئائىلە بېشىغا پەقەت ئۇچتىن، فۇتيەنيۈ دېگەن يېرىدە ئائىلە بېشىغا پەقەت بەشتىن بېقىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بىرمۇنچە جايلاردا ئۆردەك بېقىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان، چۈنكى توخۇغا قارىغاندا ئۆردەك تېخىمۇ پايدىسىز، ئۇ شالنى يەپ كېتىش بىلەنلا قالماي، شال مايسىلىرىنى چەيلەپ كاردىن چىقىرىدۇ.

زىيابەت. ھەشەمەتلىك زىيابەتلەر ئۇمۇمىيۈزلۈك مەنئى قىلىنغان. شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ شاۋشەن دېگەن يېرىدە مېھمانلارغا پەقەت

توخۇ، بېلىق، چوچقا گۆشلىرىدىنلا تاماق تەييارلاش قارار قىلىنغان. سۇنزى، خەيدەي، پۇگتوزىلاردىن سەي تەييارلاش مەنئى قىلىنغان. خېگشەن ناھىيىسىدە 8 تەخسىدىن ئارتۇق سەي قويماسلىق قارار قىلىنغان. لىلىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقتىكى 3-رايوندا پەقەت 5 تەخسە سەي، شىمالدىكى 2-رايوندا پەقەت 3 تەخسە گۆشلۈك، 3 تەخسە گۆشسىز سەي قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغان، غەربتىكى 3-رايوندا باھار بايرىمىدا مېھمان چاقىرىش مەنئى قىلىنغان. شياگشياڭ ناھىيە-سىدە «دەنگاۋ زىياپىتى» — ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىغان بىر خىل زىياپەتمۇ مەنئى قىلىنغان. شياگشياڭ ناھىيىسىنىڭ 2-دۇسىدا بىر ئائىلە كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىشتە دەنگاۋ زىياپىتى ئۆتكۈزگەن ئىكەن، دىخانلار، مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا بويسۇنمىدى، دەپ، توپلىنىپ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، دەستىخانلىرىنى بۇزۇپ چېچىۋەتكەن. شياگشياڭ ناھىيىسىنىڭ جيامو جېنىدا ياخشى يېمەك-ئىچمەك ئىستې-مال قىلماسلىق، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ روھىنى مۇۋە-چۈۋە بىلەنلا يوقلاش يولغا قويۇلغان.

كالا. بۇ — دىخانلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋالىق نەرسىسى. «كالا سويغان كىشى ئاخىرەتتە كالىغا ئايلىنىدۇ» دىگەن سۆز تازا دىنى ئەقىدە بولۇپ كەتكەن، شۇڭا كالىنى سويغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. دىخانلار ھاكىمىيەتكە ئىگە بولمىغان چاغلاردا كالا سويۇشقا پەقەت دىنى چۈشەنچە بىلەنلا قارشى تۇرالىغان، ئۇنى مەنئى قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن. دىخانلار جەمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى كالىلارنى باشقۇرۇشقىچە يېتىپ بېرىپ، شەھەرلەردە كالا سويۇشنى مەنئى قىلغان. شياگتەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە بۇرۇن كالا گۆشى ساتىدىغان ئالتە دۇكان بار ئىكەن، ھازىر

ئۇلارنىڭ بەشى يېپىلغان، قالغان بىرىدە ئاغرىق ۋە كاردىن چىققان
كاللار سويۇپ سېتىلىدىكەن. خېڭشەندە كالا سويۇش ناھىيە بويىچە
پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان. بىر دىخاننىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بىر
كالىسى بار ئىكەن، ئۇنى دىخانلار جەمئىيىتىدىن سوراپ ئاندىن
سويالىغان. جۇجۇ شەھرىدىكى سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى قارامىلىق
قىلىپ بىر كالا سويغاندا، دىخانلار شەھەرگە كىرىپ، سودىگەرلەر
ئۆيۈشمىسىنى سوراققا تارتقان، سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى جەرىمانە
تۆلىگەندىن تاشقىرى، پوجاڭزا ئېتىپ ئەپۇ سورىغان.

سەرگەردانلىق تۇرمۇش. لىلىڭ ناھىيىسىدە باھار بايرىمىدا
قوشاق قوشۇپ تىلەمچىلىك قىلىش، يەر خۇداسىنى مەدھىيىلەش،
جۇبەنزى چېلىپ غەزەل ئېيتىپ قەلەندەرلىك قىلىشقا ئوخشاش
ئىشلارنى مەنئى قىلىش قارار قىلىنغان. بۇلاردىن ھەرقايسى ناھىيە-
لەردە مەنئى قىلىنغانلىرىمۇ بولغان، قىلىدىغان ئادەم قالماي، ئوز-
ئوزىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىرىمۇ بولغان. بىر خىل «دوقچى تىلەمچىلەر»
بار بولۇپ، «سەرگەردانلار» دەيمۇ ئاتىلاتتى، ئادەتتە ئىنتايىن يامان
ئىدى، ھازىر ئۇلارمۇ دىخانلار جەمئىيىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بول-
غان. شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ شاۋشەن دىگەن يېرىدە يامقۇر ئىلاھى
بۇتخانىسى بار بولۇپ، ئۇ يەرگە سەرگەردانلار يىغىلىۋالاتتى، ئۇلار
ھېچكىمدىن قورقمايتتى، دىخانلار جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەندىن
كېيىن، ئۇلارمۇ ئاستاغىنا تارقىلىپ كەتكەن. يەنە شۇ ناھىيىنىڭ
خۇدى يېزىسىدىكى دىخانلار جەمئىيىتى 3 سەرگەردانىنى تۇتۇۋېلىپ،
توپا توشۇتقان، خۇمدانغا ئوت قالاتقان. ھېيتلاشتىكى ئەسكى ئادەت-
لەرنىمۇ مەنئى قىلىش قارار قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، ھەرقايسى جايلاردا بۇيرۇق بىلەن مەنئى قىلىن-

غان ئۇششاق ئىشلارمۇ ناھايىتى كوپ، مەسىلەن، لىلىڭ ناھىيىسىدە ئوي بۇتلىرى ئۇچۇن شاڭ كويدۇرۇپ مەھەللە ئايلىنىش، قىممەتلىك يىمەكلىك ۋە مۇبلەر سېتىۋېلىپ سوغا قىلىش، جۇگيۇەن بايرىمىدا قەغەز كىيىم كويدۇرۇش، باھار بايرىمىدا خاسىيەتلىك سوزلەرنى يېزىپ چاپلاش مەنئىي قىلىنغان. شياڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ گۇشۇي دېگەن يېرىدە چىلىم چېكىشمۇ مەنئىي قىلىنغان. شۇ ناھىيىنىڭ 2 ـ دۇسىدا پوجاڭزا ۋە قارا مىلتىق ئېتىش مەنئىي قىلىنغان، پوجاڭزا ئاتقانلارغا 1 يۇەن 20 فېن، قارا مىلتىق ئاتقانلارغا 2 يۇەن 40 فېن جەرىمانە قويۇلغان. 7 ۋە 20 ـ دۇلىرىدا دىنىي مۇراسىم ئوتكۇزۇش مەنئىي قىلىنغان. 18 ـ دۇسىدا دەپنىي مۇراسىمغا قارىلىق ئېلىپ كېلىش مەنئىي قىلىنغان. بۇنداق ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە، دېخانلار مەنئىي قىلغان ئىشلار، دەپ نام بېرىلگەن.

بۇلارنى مەنئىي قىلىش ئىككى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە: بىرىنچى، جەمىيەتتىكى يامان ئادەتلەرگە قارشى تۇرۇش، مەسىلەن، قىمار، ئەپيۇن قاتارلىقلارنى مەنئىي قىلغانغا ئوخشاش. بۇ نەرسىلەر پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ئىپلاس سىياسى شارائىتى بىلەن بىللە پەيدا بولغان بولۇپ، پومېششىكلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇشى بىلەنلا بۇ نەرسىلەرمۇ سۇپۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى، شەھەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن قوغدىنىش، مەسىلەن، زىياپەتلەرنى مەنئىي قىلىش، قىممەتلىك يىمەكلىك ۋە مۇبلەر سېتىۋېلىپ سوغا قىلىش قاتارلىقلارنى مەنئىي قىلغانغا ئوخشاش. سانائەت مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى قىممەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى ئەرزەن، دېخانلار ئىنتايىن كەمبەغەل، سودىگەرلەرنىڭ قاتتىق ئېكسپىلا-

تاتسىيسىگە ئۇچرايدىغان بولغانلىقتىن، ئىقتىساتچىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن قوغدىنىشقا مەجبۇر بولغان. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك دىخانلارنىڭ باشقا جايلارغا شال چىقىرىشنى توسقانلىقىغا كەلسەك، كەمبەغەل دىخانلارنىڭ ئۆز ئاشلىقى يېيىشكە يېتىشمىگەنلىكتىن، يەنە بازاردىن سېتىۋېلىشقا توغرى كەلگەن، شۇڭا ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە يول قويمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىخانلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى رەت قىلىپ، شەرق مەدىنىيەتچىلىكى[22] دىگەن نىمىنى يولغا قويغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى دىخانلارنىڭ كەمبەغەللىشىپ كەتكەنلىكى ۋە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن بولغان. دىخانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، كوپىراتىپ تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە مال سېتىۋېلىش ۋە ئىستىمال قىلىشنى يولغا قويۇشى لازىم. شۇنىڭدەك ھوكۇمەتمۇ ياردەم بېرىپ، دىخانلار جەمىيەتلىرىنى ئامانەت-قەرز (پۇل قەرز بېرىش) كوپىراتىپلىرىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا، دىخانلار، تەبىي، ئاشلىق باھاسىنى چەكلەشنىڭ ئۇسۇلى سۈپىتىدە باشقا جايلارغا شال چىقىرىشنى توسۇشنى زورۇر تاپمايدۇ، ئىقتىسادىي قوغدىنىشنىڭ ئۇسۇلى سۈپىتىدە بەزى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېزىلارغا كىرىشىنىمۇ رەت قىلمايدۇ.

## ئونىنچى باسمىچىلارنى يوقاتقان

يۇي، تاڭ، ۋېن ھەم ۋۇ ۋاڭلاردىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى خانلىرى ۋە مىنگونىڭ زۇڭتۇڭلىرىغىچە ھېچقانداق بىر سۇلالىنىڭ ھوكۇمرانى، مىنگچە، ئوغرى-قاراقچىلارنى يوقىتىشتا ھازىرقى

دېخانلار جەمىيىتىدەك قۇدرەتلىك بولغان ئەمەس. دېخانلار جەمىيەتلىرى كۈچەيگەن جايلاردا ئوغرى ـ قاراقچى دېگەنلەرنىڭ سايىسىمۇ قالمىغان. شۇنىسى ئاجايىپكى، نۇرغۇن جايلاردا كۆكتات ئوغۇرلايدىغان ئۇششاق ئوغرىلارمۇ قالمىغان. بەزى جايلاردا ئۇششاق ئوغرىلار تېخى بار. باسمىچىلارغا كەلسەك، مەن بارغان ناھىيىلەردە، ھەتتا ئىلگىرى باسمىچىلار ناھايىتى كۆپ چىقىدىغان جايلاردىمۇ باسمىچىلارنىڭ پۈتۈنلەي ئىز ـ تىزى قالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچى، دېخانلار جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھەممە يەردە بار بولۇپ، بىرلا ئاۋاز بېرىلسە، سوبىياۋ ۋە كالتەكلىرى بىلەن ھازىر بولىدىغانلىقتىن، باسمىچىلارغا يوشۇرۇنىدىغان جاي قالمىغان. ئىككىنچى، دېخانلار ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، شالىنىڭ باھاسى ئەرزانلىغان، بۇلتۇر ئەتىيازدا بىر دەن شال 6 يۈەن بولغان بولسا، بۇلتۇر قىشتا 2 يۈەنلا بولغان، خەلقنىڭ ئوزۇق مەسىلىسى بۇرۇنقىدەك جىددىي ئەمەس. ئۈچىنچى، خۇي ـ داگىلارنىڭ[23] ئەزالىرى دېخانلار جەمىيىتىگە كىرىپ، دېخانلار جەمىيىتىدە ئاشكارا ۋە قانۇنىي ھالدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن، دەرت ـ ئەلەملىرىنى تۆككەن، «شەن، تاڭ، شياڭ، شۇي»[24] دېگەن مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئېھتىياج قالمىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېزىپ كەلگەن تۇخاۋ ـ لېشېنلار سىنىپىنىڭ چوچقا ۋە قويلىرىنى سويۇپ، ئۇلارغا ئېغىر سېلىق سېلىپ ۋە ئېغىر جەرىمانە قويۇپ، ئۇلاردىن تازا دەردىنى ئالغان. تۆتىنچى، ھەرقايسى ئارمىيىلەر كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر ئالغاندا، «ھېچنەرسىدىن يانمايدىغانلار»نىڭ بىرمۇنچىسى ئەسكەر بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېخانلار ھەرىكىتى قوزغىلىشى بىلەنلا باسمىچىلار ئاپىتى تۈگەپ كەتكەن. بۇ توغرىدا شېنشىلار

ۋە بايلارمۇ دېخانلار جەمئىيىتىگە خەيرىخاھلىق بىلدۈرگەن. ئۇلار پاراڭلاشقاندا: «دېخانلار جەمئىيىتىنى دەمسىلەر؟ ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرئاز ياخشى يېرىمۇ بار» دېيىشكەن.

پەي، قىمار، ئەپيۇنلەرنى مەنئى قىلىش ۋە باسمىچىلارنى يوقىتىش ئىشلىرىدا دېخانلار جەمئىيەتلىرى ئۇمۇمى كىشىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشكەن.

## ئون بىرىنچى  ئېغىر سېلىقلارنى بىكار قىلغان

پۈتۈن مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلمەي تۇرۇپ، جاھانگىرلار ۋە جۇنفالارنىڭ تەسىر كۈچى ئاغدۇرۇلماي تۇرۇپ، دېخانلار ھوكۇمەتكە تۆلەيدىغان ئېغىر باج-سېلىقلاردىن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئىنقىلاۋي ئارمىيىنىڭ ھەربى خىراجەتلىرىدىن يەنىلا قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن تۇخاۋ-لېيشېنلار يېزا ھاكىمىيىتىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان چاغلاردا دېخانلارغا سالغان ئېغىر سېلىقلار، مەسىلەن، مو سېلىقىغا ئوخشاشلار بولسا، دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، تۇخاۋ-لېيشېنلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ھېچبولمىغاندا يېنىك-لىتىلگەن. بۇمۇ دېخانلار جەمئىيىتى كۆرسەتكەن خىزمەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئون ئىككىنچى  مەدەنىيەت ھەرىكىتى

جۇڭگودا ئەزەلدىن پومېشچىكلارلا مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، دېخانلار مەدەنىيەتكە ئىگە بولماي كەلدى. ئەمما پومېشچىكلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دېخانلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، چۈنكى پومېشچىكلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، دەل

دېخانلار بەدىنىدىن سىقىۋېلىنغان قان ـ تەر. جۇڭگو خەلقىنىڭ
90 پىرسەنتى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان، بۇلارنىڭ ئەڭ
زور كوپچىلىگى ــ دېخانلار. يېزىلاردا يومپىشكىلارنىڭ تەسىر كۆچى
ئاغدۇرۇلۇشى بىلەنلا دېخانلارنىڭ مەدىنىيەت ھەرىكىتى باشلىنىپ
كەتكەن. قاراڭلار، دېخانلار ئەزەلدىن مەكتەپنى يامان كورەتتى،
بۇگۈنكى كۈندە بولسا، كەچ كۇرس ئېچىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. «ئەجنە-
بىچە مەكتەپ»نى دېخانلار ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. مەن ئىلگىرى
ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا، يېزىغا قايتىپ دېخانلارنىڭ «ئەجنەبىچە
مەكتەپ»لەرگە قارشى چىققانلىغىنى كورگەندە، مەنمۇ بىر قىسىم
«ئەجنەبىچە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى» ۋە «ئەجنەبىچە مەكتەپ ئوقۇت-
قۇچىلىرى» بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئەجنەبىچە مەكتەپلەرنىڭ
مەنپەئەتى تەرەپتە تۇراتتىم، ھامان، دېخانلارنىڭ پىكرى ئانچە
توغرى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مىنگونىڭ 14 ـ يىلى يېزىدا
يېرىم يىل تۇردۇم، بۇ چاغدا مەن گۇڭچەنداڭ ئەزاسى بولۇپ،
ماركىزىملىق نۇقتەئى نەزەرگە ئىگە بولغان ئىدىم، شۇنىڭدىن
كىينلا ئوزەمنىڭ خاتالاشقانلىغىمنى، دېخانلارنىڭ داۋلىسى توغرى
ئىكەنلىگىنى بىلدىم. يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە
پۇتۇنلەي شەھەردىكى نەرسىلەر سوزلىنىدىكەن، ئۇ يېزىنىڭ ئېھتىيا-
جىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ
دېخانلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئۇلار
دېخانلارنىڭ ياردەمچىسى بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، دېخان-
لار بىزار بولغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا دېخانلار كونىچە
خۇسۇسى مەكتەپلەر (ئۇلار بۇنى «جۇڭگوچە مەكتەپ» دەپ ئاتايت-
تى)نى ياقتۇراتتىكى، يېڭىچە مەكتەپلەر (ئۇلار بۇنى «ئەجنەبىچە

مەكتەپ» دەپ ئاتايتتى)نى ياقتۇرمايتتى، كونىچە خۇسۇسى مەكتەپ ئۇستازلىرىنى ياقتۇراتتىكى، يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ياقتۇرمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئۇلار كەڭ كولەمدە ئوزلىرىنىڭ كەچ كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى دېخانلار مەكتىۋى دەپ ئاتىماقتا. بۇنداق مەكتەپلەردىن بىرقانچىسى ئېچىلغان، بىرقانچىسىغا تەييارلىق كورۇلۇۋاتىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر يېزىدا بىردىن بولىدۇ. دېخانلار بۇنداق مەكتەپلەرنى ئېچىشقا ناھايىتى قىزغىن كىرىشىپ كەتكەن، ئۇلار، مۇشۇنداق مەكتەپلەرلا بىزنىڭ ئوز مەكتىۋىمىز، دەپ قاراۋاتىدۇ. كەچ كۇرسلارنىڭ خىراجىتى خۇراپاتتىن كەلگەن جامائەت پۇللىرى، ستاگلارنىڭ جامائەت پۇللىرى ۋە باشقا بىكار تۇرغان جامائەت پۇللىرى ھەم جامائەت مۇلۇكلىرىدىن ئاجرىتىلغان. بۇ جامائەت پۇللىرىنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرى خەلق مەكتەپلىرىنى، يەنى دېخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان «ئەجنەبىچە مەكتەپلەر»نى ئېچىشقا سەرپ قىلماقچى بولغان، دېخانلار بولسا، دېخانلار مەكتەپلىرىنى ئېچىشقا سەرپ قىلماقچى بولغان، تالاشتىش نەتىجىسىدە پۇلنى ھەر ئىككى تەرەپ بولۇشۇۋالغان، بەزى جايلاردا پۈتۈنلەي دېخانلار ئالغان، دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە دېخانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى چاپسان ئوسكەن. پات ئارىدا ئولكە بويىچە يېزىلاردا نەچچە ئون مىڭلىغان مەكتەپلەر بارلىققا كېلىدۇ، بۇ زىيالىلارنىڭ ۋە «مائارىپچى» دېيىلگەنلەرنىڭ «مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش» دەپ جار سېلىپ ئاخىرى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدىغان داۋرىڭى ئەمەس.

## ئون ئۈچىنچى كوپېراتىپ ھەرىكىتى

كوپېراتىپلار، خۇسۇسەن ئىستېمال كوپېراتىۋى، ئېلىم-سېتىم كوپېراتىۋى ۋە ئامانەت-قەرز كوپېراتىۋىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كوپېراتىپ، ھەقىقەتەن، دېخانلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. دېخانلار مال سېتىۋالغاندا، سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتقاندا، سودىگەرلەرنىڭ قىسىشىغا ئۇچرايدۇ، پۇل ياكى گۈرۈچ قەرز ئالغاندا، جازانىخورلارنىڭ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلار بۇ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بەك مۇھتاج. بۇلتۇر قىش چاغجىياڭدا ئۇرۇش بولغانلىقتىن، سودا يوللىرى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خۇنەن ئۆلكىسىدە تۇز قىممەتلىشىپ كەتكەندە، دېخانلارنىڭ تۇز ئېھتىياجى ئۈچۈن كوپېراتىپ قۇرغانلىرى ناھايىتى كۆپ. پومېشچىكلار «قەرز بېرىشنى توختىتىپ قويغان»لىقتىن، دېخانلارنىڭ پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن «قەرز بېرىش ئورۇنلىرى» قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىرىمۇ خېلى كۆپ. بۇ يەردىكى چوڭ مەسىلە — تەپسىلىي ۋە مۇنتىزىم تەشكىلىي قانۇنىنىڭ يوقلىقى. ھەرقايسى جايلاردىكى دېخانلارنىڭ ئۆزلىگىدىن تەشكىل قىلىنغانلىرى، كۆپىنچە، كوپېراتىپ پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېخانلار خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى يولداشلار «نىزامنامە»نى ھامان قىزغىن تەلەپ قىلىشماقتا. ئەگەر مۇۋاپىق يېتەكچىلىك قىلىنسا، كوپېراتىپ ھەرىكىتى دېخانلار جەمئىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەممە جايدا راۋاجلىنىدۇ.

## ئون تۆتىنچى  يوللار ۋە كول قاشلىرىنى ياسىغان

بۇمۇ دېخانلار جەمئىيىتى كورسەتكەن بىر خىزمەت. دېخانلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يېزىلارنىڭ يوللىرى ئىنتايىن ناچار ئىدى. پۇل بولمىغانلىقتىن يوللارنى ياسىغىلى بولمايتتى، پۇلى بارلار پۇل چىقارغىلى ئۇنىمايتتى، يوللار بۇزۇلۇپ ياتاتتى. بىرئاز ياسالغانلىرىمۇ، خەيرىيەت ئىشى سۈپىتىدە، «ئاخىرەتلىك ساۋاپ ئىزلەشنى خالىغان» كىشىلەردىن ئازغىنا سەدىقە يىغىش بىلەن ھەم تار، ھەم ناچار ياسالغان ئىدى. دېخانلار جەمئىيەتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇيرۇق چىقىرىپ يوللارنى جايلاشقان ئورنىغا قاراپ دەرىجىگە ئايرىپ، كەڭ-تارلىقىنى 3 چى، 5 چى، 7 چى، 1 جاڭ قىلىپ بەلگىلەپ، يول ياقىسىدىكى پومېشچىكلارنىڭ ھەرقايسىغا بىر بولەكتىن ياسىشىنى قاتتىق تاپشۇرغان. بۇيرۇق چىقىرىلغاندىن كېيىن، بويسۇنماسلىققا كىممۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئۇزاق ئۆتمەي، نۇرغۇن ياخشى يوللار بارلىققا كەلگەن. بۇ خەيرىيەت ئىشى سۈپىتىدە ئەمەس، مەجبۇرلۇق بىلەن بولغان، لېكىن بۇ ئازغىنا مەجبۇرلۇق ھەقىقەتەن جايىدا بولغان. كول قاشلىرىنى ياساشتىمۇ شۇنداق بولغان. رەھىمسىز پومېشچىكلار ھامان ئىجارىگە ئالغۇچى دېخانلاردىن بىر نەرسە يۇلۇۋالماقچى بولاتتى، لېكىن بىرنەچچە داچەن خەشلەپ كول قاشلىرىنى ياساشنى خالىماي، كوللەرنى قۇرۇتۇۋېتىپ، ئىجارىگە ئالغۇچى دېخانلارنى ئاچتىن ئۆلتۈرەتتى، ئۇلار ئىجارە ئېلىشنىلا بىلەتتى. دېخانلار جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۈز-خاتىرە قىلماستىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ پومېشچىكلارنى كول قاشلىرى ياساشقا مەجبۇر قىلالايدىغان بولغان. پومېشچىكلار ياسىمىسا،

دىخانلار جەمىيىتى پومېشچىكلارغا سىلىقلىق بىلەن: «خوپ! ياسىمە-ساقلار شال چىقىرىڭلار، بىر گۆكىغا بىر كۆرە!» دىگەن. پومېشچىكلار بىر گۆكىغا بىر كۆرىدىن شال بېرىشنى ئېغىر كورۇپ، دەرھال ئۆزلىرى ياساشقا كىرىشكەن. شۇنىداق قىلىپ، نۇرغۇن ناچار كول قاشىلىرى ياخشى كول قاشلىرىغا ئايلانغان.

يۇقۇرىدىكى ئون توت ئىشنى دىخانلار دىخانلار جەمىيىتىنىڭ رەھ-بەرلىگىدە قىلغان. كىتاپخانلار، ئويلاپ كورۇڭلار، بۇ ئىشلارنىڭ تۈپ روھىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاۋىي ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا، قايسى بىرى يامان؟ بۇ ئىشلارنى يامان دىگۈچىلەر، مېنىڭچە، پەقەت تۇخاۋ-لىيېنلارلا بولسا كېرەك! شۇنىسى ناھايىتى ئەجەپلىنەرلىككى، نەنچاڭ تەرەپتىن[25] كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جياڭ جيېشى، جاڭ جىڭجياڭ[26] جاناپلارنىڭ پىكرىچە، خۇنەن دىخانلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانمىش. خۇنەندىكى ئوڭچىلارنىڭ رەھبىرى ليۇ يۆيجۇ[27] قاتارلىقلار جياڭ جيېشى، جاڭ جىڭجياڭ جاناپلار بىلەن بىر پىكىردە بولۇپ، ھەممىسى: «بۇ بەئەينى قىزىل-لىشىقۇ!» دىيىشكەن. مېنىڭچە، ئەگەر بۇنچىلىك قىزىللىشىشمۇ بولمىسا، ئۇ قانداق قىلىپ مىللى ئىنقىلاپ بولالىسۇن! «خەلقنى ئويغىتىش»نى ھەر كۈنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، خەلق قوزغالغاندا بولسا، ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. بۇنىڭ يې گۇڭنىڭ ئەژدەرھانى ياخشى كورۇشىدىن[28] نىمە پەرقى بار!

## ئىزاھلار

① خۇنەن شۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە دىخانلار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى ئىدى.

② جاۋ خېڭتى شۇ چاغدا بېيياڭ جۇنفالارنىڭ خۇنەنگە ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان گۇماشتىسى ئىدى. 1926-يىلى بېيفا ئارمىيىسى ئۇنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

③ شىنخەي ئىنقىلابى — 1911-يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىنقىلاپ. شۇ يىلى 10-ئاينىڭ 10-كۈنى يېڭى ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كوتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئۆلكىلەردىمۇ ئارقىمۇ-ئارقا قوزغىلاڭ كوتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ناھايىتى تېز يىمىرىلدى. 1912-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى نەنجىڭدا جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھوكۇمىتى قۇرۇلۇپ، سۇن جۇڭشەن ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭ بولۇپ سايلاندى. بۇ ئىنقىلاپ بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلار، ئىشچىلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقى ئارقىلىق غەلىبە قازانغان ئىدى. لېكىن بۇ ئىنقىلاپتىمۇ ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ مۇرەسسەچىللىكى، دېھقانلارغا ھەقىقى مەنپەئەت بەرمىگەنلىكى ۋە جاھانگىرلار ھەم فېئودال كۈچلەرنىڭ بېسىمىنى قوبۇل قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، ھاكىمىيەت بېيياڭ جۇنفا يۈەن شىكەينىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولدى.

④ «ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» — بۇ بىر چېكيۈي بولۇپ، ئەسلىدە خاتانى تۈزىتىشتە تېگىشلىك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك مەنىسىنى بىرەتتى. لېكىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بەزىلەر ھامان مۇشۇ سوز بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ كونا تەرتىپ-قائىدىلەرنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىشىغا يول قويماي، پەقەت كونا تەرتىپ-قائىدىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش دائىرىسىدىلا ھەرىكەتلىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. كونا تەرتىپ-قائىدىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش دائىرىسىدە ھەرىكەتلەنسە، «چەك»تىن ئاشمىغانلىق دېيە-

لەتتى، كونا تەرتىپ ـ قائىدىلەرنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىسا، «چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك» دېيىلەتتى. بۇمۇ دەل گەيلىياڭجۇيىچىلارنىڭ ۋە ئىنقىلاپ قوشۇندىكى جىنخۇيجۇيىچىلارنىڭ نەزەرىيىسى ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە گەيلىياڭجۇيىچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق نەزەرىيىسىگە رەددىيە بېرىدۇ. «ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دېسەڭ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىـ شىڭ كېرەك، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىسەڭ، ئەگرىنى تۈز قىلالمايسەن» دېگەنلىك، كونا فېوداللىق تەرتىپلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، تۈزىتىش كىرگۈزۈش ـــ ئىسلاھات ئۇسۇلىنى ئەمەس، ئاممىۋى ئىنقىلاپ ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

⑤ 1926 ـ يىل قىش ۋە 1927 ـ يىل ئەتىياز پەسىللىرىدە بېيفا ئارمىيىسى چاڭجياڭ ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندا، جياڭ جيېشىنىڭ ئەكـ سىلئىنقىلاۋىي قىياپىتى تېخى تولۇق ئاشكارا بولمىغان ئىدى، دىخانلار ئاممىسى ئۇنى تېخى ئىنقىلابچىل دەپ ھېساپلايتتى. يومبېشىلىك ۋە باي دىخانلار بولسا، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ، بېيفا ئارمىيىسى ئۇرۇشتا مەغـ لۇپ بولۇپتۇ، جياڭ جيېشىنىڭ پۇتى يارىدار بولۇپتۇ، دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتقان ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قىياپىتى 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇ شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېڭبيەن قىلىپ، ئىشچىلارنى قىرىشقا، دىخانلارنى بېسىقتۇرۇشقا ۋە گوڭچەنداڭغا زەربە بېرىشكە كىرىشكەندىن كېيىن تولۇق ئاشكارا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يومبېشىلار ۋە باي دىخانلار ئۇنى ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

⑥ گۇاڭدۇڭ بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدە ئەڭ دەسلەپكى ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدى ئىدى.

⑦ ۋۇ پېيفۇ بېيياڭ جۇنفالارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1923 ـ يىلى پارا بېرىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش بىلەن داڭقى چىققان ساۋ كۈنغا ئوخشاشلا بېيياڭ جۇنفالارنىڭ جىرلى گورۇھىغا كىرەتتى، ئۇ ساۋ كۈننى باشلىق قىلىپ كوتۇرگەن، شۇ چاغدا بۇ ئىككىسىنى قوشۇپ

«ساۋ ـ ۋۇ» دەپ ئاتاشقان ئىدى. ۋۇ پېيفۇ 1920 ـ يىلى ئەنخۇي گورۇ-ھىدىكى جۇنفا دۇەن چىرۇينى يەڭگەندىن كېيىن، بېيياڭ جۇنفا ھۆكۈمە-تىنىڭ سىياسى ئىشلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ گوماشتىسى بولۇپ، 1923 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بېيجىڭ ـ خەنكۇ تۆمۈر يولىنىڭ ئىش تاشلىغان ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ قىردى. ۋۇ پېيفۇ 1924 ـ يىلى جاڭ زولىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (بۇنى ئادەتتە كىشىلەر «جىلى گۇرۇھى بىلەن فېڭتيەن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇشى» دەپ ئاتايدۇ) مەغلۇپ بولۇپ، بېيجىڭدىكى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما 1926 ـ يىلى ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە جاھانگىر-لىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، ئۇ يەنە جاڭ زولىن بىلەن بىرلىشىپ، قايتىدىن باش كۆتۈردى. 1926 ـ يىلى بېيفا ئارمىيىسى گۇاڭدۇڭدىن چىقىپ ئەڭ ئاۋال بىۋاستە يوقاتقان دۈشمەن ۋۇ پېيفۇ بولدى.

⑧ سەنمىنجۇيى ـــ سۇن جۇڭشەن جۇڭگو بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي مەسىلە، خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىرىنسىپ ۋە گاڭلىق. 1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن «گومىنداڭنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك مەملى-كەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى»دە سەنمىنجۇيىنى يېڭىۋاشتىن ئىزاھلاپ، مىللىي مەسىلىگە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش دەپ چۈشەن-دۈرگەن ۋە ئىشچى ـ دېخانلار ھەرىكىتىنى ئاكتىپ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن كونا سەنمىنجۇيى راۋاجلىنىپ، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك يېڭى سەنمىنجۇيى بولدى. ئۈچ چوڭ سىياسەتلىك بۇ يېڭى سەنمىنجۇيى بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋى ئۇرۇش دەۋرىدە گۇڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ ھەمكارلىقىنىڭ سىياسى ئاساسى بولۇپ قالدى. مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2 ـ تومىدىكى «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە»نىڭ 10 ـ بۆلۈمىگە قارالسۇن.

⑨ باي دېخانلارنىڭ دېخانلار جەمئىيىتىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك ئىدى. 1927 ـ يىلى مەزگىلىدە دېخانلار ئاممىسى بۇنى تېخى بىلمەيتتى.

⑩ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە كۆرسەتكەن «يوقسۇللار» ياللانما دېخانلار (يېزا پرولېتارلىرى)نى ۋە يېزىلاردىكى سەرگەردان پرولېتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

⑪ بۇ يېزا يېرىم پرولېتارىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

⑫ بۇ شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ناھىيىلىك داڭبۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

⑬ يۈەن زۇمىڭ شۇ چاغدا غەربىي خۇنەننى بېسىپ ياتقان گۇيجۇ جۇنفاسى ئىدى.

⑭ خۇنەننىڭ دۇ، تۈەنلىرى رايون ۋە يېزىغا باراۋەر. كونىچە دۇ، تۈەندىن ئىبارەت يېزا ھاكىمىيەت ئورگانلىرى يومېشكىلارنىڭ دېخانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قورالى ئىدى. دۇ، تۈەنلەرنىڭ مەسئۇل كىشىلىرى «دۇزۇڭ»، «تۈەنزۇڭ» دەپ ئاتىلاتتى.

⑮ بۇ شۇ ۋاقىتتىكى تۇخاۋ ـ لېشېنلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلگىرىدىن كېلىۋاتقان غەللە ـ پاراقنى ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە دېخانلارنى قاخشىتىپ مو سېلىقى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

⑯ دۇجۈن ــ بېيياڭ جۇنفا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە قويغان ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ نامى. دۇجۈنلەر، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، بىر ئۆلكە دائىرىسىدىكى ھاكىم مۇتلەقلەر ئىدى. ئۇلار جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك خاراكتېردىكى فېودال ھەربىي گېجۈينى ئەمەلگە قويغان ئىدى.

⑰ ئەيخۇتۇەن دائىمى دۇيى ــ شۇ چاغدىكى يېزا قوراللىق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنداق تەشكىلاتقا ھەر بىر ئائىلىدىن دېگىدەك كىشى قاتنىشقان بولىدۇ. 1927 ـ يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن جايلاردىكى «ئەيخۇتۇەن»لەر يومېشكىلار

تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق تەشكىلاتلارغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

⑱ شۇ چاغدا ۋۇخەن گومىنداڭ جۇڭياڭىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان ھەرقايسى جايلاردىكى گومىنداڭ ناھىيىلىك داڭبۇلىرىنىڭ تولىسى سۇن جۇڭشەننىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىش، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېھقان ۋە ئىشچىلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان تەشكىلاتلاردىن بولۇپ، كوممۇنىستلار، سول گومىنداڭچىلار ۋە باشقا ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىتتىپاقى ئىدى.

⑲ بۇ سۆز «مېگزى»دىن ئېلىنغان، بۇنىڭ قىسقىچە مەنىسى: باشقىلارغا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىشتە ماھىر كىشى ياننىڭ كىرىچىنى مەھكەم تارتىپ تۇرىدۇ، ئوقنى قويۇپ بەرمەيدۇ، ئەمما ئوقنى خۇددى ھازىر قويۇۋېتىدىغاندەك قىياپەتتە تۇرىدۇ، دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز بۇ يەردە، گۇڭچەنداڭ دېھقانلارنى تولۇق سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولۇشقا باشلاپ، ئاندىن خۇراپاتلىقنى ۋە باشقا ناتوغرى ئۆرپ-ئادەتلەرنى دېھقانلارنىڭ ئىختىيارى تۇردە ۋە ئۆزلىكىدىن يوقىتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك، ئۇنى بۇيرۇق چىقىرىپ، دېھقانلار ئۈچۈن يوقىتىپ بەرمەسلىكى كېرەك، دېگەن مەنىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن.

⑳ تاڭ شېڭجې — شۇ چاغدا ئىنقىلاب تەرەپتە تۇرۇپ، بېيىغا ئۇرۇشقا قاتناشقان جياڭجۈن. يې كەيشىن — شۇ چاغدا بېيياڭ جۈنفالار تەرەپتە تۇرۇپ ئىنقىلابقا قارشى تۇرغان جياڭجۈن.

㉑ سۇن چۇەنفاڭ — شۇ چاغدا چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى 5 ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان جۈنفا، شاڭخەي ئىشچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات. ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى 1926-يىلى قىشتا جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ، جيۇجياڭ دېگەن يەرلىرىدە بېيفا ئارمىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

㉒ شەرق مەدەنىيەتچىلىكى — شەرقنىڭ قالاق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە فېئوداللىق مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن قانائەت-

لىنىپ، يېقىنقى زامان يەن ـ مەدىنىيىتىنى چەتكە قاقىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىدىيە.

㉓ «جۇڭگو جەمىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل» دېگەن ئەسەرنىڭ ⑮ ئىزاھىغا قارالسۇن.

㉔ شەن، تاڭ، شياڭ، شۈي ــ باشلانغۇچ مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ بەزى مەزھەپلىرىنىڭ ناملىرى.

㉕ بېيفا ئارمىيىسى 1926 ـ يىل 11 ـ ئايدا نەنچاڭنى ئىشغال قىلغان ئىدى، جياڭ جيېشى يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ زۇڭسىلىڭبۇسىنى شۇ يەرگە قۇردى، گومىنداڭ ئوڭچىلىرىنى ۋە بېيياڭ جۈنفالارنىڭ بىر قىسىم سىياسەتۋازلىرىنى يىغىپ، جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابىي سۈيىقەست تەييارلىدى، شۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتا ئىنقىلابىي بولغان ۋۇخەنگە قارشى تۇردى. جياڭ جيېشى ئاخىر 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شاڭخەيدە ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان، جوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈلگەن جىنايەتنى قوزغىدى.

㉖ جاڭ جىڭجياڭ شۇ چاغدا گومىنداڭ ئوڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئەقىل كورسەتكۈچىسى ئىدى.

㉗ ليۇ يۈېجۇ شۇ چاغدا خۇنەندە كۆكچەنداڭغا قارشى ئويۇشتۇرۇلغان مۇھىم تەشكىلات ــ «زوشې»نىڭ باشلىقى ئىدى.

㉘ يې گۇڭنىڭ ئەجدىھانى ياخشى كورۇشى ــ خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ليۇ شياڭ يازغان «شىنشۈي» دېگەن كىتابتىكى بىر ھېكايە: «يې گۇڭ زىگاۋ ئەجدىھانى ياخشى كورۇپ قىلىپ، ئويىنىڭ تام ـ تورۇسلىرى ۋە ھەممە جاھازىلىرىغىمۇ ئەجدىھانىڭ سۈرىتىنى سىزدۇر- غان ۋە نەقىش قىلدۇرغان ئىكەن. ئەجدىھا بۇنى ئاڭلاپ، ئاسماندىن چۈشۈپ، بېشىنى تۈڭلۈكتىن، قۇيرۇغىنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈپتۇ. يې گۇڭ بۇنى كورۇش بىلەنلا ئەس ـ ھۇشىنى يوقىتىپ، رەڭگى ـ روھى ئۇچۇپ، ئوي ـ جايىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. بۇنىڭدىن يې گۇڭنىڭ ئەجدىھانىڭ ئوزىنى ئەمەس، ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان نەرسىنى ياخشى كورىدىغانلىقى

بىلىنىپ قاپتۇ.» يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە بۇنى جياڭ جيېشى قاتار-لىقلارنىڭ ئېغىزدا ئىنقىلاپ دەپ، ئەمەلدە ئىنقىلاپتىن قورقىدىغانلىقى ۋە ئىنقىلاپقا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلدۇ.

# ئككنچى ئچكى ئنقلاۋيي
# گۇرۇش دەۋرى

# جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟*

(1928 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)

## 1. ئىچكى سىياسىي ئەھۋال

ھازىرقى گومىنداڭ يېڭى جۇنفالىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا شەھەرلەردىكى مەيبەنلەر سىنىپى ۋە يېزىلاردىكى تۇخاۋ - لېيشېنلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىككە تەسلىم بولۇۋاتىدۇ، ئىچكى جەھەتتە كونا جۇنفالارنىڭ ئورنىغا يېڭى جۇنفالارنى دەسسىتىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىياسىي زۇلۇمنى بالدۇرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتىدۇ. گۇاڭدۇڭدىن باشلانغان بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلاب يېرىم يولغا كەلگەندە، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى

مەيبەنــلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ ـ لېيشېنلار سىنىپىغا تارتتۇرۇپ قويغانـ لىقتىن، دەرھال ئەكسىلئىنــقىلاۋىي يولغا بۇرۇلۇپ كەتــتى، پۈتۈن مەملىكەتــتىكى ئىشچىلار، دېھقانــلار ۋە ئاددىي خەلق، ھەتتا بۇرژۇ- ئازىــيىمۇ① يەنىلا ئەكسىلئىنقىــلاۋىي ھوكۇمرانــلىق ئاستىدا قېلىپ، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قىلچە ئازاتلىققا ئېرىشەلمىدى.

گومىنداڭنىڭ يېڭى جۇنفالىرى ـــ جياڭ جيېشى گۇرۇھى، گۇاڭشى گۇرۇھى، فېڭ يۈيشياڭ گۇرۇھى ۋە يەن شىشەن گۇرۇھىدىن ئىبارەت تۆت گۇرۇھ② ئوتتۇرىسىدا بېيجىڭ ۋە تيەنجىن ئېلىنىشتىن ئىلگىرى جاڭ زولىنغا③ قارشى ۋاقىتلىق ئىتتىپاقلىق بار ئىدى. بېيجىڭ ۋە تيەنجىن ئېلىنغاندىن كېيىن بۇ ئىتتىپاقــلىق دەرھال بۇزۇلۇپ، تۆت گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن گۇاڭشى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يېتىلمەكتە. جۇڭگودىكى ھەرقايسى گۇرۇھ جۇنفالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى جاھانگىرلار جۇڭگونى پارچىلايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ھەرقايسى گۇرۇھ جۇنفالار ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ مۇرەسسەگە كېلەلمەيدۇ، مۇرەسسەلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى ۋاقىتلىق مۇرەسسەلەر ئەتىكى تېخىمۇ چوڭ ئۇرۇشنى يېتىلدۈرىدۇ.

* بۇ ـــ يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونى 2 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى قارارىنىڭ بىر قىسمى، ئەسلى مەۋزۇسى «سىياسى مەسىلىلەر ۋە چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىلىرى» ئىدى.

جۇڭگو بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلابىغا تولىمۇ مۇھتاج، بۇ ئىنقىلابنى پەقەت پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. گۇاڭدۇڭدىن باشلىنىپ چاڭجياڭغا قاراپ راۋاجلانغان، 1926 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابتا پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قەتئىي تۇردە ئىجرا قىلمىغانلىقتىن، مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ ـ لېيشېنلار سىنىپى رەھبەرلىكنى تارتىۋېلىپ، ئىنقىلابنىڭ ئورنىغا ئەكسىلئىنقىلابنى دەسسەتتى. بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋاقىتىچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە دېھقانلىرى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە ناھايىتى چوڭ زەربىگە ئۇچرىدى، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىمۇ (مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ ـ لېيشېنلار سىنىپى ئەمەس) زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىنىڭ گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بارغان شەھەرلەردىكى ئىش تاشلاشلىرى ۋە يېزىلاردىكى قوزغىلاڭلىرى جەنۇپ ۋە شىمالدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. جۇنفالار قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئاچ ـ يالىڭاچلىق سەۋەبىدىن ناھايىتى چوڭ ئەنسىزلىك يېتىلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇرژۇئازىيىمۇ ۋاڭ جىڭۋېي ـ چېن گۇڭبو گۇرۇھىنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، دېڭىز ياقىسى ۋە چاڭجياڭ بويىدىكى جايلاردا خېلى زور گەيلياڭجۇيىلىق ھەرىكىتىنى[4] راۋاجلاندۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتنىڭ راۋاجلىنىشى يېڭى فاكت.

جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مەزمۇنى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ۋە جۇڭياڭنىڭ يوليورۇقلىرى بويىچە، جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قورالى بولغان جۇنفالارنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاپ، مىللى ئىنقىلاپنى ئۇرۇنلاشنى ھەمدە يەر ئىنقىلاۋىنى ئېلىپ بېرىپ، تۇخاۋ-لېيشىنلار سىنىپىنىڭ دېخانلار ئۈستىدىكى فېوداللىق ئېكسپلاتاتسىيىسىنى يوقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ئىنقىلاۋىي ئەمەلىي ھەرىكەت 1928-يىل 5-ئايدىكى جىنەن پاجىەسىدىن[5] كېيىن كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىۋاتىدۇ.

## 2. جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ[6] پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەپلىرى

بىر مەملىكەتتە تۆت تەرەپىنى ئاق ھاكىمىيەت قورشاپ تۇرغان ئارىلىقتا بىر ياكى بىرقانچە كىچىك قىزىل ھاكىمىيەت رايونىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى — دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. بۇنداق ئاجايىپ ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەپلىرى بار. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭمۇ جەزمەن ئۆزىگە لايىق شەرتلىرى بار. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ھەرقانداق جاھانگىر دۆلەتتە پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جاھانگىرلارنىڭ بىۋاستە ھوكۇمرانلىقىدىكى ھەرقانداق مۇستەملىكىدىمۇ[7] پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، جاھانگىرلار ۋاستىلىق ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان، ئىقتىسادتا قالاق، يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودىلا پەيدا بولۇشى مۇقەررەر. چۈنكى بۇنداق ئاجايىپ ھادىسە جەزمەن يەنە بىر ئاجايىپ ھادىسىگە، يەنى ئاق ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. جاھانگىرلار، مەملىكەت ئىچىدىكى مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ-

لېنىنلار سىنىپى قوللاۋاتقان ھەرقايسى گۇرۇھ يېڭى ۋە كونا جۇڭفالار
مىنگونىڭ بىرىنچى يىلىدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي ئۇرۇش قىلىپ
كېلىۋاتىدۇ، بۇ — يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن
بىرى. بۇنداق ھادىسە پۈتۈن دۇنيادىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ
ھېچقايسىسىدىلا يوق بولۇپ قالماستىن، جاھانگىرلارنىڭ بىۋاستە
ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ ھېچبىرىدىمۇ يوق، پەقەت
جاھانگىرلارنىڭ ۋاستىلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگودەك مۇشۇنداق
مەملىكەتتىلا بار. بۇنداق ھادىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدا ئىككى سەۋەپ
بار، ئۇ بولسىمۇ يەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى (بىرلىككە كەلگەن
كاپىتالىستىك ئىقتىسات ئەمەس) ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تەسىر دائىرىلەر
بۆلۈۋالىدىغان پارچىلاش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتى. ئاق
ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغان بۆلۈنۈش ۋە
ئۇرۇشلار شۇنداق بىر شارائىتنى تۇغدۇردىكى، بۇ شارائىت كومپارتىيە
رەھبەرلىكىدىكى بىر ياكى بىرقانچە كىچىك قىزىل رايوننى
توت تەرىپىنى ئاق ھاكىمىيەت قورشاپ تۇرغان ئارىلىقتا پەيدا
بولۇش ۋە قەتئىي داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خۇنەن-
جياڭشى چېگرا رايون گېجۈيى ئەنە شۇ نۇرغۇن كىچىك رايونلارنىڭ
بىرى. بەزى يولداشلار قىيىن ۋە خەتەرلىك چاغلاردا، كوپىنچە،
بۇنداق قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن گۇمانلان-
دى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۈمىتسىزلىنىش كەيپىياتى پەيدا بولدى.
بۇ بۇنداق قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ نىمە ئۈچۈن پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە توغرى چۈشەنچىگە ئىگە بول-
مىغانلىقتىن بولدى. بىز جۇڭگودا ئاق ھاكىمىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە
ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلا بولساق،

قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بەلكى كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشى توغرىسىدا شۈبھە قالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت ئالدى بىلەن پەيدا بولغان ۋە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان جايلار دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تەسىرى بېرىپ يەتمىگەن جايلار ئەمەس، مەسىلەن، سىچۇەن، گۇيجۇ، يۈننەن ۋە شىمالدىكى ئۆلكىلەر ئەمەس، بەلكى 1926 ۋە 1927 - يىللاردىكى ئىككى يىللىق بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ جەريانىدا ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئاممىسى كەڭ كۆلەمدە قوزغالغان جايلار، مەسىلەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەر. بۇ ئۆلكىلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى بولغان، ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىنىڭ يومبىشىكلار سىنىپى ۋە تۇخاۋ-لېيشېنلار سىنىپىغا ھەم بۇرژۇئازىيىگە قارشى نۇرغۇن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشلىرى بولغان. شۇڭا گۇاڭجۇدا ئۈچ كۈن داۋام قىلغان شەھەر خەلق ھاكىمىيىتى بارلىققا كەلگەن، خەيفېڭ ۋە لۇفېڭ ناھىيىلىرىدە، شەرقىي خۇنەن ۋە جەنۇبىي خۇنەندە، خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىدا، خۇبېينىڭ خۇاڭئەن قاتارلىق جايلىرىدا بولسا، دېھقانلار گېجۇيلىرى④ بولغان ئىدى. ھازىرقى قىزىل ئارمىيىگە كەلسەك، ئۇمۇ دېموكراتىك سىياسى تەلىم ئالغان ۋە ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. ھېچبىر دېموكراتىك سىياسى تەلىم ئالمىغان، ھېچبىر ئىشچى-دېھقانلار تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان قوشۇنلاردىن، مەسىلەن، يەن شىشەن قوشۇنى ۋە جاڭ زولىننىڭ قوشۇنىدىن ھازىرقى ۋاقىتتا قىزىل ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى

بولىدىغان تەركىپنى ھەرگىز ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، كىچىك يەرلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ياكى تۇرالماسلىقى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى ياكى راۋاجلانماسلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ شەرتكە باغلىق. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدىكەن، كىچىك قىزىل رايونلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شەك-شۈبھىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇقەررەر يوسۇندا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان نۇرغۇن كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى داۋاملىق ئالغا قاراپ راۋاجلانمايدىكەن، بەلكى بىرقەدەر ئۇزاق مۇددەت توختاپ قالىدىكەن، كىچىك قىزىل رايونلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر جۇڭگونىڭ ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى مەملىكەت ئىچىدىكى مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ-لىيېشېنلار سىنىپىنىڭ ھەم خەلقارا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ داۋاملىق بۆلۈنۈشى ۋە ئۇرۇشلىرىغا ئەگىشىپ داۋاملىق ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىچىك قىزىل رايونلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شەك-شۈبھىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ قىزىل رايونلار داۋاملىق راۋاجلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈندىن-كۈنگە يېقىنلىشىدۇ. تۆتىنچىدىن، خېلى كۈچكە ئىگە رەسمى قىزىل ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى — قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەگەر يەرلىك خاراكتېردىكى چىۋېيدۇيلا[9] بولۇپ، رەسمى قىزىل ئارمىيە بولمىسا، پەقەت ئەيخۇتۇەنلەرگىلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، رەسمى ئاق قوشۇنلارغا

تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ناھايىتى ئوبدان ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى بولسىمۇ، ئەگەر خېلى كۈچكە ئىگە رەسمىي قوراللىق كۈچ بولمىسا، گېجۈي ۋەزىيىتىنى ھەرگىز ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە كۈنسايىن راۋاجلىنىدىغان گېجۈي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىشچى-دېخانلار قوراللىق گېجۈيى» ئىدىيىسى — گۇڭچەنداڭ ۋە گېجۈي جايلاردىكى ئىشچى-دېخانلار ئاممىسى تولۇق ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر ئىدىيە. بەشىنچىدىن، قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شەرتلەردىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم شەرت بولۇشى لازىم، ئۇ بولسىمۇ گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ خاتا بولماسلىقى.

## 3. خۇنەن-جىاڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي قىلىنىشى ۋە ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتى

جۇنفالار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئۇرۇشلار ئاق ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇردى. شۇڭا، كىچىك يەرلىك قىزىل ھاكىمىيەتلەر ئەنە شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ پەيدا بولدى. لېكىن جۇنفالار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەر كۈنى بولۇۋەرمەيدۇ. بىر ئۆلكىدىكى ياكى بىرقانچە ئۆلكىدىكى ئاق ھاكىمىيەت ھەر قېتىم ۋاقىتچە تۇراقلاشقان چاغدا، شۇ بىر ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى ياكى بىرقانچە ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى چوقۇم بىرلىشىپ، بۇ قىزىل ھاكىمىيەتنى بارلىق كۈچى بىلەن يوقىتىشقا كىرىشىدۇ.

قىزىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زورۇر بولغان ھەرخىل شەرتلەر تېخى تولۇق تەييارلانمىغان جايلاردا ئۇنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىش خەۋپى بولىدۇ. بۇ يىل 4 - ئايدىن ئىلگىرى پەيتتىن پايدىلىنىپ قۇرۇلغان بىرمۇنچە قىزىل ھاكىمىيەتلەر، مەسىلەن، گۇاڭجۇ شەھىرى، خەيفېڭ - لۇفېڭ ناھىيىلىرى، خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونى، جەنۇبىي خۇنەن، لىلىڭ، خۇاڭئەن ناھىيىلىرىدىكى قىزىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئاق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن كەينى - كەينىدىن نابۇت قىلىنغانلىقىنىڭ داۋلىسى ئەنە شۇ. 4 - ئايدىن كېيىن خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۇي قىلىنىشى دەل جەنۇبتىكى ھوكۇمران كۈچلەر ۋاقتىنچە تۇراقلاشقان ۋاقىتقا توغرى كەلدى، خۇنەن ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدىن «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» ئۈچۈن ئېۋەتىلگەن قوشۇنلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ھامان 8 - 9 تۇەندىن ئوشۇق بولۇپ تۇردى، كوپ بولغاندا 18 تۇەنگە يەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز 4 تۇەنگە يەتمەيدىغان ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەنگە قارشى 4 ئاي كۈرەش قىلىپ، گېجۇي رايونلارنى كۈندىن - كۈنگە كېڭەيتتۇق، يەر ئىنقىلاۋىنى كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلاشتۇردۇق، خەلق ھاكىمىيىتى تەشكىلاتلىرىنى كۈندىن - كۈنگە ئومۇملاشتۇردۇق، قىزىل ئارمىيىنى ۋە چۈۋبېدۇيلەرنى كۈندىن - كۈنگە زورايتتۇق، بۇ خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونىدىكى گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتلىرى (يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرى) سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىدىن بولدى. ئۇ چاغدا پارتىيىنىڭ بەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيى ۋە جۈن ۋېيۈەنخۇيىنىڭ سىياسىتى: دۈشمەن بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ[10] ئوتتۇرا قىسمىدا ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش، قاچقۇنلۇققا

قارشى تۇرۇشتىن؛ گېجوي رايونلاردىكى يەر ئىنقىلاۋىنى چوڭ-قۇرلاشتۇرۇشتىن؛ ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىشى، مۇنتىزىم قوشۇنلار يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىشتىن؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، كوز ئالدىمىزدىكى دۈشمەنگە دەل پەيتىدە تاقابىل تۇرۇش، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈۋې-تىشكە قارشى تۇرۇش، دۈشمەننىڭ بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىشىدىن ساقلىنىشتىن؛ گېجوي رايونلارنى كېڭەيتىشتە دولقۇن شەكلىدە ئالغا سىلجىش سىياسىتىنى قوللىنىش، قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ سىلۇبلەرنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارائىتىنىڭ كۆرەشكە ئەپلىك بولغانلىقى، خۇنەن ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدىن ھۇجۇمغا كەلگەن قوشۇنلارنىڭ ھەرىكىتى تولۇق بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، 4-ئايدىن 7-ئايغىچە بولغان 4 ئاي ئىچىدىكى جەڭلەرنىڭ ھەر قېتىمدا غەلىبە قازىنىپ تۇردۇق. دۈشمەن بىزدىن نەچچە ھەسسە كوپ بولسىمۇ، بۇ گېجوينى ۋەيران قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ گېجوينىڭ كۈنساناپ كېڭىيىشىمۇ توسالمىدى، بۇ گېجوينىڭ خۇنەن ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىگە بولغان تەسىرى بولسا، كۈنساناپ كۈچەي-مەكتە. ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبى تامامەن شۇ بولدىكى، بىر قىسىم يولداشلار شۇ چاغ دەل ھوكۇمران سىنىپلار ۋاقتىنچە تۇراقلاش-قان ۋاقىت ئىكەنلىگىنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە، ھوكۇمران سىنىپلاردا سىياسى جەھەتتىن پارچىلىنىش پەيدا بولغان چاغدا قوللىنىدىغان جەنلۇبىي قوللىنىپ، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ قارامىلىق بىلەن ئىلگە-رىلىدى، نەتىجىدە چېگرا رايونىمۇ ۋە جەنۇبىي خۇنەنمۇ تەڭلا مەغلۇ-

بىيەتكە ئۇچرىدى. خۇنەن شىڭۋېيىنىڭ ۋەكىلى يولداش دۇ شيۇجىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتنى تەكشۈرمەي، پارتىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيى ۋە جۈن ۋېيۈەنخۇيى ھەم يۇڭشىن شيەنۋېيىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ قارارىغا قارىماي، پەقەت خۇنەن شىڭۋېيىنىڭ بۇيرۇغىنى شەكلەن ئىجرا قىلىشنىلا بىلىپ، قىزىل ئارمىيە 29-تۈەننى-نىڭ كۆرەشتىن قېچىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىش پىكرىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ خاتالىقى ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور بولدى. بۇنداق مەغلۇبىيەت ۋەزىيىتى 9-ئايدىن كېيىن پارتىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيى ۋە جۈن ۋېيۈەنخۇيىنىڭ خاتالىقلارنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى كۆرۈشى بىلەن ئوڭشىۋېلىندى.

## 4. خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي ۋەزىيىتىنىڭ خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدە تۇتقان ئورنى

خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىدا نىڭگاڭشىنى مەركەز قىلغان ئىشچى-دېھقانلار قوراللىق گېجۈيىنىڭ ئەھمىيىتى ھەرگىز چېگرا رايونىدىكى بىرقانچە ناھىيە بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بۇنداق گېجۈي خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدە ئىشچى-دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇ ئۈچ ئۆلكىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشى جەريانىدىمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. چېگرا رايونىدىكى يەر ئىنقىلابىنىڭ ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ تەسىرىنى خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى يەرلەرگە، ھەتتا خۇبېي ئۆلكىسىگە قەدەر يەتكۈزۈش؛ قىزىل ئارمىيىنى كۆرەش داۋامىدا

كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ ۋە سۈپىتىنى ئۈستۈرۈپ، بۇ ئۈچ ئۆلكىدە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئۇمۇمى قوزغىلاڭدا ئۆزىنىڭ زورۇر ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىيەلەيدىغان قىلىش؛ ناھىيەلەردىكى يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ، يەنى چىۋىيدۇي ۋە ئىشچى ـ دېھقان قوزغىلاڭچىلار دۈيلىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ ۋە سۈپىتىنى ئۈستۈرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى ۋاقىتتا ئەيخۇتۇەن ۋە كىچىك قوشۇنلارغا قارشى تۇرۇش قىلالايدىغان، كەلگۈسىدە چېگرا رايون ھاكىمىيىتىنى ساقلىيالايدىغان قىلىش؛ يەرلىك ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى قىزىل ئارمىيىدىكى كادىرلارنىڭ ياردىمىگە يولىنىۋېلىشنى قەدەممۇ ـ قەدەم ئازايتىپ، تامامەن ئۆز ئالدىغا ئىشلىيەلەيدىغان قىلىش، چېگرا رايون خىزمىتىگە چېگرا رايونلۇق كادىرلارنى قويۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىزىل ئارمىيىنى ۋە كېڭەيتىلىدىغان گېجۈي رايونىنى كادىرلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولۇش ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسى چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدە قوزغىلاڭنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى.

## 5. ئىقتىسادىي مەسىلە

ئاق كۈچلەر توت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان شارائىتتا، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا لازىملىق بۇيۇملارنىڭ ۋە نەق پۇلنىڭ يېتىشمەسلىكى ناھايىتى جىددى مەسىلە بولۇپ قالدى. بىر يىلدىن بۇيان چېگرا رايون ھاكىمىيىتىنىڭ گېجۈي جايلىرىدا دۈشمەنىنىڭ قاتتىق قامال قىلىشى ئارقىسىدا، تۇز، رەخت ۋە دورا ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشقا لازىملىق بۇيۇملار ھەمىشە

دىگەندەك ناھايىتى كەم ۋە ناھايىتى قىممەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە[11] ئاممىسى ۋە قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى، بەزىدە تازا چېكىگە يەتتى. قىزىل ئارمىيىگە بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن تەمىنات غەملىۋېلىشقا توغرى كېلىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ئاشلىقنىڭ سىرتىدا 5 فېندىن تاماق خىراجىتى بېرىشكىمۇ پۇل يېتىشمەيۋاتىدۇ، ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمىگەنلىكتىن ئاغرىقلار كۆپىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ دوختۇرخانىلاردىكى يارىدار ئەسكەرلەر قاتتىق جاپا چېكىۋاتىدۇ. بۇنداق قىيىنچىلىقلاردىن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئالمىغىچە، ئەلۋەتتە، قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇنداق قىيىنچىلىقلارنى بىرقەدەر ھەل قىلىپ، تۇرمۇشنى بىرقەدەر ياخشىلاش، بولۇپمۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ تەميناتىنى بىرقەدەر يېتەرلىك قىلىش بولسا، ئىنتايىن زۆرۈر. چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتى ئەگەر ئىقتىسادىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇۋاپىق چارە تاپالمىسا، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ تۇراقلاشقان ۋاقتى يەنە بىرقەدەر ئۇزاق بولىدىغان شارائىتتا، گېجۇيىلەر ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئىقتىسادىي مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، ھەقىقەتەن، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

## 6. ھەربىي گېنجۈيىدىلەر مەسىلىسى

چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ۋۇجىڭ[12] ۋە جيۇلۇگۇدىن ئىبارەت ئىككى ھەربىي گېنجۈيىدىنى

مۇستەھكەملەش. يۇگشىن، لىگشيەن، نىڭگاڭ، سۇيچۇەن ناھىيىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايىدىكى ۋۇجىڭ تاغلىق رايونى ۋە يۇگشىن، نىڭگاڭ، چالىڭ، لېيەنخۇا ناھىيىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايىدىكى جيۇلۇڭ تاغلىق رايونىدىن ئىبارەت بەر شارائىتى ياخشى بۇ ئىككى جاي، خۇسۇسەن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگىمۇ ئىگە، بەر شارائىتىمۇ مۇداپىيە كورۇشكە ئىنتايىن ئەپلىك بولغان ۋۇجىڭ بولسا، چېگرا رايوننىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى مۇھىم ھەربى گېنجۇيدىسى بولۇپلا قالماي، ھەتتا خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى ئۆلكىلىرىدە قوزغىلاڭلار راۋاجلىنىدىغان كەلگۈسىدىمۇ مۇھىم ھەربى گېنجۇيدى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ گېنجۇيدىلەرنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۇسۇلى: بىرىنچى، مۇكەممەل گۇگشىلار قۇرۇش؛ ئىككىنچى، يېتەرلىك ئاشلىق زاپىسى تەييارلاش؛ ئۈچىنچى، ياخشىراق قىزىل ئارمىيە دوختۇرخانىلىرى قۇرۇش. چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتى بۇ ئۈچ ئىشنى ھەقىقى تۈردە ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

## ئىزاھلار

① يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە مىللى بۇرژۇئازىيىنى كوزدە تۇتىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1935 ـ يىل 12 ـ ئايدا يازغان «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا» ۋە 1939 ـ يىل 12 ـ ئايدا يازغان «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»دا مەيبەن چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ پەرقىنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەن ئىدى.

② بۇ توت گۇرۇھ بىرلىشىپ، جاڭ زولىنغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، 1928 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭ ۋە تيەنجىنلەرنى بېسىۋالغان ئىدى. گۇاڭشى

گۇرۇھى گۇاڭشى جۇنفالىرى لى زۇڭرېن، بەي چۇڭشىلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ جاڭ زولىن — فېڭتيەن گۇرۇھىدىكى جۇنفالارنىڭ باشلىقى. 1924-يىلى ۋۇ پېيفۇ جىرلى گۇرۇھى بىلەن فېڭتيەن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ زولىن شىمالدا ئەڭ كۈچلۈك بىر جۇنفا بولۇپ قالدى. ئۇ 1926-يىلى ۋۇ پېيفۇ بىلەن بىرلىشىپ بېيجىڭنى بېسىۋالدى. 1928-يىل 6-ئايدا بېيجىڭدىن دۇڭبېيغا چېكىنىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئەزەلدىن ئوزىگە قۇرال قىلىپ پايدىلىنىپ كەلگەن ياپون جاھانگىرلىرى تەرىپىدىن يول ئۈستىدە پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

④ 1928-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى ياپون قاراقچىلىرى جىنەن شەھىرىنى بېسىۋالغان ۋە جياڭ جيېشى ياپونىيە بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق، نومۇسسىزلارچە مۇرەسسە قىلىشقاندىن كېيىن، 1927-يىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي جېڭبيەنگە ئەگەشكەن مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر بۆلىكى ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىگە قارشى ھاكىمىيەت تېشىدا فەندۇيپەي بولۇپ پەيدىن-پەي شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ۋاڭ جىڭۋېي، چېن گۇڭبو قاتارلىق پۇرسەتپەرەس ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي گۇرۇھتىكىلەر بۇ ھەرىكەت داۋامىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ئىچىدىكى «ئۆزگەرتىپ قۇرغۇچىلار گۇرۇھى» دېگەن نىمىنى شەكىللەندۈردى.

⑤ 1928-يىلى جياڭ جيېشى ئەنگلىيە-ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا جاڭ زولىنغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شىمالغا ئاتلاندى. ياپون جاھانگىرلىكى ئەنگلىيە-ئامېرىكا تەسىر كۈچىنىڭ شىمالغا كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئەسكەر چىقىرىپ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى جىنەننى بېسىۋالدى، تيەنجىن-پۇكۇ تۆمۈر يول قاتنىشىنى ئۈزدى. 5-ئاينىڭ 3-كۈنى ياپونىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى جىنەندە ناھايىتى ئۇرغۇن جۇڭگولۇقنى قىردى. بۇ قىرغىنچىلىق «جىنەن پاجىئەسى» دەپ ئاتالدى.

⑥ جۇڭگودىكى قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. سوۋېت، يەنى ۋەكىللەر كېڭىشى — روسىيە ئىشچىلار سىنىپى 1905 - يىلدىكى ئىنقىلاب ۋاقتىدا ئىجاد قىلغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم. لېنىن، ستالىنلار ماركسىزم نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، سوۋېت جۇمھۇرىيىتى — كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى دەۋردە ئەڭ مۇۋاپىق ئىجتىمائىي - سىياسىي تەشكىلىي شەكىل، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. 1917 - يىلدىكى روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى لېنىن، ستالىنلارنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە دۇنيادا بىرىنچى قېتىم بۇنداق پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. جۇڭگودا 1927 - يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدا رەھبەرلىك قىلغان ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭلىرى ۋەكىللەر كېڭىشىنى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ شەكلى قىلدى. لېكىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مۇشۇ باسقۇچىدا بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرى پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرىدىغان، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابقا مەنسۇپ بولغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئىدى، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرىدىن پەرقلىنەتتى.

⑦ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇرۇن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گوللاندىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان شەرقتىكى نۇرغۇن مۇستەملىكىلەرنى ياپون جاھانگىرلىرى بېسىۋالدى، ئۇ يەرلەردىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ئاممىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازلار گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گوللاندىيە جاھانگىرلىرى بىلەن ياپون جاھانگىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، فاشىزم تاجاۋۇزىغا قارشى كەڭ بىرلىكسەپ تەشكىل قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

گېنجۇيدىلەر قوردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇشەققەتلىك پارتىزان ئۇرۇشلىرى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى سىياسى ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە جاھانگىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مۇستەملىكىلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇ-رۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن مۇستەملىكىلەردىكى خەلقلەر ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى ئۇرۇشتا خېلى كۈچلۈك قوراللىق كۈچلەرنى چېنىقتۇرۇپ چىققان ئىدى، ئۇلار ئاۋالقىدەك ياشاۋېرىشنى خالىمىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقى قۇدرەتلىك بولغانلىقتىن، ئامېرىكىدىن باشقا ھەممە جاھانگىر دۆلەتلەر ئۇرۇشتا ئاغدۇرۇلغان ياكى ئاجىزلاش-تۇرۇلغانلىقتىن، بولۇپمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى جاھانگىرلىك سېپىنى جۇڭگودا بۇزۇپ تاشلىغانلىقتىن، پۈتۈن جاھانگىرلىك تۈزۈمدە دۇنيا بويىچە زور تەۋرىنىش پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقتىكى مۇستەملىكىلەر، ھېچبولمىغاندا بەزى مۇستەملىكىلەردىكى خەلقلەرمۇ جۇڭگودىكىدەك چوڭ-كىچىك ھەرخىل ئىنقىلابىي گېنجۇيدىلەرنى ۋە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتلەرنى ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىدىغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشلارنى ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى ھەمدە شۇنىڭ بىلەن قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلەپ، شەھەرلەرنى ئېلىش ۋە شۇ مۇستەملىكە ئەلنىڭ پۈتۈن دائىرىسىدە غەلىبىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بولداش ماۋزېدۇڭنىڭ جاھانگىرلىك بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇستەملىكىلەر شارائىتىدىكى بۇ مەسىلە توغرىسىدا 1928-يىلى ئېلىپ بارغان كۆزىتى-شىدە مۇشۇ يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزگىرىش بولدى.

⑧ بۇ 1927-يىلى جياڭ جېيشى ۋە ۋاڭ جىڭۋېي كەينى-كەينى-دىن ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ

گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى ئەڭ دەسلەپ قوزغىغان قايتۇرما زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. گۇاڭجۇدا 1927-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنى ئىشچىلار ۋە ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇپ، جاھانگىرلىك بىۋاستە ياردەم بېرىۋاتقان ئەكسىلئىنقىلابىي قوشۇنلارغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلغان ئىدى، لېكىن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى زور بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ بۇ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا دېڭىز بويىغا جايلاشقان خەيفېڭ، لۇفېڭ قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار 1923-يىلدىن 1925-يىلغىچە گۇڭچەنداڭ ئەزاسى يولداش پېڭ پەينىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك ھەرىكەت شەكىللەندۈرۈپ، گۇاڭجۇدىكى مىللىي-ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ ئىككى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابچى چېن جيۇڭمىڭنى يېڭىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بەردى. 1927-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى جياڭ جيېشى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى دېھقانلار 4-ئاي، 9-ئاي ۋە 10-ئايلاردا كەينى-كەينىدىن 3 قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەيفېڭ، لۇفېڭ ناھىيىلىرىدە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە ئۇنى 1928-يىل 4-ئايغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ئىدى. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار 1927-يىل 9-ئايدا ليۇياڭ، پىڭجياڭ، لىلىڭ ۋە جۇجۇ تەرەپلەرنى ئالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى شياۋگەن، ماچېڭ، خۇاڭئەن قاتارلىق جايلاردا بىرنەچچە ئون مىڭلىغان دېھقانلار قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈپ، خۇاڭئەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھىرىنى ئېلىپ، 30 نەچچە كۈن تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يىجاڭ، چېنجۇ، لېيياڭ، يۇڭشىڭ ۋە زىشىڭ ناھىيىلىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلار 1928-يىل 1-ئايدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ، 3 ئاي داۋاملاشتۇردى.

⑨ چۈبېدۇي ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى ئامىنىڭ قۇراللىق تەشكىلاتى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئاجرالمايتتى.

⑩ لوشياۋشەن تاغ تىزمىسى — جياڭشى ۋە خۇنەن ئۆلكىلىرى چېگرىسىدىكى چوڭ تاغ تىزمىسى، جىڭگاڭشەن لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان.

⑪ يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دېخانلاردىن باشقا قول ساناەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، تۈرلۈك ئەركىن كەسىپتىكىلەرنى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان زىيالىيلارنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگودا بۇنداق ئىجتىمائىي تەركىپلەر ئاساسەن شەھەر ۋە جېنلاردا بولىدۇ، لېكىن يېزىلاردىمۇ خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑫ ۋۇجىڭ تاغلىق رايونى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يۇڭشىن، نىڭگاڭ، سۈيچۈەن ۋە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لىڭشيەندىن ئىبارەت 4 ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جىڭگاڭشەننى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى جىڭگاڭشەندە داجىڭ، شياۋجىڭ، شاڭجىڭ، جۇڭجىڭ، شياجىڭ دېگەن يەرلەر بار.

# جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش*

**(1928 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)**

## خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۇي قىلىنىشى ۋە ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتى

بىر مەملىكەتتە توت تەرىپىنى ئاق ھاكىمىيەت قورشاپ تۇرغان ئارىلىقتا بىر ياكى بىرنەچچە كىچىك قىزىل ھاكىمىيەت رايونىنىڭ پەيدا بولۇشى ھازىرقى دۇنيادا پەقەت جۇڭگودىلا بار. بىزنىڭ تەھلىلىمىزچە، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى جۇڭگودا مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ - لېشېنلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش ۋە ئۇرۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. مەيبەنلەر سىنىپى ۋە تۇخاۋ - لېشېنلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئۇرۇشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغانلا بولسا، ئىشچى - دېھقانلار قوراللىق گېجۇيىمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە راۋاجلىنالايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىشچى - دېھقانلار قوراللىق

گېجۇينىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، يەنە توۋەندىكى شەرتلەر بولۇشى: (1) ناھايىتى ياخشى ئاممە بولۇشى؛ (2) ناھايىتى ياخشى پارتىيە تەشكىلاتى بولۇشى؛ (3) خېلى كۈچلۈك قىزىل ئارمىيە بولۇشى؛ (4) ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك يەر شارائىتى بولۇشى؛ (5) يېتەرلىك تەمىنات بىلەن قامدىيالايدىغان ئىقتىسادىي كۈچ بولۇشى لازىم.

ھۆكۈمران سىنىپلار ھاكىمىيىتى ۋاقىتىنچە تۇراقلاشقان مەزگىللەردە ۋە پارچىلانغان مەزگىللەردە گېجۇي رايونلار ئۆزىنى توت تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارىتا پەرقلىق جەڭلۈۋى قوللىنىشى لازىم. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش پەيدا بولغان مەزگىللەردە، مەسىلەن، خۇبېي، خۇنەنلەردە لى زوڭرېن بىلەن تاڭ شېڭجى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندىكىدەك①، گۇاڭدۇڭدا جاڭ فاكۇي بىلەن لى جىشېن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندىكىدەك② مەزگىللەردە بىزنىڭ جەڭلۈۋىمىز بىرقەدەر قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن، ھەربىي كۈچ بىلەن گېجۇي راۋاجلاندۇرۇلىدىغان جايلار بىرقەدەر كەڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاق تېررورلۇق يېتىپ كەلگەندە، ھودۇقۇپ كەتمەي ئىشەنچلىك تۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي رايوندىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش يەنىلا زۆرۈر. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيىتى بىرقەدەر تۇراقلاشقان مەزگىللەردە، مەسىلەن، بۇ يىل 4-ئايدىن كېيىن جەنۇبتىكى ئۆلكىلەردە بولغاندىكىدەك بولغاندا بولسا، بىزنىڭ جەڭلۈۋىمىز پەيدىن-پەي ئالغا سىلجىشتىن ئىبارەت

* بۇ ــ يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭغا يازغان دوكلات.

بولۇشى لازىم. بۇنداق ۋاقىتتا ھەربى جەھەتتە ئەسكىرىي كۈچنى
بولۇپ قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەشتىن قاتتىق ساقلىنىش، يەرلىك
خىزمەتلەر (يەر تەقسىم قىلىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، پارتىيىنى
راۋاجلاندۇرۇش، يەرلىك قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇش) جەھەتتە
ئادەم كۈچىنى چېچىۋېتىپ، مەركىزىي رايوندىن ئىبارەت مۇستەھكەم
ئاساس ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.
جايلاردىكى نۇرغۇن كىچىك قىزىل رايونلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى
ياكى كېگۆەن جەھەتتە شەرت ھازىرلانمىغانلىقىدىن، ياكى جۇگۆەن
جەھەتتە سىلۇبىنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن بولدى. سىلۇبىنىڭ نېمە
ئۈچۈن خاتا بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ تامامەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
ھاكىمىيىتى ۋاقىتىنچە تۇراقلاشقان مەزگىل بىلەن پارچىلانغان مەزگىل-
دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان مەزگىلنى ئېنىق
پەرق ئەتمىگەنلىكتىن بولدى. بەزى يولداشلار ھۆكۈمران سىنىپلار-
نىڭ ھاكىمىيىتى ۋاقىتىنچە تۇراقلاشقان مەزگىلدىمۇ، دۈشمەننىڭ
ئەيخۇتۇەندىن باشقا يەنە رەسمى قوشۇنلارنى توپلاپ ھۇجۇم قىلى-
دىغانلىقىنى زادى بىلمەيدىغاندەك، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ،
قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەتتا چوڭ-چوڭ
جايلارنى پەقەت چېۋىيدۈيلەر بىلەنلا قوغداشنى تەشەببۇس قىلدى.
يەرلىك خىزمەتلەر جەھەتتە بولسا، مەركىزىي رايوندىن ئىبارەت
مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشقا پۈتۈنلەي ئەھمىيەت بەرمەي، جۇگۆەن
كۈچلەرنىڭ ئىمكانىيىتىنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت چەكسىز كېڭەيى-
تىشكىلا ئۇرۇندى. ئەگەر ھەربى جەھەتتە پەيدىن-پەي كېڭىيىش
سىياسىتىنى قوللىنىشنى، يەرلىك خىزمەتلەر جەھەتتە كۈچنى توپلاپ،
مەركىزىي رايوندىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئاساس ئورنىتىشنى

تەشەببۇس قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆز-ئىزنى يېڭىلمەس ئورۇنغا ئىگە قىلىشقا ئىنتىلگەن بىر-ئەر كىشىنى كورسە، ئۇنىڭغا «باۋشۇجۇيى» دەپ نام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق خاتا پىكىرلىرى — بۇ يىل 8 - ئايدا يۈز بەرگەن خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيە 4 - جۇننىڭ جەنۇبىي خۇنەندىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

خۇنەن - جياڭشى چېگرا رايونىدىكى خىزمەتلەر بۇلتۇر 10 - ئايدا باشلاندى. شۇ چاغدا ناھىيىلەردە پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكەن، يەرلىك قوراللىق كۈچلەردىن 60 تالدىن ناچار مىلتىقلا ئىگە يۈەن ۋېنسەي قىسمى بىلەن ۋاڭ زو قىسمىلا جىڭگاڭشەن ئەتراپىدا تۇراتتى، يۇڭشىن، لىيەنخۇا، چالىڭ ۋە لىڭشيەن ناھىيىلە-رىدىكى دېھقانلارنىڭ زومىگەرلەرنىڭ قوراللىرىنى تۇخاۋ - لېيشيەنلار سىنىپى قالدۇرماي تارتىۋالغان، ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي كەيپىياتى ياشۇرۇلغان ئىكەن. بۇ يىل 2 - ئايغا كەلگەندە، نىڭگاڭ، يۇڭشىن، چالىڭ، سۈيچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە پارتىيىنىڭ شيەنۋېيلىرى قۇرۇلدى، لىڭشيەن ناھىيىسىدە پارتىيىنىڭ تەۋقۇلئاددە چۈيبۇيى قۇرۇلدى، لىيەنخۇا ناھىيىسىدىمۇ پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشقا باش-لاپ، ۋەنئەن شيەنۋېيى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. لىڭشيەندىن باشقا ھەممە ناھىيىلەردە ئاز سانلىق يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بارلىققا كەلدى. نىڭگاڭ، چالىڭ، سۈيچۈەن، يۇڭشىن ناھىيىلىرىدە، بولۇپمۇ سۈيچۈەن ۋە يۇڭشىن ناھىيىلىرىدە تۇخاۋ - لېيشيەنلارنى يوقىتىشنى ھەم ئاممىنى قوزغاشنى كوزلىگەن پارتىزانلىق قوزغىلاڭلىرى نۇرغۇن قېتىم ئېلىپ بېرىلىپ، نەتىجىلىرى خېلى ئوبدان بولدى. بۇ مەزگىلدە يەر ئىنقىلاۋى تېخى چوڭقۇرلاشمىغان ئىدى. ھاكىمىيەت ئورگانلىرى

ئىشچى ـ دېخان ـ ئەسكەرلەر ھوكۇمىتى دەپ ئاتىلاتتى. ئارمىيىدە ئەسكەرلەر ۋەكىللەر يىغىنى[3] تەشكىل قىلىنغان ئىدى. قىسىملار بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلغان چاغلاردا بولسا، ھەرىكەت كومىتېتى تەشكىل قىلىپ قوماندانلىق قىلىندى. بۇ چاغدا پارتىيىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك يېتەكچى ئورگىنى كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى ۋاقتىدا خۇنەن شىڭگۇۋېي تەيىنلىگەن پارتىيە ئالدىنقى سەپ كومىتېتى (ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭ شۇجىسى) ئىدى. 3 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنىدە پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ كومىتېتى جەنۇبىي خۇنەن پارتىيە پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شى كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى (خې تىڭيىڭ شۇجى بولدى)، ئۇ پەقەت ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىلا باشقۇرىدىغان ئورگانغا ئايلىنىپ، يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماۋ زېدۇڭ قىسمى يەنە جەنۇبىي خۇنەن پارتىيە پەۋقۇلئاددە كومىتېتىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن جەنۇبىي خۇنەنگە يۆتكەلگەنلىكتىن، چېگرا رايوننى دۈشمەن بىر ئايدىن ئارتۇق بېسىپ ياتتى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي خۇنەندە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق، 4 ـ ئايدا جۇ دې قىسمى بىلەن ماۋ زېدۇڭ قىسمى ھەم جەنۇبىي خۇنەن دېخانلار قوشۇنى نىڭگاڭ ناھىيىگە چېكىنىپ، چېگرا رايوننى قايتىدىن گېجۈي قىلىشقا كىرىشتى.

4 ـ ئايدىن كېيىن خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ گېجۈي قىلىنىشى دەل جەنۇبتىكى ھوكۇمران كۈچلەر ۋاقىتىنچە تۇراقلاشقان مەزگىلگە توغرى كەلدى، خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىدىن «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەكسىيەتچى قوشۇنلار ئاز

بولغاندا 8 ـ 9 تۈەنگە، كوپ بولغان چاغلاردا 18 تۈەنگە يەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز 4 تۈەنگە يەتمەيدىغان ئەسكىرىي كۈچ بىلەن دۈشمەنگە قارشى 4 ئاي كۈرەش قىلىپ، گېجۈي رايونلارنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيتتۇق، يەر ئىنقىلاۋىنى كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلاشتۇردۇق، خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئومۇملاشتۇردۇق، قىزىل ئارمىيىنى ۋە چىۋېيدۈيلەرنى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيتتۇق، بۇ چېگرا رايون پارتىيە تەشكىلاتلىرى (يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرى) سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىدىن بولدى. ئۇ چاغدا چېگرا رايون پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۈەنخۇيى (ماۋزېدۇڭ شۇجى ئىدى) ۋە پارتىيە جۈن ۋېيىۈەنخۇيى (چېن يى شۇجى ئىدى) نىڭ سىياسىتى: دۈشمەن بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش، لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش، قاچقۇنلۇققا قارشى تۇرۇشتىن؛ گېجۈي رايونلاردىكى يەر ئىنقىلاۋىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن؛ ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىش، ئارمىيە قوراللىق كۈچلىرى يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىشتىن؛ ھوكۇمرانلار كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان خۇنەندە مۇداپىئە كورۇش، ھوكۇمرانلار كۈچى ئاجىزراق بولغان جياڭشىدا ھۇجۇم ئوتتۇشتىن؛ يۈڭشىن ناھىيىسىدىكى خىزمەتلەرنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ گېجۈيىنى بەرپا قىلىش، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، كوز ئالدىمىزدىكى دۈشمەنگە دەل پەيتىدە زەربە بېرىش، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇۋېتىشكە قارشى تۇرۇش، دۈشمەننىڭ بىر ـ بىرلەپ تار ـ مار قىلىشىدىن ساقلىنىشتىن؛ گېجۈي رايونلارنى

كېڭەيتىشتە دولقۇن شەكلىدە ئالغا سىلجىش سىياسىتىنى قوللىنىش، قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ سىلۇبلەرنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرا رايون يەر شارائىتىنىڭ كۈرەشكە ئەپلىك بولغانلىقى، خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىدىن ھۇجۇمغا كەلگەن قوشۇنلارنىڭ ھەرىكىتى تولۇق بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا، 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە بولغان 4 ئاي ئىچىدە ھەر قېتىم ھەربى جەھەتتە غەلىبە قازىنىپ تۇردۇق ۋە ئاممىنىڭ كېچۈيلىرىنى راۋاجلاندۇردۇق. دۈشمەن بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، بۇ كېچۈينى ۋەيران قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ كېچۈينىڭ راۋاجلىنىشىنىمۇ توسالمىدى. بۇ كېچۈينىڭ خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىگە بولغان تەسىرى بولسا، كۈنساناپ كېڭىيىۋاتىدۇ. ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبى تامامەن شۇ بولدىكى، بىر قىسىم يولداشلار شۇ چاغ دەل ھۆكۈمران سىنىپلار ۋاقتىنچە تۇراقلاشقان مەزگىل ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە، ھۆكۈمران سىنىپلاردا پارچىلىنىش پەيدا بولغان مەزگىلدە قوللىنىلىدىغان سىياسەتنى قوللىنىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى بۆلۈپ جەنۇبىي خۇنەنگە قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلىدى، نەتىجىدە چېگرا رايونىمۇ، جەنۇبىي خۇنەنىمۇ تەڭلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. خۇنەن شىڭخۇيىنىڭ ۋەكىلى دۇ شيۇجىڭ ۋە خۇنەن شىڭخۇيى چېگرا رايون پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ شۇجىلىغا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ياڭ كەيمىڭلار باشقىچە پىكىردە قاتتىق تۇرۇپ كەلگەن ماۋ زېدۇڭ، ۋەن شيەنلەرنىڭ يىراقتا ــ يۇڭشىن ناھىيىسىدە تۇرغان چېغىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتنى تەكشۈرمەي، پارتىيىنىڭ جۈن ۋېيىۋەنخۇيى ۋە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۋەنخۇيى ھەم يۇڭشىن

شيەنۋېينىڭ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ خۇنەن شېڭۋېينىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلمىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارىغا قارىماي، پەقەت خۇنەن شېڭۋېينىڭ جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇغىنى شەكلەن ئىجرا قىلىشنىلا بىلىپ، قىزىل ئارمىيە 29 ـ تۇەنى (يىجاڭ ناھيىسى دىخانلىرىدىن تەركىب تاپقان) نىڭ كۈرەشتىن قېچىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىش كەيپىياتىغا قوشۇلۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونىمۇ، جەنۇبىي خۇنەنىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

ئەسلىدە 7 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى ئون كۈنىدە خۇنەندىكى دۈشمەننىڭ ۋۇ شاڭ قوماندانلىقىدىكى 8 ـ جۈنى نىڭگاڭ ناھيىسىگە بېسىپ كىرگەن، ئاندىن يۇڭشىن ناھيىسىگە كىرگەن ئىدى، ئەمما ئۇرۇش قىلىش مەقسىدىگە يېتەلمىدى (قوشۇنلىرىمىز ئارىلىق يوللار بىلەن بېرىپ زەربە بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشالمىدى)، بىز تەرەپتىكى ئاممىدىن قورقۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ليەنخۇا ناھيىسى ئارقىلىق چالىڭ ناھيىسىگە چېكىندى. بۇ چاغدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى نىڭگاڭ ناھيىسىدىن لىڭشيەن، چالىڭ ناھيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھەمدە لىڭشيەن ناھيىسىدە ئۆز پىلانىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي خۇنەنگە ماڭماقچى بولغان ئىدى، ئەمما جياڭشىدىكى دۈشمەننىڭ ۋاڭ جۈن ۋە جىن خەندىڭ قوماندانلىقىدىكى 3 ـ جۈننىڭ 5 تۇەنى، خۇ ۋېندۇ قوماندانلىقىدىكى 6 ـ جۈننىڭ 6 تۇەنى يەنە يۇڭشىن ناھيىسىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا يۇڭشىن ناھيىسىدە ئارمىيىمىزنىڭ پەقەت بىرلا تۇەنى بولۇپ، ئۇ كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا تەرەپ ـ تەرەپتىن پارتىزانلىق بىلەن زەربە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ بۇ 11 تۇەن قوشۇنىنى يۇڭشىننىڭ ناھيە شەھىرىگە 30 لى كېلىدىغان

جايدا 25 كۈنگىچە قاتتىق بوغۇپ قويدى. ئاخىردا دۈشمەن شىددەت-
لىك ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، يۈكشىن ناھىيىسى قولدىن كەتتى،
ئارقىدىنلا لېيەنخۇا ۋە نىڭگاڭ ناھىيىلىرىمۇ قولدىن كەتتى. بۇ چاغدا
جياڭشىدىكى دۈشمەن ئىچىدە ئۇشتۇمتۇتلا ئىچكى ماجىرا تۇغۇلۇپ،
خۇ ۋېندۇ قوماندانلىقىدىكى 6-جۈن ھودۇقۇپ چېكىنىپ كەتتى،
كېيىن ۋاڭ جۈن قوماندانلىقىدىكى 3-جۈن بىلەن جاڭشۇ دىگەن
يەردە ئۇرۇش قىلدى. دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن قېلىپ قالغان 5 تۈەن
جياڭشى قوشۇنىمۇ ھودۇقۇپ كېتىپ، يۈكشىننىڭ ناھىيە شەھرىگە
چېكىندى. ئەگەر ئاساسىي قوشۇنلىرىمىز جەنۇبىي خۇنەنگە بارمىغان
بولسا، بۇ دۈشمەننى تار-مار قىلىپ، گېجۈي رايونىنى جىەن،
ئەنفۇ، پىڭشياڭ ناھىيىلىرىگىچە كېڭەيتىپ، پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيە-
لىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. ئاساسىي قوشۇن-
لىرىمىز بۇ يەردە بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ بىر
تۈەنىمىزدىكى ئەسكەرلەر بەك ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، قوشۇنىمىزنىڭ
بىر قىسمىنى يۈەن ۋېنەي قىسمى ۋە ۋاڭ زو قىسمى بىلەن بىرلىكتە
جىڭگاڭشەننى ساقلاشقا قالدۇرۇش، مېنىڭ بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ
گۈيدۇڭ ناھىيىسى تەرەپكە بېرىپ، ئاساسىي قىسىملىرىمىزنى قايتۇ-
رۇپ كېلىشىم قارار قىلىندى. بۇ چاغدا ئاساسىي قوشۇنلىرىمىز
جەنۇبىي خۇنەندىن گۈيدۇڭ ناھىيىسىگە چېكىنىۋاتقان ئىكەن،
8-ئاينىڭ 23-كۈنى بىز ئۇلار بىلەن گۈيدۇڭ ناھىيىسىدە قوشۇلدۇق.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
ئەمدىلا لىنشيەن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، 29-تۈەننىڭ
جۇڭگۇەن ۋە ئەسكەرلىرى سىياسىي جەھەتتىن تەۋرىنىپ ئۆز يۇرتى
جەنۇبىي خۇنەنگە قايتىش كويىغا چۈشكەنلىكتىن، باشقۇرۇشقا

بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالدى؛ 28 ـ تۈەن بولسا، جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىشقا قارشى تۇرۇپ، جەنۇبىي جياڭشىغا بېرىش كويىغا چۈشتى، لېكىن بۇلارمۇ يۇڭشىن ناھىيىسىگە قايتىشنى خالىمىدى. دۇ شيۇجىڭ 29 ـ تۈەننىڭ خاتا پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ بەرگەنلىكتىن، پارتىيىنىڭ جۇن ۋېيپۇەنخۇيى ئۇلارنى توسالمىدى، شۇنداق قىلىپ، ئاساسىي قوشۇنلار 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى لىڭشيەن ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، چېنجۇ ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چېنجۇ ناھىيىسىدە دۈشمەننىڭ فەن شىشېڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاۋال غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ چىقتى. 29 ـ تۈەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەيلىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز يۇرتى يىجاڭ ناھىيىسىگە كەتتى، نەتىجىدە بىر قىسمى لېچاڭ ناھىيىسىدە باسمىچى خۇ فېڭجاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلدى، بىر قىسمى چېنجۇ، يىجاڭ ناھىيىلىرىگە تارقاپ كەتتى، ئاخىرى نىمە بولغانلىقى نامەلۇم، ئۇلاردىن شۇ كۈنى يىغىۋېلىنغانلىرى يۈزدىن ئاشمىدى. بەختكە يارىشا، ئاساسىي كۈچ بولغان 28 ـ تۈەن ئانچە زور چىقىمغا ئۇچرىمىدى، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گۈيدۇڭ ناھىيىسىنى ئالدى. 23 ـ كۈنى جىڭگاڭشەندىن كەلگەن قىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ، چۇڭيى، شاڭيۇ ناھىيىلىرى ئارقىلىق يەنە جىڭگاڭشەنگە قايتىشنى قارار قىلدى. بۇ قوشۇن چۇڭيى ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا، يىڭجاڭ يۈەن چۇڭچۈەننىڭ باشچىلىقىدا بىر پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە بىر توپچى ئەسكەرلەر لىيەنى ئاسىيلىق قىلىپ كېتىپ قالدى، بۇ ئىككى لىيەننى قوغلاپ بېرىپ قايتۇرۇپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن تۈەنجاڭ ۋاڭ ئېرجو قۇربان بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دۈشمەننىڭ خۇنەندىكى قوشۇنىدىن بىر قىسمى ۋە جياڭشىدىكى قوشۇنىدىن بىر

قىسمى بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز تېخى يېتىپ كېلەلمەي تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، جىڭگاڭشەنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جايىنى ساقلاپ تۇرغان بىر يىگىدا يەتمەيدىغان قوشۇنىمىز مۇداپىئە كورۇشكە ئەپلىك جايدىن پايدىلىنىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن دۈشمەننى بىت-چىت قىلىپ، بۇ گېنجۇيدىنى ساقلاپ قالدى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرى مۇنۇلار: (1) بىر قىسىم جۇنگۈەن ۋە ئەسكەرلەر تەۋرىنىپ، ئۆيىگە قايتىش كويىغا چۈشۈپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى يوقىتىپ قويدى؛ بىر قىسىم جۇنگۈەن ۋە ئەسكەرلەر جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىشنى خالىمىدى، ئاكتىپلىقى يېتەرلىك بولمىدى. (2) تومۇز ئىسسىق كۈنلەردە يىراققا يۈرۈش قىلىپ، ئەسكەرلىرىمىز ھېرىپ قالدى. (3) قوشۇنلىرىمىز لىڭشيەن ناھىيىسىدىن قارامىلىق بىلەن بىرنەچچە يۈز لى يىراققا كېتىپ، چېگرا رايون بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويۇپ، تايانچسىز قوشۇن بولۇپ قالدى. (4) جەنۇبىي خۇنەندە ئامما قوزغىتىلمىدى، ھۇجۇم نوقۇل ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ قالدى. (5) دۈشمەن ئەھۋالى ئېنىق بىلىپ تۇرۇلمىدى. (6) تەييارلىق ياخشى بولمىدى، جۇنگۈەن ۋە ئەسكەرلەر ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىدى.

## گېجۇي رايونىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى

بۇ يىل 4-ئايدىن بۇيان قىزىل رايونلار پەيدىن-پەي كېڭەيدى. 6-ئاينىڭ 23-كۈنى لۇڭيۈەنكۇ (يۇڭشىن ناھىيىسى بىلەن نىڭگاڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى)دا بولغان جەڭدە جياڭشىدىكى دۈشمەن قوشۇنى تۆتىنچى قېتىم بىت-چىت قىلىنغاندىن كېيىن،

رايونىمىز نىڭگاڭ، يۇڭشىن، لىەنخۇا ناھىيىلىرىنىڭ پۈتۈن قىسمىنى، جىەن، ئەنفۇ ناھىيىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى، سۈيچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى، لىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي-جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇ چېگرا رايوننىڭ تازا گۈللەنگەن مەزگىلى بولدى. قىزىل رايونلاردا يەرنىڭ كوپ قىسمى تەقسىم قىلىنىپ بولدى، قالغان ئاز قىسمى تەقسىم قىلىنىۋاتىدۇ. رايون، يېزا ھاكىمىيەتلىرى ئۇمۇميۈزلۈك قۇرۇلدى. نىڭگاڭ، يۇڭشىن، لىەنخۇا، سۈيچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ناھىيىلىك ھوكۇمەتلەر بارلىققا كەلدى ھەم چېگرا رايون ھوكۇمىتى قۇرۇلدى، يېزا-كەنتلەردە ئىشچى-دېخان قوزغىلاڭچىلار دۈيلىرى ئۇمۇميۈزلۈك تەشكىل قىلىندى، رايون ۋە ناھىيىلەردە بولسا، چېۋەيدۈيلەر قۇرۇلدى. 7-ئايدا جياڭشىدىكى دۈشمەن قوشۇنى ھۇجۇم قىلدى، 8-ئايدا خۇنەن ۋە جياڭشىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى بىرلىكتە جىڭگاڭشەنگە ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە چېگرا رايوندىكى ناھىيىلەرنىڭ ناھىيە شەھەرلىرى ۋە تۈزلەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىۋالدى. يامانغا يان تاياق بولغان باۋئەندۈي ۋە ئەيخۇتۇەنلەرنىڭ زوراۋانلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئاق تېررورلۇق شەھەر ۋە يېزىلارنى قاپلىدى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تولىسى ۋەيران بولۇپ كەتتى. باي دېخانلار ۋە پارتىيە ئىچىدىكى پۈرسەتپەرەسلەر كەينى-كەينىدىن ئاسىيلىق قىلدى. 8-ئاينىڭ 30-كۈنى جىڭگاڭشەندە بولغان جەڭدە خۇنەندىكى دۈشمەن قوشۇنى لىڭشيەن ناھىيىسىگە چېكىنىشكە باشلىدى، جياڭشىدىكى دۈشمەن قوشۇنى ناھىيە شەھەرلىرىنى ۋە يېزا-كەنتلەرنىڭ كوپچىلىكىنى يەنىلا بېسىپ ياتتى. لېكىن دۈشمەنلەر تاغلىق رايونلارنى — نىڭگاڭ

ناھىيىسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنى، يۈكشىن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تيەنلۇڭ رايونىنى، غەربىدىكى شياۋشىجياڭ رايونىنى، جەنۇبىدىكى ۋەننيەنشەن رايونىنى، ليەنخۇا ناھىيىسىنىڭ شاڭشى رايونىنى، سۈيچۇەن ناھىيىسىنىڭ جىڭگاڭشەن رايونىنى، لىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ چىڭشىگاڭ ۋە دايۇەن رايونلىرىنى تارتىۋېلىشقا زادى ئامال قىلالمىدى. 7 ۋە 8 - ئايلاردا قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر تۈەنى ناھىيىلەردىكى چۈۋېيدۈيلەرگە ماسلىشىپ، بىرنەچچە ئون قېتىم چوڭ - كىچىك جەڭ قىلدى، 30 تاللا مىلتىغىدىن ئايرىلىپ، ئاخىردا تاغلىق رايونغا چېكىندى.

قوشۇنلىرىمىز چۈكيې، شاڭيۇ ناھىيىلىرى ئارقىلىق جىڭگاڭشەنگە قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا، جەنۇبىي جياڭشىدىكى دۈشمەن قوشۇنىدىن ليۇ شىيى قوماندانلىقىدىكى مۇستەقىل 7-شى قوشۇنلىرىمىزنى سۈيچۇەنگىچە قوغلاپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قوشۇنلىرىمىز ليۇ شىيى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بىرنەچچە يۈز تال مىلتىق غەنىمەت ئېلىپ، سۈيچۇەن ناھىيىسىنى ئالدى، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جىڭگاڭشەنگە قايتىپ كەلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۈشمەننىڭ شيۇڭ شىخۇي قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىنىڭ جۇ خۇنيۈەن لۈيى بىلەن نىڭگاڭدا جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندى، پۈتۈن نىڭگاڭ ناھىيىسىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا خۇنەندىكى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ گۈيدۇڭ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق يەن جۇڭرۇ قىسمىدىن 126 كىشى قوشۇنلىرىمىز تەرەپكە ئۆتتى، ئۇلار مەخسۇس ياڭ قىلىپ تۈزۈلدى، بى جەنيۈن يىڭجاڭ بولدى. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قوشۇنلىرىمىز يەنە نىڭگاڭ ناھىيە شەھىرى ۋە لۇڭيۈەنكۇدا جۇ خۇنيۈەن لۈيىنىڭ بىر تۈەنىنى بىت-چىت قىلدى. ئەتىسى يۈكشىن ناھىيىسىنى ئېلىپ، ئارقىدىنلا يەنە

نىڭگاڭ ناھىيىسىگە چېكىندى. ھازىر رايونىمىز جەنۇپتا سۇيچۇەن ناھىيىسىدىكى جىڭگاڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن تارتىپ، شىمالدا لىيەنخۇا ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغىچە پۈتۈن نىڭگاڭ ناھىيىسىنى، سۇيچۇەن، لىڭشيەن، يۇڭشىن ناھىيىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئۇزۇنىغا سوزۇلغان بىر پۈتۈن رايون بولۇپ قالدى. لىيەنخۇا ناھىيىسىنىڭ شاڭشى رايونى، يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ تيەنلۇڭ، ۋەننيەنشەن رايونلىرى بولسا، بۇ بىر پۈتۈن رايون بىلەن ئانچە تۇتىشىپ كەتمەيدۇ. دۈشمەن كېنجۇيدىيىمىزنى ھەربىي ھۇجۇم ۋە ئىقتىسادىي قامال قىلىش يولى بىلەن يوقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، بىز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمنى تار-مار قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتىمىز.

## ھەربىي مەسىلىلەر

چېگرا رايونىدىكى كۈرەش پۈتۈنلەي ھەربىي كۈرەش بولغانلىقتىن، پارتىيە بىلەن ئارمىيە بىردەك ھەربىيلىشىشكە توغرا كەلدى. دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئۇرۇشنى قانداق قىلىش كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالدى. كېچۈي قوراللىق بولۇشى لازىم. قەيەر قوراللانمىغان بولسا ياكى قوراللىنىشى يېتەرلىك بولمىغان بولسا، ياكى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش سىلۇبى خاتا بولغان بولسا، شۇ يەر دەرھال دۈشمەن تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدۇ. بۇنداق كۈرەش كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشسە، مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىدۇ ۋە جىددىيلىشىدۇ.

چېگرا رايونىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ مەنبەئى: (1) يې تىڭ ۋە خې لۇڭلارنىڭ چاۋجۇ ھەم شەنتۇدىن كەلگەن كونا قىسىملىرى[4]؛

(2) سابىق ۋۇچاڭ گومىنجىڭفۇسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى[5]؛ (3) پىڭجياڭ ۋە ليۇياڭ ناھىيىلىرىنىڭ دىخانلىرى[6]؛ (4) جەنۇبىي خۇنەن دىخانلىرى[7] ۋە شۇيكۇشەن ئىشچىلىرى[8]؛ (5) شۇي كېشياڭ، تاڭ شېڭجى، بەي چۇڭشى، جۇ پېيدې، ۋۇ شاڭ ۋە شيۇڭ شىخۇيلارنىڭ قىسىملىرىدىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر؛ (6) چېگرا رايوندىكى ناھىيىلەرنىڭ دىخانلىرى. لېكىن بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان جەڭلەر ئارقىسىدا يې تىڭ ۋە خې لۇڭلارنىڭ كونا قىسىملىرى، مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى ۋە پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيىلىرىدىن كەلگەن دىخانلارنىڭ پەقەت 3 تىن بىر قىسمىلا قالدى. جەنۇبىي خۇنەندىن كەلگەن دىخانلاردىمۇ يارىدار بولغان ۋە ئۆلگەنلىرى كوپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدىنقى توت خىلدىكىلەر بۈگۈنگىچە يەنىلا قىزىل ئارمىيە 4-جۈننىڭ ئاساسىي غولى بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئىككى خىلدىكىلەردىن خېلىلا ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ئىككى خىلدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئەسىر ئېلىنغانلار كوپ، قوشۇنلىرىمىزنى تولۇقلاشتا ئەگەر بۇلار بولمىغان بولسا، ئەسكەر مەسىلىسى زور مەسىلە بولۇپ قالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەسكەرنىڭ كوپىيىشى بىلەن مىلتىقنىڭ كوپىيىشى ھېلىمۇ بىر-بىرىگە ماس كەلمەيۋاتىدۇ، مىلتىق ئاسانلىقچە چىقىم بولمايدۇ، ئەسكەرلەر بولسا، يارىدار بولۇش، ئۆلۈش، كېسەل بولۇش ۋە قېچىپ كېتىش بىلەن ئاسانلا چىقىم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇنەن شېڭۋېي بىزگە ئەنيۈەن ئىشچىلىرىدىن[9] ئېۋەتىپ بېرىشكە ماقۇل بولغان ئىدى، بۇنىڭ ئورۇنلىنىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز.

قىزىل ئارمىيە تەركىۋىنىڭ بىر قىسمى — ئىشچىلار، دىخانلار، بىر قىسمى — سەرگەردان پۇرولېتارلار. سەرگەردانلار تەركىۋىدىكىلەرنىڭ

بەك كوپ بولۇپ كېتىشى، ئەلۋەتتە، ياخشى ئەمەس. لېكىن ھەر كۇنى جەڭ بولۇپ تۇرغانلىقتىن، يارىدار بولۇش ۋە ئولۇش كوپ بولۇپ تۇرىدۇ، سەرگەردانلار بولسا، جەڭگىۋار كۇچكە ئىگە، سەرگەردانلارنى تېپىپ قىسىملىرىمىزنى تولۇقلاشمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت سىياسى تەلىم - تەربىيىنى كۇچەيتىشتىن ئىبارەت بىرلا چارە قالدى.

قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كوپ قىسمى ياللانما قوشۇنلاردىن كەلگەن، لېكىن قىزىل ئارمىيىگە كېلىشى بىلەنلا خاراكتېرى ئوزگەردى. ئالدى بىلەن قىزىل ئارمىيىدە ياللانمىلىق تۇزۇمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئەسكەرلەرگە باشقىلار ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئوزى ئۇچۇن، خەلق ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. قىزىل ئارمىيىدە بۇگۇنگىچە ھېچقانداق رەسمى مائاش تۇزۇمى يوق، پەقەت ئاشلىق بېرىلىدۇ، ياغ، تۇز، ئوتۇن، كوكتات پۇلى ۋە ئاز مىقداردا پارچە خىراجەت پۇلى بېرىلىدۇ. قىزىل ئارمىيە جۇنگۇەن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ چېگرا رايوننىڭ ئوزىدىن بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، پەقەت يۇرتى يىراقتا بولغانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

سىياسى تەربىيە ئارقىسىدا قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى سىنىپى ئاڭ-سېزىمگە ئىگە بولدى، يەر تەقسىم قىلىش، ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئىشچى - دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇش جەھەتلەردە ساۋاتقا ئىگە بولدى، ئوزى ئۇچۇن، ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپى ئۇچۇن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇڭا ئۇلار جاپا-مۇشەققەتلىك كۇرەشلەردە زارلانمايدىغان بولدى. لېيەن، يىڭ، تۇەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەسكەرلەر ۋەيىيۇەنخۇيى بار، ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ مەنپە-

ئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە سىياسى خىزمەت ۋە ئاممۋى خىزمەت-لەرنى ئىشلەيدۇ.

تەجرىبىلەر پارتىيە ۋەكىلى تۈزۈمنى[16] ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيە جىزبۇسى لىيەندە قۇرۇل-دىغانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ لىيەندە پارتىيە ۋەكىلىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ ئەسكەرلەر ۋەبىيوەنخۈيىنىڭ سىياسى تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، ئاممۋى ھەرىكەت خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە جىزبۇسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۆتەيدۇ. ئەمىلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قايسى لىيەننىڭ پارتىيە ۋەكىلى ياخشىراق بولسا، شۇ لىيەن ساغلامراق بولىدۇ، ئەمما لىيەنجاڭلارنىڭ سىياسى جەھەتتە بۇنداق زور رول ئوينىشى ئاسان ئەمەس. تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئۆلۈش ۋە يارىدار بولۇش بەك كۆپ بولۇپ تۇرىدىغانلىقتىن، دۈشمەن قوشۇن-لىرىدىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى كۆپ چاغلاردا، ئۇزاق ئۆتمەيلا لىيەنجاڭ ۋە پەيجاڭ قىلىشقا توغرى كېلىدۇ؛ بۇ يىل 2 ۋە 3-ئايلاردا ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەردىن ھازىر پەيجاڭ بولغانلار بار. قارىماققا، بىز قىزىل ئارمىيە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، پارتىيە ۋەكىلى بولمىسىمۇ بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، بولمىسا ھەق-قەتەن زور خاتالىق بولىدۇ. 28-تۇەن جەنۇبىي خۇنەندە تۇرغان ۋاقتىدا پارتىيە ۋەكىلى تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى، كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. پارتىيە ۋەكىلى دىگەن نام جىزداۋ-يۈەنگە ئۆزگەرتىلسە، گومىنداڭنىڭ جىزداۋيۈەن دىگىنى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىكەن، ئۇنى ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر يامان كۆرىدىكەن. ھالبۇكى، بىرەر نامنىڭ ئۆزگەرتىلىشى تۈزۈمنىڭ

ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتسىز. شۇڭا ئۆزگەرتمەسلىكنى قارار قىلدۇق. پارتىيە ۋەكىللىرىدىن يارىدار بولۇش ۋە ئۆلۈش بەك كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىمىز كۇرس ئېچىپ يېتىشتۈرۈپ تولۇقلىغاندىن تاشقىرى، جۇڭياڭ ۋە ئىككى شىڭۋېينىڭ پارتىيە ۋەكىلى بولالىغىدەك يولداشلاردىن ئاز دېگەندە 30 نى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئادەتتىكى ئەسكەر يېرىم يىل ياكى بىر يىل تەلىم ئالغاندا، ئاندىن ئۇرۇش قىلالايدۇ، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزگە بولسا، تۈنۈگۈنلا ئارمىيىگە كىرسە، بۈگۈن ئۇرۇش قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، تەلىم بېرىش زادىلا يوق. ئۇلارنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى بەك تۆۋەن، جەڭ قىلىشتا پەقەت باتۇرلۇقىغىلا تايىنىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت دەم ئالدۇرۇپ تەلىم بېرىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بەزى جەڭلەردىن بىر ئامال قىلىپ ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ، تەلىم بېرىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىشقا مۇمكىن بولامدۇ-يوق، قاراپ باقارمىز. تۆۋەن دەرىجىلىك جۈنگۇەنلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىر 150 كىشىلىك جياۋداۋدۇي قۇردۇق، بۇنى داۋاملىق يولغا قويماقچىمىز. جۇڭياڭ ۋە ئىككى شىڭۋېينىڭ لىيەنجاڭ، پەيجاڭدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك جۈنگۇەنلەردىن كۆپرەك ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خۇنەن شىڭۋېي بىزگە ئەسكەرلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى، ھېچبولمىغاندا ئادەتتىكى ئىشچى-دېھقانلار تۇرمۇشىدىن ياخشىراق قىلىشنى تاپشۇرغان ئىدى. ھازىر ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ، ئاشلىقتىن تاشقىرى، ھەركۈنى ياغ، تۇز، ئوتۇن، كۆكتات ئۈچۈن كىشى بېشىغا 5 فېندىن كۆمۈچ پۇل بېرىلىۋاتىدۇ، تېخى بۇنى داۋاملاشتۇرۇشمۇ قىيىن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. پەقەت

ياغ، تۇز، ئوتۇن، كوكتات ئۇچۇنلا ئېيىغا ئون مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كۆمۈچ پۇل كېرەك، بۇنى تامامەن تۇخاۋلارغا زەربە بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ كەلدۇق[11]. ئەمدى پۈتۈن جۇن بويىچە 5 مىڭ كىشىنىڭ قىشلىق كىيىمىگە كەلسەك، ئۆزىمىزدە پاختا بولسىمۇ، رەخت يېتىشمەيدۇ. سوغۇق چۈشۈپ كەتتى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر تېخىچە يالاڭ كىيىملىرىنى قوشلاپ كىيىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، بىز جاپا-مۇشەققەتكە كونۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداقلا كىشى بولسۇن ئوخشاشلا جاپا-مۇشەققەت چېكىۋاتىدۇ، جۇنجاڭدىن تارتىپ ئاشپەزگىچە، ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا ئاشلىقتىن باشقا 5 فېندىن تاماق خىراجىتى بېرىلىدۇ. پارچە خىراجەت پۇلى 20 فېندىن بولسا، ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا 20 فېندىن، 40 فېندىن بولسا، ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا 40 فېندىن بېرىلىدۇ[12]. شۇڭا ئەسكەرلەرمۇ ھېچكىمدىن ئاغرىنمايدۇ.

بىر قېتىم جەڭ قىلغاندا، بىر تۈركۈم ئەسكەر يارىدار بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، سوغۇق ئوتۇش ۋە باشقا سەۋەپلەر بىلەن جۇڭگۇەن ۋە ئەسكەرلەردىن ئاغرىپ قالغانلىرى ناھايىتى كوپ. دوختۇرخانىلار تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭيى ۋە شىيى ئۇسۇللىرى بىلەن داۋالايدۇ، دوختۇرمۇ ۋە دورىمۇ يېتىشمەيدۇ. ھازىر دوختۇرخانىلاردا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانلار جەمئىي 800 دىن ئارتۇق. خۇنەن شېڭۋېيى دورا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ئىدى، شۇ كەمگىچە يەتكۈزۈپ بەرمىدى. جۇڭيىڭ ۋە ئىككى شېڭۋېينىڭ بىرقانچە شىيى دوختۇر ۋە بىرئاز يود تابلېتكىسى ئېۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ماددى تۇرمۇشى شۇ قەدەر ناچار، جەڭلەر

شۇنچە كوپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا چىداشلىق بېرەلىشى، پارتىيىنىڭ رولىدىن باشقا، ئارمىيە ئىچىدە دېموكراتىزمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگوەنلەر ئەسكەرلەرنى ئۇرمايدۇ، جۇڭگوەنلەر بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى باراۋەر، ئەسكەرلەر مەجلىس ئوتكۇزۇش، سوز قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئۇششاق - چۇششەك رەسمى - يوسۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ئىشلار ئاشكارا. ئەسكەرلەر تاماق ئىشلىرىنى ئوزى باشقۇرۇپ، كۇنىگە 5 فېندىن بېرىلگەن ياغ، تۇز، ئوتۇن، كوكتات پۇلىدىن بىرئاز ئىقتىسات قىلىپ، پارچە خىراجەتلىرى ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ، بۇنى «تاماقتىن ئېشىنغان پۇل» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىن ھەر بىر كىشىگە كۇنىگە تەخمىنەن 60 - 70 يارماقتىن تېگىدۇ. بۇ چارىلەردىن ئەسكەرلەر ناھايىتى مەمنۇن. بولۇپمۇ يېڭىدىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ بولەك - بولەك ئىككى دۇنيا ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار گەرچە قىزىل ئارمىيىنىڭ ماددى تۇرمۇشى ئاق ئارمىيىنىڭكىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىن ئازاتلىققا ئېرىشكەن. تېخى تۇنۇگۇنلا دۇشمەن قوشۇنىدا باتۇرلۇق كورسەتمىگەن بىر ئەسكەرنىڭ بۇگۇن قىزىل ئارمىيىدە ناھايىتى باتۇرلۇق كورسىتىۋاتقانلىقى دېموكراتىزمنىڭ تەسىرىدىن بولغان. قىزىل ئارمىيە گويا بىر مەشكى، ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭدا دەرھال ئېرىپ كېتىدۇ. دېموكراتىزمغا جۇڭگودا خەلقلا مۇھتاج بولۇپ قالماستىن، ئارمىيىمۇ مۇھتاج. ئارمىيىدىكى دېموكراتىك تۇزۇم فېودال ياللانما قوشۇنلۇقنى بۇزۇپ تاشلايدىغان مۇھىم قورال بولۇپ قالىدۇ[13].

پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھازىر لىيەن جىبۇ، يىڭ ۋېيۈەنخۇيى، تۇەن ۋېيۈەنخۇيى، جۈن ۋېيۈەنخۇيىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. لىيەندە جىبۇ، بەندە گۇرۇپپا بار. قىزىل ئارمىيىنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك جەڭلەر قىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ تۇزۇپ كەتمەسلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى — «جىبۇنىڭ لىيەندە قۇرۇلغانلىقى». بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىزنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى تەشكىلاتلىرىمىز ئەسكەرلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىپ كېتەلمىگەن ئىدى، يې تىڭ قىسمىدىمۇ[14] ھەر بىر تۇەندە ئاران بىرلا جىبۇ بار ئىدى، شۇڭا قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ھازىر قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىسىزلەرنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 1:3، يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت كىشى ئارىسىدا بىر پارتىيە ئەزاسى بار. يېقىندا، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيىسىزلەر سانىنى تەڭ قىلىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن[15]، جەڭ قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئارىسىدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش قارار قىلىندى. ھازىر لىيەن جىبۇلاردا ياخشى شۇجىلار كەملىك قىلىۋاتىدۇ، بۇ خىزمەتكە قويۇش ئۈچۈن، جۇڭياڭنىڭ جايلاردا تۇرۇپ ئىشلىشى مۇمكىن بولماي قالغان ئاكتىپلاردىن كۆپرەك ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز. جەنۇبىي خۇنەندىن كەلگەن خادىملارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئارمىيىدە پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. بىراق 8-ئايدا بىر ئاز كىشىلىرىمىز جەنۇبىي خۇنەندە تارقىلىپ كەتتى، شۇڭا ھازىر ئادەم ئاجرىتىشقا بولمايۋاتىدۇ.

يەرلىك قۇراللىق كۈچلەردىن چىۋېيدۈي ۋە ئىشچى-دېھقان قوزغىلاڭچىلار دۈيى بار. قوزغىلاڭچىلار دۈيى سوبياۋ ۋە ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن قۇراللانغان، يېزىلارنى بىرلىك قىلغان بولۇپ، ھەر بىر

يېزىدا بىردىن دۆۋي بار، ئادەم سانى يېزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەكسىلئىنقىلاپنى بېسىقتۇرۇش، يېزا ھاكىمىيىتىنى قوغداش، دۈشمەن كەلگەندە قىزىل ئارمىيىگە ياكى چىۋېيدۇيگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت. قوزغىلاڭچىلار دۆيى دەسلەپ يۇڭشىن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرى مەخپىي ئىدى، پۈتۈن ناھىيىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئاشكارا بولدى. بۇ تۈزۈم ھازىر چېگرا رايوندىكى ناھىيىلەردە يۈرگۈزۈلدى، نامى ئۆزگەرتىلمىدى. چىۋېيدۇينىڭ قۇراللىرى ئاساسەن بەش ئاتار مىلتىق بولۇپ، توققۇز ئاتار ۋە بىر ئاتار مىلتىقلارمۇ بار. ناھىيىلەردىكى مىلتىقلارنىڭ سانى: نىڭگاڭدا 140، يۇڭشىندا 220، ليەنخۇادا 43، چالىڭدا 50، لىڭشيەندە 90، سۈيچۈەندە 130، ۋەنئەندە 10، جەمئىي 683. بۇلارنىڭ كوپ قىسمىنى قىزىل ئارمىيە بەرگەن، ئاز قىسمىنى ئۆزلىرى دۈشمەندىن تارتىۋالغان. ناھىيىلەردىكى چىۋېيدۇيلەرنىڭ كوپچىلىكى تۇخاۋ ـ لېيشېنلارنىڭ باۋئەندۇي ۋە ئەيخۇتۇەنلىرى بىلەن دائىم جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، جەڭگىۋارلىق كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋاتىدۇ. 21 ـ ماي ۋەقەسىدىن[16] ئىلگىرى ناھىيىلەردە دېخانلار زىۋېيجۈنلىرى بار ئىدى. مىلتىقلىرىنىڭ سانى: يۇشيەندە 300، چالىڭدا 300، لىڭشيەندە 60، سۈيچۈەندە 50، يۇڭشىندا 80، ليەنخۇادا 60، نىڭگاڭ (يۈەن ۋېنسەي قىسمى)دا 60، جىڭگاڭشەن (ۋاڭ زو قىسمى)دە 60، جەمئىي 970 ئىدى. 21 ـ ماي ۋەقەسىدىن كېيىن، يۈەن ۋېنسەي، ۋاڭ زو قىسىملىرىنىڭ چىقىمغا ئۇچرىمىغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پەقەت سۈيچۈەن ناھىيىسىدە 6 تال، ليەنخۇا ناھىيىسىدە 1 تال مىلتىق ساقلاپ قېلىندى، قالغان مىلتىقلارنىڭ ھەممىسى تۇخاۋ ـ لېيشېنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

دىخانلار زىۋپىجۇنلىرىدە قۇراللىرىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ قالالىغىدەك مۇشۇنداق قابىلىيەتىنىڭ بولمىغانلىقى — جىخۇيجۇيىلىق لۇشيەنىنىڭ نەتىجىسى. ناھىيەلەردىكى چۇۋېيدۇيلەرنىڭ مىلتىقلىرى ھازىرمۇ ناھايىتى يېتىشمەيدۇ، تۇخاۋ-لىپېنلارنىڭكىدەك كۆپ ئەمەس، قىزىل ئارمىيە قۇرال-ياراق جەھەتتىن چۇۋېيدۇيلەرگە داۋاملىق ياردەم بېرىپ تۇرۇشى لازىم. قىزىل ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، خەلقنىڭ قۇراللىنىشىغا كۈچىنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىش كېرەك. بىزنىڭ بەلگىلىمىز بويىچە قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەر بىر يىڭى تۇت لىيەنىلىك تۈزۈمنى قولىلىندۇ، ھەر بىر لىيەندە 75 تال مىلتىق بولىدۇ، بۇنىڭغا مەخسۇس لىيەن، جىگۇەنچىياڭ لىيەنى، پەيجىپاۋ لىيەنى، تۇەنبۇ ۋە ئۈچ يىڭبۇنى قوشقاندا، ھەر بىر تۇەندە 1075 تال مىلتىق بولىدۇ. جەڭلەردە غەنىمەت ئېلىنغان مىلتىقلار بىلەن مۇمكىن قەدەر جايلار قۇراللاندۇرۇلىدۇ. چۇۋېيدۇينىڭ جۇخۇيگۇەنلىگىنى ناھىيەلەردىن ئېۋەتىلىپ، قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن قۇرۇلغان جياۋداۋدۇيدا تەلىم ئالغان كىشىلەر ئۆتەيدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ يىراقتىن كەلگەن كىشىلەرنى جايلارغا دۇيجاڭلىققا تەيىنلەپ ئېۋەتىشنى پەيدىن-پەي ئازايتىش لازىم. جۇ پېيدېمۇ ئۆزىنىڭ باۋئەندۇي ۋە ئەيخۇتۇەنلىرىنى قۇراللاندۇرۇۋاتىدۇ، چېگرا رايوندىكى ناھىيەلەردە تۇخاۋ-لىپېنلار قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ سانى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچى خېلى ئارتۇق. قىزىل يەرلىك قۇراللىق كۈچلىرىمىزنى كېڭەيتىشنى بولسا، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ.

قىزىل ئارمىيە كۈچىنى توپلاشنى پىرىنسىپ قىلىدۇ، چۇۋېيدۇي كۈچىنى بۆلۈشنى پىرىنسىپ قىلىدۇ. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋاقتىنچە

تۇراقلاشقان مۇشۇ مەزگىلدە، دۇشمەن كوپ مىقتاردا ھەربىي كۇچىنى توپلاپ، قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلالايدۇ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆز كۇچىنى بولۇشى پايدىسىز. بىزنىڭ تەجرىبىمىز شۇكى، ئەسكىرىي كۇچىنى بولۇۋەتكەندە ھەر قېتىمدا دېگىدەك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماي قالمىدۇق، ئەسكىرىي كۇچىنى توپلاپ، ئۆزىمىزدىن ئاز، ياكى ئۆزدىن كەم دۇشمەنگە زەربە بەرگەندە بولسا، ھەمىشە غەلىبە قازىنىپ كەلدۇق. جۇڭگيانىڭ بىزگە بەرگەن يولىيورۇغى بويىچە كېڭەيتىلىدىغان پارتىزان رايونلىرى ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا بىرنەچچە مىڭ لى كېلىدۇ، بۇ بەك كەڭ بولۇپ كەتكەن، بۇ بىزنىڭ كۇچىمىزنى تولىمۇ ئارتۇق مولچەرلىۋەتكەنلىكتىن بولغان بولسا كېرەك. چېۋىيدۇيلەر ئۇچۇن بولسا، كۇچىنى بولۇش پايدىلىق، ھازىر ناھىيىلەردىكى چېۋىيدۇيلەر كۇچىنى بولۇپ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ.

دۇشمەن قوشۇنلىرىغا تەشۋىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يارىدارلارنى داۋالاشتىن ئىبارەت. دۇشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە يىڭجاڭ، لیەنجاڭ، پەيجاڭلىرى ئەسىر ئېلىنغان ھامان، ئۇلارغا قارىتا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ باردۇق، ئۇلارنى قېلىشنى خالايدىغانلار ۋە كېتىشنى خالايدىغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىپ، كېتىشنى خالايدىغانلىرىنى يول خىراجىتى بېرىپ قويۇپ بەردۇق. شۇنداق قىلىپ، دۇشمەننىڭ «گۇڭچەندانىڭ باسمىچىلىرى كورگەنلا ئادەمنى ئولتۇردۇ» دېگەن ئالدامچىلىقلىرىنى دەرھال بىت-چىت قىلىپ تاشلىدۇق. ياڭ چىشىگنىڭ «9-شى 10 كۇنلۇك ژۇرنىلى» بىزنىڭ بۇ ئۇسۇلىمىزدىن «نىمە دېگەن زەھەرلىك» دەپ ھەسرەت چەكتى. قىزىل ئارمىيە

ئەسكەرلىرى قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن ھال سوراش ۋە ئۇلارنى ئۆزىتىشتا ئىنتايىن قىزغىنلىق كورسەتتى، ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەر-لەرمۇ ھەر قېتىمقى «يېڭى قېرىنداشلارنى ئۆزىتىش يىغىنى»دا سوزگە چىقىپ، بىزگە ناھايىتى قىزغىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. دۈشمەندىن ئەسىر ئېلىنغان ياردارلارنى داۋالاش ئىشىمۇ ناھايىتى زور ئۈنۈم بەردى. لى ۋېنبىنگە ئوخشاش زىرەك دۈشمەنلەرمۇ يىقىندىن بىرى بىزنىڭ ئۇسۇلىمىزنى دوراپ، ئەسىرلەرنى ئولتۈرمەيدىغان، ئەسىر ئېلىنغان ياردارلارنى داۋالايدىغان بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، كېيىن-كى جەڭلەردە بىزنىڭ كىشىلىرىمىز بەربىر ملتىقلىرىنى كوتۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئىش ئىككى قېتىم كورۈلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يازما تەشۋىقات، مەسىلەن، شۇئار يېزىشقا ئوخشاشلارنىمۇ كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ئىشلەۋاتىمىز. قەيەرگىلا بارساق، تاملارغا ئالا قويماي شۇئار يېزىپ تۇردۇق. پەقەت رەسىم سىزىشنى بىلىدىغان كىشىلەر يېتىشمەيۋاتىدۇ، جۇڭيائ ۋە ئىككى شىگۇبىينىڭ بۇنداق كىشىلەردىن بىرقانچىنى ئېۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

ھەربى گېئوگرافىيىلەر: بىرىنچى گېئوگرافىيەدە جىڭگاڭشەن تېغى بولۇپ، نىڭگاڭ، لىڭشيەن، سۇيچۇەن ۋە يۇڭشىن ناھىيىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە نىڭگاڭ ناھىيىسىنىڭ ماۋپىڭ دىگەن يېرى، جەنۇبىي ئېتىكىدە سۇيچۇەن ناھىيىسىنىڭ خۇاڭئاۋ دىگەن يېرى بار، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 90 لى كېلىدۇ. شەرقىي ئېتىكىدە يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ ناشەن دىگەن يېرى، غەربىي ئېتىكىدە لىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ شۇيكو دىگەن يېرى بار، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 80 لى كېلىدۇ. بۇ گېئوگرافىيەنىڭ توت ئەتراپى ناشەندىن باشلاپ لۇڭيۈەنكو (بۇلار يۇڭشىن ناھىيىسىدە)،

شىنچېڭ، ماۋپىڭ، دالۇڭ (بۇلار نىڭگاڭ ناھىيىسىدە)، شىدۇ، شۇيكۇ، شياسۇن (بۇلار لىڭشيەن ناھىيىسىدە)، يىڭپەنشۇي، دەيجياپۇ، دافېن، دۇيزىچيەن، خۇاكۇاۋ، ۋۇدۇجياڭ، چياۋ (بۇلار سۇيچۇەن ناھىيە-سىدە)لاردىن ئۆتۈپ يەنە ناشەنگە كەلگىچە جەمئى 550 لى كېلىدۇ. تاغدا داجىڭ، شياۋجىڭ، شاڭجىڭ، جۇڭجىڭ، شياجىڭ، سىيىڭ، شياجۇاڭ، شىڭجۇ، ساۋپىڭ، بەيىنخۇ، لوفۇ دىگەن جايلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆلكە يەرلەر ۋە كەنتلەر بار، بۇ يەرلەر ئىلگىرى باسمىچىلار ۋە قېچىپ يىتراپ يۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئۇگىسى ئىدى، ھازىر بىزنىڭ گېنجۇيدىيىمىز بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىسى 2 مىڭ كىشىگە، ئاشلىق مەھسۇلاتى بولسا، 10 مىڭ دەنگە يەتمەيدۇ، ئارمىيىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈگى پۈتۈنلەي نىڭگاڭ، يۇڭشىن ۋە سۇيچۇەن ناھىيىلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. تاغدىكى مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك جايلارنىڭ ھەممىسىدە گۇڭشىلار قۇرۇلدى. دوختۇرخانىلار، كىيىم-كېچەك كارخانىلىرى، قۇرال-ياراق باشقار-مىلىرى ۋە ھەرقايسى تۈەنلەرنىڭ مۇداپىئە-ئالاقە باشقارمىلىرى مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ھازىر نىڭگاڭ ناھىيىسىدىن بۇ يەرگە ئاشلىق توشۇلۇۋاتىدۇ. ئەگەر يېتەرلىك تەمىنات بولسا، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمەيدۇ. ئىككىنچى گېنجۇيدى نىڭگاڭ، يۇڭشىن، ليەنخۇا، چالىڭ ناھىيىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى جيۇلۇڭشەن تېغى بولۇپ، مۇھىملىقى جەھەتتىن جىڭگاڭشەنگە يەتمىسىمۇ، توت ناھىيىدىكى يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى گېنجۇيدىسى، بۇ يەردىمۇ گۇڭشىلار قۇرۇلدى. توت ئەتراپى ئاق ھاكىمىيەت بىلەن ئورالغان قىزىل گېجۇيلەرنىڭ تاغلاردىكى مۇداپىئە كورۇشكە ئەپلىك جايلاردىن پايدىلىنىشى زورۇر.

## يەر مەسىلىسى

چېگرا رايوننىڭ يەر ئەھۋالى: ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، يەرلەرنىڭ 60 پىرسەنتتىن ئوشۇقراقى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا، 40 پىرسەنتتىن ئازراقى دېھقانلارنىڭ قولىدا. جياڭشى تەرەپتە سۈيچۈەن ناھىيىسىدە يەر ئەڭ مەركەزلەشكەن بولۇپ، تەخمىنەن 80 پىرسەنتى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا. يۇڭشىن ناھىيىسى ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، تەخمىنەن 70 پىرسەنتى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا. ۋەنئەن، نىڭگاڭ، لىەنخۇا ناھىيىلىرىدە ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلار كۆپرەك، لېكىن پومېشچىكلارنىڭ قولىدىكى يەر يەنىلا كۆپرەك بولۇپ، تەخمىنەن 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ يېرى ئاران 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. خۇنەن تەرەپتە چالىڭ، لىڭشيەن ناھىيىلىرىدە يەرنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتى پومېشچىكلارنىڭ قولىدا.

ئارىلىقتىكى سىنىپلار مەسىلىسى: يەر ئەھۋالى يۇقۇرىدىكىدەك بولغان شارائىتتا، بارلىق يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلىش[17] زور كۆپچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما يېزىلاردا كىشىلەر ئۇمۇمەن ئۈچ خىل سىنىپقا، يەنى چوڭ، ئوتتۇرا پومېشچىكلار سىنىپى، ئۇششاق پومېشچىكلار ۋە باي دېھقانلاردىن ئىبارەت ئارىلىقتىكى سىنىپلار، ئوتتۇرا دېھقان ۋە كەمبەغەل دېھقانلار سىنىپىغا ئايرىلىدۇ. باي دېھقانلار پايدا-زىيان جەھەتتىن، كۆپىنچە، ئۇششاق پومېشچىكلار بىلەن باغلانغان. باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ئۇمۇمى يەر سانىدا ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇششاق پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، خېلى كۆپ. پۈتۈن

مەملىكەتتىكى ئەھۋالمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمەسە كېرەك. چېگرا رايونىدا يەرلەرنى پۇتۇنلەي مۇسادىرە قىلىش، تەل - توكۇس تەقسىم قىلىش سىياسىتى قوللىنىلدى؛ شۇڭا قىزىل رايونلاردا تۇخاۋ - لېيشېنلار سىنىپى ۋە ئارىلىقتىكى سىنىپلار ئوخشاشلا زەربە يېدى. سىياسەتتۇ ئەنە شۇنداق، لېكىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغاندا، ئارىلىق- تىكى سىنىپلارنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇغىغا ئۇچرىدى. ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئارىلىقتىكى سىنىپلار كورۇنۇشتە كەمبەغەل دېخانلار سىنىپىغا تەسلىم بولغاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇزلىرى- نىڭ ئوتمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئورنىدىن ۋە ئۇرۇقداشچىلىقتىن پايدى- لىنىپ، كەمبەغەل دېخانلارنى قورقۇتتى، يەر تەقسىم قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۇردى. كېچىكتۇرۇشكە ئىمكانىيەت تاپالماي قالغان چاغدا يەرلىرىنىڭ ھەقىقى سانىنى يوشۇردى ياكى بولۇق يەرلىرىنى ئوزىگە قالدۇرۇپ، تېتىر يەرلىرىنى باشقىلارغا بەردى. بۇ مەزگىلدە، كەمبەغەل دېخانلار ئۇزاق مۇددەت ئاياق - ئاستى قىلىنغان ۋە ئىنقى- لاپنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتسىز دەپ ھېس قىلغانلىقتىن، كوپۇنچە، ئارىلىقتىكى سىنىپلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاكتىپ ھەرىكەتلە- نىشكە جۇرئەت قىلالمايدۇ. ئىنقىلاپ يۇقۇرى ئورلىگەن، مەسىلەن، بىر ناھىيە ھەتتا بىرقانچە ناھىيىدە ھاكىمىيەت قولغا ئېلىنغان، ئۇرۇشتا ئەكسىيەتچى قوشۇنلار بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولغان، قىزىل ئارمىيە كۈچ - قۇدرىتىنى بىرنەچچە قېتىم كورسەتكەندىن كېيىنلا، يېزىلاردا ئارىلىقتىكى سىنىپلارغا قارشى ئاكتىپ ھەرىكەت بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى— ئارىلىقتىكى سىنىپلار ئەڭ كوپ جاي، بۇ يەردە يەر تەقسىم قىلىشنى كېچىكتۇرۇش ۋە يەرلىرىنى يوشۇرۇشمۇ ھەممىدىن ئېغىر. قىزىل

ئارمىيە 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى لۇڭيۈەنكۇدا زور غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، رايونلۇق ھۆكۈمەت يەر تەقسىم قىلىشنى كېچىكتۈرگەن بىرنەچچە كىشىگە چارە كۆردى، ئاندىن بۇ جايدا يەر ئەمەلىي سۈرەتتە تەقسىم قىلىندى. لېكىن قايسىلا بىر ناھىيىدە بولسۇن، فېئودال ئۇرۇقداشلىق تەشكىللى ناھايىتى ئومۇملاشقان، كۆپۈنچە، بىر پەمىلىلىكلەر بىر كەنتكە جايلاشقان ياكى بىر پەمىلىلىكلەر بىرقانچە كەنتكە جايلاشقان، شۇڭا ئۇزاق ۋاقىت بولماي تۇرۇپ، كەنتلەردە سىنىپىي بۆلۈنۈشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى، ئۇرۇقداشچىلىقنى يەڭگىلى بولمايدۇ.

ئاق تېررورلۇق ئاستىدا ئارىلىقتىكى سىنىپلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى: ئارىلىقتىكى سىنىپلار ئىنقىلاپ يۇقۇرى ئۆرلىگەن مەزگىلدە زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئاق تېررورلۇق يېتىپ كېلىش بىلەنلا دەرھال ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئەكسىيەتچى قوشۇنلارنى باشلاپ بېرىپ، يۇڭشىن، نىڭگاڭ ناھىيىلىرىدىكى ئىنقىلاۋىي دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرگەنلەر شۇ ئىككى ناھىيىنىڭ ئۇششاق پومېشچىكلىرى ۋە باي دېھقانلىرى. ئۇلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يوليورۇغى بويىچە ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈش، ئادەم تۇتۇشتا ناھايىتى باتۇر. قىزىل ئارمىيە نىڭگاڭ، شىنچېڭ، گۇچېڭ ۋە لۇڭشى تەرەپلەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە، نەچچە مىڭلىغان دېھقانلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، گۇڭچەنداڭ سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ، ئەكسىيەتچىلەرگە ئەگىشىپ، يۇڭشىن ناھىيىسىگە قېچىپ كېتىشكەن ئىكەن. بىزنىڭ «ئاسىيلىق قىلغان دېھقانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ»، «ئاسىيلىق قىلغان دېھقانلارنىڭ قايتىپ كېلىپ، زىرائەتلىرىنى يىغىۋېلىشى قارشى ئېلىنىدۇ» دېگەن تەشۋىقاتىمىزدىن كېيىنلا بىر قىسىم دېھقانلار ئاستا ـ ئاستا قايتىپ كېلىشتى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ دولقۇنى پەسەيگەن مەزگىلدە گېجۈي رايونلاردىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە ئارىلىقتىكى سىنىپلارنى تۇتۇپ تۇرالماسلىق بولدى. ئارىلىقتىكى سىنىپلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى — ئىنقىلاپنىڭ تولىمۇ ئېغىر زەربە يېگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەك بەستە يېگەنلىكى، سىنىپىي ئىسيانچىلىقنىڭ ئۇچرىغانلىقى. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ يۇقىرى ئۆرلىگەندە بولسا، كەمبەغەل دېھقانلار سىنىپى ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، غەيرەتكە كېلىدۇ، ئارىلىقتىكى سىنىپلار بولسا، قورقۇپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ. لى زۇڭرېن بىلەن تاڭ شېڭجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش خۇنەن تەرەپكە قاراپ كېڭەيگەن چاغدا چالىڭ ناھىيىسىنىڭ ئۇششاق پومېششىكلىرى دېھقانلاردىن يارىشىشنى تەلەپ قىلغان، بەزىلىرى دېھقانلارغا چاغانلىق ئۈچۈن چوچقا گۆشى سوۋغا قىلغان (بۇ چاغدا قىزىل ئارمىيە چالىڭ ناھىيىسىدىن چېكىنىپ، سۈيچۈەن ناھىيىسىگە كەتكەن ئىدى). لى زۇڭرېن بىلەن تاڭ شېڭجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن بۇنداق ئىشلار تۈگەپ كەتكەن. ھازىرقى ۋاقىت — پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەكسىل ئىنقىلاپ يۇقىرى ئۆرلىگەن مەزگىل، زەربە يېگەن ئارىلىقتىكى سىنىپلار ئاق رايونلاردا پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۇخاۋ-لېيشېنلار سىنىپى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، كەمبەغەل دېھقانلار سىنىپى يالغۇز قالدى. بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن ناھايىتى جىددى[18].

كۈندىلىك تۇرمۇش بېسىمىنىڭ ئارىلىقتىكى سىنىپلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى: قىزىل رايونلار بىلەن ئاق رايونلار قارىمۇ-قارشىلىقى بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى دۆلەتكە ئوخشاش بولۇپ قالدى. دۈشمەننىڭ قاتتىق قامال قىلغانلىقى ۋە بىزنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشىمىزنىڭ نامۇۋاپىق

بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى سەۋەپ ئارقىسىدا، بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدا سودا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قېلىپ، تۇز، رەخت ۋە دورا ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشقا لازىملىق بۇيۇملار ئوكسۇپ قالدى ۋە قىممەتلەپ كەتتى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، چاي، ياغ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چەتكە چىقىرىش مۇمكىن بولماي قېلىپ، دېخانلارنىڭ پۇل كىرىمى ئۈزۈلۈپ قالدى ۋە ئادەتتىكى خەلققە تەسىر بەردى. كەمبەغەل دېخانلار سىنىپى بۇ جاپا-مۇشەققەتلەرگە ھەرھالدا بىرقەدەر چىداشلىق بېرەلەيدۇ، ئوتتۇرا سىنىپلار چىداشلىق بېرەلمىگەن چاغدا تۇخاۋ-لېيشېنلار سىنىپىغا تەسلىم بولۇپ كېتىدۇ. جۇڭگودىكى تۇخاۋ-لېيشېنلار ۋە جۈنفالار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئۇرۇشلار داۋام قىلمايدىكەن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئالغا قاراپ راۋاجلانمايدىكەن، كىچىك-كىچىك رايونلاردىن ئىبارەت قىزىل گېجۇيلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن زور بېسىمغا ئۇچرايدۇ، گېجۇيلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىقتىسادىي بېسىمغا ئوتتۇرا سىنىپلارلا چىداشلىق بېرەلمەي قالماستىن، بەلكى ئىشچىلار، كەمبەغەل دېخانلار ۋە قىزىل ئارمىيمۇ چىداشلىق بېرەلمەيدىغان ۋاقىتلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. يۇڭشىن، نىڭگاڭ ناھىيىلىرىدە تۇز يوق، رەخت، دورا ماتېرىياللىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى، باشقا نەرسىلەر توغرىلىق سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ھازىر تۇز تېپىلىدۇ، لېكىن ناھايىتى قىممەت. رەخت، دورا ماتېرىياللىرى ھېلىمۇ تېپىلمايدۇ. نىڭگاڭ ناھىيىسىدىن، يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە سۈيچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن (بۇلار

ھازىر گېجۇي يەرلەر) ئەڭ كوپ چىقىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ۋە چاي، ياغلارنى ھېلىمۇ باشقا جايلارغا چىقارغىلى بولمايۋاتىدۇ[19].

يەر تەقسىم قىلىشنىڭ ئولچىمى: يېزا يەر تەقسىم قىلىشنىڭ بىرلىكى قىلىندى. تاغ كوپ، يەر ئاز جايلاردا، مەسىلەن، يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ شياۋجياڭ رايونىدا 3 ـ 4 يېزىنى بىر بىرلىك قىلىپ يەر تەقسىم قىلىشمۇ بولدى، لېكىن بۇنداقلىرى ناھايىتى ئاز. ھەممە يېزا ـ كەنتلەردە ئەر ـ ئاياللار ۋە ياش ـ قېرىلارغا يەر تەڭ تەقسىم قىلىندى. ھازىر جۇڭيالڭ كورسەتكەن چارە بويىچە ئەمگەك كۈچى ئولچەم قىلىنىپ، ئەمگەك قىلالمايدىغانلارغا قارىغاندا ئەمگەك قىلالايدىغانلارغا بىر ھەسسە ئوشۇق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى[20].

ئوز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دېخانلارغا يول قويۇش مەسىلىسى: بۇ تېخى تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىنمىدى. يەر تەقسىم قىلىشتا ئوز ئالدىغا تىرىكچىلىق قىلىدىغان دېخانلار ئارىسىدىكى باي دېخانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئولچەم قىلىشنى، يەنى ئادەم كۈچى ۋە كاپىتالى (دېخانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) كوپ بولغانلارغا كوپ تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. باي دېخانلار يەرنى تەڭ تەقسىم قىلىش ۋە ئەمگەك كۈچىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئوزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز دەپ ھېس قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار، ئادەم كۈچى جەھەتتە كوپرەك كۈچ چىقارغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاپىتال كۈچىنى قوشقاندا، كوپرەك ھوسۇل ئېلىش مۇمكىن، دەپ ھېساپلايدۇ. ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى ۋە ئارتۇقچە كاپىتالى ئېتىۋارسىز قالدۇرۇلسا (تاشلاپ قويۇلسا)، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ھېلىمۇ جۇڭيالڭ كورسەتكەن چارە

بويىچە ئىش كۆرۈۋاتىمىز. لېكىن بۇ مەسىلىنى يەنە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، بىر خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە دوكلات قىلىمىز.

يەر بېجى: نىڭگاڭ ناھىيىسىدە 20 پىرسەنت ئېلىنىۋاتىدۇ، بۇ جۇڭياڭ كورسەتكەن چارىدە كورسىتىلگىنىدىن 5 پىرسەنت ئارتۇق، ھازىر باج ئېلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بۇنى ئۆزگەرتىش ئەپسىز بولۇۋا-تىدۇ، كېلەر يىلى كېمەيتىمەكچىمىز. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سۇيچۇەن، لىڭشيەن، يۇڭشىن ناھىيىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىر قىسمى گېجۇي رايونلار دائىرىسىدە بولۇپ، ھەممىسى تاغلىق جايلار بولغاچقا، دېخانلار بەك مۇھتاجلىقتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇلاردىن باج ئېلىش ئوڭايسىز. ھوكۇمەتنىڭ ۋە چيۇبىدۇيلەرنىڭ خىراجىتى ئاق رايون-لاردىكى تۇخاۋلارغا زەربە بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىۋاتىدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ تەمىناتىغا كەلسەك، گورۇچنى ھازىرچە نىڭگاڭ ناھىيىسىدە ئېلىنغان يەر بېجىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ، پۇلنى يەنە تامامەن تۇخاۋلارغا زەربە بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. 10-ئايدا سۇيچۇەن ناھىيىسىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكىتىدە 10 مىڭ يۇەندىن ئوشۇقراق پۇل توپلىدۇق، بۇ پۇل بىر مەزگىل ئىشلىتىشكە يېتىدۇ، تۈگىگەندىن كېيىن قاراپ باقارمىز.

## ھاكىمىيەت مەسىلىسى

ناھىيە، رايون، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرى ئومۇميۈز-لۈك تەشكىل قىلىندى، لېكىن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەمەس. بىرمۇنچە جايلاردا ئىشچى-دېخان-ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى يوق. يېزا، رايون دەرىجىلىك، ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ

ئىجرائىي ۋېييۇەنخۇيلىرى ئاممىۋى يىغىنلاردا سايلاندى. ئالمان-تالمان ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىنلاردا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغىلى، ئاممىنى سىياسىي تەلىم-تەربىيىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق يىغىنلارنى زىيالىيلار ياكى پۇرسەتپەرەسلەر ناھايىتى ئاسانلا چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. بەزى جايلاردا ۋەكىللەر كېڭىشى بولغان بىلەنمۇ، پەقەت ئىجرائىي ۋېييۇەنخۇيىنى سايلىغۇچى ۋاقىتلىق ئورگان دەپ قارالماقتا؛ سايلام تۈگىگەندىن كېيىن، ھەممە ھوقۇق ۋېييۇەنخۇيىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ-دە، ۋەكىللەر كېڭىشى قايتا ئېغىزغا ئېلىنمايدۇ. ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى تەشكىللىرى يوق ئەمەس، پەقەت ناھايىتى ئاز. بۇنداق بولۇشى ۋەكىللەر كېڭىشىدىن ئىبارەت يېڭى سىياسىي تۈزۈم توغرىسىدا تەشۋىق ۋە تەربىيىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولدى. فېئوداللىق دەۋرنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق يامان ئادەتلىرى ئاممىنىڭ، ھەتتا ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، ئۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پاك-پاكىز تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بۇنداق كىشىلەر بىرەر ئىش ئالدىغا كەلسە، ئاسانلىقنى ئىستەيدۇ، ئاۋارىگەرچىلىكى بولغان دېموكراتىك تۈزۈمنى ياقتۇرمايدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈمىنى چوقۇم ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەردە كۆرسىتىپ، ئاممىغا ئۇنىڭ ئاممىنىڭ كۈچىنى ئەڭ ئوبدان ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە كۈرەشكە ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندىلا، ئۇنى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا ئومۇميۈزلۈك ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە قوللانغىلى بولىدۇ. بىز ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر كېڭەشلىرىنىڭ تەپسىلىي تەشكىلىي قانۇنلىرىنى (جۇڭگىياگەنىڭ داگاڭىغا ئاساسەن) تۈزۈپ چىقىپ، ئىلگىرىكى خاتالىق-

لارنى پەيدىن - پەي تۈزىتىۋاتىمىز. قىزىل ئارمىيىدىكى ھەر دەرد-
جىلىك ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭەشلىرىمۇ ھازىر دائىملىق بولۇپ
قۇرۇلۇۋاتىدۇ، ئىلگىرىكى پەقەت ئەسكەرلەر ۋېيىۋەنخۇيىلا بولۇپ،
ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى بولماسلىق خاتالىقى تۈزىتىلىۋاتىدۇ.

ھازىر خەلق ئاممىسى ۋېيىۋەنخۇيىنى ئۇمۇمى تۈردە «ئىشچى -
دىخان - ئەسكەرلەر ھوكۇمىتى» دەپ بىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋەكىللەر
كېڭىشىدىن ئىبارەت ھاكىمىيەتنى تېخى چۈشەنمەيدۇ، ۋېيىۋەنخۇيىنىلا
ھەقىقى ھاكىمىيەت دەپ بىلىدۇ. قۇرۇلتايىنى تايانچ قىلمىغان ئىجرائى
ۋېيىۋەنخۇيلارنىڭ ئىشىنى بىرتەرەپ قىلىشتا، كوپۇنچە، ئاممىنىڭ
پىكرىدىن چەتنەپ كېتىشى، يەرنى مۇسادىرە قىلىش ۋە تەقسىم قىلىشتا
ئىككىلىنىشى ۋە مۇرەسسەچىلىك قىلىشى، خىراجەتلەرنى قالايمىقان
ئىشلىتىشى ۋە خىيانەت قىلىشى، ئاق كۈچلەردىن قورقۇپ ئۆزىنى
چەتكە تارتىشى ياكى كۆرەشتە قەتئى بولماسلىقى ھەممە يەردە
ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋېيىۋەنخۇيىمۇ ئۇمۇمى يىغىنىنى ناھايىتى ئاز
ئوتكۈزىدۇ، ئىش بولسا، چاڭۋېيخۇي ئۆزىلا ھەل قىلىدۇ. رايون،
يېزا دەرىجىلىك ھوكۇمەتلەر بولسا، چاڭۋېيخۇي يىغىنلىرىنىمۇ ئاز
ئوتكۈزىدۇ، بىرەر ئىش بولسا، جۇشى، مىشۇ، مالىيە ئىشلىرىنى باش-
قۇرغۇچى ياكى چىۋېيدۇيىنىڭ دۇيجاڭى (قوزغىلاڭچىلار دۇيىنىڭ
دۇيجاڭى) ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ، بۇ تۆت ئادەم
ۋېيىۋەنخۇيدا دائىم تۇرىدۇ. شۇڭا، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش-
نى قوللىنىشمۇ ھوكۇمەت خىزمەتلىرىدە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتمىدى.

دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھوكۇمەت ۋېيىۋەنخۇيلىرىدا، بولۇپمۇ
يېزىلىق ھوكۇمەتلەردە ئۇششاق پومېشچىكلار ۋە باي دىخانلار ئىشقا
كىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار قىزىل لاتىلارنى تاقىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى

ناھايىتى قىزغىن قىلىپ كورسىتىپ، ھىلىگەرلىك بىلەن ھوكۇمەت ۋېيىۋەنخۇيىغا كىرىۋالدى، ھەممىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، كەمبەغەل دىخانلاردىن بولغان ۋېيىۋەنلەرنى پەقەت ياردەمچى رول ئوينىغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. پەقەت كۇرەش جەريانىدا ئۇلارنىڭ نىقاپلىرى ئېچىپ تاشلىنىپ، كەمبەغەل دىخانلار سىنىپى قوزغالغاندىن كېيىنلا ئۇلار قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن جايلاردا كورۇلدى.

پارتىيە ئاممە ئارىسىدا ناھايىتى زور ئابرويغا ئىگە، لېكىن ھوكۇمەتنىڭ ئابرويى كوپ تووەن. بۇ پارتىيىنىڭ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۇچۇن بىرمۇنچە ئىشلارنى ئوزى بىۋاستە ئىشلەپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغانلىقىدىن بولدى. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى كوپ. بەزى جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا پارتىيە گۇرۇپپىسى تەشكىلاتى يوق، بەزى جايلاردىكىسىدە بولسىمۇ، تولۇق پايدىلىنىلمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيە ھوكۇمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتىشى كېرەك؛ پارتىيىنىڭ تەشەببۇس ۋە چارەلىرى، تەشۋىق قىلىنىشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھوكۇمەت تەشكىللىرى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. گومىنداڭنىڭ ھوكۇمەتكە توغرىدىن-توغرى بۇيرۇق چۇشۇرۇشىدەك خاتا ئۇسۇلدىن ساقلىنىش لازىم.

## پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسىلىسى

جىخۇيجۇيى بىلەن بولغان كۇرەشنىڭ جەريانى: 21-ماي ۋەقەسىنىڭ ئالدى-كەينىدە چېگرا رايوننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى جىخۇيجۇيىسچىلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان دېيىش مۇمكىن. ئەكسىلئىنقىلاپ يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارشى

قەتئىي كۈرەش قىلىش ناھايىتى ئاز بولغان. بۇلتۇر 10 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيە (ئىشچى ـ دېھقان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسى 1 ـ جۇن 1 ـ شىسىنىڭ 1 ـ تۇەنى) چىگرا رايوندىكى ناھىيىلەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرلەردە پەقەت خەۋپ ـ خەتەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىرقانچە پارتىيە ئەزاسىلا قالغان، پارتىيە تەشكىلاتلىرى دۈشمەن تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئىكەن. بۇلتۇر 11 ـ ئايدىن بۇ يىل 4 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش مەزگىلى بولدى، 5 ـ ئايدىن كېيىنكى ۋاقىت زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش مەزگىلى بولدى. بىر يىلدىن بۇيان پارتىيە ئىچىدىكى جىخۇيجۇيىلىق ھادىسىلەر يەنىلا ھەممە جايدا كۆرۈلۈپ كەلدى، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى، كۈرەش قىلىش نىيىتى بولمىغانلىقتىن، دۈشمەن يېتىپ كەلگەندە، تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، تېخى بۇنى «ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن موكۇنۇپ تۇرۇش» دەپ ئاتىدى، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ناھايىتى ئاكتىپ بولسىمۇ، لېكىن قارغۇلارچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بېرىلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىرى. بۇنداق ئەھۋال ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەردە چېنىقىش ۋە پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيە ئارقىسىدا پەيدىن ـ پەي ئازىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئا ئىدىيىسى قىزىل ئارمىيىدىمۇ مەۋجۇت. دۈشمەن يېتىپ كەلگەندە، جان تىكىپ ئېلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان، بولمىسا قاچىمىز دەيدىغانلار بولدى. بۇ ئىككى خىل ئىدىيە، كوپىنچە، جەڭ قىلىشنى مۇھاكىمە قىلغاندا بىر كىشى تەرىپىدىن تەڭ ئىلگىرى سۈرۈلدى. پارتىيە ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارغان ۋە كېيىنكى فاكتلاردىن ساۋاق ئالغاندىن

كىيىن، مەسىلەن، جان تىكىپ ئىشلىشقاندا زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىـ
غان، قاچىقاندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۇلار پەيدىن - پەي
ئۆزگەردى.

مەھەللىۋازلىق: جىگرا رايوننىڭ ئىقتىسادى — يېزا ئىگىلىك
ئىقتىسات، بەزى جايلار تېخى ئوغۇر ئىشلىتىش دەۋرىدە توختاپ
قالغان (تاغلىق جايلارنىڭ كوپچىلىكى شالنى ئوغۇر بىلەن ئاقلايدۇ،
تۈزلەڭ جايلاردىلا نۇرغۇن سوقىلار بار). ئىجتىمائى تەشكىل ئۇمۇمى
تۇردە بىر پەملىلىكلەر بىرلىك قىلىنغان ئۇرۇقداشلىق تەشكىلىدىن
ئىبارەت. پارتىيىنىڭ كەنتلەردىكى تەشكىلاتلىرىغا كەلسەك، ئولتۇراقـ
لىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كەنتلەردە بىر پەملىلىك پارتىيە
ئەزالىرى بىر جىۋبۇ بولغان، جىۋبۇ يىغىنى ئەينى زاماندا ئۇرۇقداشلار
يىغىنىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ قالغان. بۇنداق شارائىتتا «كۈرەشـ
چان بولشىۋىكلار پارتىيىسى» قۇرۇش ھەقىقەتەن ناھايىتى قىيىن.
كۆكچەنداڭ ئۇچۇن دولەت ۋە ئولكە جىگرىلىرى يوق دىگەن سوزنى
ئۇلار ئانچە چۈشەنمەيدۇ، ناھىيە، رايون ۋە يېزا جىگرىلىرى يوق
دىگەن سوزنىمۇ ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ناھىيىلەر ئارىسىدا مەھەللىۋازـ
لىق ناھايىتى ئېغىر، بىر ناھىيىدىكى رايونلار ئارىسىدا، ھەتتا يېزىلار
ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك مەھەللىۋازلىق بار. بۇنداق مەھەللىـ
ۋازلىقنى ئۆزگەرتىشتە داۋلى سوزلەش كوپ دىگەندە بىرنەچچە
ئۇلۇشلا ئۇنۇم بىرىدۇ، مەھەللىۋازلىق، كوپۇنچە، ئاق كۈچلەرنىڭ
مەھەللە ئايرىماي ئېزىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، ئەكسىلئىنـ
قىلابچىلارنىڭ ئىككى ئولكە بويىچە «بىرلىشىپ يوقىتىش» ئېلىپ
بېرىشى خەلقنى كۈرەشتە ئورتاق پايدا - زىيانغا ئىگە قىلدى،
شۇنىڭ ئارقىسىدىلا ئۇلاردىكى مەھەللىۋازلىقنى ئاستا - ئاستا بۇزۇش

مۇمكىن بولدى. مۇشۇنداق نۇرغۇن ساۋاقلار ئارقىلىق مەھەللىۋازلىق ئازايدى.

يەرلىكلەر ۋە چەتتىن كەلگەنلەر مەسىلىسى: چېگرا رايونىدىكى ناھىيىلەردە يەنە ئالاھىدە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ يەرلىكلەر بىلەن چەتتىن كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك. يەرلىكلەر بىلەن بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى شىمالىي ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور چەك ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، تارىخىي ئاداۋەت ناھايىتى چوڭقۇر، بەزىدە ناھايىتى جىددىي كۈرەشلەر بولىدۇ. بۇنداق چەتتىن كەلگەنلەر فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ چېگرىسىدىن تارتىپ، خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىغىچە تارقالغان بولۇپ، تەخمىنەن بىرنەچچە مىليون كىشىگە يېتىدۇ. چەتتىن كەلگەنلەر تاغلىق جايلارنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈزلەڭ جايلارنى ئىگىلىگەن يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئېزىلىپ، ئەزەلدىن سىياسىي هوقۇقتا ئىگە بولالماي كەلگەن. ئۆزاقى ۋە بۇلتۇرقى مىللىي ئىنقىلابنى چەتتىن كەلگەنلەر، ئەمدى باش كۆتۈرىدىغان كۈنىمىز كەلدى، دەپ قارشى ئالغان ئىدى. كۆتۈلمىگەندە، ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ، چەتتىن كەلگەنلەر يەرلىكلەر تەرىپىدىن بۇرۇنقىدەكلا ئېزىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ رايونىمىز ئىچىدىكى نىڭگاڭ، سۈيچۈەن، لىڭشيەن ۋە چالىڭ ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە يەرلىكلەر بىلەن چەتتىن كەلگەنلەر مەسىلىسى بار، نىڭگاڭ ناھىيىسىدە بولسا، بۇ مەسىلە ئەڭ ئېغىر. ئۆزاقى يىلدىن بۇلتۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا نىڭگاڭ ناھىيىسىدە يەرلىكلەر ئارىسىدىن چىققان ئىنقىلابچىلار چەتتىن كەلگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ، گۇڭچەندانىڭ رەھبەرلىكىدە يەرلىك تۇخاۋ - لېيشېنلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاپ، پۈتۈن ناھىيىنى قولغا ئالىدى. بۇلتۇر 6 ـ ئايدا جياڭشى ئۆلكىسىدىكى جۇ پېيدې ھوكۇمىتى ئىنقىلاپقا قارشى چىقتى، 9 ـ ئايدا تۇخاۋ ـ لىيېشېنلار جۇ پېيدې قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ نىڭگاڭ ناھىيىسىدە «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك خەلق بىلەن چەتتىن كەلگەن خەلق ئارىسىدىكى كۆرەشنى يېڭىۋاشتىن قوزغىۋەتتى. يەرلىكلەر بىلەن چەتتىن كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چەكنى، داۋلى بويىچە ئېيتقاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئېلىپ كىرمەسلىك، بولۇپمۇ گۇڭچەنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئېلىپ كىرمەسلىك كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەر سەۋەبىدىن بۇنداق چەك ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، چېگرا رايونىدىكى ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، يەرلىك تۇخاۋ ـ لىيېشېنلار ئەكسىيەتچى قوشۇنلارنى باشلاپ نىڭگاڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، چەتتىن كەلگەنلەر يەرلىكلەرنى قىرىدىكەن، دەپ تەشۋىق تارقاتتى، يەرلىك دېھقانلارنىڭ كوپ قىسمى ئاسىيلىق قىلىپ، ئاق لاتا تاقىۋېلىپ، ئاق ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، ئۆيلەرگە ئوت قويىدى، تاغلارنى ئاختۇردى. 10 ۋە 11 ـ ئايلاردا قىزىل ئارمىيە ئاق ئارمىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك دېھقانلار ئەكسىيەتچىلەرگە ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى، چەتتىن كەلگەن دېھقانلار بولسا، يەرلىك دېھقانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. بۇنداق ئەھۋال پارتىيە ئىچىدىمۇ ئەكس ئېتىپ، ھەمىشە ئورۇنسىز كۆرەشلەر پەيدا بولۇپ تۇردى. بىزنىڭ چارىمىز، بىر تەرەپتىن، «ئاسىيلىق قىلغان دېھقانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ»، «ئاسىيلىق قىلغان دېھقانلار قايتىپ كەلسە، ئوخشاشلا يەرگە ئىگە بولىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى تۇخاۋ ـ لىيېشېن-

لارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەم ئويىگە قايتۇرۇپ كېلىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ناھىيىلىك ھوكۇمەت چەتتىن كەلگەن دېخانلارغا مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇش ھەمدە يەرلىك دېخانلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىش؛ پارتىيە ئىچىدە بولسا، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەر ئىككى بولىگىنى بىر-دەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

پۈرسەتپەرەسلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى: ئىنقىلاپ يۇقىرى ئورلىگەن چاغدا (6-ئايدا)، نۇرغۇن پۈرسەتپەرەسلەر پارتىيىگە ئاشكارا ئەزا قوبۇل قىلىش پۈرستىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالدى، چېگرا رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بىردىنلا 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. جىبۇ ۋە چۇيۇبىلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ تولىسى يېڭى پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇپ كېتىپ، پارتىيە ئىچىدە تەربىيىنى ياخشى يولغا قويۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ئاق تېررورلۇق يېتىپ كېلىشى بىلەنلا پۈرسەتپەرەسلەر ئاسىيلىق قىلدى، ئەكسىيەتچىلەرنى باشلاپ بېرىپ، يولداشلىرىمىزنى تۇتتى، ئاق رايونلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ۋەيران بولدى. 9-ئايدىن كېيىن پارتىينى تازىلاش جىددى يۈرگۈزۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەركىۋىگە قاتتىق چەك قويۇلدى. يۇڭشىن، نىڭگاڭ ناھىيىلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي تارقىتىۋېتىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى يېڭىۋاشتىن تىزىملاش ئېلىپ بېرىلدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازايدى، جەڭگىۋارلىق كۈچى بولسا ئاشتى. بۇرۇن پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي ئاشكارا ئىدى، ئەكسىيەتچىلەر كەلگەندىمۇ ھەرىكەتلىنەلەيدىغان بولۇش

ئۈچۈن، 9 ـ ئايدىن كېيىن مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاق رايونلارغا ھەر تەرەپتىن كىرىپ، دۈشمەن لاگېرىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەردە تېخى پارتىيىنىڭ ئاساسى يوق. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، شەھەرلەردە دۈشمەن كۈچى زورراق، ئىككىنچىدىن، قوشۇنلىرىمىز بۇ شەھەرلەرنى ئالغان چاغدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە بەك زىيان يەتكۈزۈپ قويغان، نەتىجىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۇ يەرلەردە تۇرۇشى قىيىن بولۇپ قالغان. ھازىر خاتالىقلارنى تۈزىتىۋاتىمىز، شەھەرلەردە ئۆز تەشكىلاتلىرىمىزنى قۇرۇشقا تىرىشىۋاتىمىز، لېكىن بۇنىڭدىن تېخى ئانچە نەتىجە كۆرۈلمىدى.

پارتىيىنىڭ رەھبەرىي ئورگانلىرى: جىبۇ گەنشىخۈيى جىبۇ ۋېيىۋەنخۈيى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. جىبۇنىڭ يۇقۇرىسىدا چۈيىۋېي، چۈيىۋېيىنىڭ يۇقۇرىسىدا شيەنۋېي بولىدۇ. چۈيىۋېيلەر بىلەن شيەنۋېيلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە ئەھۋاللار سەۋەبىدىن پەۋقۇلئاددە چۈيىۋېي قۇرۇلغان يەرلەرمۇ بار، مەسىلەن، يۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى پەۋقۇلئاددە چۈيىۋېي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى پەۋقۇلئاددە چۈيىۋېي. چېگرا رايوندا نىڭگاڭ، يۇڭشىن، ليەنخۇا، سۈيچۈەن ۋە لىڭشيەن شيەنۋېيلىرى بولۇپ 5 شيەنۋېي بار. چالىڭ ناھىيىسىدە شيەنۋېي بار ئىدى، خىزمىتىنى ئىشلەپ كېتەلمىگەچكە، بۇلتۇر قىش ۋە بۇ يىل ئەتىيازدا قۇرۇلغان بىرمۇنچە تەشكىلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاق كۈچلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىپ، يېرىم يىلدىن بۇيان پەقەت نىڭگاڭ ۋە يۇڭشىن ناھىيىلىرىگە يېقىن ئەتراپتىكى تاغلىق جايلاردىلا ئىشلىيەلەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا شيەنۋېي پەۋقۇلئاددە چۈيىۋېيگە ئۆزگەرتىلدى. يۇشيەن ۋە ئەنرېن ناھىيىلىرىگە

چالىڭ ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ، ئۇ يەرلەرگە كىشى ئېۋەتكەن ئىدۇق، نەتىجە چىقىرالماي قايتىپ كەلدى. ۋەنئەن شيەنۋېي 1-ئايدا بىز بىلەن سۆيچۈەندە بىر قېتىم بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزگەن ئىدى، يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئاق كۈچلەر ئالاقىنى ئۈزۈپ قويدى، 9-ئايدا قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى پارتىزانلىق قىلىپ ۋەنئەنگە يېتىپ كەلگەندىلا، بىز ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم مۇناسىۋەت باغلىدۇق. ئىنقىلاۋىي دېخانلاردىن 80 كىشى بىزگە ئەگىشىپ، جىڭگاڭشەنگە كەلدى، ئۇلاردىن ۋەنئەن چوۋېيدۇيى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئەنفۇ ناھىيىسىدە پارتىيە تەشكىلاتى يوق، شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، جىەن ناھىيىسى يۇڭشىن ناھىيىسىگە تۇتاشقان بولسىمۇ، جىەن شيەنۋېي بىز بىلەن پەقەت ئىككى قېتىملا مۇناسىۋەت باغلىدى، ھېچقانداق ياردەم بەرمىدى. گۈيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ شاتيەن تەرەپلىرىدە 3-ئاي ۋە 8-ئايلاردا ئىككى قېتىم يەر تەقسىم قىلىندى، پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇ تەشكىلاتلار لۇگشىدىكى شبىردۇڭ دېگەن جايىنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي خۇنەن پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيىغا قارايدۇ. ھەرقايسى ناھىيە شيەنۋېيلىرىنىڭ يۇقۇرىسىدا خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونى پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيى بولىدۇ. 5-ئاينىڭ 20-كۈنى چېگرا رايون 1-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى نىڭگاڭ ناھىيىسىنىڭ ماۋپىڭ دېگەن يېرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، 23 كىشى 1-نۆۋەتلىك پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيۈەنخۇيىنىڭ ۋېيۈەنلىككە سايلاندى، ماۋ زېدۇڭ شۇجى بولدى. 7-ئايدا خۇنەن شىڭۋېي ياڭ كەيمىڭنى ئېۋەتتى، ئۇ دەيلى شۇجى بولدى. 9-ئايدا ياڭ كەيمىڭ ئاغرىپ قېلىپ، تەن جېنلىن دەيلى شۇجى بولدى. 8-ئايدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى جەنۇبىي خۇنەنگە كېتىپ، ئاق

كۆچلەر چېگرا رايونغا قاتتىق بېسىم سالغانـدا، بىز يۇقىرىقى ناھىـ
يىسىدە بىر قېتىم جىددىي يىغىن ئۆتكۈزدۇق. 10 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيە
نىڭگاڭ ناھىيىسىگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ماۋپىڭدا چېگرا رايون
2 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى
ئېچىلىپ، 3 كۈن داۋام قىلدى، «سىياسىي مەسىلىلەر ۋە چېگرا رايون
پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى» قاتارلىق قارارلار ماقۇللاندى،
تەن جېنلىن، جۇ دې، چېن يى، لۇڭ چاۋچىڭ، جۇ چاڭجيې، لىيۇ
تيەنچيەن، يۈەن پەنجۇ، تەن سىسۇڭ، تەن بىڭ، لى شىفېي، سۇڭ
يىيۈې، يۈەن ۋېنسەي، ۋاڭ زونۇڭ، چېن جېگرېن، ماۋ زېدۇڭ،
ۋەن شىيەن، ۋاڭ زو، ياڭ كەيمىڭ، خې تىڭيىڭدىن ئىبارەت
19 كىشى 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۈەنخۇيىنىڭ ۋېيىۈەنـ
لىكىگە سايلاندى. 5 كىشى چاڭۋېي ۋېيىۈەنى بولدى، تەن جېنلىن
(ئىشچى) شۇجى، چېن جېگرېن (زىيالى) فۇشۇجى بولدى. 11 ـ ئاينىڭ
14 ـ كۈنى قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۈننىڭ 6 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى
ئۆتكۈزۈلدى، 23 كىشىدىن تەركىب تاپقان پارتىيە جۈن ۋېيىۈەنخۇيى
سايلاندى، 5 كىشى چاڭۋېي ۋېيىۈەنى بولدى، جۇ دې شۇجى بولدى.
پارتىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋېيىۈەنخۇيى ۋە جۈن ۋېيىۈەنخۇيى پارتىيە ـ
نىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيىۈەنخۇيىغا قارايدۇ. پارتىيىنىڭ ئالدىنقى
سەپ ۋېيىۈەنخۇيى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قايتا تەشكىل قىلىنىپ،
جۇڭياڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ماۋ زېدۇڭ، جۇ دې، يەرلىك
پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى (تەن جېنلىن)، ئىشچىلاردىن بىر
يولداش (سۇڭ چياۋشېڭ)، دېھقانلاردىن بىر يولداش (ماۋ كېۋېن)
بولۇپ 5 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ماۋ زېدۇڭ شۇجى بولدى. پارتىـ
يىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيىۈەنخۇيىدا ۋاقىتىنچە مىشۇجۇ، تەشۋىقات

كېسى، تەشكىلات كېسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى ۋەيىۋەن-
خۇيى، ھەربى ئىشلار ۋەيىۋەنخۇيى قۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ ئالدىنقى
سەپ ۋەيىۋەنخۇيى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرىدۇ.
پارتىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەيىۋەنخۇيىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بار، چۈنكى پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋەيىۋەن-
خۇيىغا بەزىدە قوشۇنلار بىللە بىلەن يۈرۈپ ئىشلەشكە توغرى كېلىدۇ.
بىز پرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى مەسىلىسىنى ئىنتايىن
مۇھىم مەسىلە دەپ ھېس قىلىمىز. چېگرا رايون ناھىيىلىرىدىكى
پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي دېھقانلاردىن تەركىب
تاپقان، ئەگەر پرولېتارىيات ئىدىيىسى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنمىسا،
ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشى خاتا بولۇپ قالىدۇ. ناھىيە شەھەرلىرىدە ۋە
چوڭ شەھەرلەردە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەرىكىتىگە پائال ئەھمىيەت
بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىمۇ ئىشچىلارنىڭ
ۋەكىللىرىنى كۆپەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي
ئورگانلىرىدىمۇ ئىشچىلار ۋە كەمبەغەل دېھقانلار تەركىبىنى كۆپەيتىش
كېرەك.

## ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى

بىز كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ جۇڭگو مەسىلىسى توغرى-
سىدىكى قارارىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمىز. جۇڭگو ھازىرقى ۋاقىتتا، ھەقى-
قەتەن، تېخى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا تۇرماقتا.
جۇڭگونىڭ ئۈزۈل-كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلاب گاڭلىكى تاشقى
جەھەتتە جاھانگىرلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۈزۈل-كېسىل مىللى
ئازاتلىققا ئېرىشىشنى؛ ئىچكى جەھەتتە مەيبەنىلەر سىنىپىنىڭ

شەھەرلەردىكى تەسىر كۈچىنى تۈگىتىش، يەر ئىنقىلاۋىنى ئورۇنلاپ،
يېزىلاردىكى فېودالىلىق مۇناسىۋەتلەرنى يوقىتىش، جۇڭغولار ھوكۇ-
مىتىنى ئاغدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەزمەن مۇشۇنداق دېمو-
كراتىك ئىنقىلاپنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا،
سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ ھەقىقى ئاساسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى
بولىدۇ. بىز بىر يىلدىن بۇيان ھەرقايسى جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ
يۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ پەسەيگەن-
لىگىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق. بىر تەرەپتىن، ئاز ساندىكى كىچىك-
كىچىك جايلاردا قىزىل ھاكىمىيەتلەر بار، يەنە بىر تەرەپتىن،
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تېخى ئادەتتىكى دېموكراتىيىگە ئىگە
ئەمەس، ئىشچىلار، دېخانلار، ھەتتا دېموكراتىيە تەرەپدارى بولغان
بۇرژۇئازلارمۇ تامامەن سۆز ۋە يىغىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئەمەس،
گومىنداڭغا كىرىش ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. قىزىل ئارمىيە
قەيەرگىلا بارسا، ئامما سوغۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، تەشۋىق قىلىن-
غاندىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا قوزغىلىشقا باشلايدۇ. دۈشمەن قوشۇن-
لىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا، مەيلى قايسى قوشۇنىمىزغا بولسۇن،
قاتتىق جەڭ قىلىشقا توغرى كەلدى، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئىچىدە
ھېچقانداق ئۆز ئىچىدىن ئۆزىگە قارشى چىقىش ياكى قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈش ئىشلىرى بولمىدى. 21-ماي ۋەقەسىدىن كېيىن، «توپىلاڭ-
چىلار»نى ھەممىدىن كۆپ قوبۇل قىلغان 6-جۇندىمۇ ئەھۋال
شۇنداق. بىز قاتتىق غېرىپسىنىپ قېلىۋاتىمىز، بۇنداق ھاياتنىڭ
تۈگىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتىمىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە
يۇقۇرى ئۆرلىگەن قاينام-تاشقىنلىق ئىنقىلاپقا ئۆتۈش ئۈچۈن بولسا،
شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسى،

ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى دېموكراتىك كۈرەشنى قوزغاش — مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يول.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە قارىتىلغان سىياسەتنى بۇ يىل 2 - ئايغىچە بىرقەدەر ئوبدان ئىجرا قىلدۇق. 3 - ئايدا جەنۇبىي خۇنەن پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۈەنخۇيىنىڭ ۋەكىلى نىڭگاڭ ناھىيىسىگە كېلىپ، بىزنى، تولىمۇ ئوڭچىللىق قىلىپسىلەر، كويدۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى بەك ئاز بولۇپتۇ، «ئۇششاق بۇرژۇئازلارنى پرولېتارلارغا ئايلاندۇرۇش، ئاندىن ئۇلارنى ئىنقىلاپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىش» دېگەن سىياسەتنى ئىجرا قىلماپسىلەر، دەپ تەنقىت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيىۈەنخۇيىنىڭ بۇرۇنقى رەھبەرلىرى ئۆزگەرتىلدى، سىياسەت بىردىنلا ئۆزگەردى. 4 - ئايدا پۈتۈن قوشۇنىمىز چېگرا رايونغا كەلگەندىن كېيىن، كويدۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى يەنىلا كۆپ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە يېزىلاردىكى ئۇششاق پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارغا پۇل سېلىش ئىشلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولدى. جەنۇبىي خۇنەن پارتىيە پەۋقۇلئاددە ۋېيىۈەنخۇيى ئوتتۇرىغا قويغان «بارلىق زاۋۇتلار ئىشچىلارغا ئۆتسۇن» دېگەن شۇئارمۇ ئۇمۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىندى. ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە زەربە بېرىدىغان بۇنداق تولىمۇ سول سىياسەت ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۇخاۋ - لېپشېنلار تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتتى، نەتىجىدە ئۇلار ئاق لاتا تاقىۋېلىپ، بىزگە قارشى تۇردى. يېقىندىن بۇيان بۇنداق سىياسەت پەيدىن - پەي ئۆزگەرتىلىپ، ئەھۋال بارا - بارا ياخشىلىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ سۈيچۈەن ناھىيىسىدە ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ناھىيە شەھىرىدىكى ۋە شىجېنلاردىكى سودىگەرلەر

بىزدىن قاچمايدىغان، بىرمۇنچىلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىدىغان بولدى. ساۋلىنشۇي دېگەن جايدا بازار بولغاندا (ھەر 3 كۈندە بىر قېتىم چۈش ۋاقتىدا بازار بولىدۇ)، بازارغا 20 مىڭ كىشى كەلدى، ھېچقاچان بۇنداق بولۇپ باقمىغان. بۇ ئىش بىزنىڭ سىياستىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. تۇخاۋ-لېيشېنلار خەلقتىن ئالىدىغان باج-سېلىق ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، سۈيچۈەندىكى جىڭۋېيتۈەن[21] خۇاڭئاۋدىن ساۋلىنشۇيگىچە بولغان 70 لى ئارىلىقتا ھەرقانداق دېخانچىلىق مەھسۇلاتىدىن 5 يەردە باج ئالىدىكەن. بىز جىڭۋېيتۈەننى يوقىتىپ، بۇ باجلارنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن بارلىق دېخانلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا-ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق.

جۇڭگىياڭ بىزگە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالغان سىياسى گاڭلىڭ ئېلان قىلىشنى تاپشۇردى، جايلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن، بىز جۇڭگىياڭنىڭ ئىشچىلار مەنپەئەتىنى، يەر ئىنقىلاۋىنى ۋە مىللى ئازاتلىقنى ئوز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ سىياسى گاڭلىڭىنى ئىشلەپ چىقىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

يېزا ئىگىلىگىنى ئاساسى ئىقتىسات قىلغان جۇڭگودا ئىنقىلاۋنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيىتى — قوزغىلاڭنى ھەربى كۈچلەر ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش. بىز جۇڭگىياڭنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەربى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

## گېجۇي رايون مەسىلىسى

گۇاڭدۇڭ ئولكىسىنىڭ شىمالى قىسمىدىن خۇنەن ۋە جياڭشى

ئۆلكىلرنىڭ چېگرىسىنى بويلاپ، خۇبېينىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە سوزۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسى لوشياۋشەن تاغ تىزمىسى رايونىغا كىرىدۇ. پۈتۈن لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىدا بىز بارمىغان يەر قالمىدى؛ ئۇنىڭ ھەممە قىسملىرىنى سېلىشتۇرغاندا، نىڭگاڭ ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا قىسمى بىزنىڭ ھەربىي كېچۈي قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئەپلىك. شىمالىي قىسمىنىڭ يەر شارائىتى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش مۇمكىنلىكى جەھەتتىن ئوتتۇرا قىسمىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي قىسمى چوڭ سىياسى مەركەزلەرگە بەكمۇ يېقىن، ئەگەر چاڭشا ياكى ۋۇخەننى تېز تارتۋېلىش پىلانى بولمىسا، ئەسكىرىي كۈچلىرىمىزنىڭ كوپ قىسمىنى لىيۇياڭ، لىلىڭ، پىڭشياڭ، تۇڭگۇ ناھىيىلىرى تەرەپكە جايلاشتۇرۇش ناھايىتى خەتەرلىك. جەنۇبىي قىسمىنىڭ يەر شارائىتى شىمالىي قىسمىنىڭكىدىن ياخشىراق، لېكىن ئاممىۋى ئاساسى ئوتتۇرا قىسمىنىڭكىگە يەتمەيدۇ، سىياسىي جەھەتتە خۇنەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ ئازراق، بىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىككى ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى يەرلەرگە تەسىر بېرەلەيدىغان ئوتتۇرا قىسمىغا يەتمەيدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئارتۇقچىلىقى: (1) بىر يىلدىن كۆپرەك ئىشلەپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئاممىۋى ئاساس بار. (2) پارتىيە تەشكىلاتلىرى خېلى ئاساسقا ئىگە. (3) بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۈرەش تەجرىبىسىگە باي يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بەرپا قىلىندى، بۇ ناھايىتى تەسلىكتە قولغا كەلگەن؛ بۇ يەرلىك قوراللىق كۈچلەرگە قىزىل ئارمىيە 4-جۈننىڭ كۈچى قوشۇلسا، ئۇنى ھەرقانداق دۈشمەنمۇ يوقىتالمايدۇ. (4) ناھايىتى ئوبدان ھەربىي كېنجۈيدى — جىڭگاڭشەن بار،

يەرلىك قوراللىق كۈچلەر گېنجۇيدىلىرى بولسا، ھەممە ناھىيىلەردە بار. (5) ئىككى ئۆلكىگە تەسىر بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدىكى يەرلەرگە تەسىر بېرەلەيدۇ، بىرلا ئۆلكىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ بىر ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە چەت ـ ياقا جايلىرىغىلا تەسىر بېرەلەيدىغان جەنۇبىي خۇنەن ۋە جەنۇبىي جياڭشى قاتارلىق جايلارغا قارىغاندا، سىياسىي ئەھمىيىتى جەھەتتىن ناھايىتى كوپ پەرقلىنىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ گېجۇي قىلىنغىنىغا ئۇزاق بولۇپ، ئەترا-پىدا «قورشاپ يوقىتىش» قوشۇنلىرى كوپ بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي مەسىلە، بولۇپمۇ نەق پۇل مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىن.

خۇنەن شىڭۋېي بۇ يەرنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى توغرىسىدىكى تەشەببۇسنى 6 ۋە 7 ـ ئايلاردىكى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتتى. بىرىنچى قېتىم يۈەن دېشېڭ كېلىپ، لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھاكىمىيەت قۇرۇش پىلانىنى قۇۋۋەتلىدى. ئىككىنچى قېتىم دۇ شيۇجىڭ، ياڭ كەيمىڭلار كېلىپ، قىزىل ئارمىيە-نىڭ قىلچە ئىككىلەنمەي، جەنۇبىي خۇنەنگە قاراپ كېڭىيىشىنى، چۈۋېيدۇي بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن پەقەت 200 مىلتىقلىق ئەسكەرلا قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشتى ھەم بۇنى «مۇتلەق توغرى» فاڭجېن دېيىشتى. ئۈچىنچى قېتىم يۈەن دېشېڭ يەنە كەلدى، ئارىدىن 10 كۈن ئوتمىگەن ئىدى، بۇ قېتىم ئالغاچ كەلگەن خەتتە بىزنى بىرمۇنچە تىللىغاندىن تاشقىرى، قىزىل ئارمىيىنى شەرقىي خۇنەنگە ئېۋەتىش تەشەببۇس قىلىنغان، بۇمۇ «مۇتلەق توغرى» فاڭجېن دېيىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن يەنە «قىلچە ئىككىلەن-مەسلىك» تەلەپ قىلىنغان. بىز ئەنە شۇنداق قاتتىق يوليورۇقلارنى

قوبۇل قىلدۇق، بويسۇنمىساق، قارشىلىق كۆرسەتكەندەك بولىمىز، بويسۇنساق، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمىز تۇرغان گەپ، تازا قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. ئىككىنچى قېتىم خەت كەلگەندە، پارتىيىنىڭ جۇن ۋېيىۋەنخۇيى، پەۋقۇلئاددە ۋېيىۋەنخۇيى ۋە يۈكشىن شيەنۋېي بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىشنى خەتەرلىك دەپ تونۇپ، شىڭۈبىنىڭ پىكرىنى ئىجرا قىلماسلىقنى قارار قىلدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، دۇ شيۇجىڭ، ياڭ كەيمىڭلار شىڭۈبىنىڭ پىكرىدە قاتتىق تۇرۇپ، 29 - تۇەندىكىلەرنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، قىزىل ئارمىيىنى باشلاپ بېرىپ، چېنجۇغا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە چېگرا رايون بىلەن قىزىل ئارمىيە تەڭلا مەغلۇپ بولدى. سان جەھەتتىن قىزىل ئارمىيىنىڭ تەخمىنەن يېرىمى چىقىم بولدى؛ چېگرا رايوندا بولسا، كۆيدۈرۈلگەن ئۆيلەر، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەددى - ھېساۋى يوق، ناھىيىلەر ئارقىمۇ - ئارقا قولدىن كەتتى، تا شۇكەمگىچە تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدۇق. شەرقىي خۇنەنگە بېرىشقا كەلسەك، خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدىكى تۇخاۋ - ليېشېنلار ھاكىمىيىتىدە تېخى بۆلۈنۈش پەيدا بولماي تۇرۇپ، ئۇ يەرگىمۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئېۋەتىش زادى مۇۋاپىق ئەمەس. 7 - ئايدا جەنۇبىي خۇنەنگە بارمىغان بولساق، چېگرا رايوندىكى ئاۋغۇست مەغلۇبىيىتىدىن ساقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى گومىنداڭ 6 - جۇنى بىلەن ۋاڭ جۇن قىسمى ئۆتتۈرىسىدا جياڭشىنىڭ جاڭشۇ دىگەن يېرىدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، يۈكشىن ناھىيىسىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلغان، جىەن ۋە ئەنفۇ ناھىيىلىرىنى قولغا ئالغان بولاتتۇق، قوشۇنلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمى بولسا، پىڭشياڭ ناھىيىسىگە يېتىپ

بېرىپ، لوشياۋشەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قىزىل ئارمىيە 5 ـ جۇنى بىلەن ئالاقە باغلىغان بولاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ نىڭگاڭ تاغـ يىسىنى دابېنىيىڭ قىلىپ تۇرۇپ، شەرقىي خۇنەنگە پەقەت پارتىزان قوشۇنلىرىنىلا ئېۋەتىش كېرەك ئىدى. تۇخاۋ ـ لىبېنلار ئارىسىدا ئۇرۇش باشلانمىغانلىقتىن، خۇنەن چېگرىسىدىكى يېڭشياڭ، چالىڭ ۋە يۇشيەن ناھىيىلىرىدە تېخى دۈشمەننىڭ چوڭ قوشۇنلىرى بولغانـ لىقتىن، ئاساسىي كۈچىمىز شىمالغا كېتىپ قالسا، دۈشمەننىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. جۇڭيالىڭ بىزدىن شەرقىي خۇنەن ياكى جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىشنى ئويلاپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىجرا قىلىش تولىمۇ خەۋپلىك، شەرقىي خۇنەنگە بېرىش تەكلىۋى گەرچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بولسىمۇ، جەنۇبىي خۇنەنگە بېرىشنىڭ نەتىجىسى تەجرىبىدە ئىسپاتلاندى. بۇنداق ئاچچىق تەجرىبە ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ھازىر تۇخاۋ ـ لىبېنلار سىنىپى ھوكۇمرانلىقىدا تېخى پارچىلىنىش پەيدا بولمىغان مەزگىل، چېگرا رايوننى ئورىۋېلىپ «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» ئېلىپ بېرىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى ھېلىمۇ ئون نەچچە تۈەنگە يېتىدۇ. لېكىن بىز نەق پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى داۋاملىق تاپالايدىغانلا بولساق (ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك ئەمەدى چوڭ مەسىلە ئەمەس)، چېگرا رايونىدىكى ئاساسقا تايىنىپ، مۇنچىلىك دۈشمەنگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلالايمىز. چېگرا رايونغا كەلسەك، قىزىل ئارمىيە كەتسە، چېگرا رايوننىڭ 8 ـ ئايدىكىگە ئوخشاش دەپسەندە قىلىنىشى دەرھال تەكرارلىنىدۇ. چۈۋېيدۇي پۈتۈنلەي يوقىتىلمىغان

تەقدىردىمۇ، پارتىيە ۋە ئاممىۋى ئاساس ناھايىتى چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ، تاغدىكى گېچۇيلەردىن ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغانلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، تۈزلەڭلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە 8 ۋە 9-ئايلاردىكىگە ئوخشاش مەخپىي ھالەتكە كوچۇشكە توغرى كېلىدۇ. قىزىل ئارمىيە كەتمىسە، ھازىرقى ئاساستا ھەر تەرەپكە قاراپ پەيدىن-پەي كېڭەيگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىت ناھايىتى زور. قىزىل ئارمىيىگە كەلسەك، ئۇنى كېڭەيتىمىز دىسەك، پەقەت ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە جىڭگاڭشەن ئەتراپىدا، يەنى نىڭگاڭ، يۇڭشىن، لىڭشيەن ۋە سۈيچۈەن ناھىيىلىرىدە، خۇنەن ھەم جياڭشىلاردىكى دۈشمەنلەرنىڭ پايدا-زىيان بىرلىكى يوقلىغىدىن، ئوز كۈچىنى تەرەپ-تەرەپكە مۇداپىئەلىنىشكە قويۇپ، توپلاشقا ئامالسىز قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. توغرى جەنئۇ قوللىنىشىمىز، كۈرەش قىلمىساق، بىر گەپ، كۈرەش قىلىدىكەنمىز، جەزمەن غەلىبە قازىنىشىمىز، جەزمەن ئەسىر ۋە غەنىمەت ئېلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلساق، قىزىل ئارمىيىنى پەيدىن-پەي زورايتقىلى بولىدۇ. چېگرا رايوندىكى ئاممىنىڭ 4-ئايدىن 7-ئايغىچە بولغان تەييارلىغىنى ئالساق، قىزىل ئارمىينىڭ ئاساسي قىسىملىرى جەنۇبىي خۇنەنگە كەتمىگەن بولسا، 8-ئاي ئىچىدە قىزىل ئارمىيە شەك-شۈبھىسىز زورايغان بولاتتى. گەرچە بىر قېتىم خاتالىق ئوتكۈزگەن بولسىمۇ، قىزىل ئارمىيە يەر شارائىتى ئەپلىك، خەلقى بىلەن ئىناق بولغان چېگرا رايونغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ھېلىمۇ يامان بولماس دىگەن ئۈمىت بار. قىزىل ئارمىيە چېگرا رايوندىن ئىبارەت مۇشۇنداق جايلاردا كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىشى، چىدامىلىق بىلەن جەڭ قىلىدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشى

لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، قۇرال - ياراقلىرىنى كۆپەيتەلەيدۇ، ئۇبدان ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. چېگرا رايوندا قىزىل بايراقنىڭ قادالغىنىغا بىر يىل بولدى، بۇ بىر تەرەپتىن، خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئۆلكىلىرىدىكى، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۇخاۋ-لىېشېنلار سىنىپىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ-تىن، يېقىن ئۆلكىلەردىكى ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر ئاممىسىدە پەيدىن - پەي ئۈمىت پەيدا قىلدى. ئەسكەرلەردىن ئېيتساق، جۇنفا-لار چېگرا رايونغا قارىتا يۈرگۈزگەن «باسمىچىلارنى يوقىتىش»نى چوڭ بىر ئىش دەپ قاراپ، «يىل بويى باسمىچىلارنى يوقىتىمىز دەپ يۈردۇق، مىليونلاپ پۇللارنى بۇزدۇق» (لۇ دىپىڭ)، «ئۇلارنىڭ تۇمەنلەپ ئەسكىرى، مىڭلاپ قۇرالى بار» (ۋاڭ جۈن) دېگەن سۆز-لەرنى قىلغانلىقى دۈشمەن قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر ۋە نىجات يولى ئاپالمىغان تۆۋەن دەرىجىلىك جۈنگۈەنلەرنىڭ بىزگە بولغان دىققە-تىنى پەيدىن - پەي قوزغاۋاتىدۇ، ئۇلاردىن بىز تەرەپكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆتىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بارىدۇ، بۇ — قىزىل ئارمىيىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ يەنە بىر مەنبەئى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېگرا رايون قىزىل بايرىقىنىڭ باشتىن - ئاخىر يىقىلماي تۇرۇۋېشى گومىنداڭنىڭ كۈچىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپلار-نىڭ ۋەيران بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سىياسى جەھەتتىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشتىن-ئاخىر لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنى ۋە ئۇنى كېڭەيتىشنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن توغرى دەپ ھېساپلاپ كېلىۋاتىمىز.

# ئىزاھلار

① بۇ ئۇرۇش 1927 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بولغان.

② بۇ ئۇرۇش 1927 ـ يىلى 11 ۋە 12 ـ ئايلاردا بولغان.

③ قىزىل ئارمىيىدە ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى ۋە ئەسكەرلەر ۋېيىۋەنخۇيى تۈزۈمى كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1947 ـ يىلىغا كەلگەندە، كادىرلار رەھبەرلىك قىلىدىغان ھەربىلەر كېڭىشى ۋە ئەسكەرلەر ۋېيىۋەنخۇيى تۈزۈمى يەنە قوللىنىلدى.

④ بۇ 1927 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەنچاڭدا قوزغىلاڭ كوتۇرگەن يې تىڭ ۋە خې لۇڭ يولداشلارنىڭ كونا قىسىملىرىنى كورسىتىدۇ (يې تىڭ قىسمى توغرىسىدا مۇشۇ ئەسەرنىڭ ⑭ ئىزاھىغا قاراڭ). بۇ قىسىملار چاۋجۇ، شەنتۇ ناھىيىلىرىگە قىلىنغان يۈرۈشتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر بولىكى جۇ دې، لىن بياۋ ۋە چېن يى يولداشلار باشچىلىقىدا گۇاڭدۇڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، جياڭشى ئارقىلىق خۇنەننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېرىپ، پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. 1928 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىڭگاڭشەنگە يېتىپ بېرىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ بىلەن قوشۇلدى.

⑤ بۇ 1927 ـ يىلى ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ۋۇچاڭ گومىنجېڭفۇسىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى بولۇپ، ئۇنىڭ كادىرلىرىنىڭ تولىسى گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ئىدى. ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىقلار ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ۋۇچاڭدىن چىقىپ نەنچاڭغا بېرىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلماقچى بولدى. يېرىم يولغا بارغاندا، نەنچاڭدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ جەنۇبقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، شيۇشۇي ناھىيىسىگە بېرىپ، پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيىلىرىدىكى دىخانلار قوشۇنى بىلەن قوشۇلدى.

⑥ خۇنەننىڭ پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيىلىرى تەرەپتە 1927 ـ يىلى ئەتىيازدا خېلى كۈچلۈك بولغان دىخانلار قۇراللىق كۈچى شەكىللەندى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شۈي كېشياڭ چاڭشادا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋەقە (يەنى «21 ـ ماي ۋەقەسى»)قوزغاپ، ئىنقىلاۋىي ئاممىنى قىردى. 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيىلىرى تەرەپتىكى دېخانلار قوشۇنى چاڭشاغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا قايتۇرما زەربە بەرمەكچى بولدى؛ لېكىن جېنخۇيجۇيىچى چېن دۇشيۇ توسۇپ قويغانلىقتىن، يەنە ئارقىسىغا چېكىندى. دېخانلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى دەرھال مۇستەقىل تۇەن بولۇپ تەشكىللىنىپ، پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، پىڭجياڭ، ليۇياڭ ناھىيىلىرىدىكى دېخانلار قوشۇنى شيۇشۇي، تۇڭگۇ، پىڭجياڭ ۋە ليۇياڭ ناھىيىلىرى تەرەپتە ۋۇچاڭ گومىنجېڭفۇسىنىڭ ئىلگىرىكى مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنى بىلەن قوشۇلۇپ، پىڭشياڭ كومۇر كان ئىشچىلىرىنىڭ قۇراللىق كۈچىگە ماسلىشىپ، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنى كوتۇردى. بۇ قوزغىلاڭ كوتۇرگەن قوشۇنلار 10 ـ ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە جىڭگاڭشەنگە كەلدى.

⑦ 1928 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يولداش جۇدې جەنۇبىي خۇنەندە ئىنقىلاۋىي پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، ئەسلىدە دېخانلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى بار بولغان يىجاڭ، چېنجۇ، لېيياڭ، يۇڭشىڭ ۋە زىشىڭدىن ئىبارەت 5 ناھىيىدە بۇ چاغدا دېخانلار قوشۇنى تەشكىل قىلىنغان ئىدى. كېيىن بۇ دېخانلار قوشۇنى يولداش جۇدېنىڭ يېتەكچىلىكىدە جىڭگاڭشەنگە كېلىپ، يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن قوشۇلدى.

⑧ خۇنەن ئۆلكىسى چاڭنىڭ ناھىيىسىدىكى شۈيكۇشەن — مۇھىم قوغۇشۇن كانى. ئۇ يەردىكى كان ئىشچىلىرى 1922 ـ يىلىدىلا گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلاپقا قارشى بىرقانچە يىل كۈرەش قىلغان ئىدى. 1927 ـ يىلى كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىدىن كېيىن نۇرغۇن ئىشچىلار قىزىل ئارمىيىگە قاتناشتى.

⑨ ئەنيۇەن كومۇر كانى خەنيېپىڭ گوڭسىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ،

جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ ناھىيىسىگە جايلاشقان. شۇ چاغدا ئۇ كاندا 12 مىڭ ئىشچى بار ئىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭ خۇنەن ئۆلكىلىك ۋېيۈەنخۈيى 1921 ـ يىلدىن باشلاپ ئەنيۈەندە خىزمەت قىلىشقا كىشى ئېۋەتىپ، ئۇ يەردە پارتىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىنى قۇردى.

⑩ قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە ۋەكىلى 1929 ـ يىلدىن باشلاپ سىياسىي ۋېيۈەن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، لىيەندىكى سىياسىي ۋېيۈەن 1931 ـ يىلدىن باشلاپ سىياسىي جىداۋيۈەن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

⑪ «تۇخاۋلارغا زەربە بېرىش» بىلەن جەرىمانە قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەربىي خىراجەتنى غەملەش پەقەت ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن چارە ئىدى. ئارمىيە زورىيىپ، يەرلەر كېڭەيگەندە، ھەربىي خىراجەتنى باج ئېلىش ئارقىلىق غەملەش لازىم ۋە مۇمكىن بولدى.

⑫ بۇ چارە قىزىل ئارمىيىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىت قوللىنىلدى، شۇ چاغدا بۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى، كېيىنرەك دەرىجىسىگە قاراپ تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىپ، بۇرۇنقىدىن بىر ئاز پەرقلەندۈرۈلدى.

⑬ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە ئىنقىلابىي ئارمىيىدە مەلۇم دېموكراتىك تۇرمۇش بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا قىزىل ئارمىيە ئەمدىلا قۇرۇلغان، دېموكراتىيە تەكىتلەنمىسە، قوشۇنغا يېڭى كىرگەن دېھقانلارنىڭ ۋە ئاق قوشۇنلاردىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقىنى رىغبەتلەندۈرگىلى بولمايتتى، ئەكسىچە قوشۇنلاردىن كادىرلار ئارىسىغا تارالغان جۇنفاجۇيىلىق ئادەتلەرنى تولۇق تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئەلۋەتتە، قىسىملار ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇش ھەربىي ئىنتىزام يول قويغان دائىرىدە بولۇشى، ئىنتىزامنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولۇشى لازىم ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملار ئىچىدە زۆرۈر بولغان دېموكراتىيىنى يولغا قويغان چاغدا، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنتىزامسىزلىق ھادىسىلىرىگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك

ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق ھادىسىلەر دەسلەپكى چاغدىكى قىزىل ئارمىيە ئىچىدە بىر مەزگىل ئېغىر ھالدا ساقلانغان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئارمىيىدىكى چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە قارشى قىلغان كۈرىشى ھەققىدە «پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑭ 1926 ـ يىلى يېڭىدا قىلغان چاغدا يولداش يې تىڭنىڭ قىسمى بىر مۇستەقىل تۇەن بولۇپ، گۇڭچەندالڭ ئەزالىرى ئاساسىي تايانچ قىلىنغان، ئۇ يېڭىدا قىلغان چاغدا مەشھۇر جەڭگىۋار قىسىم ئىدى. ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ۋۇچاڭنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ تۇەن كېڭەيتىپ 24 ـ شى بولدى، نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن يەنە كېڭەيتىپ 11 ـ جۈن بولدى.

⑮ ئەمەلىيەتتە قىزىل ئارمىيە ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئادەم سانىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىلا بولاتتى، كېيىنرەك قىزىل ئارمىيىدە ۋە خەلق جىېفاڭجۈنىدە ئۇمۇمەن شۇنداق بولدى.

⑯ 1927 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جياڭ جېيشى، ۋاڭ جىڭۋېيلارنىڭ قۇتراتقۇسى بىلەن گومىنداڭنىڭ خۇنەندىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي جۇنگۇەنلىرىدىن شۈي كېشياڭ، خې جيەن قاتارلىقلار چاڭشادا خۇنەن ئۆلكىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى، ئۆلكىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنى ۋە باشقا ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى، كوممۇنىستلارنى ھەم ئىنقىلاۋىي ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنى قولغا ئالدى ۋە قىردى. بۇ ۋەقە «21 ـ ماي ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. بۇ ۋەقە گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىق قىلغان ۋۇخەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرى بىلەن جياڭ جېيشى باشچىلىق قىلغان نەنجىڭ ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قوشۇلۇشۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سىگنالى بولدى.

⑰ بۇ ـــ 1928 ـ يىلى خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونى بەلگىلىگەن يەر قانۇنىنىڭ بىر ماددىسى. يولداش ماۋ زېدۇڭ كېيىن پەقەت پومېش-

نىكلارنىڭ يەرلىرىنىلا مۇسادىرە قىلىش بىلەن چەكلەنمەي، بارلىق يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىشنىڭ خاتالىق ئىكەنلىكىنى، بۇ خاتالىق شۇ چاغدا يەر كۈرىشى تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1929 - يىل 4 - ئايدا شىڭگو ناھىيىسىنىڭ يەر قانۇنىدا «بارلىق يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىش» دىگەن سۆز «جامائەت يەرلىرىنى ۋە پومېشىكلار سىنىپىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش»قا ئۆزگەرتىلدى.

⑱ يېزىلاردىكى ئارىلىقتىكى سىنىپلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارىلىقتىكى سىنىپلارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر زەربە بېرىدىغان خاتا سىياسەتنى دەرھال تۈزەتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئارىلىقتىكى سىنىپلارغا قارىتىلىدىغان سىياسەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى ھەققىدە مۇشۇ ئەسەرگە ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1928 - يىل 11 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن قىزىل ئارمىيە 4 - جۇنىنىڭ 6 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ تەنىگە (بۇنىڭدا «قارغۇلارچە ئوت قويۇش، ئولتۈرۈشنى مەنئى قىلىش»، «ئوتتۇرا - ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش» دىگەن ماددىلار بار)، 1929 - يىل 1 - ئايدا چىقىرىلغان قىزىل ئارمىيە 4 - جۇنىنىڭ ئېلانىغا (بۇنىڭدا «شەھەر سودىگەرلىرى ئۇششاق - چۈشەك ئوقەتچى بىلەن شۇغۇللىنىۋەرسۇن، بىزگە بويسۇنسىلا، ئۇلارغا تېگىلمەيدۇ» دىگەن سۆزلەر بار) ۋە 1929 - يىل 4 - ئايدا چىقىرىلغان شىڭگو ناھىيىسىنىڭ يەر قانۇنىغا (مۇشۇ ئەسەرنىڭ ⑰ ئىزاھىغا) قارالسۇن.

⑲ بۇنداق ئەھۋالنى ئىنقىلاۋىي ئورۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا، گېنجۇي-دىلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ۋە ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەتنىڭ سودا - سانائەتنى قوغداش سىياسىتىگە تايىنىپ ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئىدى، كېيىن ئۆزگەر-تىلدى. بۇ يەردىكى ئاساسىي ھالقا قەتئىي تۈردە مىللىي سودا - سانائەتنى قوغداش، تولىمۇ سول سىياسەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىدى.

⑳ ئەمگەك كۈچىنى ئۆلچەم قىلىپ يەر تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە قىزىل رايونلاردا ئۇزاق ۋاقىتقىچە

جان سانىغا قاراپ تەڭ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپى قوللىنىلدى.

㉑ جىڭگۇبىتۇەن — ئەكسىلئىنقىلاۋىي يەرلىك قوراللىق كۈچ.

# پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا*

**(1929-يىل 12-ئاي)**

قىزىل ئارمىيە 4-جۈندىكى گۇڭچەنداڭ تەشكىلاتىدا ھەرخىل غەيرى پرولېتارىيات ئىدىيىلىرى مەۋجۇت، بۇلار پارتىيىنىڭ توغرى لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن زور توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇلار ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلمىسە، قىزىل ئارمىيە 4-جۈنى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرىشى يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنىڭ جەزمەن ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. 4-جۈن پارتىيە تەشكىلاتىدىكى تۈرلۈك ناتوغرى ئىدىيىلەرنىڭ مەنبەئى، تەبىي، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنىڭ ئەڭ زور قىسمىنى دېھقانلاردىن ۋە باشقا ئۇششاق بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان تەركىبلەر تەشكىل قىلغانلىقىدۇر؛ لېكىن پارتىيىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا بۇ ناتوغرى ئىدىيىلەرگە قارشى بىردەك قەتئىي كۈرەش قىلىشنىڭ كەم بولغانلىقى، پارتىيە ئەزالىرىغا توغرى لۇشيەن ھەققىدە تەربىيە بېرىشنىڭ كەم بولغانلىقىمۇ

مۇشۇ ناتوغرى ئىدىيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ۋە راۋاجلانغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. قۇرۇلتاي جۇڭگىياگىدىن 9-ئايدا كەلگەن خەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، 4-جۈن پارتىيە تەشكىلاتىدىكى ھەرخىل غەيرى پرولېتارىيات ئىدىيىلىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى، مەنبەلىرىنى ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، يولداشلارنى ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشقا چاقىرىدۇ.

## نوقۇل ھەربى كوز قاراش توغرىسىدا

نوقۇل ھەربى كوز قاراش قىزىل ئارمىيىدىكى بىر قىسىم يولداشلار ئارىسىدا ئىنتايىن راۋاجلانغان. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق:

1. ھەربى ئىشلار بىلەن سىياسىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى دەپ قاراپ، ھەربى ئىشلار پەقەت سىياسى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشنىڭ قۇراللىرىدىن بىرىلا ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلماسلىق. ھەتتا «ھەربى

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان قىزىل ئارمىيە 4-جۈنى 9-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى. جۇڭگو خەلق قوشۇنى ئۆز قۇرۇلۇشى داۋامىدا مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى (ياپون باستۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيە، ھازىر خەلق جېيفاڭجۈنى) 1927-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى نەنچاڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1929-يىل 12-ئايغا قەدەر ئىككى يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە قىزىل ئارمىيىدىكى كومپارتىيە تەشكىلاتلىرى تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى، خېلى مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ يازغان بۇ قارار ئەنە شۇ تەجرىبىلەرنىڭ خۇلاسىسى. بۇ قارار قىزىل

ئىشلار ياخشى بولسا، تەبىي، سىياسى ياخشى بولىدۇ، ھەربى ئىشلار ياخشى بولمىسا، سىياسىمۇ ياخشى بولمايدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بار، بۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ھەربى ئىشلار سىياسىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك، دەپ ھېساپلايدۇ.

2. قىزىل ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئاق ئارمىيىنىڭكىگە ئوخشاش پەقەت نوقۇل ھالدا ئۇرۇش قىلىشتىنلا ئىبارەت، دەپ ھېساپلاش. جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلاپنىڭ سىياسى ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر قۇراللىق گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا قىزىل ئارمىيە ھەرگىز نوقۇل ھالدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيە ئەمەس، ئۇ ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەننىڭ ھەربى كۈچلىرىنى يوقىتىشتىن تاشقىرى، يەنە ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇش-تۇرۇش، ئاممىنى قوراللاندۇرۇش، ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ھەتتا كومپارتىيىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا ئوخشاش زور ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشى نوقۇل ھالدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىش

---

ئارمىيىنى تامامەن ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئاساسىغا قۇرۇلۇش، كونىچە ئارمىيىنىڭ بارلىق تەسىرىنى يوقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ قارارنى قىزىل ئارمىيىنىڭ 4-جۈنلا ئەمەلىگە ئاشۇرۇپ قالماستىن، كېيىن قىزىل ئارمىيىنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ كەينى-كەينىدىن مۇشۇ قارار بويىچە ئىش ئېلىپ باردى، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى تامامەن ھەقىقى خەلق قوشۇنى بولۇپ قالدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلق قوشۇنىدىكى پارتىيە خىزمىتى ۋە سىياسى خىزمەتلەردە كەڭ تەرەققىيات ۋە ئىجادىيەتلەر بولدى، بۇ قوشۇننىڭ ھازىرقى قىياپىتى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، لېكىن تۈپ لۇشيەن ھېلىمۇ مۇشۇ قاراردىكى لۇشيەن.

ئەمەس، بەلكى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇ-شىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتۇر، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، قوراللاندۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ ئىنقى-لاۋىي ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق نىشانىدىن چەتنىگەنلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭدەك قىزىل ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ يوقىتىپ قويغانلىق بولىدۇ.

3. شۇ سەۋەپتىن، تەشكىلىي جەھەتتە قىزىل ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت ئورگانلىرىنى ھەربىي خىزمەت ئورگانلىرىغا قارايدىغان قىلىش، «سىلىكىۋ باشقا ئىشلارنىمۇ باشقۇرسۇن» شۇئارىنى ئوتتۇ-رىغا قويۇش. ئەگەر بۇنداق ئىدىيە راۋاجلىنىۋېرىدىغان بولسا، خۇددى گومىنداڭ ئارمىيىسى ماڭغان جۇغالىق يولغا ئوخشاش، ئاممىدىن ئايرىلىش، ھاكىمىيەتنى ئارمىيە ئارقىلىق تىزگىنلەش، پۇرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ.

4. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەشۋىقات خىزمىتى جەھەتتە تەشۋىقات دۈيىنىڭ مۇھىملىقىغا ئېتىۋارسىز قاراش. ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە ئارمىيىدە ئەسكەرلەر ۋېيىۋەنخۇيى تەشكىل قىلىشقا ۋە جايلاردا ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئېتىۋارسىز قاراش. نەتىجىدە تەشۋىقات ۋە تەشكىلات خىزمەتلىرى ئەمەلدىن قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

5. ئۇرۇشتا غەلىبە قازانسا مەغرۇرلىنىش، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا پاسسىپلىشىش.

6. تار مەھكىمىچىلىك، ھەممىدە پەقەت 4-جۈننىلا كۆزدە

تۈزىتىشنى بىلىپ، يەرلىك ئاممىنى قۇراللاندۇرۇش قىزىل ئارمىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك. بۇ — بىر تۈرلۈك چوڭايتىلغان كىچىك گۇرۇھۋازلىق.

7. ئاز سانلىق يولداشلار 4 ـ جۈندىن ئىبارەت قىسمەن مۇھىت بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، بۇنىڭدىن باشقا ئىنقىلاۋىي كۈچ يوق، دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردا ئەمەلىي كۈچنى ساقلاش، كۆرەشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتىش ئىدىيىسى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ — جىخۇي-جۇيىنىڭ قالدۇغى.

8. جۇڭگو ۋە كېڭگو ئەن شەرت ـ شارائىتلارغا قارىماي، ئىنقىلاپتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئىنچىكە ۋە پۇختا ئىشلىنىدىغان ئاممىۋى خىزمەتلەرنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەشنى خالىماستىن، چوڭ تۈتۈش قىلىشنىلا ئويلاش، خام خىياللارغا بېرىلىپ كېتىش. بۇ — قارامىلىقنىڭ قالدۇغى[1].

نوقۇل ھەربىي كوز قاراشنىڭ مەنبەلىرى:

1. سىياسىي سەۋىيىنىڭ تۆۋەنلىكى. شۇ سەۋەپتىن ئارمىيىدىكى سىياسىي رەھبەرلىكنىڭ رولىنى چۈشەنمەسلىك، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاق ئارمىيىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەسلىك.

2. ياللانما قوشۇنلۇق ئىدىيىسى. ھەر قېتىمقى جەڭلەردە ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر ناھايىتى جىق بولۇپ، بۇنداق ئۇنسۇرلار قىزىل ئارمىيىگە كىرگەندە كۈچلۈك ياللانما قوشۇنلۇق ئىدىيىسىنى ئېلىپ كىرگەنلىكتىن، نوقۇل ھەربىي كوز قاراش تۆۋەن قاتلام ئاساسىغا ئىگە بولۇپ قالدى.

3. يۇقۇرىدىكى ئىككى سەۋەپ بولغانلىقتىن، ئۈچىنچى سەۋەپ كېلىپ چىقتى، ئۇ بولسىمۇ ھەربىي كۈچكە ھەددىدىن ئوشۇق ئىشىنىپ

كېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆچىگە ئىشەنمەسلىك.

4. پارتىيىنىڭ ھەربىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ۋە ئۇنى ئاكتىپ مۇزاكىرە قىلمىغانلىقىمۇ بىر قىسىم يولداشلاردا نوقۇل ھەربىي كۆز قاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. تەربىيە ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدە سىياسىي سەۋىيىنى ئۆستۈرۈپ، نوقۇل ھەربىي كۆز قاراشنىڭ نەزەرىيىۋى يىلتىزىنى قۇرۇتۇش، قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاق ئارمىيىنىڭ تۈپ پەرقىنى ئېنىق چۈشىنىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جىخۇيىجۇيى ۋە قاراملىقنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ يوقىتىش، 4-جۈندىكى تار مەھكىمىچىلىكنى تۈگىتىش.

2. جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان سىياسىي تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئەسىر ئېلىنغانلارغا بېرىلىدىغان تەربىيىنى كۈچەيتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىشچىلار، دېھقانلارنى تاللاپ قىزىل ئارمىيىگە قاتناشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن نوقۇل ھەربىي كۆز قاراشنىڭ يىلتىزىنى تەشكىلىي جەھەتتىن ئاجىزلىتىش ۋە يۇلۇپ تاشلاش.

3. يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قىزىل ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەنقىد قىلىشقا ۋە ئاممىۋى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قىزىل ئارمىيىنى تەنقىد قىلىشقا قوزغاپ، قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا، قىزىل ئارمىيىنىڭ جۈنگۈەن ۋە ئەسكەرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش.

4. پارتىيە ھەربىي خىزمەتلەرگە ئاكتىپ ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ مۇزاكىرە قىلىش. بارلىق خىزمەتلەرنى پارتىيە مۇزاكىرە

قىلغان ۋە قارار قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاممە ئارقىلىق ئىجرا قىلىش.

5. قىزىل ئارمىيىنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى، ھەربىي خىزمەت شىتۇكىنىڭ سىياسىي خىزمەت شىتۇكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، قىزىل ئارمىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئەسكەرلەر ۋەيپىۋەنخۇيىنىڭ ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھەربىي، سىياسىي ئورگانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش.

## چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيە 4 - جۇنى جۇگياگىنىڭ يولىيورۇغىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ھادىسىلىرى خېلى ئازايدى. مەسىلەن، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى بىرقەدەر ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان بولدى: قىزىل ئارمىيىدە «تۆۋەندىن يۇقۇرىغا بولغان دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى»، «ئاۋال تۆۋەننىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، ئاندىن يۇقۇرى قارار قىلىش» دېگەنلەرنى ئەمەلگە قويۇشنى تەلەپ قىلىشقا ئوخشىغان خاتا تەشەببۇسلارنىمۇ ئەمدى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويمايدىغان بولدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇلارنىڭ ئازايغانلىقى پەقەت بىردەملىك ۋە يۈزەكى ھادىسە، تېخى چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ يوقىتىلغانلىقى ئەمەس. بۇ، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ يىلتىزى تېخى نۇرغۇنلىغان يولداشلارنىڭ

ئىدىيىسىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، دېگەن سۆز. مەسىلەن، قارار-لارنى ئىجرا قىلىشتا خىلمۇ-خىل زورلىنىش پوزىتسىيىلىرىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ يىلتىزىنى نەزەرىيە جەھەتتىن قومۇرۇپ تاشلاش. ئالدى بىلەن چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ خەۋپى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ھەتتا ئۇلارنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەتتا پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ، پارتىيىنى كۈرەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان قىلىپ قويۇش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ مەنبەئى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم. بۇنداق چېچىلاڭغۇلۇق پارتىيە ئىچىگە ئېلىپ كىرىلسە، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئىدىيىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئىدىيە پرولېتارىياتنىڭ كۈرەش ۋەزىپىلىرى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدۇ.

2. تەشكىلىي جەھەتتە مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكى ئاستىدىكى دېموكراتىك تۈزۈمنى قاتتىق يولغا قويۇش. بۇنىڭ لۇشيەنى:

1) پارتىيىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى توغرى يېتەكچى لۇشيەنگە ئىگە بولۇش، ئىشتا چارە-تەدبىرلىك بولۇش، بۇنىڭ بىلەن رەھبەرلىك مەركىزىنى تىكلىۋېلىش.

2) يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگان-

لارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇشنى توغرى يېتەكچىلىكنىڭ كېگۇەن ئاساسى قىلىش.

3) پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا تولىمۇ ئوز مەيلىچە بولۇپ كەتمەسلىك. قارار قوبۇل قىلىنغان ئىكەن، قەتئى ئىجرا قىلىش.

4) يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ قارارلىرىنىڭ مۇھىم- راقلىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارغا ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىگە تېزدىن يەتكۈزۈش. بۇنىڭ ئۇسۇلى — ئاكتىپلار يىغىنى ئېچىپ ياكى جىزبۇ، ھەتتا زۇگدۇي بويىچە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ (شارائىتنىڭ يار بېرىشىگە قاراش كېرەك)، ئادەم ئېۋەتىپ دوكلات بېرىش.

5) پارتىينىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلىرى ۋە پارتىيە ئەزا- لىرى ئاممىسى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى تەپسىلى مۇزاكىرە قىلىپ، يوليورۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىش ھەم ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەش.

## تەشكىلسىزلىك كوز قارىشى توغرىسىدا

4- جۇندىكى پارتىيە تەشكىلاتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەشكىلسىزلىك كوز قاراشلىرىنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئا) ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنماسلىق. مەسىلەن، ئازچىلىقنىڭ ئەكلىۋى رەت قىلىنسا، ئۇلار پارتىينىڭ قارارلىرىنى سەممىيەتلىك بىلەن ئىجرا قىلمايدۇ.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. يىغىن ئوتكۈزگەندە، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى تولۇق پىكىر بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. تالاش-تارتىش بولغان مەسىلىلەردە مۇرەسسەچىلىك قىلماي ۋە ئەپلەپ-سەپلەپ ئوتكۈزۈۋەتمەي، ھەق-ناھەقنى ئېنىقلاش كېرەك. بىر قېتىمدا ھەل قىلغىلى بولمىسا، ئىككىنچى قېتىم يەنە مۇھاكىمە قىلىپ (خىزمەتكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن)، ئېنىق خۇلاسىگە كېلىش كېرەك.

2. پارتىيىنىڭ ئىنتىزاملىرىدىن بىرى — ئازچىلىق كوپچىلىككە بويسۇنۇش. ئازچىلىق ئوز پىكرى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، كوپچىلىك ماقۇللىغان قارارنى ھىمايە قىلىشى شەرت. زورۇر تېپىلغاندا، ئوز پىكرىنى كېيىنكى يىغىندا يەنە مۇزاكىرىگە قويۇشقا بولىدۇ، لېكىن ھەرىكەتتە ھەرقانداق قارشىلىق ئىپادىسىنى كورسىتىشكە بولمايدۇ.

ب) تەشكىلسىز تەنقىت:

1. پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىت — پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچەيتىدىغان، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرىدىغان قۇرال. لېكىن قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىچىدىكى تەنقىتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇنداق ئەمەس، شەخسكە ھۇجۇم قىلىشقا ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە شەخسلەرنىلا كاردىن چىقىرىش بىلەن قالماي، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىمۇ كاردىن چىقاردى. بۇ — ئۇششاق بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلىكىنىڭ ئىپادىسى. تۈزىتىش ئۇسۇلى — پارتىيە ئەزالىرىغا تەنقىتنىڭ مەقسىدى پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سىنىپي كۈرەشنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى، تەنقىتنى شەخسكە ھۇجۇم قىلىش قۇرالى سۈپىتىدە پايدىلانماسلىق

لازىملىقىنى بىلدۈرۈش.

2. بىرمۇنچە پارتىيە ئەزالىرى تەنقىتنى پارتىيە ئىچىدە قىلماي، پارتىيە سىرتىدا قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلى (يىغىن ۋە باشقىلار)نىڭ مۇھىملىقىنى تېخىچە چۈشەنمەي، تەنقىتنىڭ تەشكىل ئىچىدە ياكى تەشكىل تېشىدا بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، دەپ بىلىدۇ. تۈزىتىش ئۇسۇلى — پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ مۇھىملىقىنى، داڭۋېيغا ياكى يولداشلارغا تەنقىدى بولسا، پارتىيە يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش.

## مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيىدىكى مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق بىر مەزگىل ناھايىتى قاتتىق ئەۋج ئالدى. مەسىلەن: يارىدارلارغا بېرىلىدىغان خىراجەتنى جاراھەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ پەرقلىق بېرىشكە قارشى تۇرۇپ، ھەممىگە باراۋەر بېرىشنى تەلەپ قىلىش. جۇنگۇەنلەرنىڭ ئات مىنىشىنى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ قارىماستىن، بەلكى تەڭسىزلىك تۈزۈمى دەپ قاراش. نەرسە ـ كېرەك تەقسىم قىلىشتا مۇتلەق تەڭ تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئايرىم ئەھۋالدىكىلەرگە كۆپرەك تەقسىم قىلىشقا رازى بولماسلىق. گۈرۈچ توشۇشتا چوڭ ئادەم ياكى كىچىك بالا بولۇشىغا، تېنىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا قارىماستىن، تەڭ كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش. تۇرىدىغان ئۆيلەرنى ئوخشاش تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، سىلىڭبۇ چوڭراق ئۆيگە ئورۇنلاشسىمۇ تىللاش. ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاندا،

ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، سەل-پەل ئوشۇقراق بولسا ئۆنىماسلىق. ھەتتا بىر زەمبىلگە ئىككى ياردار توغرى كېلىپ قالسا، ھەر ئىككىلىسى قېلىپ قېلىشقا رازىكى، بىرسىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشىگە رازى بولماسلىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ جۇنگوەن-ئەسكەرلىرى ئىچىدە مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىقنىڭ تېخى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق، سىياسىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە ئوخشاش، قول سانائىتى ۋە ئۇششاق دېخان ئىگىلىكىدىن كېلىپ چىققان، بۇلارنىڭ بىرى سىياسىي تۇرمۇش جەھەتتە كورۇلسە، يەنە بىرى ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە كورۇلىدۇ، خالاس.

تۈزىتىش ئۇسۇلى: مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق كاپىتالىزىم تېخى يوقىتىلمىغان دەۋردە ئۇششاق مۇلۇكدار دېخانلارنىڭ بىر خىل خام خىيالى بولۇپلا قالماستىن، سوتسىيالىزىم دەۋرىدىمۇ ماددىي تەقسىمات «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە يارىشا ھەق ئېلىش» دېگەن پرىنسىپقا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ بولىدىغانلىقىنى، مۇتلەق تەڭ تەقسىمات دېگەننىڭ ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى كورسىتىپ بېرىش كېرەك. قىزىل ئارمىيىدە كىشىلەرگە ماددىي نەرسىلەر تەقسىم قىلىنغاندا، ئۇمۇمەن تەڭ تەقسىم قىلىش، مەسىلەن، جۇنگوەنلەر بىلەن ئەسكەر-لەرنىڭ مائاشىنى باراۋەر قىلىش كېرەك، چۈنكى بۇ ھازىرقى كۈرەش شارائىتى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. لېكىن ھېچقانداق سەۋەپنى سۈرۈش-تۈرمەيدىغان مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم، چۈنكى بۇ، كۈرەش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئەمەس، دەل ئەكسىچە، كۈرەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

# جۇگۇەنجۇيى توغرىسىدا

جۇگۇەنجۇيى بەزى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت، بۇ سىياسى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشقىمۇ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ ئىنتايىن پايدىسىز. چۈنكى سىياسى ۋەزىيەت جۇگۇەنجۇيىلىق بىلەن تەھلىل قىلىنسا ۋە خىزمەتكە جۇگۇەنجۇيىلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىنسا، ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى يا جىنخۇي-جۇيى بولىدۇ، يا قارامىلىق بولىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى جۇگۇەنجۇيىلىق تەنقىت، دەلىل-ئىسپاتسىزلا كەلسە-كەلمەس سۆزلەش ياكى ئۆز ئارا گۇمانلىنىشلارغا كەلسەك، بۇلار كوپىنچە پارتىيە ئىچىدە پىرىنسىپسىز ماجىرالارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى بۇزىدۇ.

پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىت مەسىلىسىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا بار، ئۇ بولىمۇ بەزى يولداشلارنىڭ تەنقىت قىلىشتا مەسىلىنىڭ چوڭ تەرىپىگە دىققەت قىلماي، پەقەت ئۇششاق تەرىپىگىلا دىققەت قىلىدىغانلىقى. ئۇلار تەنقىتنىڭ ئاساسي ۋەزىپىسى سىياسى جەھەتتىكى خاتالىق ۋە تەشكىلي جەھەتتىكى خاتالىقلارنى كورسىتىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. شەخسلەر-نىڭ كەمچىلىكلىرىگە كەلسەك، ئەگەر سىياسى ۋە تەشكىلي خاتالىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، ھەدەپ ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىپ، يولداشلارنى تەمتىرىتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق تەنقىتلەر راۋاجلىنىپ كېتىۋەرسە، پارتىيە ئىچىدىكى دىققەت-ئېتىۋار پۈتۈنلەي ئۇششاق كەمچىلىكلەر ئۈستىگە توپلىنىپ قالىدۇ-دە، ھەممە كىشى تولىمۇ ئېھتىياتچان ئالىجانابلارغا ئايلىنىپ

قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسى ۋەزىپىسىنى ئۇنۇتۇپ قالىدۇ، بۇ ناھايىتى زور خەۋپ.

تۈزىتىش ئۇسۇلى: ئاساسەن پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى سىياسىلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىلاشتۇرۇش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن: 1) پارتىيە ئەزالىرىنى سىياسى ۋەزىيەت ۋە سىنىپىي كۈچلەرنى جۈگۈەنجۈيلىق بىلەن تەھلىل قىلىش ۋە مولچەرلەش ئورنىغا ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىدىغان ۋە مولچەرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. 2) پارتىيە ئەزالىرىنى ئىجتىمائى ئىگىلىكنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلىدىغان، كۈرەش سىياسىتى ۋە خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئەنە شۇنىڭ بىلەن بەلگىلەيدىغان قىلىش، يولداشلارنى ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈشتىن چەتنىسە، خام خىيال ۋە قارامىلىق ئورىسىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قىلىش كېرەك. 3) پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىتتە جۈگۈەن ھالىدا قارىسىغا ھوكۇم قىلىشتىن ۋە تەنقىتنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، سوزلىگەندە، دەلىل-ئىسپاتى بولۇش، تەنقىت قىلغاندا، سىياسىغا دىققەت قىلىش لازىم.

## شەخسىيەتچىلىك توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشىنىڭ تۆۋەندىكىچە تۈرلۈك ئىپادىلىرى بار:

1. ئوچ ئېلىش. پارتىيە ئىچىدە ئەسكەر يولداشلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىسا، پارتىيە تېشىدا پۇرسەت تېپىپ، ئۇلاردىن ئوچ ئالىدۇ،

ئۇرۇش-تىللاش ئەنە شۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى. پارتىيە ئىچىدىمۇ ئۆچ ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزلەيدۇ؛ سەن بۇ قېتىمقى مەجلىستە بىراۋ ئۈستىدە سۆزلىگەن بولساڭ، كېلەر مەجلىستە ئۇ بىرەر پۇتاق چىقىرىپ، سېنىڭدىن ئۆچ ئالىدۇ. بۇنداق ئۆچ ئېلىش تامامەن شەخسىي نۇقتىئىي نەزەرنى ئاساس قىلىدۇ، سىنىپىي مەنپەئەت ۋە پۈتۈن پارتىيە مەنپەئەتىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ نىشانىسى دۈشمەن سىنىپلار ئەمەس، ئۆز سېپىدىكى باشقا شەخسلەر. بۇ — تەشكىلاتنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئۇپراتقۇچ.

2. كىچىك گۇرۇھۋازلىق. پەقەت ئۆزىنىڭ كىچىك گۇرۇھىنىڭ مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بولۇپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بولـ-مەسلىك، بۇ قارىماققا شەخسنى كۆزلىمىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلدە تار شەخسىيەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئۇپرىتىش رولى ۋە مەركەزدىن قاچۇرۇش رولىغا ئىگە. قىزىل ئارمىيەدە بۇرۇندىن كىچىك گۇرۇھۋازلىق كەيپىياتى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەلگەن ئىدى، تەنقىت ئارقىلىق ھازىر بىرقەدەر ياخشىلاندى، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت، تىرىشىپ تۈگىتىشكە توغرى كېلىدۇ.

3. ياللانمىلىق ئىدىيە. پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بولسا، بۇلار-نىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب-نىڭ جۇتسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنى ئىنقىلاپ ئالدىدا جاۋاپكار ئەمەس، پەقەت باشلىقنىڭ ئالدىدىلا جاۋاپكار دەپ بىلىدۇ. بۇنداق ياللانمىلىق بىلەن ئىنقىلاپ قىلىدىغان پاسسىپ ئىدىيىمۇ

شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بۇنداق ياللانمىلىق بىلەن ئىنقىلاپ قىلىش ئىدىيىسى — شەرتسىز تىرىشىدىغان ئاكتىپلارنىڭ ئانچە كوپ بولماۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى. ياللانمىلىق ئىدىيە يوقىتىلمايدىكەن، ئاكتىپلارنى كوپەيتكىلى بولمايدۇ، ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكى باشتىن ـ ئاخىر ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭلا زىممىسىگە چۈشىدۇ، بۇ كۈرەش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز.

4. راھەتپەرەسلىك. شەخسىيەتچىلىكنى راھەتكە بېرىلىش جەھەتتە ئىپادىلەۋاتقان كىشىلەرمۇ قىزىل ئارمىيىدە ئاز ئەمەس. ئۇلار ھامان قوشۇنلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىشقا ئىنتىلىشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى راھەت كۆرۈش ئۈچۈن. ئۇلار تۇرمۇش مۇشەققەتلىك بولغان قىزىل رايونلاردا ئىشلەشنى بەكمۇ ياقتۇرمايدۇ.

5. پاسسىپلىق قىلىپ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش. ئىش سەللا دىتىغا ياقماي قالسا، پاسسىپلىشىپ، خىزمەت قىلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاساسەن، تەربىيىنىڭ كەملىكى، لېكىن رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشى، خىزمەت تەقسىم قىلىشى ياكى ئىنتىزام چارىسىنى قوللىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىمۇ بىر سەۋەپ.

6. قوشۇندىن كېتىشكە ئىنتىلىش ئىدىيىسى. قىزىل ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ قوشۇندىن كېتىپ، يەرلىك خىزمەتكە يوتكىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كوپىيىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تامامەن شەخسلەردىلا ئەمەس، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىرىنچىدىن، قىزىل ئارمىيىدە ماددىي تۇرمۇشنىڭ تولىمۇ ناچار بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ ھاردۇق يەتكەنلىكى؛ ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ

قىلىشى، خىزمەت تەقسىم قىلىشى ياكى ئىنتىزام چارىسىنى قوللىنىشـ
نىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەرمۇ بار.

تۈزىتىش ئۇسۇلى: ئاساسەن تەربىيىنى كۈچەيتىپ، شەخسىيەتچىـ
لىكنى ئىدىيە جەھەتتىن تۈزىتىش. ئاندىن مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ
قىلىش، خىزمەت تەقسىم قىلىش ۋە ئىنتىزام چارىسى قوللىنىش مۇۋاـ
پىق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك بىر ئىلاج قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ
ماددى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، پايدىلىنىشقا مۇمكىن بولغان بارلىق
پەيتلەردىن پايدىلىنىپ، قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرۇش ـ تەرتىپكە
سېلىش، شۇنىڭ بىلەن ماددى شارائىتنى ياخشىلاش لازىم. ئىجتىـ
مائىي مەنبەدىن ئېيتقاندا، شەخسىيەتچىلىك — ئۇششاق بۇرژۇئازىيە
ۋە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى، تەربىيە
ئېلىپ بارغان چاغدا بۇنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

## ليۇكوجۇيلىق ئىدىيە توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيىدە سەرگەردانلار تەركىۋىدىكىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ
سانىنى تەشكىل قىلغانلىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە، بولۇپمۇ جەنۇبىتىكى
ئۆلكىلەردە كەڭ سەرگەردانلار ئاممىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانـ
لىقى سەۋەبىدىن، قىزىل ئارمىيىدە ليۇكوجۇيلىق سىياسى ئىدىيە
پەيدا بولدى. بۇنداق ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىرى: 1) جاپالىق خىزمەتـ
لەرنى ئىشلەپ گېنجۇيدى قۇرۇشنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى
قۇرۇشنى، بۇنىڭ بىلەن سىياسى تەسىرنى كېڭەيتىشنى خالىماي،
پەقەت كوچمە پارتىزانلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سىياسى تەسىرنى
كېڭەيتىشنىلا خىيال قىلىش. 2) قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىشتە يەرلىك

چۈشىدۇ، يەرلىك قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاساسى قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش لۇشيەنىدە ماڭماستىن، بەلكى «ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئېلىش»، «ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلىش» لۇشيەنىدە ماڭماقچى بولۇش. 3) ئامما بىلەن بىرلىكتە مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى قىلىشقا چىدىماي، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىشنىلا ئارزۇ قىلىش. لىيۇكۇجۇيىلىق ئىدىيىنىڭ ئەنە شۇنداق بارلىق ئىپادىلىرى قىزىل ئارمىيىنىڭ توغرا ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشىغا ناھايىتى زور توسقۇن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا لىيۇكۇجۇيىلىق ئىدىيىنى يوقىتىش ھەقىقەتەنمۇ قىزىل ئارمىيە پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ مۇھىم بىر نىشانىسى. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، تارىختىكى خۇاڭ چاۋ[2] ۋە لى چۇاڭلار[3]چە لىيۇكۇجۇيىلىققا بۇگۈنكى شارائىت يول قويمايدىغان بولۇپ قالدى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرى ئىدىيىلەرنى تەنقىت قىلىپ، لىيۇكۇجۇيىلىقنى يوقىتىش.

2. ھازىرقى قىزىل ئارمىيىنىڭ تۈپ قوشۇنلىرىغا ۋە ئەسىرلەردىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرگە قارىتا لۇكچەكلىك ئېڭىغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش.

3. كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىشچى-دېھقان ئاكتىپلىرىنىڭ قىزىل ئارمىيە سېپىگە كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ تەركىۋىنى ئۆزگەرتىش.

4. كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدىن يېڭى قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

## قاراملىقنىڭ قالدۇقلىرى توغرىسىدا

قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا قاراملىققا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلىغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى تولۇق بولمىدى. شۇڭا، قىزىل ئارمىيىدە قاراملىق ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: 1) جۇڭگۇەن ۋە كېڭگۇەن شەرت ـ شاراـ ئىتلارغا قارىماستىن، قارىسىغا ئىشلەش. 2) شەھەر سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ تولۇق بولماسلىقى، قەتئىي بولماسلىقى. 3) ھەربىي ئىنتىزام بوشاپ كېتىش، بولۇپمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان چاغلاردا. 4) تېخى بەزى قىسىملاردا ئۆيلەرگە ئوت قويۇش قىلمىقىلىرىنىڭ بارلىقى. 5) قاچقان ئەسكەرلەرنى ئېتىش تۈزۈمى ھەم تەن جازاسى بېرىش تۈزۈمىنىڭمۇ قاراملىق خاراكتېرىدا بولغانلىقى. قاراملىقنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەئى ــ لۇكچەك پرولېتارلار ئىدىيىسى بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ يىغىندىسى.

تۈزىتىش ئۇسۇللىرى:

1. قاراملىقنى ئىدىيە جەھەتتىن يوقىتىش.
2. قاراملىق قىلمىقلىرىنى تۈزۈم ۋە سىياسەت جەھەتتىن تۈزىتىش.

### ئىزاھلار

① 1927 ـ يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى قىسقا مەزگىل ئىچىدە گۇڭچەندانگ ئىچىدە بىر خىل «سول»چىل قاراملىق خاھىشى پەيدا بولغان ئىدى، بۇنداق خاھىشتىكىلەر جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىنى «ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب» دەپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى «ئۈزلۈكسىز

ئۆرلەش» دەپ ھېسابلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرتىپلىك چېكىنىشنى ئۇيۇشتۇرۇشنى خالىماي، خاتا ھالدا بۇيرۇقچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، غەلىبە قازىنىشقا قىلچە ئۈمىت بولمىغان ئورغۇن يەرلىك قوزغىلاڭلارنى ئاز سانلىق پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئاز سانلىق ئاممىغا يۆلىنىپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇنداق قاراملىق ھەرىكەتلىرى 1927 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەۋج ئالغان ئىدى، 1928 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاستا - ئاستا توختىدى. لېكىن بەزى پارتىيە ئەزالىرىدىمۇ بۇنداق كەيپىيات تېخىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. قاراملىق تەۋەككۈلچىلىكتۇر.

⑥ خۇاڭ چاۋ — تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ساۋجۇ ۋىلايىتىنىڭ يۈەنجۈي ناھىيىسى (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خېزې ناھىيىسى)دىن. مىلادى 875 - يىلى، يەنى تاڭ سۇلالىسى شىزۇڭ خانىنىڭ چيەنفۇ 2 - يىلى خۇاڭ چاۋ ئاممىنى توپلاپ، ۋاڭ شيەنجى رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشىدۇ. ۋاڭ شيەنجى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خۇاڭ چاۋ ۋاڭ شيەنجىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى توپلاپ، ئۆزىگە «ئەرشكە ھۇجۇم قىلغۇچى ئۇلۇغ سەركەردە» دەپ نام بېرىدۇ. خۇاڭ چاۋ يېتەكچىلىك قىلغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىككى قېتىم شەندۇڭدىن چىقىپ يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا شەندۇڭدىن خېنەنگە كېلىدۇ، ئاندىن بۇرۇلۇپ، ئەنخۇي ۋە خۇبېيغا كىرىپ، خۇبېيدىن شەندۇڭغا قايتىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا يەنە شەندۇڭدىن خېنەنگە كېلىپ، ئۇ يەردىن بۇرۇلۇپ جياڭشىغا بارىدۇ، شەرقىي جېجياڭ ئارقىلىق فۇجيەن ۋە گۇاڭدۇڭغا بارىدۇ، ئۇ يەردىن گۇاڭشىغا بۇرۇلۇپ، خۇنەن ئارقىلىق خۇبېيغا بارىدۇ، يەنە خۇبېيدىن شەرققە يۈرۈپ، ئەنخۇي، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېنەنگە كىرىپ، لوياڭ شەھىرىنى ئالىدۇ. تۇڭگۇەننى بوسۇپ ئۆتۈپ، چاڭئەن شەھىرىنى ئالىدۇ. خۇاڭ چاۋ چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن چى دۆلىتى قۇرۇپ،

تۈزىنى خان دەپ جاكالايدۇ. كېيىن ئىچكى بۆلۈنۈشلەر سەۋەبىدىن (جوڭ سەركەردىسى جۇ ۋېن تاڭ خاندانلىقىغا تەسلىم بولىدۇ) ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە شاتو قەبىلىسىنىڭ باشلىقى لى كېيوڭنىڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، خۇاڭ چاۋ چاڭئەن شەھىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، ئاندىن يەنە خېنەنگە كىرىپ، خېنەندىن شەندۇڭغا قايتىپ كېلىدۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. خۇاڭ چاۋنىڭ ئۇرۇشى 10 يىل داۋام قىلىدۇ، بۇ — جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر دېھقانلار ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى. كونا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا: شۇ چاغدا «خەلقنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقتىن قىينالغانلىرى بەس - بەس بىلەن قوشۇلىدى» دېيىلگەن. لېكىن خۇاڭ چاۋ ئاددىي ھالدا كوچىمە ئۇرۇشلارنىلا قىلىپ، مۇقىمراق گېنجۇيدى قۇرمىغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «لىيۇكوجۇيىچى» دەپ ئاتالغان.

⑥ لى چۇاڭ، يەنى لى زىچېڭ — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىجى ناھىيىسىدىن. مىلادى 1628 - يىلى، يەنى مىڭ سۇلالىسى سىزوڭ خانىنىڭ چۇڭجېن 1 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى. لى زىچېڭ گاۋ يىڭشياڭنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، شەنشىدىن خېنەنگە كىردى، ئاندىن ئەنخۇيغا بېرىپ، ئۇ يەردىن بۇرۇلۇپ شەنشىگە قايتتى. 1636 - يىلى گاۋ يىڭشياڭ ئۆلۈپ، لى زىچېڭ چۇاڭۋاڭلىققا كۆتۈرۈلدى. لى زىچېڭنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئاساسىي شوئارى «چۇاڭۋاڭنى قارشى ئالغانلار غەللە - باراق تۆلىمەيدۇ» دېگەن شوئار بولدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىدارە قىلىشتىكى ئىنتىزامىدا «بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسەڭ، ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەندەك بولىسەن، بىر ئايالنىڭ نومۇسىغا تەگسەڭ، ئاناڭنىڭ نومۇسىغا تەگكەندەك بولىسەن» دېگەن شوئار بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار ناھايىتى كۆپ بولدى، بۇ شۇ چاغدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولدى. لېكىن ئۇمۇ مۇقىمراق گېنجۇيدى

قورماي، ھەمىشە ئۇياقتا - بۇياقتا دوقۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇ جۇاڭگۇاڭلىقىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى باشلاپ سىچۈەنگە كىرىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ جەنۇبىي شەنشىگە قايتىدۇ، بۇ يەردىن خۇبېي ئارقىلىق يەنە خېنەنگە كىرىدۇ، كېيىنرەك خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭياڭ شەھىرىنى ئالىدۇ، يەنە خېنەن ئارقىلىق شەنشىگە ھۇجۇم قىلىپ، شىئەن شەھىرىنى ئالىدۇ، 1644 - يىلى شەنشى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەستىن، مىڭ خاندانلىقىنىڭ قوماندانى ۋۇ سەنگۇينىڭ چىڭ خان- دانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن مەغلۇپ بولىدۇ.

# ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ*

**(1930 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)**

ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان ھەرىكىتىمىز مەسىلىسى ئۈستىدە پارتىيىمىزدىكى بىر قىسىم يولداشلاردا توغرى تونۇش تېخى كەم بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار گەرچە ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئەمما ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جياڭشىنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنى ماقۇل كۆرمەستىن، پەقەت فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭشى ئارىلىقىدىكى ئۈچ چېگرا رايوندا كۆچمە پارتىزانلىق قىلىشنىلا ماقۇل كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلاردا پارتىزان رايونلىرىدا قىزىل ھاكىمىيەت قۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر ئوي-پىكىر يوق، شۇڭا بۇنداق قىزىل ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش يولى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئالغا سۈرۈش توغرىسىدىمۇ چوڭقۇر ئوي-پىكىر يوق. ئۇلار ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تېخى ئۇزاق ۋاقىت بار تۇرغان مەزگىلدە ھاكىمىيەت قۇرۇشتەك بۇنداق جاپالىق

خىزمەتنى ئىشلەشنى بىكار ئاۋارىچىلىق دەپ ھېساپلاپ، سىياسى تەسىرنى بىرقەدەر ئاسانىراق بولغان كوچىمە پارتىزانلىق ئۇسۇلى بىلەن كېڭەيتىشنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلاردا ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولغاندا ياكى ئىشلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇراللىق قوزغىلاڭ كوتىرۈشنى، شۇ ۋاقىتتا قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچىنى قوشۇپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىلىك ئۇلۇغ ئىنقىلاپقا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمت قىلىشا كېرەك. ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە، جۈملىدىن ھەممە جايدا ئاۋال ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن ھاكىمىيەت قۇرۇش دېگەن بۇنداق نەزىرىيىسى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەملىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق نەزىرىيىسىنىڭ مەنبەئى، ئاساسەن، جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جاھانگىر دولەتلەر ئۆزئارا تالىشىۋاتقان يېرىم مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇمىغانلىغىدا. ئەگەر جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جاھانگىر دولەتلەر ئۆزئارا تالىشىۋاتقان يېرىم مۇستەملىكە ئىكەنلىكى ئېنىق تونۇۋېلىنسا، ئۇ ھالدا، بىرىنچى، پۈتۈن دۇنيا بويىچە نىمە ئۈچۈن پەقەت جۇڭگودىلا ھوكۇمران سىنىپلار ئىچىدە ئۆزئارا ئۇزاق مۇددەت يېغا بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق ئاجايىپ ئىشنىڭ بارلىغىنى، بەلكى بۇ يېغىلار-نىڭ نىمە ئۈچۈن كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ، كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىغىنى، بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەتنىڭ نىمە ئۈچۈن زادى ۋۇجۇتقا كېلەلمەيۋاتقانلىغىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. ئىككىنچى، دېھقانلار مەسىلىسىنىڭ جىددىيلىگىنى چۈشىنىۋېلىش،

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدىكى ئۈمىتسىزلىك ئىدىيىسىنى پىپەن قىلىش مەقسىدىدە يازغان خەت.

شۇنىڭ بىلەن بىزا قوزغىلاڭلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىر پۈتۈن
مەملىكەت مىقياسىدا بۇنداق راۋاجلىنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىۋې-
لىش مۇمكىن. ئۈچىنچى، ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك ھاكىمىيىتى
شۇئارىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. تۆتىنچى، پۈتۈن
دۇنيا بويىچە پەقەت جۇڭگودىلا ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدە ئۇزاق
مۇددەت يېغا بولۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ئىشقا مۇناسىپ پەيدا بولغان
يەنە بىر ئاجايىپ ئىشنى، يەنى قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىزان دۈيلىرى-
نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى،
شۇنىڭدەك قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىزان دۈيلىرىگە ئەگىشىپ ۋۇجۇتقا
كەلگەن، ئاق ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە ئۆسكەن كىچىك-
كىچىك قىزىل رايونلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە
راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى (جۇڭگودىن باشقا يەردە بۇنداق ئاجايىپ
ئىش يوق) چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. بەشىنچى، قىزىل ئارمىيە،
پارتىزان دۈيلىرى ۋە قىزىل رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم راۋاجلىنىشى
يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار
كۈرىشىنىڭ ئالىي شەكلى ئىكەنلىكىنى، يېرىم مۇستەملىكىدىكى
دېھقانلار كۈرىشى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى؛
بەلكى، شەك-شۈبھىسىز، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب دولقۇنىنى
ئالغا سۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىۋېلىش
مۇمكىن. ئالتىنچى، نوقۇل كوچمە پارتىزانلىق سىياسىتى پۈتۈن
مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئالغا سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئو-
رۇنلىيالمايدىغانلىقىنى، بەلكى جۇ دې-ماۋ زېدۇڭچە، فاڭ جىمىن①چە
سىياسەتنىڭ — گېنجۇيدىلىرى بولىدىغان، پىلانلىق ھالدا ھاكىمىيەت
قۇرىدىغان، يەر ئىنقىلابىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارىدىغان، خەلق

قۇراللىق كۈچلىرىنى كېڭەيتىش لۇشيەننى يېزىلىق چېۋېيدۇي، رايونلۇق چېۋېيدادۇي، ناھىيىلىك جۇۋېيزۇڭدۇي ۋە يەرلىك قىزىل ئارمىيە قۇرۇشتىن تارتىپ مۇنتىزىم قىزىل ئارمىيە قۇرۇشقا قەدەر بىر يۈرۈش چارىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، ھاكىمىيەت تەرەققىياتىنى دولقۇن شەكلىدە كېڭەيتىپ بارىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قىلىدىغان سىياسەتنىڭ شەك-شۈبھىسىز توغرى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. شۇنداق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، سوۋېت ئىتىپاقى پۈتۈن دۇنيادا ئىشەنچ تىكلىگىنىدەك، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاۋىي ئاممە ئالدىدا ئىشەنچ تىكلىگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا ئۇچراتقىلى، ئۇلارنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ، ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىشىنى چاپسانلاتقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، قىزىل ئارمىيىنى ھەقىقى تۈردە قۇرۇپ چىقىپ، كەلگۈسىدىكى ئۇلۇق ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي قۇرالىغا ئايلاندۇرغىلىمۇ بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، شۇنداق قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنقىلابنىڭ دولقۇنىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىنقىلاپتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېسىلىگە مۇبتىلا بولغان يولداشلار نامۇۋاپىق ھالدا ئىنقىلابنىڭ جۇگۇەن كۈچىنى[3] چوڭ چاغلاپ، ئەكسىلئىنقىلابنىڭ كۈچىنى كىچىك چاغلىدى. بۇنداق مۆلچەرنىڭ تولاراغى جۇگۇەنجۇيىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ ئاقىۋەت، شەك-شۈبھەسىز، قاراملىق يولىغا ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر ئىنقىلابنىڭ جۇگۇەن كۈچىنى كىچىك چاغلاپ، ئەكسىلئىنقىلابنىڭ كۈچىنى چوڭ چاغلىسا، بۇمۇ بىر تۈرلۈك نامۇۋاپىق مۆلچەر بولىدۇ،

بۇنىڭدىنمۇ مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر جەھەتتىكى يامان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سىياسى ۋەزىيىتىگە ھۆكۈم قىلىشتا توۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشىنىش زۆرۈر:

1. ھازىر جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ جۇگۇەن كۈچى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ قالاق ۋە ئاجىز ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى (ھاكىمىيەت، قۇراللىق كۈچ، پارتىيە-گۇرۇھ قاتارلىقلىرى)مۇ ئاجىز. بۇنىڭ بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىنكى، غەربىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىدىكى ئىنقىلاپنىڭ ھازىرقى جۇگۇەن كۈچى جۇڭگودىكى ئىنقىلاپنىڭ ھازىرقى جۇگۇەن كۈچىدىن، بەلكىم، كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەملىكەتلەردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۈچى جۇڭگودىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۈچىدىن نۇرغۇن ھەسسە كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇ يەرلەردە ئىنقىلاپ ھېلىمۇ دەرھال پارتلىيالمايدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ جۇگۇەن كۈچى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما ئەكسىل-ئىنقىلاۋىي كۈچلەرمۇ نىسبىي تۈردە ئاجىز بولغانلىقتىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋى دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى غەربىي ياۋروپادىكىگە قارىغاندا چوقۇم تېز بولىدۇ.

2. 1927-يىلى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپنىڭ جۇگۇەن كۈچى ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. قېلىپ قالغان كىچىككىنە كۈچ، بەزى ھادىسىلەردىنلا قارىغاندا، يولداشلاردا (شۇنداق قاراشتىكى يولداشلاردا) ئۈمىتسىزلىك خىياللىرىنى پەيدا قىلىشى تەبىي. لېكىن، ماھىيەتتىن قارىغاندا، تامامەن ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردە جۇڭگونىڭ «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن

بىر كونا سوزنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ، هازىرقى ۋاقىتتىكى كۈچ كىچىككىنە كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ناهايىتى تېز بولىدۇ، دېگەن سوز. بۇ كۈچ جۇڭگو شارائىتىدا راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماي، ھەتتا راۋاجلىنىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىگىمۇ ئىگە، بۇ 30-ماي ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلۇق ئىنقىلاب ھەرىكىتىدە تولۇق ئىسپاتلاندى. بىز ئىشقا قاراشتا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارىشىمىز، ئۇنىڭ ھادىسىلىرىنى بولسا، پەقەت بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشنىڭ باشلامچىسى دەپلا بىلىشىمىز، بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللىشىمىز كېرەك، مۇشۇلا ئىشەنچلىك ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى.

3. ئەكسىلئىنقىلابنىڭ كۈچىنى مولچەرلەشتىمۇ شۇنداق، ھەرگىز ئۇنىڭ ھادىسىلىرىگىلا قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قاراش كېرەك. خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىنى گېجۇي قىلىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزى يولداشلار شۇ چاغدىكى خۇنەن شېڭۋېينىڭ ناتوغرى مولچەرىگە چىندىن ئىشىنىپ كېتىپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنى بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىدى؛ تا هازىرغىچە كۈلكىلىك پاراڭ بولۇپ كېلىۋاتقان «راسا تەۋرىنىپ قالدى»، «تازا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى» دېگەن ئىككى جۈملە سوز شۇ چاغدا (1928-يىل 5-ئايدىن 6-ئايغىچە) خۇنەن شېڭۋېينىڭ خۇنەن ھوكۇمرانى لۇ دىپىڭنىڭ[3] كۈچىنى مولچەرلەپ ئېيتقان تەسۋىرىي سوزى ئىدى. بۇنداق مولچەر ئاستىدا سىياسىي جەھەتتىكى قارامىلىق مۇقەررەر پەيدا بولىدۇ. لېكىن شۇ يىل 11-ئايدىن بۇلتۇر 2-ئايغىچە (جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن گۇاڭشى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش[4] پارتلاشتىن بۇرۇن) تەخمىنەن 4 ئاي ئىچىدە، دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق «بىرلىشىپ

يوقىتىش» ھۇجۇمى⑤ جىڭگاڭشەنگە يېقىنلىشىپ قالغان چاغدا، بىر قىسىم يولداشلار يەنە «قىزىل بايراقنى زادى قاچانغىچە تۇتۇپ تۇرغىلى بولار» دىگەن گۇماننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ۋاقىت ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيەلەرنىڭ جۇڭگودىكى كۈرەشلىرى ناھايىتى ئاشكارا تۈس ئالغان، جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن گۇاڭشى گۇرۇھى ۋە فېڭ يۈشياڭ گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەنگەن، ماھىيەتتە ئەكسىلئىنقىلاب دولقۇنى پەسىيىشكە باشلىغان، ئىنقىلاب دولقۇنى قايتا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىت ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا پەقەت قىزىل ئارمىيە ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىلا بىر تۈرلۈك ئۈمىتسىزلىك ئىدىيىسى بولۇپ قالماي، ھەتتا جۇڭگياڭمۇ شۇ چاغدا ئەنە شۇ يۈزەكى ئەھۋاللار بىلەن قايمۇقۇپ قېلىپ، ئۈمىتسىزلىك مۇقاملىرىدىن خالى بولالمىدى. جۇڭگياڭنىڭ 2-ئايدىكى خېتى⑥ — شۇ ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى ئۈمىتسىز تەھلىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دەلىل-ئىسپات.

4. ھازىرقى كېگۈزەن ئەھۋال نۇۋەتتىكى يۈزەكى ھادىسىلەرنىلا كۆزىتىپ، ماھىيەتنى كۆزەتمەيدىغان يولداشلارنى ھېلىمۇ ئاسان قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. بولۇپمۇ بىزنىڭ قىزىل ئارمىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلىرىمىز ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ياكى توت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان، ياكى كۈچلۈك دۈشمەن ئىزىغا چۈشۈپ قوغلىغان ھامان، مۇشۇنداق ۋاقىتلىق، پەۋقۇلئاددە، تار شارائىتنى كوپۇنچە ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە كېڭەيتىۋېتىدۇ، گويا پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىدىن ئۈمىت قالمىغاندەك، گويا ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلىش ئىستىقبالى ناھايىتى تۇتۇقتەك. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈزەكى ئەھۋاللارغىلا ئېسىلىۋېلىپ،

ماھىيەتنى ئاشلىۋېتىدىغان بۇنداق كۆزىتىشلەرنىڭ بولۇشى ئۇلار-
نىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلما-
غانلىقىدىندۇر. جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ
كېلەمدۇ-يوق، دەپ سورىلىدىغان بولسا، بۇ ھەقتە پەقەت ئىنقىلاپ
دولقۇنىنى قوزغايدىغان ھەرخىل زىددىيەتلەرنىڭ ھەقىقى تۈردە ئالغا
قاراپ راۋاجلانغان-راۋاجلانمىغانلىقىنى تەپسىلى كۆزەتكەندىلا، بىر
قارارغا كەلگىلى بولىدۇ. خەلقارادا جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى،
جاھانگىرلار بىلەن مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە جاھانگىرلار
بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز مەملىكىتىدىكى پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتلەر راۋاجلانغان ئىكەن، جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى
تالىشىش ئېھتىياجى تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى
تالىشىشى جىددىيلەشكەن ھامان، جاھانگىرلار بىلەن پۈتۈن جۇڭگو
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، جاھانگىرلار بىلەن جاھانگىرلار ئوتتۇر-
سىدىكى زىددىيەت بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو زېمىنىدا راۋاجلىنىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىكى ھەرقايسى گۇرۇھ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار
ئوتتۇرىسىدا كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىدىغان ۋە كۈندىن-كۈنگە كەس-
كىنلىشىدىغان ئېغىلار پەيدا بولىدۇ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى گۇرۇھ
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈندىن-
كۈنگە راۋاجلىنىدۇ. ھەرقايسى گۇرۇھ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە — جۇڭفالار ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىلارغا
ئەگىشىپ، باج-پاراق ئېغىرلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ، كەڭ
كۆلەمدىكى باج-پاراق تۆلىگۈچىلەر بىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىشىنى تېزلە-
تىدۇ. جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭگو مىللىي سانائىتى ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەتكە ئەگىشىپ، جۇڭگو مىللى سانائىتىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ يول قويۇشىغا ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەت كېلىپ چىقىدۇ، شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت راۋاجلىنىدۇ، جۇڭگو كاپىتالىستلىرى ئىشچىلارنى جېنىنىڭ بېرىچە ئېزىش بىلەن نىجات يولى تاپماقچى بولىدۇ، جۇڭگو ئىشچىلىرى بولسا، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ شاكىپىن تاجاۋۇزى، جۇڭگو سودا كاپىتالىنىڭ شىلىشى ۋە ھۆكۈمەت باج-پاراقلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا ئەگىشىپ، پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، يەنى يەر ئىجارىسى ۋە جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، دېھقانلار بولسا، پومېشچىكلارغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. چەتئەل ماللىرىنىڭ بېسىمى، كەڭ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە ھۆكۈمەت باج-پاراقلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى ئارقىسىدا، ۋەتەن مېلى سودىگەرلىرى ۋە مۇستەقىل ئىشلەپچىقارغۇچىلار كۈندىن-كۈنگە ۋەيران بولۇش ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تەمنات يېتىشمەيۋاتقان شارائىتتا ئارمىيىنى چەكسىز كوپەيتىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ كۈندىن-كۈنگە كوپىيىپ كېتىشى ئارقىسىدا، ئەسكەرلەر ئاممىسى دائىم جاپالىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. دۆلەتنىڭ باج-پاراقلىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى، پومېشچىكلارنىڭ ئىجارە ھەققى ۋە قەرز ئۆسۈملىرىنىڭ ئېغىرلىشىشى ھەم ئۇرۇش ئاپىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان تەبىئى ئاپەت ۋە باسمىچىلار ئاپىتى پەيدا بولۇپ، كەڭ دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى

ھايات كوچۇرەلمەسلىك ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەكتەپ-لەرنى داۋاملىق ئېچىشقا پۇل بولمىغانلىقتىن، ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشسىز قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش قالاق بولغانلىقتىن، مەكتەپ پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئۈمىتسىزلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز يۇقۇرىدىكى زىددىيەتلەرنى چۈشەنسەك، جۇڭگونىڭ نەقەدەر تۇگمەس تەشۋىش-لىك ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نەقەدەر پاراكەندە ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. جاھانگىرلىككە قارشى، جۇنفالارغا قارشى، پومېششىكلارغا قارشى ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ نەقەدەر مۇقەررەرلىكىنى، بەلكى ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلە-لەيمىز. جۇڭگونىڭ ھەممە يېرى قۇرۇق ئوتۇن بىلەن تولدى، ناھايىتى تېز ئوت ئېلىپ يانغىنغا ئايلىنىدۇ. «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» دېگەن سوز ــ دەل ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ باپ تەسۋىرى. پەقەت نۇرغۇن جايلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، دېخانلار-نىڭ قوزغىلاڭ كوتۇرۇشى، ئەسكەرلەرنىڭ توپىلاڭ كوتۇرۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تاشلىشىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالساقلا، بۇ «ئۇچقۇن»دىن «يانغىن» چىقىدىغان ۋاقىتنىڭ، شەك - شۈبھىسىز، ئۇزاق ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز.

يۇقۇرىدىكى سوزلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇلتۇر 4 - ئاينىڭ 5 - كۇنى پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ. جۇڭگىياڭغا يازغان خېتىدە بايان قىلىپ ئوتۇلگەن ئىدى. ئۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«جۇڭگىياڭنىڭ بۇ (1929 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۇنىدىكى) خېتىدە كېگوەن ۋەزىيەت بىلەن جوگوەن كوچىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بەك

ئۈمىتسىزلىك بىلەن مولچەرلەنگەن. گومىنداڭنىڭ جىڭگاڭشەنگە ئۈچ قېتىم «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» يۈرگۈزگەنلىكى ئەكسىلئىنقىلابنىڭ ئەڭ يۇقىرى دولقۇنىنى كورسەتتى. لېكىن ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن توختىمىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلاب دولقۇنى بەيدىن - بەي پەسىيدۇ، ئىنقىلاب دولقۇنى بەيدىن - بەي ئورلەيدۇ. پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ۋە تەشكىلىي كۈچى گەرچە جۇڭگىلاڭ ئېيتقاندەك ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىلئىنقىلاب دولقۇنى بەيدىن - بەي پەسەيگەن ۋەزىيەتتە، چوقۇم ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىدۇ، پارتىيە ئىچىدە كادىرلارنىڭ پاسسىپلىق پوزىتسىيىسىمۇ چاپسان يوقىلىدۇ. ئاممە چوقۇم بىزگە مايىل بولىدۇ. قىرغىنچىلىق[7]، ئەلۋەتتە، بىلىقنى سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ھەيدىگەندەك، گەيلياڭجۇيمۇ ئەمدى ئاممىگە چاقىرىق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاممىنىڭ گومىنداڭغا بولغان خام خىيالى چوقۇم ناھايىتى تېز يوقىلىدۇ. كەلگۈسىدىكى ۋەزىيەتتە ھەرقانداق پارتىيە - گۇرۇھمۇ ئاممىنى گۇڭچەنداڭدىن تارتىپ كېتەلمەيدۇ. پارتىيىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى[8] كورسەتكەن سىياسى لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەن توغرى: ئىنقىلابنىڭ ھازىرقى باسقۇچى سوتسىيالىزم ئەمەس، بەلكى دېموكراتىزم، پارتىيىنىڭ (ئەسكەرتىش: «چوڭ شەھەرلەردىكى» دېگەن سوزنى قوشۇش كېرەك) ھازىرقى ۋەزىپىسى دەرھال قوزغىلاڭ كوتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش. لېكىن ئىنقىلابنىڭ راۋاجلىنىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ، قۇراللىق قوزغىلاڭنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەييارلاشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم. چوڭ پاراكەندىچىلىك بولۇۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە، پەقەت ئاكتىپ شۇئار ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيە بولغاندىلا ئاممىگە رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ چوقۇم مۇشۇنداق ئاكتىپ پوزىتسىيە ئاستىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. ...... پرولېتارىيات رەھبەرلىكى — ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ بىردىن - بىر ئاچقۇچى. پارتىيىنىڭ پرولېتارىياتلىق ئاساسىنى تىكلەش، مەركىزىي رايونلاردىكى سانائەت ئورۇنلىرىدا

جىزبۇلارنى بەرپا قىلىش — ھازىرقى ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى؛ لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىلاردىكى كۈرەشنى راۋاجلاندۇرۇش، كىچىك رايونلاردا قىزىل ھاكىمىيەت قۇرۇش، قىزىل ئارمىيىنى بەرپا قىلىش ۋە كېڭەيتىش بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى كۈرەشلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەھەرلەردىكى كۈرەشلەردىن ۋازكېچىش خاتا؛ لېكىن دېھقانلار كۈچىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئىشچىلار كۈچىدىن ئېشىپ كېتىشى ئىنقىلابقا پايدىسىز دەپ قاراش، ئەگەر پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا بۇنداق پىكىر بولسا، بىزنىڭچە، بۇمۇ خاتا. چۈنكى يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىدا پەقەت دېھقانلار كۈرىشى ئىشچىلار رەھبەرلىكىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئەھۋاللا بولغان، دېھقانلار كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىشچىلار كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىنقىلاپنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولغان ئەھۋال بولمىغان.»

بۇ خەتتە قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەرىكەت سىلۇپىسى توغرىسىدىكى مەسىلىگە تۆۋەندىكىچە جاۋاب بېرىلگەن:

«جۇڭگياڭ بىزدىن، قىزىل ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاممىنى قوزغاش مەقسىدىدە، قوشۇنلارنى ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈۋېتىشنى، يېزىلارغا تارقىتىشنى، جۇ دې ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ قوشۇنلاردىن كېتىشىنى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ نىشانلارنى يوشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ — ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پىكىر. بىز لىيەن ياكى يىڭنى بىرلىك قىلىپ، مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشنى، يېزىلارغا تارقىلىشنى، پارتىزانلىق جەنئۇسىنى قوللىنىپ ئاممىنى قوزغاشنى، نىشان بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى 1927 - يىل قىشتىن باشلاپلا پىلانلىغان، بەلكى نۇرغۇن قېتىم ئەمەلگە قويۇپ باققان ئىدۇق، ئەمما ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. چۈنكى: (1) ئاساسىي قىزىل ئارمىيىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك

كىشىلەردىن ئەمەس، يەرلىك چۈشىنىدۇيدىكىلەردىن پەرقلىنىدۇ. (2) ئۇش-شاق بولۇۋەتكەندە، رەھبەرلىك ساغلام بولماي قالىدۇ، يامان شارائىتقا تاقابىل كېلەلمەي، ئاسانلا مەغلۇپ بولىدۇ. (3) ئاسانلا دۈشمەن تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىنىپ كېتىدۇ. (4) شارائىت قانچە يامان بولسا، قوشۇنلارنى توپلاش شۇنچە زورۇر، رەھبەرلەرنىڭ قەتئىي كۈرەش قىلىشىمۇ شۇنچە زورۇر، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىچكى قىسمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ياخشى شارائىتتىلا ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ پارتىزانلىق قىلغىلى بولىدۇ، رەھبەرلەرمۇ يامان شارائىت ۋاقتىدىكىدەك قوشۇندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالمايدۇ.»

بۇ سۆزلەرنىڭ كەمچىلىگى شۇكى، ئەسكىرىي كۈچنى بولۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلارنىڭ ھەممىسى پاسسىپ ئاساسلار، بۇ ناھايىتى يېتەرسىز. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاشنىڭ ئاكتىپ ئاساسلىرى شۇكى، توپلىغاندىلا، زورراق دۈشمەننى يوقاتقىلى بولىدۇ، شەھەر-جېڭلارنى ئالغىلى بولىدۇ. زورراق دۈشمەننى يوقاتقان ۋە شەھەر-جېڭلارنى ئالغاندىلا، كەڭ دائىرىدىكى ئاممىنى قوزغاپ، بىرنەچچە ناھىيە بىر پارچە قىلىپ بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى قۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغىلى (يەنى سىياسى تەسىرنى كېڭەيتكىلى)، ئىنقىلاپ دولقۇنىنى ئالغا سۈرۈشتە ئەمەلىي نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىز ئۆزاقى يىلى قۇرغان خۇنەن-جىياڭشى چېگرا رايون ھاكىمىيىتىمۇ، بۇلتۇر قۇرغان غەربىي فۇجيەن ھاكىمىيىتىمۇ① مانا شۇنداق ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى. بۇ — ئۇمۇمىي پىرىنسىپ. ئەمدى ئەسكىرىي كۈچنى بولىدىغان ۋاقىتمۇ بولامدۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇمۇ بولىدۇ.

پارتىيە ئالدىنقى سەپ ۋېيۈەنخۇيىنىڭ جۇڭگىياڭغا يازغان خېتىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزانلىق جەڭنۇسى بايان قىلىنغان، ئۇ ئەسكىرىي كۈچنى يىغىن ئارىلىقلارغا بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

«بىزنىڭ 3 يىلدىن بۇيان كۆرەشلەردە ئىرىشكەن جەڭنۇيىمىز، ھەقىقەتەن، قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامانىنىڭمۇ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭمۇ جەڭنۇلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بىزنىڭ جەڭنۇيىمىزنى قوللانغاندا، ئاممىۋى كۆرەشنىڭ قوزغىلىشى كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىدۇ، ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەن بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. بىزنىڭ جەڭنۇيىمىز — پارتىزانلىق جەڭنۇسى. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا: „ئەسكىرىي كۈچنى بولۇپ ئاممىنى قوزغاش، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش.„ „دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا چېكىنىش، دۈشمەن توختىسا پاراكەندە قىلىش، دۈشمەن چارچىسا ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەن چېكىنسە ئارقىسىدىن قوغلاش.„ „مۇقىم گېجۇي رايونى قۇرۇشتا[11] دولقۇن شەكلىدە ئىلگىرىلەش سىياسىتىنى قوللىنىش. كۈچلۈك دۈشمەن ئىزىمىزغا چۈشۈپ قوغلىغاندا، قويۇن شەكلىدە چەمبەر ھاسىل قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىش.„ „ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ناھايىتى ئوبدان ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى كۆپ ئاممىنى قوزغاش.„ بۇنداق جەڭنۇ خۇددى تور سېلىشقا ئوخشاش، خالىغان ۋاقىتتا يېيىش، يەنە خالىغان ۋاقىتتا يىغىۋېلىش مۇمكىن. تورنى يېيىپ ئاممىنى قولغا كەلتۈرىمىز، تورنى يىغىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىمىز. 3 يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق جەڭنۇنى قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز.»

بۇ يەردە ئېيتىلغان «يېيىش» ئەسكىرىي كۈچنى يىغىن ئارىلىقلارغا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىدا يۇڭشىن ناھىيىسىنى بىرىنچى قېتىم ئېلىشتا، 29-تۇەن ۋە 31-تۇەنلەرنىڭ يۇڭشىن ناھىيىسى دائىرىسىدە ئەسكىرىي كۈچنى بولگەنلىكى. يەنە مەسىلەن، يۇڭشىن ناھىيىسىنى ئۈچىنچى قېتىم ئېلىشتا

28-تۇەننىڭ ئەنفۇ ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا، 29-تۇەننىڭ لېيەنخۇا ناھىيىسىگە، 31-تۇەننىڭ جەن چېگرا رايونىغا ئەسكىرىي كۈچنى بۆلگەنلىكى. يەنە مەسىلەن، بۆلتۈر 4-ئايدىن 5-ئايغىچە جەنۇبىي جياڭشىدىكى ناھىيىلەردە ئەسكىرىي كۈچنىڭ بۆلۈنگەنلىكى، 7-ئايدا غەربىي فۇجيەندىكى ناھىيىلەردە ئەسكىرىي كۈچنىڭ بۆلۈنگەنلىكى. ئەسكىرىي كۈچنى يىراق ئارىلىقلارغا بۆلۈشكە كەلسەك، بۇ پەقەت ياخشىراق شارائىت ۋە بىرقەدەر ساغلام رەھبىرىي ئورگاندىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئاستىدىلا مۇمكىن بولىدۇ. چۈنكى ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈشتىن مەقسەت — ئاممىنى تېخىمۇ قولغا كەلتۈرۈش، يەر ئىنقىلاۋىنى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قىزىل ئارمىيە ۋە يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولۇش. ئەگەر بۇ مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولمىسا ياكى، ئەكسىچە، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈۋەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ كەتسە، مەسىلەن، ئۇزاقى يىل 8-ئايدا خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىدا ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈپ چېنجۇغا ھۇجۇم قىلغاندىكىدەك بولسا، ئۇنداقتا بۆلگەندىن بۆلمىگەن ياخشى. ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى شەرت ھازىرلانغان بولسا، ئۇ ھالدا، شۈبھىسىزكى، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈش كېرەك، چۈنكى بۇ ئىككى شەرت ئاستىدا توپلاشقا قارىغاندا بۆلۈش تېخىمۇ پايدىلىق.

جۇڭگياڭنىڭ 2-ئايدىكى خېتىنىڭ روھى ياخشى ئەمەس، بۇ خەت 4-جۈن پارتىيە تەشكىلاتىدىكى بىر قىسىم يولداشلارغا يامان تەسىر بەردى. جۇڭگياڭنىڭ شۇ چاغدا يەنە بىر ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇشى بار ئىدى، ئۇنىڭدا جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن گۇاڭشى گۇرۇھى

ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىشى ناتايىن دېيىلگەن. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگياڭنىڭ مولچەر ۋە يولىيورۇقلىرى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيت-قاندا، توغرى بولدى. مولچەر مۇۋاپىق بولمىغان ھېلىقى ئومۇمى ئۇختۇرۇشنى جۇڭگياڭ يەنە بىر ئومۇمى ئۇختۇرۇش چىقىرىپ تۈزەتتى. قىزىل ئارمىيىگە ئېۋەتىلگەن بۇ خەتكە گەرچە تۈزىتىش بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى يولىيورۇقلاردا ئۇنداق ئۈمىتسىزلىك مۇقامە-لىرى كۆرۈلمىدى، قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدىكى تەشەببۇسىمۇ بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز بىلەن بىردەك بولدى. لېكىن جۇڭگياڭنىڭ ھېلىقى خېتىنىڭ بىر قىسىم يولداشلارغا بەرگەن يامان تەسىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھېلىمۇ چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

جياڭشىنى بىر يىلدا قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى پىلانىمۇ پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيىۋەنخۇيى بۇلتۇر 4-ئايدا جۇڭگياڭغا يوللىغان ئىدى، كېيىن يۈيدۇدا بۇ توغرىلىق بىر قېتىم قارارمۇ قىلىندى. شۇ چاغدا كۆرسىتىلگەن ئاساسلار — جۇڭگياڭغا ئېۋەتىلگەن خەتتە بايان قىلىنغان — تۆۋەندىكىچە:

«جياڭ جيېشى گورۇھى بىلەن گۇاڭشى گورۇھىنىڭ قوشۇنلىرى جيۇ-جياڭ ئەتراپىدا بىر-بىرىنى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، چوڭ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئاممىۋى كۈرەشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا ئىنقىلاپ دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، جەنۇپتىكى ئۆلكىلەر ئىچىدە گۇاڭدۇڭ ۋە خۇنەنلەردىكى مەيبەنلەر ۋە بومېشچىكلارنىڭ ھەربى كۈچلىرى ناھايىتى زور، خۇنەندە بولسا، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قارامىلىق خاتالىقى سەۋەبىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى ۋە

پارتىيە تېشىدىكى ئاممىدىن يۈتۈنلەي دېگىدەك ئايرىلدۇق. فۇجيەن، جياڭشى، جېجياڭ ئۆلكىلىرىدە بولسا، باشقىچە بىر ۋەزىيەت ۋۇجۇتقا كەلدى. بىرىنچىدىن، بۇ ئۈچ ئۆلكىدە دۈشمەننىڭ ھەربى كۈچلىرى تەڭ ئاجىز. جېجياڭدا پەقەت جياڭ بوچېڭنىڭ[11] ئاز ساندا ئۆلكىلىك مۇداپىيە قوشۇنلا بار. فۇجيەندىكى 5 قوشۇندا 14 تۈەن بولسىمۇ، لېكىن گو فېڭمىڭ لۈيى[12] تار-مار قىلىندى؛ چېن گوخۇي ۋە لۇ شىڭباڭ[13] قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى باسمىچى قوشۇنلار، جەڭگىۋارلىق كۈچى ناھايىتى تۆۋەن؛ 2 لۈي لۈجەندۇي دېڭىز بويىدا بولۇپ، ئىلگىرى ئۇرۇش قىلىپ باقمىغان، جەڭگىۋارلىق كۈچى جەزمەن زور ئەمەس؛ پەقەت جاڭ جېن قوشۇنلا[14] بىرقەدەر ئۇرۇش قىلالايدۇ، لېكىن فۇجيەن شېڭۋېينىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، جاڭ جېن قوشۇنىنىڭمۇ پەقەت ئىككى تۈەنىنىڭلا جەڭگىۋارلىق كۈچى ئۈستۈنرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فۇجيەن ھازىر يۈتۈنلەي قالايمىقان ھالەتتە بولۇپ، بىرلىككە كەلمىگەن. جياڭشىدىكى جۇ پېيدې[15] قىسمى بىلەن شيۇڭ شىخۇي[16] قىسمىدا جەمئى 16 تۈەن بار، ئۇلار فۇجيەن ۋە جېجياڭلاردىكى ھەربى كۈچلەردىن كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما خۇنەندىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاجىز. ئىككىنچىدىن، ئۈچ ئۆلكىدە قارامىلىق خاتالىقلىرى بىرقەدەر ئاز. جېجياڭدىكى ئەھۋالنىڭ بىزگە ئانچە ئېنىق ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جياڭشى، فۇجيەن ئۆلكىلىرىنىڭ پارتىيە ۋە ئاممىۋى ئاساسى خۇنەننىڭكىدىن ياخشىراق. جياڭشىنى ئېلىپ ئېيتساق، شىمالىي جياڭشىنىڭ دېئەن، شيۇشۇي ۋە تۇڭگۇ ناھىيىلىرىدە تېخى خېلى ئاساسىمىز بار؛ غەربىي جياڭشىنىڭ نىڭگاڭ، يۇڭشىن، ليەنخۇا، سۈيچۈەن ناھىيىلىرىدە پارتىيە ۋە چىۋېيدۈيلەرنىڭ كۈچى ھېلىمۇ مەۋجۇت؛ جەنۇبىي جياڭشىدىن ئۈمىت تېخىمۇ زور، جىئەن، يۇڭفېڭ، شىڭگو قاتارلىق ناھىيىلەردە قىزىل ئارمىيىنىڭ 2 ۋە 4-تۈەنلىرى كۈندىن-كۈنگە راۋاجلانماقتا؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ فاڭ جىمىن قىسمى يوقىتىلىپ كەتمىدى. شۇنداق قىلىپ، نەنچاڭنى قورشىۋېلىش ۋەزىيىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. بىز جۇ پېيدېنىڭ قىسمىنى يوقاتقان ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنىڭ تۈزۈمىگە ... تەكلىپ بېرىمىزكى،

> گومىنداڭ جۇنفالىرى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىز جياڭ جيېشى گۇرۇھى ۋە گۇاڭشى گۇرۇھلىرىنىڭ قولىدىن جياڭشىنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي فۇجيەن ۋە غەربىي جېجياڭنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ئۈچ ئۆلكىدە قىزىل ئارمىيە-نىڭ سانىنى كۆپەيتىشىمىز، ئاممىۋى گېجۈيلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىمىز، بۇ پىلاننى بىر يىل ئىچىدە ئورۇنلىشىمىز لازىم.»

بۇقۇرىدا جياڭشىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئېيتىلغان سۆز-لەرنىڭ ناتوغرى يېرى — مۇددەتنىڭ بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى. جياڭشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كەلسەك، بۇ جياڭشىنىڭ ئۆزىدىكى شەرتلەردىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەرتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي تۇرۇپ، جياڭشىنى بىر يىلدا قولغا كەلتۈرۈش خۇلاسىگە كېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تەكلىپنىڭ كەمچىلىكى مۇددەتنىڭ بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىدۇر، شۇڭا، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىنقىلاپ دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ دېگەندىكى «پات ئارىدا» دېگەن سۆز بىر ئاز ئالدىراڭغۇلۇق تۈسىنى ئالماي قالمىدى. جياڭشىدىكى جۇگۇەن ۋە كېگۇەن شەرتلەرگە كەلسەك، بۇلار ناھايىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭياڭغا ئەۋەتىلگەن خەتتە ئېيتىلغاندەك جۇگۇەن شەرتلەردىن تاشقىرى، كېگۇەن شەرتلەردىن ھازىر ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلىشكە بولىدىغان ئۈچ نۇقتا بار: بىرىنچى، جياڭشىنىڭ ئىقتىسادى ئاساسەن فېئوداللىق ئىقتىسادى، سودا بۇرژۇ-ئازىيەسىنىڭ تەسىرى كۈچسىز، پومېشچىكلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىمۇ جەنۇپتىكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەرقاندىقىدىكىگە قارىغاندا

ئاجىز. ئىككىنچى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئۆز قوشۇنى يوق، بۇ يەرنى ئەزەلدىن تارتىپ چەت ئۆلكىلەردىن كەلگەن قوشۇنلار مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. چەتتىن كەلگەن قوشۇنلار «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش»، «باسمىچىلارنى يوقىتىش»تا ئەھۋال بىلەن تونۇش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ئۇلارغا شۇ ئۆلكىنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىدەك زىچ مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، شۇڭا كۆپىنچە ئانچە قىزغىنلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۈچىنچى، جاھانگىرلارنىڭ تەسىرىدىن بىرقەدەر يىراق، ئۇ شياڭگاڭغا يېقىن بولغان، ھەممە ئىشى دېگۈدەك ئەنگلىيىنىڭ ئىلكىدە بولۇۋاتقان گۇاڭدۇڭدەك ئەمەس. بۇ ئۈچ نۇقتىنى چۈشەنسەك، نېمە ئۈچۈن جياڭشىدىكى يېزا قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەرقانداق ئۆلكىدىكىدىن ئۇمۇمىيۈزلۈك بولىدىغانلىقىنى، قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىزان دۈيلىرىنىڭ ھەرقانداق ئۆلكىدىكىدىن كۆپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىنقىلاب دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ دېگەندىكى «پات ئارىدا» دېگەن سۆزنى قانداق ئىزاھلاش — نۇرغۇن يولداشلار ئۈچۈن ئورتاق مەسىلە. ماركسىزمچىلار پالچى ئەمەس، ئۇلار كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا پەقەت چوڭ يۆنىلىشنىلا ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ۋە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، ۋاقتى-سائىتىنى ئۆلۈك ھالدا بەلگىلىمەسلىكى كېرەك ۋە بەلگىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن مېنىڭ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ دولقۇنى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، دېگىنىم ھەرگىز بەزىلەرنىڭ «يېتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېگىنىگە ئوخشاش پۈتۈنلەي ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان، ئېرىشمەن دەپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان قۇرۇق بىر نەرسە ئەمەس. ئۇ — دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇپ يىراقتا قارىغاندا، دېڭىزدىن موما ياغىچىنىڭ ئۈچى كۆرۈنگەن بىر كېمە، ئۇ — ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراقتا

قارىغاندا، شەرقتىن نۇر چېچىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر قۇياش، ئۇ — ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قاتتىق تەۋرەۋاتقان، پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاق.

## ئىزاھلار

① يولداش فاڭ جىمىن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يىياڭ ناھىيىسىدىن، جۇڭگو گۇڭچەنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ ۋېيۈەنى، جياڭشىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قىزىل رايوننى ۋە قىزىل ئارمىيە 10 - جۈننى قۇرغۇچى. ئۇ 1934 - يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىن ئىۋەتىلگەن قوشۇنىنى باشلاپ، شىمالغا ماڭغان ئىدى. 1935 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوشۇنى بىلەن قىلغان جەڭدە قولغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ يىل 7 - ئايدا نەنچاڭدا قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولدى.

② يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئېيتقان «ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگۈەن كۈچلىرى» تەشكىللىك ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ.

③ لۇ دىپىڭ — گومىنداڭ جۈنفاسى، 1928 - يىلى گومىنداڭنىڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى ئىدى.

④ جياڭ جيېشى گۇرۇھى بىلەن گۇاڭشى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش 1929 - يىل 3 ۋە 4 - ئايلاردا گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ جۈنفاسى جياڭ جيېشى بىلەن گۇاڭشى جۈنفاسى لى زۇڭرېن ۋە بەي چۇڭشىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ بۇ 1928 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1929 - يىلنىڭ بېشىغىچە خۇنەن ۋە جياڭشىلاردىكى گومىنداڭ جۈنفاللىرىنىڭ قىزىل ئارمىيە گېنجۇيدىسىگە — جىڭگاڭشەنگە قىلغان ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ «جۇڭياڭنىڭ 2 - ئايدىكى خېتى» جۇڭگوڭ جۇڭياڭنىڭ

1929 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيۇەن-خۇيىغا ئېۋەتكەن خېتىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيۇەنخۇيىنىڭ بۇ ئەسەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن 1929 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭياڭغا ئېۋەتكەن خېتىدە جۇڭياڭنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنى، ئاساسەن، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى مۆلچەر ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەرىكەت سىلۇبى مەسىلىسى قىسقىچە كۆرسىتىلگەن. جۇڭياڭنىڭ بۇ خېتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا پارتىيىنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋېيۇەنخۇيى جۇڭياڭغا ئېۋەت-كەن خېتىدە باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

⑦ بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە ناقابىل تۇرۇشتا قوللانغان قانلىق قىرغىنچىلىق ۋاستىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑧ «پارتىيىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى» جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ 1928 - يىل 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 6 - قۇرۇلتىيىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي 1927 - يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىي خاراكتېر جەھەتتىن يەنىلا جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى بۇرژۇئا - دېموكراتىك ئىنقىلابتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆر-سەتتى، شۇنىڭدەك يېڭى ئىنقىلاب دولقۇنى يېتىپ كېلىشىنىڭ مۇقەررەر-لىكىنى، لېكىن بۇ يېڭى ئىنقىلاب دولقۇنى تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب زوڭگىلۇشيەنى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 6 - قۇرۇلتاي 1927 - يىلدىكى چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭ تەسلىمچىلىكىدىن ھېساپ ئالدى، 1927 - يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1927 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1928 - يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيە ئىچىدە يۈز بەرگەن «سول» قارامىلىقنىمۇ يېپىپ قىلدى.

⑨ 1929 - يىلى قىزىل ئارمىيە جىڭگاڭشەندىن شەرقىي قاراپ فۇجىيەنگە يۈرۈش قىلىپ، يېڭى ئىنقىلابىي گېنجۇيدى بەرپا قىلغان، فۇجىيەننىڭ غەربىدىكى لۇڭيەن، يۇڭدىڭ، شاڭخاڭ ناھىيىلىرىدە خەلق ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرغان ئىدى.

⑩ «مۇقىم گېجۇي رايونى قۇرۇش» ئىشچى - دېخان قىزىل ئارمىيە-سىنىڭ بىرقەدەر مۇستەھكەم ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدى قۇرۇشنى كورسىتىدۇ.

⑪ جياڭ بوچېڭ شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ جېجياڭ ئولكىسىدىكى باۋئەن سىلىڭبۇسىنىڭ سىلىڭى ئىدى.

⑫ گو فېڭمىڭ لۇبى فۇجيەن ئولكىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇننى كورسىتىدۇ.

⑬ چېن گوخۇي ۋە لۇشىڭباڭلار فۇجيەن ئولكىسىدىكى مىشېۇر باسمىچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گومىنداڭ تەرىپىدىن ئوتكۇ-زۇۋېلىنىپ قايتا تۈزۈلگەن.

⑭ جاڭ جېن — گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر شىجاڭى.

⑮ جۇ پېيدې — گومىنداڭ جۇنفاسى، شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ جياڭشى ئولكىلىك ھوكۇمىتىنىڭ جۇشىسى ئىدى.

⑯ شيۇلۇ شىخۇي شۇ ۋاقىتتا جياڭشىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ بىر شىجاڭى ئىدى.

# ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم*

**(1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)**

ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ كەسكىن راۋاجلىنىشى بىزدىن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىقتىسادىي سەپتىكى ھەرىكەتنى دەرھال قانات يايدۇرۇشنى، زورۇر ۋە مۇمكىن بولغان ھەرخىل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا. نېمە ئۈچۈن؟ ھازىر بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمىز ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا، ئالدى بىلەن دۈشمەن ئېلىپ بارغان بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى① تار ـ مار قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قازىنىشىغا قارىتىلىشى؛ ماددىي جەھەتتىكى شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈگىنى ۋە تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە قارىتىلىشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوزغاشقا قارىتىلىشى؛ ئىقتىسادىي سەپتە كەڭ خەلق ئاممىسىنى

تەشكىللەپ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ئۇرۇشنى يېڭى ئاممۋى كۈچكە ئىگە قىلىشقا قارىتىلىشى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىشچى-دېھقان دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەشكە، پرولېتارىيات رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە قارىتىلىشى لازىم. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرى كېلىدۇ. بۇنى ھەر بىر ئىنقىلاۋىي خادىم ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى لازىم. ئىلگىرى بەزى يولداشلار، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا يېتىشەلمەي-ۋاتساق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا نەدە ۋاقىت بولسۇن، دەپ قارايتتى، شۇڭا كىمكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-تىن سوز ئاچسا، ئۇنى «ئوڭچىل» دەپ تىللايتتى. ئۇلار، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش شارائىتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، ئۇرۇش ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىپ، تىنچ، خاتىرجەم شارائىت بارلىققا كەلگەندىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. يولداشلار، بۇ پىكىر توغرى ئەمەس. بۇنداق پىكىردىكى يولداشلار ئەگەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ماددى شەرتى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش داۋامىدا ھالسىراپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. قاراڭلار، دۈشمەن ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، مەككار سودىگەرلەر ۋە ئەكسىيەتچىلەر بىزنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرىمىزغا بۇزغۇنچىلىق

---

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ 1933-يىل 8-ئايدا جياڭشىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى 17 ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتى يىغىنىدا سوزلىگەن نۇتۇق.

قىلىۋاتىدۇ، قىزىل رايونلىرىمىزنىڭ تاشقى سودىسى ناھايىتى چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭمەك، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا ناھايىتى زور تەسىر يەتمەمدۇ؟ تۇز ناھايىتى قىممەت، بەزىدە تېپىلمايدۇ. شال كۆز ۋە قىشتا ئەرزەن، ئەتىياز ۋە يازدا بەكمۇ قىممەتلەپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا دەرھال تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ لۇشيەنگە تەسىر يەتكۈزمەمدۇ؟ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئەگەر ئۆز تۇرمۇشلىرىدىن نارازى بولسا، بۇ بىزنىڭ قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش، ئاممىنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزمەمدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش شارائىتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارماسلىق كېرەك، دەپ قارايدىغان بۇنداق پىكىر ئىنتايىن خاتا. بۇنداق پىكىردىكى كىشىلەرمۇ دائىم، ھەممە ئىش ئۇرۇشقا بويسۇنۇشى كېرەك، دېيىشىدۇ، ئۇلار ئەگەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، بۇ ئۇرۇشقا بويسۇنغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇشنى ئاجىزلاشتۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. پەقەت ئىقتىسادىي سەپ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قىزىل رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى خېلى ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلالايمىز، ھەربىي جەھەتتىكى ھۇجۇمىمىزنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەن ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش»قا كۈچلۈك زەربە بېرەلەيمىز؛ ئاندىن قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىپ، ئۇرۇش سېپىمىزنى بىرنەچچە مىڭ لى يەرگە قەدەر قانات يايدۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىمىزنى

كەلگۈسى ئۈكۈشلۈق شارائىتتا ھېچبىر ئەندىشىسىز ھالدا نەنچاڭغا، جيۇجياڭغا ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا، قىزىل ئارمىيە-مىزنى ئۆز ئۇزۇق-تۈلۈكىنى ئۆزى تاپىدىغان خىزمەتتىن قول بوشىتىپ، پۈتۈن دىققىتىنى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارىتى-دىغان قىلىشقا قادىر بولالايمىز؛ ئاندىن يەنە كەڭ ئاممىنى تۇرمۇش جەھەتتىن خېلى قانائەتلىنىپ، تېخىمۇ خوشاللىق بىلەن قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىدىغان، تۈرلۈك ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان قىلالايمىز. مۇشۇنداق قىلىشىنىلا ئۇرۇشقا بويسۇنىدىغانلىق دېگىلى بولىدۇ. ھازىر جايلاردىكى ئىنقىلاۋىي خادىملار ئارىسىدا تېخى نۇرغۇن كىشىلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىكى مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ، تېخى نۇرغۇن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى ئەھمىيەت بېرىپ مۇزاكىرە قىلغىنى يوق. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى بۆلۈمىنىڭ تەشكىلى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، بەزىلىرىگە ھەتتا بۇجاڭمۇ تېيىلمىغان ياكى خىزمەت قابىلىيىتى تۆۋەنرەك كىشىلەر بىلەنلا سان توشقۇزۇلغان. كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇش تېخى باشلىنىش باسقۇچىدىلا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاشلىقنى تەڭشەش خىزمىتىمۇ تېخى بىر قىسىم جايلاردىلا باشلانغان. جايلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى تېخى كەڭ ئاممىگە تەشۋىق قىلمىدى (بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى)، ئاممە ئارىسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان قىزغىن كەيپىياتنى تېخى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمىدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىملىقىغا ئېتىۋار-سىز قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بىز، يولداشلارنىڭ مۇشۇ قېتىمقى يىغىندا ئېلىپ بارغان مۇزاكىرىلىرى ۋە قايتقاندىن كېيىن يىغىننىڭ

روھنى يەتكۈزۈشى ئارقىلىق، پۈتۈن ھوكۇمەت خادىملىرى ئارىسىدا ۋە كەڭ ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە بىر تۈرلۈك قىزغىن كەيپىياتنى چوقۇم ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ھەممەيلەنگە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىكى مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش، كوپىراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ئاشلىق ساكلىرى قۇرۇش، ئېھتىيات ساكلىرى قۇرۇش لازىم. ھەر بىر ناھىيىدە بىردىن ئاشلىق تەڭشەش شوبىسى قۇرۇش، مۇھىم رايونلاردا، مۇھىم بازارلاردا ئاشلىق تەڭشەش تارمىقى قۇرۇش لازىم. بىر تەرەپتىن، ئاشلىغىمىز قىزىل رايونلار دائىرىسىدە ئاشلىق ئېشىنىدىغان جايلاردىن ئاشلىق يېتىشمەيدىغان جايلارغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان بولسۇن، ئاشلىق بەزى جايلاردا دۆۋىلىنىپ قالىدىغان، بەزى جايلاردا تېپىلمايدىغان، بەزى جايلاردا باھاسى بەك تۆۋەن، بەزى جايلاردا باھاسى بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالمىسۇن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، رايونىمىزدىكى ئېشىپ قالغان ئاشلىقنى پىلانلىق تۈردە (چەكسىز ئەمەس) چوڭ قىلىپ، مەككار سودىگەرلەرنىڭ ئارىلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ساقلىنىشىمىز، ئاق رايونلاردىن زۆرۈر ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىمىز لازىم. ھەممەيلەن تىرىشىپ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كوپلەپ ياساپ، ھاكنى كوپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، كېلەر يىللىق ھوسۇلنى ئاشۇرۇشىمىز، ۋولفرام رودىسى، ياغاچ، جاڭناۋ، قەغەز، تاماكا، كەندىر رەخت، موگۇ، يالپۇز يېغىغا ئوخشاش ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ ئىلگىرىكى مەھسۇلات مىقتارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارنى ئاق

رايونلارغا كوپلەپ چىقىرىشىمىز لازىم.

چۈكۈ ۋە جىنكۇ سودىلىرىنىڭ مىقتارىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ بىرىنچى ئورۇندا كوپلەپ چۈكۈ قىلىدىغىنىمىز — ئاشلىق. ھەر يىلى تەخمىنەن 3 مىليون دەن شال چۈكۈ قىلىمىز، دىمەك، 3 مىليون كىشىنىڭ ھەر بىرى چەتكە ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن بىر دەن شال چىقىرىپ، زورۇر ئىستىمال بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭدىن ئاز بولمىسا كېرەك. بۇ تىجارەتنى قانداق ئادەملەر قىلىۋاتىدۇ؟ ھەممىسىنى سودىگەرلەر قىلىۋاتىدۇ، سودىگەرلەر بۇ ئوتتۇرىدا دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. بۇلتۇر ۋەنئەن، تەيخې ناھىيىلىرىنىڭ دىخانلىرى شالىنىڭ بىر دەننى 5 موچەنىدىن سودىگەرلەرگە ساتقان ئىدى، سودىگەرلەر ئۇنى گەنجۇغا ئېلىپ بېرىپ، بىر دەننى 4 كويچەندىن سېتىپ، 7 ھەسسە پايدا ئالغان. يەنە قاراپ باقايلى، 3 مىليون كىشىگە يىلىغا تەخمىنەن 9 مىليون كويچەنلىك تۇز، 6 مىليون كويچەنلىك رەخت كېتىدۇ. بۇ 15 مىليون يۈەنلىك تۇز ۋە رەختنى جىنكۇ قىلىشنى ئىلگىرى سودىگەرلەر ئېلىپ بارغانلىقنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىغان. سودىگەرلەرنىڭ بۇ ئوتتۇرىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيىسى، ھەقىقەتەن، ناھايىتى زور. مەسىلەن، سودىگەرلەر مېيشيەن ناھىيىسىگە بېرىپ، بىر كويچەنگە 7 جىڭدىن تۇز سېتىۋېلىپ، رايونىمىزغا ئېلىپ كېلىپ، بىر كويچەنگە 12 سەردىن ساتىدۇ، بۇ كىشىنى قاتتىق چوچۇتىدىغان ئېكىسپىلاتاتسىيە ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشنى قولىمىزغا ئالماي بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم قولىمىزغا ئېلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ تاشقى سودا ئىدارىلىرىمىز بۇ جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كورسىتىشى لازىم.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشتىن كەلگەن 3 مىليون يۈەن پۇل قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟ بىز ئۇنى مۇنداق ئىشلەتمەكچىمىز: 1 مىليونى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلىدۇ، 2 مىليونى كوپېراتىپلارنىڭ، ئاشلىق تەڭشەش ئىدارىلىرىنىڭ، تاشقى سودا ئىدارىلىرىنىڭ دەسمايە قىلىشىغا قەرز بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاز قىسمى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، كۆپ قىسمى چۇكۇ ۋە جىنكۇ سودىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى چۇكۇ قىلىپ، مۇۋاپىق باھادا سېتىش، شۇنىڭدەك ئاق رايونلاردىن تۆۋەن باھادا تۇز ۋە رەخت سېتىۋېلىپ، خەلق ئاممىسىغا تەقسىم قىلىپ بېرىش، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ قامالىنى بۇزۇش، سودىگەرلەرنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيىسىنى توسۇش. بىز خەلقنىڭ ئىقتىسادىنى كۈندىن-كۈنگە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، مالىيە كىرىمىمىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ماددىي ئاساسىنى ھەقىقىي تۈردە بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

بۇ — ئۇلۇق بىر ۋەزىپە، ئۇلۇق بىر سىنىپىي كۈرەش. لېكىن بىز شۇنداق سوئال قويايلىكى، بۇ ۋەزىپىنى شىددەتلىك ئۇرۇش شارائىتىدا ئورۇنلىغىلى بولامدۇ-يوق؟ مېنىڭچە، ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. بىز، لۇڭيەنگە بارىدىغان بىر تۆمۈر يول سالىمىز، دەۋاتقىنىمىز يوق، ھازىرچە، گەنجۇغا بارىدىغان ماشىنا يولى سالىمىز، دەۋاتقىنىمىزمۇ يوق. بىز، ئاشلىقنى پۈتۈنلەي جۇەنمەي قىلىمىز، دەۋاتقىنىمىز يوق، 15 مىليون يۈەنلىك تۇز ۋە رەخت تىجارىتىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت

باشقۇرىدۇ، سودىگەرلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەۋاتقىنىمىزمۇ يوق. بىز بۇنداق دېگىنىمىز يوق ھەم بۇنداق قىلغىنىمىزمۇ يوق، بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ۋە قىلىۋاتقىنىمىز — يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاشلىق ۋە ۋولفرام رودىسىنى چەتكە چىقىرىپ، چەتتىن تۈز ھەم رەخت كىرگۈزۈش، ھازىرچە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاممىنىڭ پايلىرىنى قوشۇپ، ئىشقا كىرىشىش. بۇلار بىز قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان، قىلالمايدىغان ۋە ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشلارمۇ؟ بۇ ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەتىجىگە ئېرىشتۇق. بۇ يىل كۆزلۈك ھوسۇل بۇلتۇرقى كۆزلۈك ھوسۇلدىن 20 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكىچە ئاشتى، كۆزلۈك ھوسۇل 20 پىرسەنت ئاشۇرىمىز دېگەن مولچەردىن ئېشىپ كەتتى. قول سانائىتى جەھەتتە دېخانچىلىق سايمانلىرى ۋە ھاك ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىش جەريانىدا كېتىپ بارىدۇ، ۋولفرام رودىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. تاماكا، قەغەز ۋە ياغاچ ئىشلەپچىقىرىشمۇ بىرئاز جانلىنىشقا باشلىدى. ئاشلىقنى تەڭشەشتە بۇ يىل نۇرغۇن نەتىجىلەر كورۇلدى. تۈز جىنكۇسىدىمۇ بىر قىسىم خىزمەتلەر ئىشلىنىشكە باشلىدى. بۇ نەتىجىلەر — كەلگۈسىدە ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىمىزنىڭ ئاساسى. بەزىلەر، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىنلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ھازىر بولسا، مۇمكىن ئەمەس، دېيىشىدۇ، بۇ ئوپ-ئوچۇق خاتا نۇقتەئىي نەزەر ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن شۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى باسقۇچتا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي

ۋەزىپىنى ئاساس قىلىشى لازىم. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇنىڭغا قارىتىلىدۇ، ئۇنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نۆۋەتتىكى بارلىق ۋەزىپىلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، دەپ بىلىپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا ئېتىبارسىز قاراش، ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇشنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتىن ئايرىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش ئوخشاشلا خاتا نۇقتەئى نەزەر. پەقەت ئىچكى ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بارلىق ۋەزىپىلەرنىڭ مەركىزى دېگىلى بولىدۇ ۋە شۇنداق دېيىش كېرەك. ئىچكى ئۇرۇش داۋامىدا ھازىر زورۇر بولماي، كەلگۈسىدە زورۇر بولىدىغان، ھازىرقى شارائىت يار بەرمەي، كەلگۈسىدىكى شارائىت يار بېرىدىغان تېچ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇش — پەقەت بىر خىل خام خىيال. نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر — ئۇرۇش جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان خىزمەتلەر. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۇرۇشتىن ئايرىلغان تېچ شارائىتتىكى ئىشلار ئەمەس، بەلكى ھەممىسى ئۇرۇشقا قارىتىلغان. ئەگەر يولداشلار ئارىسىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئۇرۇشتىن ئايرىل-غان ھالدا ئېلىپ بېرىش ئويى بولسا، ئۇنى دەرھال تۈزىتىش لازىم.

توغرى رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى بولماي تۇرۇپ، ئىقتىسادىي سەپتىكى ھەرىكەتنى چاپسان قانات يايدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇمۇ بىر مۇھىم مەسىلە، بۇمۇ بۇ قېتىمقى يىغىندا ھەل قىلى-نىشى كېرەك. چۈنكى يولداشلار قايتقاندىن كېيىن، دەرھال نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە كىرىشىش بىلەنلا قالماي، بەلكى نۇرغۇن خادىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. بولۇپمۇ يېزا ۋە شەھەر دەرىجىلىك يولداشلار، شۇنىڭدەك كوپېراتىپ، ئاشلىق

ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى ۋە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش باشقارمىسىغا ئوخشاش ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان يولداشلار ئاممىنى شەخسەن ئۆزلىرى سەپەرۋەر قىلىپ كوپېراتىپ تەشكىل قىلىدىغان، ئاشلىق تەكشەيدىغان ۋە توشۇيدىغان، چوڭ ۋە جىنكو سودىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلىي خىزمەت قىلغۇچى خادىملاردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ناتوغرى بولۇپ، تۇرلۇك توغرى ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئۇسۇللىرىنى قوللانمىسا، خىزمەت نەتىجىسىگە دەرھال تەسىر يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىز كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي قالىدۇ، مەركىزىي ھوكۇمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى پۇتۇن پىلانىنى بۇ يىل كۈز ۋە قىشتا ھەم كېلەر يىل ئەتىياز ۋە يازدا ئورۇنلىيالماي قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن يولداشلارغا توۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى كورسىتىپ ئوتىمەن:

بىرىنچى، ئاممىنى تەشكىلاتلار ئارقىلىق سەپەرۋەر قىلىش. ئالدى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ جۇشتۇەنلىرى، خەلق ئىگىلىكى بۆلۈمى ۋە مالىيە بۆلۈمىدىكى يولداشلار زايوم تارقىتىش، كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاشلىق تەكشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى ھەمىشە دائىملىق ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشى، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇشى، تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى، ئاساسەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە كەمبەغەل دېھقانلار ئومەكلىرىنى قوزغاش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئوز ئەزالىرى ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىقتىسادىي سەپكە قاتناشتۇرىدىغان قىلىش لازىم. كەمبەغەل دېھقانلار ئومىكى ــ

ئاممىنى كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە زايوم سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنىڭ كۈچلۈك ئاساسى، رايونلۇق ھوكۇمەت ۋە يېزىلىق ھوكۇمەتلەر ئۇلارغا زور كۈچ بىلەن رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا، كەنتلەر ۋە ھويلىلارنى بىرلىك قىلغان ئاممىۋى يىغىنلار ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىش، تەشۋىق قىلىشتا ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كۈرەش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئىنتايىن ئەمەلىي چۈشەندۈرۈش لازىم. ئاممىنى زايوم سېتىۋېلىشقا، كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئاشلىق تەڭشەشكە، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇستەھكەملەشكە، سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىرىپ، ئۇلارنى بۇ شۇئارلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئاممە تەشكىلاتلار ئارقىلىق مۇشۇنداق سەپەرۋەر قىلىنمىسا ۋە ئاممىگە مۇشۇنداق تەشۋىق قىلىنمىسا، يەنى ھەر دەرىجىلىك ھوكۇمەتلەرنىڭ جۇشتۇەنلىرى، خەلق ئىگىلىكى بۆلۈمى ۋە مالىيە بۆلۈمى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ مۇزاكىرە قىلمىسا، تەكشۈرمىسە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، ئاممىۋى يىغىنلار ئېچىپ تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۇ ھالدا، مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلى گۇەنلياۋجۇيىلىق بولماسلىقى لازىم. گۇەنلياۋجۇيىلىق رەھبەرلىك ئۇسۇلى ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي خىزمەتتە بولماسلىقى كېرەك، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىدىمۇ گۇەنلياۋجۇيىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. گۇەنلياۋجۇيىلىق ئۇسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن يامان نەرسىنى تەرەت قاچىسىغا

تاشلىۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئۇنى ھېچقايسى يولداش ياقتۇرمايدۇ. ھەر بىر يولداشنىڭ ياقتۇرىدىغىنى ئاممىۋىلاشقان ئۇسۇل، يەنى ھەر بىر ئىشچى، ھەر بىر دېھقان ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلىدىغان ئۇسۇل بولۇشى لازىم. گومىنداڭچىلارنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىرەگسىزلىك ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئىشنى ئۆلتۈرۈش ھادىسىسىدۇر. بىز بۇنداق ھادىسە بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. يەنە بىرى — بۇيرۇقچىلىق. بۇيرۇقچىلار قارىماققا ئىشنى ئاخشاتمىغاندەك، گويا تىرىشىپ ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كوپېراتىپلارنى بۇيرۇقچىلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ؛ ۋاقتىنچە شەكىل جەھەتتىن راۋاجلاندۇرغان بىلەنمۇ مۇستەھكەم بولمايدۇ؛ نەتىجىدە كوپېراتىپنىڭ ئىناۋىتى يوقىلىپ، راۋاجلىنىشقا دەخلى يېتىدۇ، زايومنى بۇيرۇقچىلىق بىلەن تارقاتقاندا، ئاممىنىڭ چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكىگە، شۇنچىلىك كوپ ئالالايدىغان - ئالالمايدىغانلىقىغا قارىماستىن، پەقەت ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزى بەلگىلىگەن سان بويىچە چاچقاندا، ئامما ياقتۇرمايدۇ، زايومنى ئوبدان تارقاتقىلى بولمايدۇ. بىزگە بۇيرۇقچىلىق زادى كېرەك ئەمەس، بىزگە كېرىكى — تىرىشىپ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى قايىل قىلىش، كونكرېت شارائىتقا ۋە ئاممىنىڭ كونكرېت ئىپادىلەنگەن كەيپىياتىغا قاراپ، كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇش، زايوم تارقىتىش، بارلىق ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەش.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ناھايىتى نۇرغۇن ساندا كادىر كېرەك. بۇ بىرنەچچە ئون ياكى بىرنەچچە يۈز كىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مىڭ، بىرنەچچە ئون مىڭ كىشى بىلەن بولىدىغان ئىش، ئۇلارنى تەشكىللەپ،

تەلىم-تەربىيە بېرىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەبھىلىرىغا ئېۋەتىش كېرەك. ئۇلار ئىقتىسادىي سەپتىكى جىڭخۇيېۋەنلەر، كەڭ ئاممە بولسا، جەڭچىلەردۇر. بەزىلەر كادىر يوق، دەپ دائىم ھەسرەت چېكىدۇ. يولداشلار، راستىلا كادىر يوقمۇ؟ يەر كۆرەشلىرىدە، ئىقتىسادىي كۆرەشلەردە، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتا چېنىقىپ چىققان ئاممە ئىچىدىن سانسىز كادىرلار يېتىشىپ چىققان تۇرسا، كادىر يوق دېيىشكە قانداقمۇ ئېغىز بارىدۇ؟ خاتا نۇقتەئى نەزەرنى چۆرۈپ تاشلىساقلا، كادىرلار ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

تۆتىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بۈگۈنكى كۈندە ئۇرۇشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىدىنلا ئايرىۋېتىشكە بولمايلا قالماستىن، باشقا ۋەزىپىلەردىنمۇ ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. پەقەت يەر تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى② چوڭقۇر ئېلىپ بارغاندىلا، يەرگە بولغان فېئوداللىق ۋە يېرىم فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى تەل-تۆكۈس يوقىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇرۇپ، كەڭ دېھقان-لارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سېپىگە چاپسان ئاتلاندۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ئەمگەك قانۇنىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئىشچىلار ئاممىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ۋە چاپسان قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دېھقانلارغا بولغان رەھبەرلىك رولىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. پەقەت سايلام ھەرىكىتىگە ۋە يەر تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن بىللە قانات يايغان پاش قىلىش ھەرىكىتىگە③ توغرى رەھبەرلىك قىلغاندىلا، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ھۆكۈمىتىمىزنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرگە، ئىقتىسادىي خىزمەتكە تېخىمۇ كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىدىغان قىلغىلى

بولىدۇ. مەدنى-مائارىپ خىزمىتى ئارقىلىق ئاممىنىڭ سىياسى ۋە مەدنى سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈشمۇ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە بىر كۈنمۇ سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. ھەممىگە چۈشىنىشلىككى، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەلىبىسى بولمىسا، ئىقتىسادىي قامال تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسا، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن چوڭ ياردەم بېرىدۇ، كەڭ ئاممىنى ئالدىنقى سەپكە قىزغىن ئاتلاندۇرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بىز يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بارلىق شەرتلەرنى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ۋە ئىنتايىن مۇھىم شەرتنى قولغا كەلتۈرسەك ھەمدە بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرساق، ئۇ چاغدا ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى شۈبھىسىز بىزنىڭ بولىدۇ.

## ئىزاھلار

① 1930-يىلدىن 1934-يىلغىچە، جياڭ جيېشى ئارمىيىسى جياڭشىنىڭ رۇيجىن ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان قىزىل رايونلارغا جەمئىي بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى، بۇنى بەش قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» دەپ ئاتىدى. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ رەسمى باشلىنىشى 1933-يىل 10-ئايدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشى بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى 1933-يىلنىڭ ياز پەسلىدىن تارتىپلا پائال ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

② يەر تەكشۈرۈش ھەرىكىتى شۇ چاغدا قىزىل رايونلار يەرلىرىنى تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان يەر تەكشۈرۈش ھەرىكىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت يەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ تولۇق مۇۋاپىق بولغان ياكى مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئىدى.

③ پاش قىلىش ھەرىكىتى — دېموكراتىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ بەزى ناچار قىلمىشلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسى تۆۋەندىن يۇقۇرىغا پاش قىلىدىغان بىر تۈرلۈك دېموكراتىك ھەرىكەت.

# يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك*

**(1933 ـ يىل 10 ـ ئاي)**

## 1. پومېشچىك

يەر ئىگىلىگەن، ئۆزى ئەمگەك قىلماي ياكى پەقەت قوشۇمچە ئەمگەك قىلىپ، دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كوچۈرىدىغانلار پومېشچىك دەپ ئاتىلىدۇ. پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى، ئاساسەن، يەر ئىجارىسى ئېلىش، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياكى ئۆسۈمگە قەرز بېرىش، ياكى ئەمگەك كۈچى ياللاش، ياكى سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش. لېكىن دېھقانلارنى يەر ئىجارىسى ئېلىش بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش — پومېشچىكلار ئېكسپلاتاتسىيىسىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. جامائەت يەرلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مەكتەپ يەرلىرىنىڭ ئىجارىسىنى يىغىۋېلىش① يەر ئىجارىسى ئېكسپلاتاتسىيىسىنىڭ بىر تۈرى.

بەزى پومېشچىكلار سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن سۇنغاندىن كېيىن يەنىلا ئەمگەك قىلماستىن، ئالدامچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىش يولى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسە ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار يەنىلا پومېشچىك ھېسابلىنىدۇ.

جۇنفالار، گۇەنلياۋلار، تۇخاۋلار ۋە لىيېشېنلار ـــ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ سىياسىي ۋەكىللىرى، پومېشچىكلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيلىرى. باي دېخانلار ئارىسىدىمۇ كىچىكرەك تۇخاۋلار ۋە لىيېشېنلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

پومېشچىكلارغا ياردەملىشىپ ئىجارىلىرىنى يىغىپ، ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىدىغان، پومېشچىكلارنىڭ دېخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا تايىنىشنى ئاساسىي تۇرمۇش مەنبەئى قىلغان، تۇرمۇش ئەھۋالى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولغان كىشىلەرگە پومېشچىكلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە تايىنىشنى ئاساسىي تۇرمۇش مەنبەئى قىلغان، تۇرمۇش ئەھۋالى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولغان كىشىلەر جازانىخورلار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلارغىمۇ

* بۇ ھۆججەتنى يولداش ماۋ زېدۇڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدە يۈز بەرگەن ئېغىشلارنى تۈزىتىپ، يەر مەسىلىسىنى توغرى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1933 ـ يىل 10 ـ ئايدا يازغان، بۇ ھۆججەت شۇ چاغدا مەركىزىي ئىشچى ـ دېخان دېموكراتىك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ، يېزىلاردىكى سىنىپىي تەركىبلەرنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان.

يومىشىكلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

## 2. باي دىخان

باي دىخانلار، ئۇمۇمەن، يەر ئىگىلىگەن بولىدۇ. لېكىن ئۆزى بىر قىسىم يەرنى ئىگىلىگەن، يەنە بىر قىسىم يەرنى ئىجارىگە ئالىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يېرى يوق، يەرنى پۈتۈنلەي ئىجارىگە ئالىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. باي دىخانلار، ئۇمۇمەن، بىرقەدەر كەڭتاشا ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى ۋە كوچمە كاپىتالغا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۆزى ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، لېكىن دائىم ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايىنىشىنى تۇرمۇش مەنبەئىنىڭ بىر قىسمى ياكى كوپ قىسمى قىلىدۇ. باي دىخانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى، ئاساسەن، ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش (يىللىقچى ئېلىش). بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياكى بىر قىسىم يېرىنى ئىجارىگە بېرىپ، يەر ئىجارىسى ئېلىش بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ياكى ئۇسۇمگە قەرز بېرىش، ياكى سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش. باي دىخاللارنىڭ تەگدىن تولىسى يەنە جامائەت يەرلىرىنى باشقۇرىدۇ. بەزىلەر خېلى كوپ ئوبدان يەرلەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۆزى ئەمگەك قىلىدۇ، باشقا ئەمگەك كۈچى ياللىمايدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، يەر ئىجارىسى ۋە قەرز ئۇسۇمى ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دىخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدىكىلەرگىمۇ باي دىخانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. باي دىخانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى دائىملىق بولىدۇ، نۇرغۇن باي دىخانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قىلغان دارامىتى ئۇنىڭ پۈتۈن دارامىتىدە

بەلكى ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ.

## 3. ئوتتۇرا دېخان

ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ نۇرغۇنى يەر ئىگىلىگەن بولىدۇ. بەزى ئوتتۇرا دېخانلار پەقەت بىر قىسىم يەر ئىگىلىگەن بولىدۇ، يەنە بىر قىسىم يەرنى ئىجارىگە ئالىدۇ. بەزى ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ يېرى بولمايدۇ، يەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئۆزىنىڭ خېلىلا قۇرال ـ سايمانلىرى بولىدۇ. ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ تۇرمۇش مەنبەئى — پۈتۈنلەي ئۆز ئەمگىكى ياكى ئاساسەن ئۆز ئەمگىكى. ئوتتۇرا دېخانلار، ئۇمۇمەن، باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمايدۇ، نۇرغۇن ئوتتۇرا دېخانلار تېخى باشقىلارنىڭ ئاز بىر قىسىم يەر ئىجارىسى ۋە قەرز ئۆسۈمىگە ئوخشاش ئېكسپىلاتاتسىيە-سىگىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن ئوتتۇرا دېخانلار، ئۇمۇمەن، ئەمگەك كۈچىنى ساتمايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېخانلار (هاللىق ئوتتۇرا دېخانلار) بولسا، باشقىلارنى يېنىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ، لېكىن دائىملىق ئەمەس ۋە ئاساسىي ئورۇندا ئەمەس.

## 4. كەمبەغەل دېخان

كەمبەغەل دېخانلارنىڭ بەزىلىرى بىر قىسىم يەر ۋە تولۇقسىز قۇرال ـ سايمان ئىگىلىگەن بولىدۇ؛ بەزىلىرى پۈتۈنلەي يەرسىز بولۇپ، پەقەت بىرئاز تولۇقسىز قۇرال ـ سايمانغىلا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار، ئۇمۇمەن، ئىجارىگە يەر ئېلىپ تېرىيدۇ، باشقىلارنىڭ

يەر ئىجارىسى، قەرز ئۇسۇمى ۋە ئاز بىر قىسىم يالانما ئەمگەك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئوتتۇرا دېخانلار، ئومۇمەن، ئەمگەك كۈچىنى ساتمايدۇ، كەمبەغەل دېخانلار، ئومۇمەن، ئاز بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى ساتىدۇ، بۇ — ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن كەمبەغەل دېخانلارنى پەرق ئېتىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى.

## 5. ئىشچى

ئىشچىلار (يالانما دېخانلار بۇنىڭ ئىچىدە)، ئومۇمەن، پۈتۈنلەي يەرسىز ۋە قورال-سايمانسىز بولىدۇ، بەزى ئىشچىلار ناھايىتى ئاز بىر قىسىم يەر ۋە قورال-سايمانغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىشچىلار پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئۆز ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

## ئىزاھ

① جۇڭگو يېزىلىرىدا ئورغۇنلىغان جامائەت يەرلىرى بار ئىدى. بۇ يەرلەرنىڭ بەزىلىرى سىياسىي خاراكتېردىكى، مەسىلەن، بەزى رايونلۇق ۋە يېزىلىق ھوكۇمەتلەر ئىگىلىگىدىكى يەرلەر ئىدى. بەزىلىرى ئۇرۇقداشلىق خاراكتېردىكى، مەسىلەن، ھەرقايسى يەملىدىكىلەرنىڭ ستاگىلىرى ئىگىلىگىدىكى يەرلەر ئىدى. بەزىلىرى دىنىي خاراكتېردىكى، مەسىلەن، بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، كاتولىك دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئىگىلىگىدىكى يەرلەر ئىدى. بەزىلىرى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېردىكى،

مەسىلەن، خەيرىيەت ساگلىرىغا قاراشلىق يەرلەر ۋە كوۋرۇك سېلىش، يول ياساشقا ئاتاپ قويۇلغان يەرلەر ئىدى. بەزىلىرى مائارىپ خاراكتېردىكى، مەسىلەن، مەكتەپ يەرلىرى ئىدى. بۇ يەرلەرنىڭ كوپ قىسمى پومېشىك ۋە باي دېخانلارنىڭ قولىدا بولۇپ، پەقەت ئازغىنا بىر قىسمىلا دېخانلار ئارىلىشىقا ھەقلىق ئىدى.

# بزنڭ ئقتسادي سياستمز*

## (1934 ـ يىل 1 ـ ئاينڭ 23 ـ كۈنى)

پەقەت ئەڭ نومۇسسز گومنداڭ جۇنفاللرىلا ئۆزلرى هوكۇمرانلق قلۋاتقان رايونلارنى خەلق گادايلشپ، ماليه قۇرۇپ كەتتى دىگەدەك دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغان تۇرۇقلۇق تېخى هەركۈنى پتنە ـ ئغۋا تارقتىپ، قىزىل رايونلار ۋەيران بولۇپ تۈگشپ كەتتى، دىشدۇ. جاهانگرلارنڭ ۋە گومنداڭنڭ مەقسدى قىزىل رايونلارنى ۋەيران قلش، ئالغا بېسۋاتقان قىزىل رايونلارنڭ ئقتسادي قۇرۇلۇش ئشلىرىنى ۋەيران قلش، ئازاتلىققا ئېرشكەن مليونلغان ئشچى ـ دىخانلار ئاممسنڭ پاراۋانلىقنى ۋەيران قلشتن ئبارەت. شۇنڭ ئۈچۈن، ئۇلار قۇراللق كۈچلرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ هەربى جەهەتتە «قورشاپ يوقتش» ئېلپ بېرش بلەنلا قالماي، بەلكى ئقتسادي جەهەتتە شەپقەتسز قامال قلش سياستنى يۈرگۈزمەكتە. لېكن بز كەڭ ئاممىگە ۋە قىزىل ئارمىيگە رەهبەرلك قلپ، دۈشمەن ئېلپ بارغان «قورشاپ يوقتش»لارنى ئارقمۇ ـ ئارقا تار ـ مار قلپلا قالماستن، بەلكى بارلق مۇمكن ۋە

زورۇر بولغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئىقتىسادىي قامال قىلىشتىن ئىبارەت زەھەرلىك پىلانىنى بىت-چىت قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇ تەدبىرىمىز ھازىرمۇ ھەر قەدەمدە غەلىبە قازىنىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىمىزنىڭ پرىنسىپى — ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بارلىق مۇمكىن ۋە زورۇر بولغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي كۈچىنى توپلاپ ئۇرۇشنى تەمىنلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە ياخشىلاپ، ئىشچىلار بىلەن دىخانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرلىشىشىنى مۇستەھكەملەپ، پۇرولېتارىياتنىڭ دىخانلارغا بولغان رەھبەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خۇسۇسى ئىگىلىككە رەھبەرلىك قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەلگۈسىدە سوتسىيالىزمغا راۋاجلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش.

بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ مەركىزى — يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كوپېراتىپلارنى راۋاجلاندۇرۇش.

قىزىل رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى، روشەنكى، ھازىر ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ. 1933-يىلنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى جەنۇبىي جياڭشى ۋە غەربىي فۇجيەن رايونلىرىدا 1932-يىلدىكىگە قارىغاندا، 15 پىرسەنت، فۇجيەن-جېجياڭ-جياڭشى چېگرا رايونىدا بولسا،

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ 1934-يىل 1-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسى رۇيجىن ناھىيىسىدە چاقىرىلغان 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىشچى-دىخانلار قۇرۇلتىيىدا قىلغان دوكلات.

20 پىرسەنت ئاشتى. سىچۈەن ـ شەنشى چېگرا رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىگىدىن ئوبدان ھوسۇل ئېلىندى. قىزىل رايونلار قۇرۇلغان دەسلەپكى بىر ـ ئىككى يىلدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، كوپۇنچە، تووۋەنلەپ تۇرغان ئىدى①. لېكىن يەر تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىگى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشەببۇس قىلغانلىغىمىز ئارقىسىدا، دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ھازىر بەزى جايلار ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتتى. بەزى جايلار ئىنقىلاۋىي قوزغىلاڭلار جەريانىدا تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېڭى يەرلەرنى ئوزلەشتۈردى. نۇرغۇن جايلار ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى ۋە تېرىلغۇ دۇيلىرى② تەشكىل قىلىپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچىنى تەڭشىدى؛ قوش كالىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش كوپېراتىپلىرى تەشكىل قىلىپ، تېرىلغۇ كالىلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ ئاياللار ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە قاتناشتى. بۇنداق ئىشلارنى گومىنداڭ دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گومىنداڭ دەۋرىدە يەر پومېشچىكلارنىڭ ئىدى، دېخانلار ئوز كۈچى بىلەن يەرنى ياخشىلاشنى خالىمايتتى ۋە ئۇنداق قىلىشى مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. بىز يەرلەرنى دېخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، دېخانلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەشەببۇس قىلغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەندىن كېيىنلا، دېخانلار ئاممىسىنىڭ ئەمگەك

قىزغىنلىقى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇلۇق ئىشلەپچىقىرىش غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى شارائىتتا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىمىزدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان ئاشلىق مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىيىم-كېچەك، شېكەر، قەغەزگە ئوخشاش كۈندىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرىنىڭ خامئەشيالىرى، يەنى پاختا، كەندىر، شېكەر قومۇچى ۋە يامبۇكقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىشى زۆرۈر. ئورمان يېتىشتۈرۈش، چارۋا-ماللارنى كۆپەيتىشمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم قىسمى. ئۇششاق دېخان ئىگىلىكى ئاساسىدا بەزى مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە مۇۋاپىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرى تۈزۈش، دېخانلارنى بۇنداق پىلانلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش — يول قويۇلىدىغان، بەلكى زۆرۈر بولغان ئىش. بىز بۇ جەھەتتە تېخىمۇ دىققەت قىلىشىمىز ۋە تىرىشىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى، مەسىلەن، ئەمگەك كۈچى مەسىلىسى، تېرىلغۇ كالىلىرى مەسىلىسى، ئوغۇت مەسىلىسى، ئۇرۇقلۇق مەسىلىسى، سۇ قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى دېخانلارنىڭ ھەل قىلىشىغا كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە تەشكىللىك تۈردە ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭشەش ۋە ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش — بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى ئەڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز. ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىلىرى ۋە تېرىلغۇ دۈيلىرىنى تەشكىللەش، ئەتىيازلىق ۋە

يازلىق تېرىلغۇ ۋاقىتلىرىدەك مۇھىم پەسىللەردە پۈتۈن يېزىدىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش بولسا، ئەمگەك كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى زورۇر ئۇسۇلىمىز. خېلى كوپ بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ (تەخمىنەن 25 پىرسەنتىنىڭ) تېرىلغۇ كالىلىرى يوق، بۇمۇ ناھايىتى زور مەسىلە. قوش كالىلىرىنى بىرلەشـتۈرۈش كوپېراتىپلىرى تەشكىل قىلىپ، كالىسى يوق يارلىق كىشىلەرنى ئۆزلىگىدىن پاي قوشۇپ كالا سېتىۋېلىپ بىرلىكتە ئىشلىتىشكە سەپەرۋەر قىلىش — دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىش. سۇ قۇرۇلۇشى — يېزا ئىگىلىگىنىڭ جان تومۇرى، بۇنىڭغىمۇ ئىنتايىن زور ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتا، تەبىي، دولەت يېزا ئىگىلىگى ۋە كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىگى مەسىلىسىنى تېخى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولمايدۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جايلاردا كىچىك كولەملىك دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى تەشكىل قىلىش ھەمدە يېزا ئىگىلىگى تەتقىقات مەكتەپلىرى ئېچىش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كورگەزمىسى ئېچىش جىددى زورۇر.

دۈشمەننىڭ قامال قىلىشى سەۋەبىدىن ماللىرىمىزنى چۈكۈ قىلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلماقتا. قىزىل رايونلارنىڭ نۇرغۇن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشلىرى توۋەنلەپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاماكا، قەغەز قاتارلىقلار ئەڭ كوزگە كورۈنەرلىك دەرىجىدە توۋەنلەپ كەتتى. لېكىن بۇنداق چۈكۈ قىيىنچىلىقى پۈتۈنلەي يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس. چۈنكى كەڭ ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ئارقىسىدا ئۆزىمىزدە كەڭ كولەملىك بازار ۋۇجۇتقا كەلمەكتە. ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەش ئۈچۈن، ئاندىن قالسا چۈكۈ قىلىش

ئۈچۈنمۇ قول سانائىتىنى ۋە بەزى سانائەتلەرنى پىلانلىق تۈردە ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. 2 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 1933 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن بۇيان ئۆزىمىز ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانلىقىمىزدىن، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى پەيدىن ـ پەي راۋاجلانغانلىقىدىن، نۇرغۇن قول سانائەتلىرى ۋە ئايرىم سانائەتلەر ھازىر ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى تاماكا، قەغەز، ۋولفرام رودىسى، جاڭناۋ، دىخانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئوغۇت (ھاك ۋە باشقىلار). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىز رەخت توقۇش، ئۆزىمىز دورا ياساش ۋە ئۆزىمىز شېكەر چىقىرىشقىمۇ ھازىرقى شارائىتتا ئېتىۋارسىز قارىغىلى بولمايدۇ. فۇجيەن ـ جېجياڭ ـ جياڭشى چېگرا رايونىدا، شۇ جايدا ئىلگىرىدىن كەم بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى سانائەتلەر، مەسىلەن، قەغەز ئىشلەش، رەخت توقۇش، شېكەر چىقىرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھازىر بىردىنلا راۋاجلىنىپ كەتتى ۋە نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ئۇلار تۇز يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شور تۇزى ئىشلەپچىقاردى. سانائەتنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق پىلان بولۇشى كېرەك. تارقاق قول سانائىتى ئاساسىدا مۇكەممەل پۇختا پىلان بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بەزى ئاساسىي ئىشلار، ئالدى بىلەن دولەت ئىگىلىگىدىكى ۋە كوپېراتىپلار ئىگىلىگىدىكى ئىشلار توغرىسىدا خېلى پۇختا ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بولۇشى پۈتۈنلەي زورۇر. خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنى ئېنىق ھېساپلاش، دۈشمەن رايونى ۋە ئۆز رايونىمىزدىكى بازارلارنى ئېنىق ھېساپلاش دولەت سانائىتى ۋە كوپېراتىپلار سانائىتىنىڭ ھەر بىر خىلىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان ۋاقتىمىزدىلا دىققەت قىلىشىمىز زورۇر بولغان ئىش ئىدى.

خەلقنىڭ تاشقى سودىسىنى پىلانلىق ئۆيۈشتۈرۈشىمىز ھەمدە بىرقانچە خىل زورۇر شاگىپىن مۇئامىلىسىنى، مەسىلەن، چەتتىن تۇز ۋە رەخت كىرگۈزۈش، چەتكە ئاشلىق ۋە ۋولفرام رودىسى چىقىرىش ھەم ئاشلىقنى ئىچكى تەرەپتىن تەڭشەشكە ئوخشاشلارنى دۆلەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ھازىرقى ۋاقىتتا ئادەتتىن تاشقىرى زورۇر بولۇپ قالىدى. بۇ خىزمەت فۇجيەن ـ جىجياڭ ـ جياڭشى چېگرا رايونىدا بالدۇرراق يولغا قويۇلدى، مەركىزىي رايوندا بولسا، 1933 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە باشلاندى. تاشقى سودا ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلار قۇرۇلغانلىقتىن، بۇ خىزمەتتە دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىر بىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىمىز دۆلەت ئىگىلىكى، كوپېراتىپ ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەركىپ تاپقان.

دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان ئىگىلىك ئىشلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا پەقەت مۇمكىن ۋە زورۇر بولغان بىر قىسىم ئىشلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. دۆلەت سانائىتى ۋە دۆلەت سودىسى راۋاجلىنىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز.

بىز خۇسۇسىي ئىگىلىكنى، پەقەت ھۆكۈمەت قانۇنى دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغانلا بولسا، توسۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تەشەببۇس قىلىمىز ۋە رىغبەتلەندۈرىمىز. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بەلكى خېلى ئۇزاق مۇددەتكىچە يەنە چوقۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى

سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىر خۇسۇسى ئىگىلىك قىزىل رايونلاردا كىچىك كولەملىك ئىگىلىك شەكلىدە تۇرماقتا.

كوپىراتىپ ئىگىلىكى ناھايىتى چاپسان راۋاجلىنىۋاتىدۇ. 1933-يىل 9-ئايدا جياڭشى ۋە فۇجيەن ئولكىلىرىنىڭ 17 ناھىيىسىدىن ئېلىنغان تۇڭجى مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇلاردا جەمئى 1 مىڭ 423 ھەرخىل كوپىراتىپلار بولۇپ، پاي پۇلى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. بۇلاردىن تازا راۋاجلانغانلىرى ــ ئىستىمال كوپىراتىۋى ۋە ئاشلىق كوپىراتىۋى، ئۇنىڭدىن قالسا، ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋى. ئامانەت-قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ پائالىيىتى ئەمدىلا باشلاندى. كوپىراتىپ ئىگىلىكى بىلەن دولەت ئىگىلىكى ماسلىشىپ، ئۇزاق مۇددەت راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە غايەت زور كۈچكە ئايلىنىدۇ، خۇسۇسى ئىگىلىككە نىسبەتەن پەيدىن-پەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ ۋە رەھبەرلىك ئورنىغا ئوتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دولەت ئىگىلىكىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە راۋاجلاندۇرۇش ۋە كوپىراتىپ ئىگىلىكىنى كەڭ كولەمدە راۋاجلاندۇرۇشنى خۇسۇسى ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنى رىغبەتلەندۇرۇش بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىش لازىم.

دولەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كوپىراتىپ ئىگىلىككە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا 3 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتۇق. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەبلەغ مەسىلىسىنى ئاممىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ مۇشۇنداق ھەل قىلىش ــ ھازىرقى ۋاقىتتا بىردىن-بىر ۋە مۇمكىن بولغان ئۇسۇل.

خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن مالىيە كىرىمىمىزنى ئاشۇرۇش ــ مالىيە سىياسىتىمىزنىڭ تۈپ فاڭجېنى، بۇنىڭ روشەن

نەتىجىسى فۇجيەن-جېجياڭ-جياڭشى چېگرا رايونىدا كورۇلدى، مەركىزىي رايوندىمۇ كورۇلۇشكە باشلىدى. بۇ فاكتىنى ئەھمىيەت بېرىپ ئىجرا قىلىش — مالىيە ئورگانلىرىمىز ۋە ئىقتىسادىي ئورگانلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى. بۇ يەردە شۇنىڭغا تولۇق دىققەت قىلىش كېرەككى، دولەت بانكىسى قەغەز پۇل تارقاتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىشى كېرەك، نوقۇل مالىيە ئېھتىياجىنى پەقەت ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇشقىلا توغرى كېلىدۇ.

مالىيە چىقىمىدا تېجەشلىك بولۇش فاكتېنغا ئاساسلىنىش لازىم. بارلىق ھوكۇمەت خادىملىرىغا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، خىيانەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق — ئىنتايىن چوڭ جىنايەت. خىيانەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش كۇرىشىدە ئىلگىرى بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۇچ چىقىرىشىمىز لازىم. ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپ ئىشى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ھەر بىر يارماقنىمۇ تېجەش — بىزنىڭ كۇەيجىلىك تۈزۈمىمىزنىڭ پرىنسىپى. بىزنىڭ دولەت دارامىتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىمىز گومىنداڭنىڭ ئۇسۇلىدىن قاتتىق پەرقلىنىشى كېرەك.

پۈتۈن جۇڭگو ئېغىر ئىقتىسادىي بالايى-ئاپەت ئىچىدە قالغان، نەچچە يۈز مىليون خەلق ئاچ-يالىڭاچلىق ئازاۋىنى تارتىۋاتقان ۋاقىتتا، خەلق ھوكۇمىتىمىز بارلىق قىيىنچىلىقلارغا قارىماستىن، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەھۋال ئىنتايىن چۈشىنىشلىككى، پەقەت جاھانگىرلارنى ۋە گومىنداڭنى يەڭگىنىمىزدىلا، پەقەت پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

خىزمەتلىرىنى يولغا قويغىنىمىزدىلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايمىز.

## ئىزاھلار

① يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قىزىل رايونلار قۇرۇلغان دەسلەپكى بىر-ئىككى يىلدا، كۆپىنچە، بىرئاز تۆۋەنلەپ تۇرغان ئىدى، بۇ، ئاساسەن، يەر تەقسىم قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە يەرگە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ تېخى ئېنىق بەلگىلەنمىگەنلىكى، يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپلەرنىڭ تېخى ئىزغا چۈشۈپ كەتمىگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەيپىياتىدا تېخى بەزى داۋالغۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقىدىن بولغان.

② ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسى ۋە تېرىلغۇ دۈيى شۇ چاغدا قىزىل رايونلاردىكى دېھقانلار يەككە ئىگىلىك ئاساسىدا ئەمگەك كۈچىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قۇرغان ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش تەشكىلاتى ئىدى. بۇنداق ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش تەشكىلاتلىرىغا كىرىش ئىختىيارى بولاتتى، بەلكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش شەرت قىلىناتتى: كۈن سانى جېقىشتۇرۇلۇپ، ئاز ئىشلىگەنلەر كۆپ ئىشلىگەنلەرگە كۈنگە قاراپ ھەق بېرەتتى. ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسىدا ئەزالار ئۆزئارا ھەمكارلاشقانلىقى سىرتىدا، يەنە قىزىل ئارمىيە ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىۋار بېرەتتى، ياناسىز قېرى-چۆرىلەرگە ياردەملىشەتتى (ياناسىز قېرى-چۆرىلەرگە ئىش قىلىشىپ بەرگەنلەر تاماقنىلا يەيتتى، ئىش ھەققى ئالمايتتى). بۇنداق ئەمگەكتە ھەمكارلىشىش تەشكىلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوللانغان چارىلىرى ناھايىتى مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «جاڭگاڭ يېزىسىنى تەكشۈرۈش» ۋە «سەيشى يېزىسىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە خاتىرىلەر بار.

# ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلايلى*

**(1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)**

مۇزاكىرىدە يولداشلار ئانچە دىققەت قىلمىغان ئىككى مەسىلە بار، مەن ئۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سوزلەپ ئوتۇشنى لازىم تاپىمەن.

بىرىنچى مەسىلە — ئاممىنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەسىلە.

بىزنىڭ ھازىرقى مەركىزىي ۋەزىپىمىز كەڭ ئاممىنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، جاھانگىرلىكنى ۋە گومىنداڭنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلاپنى پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىش، جاھانگىرلارنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت. كىمكى بۇ مەركىزىي ۋەزىپىگە سەل قارايدىكەن، ئۇ ئوبدان ئىنقىلاۋىي خادىم ئەمەس. ئەگەر يولداشلىرىمىز بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى ھەقىقەتەن ئېنىق تونۇغان، قانداقلا بولسۇن، ئىنقىلاپنى پۈتۈن مەملىكەتكە يېيىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا، كەڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتى مەسىلىسىگە، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى

مەسىلىسىگە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا، ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — ئاممىنىڭ ئۇرۇشى، ئۇرۇشنى پەقەت ئاممىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، پەقەت ئاممىگە يۆلەنگەندىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئەگەر بىز خەلقنى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلمىساق، دۈشمەننى يېڭىش مەقسىدىگە يېتەلەمدۇق؟ ئەلۋەتتە يېتەلمەيمىز. غەلىبە قازىنىمىز دېسەك، چوقۇم يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. دېھقانلارنىڭ يەر كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇلارغا يەر تەقسىم قىلىپ بېرىشىمىز؛ دېھقانلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاشۇرۇشىمىز؛ ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز؛ كوپېراتىپلار قۇرۇشىمىز؛ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز؛ ئاممىنىڭ كىيىم-كېچەك مەسىلىسىنى، يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى، تۇرار جاي مەسىلىسىنى، ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ، تۇز مەسىلىلىرىنى، ئاغرىق-سىلاق، ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسىنى ۋە نىكاھ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ئاممىنىڭ بارلىق ئەمەلىي تۇرمۇش مەسىلىلىرى — دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىلەر. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلساق، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلساق، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرساق، ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولىمىز، ئاممە بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ھەقىقىي تۈردە ئۇيۇشىدۇ، بىزنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ.

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ 1934-يىل 1-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسى رۇيجىن ناھىيىسىدە چاقىرىلغان 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتىيىدا چىقارغان خۇلاسىنىڭ بىر قىسمى.

يولداشلار، ئەنە شۇ چاغدا بىز ئاممىنى چاقىرىپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا قاتناشتۇرالايمىزمۇ ـ يوق؟ قاتناشتۇرالايمىز، پۈتۈنلەي قاتناشتۇرالايمىز.

بىزنىڭ خادىملىرىمىز ئارىسىدا مۇنداق ئەھۋالمۇ كورۈلگەن ئىدى: ئۇلار پەقەت قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش، نەقلىيات دۇيلىرىنى كېڭەيتىش، يەر بېجى ئېلىش، زايوم تارقىتىش بىلەنلا شۇغۇللاندى، باشقا ئىشلارغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن شۇغۇللانمىدى ۋە كارى بولمىدى، ھەتتا ھەممىسى بىلەن كارى بولمىدى. مەسىلەن، ئىلگىرى بىر مەزگىل تىڭجۇ شەھەرلىك ھوكۇمەت پەقەت قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش ۋە نەقلىيات دۇيلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن، ئاممىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى بىلەن زادىلا كارى بولمىغان. ھالبۇكى، تىڭجۇ شەھرىدىكى ئامما قالغىلى ئوتۇن تاپالمىغان، تۇزنى كاپىتالىستلار يوشۇرۇۋالغانلىقتىن، سېتىۋېلىشقا تۇز تاپالمىغان، ئاممىنىڭ بەزىلىرى ئۆيسىز قالغان، ئۇ يەردە گۈرۈچ كەمچىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھاسى قىممەت بولغان. مانا بۇلار تىڭجۇ شەھرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىسى بولۇپ، بىزنىڭ ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىشىمىزنى توت كوزى بىلەن كۈتكەن. لېكىن تىڭجۇ شەھەرلىك ھوكۇمەت بۇنى زادىلا مۇزاكىرە قىلمىغان. شۇ چاغدا تىڭجۇ شەھەرلىك ئىشچى ـ دېھقانلار ۋەكىللەر كېڭىشى قايتا سايلانغاندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىملىق مەجلىستە پەقەت قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش ۋە نەقلىيات دۇيلىرىنى سەپەرۋەر قىلىشلا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئېتىۋارسىز قالدۇرۇلغانلىقتىن، يۈزدىن ئوشۇق ۋەكىل كېيىنچە مەجلىسكە كېلىشكە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان، يىغىننى چاقىرىشمۇ مۇمكىن بولماي

قالغان. قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش، نەقلىيات دۇيلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش ئىشىغا كەلسەك، بۇمۇ ئەنە شۇ سەۋەپتىن ناھايىتى ئاز نەتىجە بەرگەن. بۇ — بىر تۇرلۇك ئەھۋال.

يولداشلار، سىلەرگە ئىككى ئۇلىگىلىك يېزا توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپچە تارقىتىپ بېرىلدى، ئېھتىمال، ئوقۇغان بولساڭلار كېرەك. ئۇ يەردىكى ئەھۋال بۇنىڭ تەتۇرىسىچە. جياڭشىنىڭ چاڭگاڭ يېزىسىدا[1]، فۇجيەننىڭ سەيشى يېزىسىدا[2] قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقانلار نىمە دىگەن كوپ-ھە! چاڭگاڭ يېزىسىدا ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر-ئاياللارنىڭ 100 دىن 80 ى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، سەيشى يېزىسىدا 100 دىن 88 ى قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان. زايوممۇ ناھايىتى كوپ تارقىتىلغان، پۇتۇن چاڭگاڭ يېزىسىدىكى 1500 كىشىگە 4500 كويچەنلىك زايوم تارقىتىلغان. باشقا خىزمەتلەردىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۇرۇلگەن. بۇنىڭ سەۋەۋى نىمە؟ بىرقانچە مىسال كەلتۇرسەكلا چۇشىنىشلىك بولىدۇ. چاڭگاڭ يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دىخاننىڭ بىر يېرىم ئېغىز ئويى كويۇپ كەتكەندە، يېزىلىق ھوكۇمەت ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش بىلەن پۇل يىغىش قىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن. ئۇچ كىشىنىڭ يەيدىغان نەرسىسى قالمىغاندا، يېزىلىق ھوكۇمەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى دەرھال گۇرۇچ يىغىش قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلغان. بۇلتۇر يازدىكى قەھەتچىلىكتە يېزىلىق ھوكۇمەت 200 نەچچە لىي يىراقلىقتىكى گۇڭلۇڭ ناھىيىسىدىن[3] گۇرۇچ ئېلىپ كېلىپ ئاممىگە ياردەم قىلىپ تۇرغان. سەيشى يېزىسىمۇ بۇنداق ئىشلارنى ئىنتايىن ئوبدان ئىشلىگەن. بۇنداق يېزىلىق ھوكۇمەتلەر، ھەقىقەتەن، ئۇلىگىلىك يېزىلىق ھوكۇمەتلەر. ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى تىگىجۇ شەھىرىنىڭ گۇەنلىياۋجۇيىلىق

رەھبەرلىك ئۇسۇلىغا مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. بىز چاڭگاڭ ۋە سەيشى يېزىلىرىدىن ئۆگىنىشىمىز، تىڭجۇ شەھىرىدىكىگە ئوخشاش گۈەنلياۋ-جۇيىچى رەھبەرلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم!

مەن قۇرۇلتايغا شۇنى جىددى قويىمەنكى، ئامىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە، يەر ۋە ئەمگەك مەسىلىلىرىدىن تارتىپ، ئوتۇن، گۈرۈچ، ياغ ۋە تۇز مەسىلىلىرىگىچە بولغان مەسىلىلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئاياللار ئامىسى يەر ھەيدەش ۋە سورەم سېلىشنى ئۆگەنسەك دەيدۇ، ئۇلارغا بۇنى كىم ئۆگىتىشى كېرەك؟ بالىلار ئوقۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلارغا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېچىپ بېرىلدىمۇ-يوقمۇ؟ ئۇدۇلىمىزدىكى كوۋرۈك شۇنچىلىك تاركى، ئوتكەن كىشىلەر يىقىلىپ چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇنى ئوڭلاپ قويۇش كېرەكمۇ-كېرەك ئەمەسمۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر كېسەل بولماقتا، بۇنىڭغا قانداق چارە قىلىش كېرەك؟ ئامىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەنە شۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزنىڭ دائىملىق ئىشلار كۈن تەرتىۋىمىزگە قويۇشىمىز لازىم. بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلىشىمىز، قارار چىقىرىشىمىز، بۇ قارارلارنى ئىجرا قىلىشىمىز ۋە ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. كەڭ ئاممە بىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمىزنى، ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىدىغان بولسۇن. ئۇلار مۇشۇ ئىشلارنى كوزدە تۇتۇپ، بىز ئوتتۇرىغا قويغان تېخىمۇ يۇكسەك ۋەزىپىنى — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشىنىپ، ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىنقىلاپنى پۈتۈن مەملىكەتكە يايىدىغان بولسۇن، بىزنىڭ سىياسى چاقىرىقلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغان بولسۇن. چاڭگاڭ يېزىسىدىكى ئاممە:

«گوگچەندەك راستلا ياخشى، ھەممە ئىشتا بىزنىڭ غېمىمىزنى يەيدۇ» دېيىشكەن. چاڭ كەيشېكنىڭ ئۆلگىلىك خادىملىرىغا، چاڭگاڭ يېزىسىنىڭ ھۆرمەتكە لايىق خادىملىرىغا شان - شەرەپلەر بولسۇن! ئۇلار كەڭ ئاممىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، ئۇلار - نىڭ ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى چاقىرىقى كەڭ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشمىز دەيمىزغۇ؟ ئاممە ئۆزى - نىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئۇرۇش سېپىگە سالسۇن دەيمىزغۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئاممە بىلەن بىللە بولۇشىمىز، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوز - غىشىمىز، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، چىن كۆڭۈل - سەمىمى نىيەت بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى — تۇز مەسىلىسى، گۈرۈچ مەسىلىسى، ئۆي مەسىلىسى، كىيىم مەسىلىسى ۋە تۇغۇت مەسىلە - سىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز، ئاممىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىدىغان بولساق، كەڭ ئاممە چوقۇم بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ ھاياتى دەپ بىلىدۇ، ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي شان - شەرەپ تۇغى دەپ بىلىدۇ. گومىنداڭ قىزىل رايونلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، كەڭ ئاممە جېنىنى تىكىپ تۇرۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئېلىشىدۇ. بۇ شۈبھىسىز: دۈشمەننىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لىرىنى ھەقىقەتەن تار - مار قىلغۇەتمىدۇقمۇ؟

گومىنداڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قورغان سىياسىتىنى[4] يۈر - گۈزۈپ، «تاشپاقا قېپى»نى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پولات ئىستىھكامى دەپ ھېساپلىماقتا. يولداشلار، بۇ، ھەقىقەتەن، پولات ئىستىھكاممۇ؟ ھېچ ئۇنداق ئەمەس! قاراڭلار، نەچچە مىڭ

يىللاردىن بۇيان فېودال خانلارنىڭ قەلئەلىرى ۋە ئوردىلىرى مۇستەھكەم ئەمەسمىدى؟ بۇلار ئاممىنىڭ كوتۇرۇلۇشى بىلەنلا بىر ـ بىرلەپ گۇم بولدى. روسىيە پادىشاسى دۇنيادا ئەڭ ياۋۇز ھوكۇمران ئىدى؛ پرولېتارىيات ۋە دېخانلار ئىنقىلاۋى كوتۇرۇلگەن چاغدا ئۇ پادىشا ئامان قالدىمۇ؟ ياق. پولات ئىستىھكاملىرىچۇ؟ گۇم بولۇپ كەتتى. يولداشلار، ھەقىقى پولات ئىستىھكام دىگەن نىمە؟ ئامما، ئىنقىلاپنى چىن كوڭۇل ـ سەممى نىيەت بىلەن ھىمايە قىلىدىغان مىليونلىغان ئامما. بۇ — ھەقىقى پولات ئىستىھكام، ئۇنى ھېچقانداق كۇچمۇ بۇزۇۋېتەلمەيدۇ، ھەرگىز بۇزۇۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىلئىنقىلاپ بىزنى يىمىرەلمەيدۇ، بىز ئەكسىلئىنقىلاپنى يىمىرىپ تاشلايمىز. ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەت ئەتراپىغا مىليونلىغان ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىمىزنى راۋاجلاندۇرساق، بارلىق ئەكسىلئىنقىلاپنى يوقىتالايمىز، پۇتۇن جۇڭگونى قولغا ئالالايمىز.

ئىككىنچى مەسىلە — خىزمەت ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مەسىلە.

بىز — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىسىمىز، شۇنىڭدەك ئامما تۇرمۇشىنىڭمۇ رەھبىرى ۋە تەشكىلاتچىسىمىز. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش — بىزنىڭ ئىككى چوڭ ۋەزىپىمىز. بۇ يەردە خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى بىزنىڭ ئالدىمىزغا جىددى قويۇلۇۋاتىدۇ. بىز ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىشىمىز كېرەك. ئېيتايلۇق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دەريادىن ئوتۇش بولسۇن، لېكىن كوۋرۇك ياكى كېمە بولمىسا ئوتەلمەيمىز. كوۋرۇك ياكى كېمە مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، دەريادىن ئوتۇش دىگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇسۇل

مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، ۋەزىپە دېگىنىمىزمۇ بىكار گەپ بولۇپ قالىدۇ. قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش ئىشىغا بولغان رەھبەرلىكتە دىققەت قىلماي، قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەرمەي تۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىشنى مىڭ مەرتىۋە ئېيتقان بىلەنمۇ، بەربىر، ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. باشقا بارلىق خىزمەتلەردە، مەسىلەن، يەر تەكشۈرۈش خىزمىتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتى، مەدەنىي-مائارىپ خىزمىتى، يېڭى رايون ۋە چېگرا رايون خىزمەتلىرىدە، ئەگەر ۋەزىپىلەرلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىدىكى خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىنمىسا، گۇەنلىياۋجۇيىلىق خىزمەت ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇلمىسا ۋە ئەمەلىي، كونكرېت خىزمەت ئۇسۇلى قوللىنىلمىسا، بۇيرۇقچىلىق خىزمەت ئۇسۇلى تاشلىۋېتىلمىسە ۋە سەۋرلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش خىزمەت ئۇسۇلى قوللىنىلمىسا، ئۇ چاغدا ھېچقانداق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

شىڭگو ناھىيىسىدىكى يولداشلار خىزمەتتە بىرىنچى دەرىجىلىك ئۈلگە ياراتتى، ئۇلار ئۈلگىلىك خادىملار دەپ ماختىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭدەك شەرقىي-شىمالىي جياڭشىدىكى يولداشلارمۇ ناھايىتى ئوبدان ئۈلگە ياراتتى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۈلگىلىك خادىملار. شىڭگو ناھىيىسىدىكى ۋە شەرقىي-شىمالىي جياڭشىدىكى يولداشلار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن باغلىدى، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىنى ئىنقىلاپنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى مەسىلىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەل قىلدى. ئۇلار ئۇ يەرلەردە ئەستايىدىل ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار ئۇ يەرلەردە مەسىلىلەرنى پۇختا ھەل قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىنقىلاپ ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى

ھەقىقى ئوتەۋاتىدۇ، ئۇلار — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئوبدان تەشكىلاتچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى، شۇنىڭدەك ئامما تۇرمۇشىنىڭمۇ ئوبدان تەشكىلاتچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى. باشقا جايلاردا، مەسىلەن، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭخاڭ، چاڭتىڭ ۋە يۈڭدىڭ ناھىيىلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا، جەنۇبىي جياڭشىنىڭ شىجياڭ قاتارلىق جايلىرىدا، خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىدىكى چالىڭ، يۈڭشىن، جىەن ناھىيىلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا، خۇنەن-خۇبېي-جياڭشى چېگرا رايونىدىكى ياڭشىن ناھىيىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا ۋە جياڭشىدىكى يەنە بىرمۇنچە ناھىيىلەرنىڭ رايون ۋە يېزىلىرىدا، شۇنداقلا، مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان رۇيجىن ناھىيىسىدە، ئەنە شۇ جايلاردىكى يولداشلار خىزمەتتە ئىلغارلىق كۆرسەتتى، ئۇلارمۇ ماختىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بارلىق جايلاردا، شۈبھىسىزكى، بىرمۇنچە ئاكتىپ كادىرلار، ئامما ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ناھايىتى ئوبدان خادىملار بار. بۇ يولداشلار مۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، يەنى خىزمىتى ئاجىز جايلارغا ياردەم بېرىشى، خىزمەتتە تېخى ماھىر بولمىغان يولداشلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. بىز ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئۈستىدە تۇرماقتىمىز، بىز دۈشمەن ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك «قورشاپ يوقىتىش»نى بۇزۇپ تاشلىشىمىز كېرەك، بىز ئىنقىلاپنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىشىمىز لازىم. بارلىق ئىنقىلاۋىي خادىملار ئاجايىپ زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. قۇرۇلتايدىن كېيىن، بىز چوقۇم ئەمەلىي چارىلەرنى قوللىنىپ، خىزمىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز كېرەك، ئىلغار جايلار يەنىمۇ ئالغا بېسىشى، ئارقىدا قالغان جايلار ئىلغار

جايلارغا يېتىشۋېلىشى لازىم. بىرنەچچە مىڭ چاكچاڭ يېزىسىنى، بىرنەچچە ئون شىڭگو ناھىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مانا بۇلار بىزنىڭ مۇستەھكەم جېندىلىرىمىز بولىدۇ. بىز مۇشۇ جېندىلارنى ئىگىلىسەك، مۇشۇ جېندىلاردىن چىقىپ، دۈشمەن ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلالايمىز، جاھانگىرلىكنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايمىز.

## ئىزاھلار

① چاكچاڭ يېزىسى — جياڭشى ئۆلكىسىدىكى شىڭگو ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

② سەيشى يېزىسى — فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى شاڭخاڭ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

③ گۇڭلۆې ناھىيىسى شۇ چاغدا جياڭشى قىزىل رايونىنىڭ بىر ناھىيىسى بولۇپ، جەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دۇڭگۇ جېنىنى مەركەز قىلغان. قىزىل ئارمىيە 3-جۈننىڭ جۈنجاڭى يولداش خۇاڭ گۇڭلۆې 1931-يىل 10-ئايدا مۇشۇ يەردە قۇربان بولغان ئىدى، بۇ ناھىيە ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

④ 1933-يىل 7-ئايدا جياڭ جيېشى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ لۇشەن تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي ئىشلار يىغىنىدا بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ يېڭى ھەربىي سىياسىتى سۈپىتىدە قىزىل رايونلارنىڭ ئەتراپىغا پوتەيلەر سېلىشنى قارار قىلدى. توڭجى مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1934-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جياڭشى ئۆلكىسىدە جەمئىي 2 مىڭ 900 پوتەي سېلىنغان. كېيىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىمۇ جۇڭگودا 8-ئارمىيە

ۋە يېڭى 4-ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان چاغدا، جياڭ جيېشىنىڭ مۇشۇنداق قورغان سىياسىتىنى قوللاندى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ خەلق ئۇرۇشى توغرىسىدىكى جەنلۈيىسىگە ئاساسەن، مۇنداق ئەكسىلئىنقىلاۋىي قورغان سىياسىتىنى تار-مار قىلىش ۋە يېڭىش پۈتۈنلەي مۇمكىن، بۇنى تارىخىي فاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدى.

# ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىلۇبىسى توغرىسىدا*

(1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

## ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى

يولداشلار! ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈزبەردى. مۇشۇ ئۆزگەرگەن ۋەزىيەتكە ئاساسەن، پارتىيىمىز ئۆز ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى.

ھازىرقى ۋەزىيەت قانداق؟

ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى — ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگونى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى.

ھەممىگە مەلۇمكى، يۈز يىلچە ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگو بىرقانچە جاھانگىر دولەت بىرلىكتە ھوكۈم سۈرۈۋاتقان يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت بولۇپ كەلدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى

كۆرشى ۋە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا كۆرەشلىرى سەۋەبىدىن، جۇڭگو يەنىلا يېرىم مۇستەقىللىق ئورۇنىنى ساقلاپ كەلدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىر مەزگىل ياپون جاھانگىرلىكىگە جۇڭگونى تەنھا بېسىۋېلىش پۇرسىتىنى بەرگەن ئىدى. لېكىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۆرەش قىلىشى ۋە باشقا جاھانگىر دۆ-لەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى شۇ ۋاقىتتىكى ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ باشلىقى

* بۇ — يولداش ماۋزېدۇڭ شىمالىي شەنشىدىكى ۋاياۋباۋدا ئۆتكۈزۈل-گەن پارتىيە ئاكتىپلىرى يىغىنىدا قىلغان دوكلات. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ دوكلاتنى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ جېڭجىجۈيىنىڭ 1935 - يىل 12 - ئاي-دىكى ۋاياۋباۋ يىغىنىدىن كېيىن قىلغان ئىدى. جېڭجىجۈينىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنى، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدىغان پارتىيە ئىچىدىكى خاتا نۇقتەئى نەزەرنى تەنقىت قىلدى، مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش سىياسىتىنى بەل-گىلىدى، بۇ جۇڭيانىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر يىغىنى بولدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە جۇڭيانىڭ قارارىغا ئاساسلىنىپ، ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى تۇرۇش شەرتى ئاستىدا مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن يېڭىۋاشتىن بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈردى، گۇڭچەنداڭ بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ بىرلىكسەپتىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە رەھبەرلىك رولىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بەردى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، پارتىيە ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن تار گۇەنمېن-جۇيىنى ۋە ئىنقىلاپقا تەبەتەن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېسىلىنى بايان قىلدى — بۇلار پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يولداش ماۋزېدۇڭ

يۈەن شىكەي① قول قويغان، ياپونىيىگە باش ئېگىپ تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت بولغان 21 ماددىلىق شەرتنامىنى② كۈچىدىن قالدۇردى. 1922 - يىلى ئامېرىكا چاقىرغان ۋاشىنگتون توققۇز دۆلەت يىغىنى بىر ئەھدىنامە③ ئىمزالاپ، جۇڭگونى يەنە بىرقانچە جاھانگىر دۆلەت بىرلىكتە ھۆكۈم سۈرىدىغان ھالەتكە قايتۇرغان ئىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئەھۋالدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. 1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ

پارتىيىنى 1927 - يىلى چېن دۇشيۇ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىسىنىڭ ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ساۋاقنى دىققەت قىلىشقا چاقىرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ۋەيران قىلىشقا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ، كېيىن پارتىيىمىزنىڭ يېڭى شارائىتتا سەگەك بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئالدامچىلىقلىرى ۋە ئۇرغۇن قېتىملىق قوراللىق تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدا ئىنقىلاب كۈچلىرىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىققا كاپالەت بەردى. داڭجۇڭياڭنىڭ 1935 - يىل 1 - ئايدا گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇنيى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن جېڭجۈجۈي كېڭەيتىلگەن يىغىنى جۇڭياڭنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى يېڭى رەھبەرلىكىنى تىكلىدى، بۇرۇنقى «سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق رەھبەرلىكنى ئۆزگەرتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى يىغىن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپىرى داۋامىدا چاقىرىلغانلىقتىن، پەقەت شۇ چاغدىكى ئەڭ جىددىي ھەربىي مەسىلىلەر ۋە جۇڭياڭ شۇجىچۇسى، جۇڭياڭ ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ تەشكىلىي مەسىلىلىرى ئۈستىدىلا قارار چىقاردى. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرنى پۈتتۈرۈپ، شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا، داڭجۇڭياڭ سىياسىي سىلۇيى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. سىياسىي سىلۇيى جەھەتتىكى بۇنداق مەسىلىلەر يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇشۇ دوكلاتىدا ئەڭ مۇكەممەل تەھلىل قىلىنغان.

18 ـ كۈنىدىكى ۋەقە④ جۇڭگونى ياپونىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلان ـ دۇرۇش باسقۇچىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش دائىرىسىنىڭ ۋاقىتىنچە تېخى دۇڭبېي تۆت ئۆلكە⑤ بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى كىشىلەردە ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ يەنە ئىلگىرى ـ لەپ كىرىۋېرىشى گويا ناتايىن بولۇپ قالغاندەك ھېسسىيات پەيدا قىلدى. بۈگۈنكى ئەھۋال باشقىچە، ياپون جاھانگىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكچى بولغانلىقىنى، پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋالماقچى بولغانلىقىنى روشەن كۆرسەتتى. ھازىر ياپون جاھانگىرلىكى پۈتۈن جۇڭگونى بىرنەچچە جاھانگىر دۆلەتنىڭ ھەممىسى بار بولغان يېرىم مۇستەملىكىلىك ھالەتتىن ياپونىيە تەنھا بېسىۋالغان مۇستەملىكىلىك ھالەتكە ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. يېقىندا بولغان شەرقىي خېبېي ۋەقەسى⑥ ھەم ۋەيجياۋ تەنپەنى⑦ مۇشۇ يۈنىلىشنى روشەن كۆرسەتتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سالدى. بۇ ئەھۋال جۇڭگودىكى بارلىق سىنىپلار ۋە بارلىق سىياسىي گۇرۇھلار ئالدىغا «قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن مەسىلىنى قويدى. قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ياكى تەسلىم بولۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارسالدى بولۇپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟

ئەمدى بىز جۇڭگودىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاپ بېرىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

جۇڭگونىڭ ئىشچىلىرى بىلەن دېھقانلىرى قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ، 1927 ـ يىلدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان يەر ئىنقىلاۋى، 1931 ـ يىل ـ دىكى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيانقى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى

دولقۇن جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېخانلار سىنىپىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ قەتئى كۈچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

جۇڭگونىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىمۇ قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ھازىر كەڭ كۆلەملىك ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەرىكەت[8] قوزغىۋەتمىدىمۇ؟ جۇڭگونىڭ بۇ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە تەركىپلىرى 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابقا قاتناشقان ئىدى. دېخانلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ جاھانگىرلىك بىلەن زادى پېتىشالمايدىغان ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي ئورنىغا ئىگە. جاھانگىرلار ۋە جۇڭگودىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئۇلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشسىزلىق، ۋەيرانلىق ياكى يېرىم ۋەيرانلىق ئەھۋالىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئەمدى ئۇلار ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۈچۈن قارشى تۇرۇشتىن باشقا نىجات يولى يوق.

مەسىلە مىللىي بۇرژۇئازىيە، مەيبەنلەر سىنىپى ۋە پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، گومىنداڭنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟

چوڭ تۇخاۋلار، چوڭ لىيشىنلار، چوڭ جۈنفالار، چوڭ گۈەنلياۋلار ۋە چوڭ مەيبەنلەر بۇ توغرىدا ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان. ئۇلار ئىلگىرى، ئىنقىلاب (مەيلى قانداقلا ئىنقىلاب بولسۇن) ھامان جاھانگىرلىكتىن يامان، دەيتتى، ھېلىمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ. ئۇلار ۋەتەن ساتقۇچىلار لاگېرى بولۇپ تەشكىللەندى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ۋەتىنى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى يوق، ئۇلار مىللەت دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن،

ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى جاھانگىرلىكنىڭ مەنپەئەتىدىن ئايرىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ چوڭ باشلىقى — جياڭ جيېشى[9]. بۇ ۋەتەن ساتقۇچىلار لاگېرى — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى. ئەگەر بۇ بىر توپ ۋەتەن ساتقۇچىلار بولمىغان بولسا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ بۇ دەرىجىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار جاھانگىرلىكنىڭ غالچىسى.

مىللى بۇرژۇئازىيە مەسىلىسى — مۇرەككەپ بىر مەسىلە. بۇ سىنىپ 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپقا قاتناشقان ئىدى، كېيىن يەنە بۇ ئىنقىلاپنىڭ يالقۇنىدىن قورقۇپ كېتىپ، خەلق دۈشمىنى، يەنى جياڭ جيېشى گۇرۇھى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. گەپ شۇ يەردىكى، بۈگۈنكى شارائىتتا مىللى بۇرژۇئازىيەدە ئۆزگىرىش بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ - يوق؟ بىزنىڭچە، بۇنداق ئېھتىمال بار. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىللى بۇرژۇئازىيە پومېشچىكلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپى بىلەن ئوخشاش نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مىللى بۇرژۇئازىيەدە پومېشچىكلار سىنىپىدىكىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ فېئوداللىق خاراكتېر يوق، مەيبەنلەر سىنىپىدىكىدەك ئۇنچىۋالا كۆپ مەيبەنلىك خاراكتېر يوق. مىللى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا چەتئەل كاپىتالى بىلەن ۋە مەملىكەتتىكى يەر-زېمىن بىلەن مۇناسىۋىتى كۆپرەك بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بار، بۇ كىشىلەر — مىللى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئوڭقانىتى، بىز ھازىرچە ئۇلاردا ئۆزگىرىش بولۇش ئېھتىمالىنى مۆلچەرلەپ ئولتۇرمايمىز. گەپ ئۇنىڭ ھېلىقىدەك مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى مۇناسىۋىتى ئازراق بولغان يەنە بىر قىسمىدا. بىزنىڭچە، مۇستەملىكىگە ئايلىنىش خەۋپى بولۇۋاتقان يېڭى شارائىتتا، مىللى بۇرژۇئازىيەنىڭ بۇ قىسمىنىڭ

پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ خۇسۇسىيىتى — ئۇلارنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغانلىقى. ئۇلار، بىر تەرەپ-تىن، جاھانگىرلىكنى ياقتۇرمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنقىلاپنىڭ ئۆز ئۆل-كېسەللىكلىكىدىن قورقىدۇ، ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ 1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاپقا قاتناشقانلىقىنى ۋە بۇ مەزگىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يەنە نېمە ئۈچۈن جياڭ جيېشى تەرەپكە ئوتۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى مەزگىلنىڭ 1927 - يىلى جياڭ جيېشى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلغان مەزگىلدىن قانداق پەرقى بار؟ جۇڭگو ئۇ چاغدا تېخى يېرىم مۇستەملىكە ئىدى، ھازىر مۇستەملىكىلىككە قاراپ كېتىۋاتىدۇ. 9 يىل-دىن بۇيان مىللىي بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان ئىشچىلار سىنىپىدىن ۋازكېچىپ، پومېششىكلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپى بىلەن دوست بولۇپ، قانداق پايدا تاپتى؟ ھېچقانداق پايدا تاپقىنى يوق، تاپقىنى پەقەت مىللىي سودا-سانائەتنىڭ ۋەيران بولۇش ياكى يېرىم ۋەيران بولۇش ھالىتىگە چۈشكەنلىكى، خالاس. مۇشۇ ئەھۋاللار سەۋەبىدىن، بىز، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ پوزىتسىيە-سىدە بۇگۈنكى ۋەزىيەت ئاستىدا ئۆزگىرىش بولۇش ئېھتىمالى بار، دەپ قارايمىز. ئۆزگىرىشنىڭ دەرىجىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇمۇمى خۇسۇسىيەت — تەۋرىنىش. لېكىن كۈرەشنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (سولقانىتى) كۈرەشكە قاتنىششى مۇمكىن. يەنە بىر قىسمى بولسا، تەۋرىنىشتىن بىتەرەپلىك پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئوتۇشى مۇمكىن.

سەي تىڭكەي قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان 19 - ئارمىيە⑩

قايسى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئۇلار مىللى بۇرژۇئا-
زىيىگە، يۇقۇرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە، يېزىلاردىكى باي
دىخان ۋە كىچىك پومېشچىكلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سەي تىڭكەيلەر
قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۆلگىدەك جەڭ قىلغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن
كېيىن يەنە قىزىل ئارمىيە بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە جياڭ
جيېشىغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇلار جياڭشىدا قىزىل ئارمىيىگە
ھۇجۇم قىلغان ئىدى؛ شاڭخەيگە بارغاندا بولسا، ياپون جاھانگىر-
لىگىگە قارشى تۇردى؛ فۇجيەنگە بارغاندا، قىزىل ئارمىيە بىلەن
مۇرەسسەگە كېلىپ، جياڭ جيېشىغا قارشى ئوت ئاچتى. سەي تىڭكەي-
لەرنىڭ كەلگۈسى مەيلى نىمە بولسا بولسۇن، مەيلى شۇ چاغدىكى
فۇجيەن خەلق ھۆكۈمىتى كونا ئۇسۇللارغا قانچە ئېسىلىۋېلىپ، ئاھ-
مىنى كۆرەشكە قوزغىمىغان بولسۇن، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە قىزىل
ئارمىيىگە قاراتقان ئوت كۈچىنى ياپون جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ
جيېشىغا بۇرىدى، بۇنى ئىنقىلابقا پايدىلىق ھەرىكەت دىمەي بول-
مايدۇ. بۇ — گومىنداڭ لاگېرىنىڭ پارچىلانغانلىقى. 18-سېنتەبىر
ۋەقەسىدىن كېيىنكى شارائىت گومىنداڭ لاگېرىدىن مۇشۇنداق بىر
قىسىم كىشىلەرنى بولۇپ چىقىرالىغان ئىكەن، نىمە ئۈچۈن بۈگۈنكى
شارائىت گومىنداڭنىڭ بۆلۈنۈشىنى پەيدا قىلالمىسۇن؟ پارتىيىمىز
ئىچىدە شۇنداق بىر خىل ناتوغرى مۇلاھىزىدە بولۇۋاتقان كىشىلەر
باركى، ئۇلار، پۈتۈن پومېشچىك - بۇرژۇئازىيە لاگېرى بىرلىككە
كەلگەن، مۇستەھكەم، ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش
پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى جىددى شارا-
ئىتنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، بەلكى تارىخنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان.

تارىختىن يەنە بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتەي. 1926 ۋە 1927 - يىللىرى

ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ۋۇخەنگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، ھەتتا ۋۇخەنگە ۋە خېنەنگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن چاغلاردا تاڭ شېڭجى، فېڭ يۈيشياڭلارنىڭ[11] ئىنقىلابقا قاتناشقانلىقىدەك ئىشلار بولغان ئىدى. فېڭ يۈيشياڭ 1933 ـ يىلى چاخاردا تېخى گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرمە-ھەل ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقچى ئارمىيە قۇرغان ئىدى.

يەنە بىر روشەن مىسال، 19 ـ ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە جياڭشى-دىكى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان 26 ـ ئارمىيە 1931 ـ يىل 12 ـ ئايدا نىڭدۇ قوزغىلىڭىنى[12] كوتۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىگە ئايلان-مىدىمۇ؟ نىڭدۇ قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى جاۋ بوشېڭ، دۇڭ جېنتاڭ قاتارلىق كىشىلەر قەتئى ئىنقىلاپ قىلغۇچى يولداشلاردىن بولۇپ قالدى.

ماجەنشەننىڭ دۇڭبېي ئۈچ ئۆلكىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغانلىقىمۇ[13] ھوكۇمرانلار لاگېرىدىكى بىر بولۇنۇش.

بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسى شۇنى ئېنىق كورسىتىدۇكى، ياپون بومبىلىرى پۈتۈن جۇڭگوغا ۋەھشەت سالغان ۋاقىتتا، كۇرەش نورمال ھالىتىنى ئوزگەرتىپ، ئۇشتۇمتۇت شىددەتلىك تۇس بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋاقىتتا دۇشمەن لاگېرىدا پارچىلىنىش يۈزبېرىدۇ.

يولداشلار، ئەمدى بىز مەسىلىنى ئىككىنچى بىر نۇقتىغا يوتكەيلى.

ئەگەر بەزىلەر جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتا بىلەن بىزنىڭ مۇلاھىزىمىزگە قارشى چىقىپ، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى گەرچە يېڭى شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تېخى پوزىتسى-يىسىنى ئوزگەرتىش ئېھتىمالى يوق، دەپ قارايدىغان بولسا، بۇنداق

قاراش توغرى بولامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇمۇ توغرى بولمايدۇ. ئەگەر پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ نورمال ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، تەۋرىنىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا ئىنقىلاپقا قاتناشتى؟ مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىللە ئېلىپ چۈشكەن كونا ئىللەت بولماستىن، كېيىن تېپىۋالغان يېڭى ئىللەتمىدى؟ بۈگۈنمۇ ئاجىز ئىكەن، ئۇ چاغدا ئاجىز ئەمەسمىدى؟ يېرىم مۇستەملىكىلەرنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ـــ مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، جاھانگىرلار مىللى بۇرژۇئازىينى بوزەك ئېتەلەيدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ جاھانگىرلارنى ياقتۇرماسلىق خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلىگەن. تەبىي، بىز ئىنكار قىلماسلىق بىلەنلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىمىزكى، يەنە مۇشۇ سەۋەپتىن، جاھانگىرلار، پومېشچىكلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپى ۋاقتى كەلگەندە مەلۇم پارتىيە قىلىپ تۇرۇپ، مىللى بۇرژۇئازىينى ئاسانلا ئۆزگىچە تارتىپ كېتىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپقا نىسبەتەن ئۆزۈل ـ كېسىلسىزلىكىنى بەلگىلىگەن. لېكىن، ھەرھالدا، بۈگۈنكى ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ پومېشچىكلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەپ كورسىتىمىزكى، گومىنداڭ لاگېرىدا مىللى ۋېيىجى جىددى پەيتكە يەتكەن ۋاقىتتا پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. بۇنداق پارچىلىنىش مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەۋرىنىشىدە ئىپادىلەندى، بىرمەھەل داڭ چىقارغان فېڭ يۈشياڭ، سەي تىڭكەي،

ماجەنشەنگە ئوخشاش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كىشىلەردە ئىپادىلەندى. بۇنداق ئەھۋال، ئاساسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەكسىلئىنقىلاپقا پايدىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاپقا پايدىلىق. جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەكشى بولمىغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇنداق پارچىلىنىشنىڭ ئېھتىمالى كۆپەيدى.

يولداشلار! بۇ مەسىلىنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى سۆزلەپ بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپىنى، يەنى مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى بەزى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەردائىم خەلق ئاممىسىنى ئالداشنىڭ ئۇستىسى بولۇپ كەلگەنلىكى مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتەي. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىللىي بۇرژۇئازىيە ئىچىدە، خەلق ئىنقىلاۋىي ئىشنى ھەقىقىي ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن باشقا، بىرمۇنچە كىشىلەر بىر مەزگىل ئىنقىلاۋىي ياكى يېرىم ئىنقىلاۋىي قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەينى زاماندا خەلق ئاممىسىنى ئالدايدىغان لاياقەتنى ھازىرلىغان بولىدۇ-دە، خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ ئۇزۇل-كېسىلسىزلىكىنى ۋە ياسالما ساختا قىياپىتىنى ئاسان تونۇۋالالمايدۇ. بۇ گۇڭچەنداڭنىڭ ئىتتىپاقچىلارنى تەنقىت قىلىش، ساختا ئىنقىلاپنى پاش قىلىش، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئەگەر بىز مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ چوڭ داۋالغۇشلاردا تەۋرىنىش ۋە ئىنقىلاپقا قاتنىشىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئىنكار قىلساق، ئۇ ھالدا، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ھېچبولمىغاندا كېمەيتىپ قويغان بولاتتۇق. چۈنكى، ئەگەر مىللىي بۇرژۇئازىيە يومبىشىشكىلار ۋە مەيبەنلەرگە ئوخشاش،

ۋەتەن ساتقۇچلۇق يىرتقۇچ قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئەمەل-دىن قالدۇرۇشقا، ھېچبولمىغاندا كېمەيتىشكە توغرى كېلەتتى.

جۇڭگودىكى پومېشچىك ۋە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چوڭ داۋالغۇشلار-دىكى ھالىتىنى ھەممە تەرەپتىن تەھلىل قىلغاندا، يەنە بىر تەرەپنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ: پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن مەيبەنلەر سىنىپى لاگېرىدىمۇ تولۇق بىرلىكنىڭ يوقلىقى. بۇنى يېرىم مۇستەملىكىلىك شارائىت، يەنى نۇرغۇن جاھانگىرلار جۇڭگونى تالىشىۋاتقان شارائىت ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. كۈرەش ياپون جاھانگىر-لىكىگە قارىتىلغان ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ، ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ غالچىلىرى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازىنىڭ قاتتىق-بوشلۇقىغا قاراپ، ياپون جاھانگىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرى بىلەن يوشۇرۇن، ھەتتا ئاشكارا كۈرەش قىلىشى مۇمكىن. ئوتمۇشتە بۇنداق ئىت تالىشى ناھايىتى كۆپ بولغان، بىز بۇ توغرىدا توختىلىپ ئولتۇرمايـ-مىز. پەقەت جياڭ جيېشى تەرىپىدىن قاماقتا ئېلىنىپ چىققان گومىنداڭ سىياسەتۋازى خۇ خەنمىنىڭمۇ[14] بىز ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 6 ماددىلىق گاڭلىڭىدىن ئىبارەت ھۆججەتكە[15] يېقىندا قول قويغانلىقى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. خۇ خەنمىن يولەنگەن گۇاڭدۇڭ — گۇاڭشى گۇرۇھىدىكى جۇڭغالارمۇ[16] «قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش» ۋە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن باسمىچىلارنى يوقىتىشقا[17] تەڭ ئەھمىيەت بېرىش» (جياڭ جيېشىنىڭكى بولسا، «ئاۋال باسمىچىلارنى يوقىتىش، ئاندىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش») دېگەن ئالدامچىلىق شوئارلىرى ئاستىدا جياڭ

جىپشى بىلەن قارشىلاشقان ئىدى. قاراڭلار، بۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ ھېچقانداق ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، بۇ پەقەت چوڭ ئىشت بىلەن كىچىك ئىشت، توق ئىشت بىلەن ئاچ ئىشت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە قىزىقارلىق كىچىككىنە بىر تالاش، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر يوچۇق، قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس بىر زىددىيەتتىنلا ئىبارەت، خالاس. لېكىن بۇنچىلىك تالاش، بۇ يوچۇق، بۇ زىددىيەت ئىنقىلاۋىي خەلق ئۈچۈن پايدىلىق. بىز دۈشمەن لاگېرى ئىچىدىكى بارلىق تالاش، يوچۇق ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ھازىرقى ئاساسىي دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

بۇ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتساق، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا بېسىپ كىرگەن بۇ تۈپ ئۆزگىرىش ئاساسىدا، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى سىنىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر ئۆزگەردى، مىللىي ئىنقىلاب لاگېرىنىڭ كۈچى كېڭەيدى، مىللىي ئەكسىلئىنقىلاب لاگېرىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى.

ئەمدى بىز جۇڭگونىڭ مىللىي ئىنقىلاب لاگېرىدىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئالدى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلايلى. يولداشلار، قاراڭلار، بىر يېرىم يىلچە ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئاساسىي قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 3 قىسمى جىددىيلىق چوڭ يۆتكىلىشلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇلتۇر 8-ئايدا يولداش رېن بىشى[18] قاتارلىقلار 6-جۈنتۇەننى ئېلىپ، يولداش خې لۇڭ تۇرغان جايغا يۆتكىلىشكە باشلىغاندىن[19] كېيىن، 10-ئايدا بىز يۆتكىلىشكە باشلىدۇق[20]. بۇ يىل

3 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيىنىڭ سىچۈەن ـ شەنشى چېگرا رايونىدىكى قىسمىمۇ يوتكىلىشكە باشلىدى[21]. قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ 3 قىسمى ئاۋالقى جېندىلىرىنى تاشلاپ، يېڭى رايونلارغا يوتكەلدى. بۇ چوڭ يوتكىلىش كونا رايونلارنى پارتىزان رايونلىرىغا ئايلاندۇردى. يوتكىلىش داۋامىدا قىزىل ئارمىيىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. ئەگەر بىز پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇ بىر تەرىپىدىن قارايدىغان بولساق، دۈشمەن ۋاقىتلىق، قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشتى، بىز ۋاقىتلىق، قىسمەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق. بۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟ مېنىڭچە، توغرى، چۈنكى بۇ ــ فاكت. لېكىن بەزىلەر (مەسىلەن، جاڭ گوتاۋ[22]): جۇڭگىياڭ قىزىل ئارمىيىسى[23] مەغلۇپ بولدى، دەيدۇ. بۇ سوز توغرىمۇ؟ توغرى ئەمەس. چۈنكى بۇ فاكت ئەمەس. ماركسىزىمچىلار مەسىلىگە قاراشتا قىسمەنلىكنىلا كورۈپ قالماستىن، بەلكى ئومۇملۇقنىمۇ كورۈشى كېرەك. بىر ياقا قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ: «ئاسماننىڭ چوڭلۇقى قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىك بار» دەپتىكەن. بۇ توغرى ئەمەس، چۈنكى ئاسماننىڭ چوڭلۇقى بىر قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىكلا ئەمەس. ئەگەر پاقا: «ئاسماننىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ چوڭلۇقى قۇدۇقنىڭ ئاغزىچىلىك بار» دېسە، توغرى بولغان بولاتتى، چۈنكى بۇ فاكتقا ئۇيغۇن. بىز ئېيتىمىزكى، قىزىل ئارمىيە بىر جەھەتتىن (ئاۋالقى جېندىلىرىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتىن) ئېيتقاندا، مەغلۇپ بولدى، يەنە بىر جەھەتتىن (ئۆزۈن سەپەر پىلانىنى ئورۇنلاش جەھەتتىن) ئېيتقاندا، غەلىبە قازاندى. دۈشمەن بىر جەھەتتىن (ئارمىيىمىزنىڭ ئاۋالقى جېندىلىرىنى بېسىۋېلىش جەھەتتىن) ئېيتقاندا، غەلىبە قازاندى، يەنە بىر جەھەتتىن («قورشاپ يوقىتىش»، «قوغلاپ يوقىتىش» پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

جەھەتتىن) ئېينىقاندا، مەغلۇپ بولدى. مۇشۇنداق دېيىشلا مۇۋاپىق بولىدۇ، چۈنكى بىز ئۇزۇن سەپەرنى ئورۇنلاپ بولدۇق.

ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا، ئۇنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ دېگەن سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن. بىز ئېيتىمىزكى، ئۇزۇن سەپەر تارىختا بىرىنچى قېتىم بولدى، ئۇزۇن سەپەر خىتابنامە بولدى، ئۇزۇن سەپەر تەشۋىقات دۈيى بولدى، ئۇزۇن سەپەر بوجۇگچى بولدى. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە، تارىختا بىزنىڭكىدەك ئۇزۇن سەپەر بولغانمىدى؟ 12 ئاي داۋامىدا ھەر كۈنى ئاسماندىن بىرنەچچە ئونلىغان ئايروپىلان چارلاپ ۋە بومباردىمان قىلىپ تۇرغان، يەردە بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك چوڭ ئارمىيە قورشىۋالغان، قوغلىغان، توسقان، يول بويى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە خەتەرلىك توساقلار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىرىمىز ئىككى پۇتىمىز بىلەن 20 مىڭ لىدىن ئارتۇق ئۇزۇن يولنى باستۇق، 11 ئۆلكىنى بوسۇپ ئۆتتۇق. قېنى، تارىختا بىزنىڭكىدەك ئۇزۇن سەپەر بولغانمۇ؟ بولمىغان، ئەزەلدىن بولمىغان. ئۇزۇن سەپەر خىتابنامىمۇ بولدى. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا قىزىل ئارمىيەنىڭ ياتۇر ـ خوخەنزە ئىكەنلىكىنى، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشى قاتارلىقلارنىڭ بولسا، پۈتۈنلەي كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇزۇن سەپەر جاھانگىرلار ۋە جياڭ جيېشىنىڭ قورشاش، قوغلاش ۋە توسۇشلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى جاكالىدى. ئۇزۇن سەپەر تەشۋىقات دۈيىمۇ بولدى. ئۇ 11 ئۆلكىدىكى 200 مىليون خەلققە پەقەت قىزىل ئارمىيىنىڭ يولىلا ئۇلارنى ئازات قىلىدىغان يول ئىكەنلىكىنى جاكالىدى. ئەگەر بۇ سەپەر بولمىغان بولسا، دۇنيادا قىزىل ئارمىيىمۇ بار دېگەن مۇشۇنداق چوڭ ھەقىقەتنى

شۇنچە كەڭ ئامما قانداقمۇ بۇنچە چاپسان بىلەلەيتتى؟ ئۇزۇن سەپەر بوجۇگجىمۇ بولىدى. ئۇ 11 ئۆلكىگە نۇرغۇن ئۇرۇق چاچتى، بۇلار بىخ ئۇرۇۋاتىدۇ، يوپۇرماق چىقىرىۋاتىدۇ، چېچەكلەۋاتىدۇ، مېۋىگە كىرىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە ھوسۇل بېرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇن سەپەر بىزنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىمىز، دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولغان-لىقى بىلەن ئاياقلاشتى. ئۇزۇن سەپەرنى كىم غەلىبىگە ئېرىشتۈردى؟ كۇڭچەنداڭ. كۇڭچەنداڭ بولمىغان بولسا، بۇنداق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايتتى. جۇڭگو كۇڭچەنداڭى، ئۇنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى، ئۇنىڭ كادىرلىرى، ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدۇ. كىمىكى بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش قابىلىيىتىمىزدىن گۇمانلىنىدىكەن، ئۇ جىخۇيجۇيى پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ئۇزۇن سەپەر ئاياقلىشىشى بىلەنلا يېڭى ۋەزىيەت باشلاندى. جىزلوجېن جېڭىدە جۇڭگۇياڭ قىزىل ئارمىيىسى شىبېي قىزىل ئارمىيىسى بىلەن قېرىنداشلارچە ئىتتىپاق بولۇپ، ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ جيېشى شەن-شى-گەنسۇ چېگرا رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقى-تىش»نى[24] تار-مار قىلدى، بۇ داڭجۇڭياڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپنىڭ دابىنىكىنى شىبېيدە قۇرۇش ۋەزىپىسى ئۈچۈن ھۇل سېلىش مۇراسىمى بولدى.

ئاساسىي قىزىل ئارمىيىدە ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ جەنۇبتىكى پارتىزان ئۇرۇشلىرى بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى، ئەمما يوقىتىلىپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ، ئۆسۈۋاتىدۇ ۋە راۋاجلىنىۋاتىدۇ[25].

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىشچىلارنىڭ كۈرىشى زاۋۇتلارنىڭ ئىچىدىن زاۋۇتلارنىڭ تېشىغا كېڭىيىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي كۈرەشتىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى، ۋەتەن ساتقۇچىلارغا قارشى قەھرى-مانانە كۈرىشى ھازىر چوڭقۇر ھالدا يېتىلىۋاتىدۇ، ئۇزايىدىن قارىغاندا، پارتلايدىغان ۋاقتى يىراق ئەمەستەك تۇرىدۇ.

دېخانلارنىڭ كۈرىشى توختاپ باقمىغان يوق. تاشقى ئاپەت، ئىچكى كۈلپەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا، دېخانلار پارتىزان ئۇرۇشى، خەلق قوزغىلىڭى ۋە قەھەت-چىلىك مالىمانلىرىغا ئوخشاش ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى كەڭ تۈردە قوزغىۋەتتى. دۇڭبېي ۋە شەرقىي خېبېيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشلىرى[26] ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمىغا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، كەلگۈسىدە جەزمەن تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى پەقەت ئىشچىلار، دېخانلار، ئەسكەرلەرنىڭ كۈرەشلىرى بىلەن ماسلاشقاندىلا، ئۇزاققا داۋام قىلالايدۇ، ۋەتەن ساتقۇچىلارنىڭ ھەربىي ھالەت بۇيرۇقلىرىنى، ساقچىلار، پايلاقچىلار، مەكتەپلەردىكى مۇشتۇمزورلار، فاشىستلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى بىت-چىت قىلالايدۇ.

مىللىي بۇرژۇئازىيە، يېزىلاردىكى باي دېخانلار ۋە ئۇششاق پومېشچىكلارنىڭ تەۋرىنىشىنى، ھەتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىش ئېھتىمالىنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللار

ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ بىۋاستە تەھلىكىسى ئاستىدا كۈرەشكە ئاتلىنىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ ئىستىقبالى خۇابىي خەلقنىڭ كۈرەشلىرى، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىبىيدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ قىسمەنلىك خاراكتېردىن پۈتۈن مەملىكەتلىك خاراكتېرغا بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، تەكشىسىزلىك ھالەتتىن پەيدىن-پەي مەلۇم تەكشىلىك ھالەتكە بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى ۋاقىت — زور ئۆزگىرىشنىڭ ھارپىسى. پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، دېخانلار، ئوقۇغۇچىلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇنى بىر پۈتۈن مىللىي-ئىنقىلاۋىي سەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

## مىللىي بىرلىكسەپ

ئەكسىلئىنقىلاپ تەرەپ بىلەن ئىنقىلاپ تەرەپنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈشىمىز ئاسان بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ تۈپ سىياسىي ۋەزىپىسى نېمە؟ باشقا نەرسە ئەمەس، كەڭ مىللىي-ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ قۇرۇش.

ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا ئىنقىلاپنىڭ سىياسىي، ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى لازىم. ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ

ۋەزىپىسى — جۇڭگونى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش؛ بىزنىڭ ۋەزىپى-
مىز — جۇڭگونى مۇستەقىل، ئەركىن ۋە تېررىتورىيىسى پۈتۈن دۆلەتكە
ئايلاندۇرۇش.

جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش —
ئۇلۇغ ۋەزىپە. بۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەل جاھانگىرلىكى ۋە ئىلىمىزدىكى
ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرگە قارشى جەڭ قىلىش كېرەك. ياپون
جاھانگىرلىكى ياۋۇزلۇق بىلەن توپ-توغرى بېسىپ كىرىشكە بەل
باغلىدى. ئىلىمىزدىكى تۇخاۋ-لېبشېنلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنى-
پىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلىرى ھازىر تېخى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي
كۈچلىرىدىن خېلى ئارتۇق. ياپون جاھانگىرلىكىنى ۋە جۇڭگودىكى
ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنى يوقىتىش ئىشى بىر-ئىككى كۈندىلا
ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىت سەرپ
قىلىشقا تەييارلىنىش لازىم؛ ئازغىنا كۈچ بىلەن ۋۇجۇتقا چىقار-
غىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ناھايىتى زور كۈچ توپلاش لازىم.
جۇڭگودىكى ۋە دۇنيادىكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ئۆتمۈشتىكىگە
قارىغاندا تېخىمۇ ئاجىزلاشتى، جۇڭگودىكى ۋە دۇنيادىكى ئىنقىلابىي
كۈچلەر ئۆتمۈشتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ — توغرى
مولچەر، بۇ — بىر تەرەپتىكى مولچەر. لېكىن ئەينى زاماندا شۇنى
ئېيتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ۋاقىتتا جۇڭگودىكى ۋە دۇنيا-
دىكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ۋاقىتىنچە ئىنقىلابىي كۈچلەردىن تېخى
زور. بۇمۇ توغرى مولچەر، بۇ — يەنە بىر تەرەپتىكى مولچەر. جۇڭگو-
نىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشىسىز بولغانلىقتىن،
ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى كېلىپ چىققان. ئىنقىلاب
ھامان ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ئاجىزراق جايلاردا ئاۋال باشلىنىدۇ،

ئاۋال راۋاجلىنىدۇ، ئاۋال غەلىبە قىلىدۇ؛ ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەر زور بولغان جايلاردا بولسا، ئىنقىلاپ تېخى كوتۈرۈلمىگەن بولىدۇ ياكى تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئوتمۈشتىكى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى يولۇقۇپ كەلگەن ئەھۋال. كەلگۈسىدە، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مەلۇم باسقۇچلاردا ئىنقىلاپنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، لېكىن تەكشىسىزلىك ھالىتى يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تەكشىسىزلىك ھالىتىنى ئومۇمەن تەكشى بولغان ھالەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ، يەنە ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، يەنە پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ توغرى بولۇشىغا تايىنىشقا توغرى كېلىدۇ. ئەگەر، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش[27] 3 يىلدا تاماملاندى، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىندى، ئىچكى ۋە تاشقى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ئۇزۇل-كېسىل، تولۇق بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن يەنە تېگىشلىك ۋاقىت سەرپ قىلىشىمىزغا توغرى كېلىدۇ، ئوتمۈشتىكىدەك ھەددىدىن ئارتۇق ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. يەنە ناھايىتى ئوبدان بىر ئىنقىلاپ سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرى كېلىدۇ، ئوتمۈشتىكىدەك دائىم كىچىك دائىرىدە چوگۈلەپ يۈرۈش بىلەن چوڭ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى پەقەت ئەزمىلىك بىلەنلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى جەسۇرلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم، ۋەتەنىمىزنىڭ مۇنەققەرىز بولۇش خەۋپى بىزنىڭ بىر مىنۇتمۇ سۇسلۇق

قىلىشىمىزغا يول قويمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىمۇ چوقۇم ئۆتمۈشتىكىدىن كۆپ تېز بولىدۇ، چۈنكى جۇڭگو-نىڭ ۋە دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاپنىڭ يېڭى دەۋرىگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى يەنىلا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدۇ، جاهانگىرلىك-نىڭ كۈچى ۋە ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى مۇشۇنداق ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىز ئېيتىمىزكى، ۋەزىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى يېڭى مىللىي ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، جۇڭگونىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى ۋە چوڭ ئىنقىلاپ هارپىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت، بۇ — هازىرقى ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى. بۇ — فاكت، بۇ — بىر تەرەپتىكى فاكت. هازىر بىز يەنە ئېيتىمىزكى، جاهانگىرلىك هېلىمۇ جىددىي كۈچ، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ تەكشىسىزلىك هالىتى جىددىي كەمچىلىك، دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىشىمىز لازىم، بۇ — هازىرقى ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى. بۇمۇ فاكت، بۇ — يەنە بىر تەرەپتىكى فاكت. بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەت، بۇ ئىككى خىل فاكت بىللە يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىزگە ساۋاق بېرىدۇ، بىزدىن ئەهۋالغا ماسلىشىشنى، سىلۇبىنى ئۆزگەرتىشنى، قوشۇننى يوتكەپ يۈرۈپ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. هازىرقى ۋەزىيەت بىزدىن گۇەمىنجۇيىدىن باتۇرلۇق بىلەن ۋاز كېچىپ، كەڭ بىرلىكسەپنى يولغا قويۇشنى، تەۋەككۇلچىلىكتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش پەيتى كەلمەي تۇرۇپ، هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان كۈچ بولماي تۇرۇپ، هەل قىلغۇچ جەڭگە قاپ-قارىسىغا ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە گۇەنمىنجۇيى بىلەن تەۋەككۇلچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە سوزلەپ ئولتۇرمايمىز، تەۋەككۇلچىلىكنىڭ كەلگۈسىدىكى چوڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىدا پەيدا قىلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ-خەتىرى ئۈستىدىمۇ سوزلەپ ئولتۇرمايمىز، بۇ توغرىدا كەلگۈسىدە سوزلىسەكمۇ كېچىكمەيمىز قالمايمىز. بۇ يەردە بىرلىكسەپلىك سىياسىتى بىلەن گۇەنمىنجۇيلىق سىياسىتىنىڭ دەل بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى خىل سىياسەت ئىكەنلىكى ئۈستىدىلا سوزلەيمىز.

بىرى كەڭ كولەمدە كۈچ توپلاپ، دۈشمەننى قورشىۋېلىپ يوقاتماقچى بولىدۇ.

بىرى بولسا، يەككە-يېگانە كۈچكە تايىنىپ، كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى قارامىلىق بىلەن جەڭ قىلىۋەرمەكچى بولىدۇ.

بىرى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ جۇڭگودىكى ئىنقىلاب ۋە ئەكسىلئىنقىلاب سەپلىرىنى ئوزگەرتەلەيدىغانلىقى يېتەرلىك مولچەرلەنمىسە، كەڭ مىللى-ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يېتەرلىك مولچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ياپونىيە ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلىرى، جۇڭگو ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىدىن ئىبارەت بۇ بىرنەچچە تەرەپنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقلىرى يېتەرلىك مولچەرلەنمىسە، كەڭ مىللى-ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىشنىڭ زورۇرلىكىنى يېتەرلىك مولچەرلىگىلى بولمايدۇ؛ قەتئى چارە قوللىنىپ گۇەنمىنجۇيىنى تار-مار قىلغىلى بولمايدۇ؛ مىليونلىغان ئاممىنى ۋە ئىنقىلاۋىي دوست ئارمىيە بولۇشى مۇمكىن بولغان بارلىق قوشۇنلارنى بىرلىكسەپتىن ئىبارەت مۇشۇ قۇرال بىلەن تەشكىللىگىلى ۋە توپلىغىلى،

ياپون جاھانگىرلىگىدىن ۋە ئۇنىڭ جۇڭگودىكى غالچىسى بولغان ۋەتەن ساتقۇچلاردىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ مەركىزىي نىشانغا قاراپ ھۇجۇم بىلەن ئالغا باسقىلى بولمايدۇ؛ نۆۋەتتىكى ئەڭ مەركىزىي نىشانغا ئۆزىمىزنىڭ سىلۇبلۇك قۇراللىرىمىز بىلەن ئوق ئاتالماي قالىمىز، بەلكى نىشاننى كۆپەيتىپ قويىمىز-دە، ئاتقان ئوقىمىز ئاساسىي دۈشمەنگە تەگمەي، ئىككىنچى ئورۇندىكى دۈشمەنگە، ھەتتا ئىتتىپاقچىلىرىمىزغا تېگىدۇ. بۇ دۈشمەننى تاللاپ ئالالمىغانلىق ۋە ئوق-دورىنى ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەننى تار ۋە تايانچىسىز جىبدىلارغا قوغلاپ ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەن لاگېرىدىكى مەجبۇرى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنى، بۇرۇن دۈشمەن بولغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە دوست ئارمىيە بولۇشى مۇمكىن بولغانلارنى دۈشمەن لاگېرىدىن ۋە دۈشمەن سېپىدىن ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەمەلىيەتتە دۈشمەنگە ياردەم بېرىپ، ئىنقىلاپنى بىر ئورۇندا توختىتىپ قويغانلىق، تايانچىسىز قالدۇرغانلىق، تارايتىپ قويغانلىق، تۆۋەنلەشتۈرۈۋەتكەنلىك، ھەتتا مەغلۇپ بولۇش يولىغا ئېلىپ بارغانلىق بولىدۇ.

بىرى بولسا، مۇنداق دەيدۇ: بۇ تەنقىتلەرنىڭ ھەممىسى توغرى ئەمەس. ئىنقىلاپنىڭ كۈچى پاك-پاكىز بولۇشى، ئىنقىلاپنىڭ يولى تۈپ-تۈز بولۇشى كېرەك. مۇقەددەس كىتاپلاردا يېزىلغانلىرىلا توغرى. مىللىي بۇرژۇئازىيە پۈتۈنلەي، ئەبەدىل-ئەبەت ئەكسىلئىنقىلابچى. باي دېخانلارغا بىر قەدەممۇ يول قويغىلى بولمايدۇ. سېرىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقىلا توغرى كېلىدۇ. ئەگەر سىدى تىڭكەي بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشكە توغرى كەلسە، قول تۇتۇشقان ھامان ئۇنى ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ

بىر تىللاپ قويۇش كېرەك. نەدە گوش يىمەيدىغان موشۇك بار، نەدە ئەكسىلئىنقىلاپچى ئەمەس جۇنفا بار؟ زىيالىلارنىڭ ئىنقىلاۋىلىقى يەقەت ئۇچ كۇنلۇكلا، ئۇلارنى قوبۇل قىلىش خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۇچۇن، خۇلاسە مۇنداق: گوەنمىنجۇيى — بىردىن بىر ئەنگۇشتەر، بىرلىكسەپ — جىنخۇيجۇيىلىق سىياسەت.

يولداشلار، بىرلىكسەپنىڭ داۋلىسى بىلەن گوەنمىنجۇيىنىڭ داۋلىسىنىڭ زادى قايسىسى توغرى؟ ماركسىزم-لېنىنىزم زادى قايسىسىنى ياقلايدۇ؟ مەن قەتئىي جاۋاپ بېرىمەنكى، بىرلىكسەپنىڭكىنى ياقلايدۇ، گوەنمىنجۇيىنىڭكىگە قارشى تۇرىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا 3 ياشلىق باللارمۇ بار، 3 ياشلىق باللىنىڭمۇ نۇرغۇن داۋلىلىرى توغرى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى دۇنيا ۋە دولەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىلى بولمايدۇ، چۇنكى ئۇلار تېخى دۇنيا ۋە دولەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنقىلاپ قوشۇنىدىكى بالىلىق كېسىلىگە قارشى تۇرىدۇ. گوەنمىنجۇيىلىق سىياسەتتە قاتتىق تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى — بالىلىق كېسىلى. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش يولىغا ئوخشاش، ئىنقىلاپ يولىمۇ توپ-توز بولماستىن، ھامان ئەگرى-توقاي بولىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئوزگىرىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، ئىنقىلاپ ۋە ئەكسىلئىنقىلاپ سەپلىرىنىڭمۇ ئوزگىرىشى مۇمكىن. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ پۇتۇن جۇڭگونى ئوز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىدىن ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ھازىرقى كۇچىدە تېخى جىددى ئاجىزلىقلار بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى توپ ئەمىلىيەت — پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ، يەنى كەڭ بىرلىكسەپنىڭ چىقىش نۇقتىسى. مىللىيونلىغان-تۇمەنلىگەن

ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ھەيۋەتلىك ئىنقىلاپ ئارمىيىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش بۈگۈنكى ئىنقىلاپنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپقا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر. مۇشۇنداق كۈچ بولغاندىلا، ياپون جاھانگىرلىكىنى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى گۇم قىلغىلى بولىدۇ، بۇ — ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت بىرلىكسەپلىك سىلۇېىلا ماركسىزم-لېنىنىزملىق سىلۇې. گۇەنمېنجۇيىلىق سىلۇې بولسا، ئۆزىنى يېتىم قالدۇرىدىغان سىلۇې. گۇەنمېنجۇيى «بېلىقنى چوڭقۇرغا قوغلاپتۇ، قۇچقاچنى توقايلىققا» دېگەندەك، «مىڭلىغان-تۇمەنلىگەن» ئاممىنى ۋە «ھەيۋەتلىك» ئىنقىلاپ ئارمىيىسىنى دۈشمەن تەرەپكە قوغلايدۇ-دە، دۈشمەننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. گۇەنمېنجۇيى، ئەمەلىيەتتە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ سادىق مالىيى. گۇەنمېنجۇيىنىڭ «پاك-پاكىز» ۋە «تۈپ-تۈز» دېگەن نەملىرى — ماركسىزم-لېنىنىزم ئاغزىغا ئۇرىدىغان، ياپون جاھانگىرلىكى بولسا، مۇكاپاتلايدىغان نەرسىلەر. بىزگە گۇەنمېنجۇيى ھەرگىز كېرەك ئەمەس، بىزگە ياپون جاھانگىرلىكى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان مىللىي-ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ كېرەك.

## خەلق جۇمھۇرىيىتى[28]

ئەگەر بىزنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمىتىمىز ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمىتى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنى ھازىردىن باشلاپ، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىدىن تاشقىرى، باشقا سىنىپلاردىن

مىللىي ئىنقىلاپىقا قاتنىشىشنى خالايدىغان بارلىق كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھوكۇمەتكە ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ھوكۇمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونى يۇتۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش. بۇ ھوكۇمەتنىڭ تەركىبى شۇنداق كەڭ دائىرىگىچە كېڭەيتىلىدۇكى، ئۇنىڭغا پەقەت مىللىي ئىنقىلاپقىلا قىزىقىپ، يەر ئىنقىلاۋىغا قىزىقمايدىغان كىشىلەرلا قاتنىشىپ قالماي، ھەتتا ياۋروپا-ئامېرىكىدىكى جاھانگىرلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ياۋروپا-ئامېرىكىدىكى جاھانگىرلارغا قارشى تۇرالمايدىغان، ئەمما ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن بولغان كىشىلەرمۇ، ئەگەر خالايدىغانلا بولسا، قاتنىشالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھوكۇمەتنىڭ گاڭلىڭى ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ ۋەزىپىگە مۇۋاپىق كېلىشنى پىرىنسىپ قىلىشى كېرەك، بۇنىڭغا ئاساسەن بىزنىڭ بۇرۇنقى سىياسەتلىرىمىزگە مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈش لازىم.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئىنقىلاپ تەرەپنىڭ خۇسۇسىيىتى چىڭىقان گۇڭچەنداڭنىڭ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭىقان قىزىل ئارمىيەنىڭ بولغانلىقىدۇر. بۇ — ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش. ئەگەر ھازىرقى ۋاقىتتا چىڭىقان گۇڭچەنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيە بولمىغان بولسا، ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلار تۇغۇلغان بولاتتى. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جۇڭگودا ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار ناھايىتى كۆپ، ھەلىكى كۈچلۈك، ئۇلار تۈرلۈك چارىلەر بىلەن بۇ بىرلىكسەپنى بۇزۇشى، ئۆزلىرىنىڭ تەھدىت سېلىش ۋە قىزىقتۇرۇش، ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئارىغا بۆلگۈنچىلىك

سېلىشى، ئۆزلىرىگە قارىغاندا ئازراق بولغان، ۋەتەن ساتقۇچلاردىن ئايرىلىپ بىز بىلەن بىرلىشىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىغان كۆپچىلەرگە ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشى ۋە ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىشى چوقۇم. ئەگەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھۆكۈمەت ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىدە گومىنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئامىل بولمىغان بولسا ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش تەس بولغان بولاتتى. 1927-يىلى ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، ئاساسەن، گومىنداڭ ئىچىدىكى جىخۇيجۇيىلىق لۇشيەن تۈپەيلىدىن، ئۆزىمىزنىڭ قوشۇنىمىزنى (ئىشچى-دېھقانلار ھەرىكىتىنى ۋە گومىنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيىنى) كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشماي، پەقەت ۋاقىتلىق ئىتتىپاقچى بولغان گومىنداڭغىلا تايانغانلىقتىن بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جاھانگىرلارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان تۇخاۋ-لېيشېنلار سىنىپى ۋە مەيىنلەر سىنىپى تەرەپ-تەرەپتىن قوللىرىنى سوزۇپ، ئاۋۋال جياڭ جيېشىنى، ئاندىن ۋاڭ جىڭۋېينى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۇ چاغدىكى ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپتە مەركىزىي تىرەك يوق ئىدى، مۇستەھكەم ئىنقىلاۋىي قوراللىق قوشۇن يوق ئىدى، تەرەپ-تەرەپتىن ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، شۇڭا گومىنداڭنىڭ يەككە-يېگانە ئۇرۇش قىلىشىغا توغرى كەلدى، ئۇنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ ۋە جۇڭگودىكى ئەكسىلئىنقىلابنىڭ بىر-بىرلەپ تار-مار قىلىش سىلۇبىسىگە قارشى تۇرۇشقا چامىسى يەتمىدى. ئۇ چاغدا گەرچە خې لۇڭ بىلەن يې تىڭنىڭ قوشۇنى بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي جەھەتتە تېخى مۇستەھكەم قوشۇن ئەمەس ئىدى، پارتىيىمىزمۇ ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا

ماھىر ئەمەس ئىدى، بۇ قوشۇن ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇ — ئىنقىلاپنىڭ مەركىزىي كۈچىنىڭ كەم بولۇشى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان قانلىق ساۋاق. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى، مۇستەھكەم گۇڭچەنداڭ ۋە مۇستەھكەم قىزىل ئارمىيە بارلىققا كەلدى، بەلكى قىزىل ئارمىيىنىڭ گېنجۈيدىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. گۇڭچەنداڭ بىلەن قىزىل ئارمىيە ھازىرقى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەلگۈسىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھۆكۈمەت ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىدە چوقۇم مۇستەھكەم تۈۋرۈكمۇ بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياپون جاھانگىرلىرى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە قارىتا قوللانغان بۇزغۇنچىلىق سىياسىتى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ياپون جاھانگىرلىرى ۋە جياڭ جيېشى تەھدىت سېلىش ۋە قىزىقتۇرۇش، ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ۋاسىتىلىرىنى چوقۇم ھەر تەرەپلىمە قوللىنىدۇ؛ بۇنىڭغا ئىنتايىن پەخەس بولۇشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ كەڭ قوشۇنىنىڭ ھەر بىر قىسمىدىن گۇڭچەنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيىدەك مۇستەھكەم بولۇشىنى ئۈمىت قىلالمايمىز. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى جەريانىدا بەزى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ دۈشمەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن بىرلىكسەپتىن چېكىنىپ كېتىش ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز بۇلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشىدىن قورقمايمىز. بەزى بۇزۇق ئادەملەر دۈشمەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ چېكىنىپ كەتكىنى بىلەن، بەزى ياخشى ئادەملەر بىزنىڭ تەسىرىمىز ئارقىلىق كىرىدۇ.

پەقەت گومىنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىلا، راۋاجلانسىلا، ئۇ ھالدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك-سەپمۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، راۋاجلىنىدۇ. مانا بۇ — گومىنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ مىللىي بىرلىكسەپتىكى رەھبەرلىك رولى. كوممۇنىستلار ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، ئۇلار ئۆزىنى ئوبدان تۇتالايدۇ ھەم ئىتتىپاقچىلار بىلەن ئوبدان ئۆتەلەيدۇ. ياپون جاھانگىرلىرى ۋە جياڭ جيېشى ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئىنقىلاب سېپىگە تاقابىل تۇرالايدىكەن، گومىنداڭمۇ ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئەكسىلئىنقىلاب سېپىگە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ سېپىمىزدىكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى تارتىپ كېتەلەيدىكەن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ سېپىدىكى «بۇزۇق ئۇنسۇرلار» (بىز ئۈچۈن ياخشى ئۇنسۇرلار)نى ئەلۋەتتە تارتىپ كېلەلەيمىز. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ سېپىدىن كۆپرەك كىشىلەرنى تارتىپ كېلەلىسەك، دۈشمەننىڭ سېپى تارىيىدۇ، بىزنىڭ سېپىمىز كېڭىيىدۇ. قىسقىسى، ھازىر ئىككى تۈپ كۈچ بىر-بىرى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بارلىق ئارىلىقتىكى كۈچلەر يا ئۇ تەرەپكە قوشۇلىدۇ، يا بۇ تەرەپكە قوشۇلىدۇ، بۇ — مۇقەررەر داۋلى. ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىش سىياستى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگونى سېتىش سىياستى نۇرغۇن كۈچلەرنى بىز تەرەپكە ئۆتكۈزمەي قالمايدۇ، بۇ كۈچلەر يا توغرىدىن-توغرى گومىنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيە سېپىگە قوشۇلىدۇ، يا بولمىسا، گومىنداڭ ۋە قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلەشمە سەپ تۈزىدۇ. پەقەت بىزنىڭ سىلۇۋىمىز گۇەنمېنجۇيىلىق بولمىسىلا، بۇ مەقسەتكە يېتەلەيمىز.

نىمە ئۈچۈن ئىشچى ـ دېخان جۇمھۇرىيىتىنى خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىش كېرەك؟

بىزنىڭ ھوكۇمىتىمىز ئىشچى ـ دېخانلارغىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماي، بەلكى مىللەتكىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ مەزمۇن ئىشچى ـ دېخان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شۇئارىدا ئىلگىرىدىن بار ئىدى، چۈنكى ئىشچىلار بىلەن دېخانلار پۈتۈن مىللەت نوپۇسىنىڭ 80 ـ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى بەلگىلىگەن 10 ماددىلىق سىياسى گائىلىك[29] ئىشچى ـ دېخانلارنىڭ مەنپەئەتىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن ھازىرقى ئەھۋال بىزدىن بۇ شۇئارنى ئۆزگەرتىشنى، خەلق جۇمھۇرىيىتى شۇئارى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى جۇڭگودىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭلا ئەمەس، بەلكى مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىش ئېھتىمالى بارلىققا كەلدى.

شۇنىڭدا گەپ يوقكى، خەلق جۇمھۇرىيىتى دۈشمەن سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئەكسىچە، خەلق جۇمھۇرىيىتى جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى بولغان تۇخاۋ ـ لېيشېنلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپى بىلەن دەل قارىمۇ ـ قارشى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ بۇ تەركىپلەرنى خەلق قاتارىغا قويمايدۇ. بۇ جياڭ جېيشىنىڭ «جۇڭخۇا مىنگو گومىنجېڭفۇسى»نىڭ پەقەت ئەڭ چوڭ بايلارغىلا ۋەكىللىك قىلىپ، لاۋبەيشىڭلارغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقى ۋە لاۋبەيشىڭلارنى «گومىن» قاتارىغا قويمايدىغانلىقىغا ئوخشاش. جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ

80 ـ 90 پىرسەنتى ئىشچىلار ۋە دىخانلار، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەڭ ئاۋال ئىشچىلار ۋە دىخانلار مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. لېكىن خەلق جۇمھۇرىيىتى جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى يوقىتىپ، جۇڭگونى ئەركىنلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرىدۇ، پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىنى يوقىتىپ، جۇڭگونى يېرىم فېئوداللىق تۈزۈمدىن قۇتقۇزىدۇ، بۇ ئىشلار ئىشچى ـ دىخانلارنىلا مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈپ قالماستىن، باشقا خەلقلەرنىمۇ مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىشچىلار، دىخانلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۇمۇمىي مەنپەئەتىنىڭ يىغىندىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەيبەنلەر سىنپى ۋە پومېشچىكلار سىنپى گەرچە جۇڭگو زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. بىز پەقەت ئەنە شۇ ئاز سانلىق كىشىلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىمىز، پەقەت ئەنە شۇ ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەن توقۇنۇشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنى پۈتۈن مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىمىز دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

ئىشچىلار سىنپىنىڭ مەنپەئەتى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى بىلەنمۇ توقۇنۇشىدۇ. مىللىي ئىنقىلابنى قانات يايدۇرۇشتا مىللىي ئىنقىلابنىڭ شەنفېگدۇيىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ھوقۇق بەرمەي تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنپىنى جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ۋەتەن ساتقۇچلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچكە ئىگە قىلماي تۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. لېكىن مىللىي بۇرژۇئازىيە ئەگەر جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپكە قاتنىشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىشچىلار سىنپى بىلەن مىللىي

بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا ئورتاق پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىدۇ. خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزىملىق بولمىغان خۇسۇسىي مۈلۈكنى بىكار قىلمايدۇ ۋە، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ سودا-سانائىتىنى مۇسادىرە قىلمايدۇ، بەلكى بۇ سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھەرقانداق مىللىي كاپىتالىست جاھانگىرلارنى ۋە جۇڭگو ۋەتەن ساتقۇچىلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەيدىغانلا بولسا، بىز ئۇنى قوغدايمىز. دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش چەكلىك بولىدۇ. خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، شۇنداقتىمۇ مىللىي كاپىتالىستلارنىڭ باي بولۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ، مىللىي سودا-سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قارشى تۇرمايدۇ، چۈنكى بۇنداق تەرەققىيات جاھانگىرلىككە پايدىلىق ئەمەس، بەلكى جۇڭگو خەلقىغە پايدىلىق. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خەلق جۇمھۇرىيىتى جاھانگىرلارغا ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى ھەرقايسى تەبىقىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئىشچى-دىخانلارنى جۈتى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جاھانگىرلارغا ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان باشقا سىنىپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئادەملەرنى خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قاتناشتۇرۇش خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ خەتەرلىك ئەمەس. ئىشچىلار ۋە دىخانلار — بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي ئاممىسى. شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىگە، زىيالىيلارغا، شۇنىڭدەك جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان باشقا كىشىلەرگە خەلق

جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىدە پىكىر بايان قىلىش ۋە ئىشلەش ھوقۇقىنى بېرىش، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى بېرىش ئاساسىي ئاممە بولغان ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ كەلمەيدۇ. ئاھالى-مىزنىڭ مۇھىم قىسمى ئاساسىي ئاممە بولغان ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئاساسىي ئاممە بولغان ئىشچى-دېھقانلار ۋەكىللىرىنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇ-مىتىدە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىشى، گۇڭچەنداڭنىڭ بۇ ھوكۇمەتتىكى رەھبەرلىكى ۋە پائالىيەتلىرى ئۇ ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشىنىڭ خەۋپ-لىك بولماسلىقىغا كاپالەت بېرىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلابى ھازىرقى باسقۇچتا پرولېتار-سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاب ئەمەس، يەنىلا بۇرژۇئا-دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاپ، بۇ ئىنتايىن روشەن. پەقەت ئەكسىلئىنقىلابچى تروتسكىچىلار[30]، جۇڭگودا بۇر-ژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئورۇنلىنىپ بولدى، ئەمدى ئىنقىلاپ قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ بولىدۇ، دەپ قارىسىغا سۆزلەيدۇ. 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ بۇرژۇئا-دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاپ ئىدى، بۇ ئىنقىلاپ ئورۇنلانمىدى، بەلكى مەغلۇپ بولدى. 1927-يىلدىن ھازىرغىچە بىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يەر ئىنقىلابىمۇ بۇرژۇئا-دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئىنقىلاپ، چۈنكى ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش ئەمەس، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلاپ خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە يەنە شۇنداق بولىدۇ.

ئىنقىلابنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى، ھازىرقى

ۋاقىتتا بولسا، ئۇنىڭغا مىللىي بۇرژۇئازىيىسىمۇ قوشۇش مۇمكىن.

ئىنقىلاپنىڭ بۇرۇلۇشى — كەلگۈسىدىكى ئىش. كەلگۈسىدە دېموكراتىك ئىنقىلاپ مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا بۇرۇلىدۇ. بۇرۇلۇشنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدا بۇرۇلۇش شەرتىنىڭ ھازىرلانغان-ھازىرلانمىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك، ۋاقىت خېلى ئۇزاق بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق شەرتلەر ھازىرلانغان ۋاقىتقا يەتمەي تۇرۇپ، بۇرۇلۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ كۆپ سانلىق خەلققە پايدىسىز ئەمەس، بەلكى پايدىلىق بولىدىغان ۋاقىتقا يەتمەي تۇرۇپ، بۇرۇلۇش توغرىسىدا يېنىكلىك بىلەن سۆز ئاچماسلىق كېرەك. بۇ نۇقتىدىن گۇمانلىنىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇلۇش ياساشنى ئۈمىد قىلىش، خۇددى ئۆتكەندە بەزى يولداشلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ مۇھىم ئۆلكىلەردە غەلىبە قازىنىشقا باشلىغان كۈن ئىنقىلاپ بۇرۇلۇشقا باشلىغان ۋاقىت بولىدۇ دېگىنى توغرى بولمىغىنىدەك، توغرى ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قانداق ئەھۋالدىكى بىر مەملىكەت ئىكەنلىكىنى كۆرمىدى، ئۇلار جۇڭگودا دېموكراتىك ئىنقىلاپنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئورۇنلاشنىڭ روسىيىدىكىگە قارىغاندا كۆپ قىيىن بولىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدى.

## خەلققا ياردەم

ئاخىرىدا جۇڭگو ئىنقىلاۋى بىلەن دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئۆزئارا

مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ.

جاھانگىرلىك دېگەن بۇ غەلىتە نەرسە دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان دۇنيادىكى ئىشلار بىر-بىرى بىلەن شۇنداق چىرمىشىپ كەتتىكى، ئايرىۋېتىمەن دېمۇ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئۆز دۈشمىنىمىز بىلەن ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىش روھىغا ئىگىمىز، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، قولدىن كەتكەن يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىگە ئىگىمىز، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگىمىز. لېكىن بۇ، خەلقارا ياردەمگە مۇھتاج ئەمەسمىز، دېگەنلىك ئەمەس؛ ياق، خەلقارا ياردەم ھازىرقى زاماندىكى بارلىق ئەمەلكەتلەر ۋە بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر. قەدىمقىلەر: «چۇنچيۇ دەۋرىدە ئادالەتلىك ئۇرۇش بولمىغان»[31] دېدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جاھانگىرلىكنىڭ ئۇرۇشى تېخىمۇ ئادالەتلىك ئۇرۇش ئەمەس، پەقەت ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ ئۇرۇشلا ئادالەتلىك ئۇرۇش. خەلق قوزغىلىپ ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ئۇرۇش. روسىيىنىڭ فېۋرال ئىنقىلاۋى ۋە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى — ئادالەتلىك ئۇرۇش. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىلىرى — ئادالەتلىك ئۇرۇش. جۇڭگونىڭ ئەپيۇنگە قارشى ئۇرۇشى[32]، تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى[33]، يىخېتۇەن ئۇرۇشى[34]، شىنخەي ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى[35]، 1926-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان بېيفا ئۇرۇشى، 1927-يىلدىن ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى، بۈگۈنكى كۈندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

ھەم ۋەتەن ساتقۇچىلارغا قارشى جازا يۈرۈشى ئۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ئۇرۇش. ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن جۇڭگو بويىچە كوتۇرۇلۇۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دولقۇن ۋە پۈتۈن دۇنيا بويىچە كوتۇرۇلۇۋاتقان فاشىزىمغا قارشى دولقۇندا ئادالەتلىك ئۇرۇشلار پۈتۈن جۇڭگوغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا يېيىلغۇسى. ئادالەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ئۇرۇشلارغا ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك، بۇ — لېنىنىزىملىق لۇشيەن⑯. بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىز دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ياردىمىگە، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج، ئۇلار مۇ بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى بىز ئۇلار بىلەن خوشاللىقتىمۇ-قايغۇدىمۇ بىللىمىز. ئوتكەن بىر مەزگىلدە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى بىلەن خەلقارا ئىنقىلاۋىي كۈچلەر جىياڭ جيېشى تەرىپىدىن ئاجرىتىۋېتىلگەن ئىدى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز يېتىم قالغان ئىدۇق. ھازىر بۇنداق ۋەزىيەت ئوزگەردى، بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ ئوزگەردى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ۋەزىيەت يەنە داۋاملىق تۇردە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئوزگىرىدۇ. بىز ئەمدى يېتىم قالمايمىز. بۇ — جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ زورۇر شەرتى.

## ئىزاھلار

① يۈەن شىكەي — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بېيياڭ جۇنفالارنىڭ باشلىقى. 1911-يىلدىكى ئىنقىلاپ چىڭ سۇلالىسىنى

ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي قۇراللىق كۈچلەرگە ۋە جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتتىدا ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇرەسسەچىلىكىدىن پايدىلىنىپ، زوڭتۇڭلۇق ئورنىنى تارتىۋالدى، چوڭ پومېششىكلار سىنىپى ۋە چوڭ مەيبەنلەر سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تۇنجى بېيياڭ جۈنفا ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ 1915 ـ يىلى خان بولماقچى بولۇپ، بۇ ھەقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ياپونىيە-نىڭ پۈتۈن جۇڭگونى تەنھا بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان 21 ماددىلىق تەلىۋىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يۈننەندە يۈەن شىكەينىڭ خان بولۇشىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، بۇ قوزغىلاڭ دەرھال ھەر-قايسى جايلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. يۈەن شىكەي 1916 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆلدى.

② 1915 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىگە 21 ماددىلىق تەلەپ قويدى، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى تۈگدىي تاپشۇرۇپ، 48 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ جەمئىي 5 قىسىمغا بولۇنغەن: ئالدىنقى 4 قىسمى گېرمانىيىنىڭ شەندۇڭدا تارتىۋالغان ھوقۇقلىرىنى ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيىگە شەندۇڭدا يېڭى ھوقۇق بېرىشنى، جەنۇبىي مانجۇرىيە ۋە شەرقىي موڭغۇلدا يەر ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقى ياكى يەر مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى، ماكان تۇتۇش ھوقۇقى، سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى، تۆمۈر يول سېلىش ۋە كان ئېچىش ئىشلىرىنى تەنھا ئىگىلەش ھوقۇقىنى بېرىشنى، خەنيېپىڭ گوڭسىسىنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىللە باشقۇر-دىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، دېڭىز بويىلىرىدىكى گاڭكۇ، قولتۇق ۋە ئاراللارنى ھەرگىز ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ 5 ـ قىسمىدىكى ماددى-لاردا بولسا، جۇڭگونى ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ سىياسىي، مالىيە، ساقچى

ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى زور ھوقۇقلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش تەلەپ قىلىنغان ھەم خۇبېي، جياڭشى ۋە گۇاڭدۇڭ ئارىلىقلىرىدا مۇھىم تۆمۈر يوللارنى سېلىش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش غەرەزلىرى كۆرسىتىلگەن. يۈەن شىكەي بۇ تەلەپنىڭ 5- قىسمىنى «كېيىنرەك كېڭەشەك» دەپ ئۇقتۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن جۇڭگو خەلقى بىردەك قارشى تۇرغانلىقتىن، ياپونىيىنىڭ تەلىۋى ئەمەلگە ئاشمىدى.

③ 1921- يىل 11- ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، پورتۇگالىيە ۋە ياپونىيىدىن ئىبارەت 8 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىنى چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن 9 دۆلەت بولۇپ، ۋاشىنگتوندا يىغىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە بىلەن يىراق شەرقتە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىش يىغىنى بولدى. ئىككىنچى يىلى 2- ئاينىڭ 6- كۈنى ئامېرىكىنىڭ «ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگودا باراۋەر پۇرسەتكە ئىگە بولۇش» ۋە «جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىش» دېگەن پىكرىگە ئاساسەن، توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى. توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسىنىڭ روھى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى بىرلىكتە ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىنى، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگونى تەنھا ئىگىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى تەنھا ئىگىلەش پىلانىنى بۇزۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت بولدى.

④ 1931- يىل 9- ئاينىڭ 18- كۈنى ياپونىيىنىڭ جۇڭگونىڭ دۇڭبېي زېمىنىدا تۇرۇشلۇق «گۈەندۇڭ ئارمىيىسى» شېنياڭنى تۇيۇقسىز بېسىۋالدى. بۇ چاغدا جۇڭگونىڭ شېنياڭدا ۋە دۇڭبېينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى (دۇڭبېي قوشۇنى) جياڭ جيېشىنىڭ «مۇتلەق قارشى تۇرماسلىق» بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، شەنخەيگۈەننىڭ جەنۇبىغا چېكىندى، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئارمىيىسى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرىنى تېزلىكتە بېسىۋالدى. جۇڭگو خەلقى ياپون

قاراقچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنى «18-سېنتەبىر ۋەقەسى» دەپ ئاتىدى.

⑤ دۇڭبېي توت ئۆلكە جۇڭگونىڭ شەرقىي-شىمال قىسمىغا جايلاشقان شۇ چاغدىكى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ۋە رېخېدىن ئىبارەت توت ئۆلكىنى، يەنى ھازىرقى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي-شىمال قىسمىدىكى جاڭچېڭ سېپىلىنىڭ شىمالى ھەم ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. 18-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى ئاۋۋال لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالدى، 1933-يىلى رېخېنىمۇ بېسىۋالدى.

⑥ 1935-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى ياپونىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن گومىنداڭچى ۋەتەن خائىنى يىن رۇگېڭ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى 22 ناھىيىدە قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «شەرقىي خېبېي گۇڭچەنداڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئاپتونوم ھۆكۈمىتى» دەپ نام بەردى. بۇ «شەرقىي خېبېي ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى.

⑦ ۋەيجياۋ تەنپەنى شۇ چاغدا جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ بارغان «گۇاڭتيەننىڭ 3 پرىنسىپى» توغرىسىدىكى تەنپەننى كۆرسىتىدۇ. «گۇاڭتيەننىڭ 3 پرىنسىپى» شۇ چاغدىكى ياپونىيە تاشقى ئىشلار شياڭى گۇاڭتيەن خۇڭيى ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگوغا قارىتىلغان 3 پرىنسىپ» بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى: 1) جۇڭگو ياپونىيىنى چەتكە قاقىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ 2) جۇڭگو، ياپونىيە ۋە «مانجۇگو»نىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئورنىتىش؛ 3) جۇڭگو بىلەن ياپونىيە بىرلىكتە گۇڭچەنداڭدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت. 1936-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى گۇاڭتيەن خۇڭيى ياپونىيە يىخۇيىدا نۇتۇق سۆزلەپ: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىگويىمىز ئوتتۇرىغا قويغان 3 پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلدى» دېگەن ئىدى.

⑧ 1935 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى يېڭىدىن ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بېيجىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەڭ ئاۋۋال 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەتەنپەرۋەرلىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرايلى»، «يوقالسۇن ياپون جاھانگىرلىگى» دېگەنگە ئوخشاش شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەرىكەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياپون قاراقچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ئۇزاق مۇددەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. كىشىلەر بۇنى «9 - دېكابىر ھەرىكىتى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى، جۇڭگو گوڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر بىرلىكتە ئاشكارا قۇۋۋەتلىگەن دۆلەت ئالدىدىكى چوڭ ئىش بولۇپ قالدى. جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ سىياسىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئايانچىسىز قالدى.

⑨ يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلاتنى قىلغان ۋاقىتتا جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ دۆڭبېينى سېتىش نەيرىڭىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇابېينىمۇ سېتىۋېتىش ئۈستىدە تۇرغان ۋە قىزىل ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئاكتىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن جۇڭگو گوڭچەنداڭى ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ جيېشىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېچىپ تاشلىشى زۆرۈر ئىدى؛ يەنە شۇ سەۋەبتىن جۇڭگو گوڭچەنداڭى شۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تېخى جياڭ جيېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىدى. لېكىن يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلادىدا جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ جۇڭگودىكى پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن مەيبەنلەر سىنىپى لاگېرىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشى مۇمكىنلىگىنى ئېيتىپ ئۆتتى. كېيىن

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ خۇابېيدا قىلغان ھۇجۇمى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشقانلىقتىن، جۇڭگو گوڭچەنداڭى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلانغان جياڭ جيېشى گۇرۇھى ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياپونىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى، شۇڭا جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى. 1936 - يىل 5 - ئايدا قىزىل ئارمىيە سەنشىدىن شىمالىي شەنشىگە قايتىپ كېلىپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمە- تىدىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى بىۋاستە تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا يەنە جۇڭگو گوڭچەنداڭ جۇڭياڭى گومىنداڭ جۇڭياڭىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، ئىككى پارتىيە بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان بىر- لىكسەپ تەشكىل قىلىشنى ھەم ۋەكىل ئەۋەتىپ تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما جياڭ جيېشى گوڭچەنداڭنىڭ تەشەببۇسىنى يەنىلا رەت قىلدى. جياڭ جيېشى پەقەت 1936 - يىل 12 - ئايدا شەندە گومىن- داڭنىڭ گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدىغان ھەربىيلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغان ۋاقىتتىلا گوڭچەنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىنىش توغرىسىدىكى تەلىۋىنى ئامالسىز قوبۇل قىلدى.

⑩ سەي تىڭكەي شۇ چاغدا گومىنداڭ 19 - ئارمىيىسىنىڭ جۇنجاڭى، قوشۇمچە شۇ ئارمىيىنىڭ فۇزۇڭچىرخۇيى بولۇپ، چېن مىڭشۇ ۋە جياڭ گۇاڭنەيلەر بىلەن بىللە شۇ ئارمىيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. 19 - ئارمىيە ئەسلىدە جياڭشىدا قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدى، 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شاڭخەيگە يۆتكەلدى. شاڭخەي ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى 19 - ئارمىيىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. 1932 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېچىسى ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ

لۇجەندۇبى شاڭخەيگە ھۇجۇم قىلىۋاندا، 19 - ئارمىيە شاڭخەي خەلقى بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئەمما بۇ ئۇرۇش كېيىن جياڭ جيېشى ۋە ۋاڭ جىڭۋېيلارنىڭ ساتقۇنلۇغى بىلەن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن 19 - ئارمىيىنى جياڭ جيېشى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن فۇجيەنگە يۆتكىدى. بۇ چاغدا 19 - ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئىستىقبالى يوق ئىكەنلىگىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالغان ئىدى. 1933 - يىلى 11 - ئايدا 19 - ئارمىيىنىڭ جياڭگىلىگىرى گومىنداڭ ئىچىدىكى لى جىشېن قاتارلىق بىر قىسىم كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ، جياڭ جيېشىدىن بۆلۈنگەنلىگىنى ئاشكارا جاكالىدى. ئۇلار فۇجيەن ئۆلكىسىدە «جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى» قۇردى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەم جياڭ جيېشىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدا قىزىل ئارمىيە بىلەن كېلىشىم تۈزدى. 19 - ئارمىيە ۋە فۇجيەن خەلق ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن سالغان بېسىمى ئاستىدا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەي تىڭكەي قاتارلىق كىشىلەر ئاستا - ئاستا گۇڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىش مەيدانىغا ئۆتتى.

⑪ 1926 - يىلى 9 - ئايدا بېيفا قىلىۋاتقان ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ھۇجۇم قىلىپ ۋۇخەنگە يېتىپ كەلگەندە، فېڭ يۈيشياڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سۈيۈەن ئۆلكىسىدە (ھازىر ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلدى) بېيياڭ جۇنفالار شىتۇڭىدىن ئايرىلغانلىغىنى جاكالاپ، ئىنقىلاپقا قاتناشتى. 1927 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەنشىدىن يولغا چىقىپ، بېيفا ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە خېنەن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلدى. 1927 - يىلى جياڭ جيېشى بىلەن ۋاڭ جىڭۋېي ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، فېڭ يۈيشياڭمۇ گۇڭچەنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدا باشتىن - ئاياق پايدا - زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 18 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ياقلىدى،

1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا گوڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، جاڭجياكۇدا خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقچى ئارمىيىسىنى تەشكىل قىلدى. جياڭ جيېشى كۇچلىرىنىڭ ۋە ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنىڭ قوشالاپ بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، بۇ قېتىمقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ 8 ـ ئايدا مەغلۇپ بولدى. فېڭ يۈشياڭ ئۆز ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا گوڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىش مەيدانىدا داۋاملىق تۇرۇپ كەلدى.

⑫ گومىنداڭنىڭ 26 ـ ئارمىيىسىنى جياڭ جيېشى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن جياڭشىغا ئېۋەتكەن ئىدى. 1931 ـ يىل 12 ـ ئايدا بۇ ئارمىيىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىسى جاۋ بوشېڭ، دۇڭ جېنتاڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نىڭدۇ ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىگە قوشۇلدى.

⑬ ما جەنشەن ئەسلىدە گومىنداڭ دۇڭبېي قوشۇنىنىڭ جۇنگۇەنى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنى خېيلۇڭجياڭدا تۇراتتى. 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى لياۋنىڭدىن خېيلۇڭجياڭغا سىلجىغاندا، بۇ قوشۇن قارشىلىق كورسەتتى.

⑭ خۇ خەنمىن گومىنداڭنىڭ مەشھۇر سىياسەتۋازى بولۇپ، سۇن جۇڭشەننىڭ جۇڭگو گوڭچەنداڭى بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىگە قارشى تۇرغان ئىدى، ئۇ 1927 ـ يىلى جياڭ جيېشىنىڭ «12 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلاۋىي جېكبىيەن قوزغىشىنى پىلانلىغۇچىلىرىدىن ئىدى. كېيىن جياڭ جيېشى بىلەن ھوقۇق تالىشىپ قالغانلىقتىن، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن قاماپ قويۇلدى. 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى، ئاندىن نەنجىڭدىن گۇاڭجۇغا بېرىپ، گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى گورۇھىدىكى جۇنفا كۇچلەرنى قوزغاپ، ئۇلار بىلەن نەنجىڭ جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك قارشىلىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

⑮ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ

6 ماددىلىق گاڭگىلىگى»، يەنى «جۇڭخۇا خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىنىڭ تۈپ گاڭگىلىگى» جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرىپىدىن 1934-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىمزا قويۇشى بىلەن ئېلان قىلىندى. بۇ گاڭگىلىڭ تۆۋەندىكى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) پۈتۈن دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرى بويىچە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش يولىدا ئومۇمى سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش؛ 2) پۈتۈن خەلق ئارىسىدا ئومۇمى سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش؛ 3) پۈتۈن خەلقنى ئومۇمى قوراللاندۇرۇش؛ 4) ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگودىكى مال-مۈلۈكلىرىنى ھەم ۋەتەن ساتقۇچىلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىش؛ 5) ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، سودا-سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى سايلىغان پۈتۈن جۇڭگو مىللى قوراللىق قوغدىنىش ۋېيىۋەنخۇيىنى قۇرۇش؛ 6) ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دوست ئارمىيە بولۇش، ياخشى نىيەتتە بىتەرەپ تۇرىدىغان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش.

⑯ گۇاڭدۇڭ-گۇاڭشى گۇرۇھىدىكى جۇنفالار گۇاڭدۇڭ گۇرۇھىدىكى چېن جىتاڭنى، گۇاڭشى گۇرۇھىدىكى لى زۇڭرېن، بەي چۇڭشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑰ جياڭ جيېشى قاراقچىلىرى ئىنقىلاۋىي خەلقنى «باسمىچى» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيە ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي خەلققە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىنقىلاۋىي خەلقنى قىرىش ھەرىكەتلىرىنى «باسمىچىلارنى يوقىتىش» دەپ ئاتايتتى.

⑱ يولداش رېن بىشى — جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەزالىرى ۋە تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى. ئۇ جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ 1927-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 5-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھەر قېتىمقى قۇرۇلتايلىرىدا جۇڭياڭ ۋېيىۋەنلىككە سايلىنىپ

كەلدى، 1931 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىـ نىڭ 4 ـ ئومۇمىيىغىنىدا جۇڭياڭ جېڭجىجۈي ۋېيىۋەنلىكىگە سايلاندى. 1933 ـ يىلى خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونى شېڭۋېيىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە قىزىل ئارمىيە 6 ـ جۈنتۇەنىنىڭ سىياسىي ۋېيىۋەنى بولدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ 6 ـ جۈنتۇەنى بىلەن 2 ـ جۈنتۇەنى قوشۇلغاندىن كېيىن، 2 ۋە 6 ـ جۈنتۇەنلەردىن تەشكىل قىلىنغان 2 ـ فاڭمىيەنجۈننىڭ سىياسىي ۋېيىۋەنى بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 8 ـ ئارمىيە زۇڭجېڭجىبۇسىنىڭ جۇرېنى بولدى. 1940 ـ يىلى جۇڭگۇڭ جۇڭياڭ شۇجىچۇسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتى. 1945 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭياڭ جېڭجىجۈي ۋېيىۋەنى ۋە جۇڭياڭ شۇجىچۇـ سىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى. 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

⑲ جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 6 ـ جۈنتۇەنى ئەسلىدە خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونى گېنجۈيدىسىدە تۇراتتى، 1934 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ يۈتكىلىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يولداش خې لۇڭ باشچىلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە 2 ـ جۈنتۇەنى بىلەن قوشۇلۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ 2 ـ فاڭمىيەنجۈنىنى تەشكىل قىلدى ۋە خۇنەن ـ خۇبېي ـ سىچۇەن ـ گۈيجۇ ئىنقىلابىي گېنجۈيدىسىنى بەرپا قىلدى.

⑳ 1934 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقان قىزىل ئارمىيىسىـ نىڭ 1، 3 ۋە 5 ـ جۈنتۇەنلىرى (يەنى قىزىل ئارمىيىنىڭ 1 ـ فاڭمىيەنجۈنى، بۇ جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چاڭتىڭ، نىڭخۇا دېگەن جايلاردىن ۋە جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى رۇيجىن، يۈيدۇ دېگەن جايلاردىن يولغا چىقىپ، جەنلۇبلۇق زور يۆتكىلىشنى باشلىدى. قىزىل ئارمىيە

فۇجيەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇيجۇ، سىچۇەن، يۇننەن، شىكاڭ (ھازىر بىر قىسمى سىچۇەن ئۆلكىسىگە، يەنە بىر قىسمى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلدى)، گەنسۇ، شەنشىدىن ئىبارەت 11 ئۆلكە ئارقىلىق يىل بويى قار كەتمەيدىغان ئىگىز تاغلارنى، ئادەم قەدىمى يەتمىگەن ئوتلاقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن قېتىملىق مۇھاسىرىلىرى، قوغلاشلىرى ۋە توسۇشلىرىنى تار ـ مار قىلىپ، داۋاملىق تۈردە 25 مىڭ لى (12 مىڭ 500 كىلومېتىر) يولنى بېسىپ، ئاخىرى 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدا شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئىنقىلاۋىي گېنجۈيدىگە غەلىبىلىك يېتىپ كەلدى.

㉑ سىچۇەن ـ شەنشى چېگرا رايونىدىكى قىزىل ئارمىيە جۇڭگو ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ فاڭمىيەنجۈنىدۇر. 1935 ـ يىل 3 ـ ئايدا 4 ـ فاڭمىيەنجۈن سىچۇەن ـ شەنشى چېگرا رايون گېنجۈيدىدىن سىچۇەن، شىكاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسىغا يۆتكەلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ماۋگۇڭ دېگەن يەردە قىزىل ئارمىيىنىڭ 1 ـ فاڭمىيەنجۈنى بىلەن قوشۇلۇپ، سول ۋە ئوڭ يونىلىش ئارمىيىلىرىنى تەشكىل قىلىپ، شىمالغا يۈرۈپ كەتتى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا سوڭپەن دېگەن جاينىڭ يېنىدىكى ماۋئېرگەي رايونىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، 4 ـ فاڭمىيەنجۈنىدە خىزمەت قىلىۋاتقان جاڭ گوتاۋ جۇڭگونىڭ جۇڭياڭنىڭ بۇيرۇغىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سول يونىلىش ئارمىيىنى جەنۇبقا باشلاپ كېتىپ، قىزىل ئارمىيىنى پارچىلىدى. 1936 ـ يىل 6 ـ ئايدا خۇنەن ـ خۇبېي ـ سىچۇەن ـ گۇيجۇ چېگرا رايونىدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، خۇنەن، گۇيجۇ، يۇننەن ئۆلكىلىرى ئارقىلىق شىكاڭ ئۆلكىسىنىڭ گەنزى دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن قىزىل ئارمىيە 2 ـ فاڭمىيەنجۈنى 4 ـ فاڭمىيەنجۈن بىلەن قوشۇلدى. بۇ چاغدا 4 ـ فاڭمىيەنجۈندىكى يولداشلار جاڭ گوتاۋنىڭ ئىرادىسىگە خىلابەن 2 ـ فاڭمىيەنجۈن بىلەن بىللە يەنە شىمالغا يۆتكەلدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا 2 ـ فاڭمىيەنجۈننىڭ ھەممىسى ۋە 4 ـ فاڭمىيەنجۈننىڭ بىر قىسمى شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كېلىپ، قىزىل ئارمىيەنىڭ 1 ـ فاڭمىيەنجۈنى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى.

㉒ جاڭ گوتاۋ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خائىنى. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىنقىلابقا نىسبەتەن پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭغا قاتناشقان. ئۇ پارتىيە ئىچىدە ناھايىتى كۆپ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى، ناھايىتى زور جىنايەتلەرنى قىلدى. ئەڭ چوڭلىرى شۇكى، ئۇ 1935 ـ يىلى قىزىل ئارمىيەنىڭ شىمالغا يۈرۈشىگە قارشى چىقتى، قىزىل ئارمىيەنى سىچۈەن بىلەن شىكاڭ ئارىلىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا چېكىندۈرۈشتىن ئىبارەت مەغلۇبىيەتچىلىكىنى ۋە چۈيشياۋجۇيىنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە پارتىيىگە ۋە جۇڭياڭغا قارشى ئاشكارا ئاسىيلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا قانۇنسىز جۇڭياڭ قۇردى، پارتىيىنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيەنىڭ بىرلىكىنى بۇزدى، قىزىل ئارمىيە 4 ـ فاڭمىيەنجۈنىنى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچراتتى. قىزىل ئارمىيە 4 ـ فاڭمىيەنجۈنى ۋە ئۇنىڭ كەڭ كادىرلىرى يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە داڭجۇڭياڭنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن بەرگەن تەربىيىسى ئارقىسىدا داڭجۇڭياڭنىڭ توغرى رەھبەرلىكى ئاستىغا تېز قايتىپ كەلدى ۋە كېيىنكى كۈرەشلەردە شانلىق رول ئوينىدى؛ لېكىن جاڭ گوتاۋ بولسا، ھېچبىر تۈزەلمەي، ئاخىرى 1938 ـ يىلى ئەتىيازدا يالغۇز ئۆزى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدىن قاچتى ۋە گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق گۇرۇھىغا ئۆزىنى ئاتتى.

㉓ جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى ئەسلىدە جياڭشى ـ فۇجيەن رايونىدا راۋاجلاندۇرۇلغان ۋە جۇڭگوڭ جۇڭياڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان قىزىل ئارمىيەنى، يەنى قىزىل ئارمىيە 1 ـ فاڭمىيەنجۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

㉔ 1935 ـ يىل 7 ـ ئايدا گومىنداڭ ئارمىيىسى شەنشى ـ گەنسۇ ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىسىگە قارىتا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى باشلىدى. قىزىل ئارمىيەنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى 26 ـ جۈنى ئاۋال

شەرقىي سەپتە دۈشمەننىڭ ئىككى لۈيىنى تار-مار قىلىپ، بۇ سەپتىكى دۈشمەنلەرنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە سۈرۈپ باردى. شۇ يىلى 9-ئايدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەسلىدە خۇبېي-خېنەن-ئەنخۇي گېنجۇيدىسىدە تۇرغان 25-جۈنى جەنۇبىي شەنشى ۋە شەرقىي گەنسۇ ئارقىلىق شىمالىي شەنشىگە يېتىپ بېرىپ، شىمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيە بىلەن قوشۇلۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ 15-جۈنتۈەنى بولۇپ قۇرۇلدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ 15-جۈنتۈەنى گەنچۈەن ناھىيىسىنىڭ لاۋشەن دېگەن يېرىدە بولغان جەنىدە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 110-شىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى، شىجاڭىنى ئۆلتۈردى، ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە گەنچۈەن ناھىيىسىنىڭ يۈيلىنچياۋ دېگەن يېرىدە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 107-شىسىنىڭ 4 يىڭىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم ئۇيۇشتۇردى، دۇڭ يىڭبىن (دۇڭبېي قوشۇنىنىڭ بىر جۈنجاڭى) 5 شىنى باشلاپ كېلىپ، ئىككى يونىلىشكە بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇنىڭ شەرق تەرەپتىكى بىر شىسى لوچۈەن-فۇشيەن يولىنى بويلاپ شىمالغا يۈردى، غەرب تەرەپتىكى 4 شىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىڭياڭ، خېشۈي ناھىيىلىرىدىن يولغا چىقىپ، خۇلۇخې دەر-ياسىنى بويلاپ، شىمالىي شەنشىنىڭ فۇشيەن ناھىيىسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇ يىلى 10-ئايدا جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كەلدى. 11-ئايدا جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ 15-جۈنتۈەنى بىلەن بىرلىكتە فۇشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جىلوجېن دېگەن يەردە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 109-شىسىنى يوقاتتى، شۇنىڭدەك قوغلاپ زەربە بېرىش داۋامىدا خېيشۈيسى دېگەن يەردە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 106-شىسىنىڭ بىر تۈەنىنى يوقاتتى. شۇن-داق قىلىپ، دۈشمەن شەنشى-گەنسۇ گېنجۇيدىسىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ئۇزۇل-كېسىل تار-مار قىلىندى.

[25] 1934-يىلىدىن 1935-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى يۆتكىلىش

ۋاقىتىدا بىر قىسىم پارتىزان قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ پارتىزان قوشۇنلىرى 8 ئولكىدىكى 14 رايوندا پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. بۇ رايونلار مۇنۇلار: جەنۇبىي جېجياڭ رايونى، شىمالىي فۇجيەن رايونى، شەرقىي فۇجيەن رايونى، جەنۇبىي فۇجيەن رايونى، غەربىي فۇجيەن رايونى، شەرقىي-شىمالىي جياڭشى رايونى، فۇجيەن-جياڭشى چېگرا رايونى، گۇاڭدۇڭ-جياڭشى چېگرا رايونى، جەنۇبىي خۇنەن رايونى، خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونى، خۇنەن-خۇبېي-جياڭشى چېگرا رايونى، خۇبېي-خېنەن-ئەنخۇي چېگرا رايونى، جەنۇبىي خېنەندىكى تۇڭبەيشەن رايونى ۋە گۇاڭدۇڭ ئولكىسىدىكى خەينەنداۋ رايونى.

㉘ 1931-يىلى ياپون جاھانگىرلىكى دۇڭبېينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو گوڭچەنداڭى خەلقنى قوراللىق قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان دۇيلىرىنى ۋە دۇڭبېي خەلق ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنى تەشكىل قىلدى، ھەرخىل شەكىلدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىلار قوشۇنلىرىغا ياردەم بەردى. 1934-يىلىدىن كېيىن، دۇڭبېيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق قوشۇنلار جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرلىككە كەلگەن دۇڭبېي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسى بولۇپ تەشكىل قىلىنىپ، مەشھۇر گوڭچەنداڭ ئەزاسى ياڭ جىڭيۈينىڭ زوڭجىخۇيلىقىدا دۇڭبېيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشىنى ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇردى. شەرقىي خېبېيدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزان ئۇرۇشى 1935-يىل 5-ئايدا خېبېي ئولكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوزغىلىڭىنى كۆرسىتىدۇ.

㉗ سوۋېت ئىتتىپاقى گوڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ياپونىيە، پولشا قاتارلىق جاھانگىر

دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئاق گۋاردىيە-
چىلەرنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى
كۆرسىتىدۇ.

㉘ يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى
خەلق ئازات رايونلىرىدا پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشتى. شۇڭا، كوڭچەنداڭ
دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا خەلققە رەھبەرلىك
قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا قارشى غەلىبىلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارالىدى.
ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن پارتلىغان ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي
ئۇرۇش داۋامىدا، ئۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئازات
رايونلىرى قەدەممۇ-قەدەم پۈتۈن جۇڭگوغا كېڭەيدى، شۇنداق قىلىپ،
بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەيدانغا كەلدى. يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق جۇمھۇرىيىتى توغرىسىدىكى غايىسى پۈتۈن مەملىكەت
مىقياسىدا ئەمەلگە ئاشتى.

㉙ جۇڭگو كوڭچەنداڭنىڭ 1928-يىل 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن
مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكى 10 ماددىلىق گاڭلىڭنى بەلگە-
لىدى: 1) جاھانگىرلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش؛
2) چەتئەل كاپىتالىنىڭ كارخانا ۋە بانكىلىرىنى مۇسادىرە قىلىش؛
3) جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى
بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش؛ 4) جۇنفا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاش؛ 5) ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ۋەكىللەر كېڭىشى
ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش؛ 6) 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى ئەمەلگە قويۇش،
ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش، ئىشسىز قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي
باۋشيەننى يولغا قويۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار؛ 7) پومېشچىكلار سىنىپى-
نىڭ بارلىق يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى دېھقانلارغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ 8) ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئەسكەر-

لەرگىمۇ بىرلىشىش يەر بېرىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە خىزمەت بېرىش؛ 9) ھەممە ئېغىر باج-سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دارامەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان بىرلىككە كەلگەن باجنى ئەمەلگە قويۇش؛ 10) دۇنيا پرولېتارىياتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش.

⑩ تروتسكىچىلار گۇرۇھى ئەسلىدە روسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدە لېنىنىزىمغا قارشى بىر گۇرۇھ ئىدى، كېيىن چۈشكۈنلىشىپ پۈتۈنلەي ئەكسىلئىنقىلاۋىي باندىتلارغا ئايلاندى. بۇ ئاسىيلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى توغرىسىدا يولداش ستالىن 1937-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى مەركىزىي ۋېيۋەنخۇيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان دوكلادىدا تۆۋەندىكىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن ئىدى: «ئىلگىرى، بۇنىڭدىن 7-8 يىل بۇرۇن تروتسكىزىم ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى شۇنداق سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ بىرى ئىدىكى، دەرۋەقە، لېنىنىزىمغا قارشى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئېغىر خاتالاشقان سىياسىي گۇرۇھ ئىدى، ئەمما ئۇ شۇ چاغدا ھەرھالدا بىر سىياسىي گۇرۇھ ھېسابلىناتتى؛ ...... ھازىرقى تروتسكىزىم ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى سىياسىي گۇرۇھ ئەمەس، بەلكى پرىنسىپسىز ۋە غايىسىز سۇيىقەستچىلەر، بۇزغۇنچىلار، پايلاقچى-جاسۇسلار، قاتىل قاراقچىلار، چەتئەللەرنىڭ پايلاقچى ئورگانلىرىغا ياللىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان قاراقچىلار.» 1927-يىلى جۇڭگو ئىنقىلاۋى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، جۇڭگودىمۇ ئاز ساندا تروتسكىچىلار چىققان ئىدى، ئۇلار چېن دۇشيۇ قاتارلىق ئاسىيلار بىلەن بىرلىشىپ، 1929-يىلى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كىچىك تەشكىلات بولۇپ شەكىللىنىپ، گومىنداڭ بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئورۇنلاپ بولدى دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىلئىنقىلاۋىي تەشۋىقاتلارنى تارقىتىپ، پۈتۈنلەي جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى ئىشلىتىش قورالى بولۇپ قالدى. جۇڭگودىكى تروتسكىچىلار گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىغا ئاشكارا قاتناشتى. 18-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇلار ياسىمچى تروتسكىنىڭ «ياپونىيە

دىڭوسىنىڭ جۇڭگونى ئىشغال قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىق» دېگەن يولىيورۇغىنى قوبۇل قىلىپ، ياپونىيىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون قاراقچىلىرىدىن جىنتىيې ئېلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا پايدىلىق ھەرخىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

㉛ «جۇنچيۇ دەۋرىدە ئادالەتلىك ئۇرۇش بولمىغان» دېگەن سۆز توغرىسىدا «مېڭزى»غا قارالسۇن. جۇنچيۇ دەۋرىدە (مىلادىدىن 722 — 481 يىللار بۇرۇن) جۇڭگودىكى ئۇرغۇن فېودال بەگلەر ھاك-مىيەت تالىشىپ، ئۆزئارا داۋاملىق ئۇرۇش قىلغان ئىدى، شۇڭا مېڭزى شۇ سۆزنى ئېيتقان.

㉜ 1840 ـ يىلدىن 1842 ـ يىلغىچە جۇڭگولۇقلار ئەپيۇن سودىسىغا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئەنگلىيە سودا ئالاقىسىنى قوغداش بانىسى بىلەن ئەسكەر ئېۋەتىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئىدى، جۇڭگو قوشۇنلىرى لىن زېشۇينىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدا گۇاڭجۇ خەلقمۇ ئىستىخىيىلىك ھالدا «پىڭيىڭتۇەن» تەشكىل قىلىپ، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ناھايىتى قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى.

㉝ تەيپىڭ تيەنگو ئۇرۇشى — 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مىللى زۇلمىغا قارشى كۆتۈ-رۈلگەن دېھقانلار ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى. 1851 ـ يىل 1 ـ ئايدا بۇ ئىنقىلاپ-نىڭ رەھبەرلىرى خۇڭ شيۇچۈەن، ياڭ شيۇچىڭلار گۇاڭشى ئۆلكىسى گۈيپىڭ ناھىيىسىنىڭ جىنتيەن كەنتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، «تەيپىڭ تيەنگو»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تەيپىڭ ئارمىيىسى 1852 ـ يىلى گۇاڭشىدىن چىقىپ، خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى ۋە ئەنخۇي ئۆلكىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1853 ـ يىلى نەنجىڭنى ئالدى. كېيىن نەنجىڭدىن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى ئايرىتىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، تيەنجىن ئەترابىغىچە يېتىپ باردى. لېكىن تەيپىڭ ئارمىيىسى ئىشغال قىلغان جايلىرىدا مۇستەھكەم گېنجۇيدىلەر قۇرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەنجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى سىياسى ۋە

ھەربىي جەھەتلەردە ئۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى، شۇڭا چىڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئارمىيىسى بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە
تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، 1864-يىلى
مەغلۇپ بولدى.

㉞ يىخېتۇەن ئۇرۇشى — 1900-يىلى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا
دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەر ئاممىسى شىنمىجۇيىلىق بىلەن مەخپىي
ھالدا تەشكىللانلار قۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جاھانگىرلىككە قوراللىق
قارشى تۇرغان كەڭ كۆلەملىك ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت. 8 جاھانگىر
دۆلەتنىڭ بىرلەشمە قوراللىق كۈچلىرى بېيجىڭ ۋە تيەنجىننى بېسىۋې-
لىپ، بۇ ھەرىكەتنى ئىنتايىن شەپقەتسىز تۇردە باستۇردى.

㉟ «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»نىڭ
⑨ ئىزاھىغا قارالسۇن.

㊱ لېنىننىڭ «پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي گاكلىكى» دېگەن
ئەسىرىگە ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى كۆكچەنداكى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى)
تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ VI باب، 3-بۆلۈمىگە قارالسۇن.

# جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسى*

(1936 ـ يىل 12 ـ ئاي)

## بىرىنچى باپ

## ئۇرۇشنى قانداق تەتقىق قىلىش كېرەك

### 1 ـ بۆلۈم ئۇرۇش قانۇنىيىتى راۋاجلىنىپ بارىدۇ

ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى — بۇ، ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم تەتقىق قىلماي بولمايدىغان ۋە ئىگەللىمەي بولمايدىغان مەسىلە.

ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتى — بۇ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم تەتقىق قىلماي بولمايدىغان ۋە ئىگەللىمەي بولمايدىغان مەسىلە.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ قانۇنىيىتى — بۇ، جۇڭگو

ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم تەتقىق قىلماي بولمايدىغان ۋە ئىگەللىمەي بولمايدىغان مەسىلە.

بىز ھازىر ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىمىز يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال مەملىكەت بولغان جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنىلا تەتقىق قىلىپ قالماي، بەلكى ئالاھىدە بولغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز، تېخىمۇ ئالاھىدە بولغان جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ھەممىگە ئايانكى، ھەرقانداق ئىشتا شۇ ئىشنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ ئىشنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ، قانداق ئىشلەشنى بىلگىلى بولمايدۇ، شۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

* يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ئەسەرنى ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش مەقسىتىدە يازغان ۋە شۇ چاغدا شىمالىي شەنشىدە قۇرۇلغان قىزىل ئارمىيە داشۆبىسىدە لېكسىيە قىلىپ ئوقۇغان ئىدى. ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتابنىڭ پەقەت 5 بابىلا پۈتكەن، جەنلۈبلۈك ھۇجۇم، سىياسىي خىزمەت ۋە باشقا مەسىلىلەر شەن ۋەقەسىنىڭ تۇغۇلۇشى سەۋەبى بىلەن يېزىشقا ۋاقىت يەتمەي قېلىپ قالغان. بۇ ئەسەر ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدە پارتىيە ئىچىدە ھەربىي مەسىلىلەر ئۈستىدە بولغان چوڭ مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بىر لۇشيەنىڭ يەنە بىر لۇشيەنگە قارشى پىكرىنى ئىپادىلەيدۇ. لۇشيەن ئۈستىدىكى بۇ مۇنازىرە توغرىسىدا داڭجۇڭياڭنىڭ 1935-يىل 1-ئايدىكى زۇنيى يىغىنىدا خۇلاسە

ئۇرۇش — خۇسۇسىي مۇلۇك ۋە سىنىپ پەيدا بولغاندىن تارتىپلا باشلانغان، سىنىپ بىلەن سىنىپ، مىللەت بىلەن مىللەت، دولەت بىلەن دولەت، سىياسىي گۇرۇھ بىلەن سىياسىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئەڭ يۇقىرى كۈرەش شەكلى. ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇرۇشقا قانداق يېتەكچىلىك قىلىشنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ.

ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — ئىنقىلاۋىي سىنىپىي ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاۋىي مىللىي ئۇرۇش ئادەتتىكى ئۇرۇشتا بولىدىغان ئەھۋال ۋە خاراكتېرغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەھۋال ۋە خاراكتېرغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئۇرۇش قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرگە ئىگە. مۇشۇ ئالاھىدە ئەھۋال ۋە خاراكتېرنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي

---

چىقىرىلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يېكىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، خاتا لۇشيەنىنىڭ يېكىرى ئىنكار قىلىندى. 1935 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، يولداش ماۋ زېدۇڭ 12 ـ ئايدا «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا» دېگەن نۇتقىنى سۆزلەپ، پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى سىياسىي لۇشيەنى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق ھەل قىلدى. ئىككىنچى يىلى، يەنى 1936 ـ يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە بۇ كىتابنى يېزىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ جەنلۇئ جەھەتتىكە ئائىت مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى — ئىچكى ئۇرۇش ياكى مىللىي ئۇرۇش بولسۇن، جۇڭگونىڭ ئالاھىدە شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئادەتتىكى ئۇرۇش ۋە ئادەتتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەھۋال ۋە ئالاھىدە خاراكتېرغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئۇرۇش ۋە ئادەتتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تاشقىرى، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدە قانۇنىيەتلەرگە ئىگە. بۇلارنى چۈشەنمىگەندە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىدا غەلىبە قازانغىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك؛ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك؛ ئاخىردا يەنە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ پىكرى توغرى ئەمەس، بىز بۇنداق پىكىرگە ئاللىقاچان رەددىيە بەرگەن ئىدۇق؛ ئۇلار: پەقەت ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىلا تەتقىق قىلىنسا بولدى، كونكرېت ئېيتقاندا، پەقەت جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ياكى جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچى ھەربىي مەكتەپلىرى نەشر قىلغان ھەربىي تىياۋلىڭلار بويىچىلا ئىش قىلىنسا بولدى، دەيدۇ. ئۇلار بىلمەيدۇكى، بۇ تىياۋلىڭلار پەقەت ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بەلكى پۈتۈنلەي چەتئەلدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان، ئەگەر بىز شۇ پېتىچە كۆچۈرۈۋېلىپ قوللانساق، ئۇنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنى

هېچبر ئوزگەرتمەسەك، بۇ چوقۇم پۈتني يونۇپ ئوتۇككە لايقلاش-
تۇرغانلق بولدۇ، ئۇرۇشتا مەغلۇبيەتكە ئېلپ باردۇ. ئۇلار:
ئوتمۇشتە قان بەدلگە كەلگەن نەرسلەر نمە ئۈچۈن يارماي-
دكەن؟ دەپ ئاساس قويدۇ. ئۇلار بلمەيدۇكى، ئوتمۇشتە قان
بەدلگە كەلگەن تەجربلەرگە ئەلۋەتتە هورمەت قلشمز كېرەك،
لېكن ئوزمزنڭ قان بەدلگە كەلگەن تەجربلرمزگمۇ هور-
مەت قلشمز كېرەك.

يەنە بر خل كشلەر باركى، ئۇلارنڭ پكرمۇ توغرى ئەمەس،
بز بۇنداق پكرگمۇ ئاللقاچان رەددىيە بەرگەن ئدۇق: ئۇلار:
پەقەت روسيە ئنقلاۋي ئۇرۇشنڭ تەجربلرلا تەتقق قلنسا
بولدى، كونكرېت ئېيتقاندا، پەقەت سوۋېت ئتتپاقى ئچكى ئۇرۇ-
شنڭ يېتەكچى قانۇنيتى ۋە سوۋېت ئتتپاقى هەربى ئورگانلرى
ئېلان قلغان هەربى تياۋلڭلار بويچلا ئش قلنسا بولدى،
دەيدۇ. ئۇلار بلمەيدۇكى، سوۋېت ئتتپاقنڭ قانۇنيتى ۋە
تياۋلڭلرى سوۋېت ئتتپاقى ئچكى ئۇرۇشى ۋە سوۋېت ئتتپاقى
قزل ئارمىيسنڭ ئالاهدلكلرنى ئوز ئچگە ئالدۇ، ئەگەر
بز شۇ پېتچە كوچۇرۇۋېلپ قوللانساق، هېچقانداق ئوزگەرتشكە
يول قويمساق، بۇمۇ ئوخشاشلا پۈتني يونۇپ ئوتۇككە لايقلاشتۇر-
غانلق بولدۇ، ئۇرۇشتا مەغلۇبيەتكە ئېلپ باردۇ. ئۇلار: سوۋېت
ئتتپاقنڭ ئۇرۇشى — ئنقلاۋي ئۇرۇش، بزنڭ ئۇرۇشمزمۇ
ئنقلاۋي ئۇرۇش، ئۇنڭ ئۈستگە سوۋېت ئتتپاقى غەلبە
قازانغان تۇرسا، يەنە نمە ئۈچۈن بۇ تەجربلەرنڭ بەزلرنى
ئېلپ، بەزلرنى ئالمايمز؟ دەپ ئاساس قويدۇ. ئۇلار بلمەيدۇ-
كى، سوۋېت ئتتپاقنڭ ئۇرۇش تەجربلرگە، ئەلۋەتتە، ئالاهدە

ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئەڭ يېقىنقى زامان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى بولۇپ، لېنىن، ستالىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن؛ لېكىن بىز يەنە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىمۇ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ توغرى ئەمەس، بىز بۇنداق پىكىرگىمۇ ئاللىقاچان رەددىيە بەرگەن ئىدۇق؛ ئۇلار: 1926 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان بېيفا ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى ئەڭ ياخشى، ئۇنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، كونكرېت ئېيتقاندا، بېيفا ئۇرۇشىنىڭ توسالغۇسىز ئىلگىرىلىشى ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تارتىۋېلىشىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، دەيدۇ. ئۇلار بىلمەيدۇكى، بېيفا ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۆلۈك ھالدا كوچۇرۇۋېلىپ قوللانماسلىقىمىز لازىم، چۈنكى ھازىرقى ئۇرۇشىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. بىز بېيفا ئۇرۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدىمۇ قوللىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نەرسىلىرىنىلا قوللىنىشىمىز، ھازىرقى ئەھۋالغا قاراپ ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى بەلگىلىشىمىز كېرەك.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇرۇش ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ، ۋاقىت، جاي ۋە خاراكتېر پەرقلىرى بولىدۇ. ۋاقىت شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتى راۋاجلىنىپ بارىدۇ، ھەر بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، شۇڭا ئۇرۇش قانۇنىيىتىمۇ ھەر بىر باسقۇچتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئۇنى ئوخشاش بولمىغان

باسقۇچتا ئۇلۇك ھالدا ئالماشتۇرۇپ قوللانغىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، شۇڭا بۇ ئۇرۇشلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، ئۇلارنى ئۇلۇك ھالدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ قوللانغىلى بولمايدۇ. جاي شارائىتىدىن قارىغاندا، ھەر بىر مەملىكەت ۋە ھەر بىر مىللەتنىڭ، خۇسۇسەن چوڭ مەملىكەت ۋە چوڭ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، بۇلارنىمۇ ئۇلۇك ھالدا ئالماشتۇرۇپ قوللانغىلى بولمايدۇ. بىز تۈرلۈك تارىخىي باسقۇچلاردىكى، تۈرلۈك خاراكتېردىكى، تۈرلۈك جايلاردىكى ۋە تۈرلۈك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ئۇرۇش مەسىلىسىدىكى جىشىپلۇنگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

بۇلارلا ئەمەس. بىر جىڭخۇيىۋەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ باشتا كىچىك بىڭتۇەنگە قوماندانلىق قىلالايدىغان بولسا، كېيىن چوڭ بىڭتۇەنگىمۇ قوماندانلىق قىلالايدىغان بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالغا باسقانلىق، ئۆسكەنلىك بولىدۇ. بىر جايدا ئۇرۇش قىلىش بىلەن نۇرغۇن جايلاردا ئۇرۇش قىلىشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىر جىڭخۇيىۋەن باشتا ئۆزىگە تونۇش بولغان مەلۇم بىر جايدا ئۇرۇش قىلالايدىغان بولسا، كېيىن نۇرغۇن جايلاردىمۇ ئۇرۇش قىلالايدىغان بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئالغا باسقانلىق، ئۆسكەنلىك بولىدۇ. دۈشمەن تەرەپنىڭ ۋە ئۆز تەرىپىمىزنىڭ تېخنىكىسى، جەنشۇسى ۋە

جەنلۇبىسى راۋاجلىنىپ تۇرىدىغانلىقتىن، بىر ئۇرۇشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەن باسقۇچتا قوماندانلىق قىلالايدىغان بىر جۈخۇيىۋەن يۇقۇرى باسقۇچقا بارغاندىمۇ قوماندانلىق قىلالايدىغان بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن تېخىمۇ ئالغا باسقانلىق، ئۆسكەنلىك بولىدۇ. پەقەت مەلۇم بىر بىكىتۆەنگە، مەلۇم بىر جايغا ۋە ئۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىغىلا مۇۋاپىقلىشىش — بۇ ئالغا باسمىغانلىق ۋە ئۆسمىگەنلىك بولىدۇ. بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار بىرلا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا يولىنىۋېلىپ ۋە تار كوز قارىشىدىلا تۇرۇۋېلىپ، ئىلگىرىلەپ ئالغا باسمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپ ئۈچۈن مەلۇم بىر جايدا، مەلۇم بىر ۋاقىتتا بىرئاز رولى بولىمۇ، لېكىن چوڭ رولى بولمايدۇ. بىز چوڭ رول ئوينايدىغان ئۇرۇش يېتەكچىلىرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. بارلىق ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتى تارىخنىڭ تەرەققىياتى بويىچە راۋاجلىنىپ بارىدۇ، ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى بويىچە راۋاجلىنىپ بارىدۇ؛ ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدىغان نەرسە يوق.

## 2 - بولۇم ئۇرۇشنىڭ مەقسىدى — ئۇرۇشنى يوقىتىش

ئۇرۇشنى — ئىنسانلار بىر - بىرىنى قىرىدىغان بۇ غەلىتە نەرسىنى ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاقىۋەت يوقىتىدۇ، بەلكى يېقىن كەلگۈسىدە يوقىتىدۇ. لېكىن ئۇنى يوقىتىشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشقا ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇش، مىللى ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا مىللى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇش، سىنىپىي ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا سىنىپىي ئىنقىلاۋىي

ئۇرۇش بىلەن قارشى تۇرۇش. تارىختىكى ئۇرۇشلار پەقەت ئادالەت-لىك ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش دەپ ئىككى خىل بولۇپ كەلگەن. بىز ئادالەتلىك ئۇرۇشنى همايه قىلىمىز، ئادالەتسىز ئۇرۇشقا قارشى تۇرىمىز. بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىز ئۇرۇش، بارلىق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتلىك ئۇرۇش. ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش ھاياتى دەۋرىگە بىزنىڭ قولىمىز بىلەن خاتىمە بېرىلىدۇ، بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش، شەك-شۇبھىسىزكى، ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشنىڭ بىر قىسمىغا كىرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ئۇرۇش يەنە، شەك-شۇبھىسىزكى، ئەڭ زور ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. ئەڭ زور ۋە ئەڭ دەھشەتلىك، ئادالەتسىز ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىپ قالدى، بىز ئەگەر ئادالەتلىك ئۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقمىساق، ئىنسانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى خاراپ بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش بايرىقى— ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغان بايراق، جۇڭگونىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش بايرىقى — جۇڭگونى قۇتقۇزىدىغان بايراق. ئىنسانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش، شەك-شۇبھىسىزكى، ئادالەتلىك ئۇرۇش، ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغان، جۇڭگونى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ ئەلا، شان-شەرەپلىك ئىش، پۈتۈن دۇنيا تارىخىنى يېڭى دەۋرگە ئۆتكۈزىدىغان كۆۋرۈك. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئالغا بېسىپ، سىنىپلار يوقىتىلىغان، دۆلەت يوقىتىلىغان دەۋرگە يەتكەندە، ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايدۇ، ئەك-سىلئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بولمايدۇ، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشمۇ بولمايدۇ، ئادالەتسىز ئۇرۇش بولمايدۇ، ئادالەتلىك ئۇرۇشمۇ بولمايدۇ،

بۇ ئىنسانىيلارنىڭ ئەبەدى ئىچىلىق دەۋرى بولىدۇ. بىز ئىنىقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، بارلىق ئۇرۇشلارنى يوقىتىشنى كۆزلىگەن ئارزۇيىمىزنى نەزەردە تۇتىمىز، بۇ ـــ بىز كوممۇنىستلارنى بارلىق ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا.

## 3 - بۆلۈم جەڭلىۋى مەسىلىسى ـــ ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان نەرسە

ئۇرۇشلا بولىدىكەن، ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى بولىدۇ. دۇنيا ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى بولۇشى مۇمكىن، بىر مەملىكەت ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى بولۇشى مۇمكىن، بىر مۇستەقىل پارتىزان رايونى، بىر چوڭ، مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشىمۇ ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى بولۇشى مۇمكىن. ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارنى نەزەردە تۇتۇش خاراكتېرىدا بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگى بولىدۇ.

بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدا بولغان ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ـــ جەڭلىۋى ئىلىمنىڭ ۋەزىپىسى. قىسمەنلىك خاراكتېرىدا بولغان ئۇرۇشنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ـــ جەڭنىي ئىلمى ۋە جەڭنىۇ ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى.

جەڭنىي جۈزئىيلىرى ۋە جەڭنىۇ جۈزئىيلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدىكى جەڭلىۋى جەھەتتىكى قانۇنىيەتنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىش نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىنى چۈشەنگەندە، قىسمەنلىك خاراكتېرىدىكى نەرسىدىن ئېنىقمۇ ئوبدان پايدىلانغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى،

قىسمەنلىك خاراكتېرىدىكى نەرسە بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىگە تەۋە بولىدۇ. جەنلۈېلۈك غەلىبە جەنشۇلۇق غەلىبىگە باغلىق دەيدىغان پىكىر خاتا، چۈنكى بۇنداق پىكىردىكىلەر ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي ۋە بىرىنچى مەسىلە بىر پۈتۈنلۈكنى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارنى ئوبدان نەزەردە تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كورمەيدۇ. ئەگەر بىر پۈتۈنلۈكنى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارنى نەزەردە تۇتۇشتا مۇھىم كەمچىلىك ياكى خاتالىق كورۈلسە، شۇ ئۇرۇش چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. «بىر يۈرۈشتە ئېھتىياتسىزلىق قىلساڭ، پۈتۈن ئويۇندا ئۇتتۇلىسەن» دېگەندە، سوز قىسمەنلىك خاراكتېرىدا بولغان، يەنى بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتى بولمىغان يۈرۈش توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدا بولغان، يەنى بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتى بولغان يۈرۈش توغرىسىدا بارىدۇ. شەخمەتتە شۇنداق، ئۇرۇشتىمۇ شۇنداق.

لېكىن بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسە قىسمەنلىكتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرالمايدۇ، بىر پۈتۈنلۈك ئوزىنىڭ بارلىق قىسمەنلىكلىرىدىن تەركىپ تاپىدۇ. بەزى چاغدا بەزى قىسمەنلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىر پۈتۈنلۈككە زور تەسىر كورسىتەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ قىسمەنلىكلەر بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە ئەمەس. ئۇرۇشتا بەزىبىر جەنشۇ ياكى جەنيى جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ھەر دائىم يامانلاشتۇرۇۋەرمەيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ مەغلۇبىيەت ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە ئەمەس. لېكىن ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى

تەشكىل قىلغان كۆپ سانلىق جەنىي مەغلۇپ بولسا ياكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەلۇم بىر-ئىككى جەنىي مەغلۇپ بولسا، بىر پۈتۈنلۈكتە دەرھال ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۆپ سانلىق جەنىمۇ، مەلۇم بىر-ئىككى جەنىمۇ ھەل قىلغۇچ نەرسىلەر. ئۇرۇش تارىخىدا ئارقىمۇ-ئارقا قىلىنغان جەڭدە ئۇدا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بىر جەڭدە مەغلۇپ بولۇش بىلەن پۈتۈن مۇۋەپپەقىيەت يوققا چىققان ئەھۋال بولغان، نۇرغۇن جەڭلەردە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر جەڭدە غەلىبە قازىنىش بىلەن يېڭى ۋەزىيەت ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەھۋالمۇ بولغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئارقىمۇ-ئارقا قىلىنغان جەڭدە ئۇدا غەلىبە قازىنىش» ۋە «نۇرغۇن جەڭلەردە مەغلۇپ بولۇش»لار — قىسمەنلىك خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدىغان نەرسىلەر. بۇ يەردە ئېيتىلغان «بىر جەڭدە مەغلۇپ بولۇش» ۋە «بىر جەڭدە غەلىبە قازىنىش» بولسا، ھەل قىلغۇچ نەرسىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈنلۈكنى نەزەردە تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر پۈتۈنلۈككە قوماندانلىق قىلىدىغان كىشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈرى — ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى نەزەردە تۇتۇشقا قارىتىش. بۇ، ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ، قىسىملار ۋە بىڭتۇەنلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش، ئىككى جەنىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش، ئۇرۇشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش، ئۆزىمىز تەرەپنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن دۈشمەن تەرەپنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇشتىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى

ئەڭ كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان يەرلەر، ئەگەر بۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلىلەر بىلەن بولۇپ كېتىلسە، ئۇ چاغدا زىيان تارتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

بىر پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئۇ يالغۇز* جەنلۈې بىلەن جەنيىنىڭ مۇناسىۋىتىلا بولۇپ قالماي، جەنيى بىلەن جەنشۇنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا شىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تۇەن ۋە يىڭلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، لىيەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن پەي ۋە بەنلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمىلىي مىسال بولالايدۇ. ھەرقانداق بىر باشلىق ئۆز دىققىتىنىڭ مەركىزىنى ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ تۇرغان، بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەسىلە ياكى ھەرىكەت ئۈستىگە قويۇشى لازىم، باشقا مەسىلە ياكى ھەرىكەت ئۈستىگە قويماسلىقى كېرەك.

مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەنلەرنى ئۇمۇمىي ياكى ئابستراكت ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. جەڭ ۋاقتىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش يۆنىلىشى ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش نۇقتىسىنى شۇ چاغدىكى دۈشمەن ئەھۋالىغا، يەر شارائىتىغا ۋە ئۆز ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. تەمىنات مول جايلاردا جەڭچىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى بەك زىيادە قىلىۋەتمەسلىككە، تەمىنات يېتەرسىز جايلاردا بولسا، جەڭچىلەرنى ئاچ قالدۇرماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك. ئاق رايوندا بىر خەۋەرنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى بىلەنلا كېيىنكى جەڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن؛ قىزىل رايوندا بولسا، خەۋەرنىڭ پاش بولۇپ قېلىش مەسىلىسى ھەر دائىم ئەڭ

مۇھىم مەسىلە بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى جەنىيلەرگە يۇقۇرى دەرىجىلىك جۈخۈيىۋەننىڭ ئۆزى قاتنىشىشى زورۇر، بەزىلىرىگە بولسا، قاتنىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر ھەربى مەكتەپتە ئەڭ مۇھىم مەسىلە — شياۋجاڭنى، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش ۋە تەلىم - تەربىيە فاڭجېننى بەلگىلەش. بىر ئاممىۋى يىغىندا، ئاساسەن، ئاممىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا ۋە مۇۋاپىق شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك ۋاھاكازالار. قىسقىسى، بىرلا پىرىنسىپ بار، ئۇ بولسىمۇ بىر پۈتۈنلۈككە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ھالقىلارغا دىققەت قىلىش.

ئۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈنلۈگىنىڭ يېتەكچى قانۇنىيىتىنى كوكۇل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، ئۇگەنگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىنى كوز بىلەن كورگىلى بولمايدۇ، پەقەت كوكۇل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، چۈشەنگىلى بولىدۇ، كوكۇل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزمىگەندە، چۈشەنگىلى بولمايدۇ. لېكىن بىر پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكلەردىن تەركىپ تاپىدۇ، قىسمەنلىك تەجرىبىسىگە ئىگە كىشى، جەنىي ۋە جەنشۇ تەجرىبىلىرىگە ئىگە كىشى ئەگەر كوكۇل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزسە، تېخىمۇ يۇقۇرى دەرىجىدىكى نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيدۇ. جەنلۈې مەسىلىسى، مەسىلەن، دۈشمەن بىلەن ئوز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتۇش، ھەرقايسى جەنىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياكى جەڭنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتۇش، بىر پۈتۈنلۈككە مۇناسىۋەتلىك (ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان) مەلۇم بولەكلەرنى نەزەردە تۇتۇش، ئومۇمى ئەھۋالدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇش، ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپ ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتۇش، خوراش بىلەن تولۇقلاش، جەڭ قىلىش بىلەن دەم ئېلىش، توپلاش بىلەن بولۇش، ھۇجۇم قىلىش بىلەن مۇداپىئە كورۇش، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىش، يوشۇرۇنۇش بىلەن ئاشكارىلىنىش، ئاساسىي ھۇجۇم تەرىپى بىلەن ياردەمچى ھۇجۇم تەرىپى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تەرىپى بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىش تەرىپى، مەركەزلەشتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىش بىلەن تارقاق قوماندانلىق قىلىش، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بىلەن تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇش، جېندىجەن بىلەن يۈندۇڭجەن، ئوز ئارمىيە بىلەن دوست ئارمىيە، بۇ تۈردىكى قىسىملار بىلەن ئۇ تۈردىكى قىسىملار، يۇقۇرى دەرىجە بىلەن تۆۋەن دەرىجە، كادىرلار بىلەن ئەسكەرلەر، كونا ئەسكەرلەر بىلەن يېڭى ئەسكەرلەر، يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلار، كونا كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلار، قىزىل رايونلار بىلەن ئاق رايونلار، كونا رايونلار بىلەن يېڭى رايونلار، مەركىزىي رايونلار بىلەن چەت-ياقا رايونلار، ئىسسىق كۈنلەر بىلەن سوغۇق كۈنلەر، جەڭدە غەلىبە قازىنىش بىلەن جەڭدە مەغلۇپ بولۇش، چوڭ بىكىتۇەنلەر بىلەن كىچىك بىكىتۇەنلەر، مۇنتىزىم قوشۇنلار بىلەن پارتىزان دۈيلىرى، دۈشمەننى يوقىتىش بىلەن ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش، قىزىل ئارمىيىنى كېڭەيتىش بىلەن قىزىل ئارمىيىنى مۇستەھكەملەش، ھەربىي خىزمەتلەر بىلەن سىياسىي خىزمەتلەر، ئوتمۇشتىكى ۋەزىپىلەر بىلەن ھازىرقى ۋەزىپىلەر، ھازىرقى ۋەزىپىلەر بىلەن كەلگۈسىدىكى ۋەزىپىلەر، ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى ۋەزىپىلەر بىلەن بۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى ۋەزىپىلەر، مۇقىم سەپلەر بىلەن مۇقىم بولمىغان سەپلەر، ئىچكى ئۇرۇش بىلەن مىللىي ئۇرۇش، بۇ تارىخىي باسقۇچ بىلەن

ئۇ تارىخىي باسقۇچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇش، دىيالېكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كوز بىلەن كورگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر، لېكىن كوڭۇل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزۈلسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئىگەللىگىلى بولىدۇ ۋە پۇختا بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۇرۇشنىڭ ياكى جەڭنىڭ بارلىق مۇھىم مەسىلىلىرىنى يۇقۇرىراق پىرىنسىپقا كوتۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش — جەنلۇپ مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ۋەزىپىسى.

## 4- بولۇم مۇھىم مەسىلە — ئۇگىنىشكە ماھىر بولۇش

نىمە ئۇچۇن قىزىل ئارمىيە تەشكىل قىلىمىز؟ ئۇنىڭ بىلەن دۇشمەننى يېڭىش ئۇچۇن. نىمە ئۇچۇن ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى ئۇگىنىمىز؟ بۇ قانۇنىيەتنى ئۇرۇشتا قوللىنىش ئۇچۇن.

ئۇگىنىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇگەنگەننى قوللىنىش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇرۇش ئىلمىنى دەرسخانىدا ياكى كىتاپلاردا نۇرغۇن كىشىلەر، ئوخشاشلا، جايى-جايىدا سوزلەيدۇ، لېكىن جەڭ قىلغاندا، يېڭىش-يېڭىلىش بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇرۇش تارىخى ۋە بىزنىڭ ئۇرۇش ھاياتىمىز بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇنداق بولسا، بۇنىڭ تۇگۈنى نەدە؟

بىز ئەمەلىيەتتىكى يېڭىلمەس جياڭجۇن بولۇشنى تەلەپ قىلالمايمىز، بۇنداق جياڭجۇن قەدىمدىن بۇيان ناھايىتى ئاز بولغان. بىز ئۇرۇش جەريانىدا ئۇمۇمەن غەلىبە قازىنىدىغان جاسارەتلىك ۋە پاراسەتلىك جياڭجۇن بولۇشنى — ھەم پاراسەتلىك، ھەم جاسارەت-

لىك جىياڭجۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. ھەم پاراسەتلىك، ھەم جاسارەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر ئۇسۇل بار، ئۆگەنگەن چاغدا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك، ئۆگەنگەننى ئىشلەتكەن چاغدىمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك.

ئۇ قانداق ئۇسۇل؟ ئۇ بولسىمۇ دۈشمەن تەرەپنىڭ ۋە ئۆز تەرىپىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىش ھەمدە بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە تەتبىقلاش.

نۇرغۇن دولەتلەر جاكالىغان ھەربىي تىياۋلىگلار دەستۇرىدا «پىرىن-سىپنى ئەھۋالغا قاراپ جانلىق قوللىنىش»نىڭ زۆرۈرلىكى كۆرسە-تىلگەن، شۇنىڭدەك جەڭدە مەغلۇپ بولغان چاغلاردا ئەھۋالنى بىرتەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ كۆرسىتىلگەن. ئالدىنقىسىدا جىڭخۇي-يۈەنىڭ پىرىنسىپىنى ئۆلۈك قوللىنىپ قويۇپ، جۇگۇەن ھالدا خاتا-لاشماسلىقى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندۇ؛ كېيىنكىسىدە جىڭخۇيۈەن جۇگۇەن ھالدا خاتالاشقان چاغدا ياكى كېگۇەن ئەھۋالدا كۈتۈلمە-گەن ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈزبەرگەن چاغدا جىڭخۇيۈەنىڭ ئۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن جۇگۇەن جەھەتتە خاتالىق يۈزبېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇش ياكى جەڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قوماندانلىقنىڭ شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى، جۇگۇەن يېتەكچىلىك بىلەن كېگۇەن ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى، توغرى كەلمىگەنلىكى، باشقىچە ئېيتقاندا، جۇگۇەن بىلەن كېگۇەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ھەل قىلىنمىغانلىقىدۇر.

كىشىلەر ھەرقانداق ئىشنى بېجىرىشتە بۇنداق ئەھۋالدىن خالىي بولالمايدۇ، بىر ــ بىردىن ئىش بېجىرىشنى خېلى بىلىش ۋە ئانچە بىلمەسلىك بىلەن پەرقلىنىدۇ، خالاس. ئىشتا ئىش بېجىرىشنى خېلى بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ھەربىي ئىشلاردا كوپرەك غەلىبە قازىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەكسىچە ئېيتقاندا، ئازراق مەغلۇپ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ تۈگۈنى جۈگۈەن بىلەن كېگۈەننى بىر ــ بىرىگە ئوبدان ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا.

جەنشۇدىن مىسال كەلتۈرىمىز. دۈشمەن جېنىدىسىنىڭ مەلۇم بىر قانىتى ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىپ تاللانغان ۋە بۇ يەر دۈشمەنىنىڭ دەل ئاجىز يېرى بولغان بولۇپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم شۇ سەۋەپتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا، بۇ جۈگۈەن بىلەن كېگۈەنىنىڭ ئوزئارا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، يەنى جىخۇيبۇەنىنىڭ چارلىشى، ھوكمى ۋە قارارى بىلەن دۈشمەنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلىشىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىڭ ئوزئارا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر دۈشمەن جېنىدىسىنىڭ باشقا بىر قانىتى ياكى مەركىزى ھۇجۇم نۇقتىسى قىلىپ تاللانغان بولۇپ، نەتىجىدە دۈشمەنىنىڭ كۈچلۈك يېرىگە دۇچ كېلىپ قېلىپ، ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىسا، بۇ ئوزئارا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھۇجۇم قىلىش پەيتى ئۇيغۇن بولغان، يۆلەكچى قىسىملارنىڭ ئىشقا سېلىنىشى دەل ۋاقتىدا بولغان، شۇنىڭدەك تۈرلۈك جەڭ تەدبىرلىرى ۋە جەڭ ھەرىكەتلىرى بىز ئۈچۈن پايدىلىق، دۈشمەن ئۈچۈن پايدىسىز بولغان بولسا، بۇ پۈتۈن جەڭ داۋامىدا جۈگۈەن قوماندانلىق بىلەن كېگۈەن ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي ئوزئارا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى بولىدۇ. پۈتۈنلەي ئوزئارا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلار ئۇرۇش ياكى جەڭلەردە ئىنتايىن ئاز

ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇش ياكى جەڭ قىلىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ توپ-توپ، قوراللانغان تىرىك كىشىلەر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر-بىرىگە قارىتا مەخپىيەتلىك ساقلايدىغانلىقىدۇر، بۇ ھەرىكەتسىز نەرسىلەر ياكى كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. لېكىن قوماندانلىق ئۇمۇمى جەھەتتىن ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلسا، يەنى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە قىسىمدا ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلسا، ئۇ غەلىبىنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

جىڭخۇيىۋەنىڭ توغرى ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرى قارارغا كېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ، توغرى قارارغا كېلىشى توغرى ھۆكۈم قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ، توغرى ھۆكۈم قىلىشى ئەتراپلىق ۋە زۆرۈر چارلاشلاردىن، شۇنىڭدەك چارلاشلاردىن ھاسىل قىلىنغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بىر-بىرىگە باغلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كېلىپ چىقىدۇ. جىڭخۇيىۋەن مۇمكىن ۋە زۆرۈر بولغان بارلىق چارلاش ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى چارلاشتىن ھاسىل قىلىنغان تۈرلۈك ماتېرىياللار ئۈستىدە ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئېلىۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىش ئاساسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز تەرىپىنىڭ ئەھۋالىنى قوشۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، قارارغا كېلىدۇ، پىلان تۈزۈپ چىقىدۇ، — مانا بۇلار ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن ھەر بىر جەڭلىۋې، جەڭنىي ياكى جەڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئەھۋالنى بىلىشنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى.

بىپەرۋا ھەربى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، ھەربى ئىشلار پىلانىنى ئۆز خاھىشى ئاساسىغا قۇرىدۇ، بۇنداق پىلان قۇرۇق خىيال بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قارام ۋە ئۆز قىزغىنلىقىلا بىرىلىدىغان ھەربى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دۈشمەنـ نىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىشتىن، دۈشمەننىڭ يۈزەكى ۋە بىرتەرەپـ لىمە ئەھۋالىغا گول بولۇپ كېتىشتىن، ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بەرگەن خام-خۇتا تەكلىپلىرىگە قىزىقىپ كېتىشتىن خالى بولالماسلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن تامىغا ئۇسۇپ قىلىـ شىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ھەربى ئىشلار پىلانىنىڭ زورۇر چارلاشلار، ئۆز تەرىپى ۋە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى بىلمىگەنلىكى ياكى بىلىشنى خالىـ مىغانلىقىدىدۇر.

ئەھۋالنى بىلىش جەريانى ھەربى ئىشلار پىلانى تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربى ئىشلار پىلانى تۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر پىلانى ئىجرا قىلىغان چاغدا ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەندىن باشلاپ ئۇرۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان جەريان — ئەھۋالنى بىلىشنىڭ يەنە بىر جەريانى، يەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى. بۇ چاغدا بىرىنچى جەرياندىكى نەرسىلەرنىڭ ئەمىلى ئەھۋالغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. ئەگەر پىلان ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىسە ياكى تولۇق ئۇيغۇن كەلمىسە، يېڭى بىلىش بويىچە يېڭى ھوكۇم چىقىرىپ، يېڭى قارارغا كېلىپ، تۈزۈلـ گەن پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىم.

پىلانىنى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئىشى ھەر بىر جەڭدە دىگىدەك بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش ئىشمۇ گايىدا بولۇپ قالىدۇ. قارامىلار ئۇنى ئۆزگەرتىشنى بىلمەيدۇ ياكى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ، قارغۇلارچە ئىشلەۋىرىدۇ، نەتىجىدە يەنە تامغا ئۇسمەي قالمايدۇ.

يۇقۇرىدا سوزلىگەنلىرىم — بىر جەنلۇپ ھەرىكىتى ياكى بىر جەنىيى ۋە جەڭ ھەرىكىتى. تەجرىبىسى كوپ ھەربىي خادىم ئەگەر كوڭۇل قويۇپ ئۆگىنىدىغان بولسا، ئوز قوشۇنى (جۈخۇيىيۇەنلىرى، جەڭچىلىرى، قۇرال - ياراقلىرى، تەمىناتلىرى ۋاھاكازالار ھەم ئۇلارنىڭ ئومۇمى يىغىندىسى) نىڭ مىجەز - خۇلقىنى پۇختا بىلىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك دۇشمەن قوشۇنى (ئوخشاشلا، جۈخۇيىيۇەنلىرى، جەڭچى-لىرى، قۇرال - ياراقلىرى، تەمىناتلىرى ۋاھاكازالار ھەم ئۇلارنىڭ ئومۇمى يىغىندىسى) نىڭ مىجەز - خۇلقىنىمۇ پۇختا بىلىۋالىدۇ، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھەممە شەرتلەرنى، مەسىلەن، سىياسى، ئىقتى-سادىي، جۇغراپىيىۋى شەرتلەرنى، ئىقلىم شەرتى ۋە باشقىلارنى پۇختا بىلىۋالىدۇ، بۇنداق ھەربى خادىم ئۇرۇشقا ياكى جەڭگە يىتەكچىلىك قىلسا، كوپرەك ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ، كوپرەك غەلىبە قازىنالايدۇ. بۇ — ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا دۇشمەن تەرەپنىڭ ۋە ئوز تەرىپىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، جۇگۇەن بىلەن كىچۇەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغان-لىقىنىڭ نەتىجىسى. بىلىشنىڭ بۇ جەريانى ئىنتايىن مۇھىم، مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبە بولمىغاندا، ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن قانۇنىيەتلە-رىنى چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش قىيىن. ھەقىقى قابىل يۇقۇرى دەرى-جىلىك جۈخۇيىيۇەن بولۇش يېڭىساچى ئىشقا كىرىشكەن تەجرىبىسىز كىشىلەر ياكى ئۇرۇشنى قەغەز يۈزىدىلا بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ

قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش داۋامىدا ئۆگىنىش كېرەك.

بارلىق پرىنسىپلىق ھەربىي قانۇنىيەتلەر ياكى ھەربىي نەزەرىيە-
لەر بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كىشىلەر چىقارغان ئۆتكەنكى ئۇرۇش
تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى خۇلاسىلەردۇر. ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇشلارنىڭ
بىزگە قالدۇرغان بۇ قانلىق ساۋاقلىرىنى ئەھمىيەت بېرىپ ئۆگىنىشىمىز
كېرەك. بۇ — بىر ئىش. لېكىن يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ بۇ
خۇلاسىلەرنى ئۆز تەجرىبىمىزدە سىناپ كۆرۈپ، كارغا كېلىدىغان
نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش، كارغا كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى رەت
قىلىش، ئۆزىمىزگە خاس نەرسىلەرنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت. بۇ
كېيىنكى ئىش ناھايىتى مۇھىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇرۇشقا يېتەك-
چىلىك قىلالمايمىز.

كىتاب ئوقۇش — ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشمۇ ئۆگىنىش،
بەلكى تېخىمۇ مۇھىم ئۆگىنىش. ئۇرۇشنى ئۇرۇشتىن ئۆگىنىش — بۇ
بىزنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلىمىز. مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە
بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۇرۇشنى ئۆگىنەلەيدۇ، يەنى ئۇرۇش قىلىش
داۋامىدا ئۆگىنەلەيدۇ. ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش — ئاممىنىڭ ئىشى،
بۇنىڭدا، كۆپۈنچە، ئاۋال ئۆگىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۇرۇش قىلمەن
دېگىلى بولمايدۇ، ئاۋال ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆگىنىشكە
توغرا كېلىدۇ، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئۆزى ئۆگىنىش بولىدۇ. «لاۋبەي-
شىڭ»لىقتىن ھەربىي بولغانغا قەدەر بىر ئارىلىق بار، لېكىن بۇ
ئارىلىق ۋەنلى چاڭچېڭدەك ئۇزۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تېزدىن
تۈگىتىشكە بولىدۇ، ئىنقىلاب قىلىش، ئۇرۇش قىلىش — مۇشۇ ئارى-
لىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇسۇلى. ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش ئاسان ئەمەس
دېگەنلىك تەل-تۆكۈس ئۆگىنىش ۋە پىششىق ئىشلىتىش ئاسان

ئەمەس دېگەنلىكتۇر. لاۋبەيشىڭ تېزدىن ھەربىي بولالايدۇ دېگەنلىك بۇ ئىشقا كىرىشىش ئانچە قىيىن ئەمەس دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىككىسىنى ئۇمۇملاشتۇرغاندا، ئۇ جۇڭگونىڭ: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن قەدىمى سۆزىگە توغرى كېلىدۇ. ئىشقا كىرىشىش قىيىن ئەمەس ئىكەن، كامالەتكە يېتىشمۇ مۇمكىن، ئەمما گەپ كۆڭۈل قويۇشتا، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشتا.

ھەربىي ئىشلار قانۇنىيىتى، باشقا شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش، كېگۈەن ئەمەلىيەتنىڭ[1] مېڭىمىزدىكى ئىنكاسى، مېڭىمىزدىكى نەرسىلەردىن باشقا ھەممە نەرسە — كېگۈەن ئەمەلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆگىنىشىمىز ۋە بىلىشىمىزنىڭ دۇيىشياگى دۈشمەن تەرەپ ۋە ئۆزىمىز تەرەپتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھەر ئىككى تەرەپنى تەتقىق قىلىنىدىغان دۇيىشياڭ دەپ قاراش كېرەك، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مېڭىمىز (ئىدىيىمىز)لا تەتقىق قىلغۇچى جۇتى. بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزىنى ئېنىق بىلىدۇ، ئۆزگىنى ئېنىق بىلمەيدۇ، يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزگىنى ئېنىق بىلىدۇ، ئۆزىنى ئېنىق بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىم زامانىدىكى چوڭ ھەربىي ئالىمى سۈن ۋۇزىنىڭ[2] كىتاۋىدا ئېيتىلغان: «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن» دېگەن سۆز ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېگۈەن ئەمەلىيەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشنى ھەمدە بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ئۆز ھەرىكىتىنى بەلگىلەپ، كۆز ئالدىدىكى دۈشمەننى يېڭىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بىز بۇ سۆزگە سەل

قارىماسلىقىمىز لازىم.

ئۇرۇش — مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت، سىنىپ بىلەن سىنىپ، سىياسىي گۇرۇھ بىلەن سىياسىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۈرەشلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى؛ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھەممە قانۇنىيەتلەرنى جەڭ قىلىۋاتقان مىللەت، دۆلەت، سىنىپ ۋە سىياسىي گۇرۇھلار غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىش-يېڭىلىش، ئاساسەن، ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبىي شەرت-شارائىتلىرىغا باغلىق، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، جەڭ قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ جۈگوۋەن يېتەكچىلىك قابىلىيىتىگىمۇ باغلىق. ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ماددىي شەرت-شارائىت يار بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇلار ماددىي شەرت-شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە تۇرۇپ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ۋە لازىم. ھەربىي مۇتەخەسسىسنىڭ پائالىيەت سەھنىسى كېگوۋەن ماددىي شەرت-شارائىت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ھەربىي مۇتەخەسسىس مۇشۇ سەھنىدە نۇرغۇن جانلىق، ھەشەمەتلىك ئويۇنلارنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيىمىزنىڭ يېتەكچىلىرى مەۋجۇت كېگوۋەن ماددىي ئاساستا، يەنى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبىي شەرت-شارائىتلار ئاساسىدا، ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئارمىيىنى باشلاپ، مىللىي ۋە سىنىپىي دۈشمەنلەرنى يوقىتىشى، بۇ ناچار دۇنيانى ئۆزگەرتىشى لازىم. بۇ يەردە بىزنىڭ جۈگوۋەن يېتەكچىلىك قابىلىيىتىمىزنى ئىشلىتىشكە توغرى كېلىدۇ، بەلكى ئىشلىتىش كېرەك. بىز قىزىل ئارمىيىدىكى ھەرقانداق بىر جىرخۇيىۋەننىڭ قالايمىقان

ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يۈرىدىغان قاراملاردىن بولۇپ قېلىشقا يول قويماي-
مىز؛ بىز قىزىل ئارمىيىدىكى ھەر بىر جۈخۈييۈەنىنىڭ جاسارەتلىك
ۋە پاراسەتلىك قەھرىمانلاردىن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز
كېرەككى، ئۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان غەيرەتكە ئىگە بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۇرۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى
ئىدارە قىلالايدىغان قابىلىيەتكىمۇ ئىگە بولسۇن. جۈخۈييۈەنلەر
ئۇرۇش دېڭىزىدا ئۈزگەندە، ئۆزلىرىنى غەرق قىلىۋەتمەستىن، بەلكى
ئۆزلىرىنى ئىشەنچلىك ۋە تەدبىرلىك رەۋىشتە ئىككىنچى قىرغاققا
يەتكۈزۈشى لازىم. ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش قانۇنىيىتى — ئۇرۇش
دېڭىزىدا ئۈزۈش سەنئىتى.
يۇقۇرىدىكىلەر — بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز.

## ئىككىنچى باپ

# جۇڭگو گومىنداڭى ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى

1924 ـ يىلى باشلانغان جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى ئىككى
باسقۇچنى، يەنى 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە بولغان باسقۇچ بىلەن
1927 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە بولغان باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى؛
بۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي-
ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش باسقۇچى. بۇ ئۈچ باسقۇچتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش
جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى ۋە بولىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ
ئاساسىي دۈشمىنى — جاھانگىرلىك ۋە فېودال كۈچلەر. جۇڭگو

بۇرژۇئازىيىسى گەرچە مەلۇم تارىخىي پەيتتە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا قاتنىشىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتپەرەس-لىكىدىن ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇستەقىللىقى كەم بولغانلىقىدىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازىنىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلىشنى خالىمايدۇ ۋە رەھبەرلىكمۇ قىلالمايدۇ. جۇڭگونىڭ دېھقانلار ئاممىسى ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ئاممىسى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنى-شىشنى ۋە ئۇرۇشنى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى خالايدۇ. ئۇلار ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلىق خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ سىياسىي نەزەر دائىرىسىنى چەكلەيدۇ (بىر قىسىم ئىشسىز ئاممىدە باشباشتاقلىق ئىدىيىسى بولىدۇ)، شۇڭا ئۇلار ئۇرۇشنىڭ توغرى رەھبىرى بولال-مايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرولېتارىيات سىياسىي سەھنىگە چىققان دەۋردە جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشمەي قالمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئەگەر پرولېتارىيات ۋە كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولمىسا ياكى خىلاپلىق قىلسا، ئۇ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگو جەمى-يىتىدىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر ۋە ھەرخىل سىياسىي گۇرۇھلار ئىچىدە پەقەت پرولېتارىيات ۋە كوممۇنىستلار پارتىيىسىلا تار راملىقتىن ۋە شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكتىن تامامەن خالىي، ئەڭ يىراقنى كۆرىدىغان سىياسىي نەزەر دائىرىسىگە ۋە ئەڭ تولۇق تەشكىللەشچانلىققا ئىگە، بەلكى دۇنيادىكى ئىلغار پرولېتارىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىشىدا

قوللىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت پرولېتارىيات ۋە گۇڭچەنداڭلا دېخانلارغا، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىگە ۋە بۇرژۇئازىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دېخانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تار رامكىلىقلىقىنى، ئىشسىزلار ئاممىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى تۈگىتەلەيدۇ، شۇنىڭدەك بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئۈزۈل-كېسىلسىزلىكىنىمۇ تۈگىتەلەيدۇ (ئەگەر گۇڭچەنداڭنىڭ سىياسىتى خاتا بولمىسا)، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپنى ۋە ئۇرۇشنى غەلىبە يولىغا ئېلىپ بارالايدۇ.

1924 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش، ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ ۋە جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىگە بولغان سىياسىي تەسىرى ھەم ئۇلار بىلەن بولغان سىياسىي ھەمكارلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ئىنقىلاپ ۋە ئۇرۇشنىڭ جىددىي پەيتىدە، ئالدى بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنقىلاپ سېپىدىكى جېنخۇيجۇيىچىلارنىڭ ئىنقىلاپقا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقى-دىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش مەغلۇپ بولدى.

1927 - يىلدىن ھازىرغىچە بولغان يەر ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى يېڭى شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. يالغۇز جاھانگىرلىكلا بۇ ئۇرۇشنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالماستىن، بەلكى چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن چوڭ پومېشچىكلار ئىتتىپاقىمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ دۈشمىنى. مىللىي بۇرژۇئازىيە بولسا، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرۇقى بولدى. بۇ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغۇچى پەقەت گۇڭچەنداڭ، گۇڭچەنداڭ ئىنقىلاۋىي

ئۇرۇشقا بولغان مۇتلەق رەھبەرلىك هوقۇقىنى شەكىللەندۈردى. گوڭچەنداڭنىڭ بۇنداق مۇتلەق رەھبەرلىك هوقۇقى — ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەرتى. گوڭچەنداڭنىڭ بۇنداق مۇتلەق رەھبەرلىكى بولمىغاندا، ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ بۇنداق قەتئىيەتلىككە ئىگە بولالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايتتى.

جۇڭگو گوڭچەنداڭى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىغا قەھرىمانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى، 15 يىللىق ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا① پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، هەر كۈنى خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقى ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلدى.

جۇڭگو گوڭچەنداڭى جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى بىلەن، نەچچە يۈز مىڭ قەھرىمان پارتىيە ئەزالىرى ۋە نەچچە ئون مىڭ قەھرىمان كادىرلىرىنىڭ ئۆز قېنىنى تۆكۈپ قۇربان بولۇشى بىلەن پۈتۈن مىللەتمىز بويىچە نەچچە يۈز مىليون ئاھالە ئوتتۇرىسىدا ئۇلۇق تەربىيىۋى رول ئوينىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەردە قازانغان ئۇلۇق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۈگۈنكى كۈندە مىللىي دۈشمەن بېسىپ كىرگەن جىددىي پەيتتە تۇرغان جۇڭگونى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش ـ ئامان قېلىش شەرتىگە ئىگە قىلدى، بۇ شەرت — خەلقنىڭ زور كوپچىلىكى ئىشەنگەن، خەلق ئۇزاق مۇددەت سىناپ تاللىۋالغان سىياسىي رەھبەرنىڭ بولغانلىقى. هازىر گوڭچەنداڭنىڭ ئېيتقان سۆزىنى، باشقا هەرقانداق پارتىيىنىڭ ئېيتقان سۆزىگە قارىغاندا، خەلق ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. جۇڭگو

گوڭچەنداڭنىڭ ئوتمۇشتىكى 15 يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش‌ـ لىرى بولمىغان بولسا ئىدى، يېڭى مۇنقەرىزلىك خەۋپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايتتى.

جۇڭگو گوڭچەنداڭى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش داۋامىدا چېن دۇشيۇ④ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىسى ۋە لى لىسەن «سول»چىل جىخۇيجۇيىسىدىن⑤ ئىبارەت ئىككى خاتالىقنى ئوتكۈزگەندىن تاشقىرى، يەنە تۇۋەن‌ـ دىكى ئىككى خاتالىقنى ئوتكۈزدى: بىرىنچىسى، 1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان «سول»چىل جىخۇيجۇيى⑥، بۇ خاتالىق يەر ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى، نەتىجىدە بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشتا دۇشمەننى يەڭگىلى بولمىدى، ئەكسىچە، گېنجۇيدىلەر قولدىن كەتتى ۋە قىزىل ئارمىيە ئاجىزلاشتى. بۇ خاتالىق جۇڭيالى جېڭجۇيىنىڭ 1935 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئوتكۈزۈلگەن كېڭەيتىلگەن زۈنيى يىغىنىدا تۈزىتىۋېلىندى. ئىككىنچىسى، 1935 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان جاڭ گوتاۋ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىسى⑦، بۇ خاتالىق پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزۇشقىچە بېرىپ يېتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي كۈچىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى؛ لېكىن جۇڭيانىڭ توغرى رەھبەرلىكى، قىزىل ئارمىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە جىزخۇي‌ـ يۈەن، جەڭچىلەرنىڭ ئويغانلىقى ئارقىسىدا ئاخىر بۇ خاتالىقمۇ تۈزىتىۋېلىندى. بۇ خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزگە، ئىنقىلا‌ـ ۋىمىز ۋە ئۇرۇشىمىزغا، ئەلۋەتتە، زىيانلىق ئىدى، لېكىن ئاخىر ئۇلارنى يەڭدۇق، بىزنىڭ پارتىيىمىز ۋە قىزىل ئارمىيىمىز بۇ خاتا‌ـ لىقلارنى يېڭىش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ چېنىقتى.

جۇڭگو گوڭچەنداڭى داغدۇغىلىق، شانلىق، غەلىبىلىك ئىنقىلاۋىي

ئۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلدى ۋە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇش جۇڭگونى ئازات قىلىشنىڭ بايرىقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقارالىق ئىنقىلاۋىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. دۇنيادىكى ئىنقىلاۋىي خەلقلەرنىڭ كۆزى بىزدە. يېڭى باسقۇچتا — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى-ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش باسقۇچىدا بىز جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئېلىپ بارىمىز، شۇنىڭدەك شەرقتىكى ۋە دۇنيادىكى ئىنقىلاپلارغا چوڭقۇر تەسىرمۇ كۆرسىتىمىز. ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلار بىزگە يالغۇز ماركسىزىملىق توغرى سىياسى لۇشيەنلا زورۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ماركسىزىملىق توغرى ھەربى لۇشيەنىڭمۇ زورۇرلىگىنى ئىسپاتلاپ بەردى. 15 يىللىق ئىنقىلاپ ۋە ئۇرۇش مۇشۇنداق سىياسى ۋە ھەربى لۇشيەننى تاۋلاپ چىقاردى. ئۇرۇشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى باسقۇچى، ئىشىنىمىزكى، بۇنداق لۇشيەننى يېڭى شارائىتتا ئاساسەن تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ، مىللى دۈشمەننى يېڭىش مەقسىدىگە ئېرىشتۈرىدۇ. تارىخ بىزگە كۆرسىتىپ بەردىكى، توغرى سىياسى ۋە ھەربى لۇشيەن، تەبىي، تېچ ھالدا پەيدا بولماستىن ۋە راۋاجلانماستىن، بەلكى كۈرەش داۋامىدا پەيدا بولىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ: ئۇ بىر تەرەپتىن، «سول»چىل جىخۇيجۇيى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوڭچىل جىخۇيجۇيى بىلەنمۇ كۈرەش قىلىدۇ. ئىنقىلاپقا ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا زىيان يەتكۈزىدىغان بۇ زىيانلىق خاھىشلار بىلەن كۈرەش قىلمىغاندا ھەم ئۇلارنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگەتمىگەندە، توغرى لۇشيەننىڭ تىكلىنىشى ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ بۇ كىتابچىدا خاتا تەرەپتىكى پىكىرلەرنى كۆپرەك تىلغا ئېلىشىمدىن مەقسەت ئەنە شۇ.

# ئۈچىنچى باپ
# جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

## 1- بۆلۈم بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى

جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، بىلمەيدىغان ياكى بىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر قىزىل ئارمىيىنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشىنى ئادەتتىكى ئۇرۇش بىلەن ئوخشاش ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ. لېنىن، ستالىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بارلىق كوممۇنىستىك پارتىيىلەر، شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ بۇ تەجرىبىلەرنى ھەم لېنىن، ستالىننىڭ بۇ تەجرىبىلەر توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى يەكۈنلىرىنى قىبلىنامە قىلىدۇ. لېكىن بۇ، ئەنە شۇ تەجرىبىلەرنى ئۆز شارائىتىمىزدا جىمپىلىك ھالدا قوللىنىشىمىز لازىم، دېگەنلىك ئەمەس. جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ھېساپقا ئالماسلىق ياكى ئىنكار قىلىش، ئەلۋەتتە، خاتا. بۇ نۇقتا بىزنىڭ 10 يىللىق ئۇرۇشىمىزدا تولۇق ئىسپاتلاندى.

بىزنىڭ دۈشمىنىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزدى.

ئۇلار قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا باشقا ئۇرۇشلاردىكىدىن پەرقلىنىدىغان جەنلۈي ۋە جەنشۇنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلار ھەر تەرەپلىمە ئۈستۈنلۈكلىرىگە ئىشىنىپ، بىزنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۇرۇش ئۇسۇلىغا چىڭ ئېسىلۋالدى. 1933-يىلى دۈشمەن ئېلىپ بارغان تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» مەزگىلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ بولدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىدە بۇ مەسىلە توغرىسىدا يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلار دەسلەپتە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى جياڭجۈنى لىيۇ ۋېيۈەن، كېيىن دەي يۈې بولدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ پىكرى جياڭ جيېشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. بۇ — جياڭ جيېشىنىڭ لۈشەن جۈنگۈەنلەر تەلىم-تەربىيە كۇرسىنىڭ[8] ۋە ئۇزىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» داۋامىدا يولغا قويغان ئەكسىيەتچىل يېڭى ھەربىي پىرىنسىپىنىڭ[9] پەيدا بولۇش جەريانى.

لېكىن دۈشمەن ئۆزىنىڭ ھەربىي پىرىنسىپىنى ئۆزگەرتىپ قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىش شارائىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان چاغدا، بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا «كونا مۇقام»غا يېپىشۋالغان كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئادەتتىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇش تەرىپىگە قايتىشنى قۇۋۋەتلەپ، ھەرقانداق ئالاھىدە ئەھۋالنى چۈشىنىشنى رەت قىلدى، قىزىل ئارمىيىنىڭ قانلىق ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىنى رەت قىلدى، جاھانگىرلىكنىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ كۈچلىرىگە سەل قارىدى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كۈچىگە سەل قارىدى، دۈشمەن قوللانغان ئەكسىيەتچىل يېڭى پىرىنسىپنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالدى. نەتىجىدە شەنشى-گەنسۇ چېگرا رايونىدىن باشقا بارلىق

ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەر قولىدىن كەتتى، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 300 مىڭدىن بىرنەچچە ئون مىڭغا چۈشۈپ قالدى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى 300 مىڭدىن بىرنەچچە ئون مىڭغا چۈشۈپ قالدى، گومىنداڭ رايونلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگىدەك ئايرىلىپ قالدۇق. قىسقىسى، بىر قېتىم ئېغىر تارىخىي جازاغا ئۇچراش بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزمچى دەپ ئاتىشىۋالغان، ئەمەلىيەتتە ماركسىزم-لېنىنىزمنى بىرئازمۇ ئۆگەنمىگەن. لېنىن: ماركسىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ جېنى — كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش[10]، دېگەن ئىدى. بىزنىڭ بۇ يولداشلىرىمىز دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئۇنۇتۇپ قالغان.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنى غەلىبە يولىغا باشلىغىلى بولمايدۇ.

## 2-بۆلۈم جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە

ئەمىسە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمە؟ مېنىڭچە، توت ئاساسىي خۇسۇسىيىتى بار.

بىرىنچى خۇسۇسىيىتى — جۇڭگو سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان يېرىم مۇستەملىكە چوڭ مەملىكەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپنى بېشىدىن كۆچۈردى.

بۇ خۇسۇسىيەت جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. 1927 ـ يىلى قىشتىن 1928 ـ يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا، جۇڭگو پارتىزان ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزاق ئوتمەي، خۇنەن ئولكىسى بىلەن جياڭشى ئولكىسى تۇتاشقان چېگرا رايون ــــ جىڭگاڭشەندىكى يولداشلاردىن بەزىلىرى «قىزىل بايراقنى زادى قاچانغىچە تۇتۇپ تۇرغىلى بولار» دېگەن سۇئالنى قويغان چاغدا، بىز ئەنە شۇ ئىمكانىيەتنى كورسىتىپ ئوتكەن ئىدۇق (خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا[11]). چۈنكى بۇ ئەڭ توپ مەسىلە ئىدى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلىرى ۋە جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ ۋە راۋاجلىنالامدۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاپ بەرمەسەك، بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمىغان بولاتتۇق. جۇڭگو كۇڭچەنداڭنىڭ 1928 ـ يىلى ئوتكۇزۇلگەن مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىگە يەنە بىر قېتىم جاۋاپ بەردى. جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى شۇنىڭدىن باشلاپ توغرى نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى.

ئەمدى بۇ مەسىلىنى بولۇپ ـ بولۇپ قاراپ چىقايلى:

جۇڭگونىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس ــــ ئاجىز كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىلەن ئېغىر دەرىجىدىكى يېرىم فېئوداللىق ئىگىلىك بىللە مەۋجۇت، بىرقانچە زامانىۋى سودا ـ سانائەت شەھەرلىرى بىلەن تۇرغۇن ھالەتتىكى كەڭ يېزىلار بىللە مەۋجۇت، نەچچە مىليون سانائەت ئىشچىلىرى بىلەن كونا تۈزۈم ھوكۇمرانلىقىدىكى نەچچە يۈز مىليون دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلىرى بىللە مەۋجۇت، مەركىزىي ھوكۇمەتنى باشقۇرۇپ تۇرغان

چوڭ جۇنغالار بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغان كىچىك جۇنغالار بىللە مەۋجۇت، ئەكسىچە ئارمىيىدە جياڭ جيېشغا تەۋە ئاتالمىش مەركەز ئارمىيىسى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى جۇنغالارغا تەۋە ھەرخىل نامدا ئاتىلىدىغان قوشۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل قوشۇن بىللە مەۋجۇت، بىرقانچىلىغان تۆمۈر يول، سۇ يولى ۋە ئاپتوموبىل يوللىرى بىلەن كەڭ تارقالغان غەلتەك هارۋا يولى، پەقەت پىيادە مېڭىشقىلا بولىدىغان يول ۋە پىيادە مېڭىشقىمۇ قىيىن بولغان يوللار بىللە مەۋجۇت.

جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت — جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنىڭ بولمىغانلىقى جۇڭگو ھوكۇمران گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنىڭ بولماسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرنەچچە دولەت ئىدارە قىلىپ تۇرغان يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت بىر دولەت ئىدارە قىلىپ تۇرغان مۇستەملىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

جۇڭگو چوڭ بىر مەملىكەت — «شەرق تەرىپى قاراڭغۇلاشسا، غەرب تەرىپى يورۇق تۇرار، جەنۇب تەرىپى قاراڭغۇلاشسا، شىمال تەرىپى يەنە بار»، ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا زېمىن يوق دەپ غەم قىلماسلىق كېرەك.

جۇڭگو بىر قېتىملىق ئۇلۇق ئىنقىلابنى بېشىدىن كەچۈردى — قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇقىنى تەييارلىدى، قىزىل ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرىنى، يەنى كۆڭچەنداڭنى تەييارلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم ئىنقىلابقا قاتناشقان ئاممىنى تەييارلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، جۇڭگو — بىر قېتىملىق ئىنقىلابنى بېشىدىن كەچۈرگەن، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان يېرىم مۇستەملىكە چوڭ مەملىكەت، بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىي

ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى. بۇ خۇسۇسىيەت يالغۇز بىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى جەنلۇپ ۋە جەنشۇيىمىزنى تۇپتىن بەلگىلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى جەنلۇپ ۋە جەنشۇيىمىزنىمۇ تۇپتىن بەلگىلىگەن.

ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى — دۇشمەننىڭ كۈچلۈكلۈكى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ دۇشمىنى بولغان گومىنداڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇ — ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىۋالغان ۋە ئۇزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى نىسبىي ھالدا تۇراقلاشتۇرغان پارتىيە. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئاساسىي ئەكسىلئىنقىلاۋىي دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇردى — جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئارمىيىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما دۇنيادىكى زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىگە ئومۇمەن ئوخشايدىغان، قورال - ياراق ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىنىشى قىزىل ئارمىيىگە قارىغاندا كۆپ ئۈستۈن بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سان جەھەتتىن جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكى ئارمىيىسىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدىغان، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ دائىمىي ئارمىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇردى. ئۇنىڭ ئارمىيىسىنى قىزىل ئارمىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەقىقەتەن، ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قاتناش ۋە مەدەنىيەت تۈگۈنلىرى ياكى جان تومۇرلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى — پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىق ھاكىمىيەت.

جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك دۇشمەن ئالدىدا تۇرۇۋېتىۋ. بۇ — جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى.

بۇ خۇسۇسىيەت قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشىنى ئادەتتىكى ئۇرۇشلاردىن، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن ۋە بېيىفا ئۇرۇشىدىن نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرقلەندۇرمەي قويمىدى.

ئۈچىنچى خۇسۇسىيىتى — قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاجىزلىقى.

جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى بىرىنچى ئۇلۇغ ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارتىزان دۇيلىرىدىن ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ياۋروپا جۇڭگونىڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرىدە تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى ئەكسىيەتچى كاپىتالىستىك دولەتلەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بىرقەدەر تۇراقلاشقان دەۋردىمۇ تۇرماقتا.

بىزنىڭ هاكىمىيىتىمىز — تارقاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەككە-يەككە تۇرغان تاغلىق يەرلەردىكى ياكى چەت-ياقا يەرلەردىكى هاكىمىيەت، هېچقانداق تاشقى ياردەمگە ئىگە ئەمەس. ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەر-نىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە مەدىنىيەت شارائىتى گومىنداڭ رايونلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ئارقىدا. ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردە پەقەت يېزىلار ۋە كىچىك شەهەرلەرلا بار. بۇ گېنجۇيدىلەرنىڭ يېرى باشتا ناهايىتى كىچىك ئىدى، كېيىنمۇ ئانچە چوڭايمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېنجۇيدىلەر مۇقىم ئەمەس؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ هەقىقىي مۇستەهكەم گېنجۇيدىسى يوق.

قىزىل ئارمىيىنىڭ سانى ئاز، قىزىل ئارمىيىنىڭ قورال-ياراقلىرى ناچار، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىنىشى ناهايىتى قىيىن.

بۇ خۇسۇسىيەت — ئالدىنقى بىر خۇسۇسىيەت بىلەن كەسكىن سېلىشتۇرما. قىزىل ئارمىيىنىڭ جەنلۇپ ۋە جەنشۇسى مۇشۇنداق

كەسكىن سىلىشتۇرما ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

تۇتىنچى خۇسۇسىيىتى ــ گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكى ۋە يەر ئىنقىلاۋى.

بۇ خۇسۇسىيەت ــ بىرىنچى خۇسۇسىيەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇ خۇسۇسىيەت ئىككى تەرەپتىكى ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى گەرچە جۇڭگونىڭ ۋە كاپىتالىزىم دۇنياسىنىڭ ئەكسىيەتچىل دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن غەلىبە قازىنالايدۇ، چۈنكى ئۇ گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە دېھقانلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە. گېنجۇيدىلەر كىچىك بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتىن ناھايىتى زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى زور بولغان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارىمۇ ـ قارشى ھالدا تەۋرەنمەي تۇرۇۋاتىدۇ، گومىنداڭنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ھەربىي جەھەتتىن ناھايىتى زور قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، چۈنكى بىز دېھقانلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە. قىزىل ئارمىيە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن قۇدرەتلىك جەڭگىۋار كۈچكە ئىگە، چۈنكى گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدە بولغان قىزىل ئارمىيە تەركىۋىدىكىلەر يەر ئىنقىلاۋى داۋامىدا ئۆسۈپ چىققان، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جىڭخۇيپىڭلەر بىلەن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي جەھەتتە بىرلىك بار.

يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، گومىنداڭ بىلەن كەسكىن سىلىشتۇرما بولىدۇ. گومىنداڭ يەر ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا دېھقانلار-نىڭ ياردىمىگە ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ ئارمىيىسى سان جەھەتتىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسكەرلەر ئاممىسىنى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقار-غۇچىلاردىن كېلىپ چىققان نۇرغۇن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلىرىنى

گومىنداڭ ئۈچۈن ئاڭلىق تۈردە پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان قىلالمايدۇ. جۈنگۇەنلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي جەھەتتە ئىختىلاپ بار، بۇ ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى كېمەيتىدۇ.

## 3 ـ بۆلۈم بۇنىڭدىن بىزنىڭ جەنلۈې ۋە جەنشۇيىمىز ۋۇجۇتقا كېلىدۇ

بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاپنى بېشىدىن كەچۈرگەن، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە تەرەققىياتى تەكشى بولمىغان يېرىم مۇستەملىكە چوڭ مەملىكەت، كۈچلۈك دۈشمەن، ئاجىز قىزىل ئارمىيە، يەر ئىنقىلاۋى ـــ بۇلار جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ تۆت ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ يېتەكچى لۇشيەنىنى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن جەنلۈېلىك ۋە جەنشۇلۇق پرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. بىرىنچى خۇسۇسىيەت بىلەن تۆتىنچى خۇسۇسىيەت جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىنلىكىنى ۋە ئۆز دۈشمىنىنى يېڭىشى مۇمكىنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئىككىنچى خۇسۇسىيەت بىلەن ئۈچىنچى خۇسۇسىيەت جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ تېزدىن راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆز دۈشمىنىنى تېزدىن يېڭىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەنى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۇرۇشنى ياخشى قىلىپ بارمىسا، مەغلۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىنلىكىنى بەلگىلىگەن.

بۇ ـــ جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ ئىككى تەرىپى. بۇ ئىككى تەرەپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ، يەنى ئەپلىك شارائىتمۇ بار، قىيىن شارائىتمۇ بار. بۇ ـــ جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ تۈپ ـ ئاساسىي قانۇنىيىتى، نۇرغۇن قانۇنىيەتلەر مۇشۇ تۈپ ـ ئاساسىي

قانۇنىيەتتىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ 10 يىللىق ئۇرۇش تارىخىمىز مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىمىكى بۇ تۈپ-ئاساسىي خاراكتېرلىق قانۇنىيەتنى كوزى ئوچۇق تۇرۇپ كورمەيدىكەن، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، قىزىل ئارمىيىنى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمايدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، جەنلۇۋې يونۇلۇشىنى توغرى بەلگىلەپ، ھۇجۇم قىلىغان چاغدا تەۋەككۇلچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇداپىئە كورگەن چاغدا باۋشۇجۇيىغا قارشى تۇرۇش، يوتكەلگەن چاغدا قاچقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش؛ قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزانچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، لېكىن قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزانلىق خاراكتېرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش؛ جەنيى دائىرىلىك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشقا ۋە جەنلۇۋېلۇك تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، جەنلۇۋېلۇك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى ۋە جەنيى دائىرىلىك تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇشنى ئېتىراپ قىلىش؛ مۇقىم ئۇرۇش سېپىگە ۋە جېندىجەنگە قارشى تۇرۇپ، مۇقىم بولمىغان ئۇرۇش سېپىنى ۋە يۈندۇڭجەننى ئېتىراپ قىلىش؛ تار-مار قىلىش ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇپ، يوقىتىش ئۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىش؛ جەنلۇۋې يونۇلۇشىدىكى ئىككى مۇشتچىلىققا قارشى تۇرۇپ، بىر مۇشتچىلىقنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئارقا سەپ ئورگانلىرىنى كەڭ قىلىۋېتىش تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، ئارقا سەپ ئورگانلىرىنى ئىخچام قىلىش تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلىش؛ مۇتلەق مەركەزلەشكەن قوماندانلىققا قارشى تۇرۇپ، نىسبى مەركەزلەشكەن قوماندانلىقنى ئېتىراپ قىلىش؛ نوقۇل ھەربى كوز قاراشقا ۋە ليۇكۇجۇيىغا⑫ قارشى تۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ جۇڭگو

ئىنقىلاۋىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش؛ باسمىچىلىققا[13] قارشى تۇرۇپ، قاتتىق سىياسى ئىنتىزامنى ئېتىراپ قىلىش؛ جۇنفاجۇيىغا قارشى تۇرۇپ، چەكلىك دېموكراتىك تۇرمۇشنى ۋە ئىناۋەتلىك ھەربىي ئىنتىزامنى ئېتىراپ قىلىش؛ ناتوغرى، مەزھەپچىل كادىرلار سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، توغرى كادىرلار سىياسىتىنى ئېتىراپ قىلىش؛ ئۆز-ئۆزىنى يىتىم قالدۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىششقا مۇمكىن بولغان بارلىق ئىتتىپاقچىلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىش؛ ناھايەت، قىزىل ئارمىيىنى كونا باسقۇچتا توختىتىپ قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ راۋاجلىنىپ يېڭى باسقۇچقا ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش — بۇ پرىنسىپلىق مەسىلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندۇ. بىز ئەمدى توختىلىدىغان جەنلۇۋى مەسىلىدە بۇ مەسىلەرنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىنىڭ 10 يىللىق قانلىق تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## توتىنچى باپ

## «قورشاپ يوقىتىش» ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش — جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلى

10 يىلدىن بۇيان، پارتىزان ئۇرۇشى باشلانغان كۈندىن تارتىپ، ھەرقانداق بىر مۇستەقىل قىزىل پارتىزان دۈيى ياكى قىزىل ئارمىيە ۋە ھەرقانداق بىر ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدى دائىم دۈشمەن ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش»قا ئۇچراپ كەلدى. دۈشمەن قىزىل ئارمىيىنى

يات نەرسە دەپ قاراپ، كۆرۈنگەن هامان ئۇنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى. دۈشمەن هامان قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىزىغا چۈشتى، بەلكى هامان ئۇنى قورشىۋالدى. بۇ شەكىل ئۆتكەن 10 يىل داۋامىدا ئۆزگەرمىدى، ئەگەر ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى مىللىي ئۇرۇش ئالمىسا، تا دۈشمەن ئاجىز، قىزىل ئارمىيە كۈچلۈك بولۇپ ئۆزگەرگەنگە قەدەر، بۇ شەكىلمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

قىزىل ئارمىيە ئۆز پائالىيەتلىرىدە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش شەكلىنى قوللاندى. غەلىبە دېگىنىمىزدە، ئاساسەن، «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى، يەنى جەڭلۈك ۋە جەڭنىڭ غەلىبىسىنى كۆزدە تۇتىمىز. بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش بىر جەڭ بولۇپ، ئۇ دائىم چوڭ-كىچىك بىرقانچىلىغان، ھەتتا بىرنەچچە ئونلىغان جەڭلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تۈپتىن تار-مار قىلمىغىچە، نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى جەڭلۈك جەھەتتە ياكى پۈتۈن جەڭ جەھەتتە غەلىبە قازانغانلىق دېگىلى بولمايدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ 10 يىللىق ئۇرۇش تارىخى «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش تارىخى بولدى.

دۈشمەن ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش»تا ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشىدا جەڭنىڭ ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى ئۆزگىرا قوللىنىلدى، بۇ جەھەتتە قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردىن پەرقلىق بولمىدى. لېكىن جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بولدى. ھەر قېتىمقى «قورشاپ

يوقىتىش»تا دۈشمەن قىزىل ئارمىيىنىڭ مۇداپىئەسىگە ھۇجۇم بىلەن قارشى تۇردى، قىزىل ئارمىيە دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا مۇداپىئە بىلەن قارشى تۇردى، بۇ — «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش جەنيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. دۈشمەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا مۇداپىئە بىلەن قارشى تۇردى، قىزىل ئارمىيە دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەسىگە ھۇجۇم بىلەن قارشى تۇردى، بۇ — «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش جەنيىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى. ھەرقانداق «قورشاپ يوقىتىش» مۇشۇ ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەلكى ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ دېگىنىمىز، ئۇرۇش بىلەن جەڭ شەكلى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ — فاكت، ھەرقانداق كىشى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ. «قورشاپ يوقىتىش» ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش — ئۇرۇش شەكلىنىڭ تەكرارلىنىشى. دۈشمەن بىزنىڭ مۇداپىئەمىزگە ئۆزىنىڭ ھۇجۇمىنى قارشى قويىدىغان، بىز دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆزىمىزنىڭ مۇداپىئەمىزنى قارشى قويىدىغان بىرىنچى باسقۇچ، دۈشمەن بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزغا ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىنى قارشى قويىدىغان، بىز دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەسىگە ئۆزىمىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنى قارشى قويىدىغان ئىككىنچى باسقۇچ — ھەر بىر قېتىمقى «قورشاپ يوقىتىش» داۋامىدىكى جەڭ شەكىللىرىنىڭ تەكرارلىنىشى.

ئۇرۇش ۋە جەڭنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، بۇ ئاددىي تەكرارلىنىپ تۇرمايدۇ، بەلكى ھەر قېتىمقىسى پەرقلىق بولىدۇ. بۇمۇ فاكت، ھەرقانداق كىشى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ. بۇ يەردىكى قانۇنىيەت شۇكى، «قورشاپ يوقىتىش» ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ، ئەھۋال بارغانسېرى

مۇرەككەپلىشىدۇ، جەڭلەر بارغانسىرى كەسكىنلىشىدۇ.

لېكىن بۇنىڭدا كوتۇرۇلۇش ۋە پەسسىيشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»تىن كېيىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقانلىقى، جەنۇپتىكى گېنجۇيدىلەرنىڭ تامامەن قولدىن كېتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىمالغا يوتكىلىپ، ئىچكى دۇشمەنگە جەنۇپتىكىدەك تەھلىكە سالىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ كولىمى بىرقەدەر تارايدى، ئەھۋال بىرئاز ئاددىيلاشتى، جەڭلەر بىرئاز پەسەيدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى دىگەن نىمە؟ جەڭلىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەقەت «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تامامەن مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ چىقىشىلا مەغلۇبىيەت دەپ ئاتىلىدۇ، بەلكى پەقەت قىسمەن ھەم ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت دەپلا ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تامامەن مەغلۇپ بولۇشى پۈتۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ يىمىرىلىشى بولىدۇ، ئەمما بۇنداق فاكت يوق. كەڭ گېنجۇيدىلەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىگى ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ يوتكەلگەنلىگى مەڭگۈ ۋە پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت ئەمەس، ۋاقىتلىق ۋە قىسمەن مەغلۇبىيەت، گەرچە بۇ قىسمەنلىك پارتىيە تەشكىلاتى، ئارمىيە ۋە گېنجۇيدىلەرنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئوز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ. بۇنداق فاكتنى بىز مۇداپىئەنىڭ داۋامى دەپ ئاتايمىز، دۇشمەننىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىنى بولسا، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنىڭ داۋامى دەپ ئاتايمىز. بۇ، «قورشاپ يوقىتىش»تا ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەشتە بىز مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئوتەلمىدۇق، ئەكسىچە، بىزنىڭ مۇداپىئەمىز دۇشمەننىڭ ھۇجۇمى بىلەن تار-مار قىلىندى، بىزنىڭ مۇداپىئەمىز چېكىنىشكە ئوزگەردى، دۇشمەننىڭ ھۇجۇمى قوغلاپ زەربە بېرىشكە

ئۆزگەردى، دىگەنلىكتۇر. لېكىن قىزىل ئارمىيە يېڭى رايونغا يېتىپ بارغان چاغدا، مەسىلەن، جياڭشى قاتارلىق جايلاردىن شەنشىگە يوتكەلگىنىمىزدە «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ تەكرارلىنىشى يەنە كورۇلدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىز، قىزىل ئارمىيىنىڭ جەنلۇۋىلۇك چېكىنىشى (ئۇزۇن سەپەر)نى قىزىل ئارمىيىنىڭ جەنلۇۋىلۇك مۇداپىئەسىنىڭ داۋامى، دۇشمەننىڭ جەنلۇۋىلۇك قوغلاپ زەربە بېرىشىنى دۇشمەننىڭ جەنلۇۋىلۇك هۇجۇمىنىڭ داۋامى، دەيمىز.

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىكى توپ جەڭ شەكلى، قەدىمقى ۋە هازىرقى زاماندا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بولۇپ ئوتكەن هەرقانداق ئۇرۇشلاردىكىدەك، پەقەت هۇجۇم ۋە مۇداپىئەدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولدى. جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ خۇسۇسىيىتى «قورشاپ يوقىتىش» ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرغانلىقى، جەڭنىڭ هۇجۇم ۋە مۇداپىئەدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرغانلىقى، بەلكى بۇنىڭ 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق ئۇلۇق جەنلۇۋىلۇك يوتكىلىش (ئۇزۇن سەپەر)نى[14] ئوز ئىچىگە ئالغانلىقىدۇر.

دۇشمەننىڭ مەغلۇبىيىتى دىگىنىمىزمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ جەنلۇۋىلۇك مەغلۇبىيىتى شۇكى، ئۇلار ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش» بىز تەرەپتىن تار-مار قىلىندۇ، بىزنىڭ مۇداپىئەمىز هۇجۇمغا ئوزگىردۇ، دۇشمەن مۇداپىئە ئورنىغا چۇشۇپ قالىدۇ، يېڭىۋاشتىن كۇچ ئۇيۇشتۇرماي تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى ۋۇجۇتقا كەلتۇرەلمەيدۇ. دۇشمەندە بىزدىكىدەك 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق جەنلۇۋىلۇك يوتكىلىش دىگەن ئەهۋال بولمىدى، بۇ ئۇلارنىڭ پۇتۇن مەملىكەت بويىچە هوكۇمران ئىكەنلىكى ۋە بىزگە قارىغاندا

كۆپ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن بولدى. لېكىن قىسمەن يوتكىلىشلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى، بىرقانچە گېنجۈيدىلەردە قىزىل ئارمىيە قورشىۋېلىپ ھۇجۇم قىلغان ئاق جۈيدىيەنلەردىكى دۈشمەنلەر مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، ئاق رايونغا چېكىنىپ، يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغان ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ، قىزىل ئارمىيە غەلىبە قىلغان دائىرە تېخىمۇ كېڭەيسە، بۇنداق ئىشلار كوپىيىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى قىزىل ئارمىيىنىڭكىگە سېلىش-تۇرغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار خەلقنىڭ ياردىمىگە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۈنگۈەنلىرى بىلەن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىك يوق. ئۇلار ئەگەر قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىك يوتكىلىشىنى دورايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا چوقۇم يوقىلىدۇ.

1930 ـ يىلدىكى لىسەن لۇشيەنى مەزگىلىدە يولداش لى لىسەن جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى، شۇڭا جۇڭگو ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىدا «قورشاپ يوقىتىش»، يەنە «قورشاپ يوقىتىش»، تار ـ مار قىلىش، يەنە تار ـ مار قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەت تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتنى كورەل-مىدى (ئۇ چاغدا خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىدا ئۈچ قېتىم «قور-شاپ يوقىتىش»، فۇجيەندە ئىككى قېتىم «قورشاپ يوقىتىش» بولغان ئىدى)، شۇڭا، قىزىل ئارمىيە تېخى گودەكلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابنى تېزدىن غەلىبە قازان-دۇرۇشقا ئۇرۇندى، بۇنىڭ بىلەن «سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق خاتا-لىقىنى ئوتكۈزدى.

1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان «سول»چىل جىخۇيـ جۇيىمۇ «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىگە ئىشەنمىدى. خۇبېي ـ خۇنەن ـ ئەنخۇي چېگرا رايونى گېنجۇيدىسىدە بولسا، «يان تەرەپتىكى قوشۇنلار»[15] دىگەن سوز ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ يەردىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلار، ئۇچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» مەغلۇپ بولغاندىن كىيىنكى گومىنداڭ پەقەت يان تەرەپـ تىكى قوشۇنلا بولۇپ قالدى، قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن جاھانگىرلار ئوزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاساسىي كۈچ بولۇشقا توغرى كېلىدۇ، دەپ قارىدى. مۇشۇ مولچەر ئاساسىدىكى جەنلۇي فاڭجېنى بويىچە قىزىل ئارمىيە ۋۇخەنگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جياڭشىدىكى بەزى يولداشلارنىڭ قىزىل ئارمىينى نەنچاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرغانلىقى، ھەرقايسى گېنجۇيدىلەرنى تۇتاشتۇرۇپ بىر پۈتۈن قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرغانلىقى، دۇشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشقا قارشى تۇرغانلىقى، بىر ئولكە بويىچە غەلىبە قازىنىشنى ئولكە مەركىزىنى ۋە مەركىزىي شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش ئاساسىغا قويغانلىقى، شۇنىڭدەك «بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ــ ئىنقىلاپ يولى بىلەن مۇستەملىكىلىك يولى ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ» دەپ قارىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن پىرىنسىپ جەھەتتىن بىر. بۇ «سول»چىل جىخۇيجۇيى خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي چېگرا رايونىنىڭ توتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا، جياڭشى مەركىزىي رايونىنىڭ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەشلىرىدىكى خاتا لۇشيەنىنىڭ ئورۇغىنى تېرىپ، قىزىل ئارمىينى دۇشمەن ئېلىپ بارغان قاتتىق «قورشاپ يوقىتىش» ئالدىدا ئىلاجسىز

ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ناھايىتى زور زىيان يەتكۈزدى.

«قورشاپ يوقىتىش»نىڭ تەكرارلىنىشىنى ئىنكار قىلىدىغان «سول»چىل جىخۇيجۇيى بىلەن بىۋاستە باغلانغان ۋە قىزىل ئارمىيە ھەرگىز مۇداپىئە ۋاستىسىنى قوللانماسلىقى كېرەك دەيدىغان بىر تۈرلۈك پىكىرمۇ پۈتۈنلەي ناتوغرى.

ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ — بۇنداق دېيىشنىڭ ئەلۋەتتە توغرىلىقى بار. ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش پەيدا بولۇشتىن راۋاجلىنىشقا، كىچىكلىكتىن چوڭىيىشقا، ھاكىمىيىتى بولماسلىقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا، قىزىل ئارمىيىسى بولماسلىقتىن قىزىل ئارمىيىنى بەرپا قىلىشقا، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلىرى بولماسلىقتىن ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنى بەرپا قىلىشقا قەدەر ھامان ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ، بۇنىڭدا مۇتەئەسسىپلىك قىلىشقا بولمايدۇ، باۋشۇجۇيىلىق خاھىشقا قارشى تۇرۇش لازىم.

ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا مۇداپىئەلىنىش ۋە چېكىنىشلەرمۇ بولىدۇ — مۇشۇنداق دېيىشلا تامامەن توغرى. ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن مۇداپىئە كورۇش، ئالغا بېسىش ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنىش، ئۇدۇلغا مېڭىش ئۈچۈن يانغا مېڭىش، تۈز يول بىلەن مېڭىش ئۈچۈن ئەگرى يول بىلەن مېڭىش — نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بولىدىغان مۇقەررەر ھادىسە، ھەربىي ھەرىكەتتە تېخىمۇ شۇنداق.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى ھوكۇمنىڭ ئالدىنقىسىنى، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، توغرى دېيىشكە بولىدۇ، ھەربىي ئىشلارغا كوچۈرۈپ كەلگەندە، توغرى بولماي قالىدۇ. سىياسىي جەھەتتىنمۇ

يەقەت مەلۇم ئەھۋال بويىچە ئىيتقاندا (ئىنقىلاپ ئىلگىرىلىگەن چاغدا) توغرى، ئىككىنچى بىر ئەھۋالغا كوچۇرۇپ كەلگەندە (ئىنقىلاپ چېكىنگەن چاغدا: روسىيىدە 1906 ـ يىلدىكىدەك⑯، جۇڭگودا 1927 ـ يىلدىكىدەك پۈتۈنلەي چېكىنگەندە؛ روسىيىدە 1918 ـ يىلدىكى برېست شەرتنامىسى⑰ ۋاقتىدىكىدەك قىسمەن چېكىنگەندە) يەنە توغرى بولماي قالىدۇ. يەقەت كېيىنكى ھوكۇملا پۈتۈنلەي توغرى ھەقىقەت. 1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان «سول»چىل جىخۇيجۇيىنىڭ ھەربى مۇداپىئە ۋاستىسىنى قوللىنىشقا ئۇلۇك ھالدا قارشى تۇرغانلىغى ئىنتايىن گودەكلىك، خالاس.

«قورشاپ يوقىتىش» تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان شەكىل قاچان ئاياقلىشىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بولسا، دۇشمەن بىلەن ئوزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ. لۇكلۇك ـ ئاجىزلىق سېلىشتۇرمىسىدا تۈپتىن ئوزگىرىش بولغان چاغدا ئاياقلىشىدۇ. ئەگەر قىزىل ئارمىيە ئوز دۇشمىنىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچىيىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ تەكرارلىنىش ئاياقلىشىدۇ. ئۇ چاغدا بىز دۇشمەننى قورشاپ يوقىتىشقا ئوتىمىز، دۇشمەن بولسا، قورشاپ يوقىتىشقا قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، لېكىن سىياسى ۋە ھەربى شەرتلەر دۇشمەننىڭ قىزىل ئارمىيىگە ئوخشاش «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇنغا ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ چاغدا «قورشاپ يوقىتىش» تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بۇنداق شەكلىنى پۈتۈنلەي ئاياقلىشىدۇ دىگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئاياقلىشىدۇ دەپ ئۇزۇپ ئېيتقىلى بولىدۇ.

# بەشىنچى باپ

# جەنلۈېلۈك مۇداپىئە

بۇ مەۋزۇدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن: (1) ئاكتىپ مۇداپىئە ۋە پاسسىپ مۇداپىئە؛ (2) «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىقى؛ (3) جەنلۈېلۈك چېكىنىش؛ (4) جەنلۈېلۈك قايتۇرما ھۇجۇم؛ (5) قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاش مەسىلىسى؛ (6) ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش مەسىلىسى؛ (7) يۆتكىلىشچان؛ (8) تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇش؛ (9) يوقىتىش ئۇرۇشى.

## 1 ـ بۆلۈم ئاكتىپ مۇداپىئە ۋە پاسسىپ مۇداپىئە

نېمە ئۈچۈن سۆزنى مۇداپىئەدىن باشلايمىز؟ جۇڭگونىڭ 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان بىرىنچى قېتىمقى مىللىي بىرلىكسەپى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپ ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىنتايىن دەھشەتلىك سىنىپىي ئۇرۇشقا ئايلاندى. دۈشمەن — پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمران، بىزدە پەقەت ئازغىنا قوشۇنلا بار، شۇڭا، بىز باشتىنلا دۈشمەن ئېلىپ بارغان «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۆرەش قىلىپ كەلدۇق. بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار قىلىش بىلەن زىچ باغلانغان، بىزنىڭ راۋاجلىنىش تەقدىرىمىز پۈتۈنلەي «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار قىلالىشىمىز ياكى قىلالماسلىقىمىزغا باغلىق. «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار قىلىش جەريانى، كۆپۈنچە، ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ، تۈپ ـ تۈز بولمايدۇ. بىرىنچى ۋە جىددىي مەسىلە — قانداق قىلىپ ئۆز كۈچىمىزنى ساقلاپ

قېلىش، پۇرسەت كۈتۈپ، دۈشمەننى تار-مار قىلىش. شۇڭا، جەڭلۈپىلۈك مۇداپىئە مەسىلىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىدا ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ 10 يىللىق ئۇرۇشىمىز داۋامىدا جەڭلۈپىلۈك مۇداپىئە مەسىلىسىدە، كوپپۇنچە، ئىككى خىل ئېغىش يۈز بېرىپ كەلدى، بىرى — دۈشمەننى سەل چاغلاش، يەنە بىرى — دۈشمەندىن قورقۇپ كېتىش.

دۈشمەننى سەل چاغلىغانلىقتىن، نۇرغۇن پارتىزان دۈيلىرى مەغلۇپ بولدى، قىزىل ئارمىيە دۈشمەن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلالمىدى.

ئىنقىلاۋىي پارتىزان دۈيلىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىيەتنى، كوپپۇنچە، توغرى كورەلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر جايدا ئۇشتۇمتۇتلا قوراللىق قوزغىلاڭ كوتۇرۇپ غەلىبە قازانغانلىقى ياكى ئاق ئارمىيە ئىچىدىن توپىلاڭ چىققانلىقى بىلەن شارائىتنىڭ بىرمەھەل ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى كوردى، ياكى شارائىت ئېغىر بولسىمۇ ئۇنى كورمىدى، شۇڭا، كوپپۇنچە، دۈشمەننى سەل چاغلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى (تەجرىبىسىنىڭ يوقلىقىنى، كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى)مۇ چۈشەنمىدى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، بىزنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىمىز ئەسلىدە كېلگۈەن مەۋجۇت ھادىسە ئىدى، ئەمما كىشىلەر بۇنى ئويلاپ كورۇشنى خالىمىدى، پەقەت ھۇجۇم قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇداپىئە كورۇش ۋە چېكىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىدى-دە، ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتە مۇداپىئە قۇرالىدىن مەھرۇم قالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى خاتا

نىشانىغا باشلىدى. نۇرغۇن پارتىزان دۆلىرى شۇ سەۋەپتىن مەغلۇپ بولدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەپلەر بىلەن «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار قىلالمىغانلىقىنىڭ مىسالى قىلىپ، 1928 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيفېڭ ـ لۇفېڭ رايونىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى⑱، شۇنىڭدەك 1932 ـ يىلى خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي چېگرا رايونىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ،گومىنداڭ يان تەرەپتىكى قوشۇنلار دېگەن سوزنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، توتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشتا ئۆزىنىڭ بىمالال ئىش كورۇش قابىلىيىتىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدەك فاكىتنى كورسىتىشكە بولىدۇ.

دۈشمەندىن قورقۇپ كېتىپ، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كوپ.

دۈشمەننى سەل چاغلىغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە، بەزى كىشىلەر دۈشمەننى بەك يۇقۇرى چاغلاپ، ئۆزلىرىنى بەك سەل چاغلىدى، شۇڭا زورۇر بولمىغان چېكىنىش فاكىتىنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتە، ئوخشاشلا، مۇداپىە قۇرالىدىن مەھرۇم قالدۇردى. نەتىجىدە ياكى پارتىزان دۆلىرى مەغلۇپ بولدى، ياكى قىزىل ئارمىيىنىڭ بەزى جەنىلىرى مەغلۇپ بولدى، ياكى گېنجۇيدىلەر قولدىن كەتتى.

گېنجۇيدىلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش داۋامىدا جىياڭشى مەركىزىي گېنجۇيدىسىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقتۇر. بۇ يەردىكى خاتالىق ئوڭچىللىق نۇقتەئىنەزىرىدىن كېلىپ چىققان. رەھبەرلەر دۈشمەندىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، ھەممىلا يەردە مۇداپىە

تەدبىرلىرىنى كورۇپ، قەدەمدە بىر مۇداپىەلەندى، ئەسلىدە پايدىلىق بولغان، دۇشمەن ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى ئېلىپ بېرىشقا جۇرئەت قىلالمىدى، شۇنىڭدەك دادىللىق بىلەن دۇشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈپ، توپلىنىپ تۇرۇپ يوقىتىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى، نەتىجىدە پۈتۈن گېنجۇيدى قولدىن كېتىپ، قىزىل ئارمىيىگە 12 مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇق ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرى كەلدى. لېكىن بۇنداق خاتالىقتا، كوپۈنچە، دۇشمەننى سەل چاغلايدىغان «سول»چىللىق خاتالىقى باشلامچى بولۇپ بەردى. 1932 - يىلى مەركىزىي شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشتەك ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك دەل كىينكى ۋاقىتلاردا دۇشمەن ئېلىپ بارغان بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا پاسسىپ مۇداپىە لۇشيەنىنى قوللىنىشنىڭ مەنبەئى بولدى.

دۇشمەندىن قورقۇپ كېتىشنىڭ ئەڭ چېكىدىكە يەتكەنلىكىنىڭ مىسالى — چېكىنىش يولىنى تۇتقان «جاڭ گوتاۋ لۇشيەنى». قىزىل ئارمىيە 4 - فاڭمىيەنجۇنى غەربىي يونۇلۇش قوشۇنىنىڭ خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى مەغلۇبىيىتى⑲ مۇشۇ لۇشيەنىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران بولغانلىقى بولدى.

ئاكتىپ مۇداپىە ھۇجۇم بىلەن بولىدىغان مۇداپىە دەپمۇ، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بىلەن بولىدىغان مۇداپىە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پاسسىپ مۇداپىە مۇداپىە ئۈچۈنلا بولغان مۇداپىە دەپمۇ، نوقۇل مۇداپىە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پاسسىپ مۇداپىە، ئەمەلىيەتتە، يالغان مۇداپىە، پەقەت ئاكتىپ مۇداپىەلا ھەقىقىي مۇداپىە، قايتۇرما ھۇجۇم ۋە ھۇجۇم ئۈچۈن قىلىنىدىغان مۇداپىە. مېنىڭ بىلىشىمچە، قىممىتى بار ھەرقانداق بىر ھەربىي كىتاپ، بىرقەدەر ئەقىللىق ھەربىي مۇتەخەسسىنىڭ

ھەرقاندىغى، مەيلى قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە بولسۇن، مەيلى جەنلۇپ ۋە جەنشۇدا بولسۇن، پاسسىپ مۇداپىئەگە قارشى تۇرماي قالغان ئەمەس. پەقەت ئەڭ ئەخمەق ياكى ئەڭ تەكەببۇر ئادەملا پاسسىپ مۇداپىئەنى ئەڭگۈشتەر قىلىپ، كوككە كوتۇرىدۇ. دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇ — ئۇرۇشتىكى سەۋەنلىك، باۋشۇجۇيىنىڭ ھەربى ئىشلاردىكى ئىپادىسى، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

كىيىن باش كوتۇرگەن ۋە ناھايىتى تېز تەرەققى قىلغان جاھانگىر دولەتلەرنىڭ، يەنى گېرمانىيە ۋە ياپونىيىنىڭ ھەربى مۇتەخەسسىلىرى جەنلۇپلۇك ھۇجۇمىنىڭ پايدىلىق تەكەنلىگىنى پائال تەرغىپ قىلىپ، جەنلۇپلۇك مۇداپىئەگە قارشى تۇرىدۇ. بۇنداق ئىدىيە جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىغا زادى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. گېرمانىيە ۋە ياپونىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ھەربى مۇتەخەسسىسلىرى، مۇداپىئەنىڭ مۇھىم بىر ئاجىزلىغى — ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىنى كوتۇرەلمەيدىغانلىغى، ئەكسىچە، كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن ئىككىلەندۇرۇپ قويىدىغانلىقى، دەپ كورسىتىدۇ. بۇ سىنىپىي زىددىيەت كەسكىنلەشكەن، ئۇرۇشنىڭ مەنپەئەتى يالغۇز ئەكسىيەتچى ھوكۇمران تەبىقىلەرگىلا، ھەتتا ھاكىمىيەت ئۇستىدە تۇرغان ئەكسىيەتچى سىياسى گۇرۇھلارغىلا مەنسۇپ بولغان دولەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىز ئىنقىلاۋى گېنجۇيدىلەرنى قوغداش ۋە جۇڭگونى قوغداش شۇئارى ئاستىدا، خەلقنىڭ ئەڭ زور كوپچىلىگى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممىمىز بىر نىيەتتە ئۇرۇش قىلالايمىز، چۈنكى بىز — ئېزىلگۈچى ۋە تاجاۋۇز قىلىنغۇچىمىز. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى قىزىل ئارمىيىسىمۇ دۈشمەننى مۇداپىئە شەكلى بىلەن يەڭدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى جاھانگىر دولەتلەر ئاق گۋاردىيىچىلەر ھۇجۇمنى ئۇيۇشتۇرغان چاغدا سوۋېتلەرنى قوغداش شۇئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىش بىلەنلا قالمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەربى سەپەرۋەرلىكى ئوكتەبىر قوزغىلىڭىغا ھازىرلىق كۆرۈش دەۋرىدىمۇ پايتەختنى قوغداش شۇئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئادالەتلىك ئۇرۇش بولغان بارلىق مۇداپىئە ئۇرۇشلىرى سىياسى جەھەتتىكى يات ئۇنسۇرلارنى بىخوتلاشتۇرۇش رولىنى ئويناش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ قالاق قىسمىنىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلالايدۇ.

ماركسنىڭ، قۇراللىق قوزغىلاڭ كوتۇرۇلگەن ئىكەن، ھۇجۇمنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماسلىق كېرەك[20]، دېگىنى دۈشمەننىڭ تەييارلىقـ سىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت قوزغىلاڭ كوتۇرگەن ئاممە ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلارنىڭ ئوز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا ياكى ئوز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشىگە پۇرسەت بەرمەسلىكى، مۇشۇ قىسقىغىنا پەيتتىن پايدىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران كۈچلەرنى بىر زەربە بىلەن قارشىلىق كورسىتىشكە ئۈلگۈـ رەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشى، قولغا كەلتۇرۇلگەن غەلىبىگە قانائەتـ لىنىپ قېلىپ، دۈشمەننى سەل چاغلاپ، دۈشمەنگە قارشىلىغان ھۇجۇمنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ ياكى قورقۇپ ئالغا باسماي، دۈشمەننى يوقىتىش پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ قويماسلىقى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. بۇ توغرى. لېكىن بۇ، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئوز تەرەپ ھەربى دۈيكاگدا تۇرغان، بەلكى دۈشمەن ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ سىقىشىغا ئۇچرىغان

چاغدىمۇ ئىنقىلابچىلار مۇداپىئە ۋاستىسىنى قوللانماسلىقى كېرەك، دىگەنلىك ئەمەس. كىمىكى شۇنداق ئويلايدىكەن، ئۇ — بىرىنچى ئەخمەق.

بىزنىڭ ئوتمۇشتىكى ئۇرۇشىمىز، ئومۇمەن ئالغاندا، گومىنداڭغا هۇجۇم قىلىش بولدى، لېكىن ھەربىي جەھەتتە «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىش شەكلىنى قوللاندۇق.

ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۇرۇشىمىزدا مۇداپىئە بىلەن هۇجۇم نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىلدى. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، هۇجۇم مۇداپىئەدىن كېيىن بولىدۇ دىسىمۇ بولىدۇ ياكى هۇجۇم مۇداپىئەدىن ئىلگىرى بولىدۇ دىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ تۈگۈنى «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىشتا. «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىشتىن ئىلگىرى مۇداپىئە بولىدۇ، «قورشاپ يوقىتىش» تار-مار قىلىنىشى بىلەنلا هۇجۇم باشلىنىدۇ، بۇ — پەقەت بىر ئىشنىڭ ئىككى باسقۇچى، ھالبۇكى، دۈشمەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىمقى «قورشاپ يوقىتىش» ئۇ ئېلىپ بارغان يەنە بىر قېتىمقى «قورشاپ يوقىتىش» بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن. بۇ ئىككى باسقۇچتىن مۇداپىئە باسقۇچى هۇجۇم باسقۇچىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ مۇهىم. بۇ باسقۇچ «قورشاپ يوقىتىش»نى قانداق تار-مار قىلىشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توپ پىرىنسىپ — ئاكتىپ مۇداپىئەنى ئېتىراپ قىلىپ، پاسسىپ مۇداپىئەگە قارشى تۇرۇش.

ئىچكى ئۇرۇشتىن ئېيتقاندا، ئەگەر قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچى دۈشمەننىڭكىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ هالدا، ئومۇمەن جەنلۇبلۇك مۇداپىئە لازىم بولمايدۇ. ئۇ چاغدىكى فاڭجېن پەقەت جەنلۇبلۇك هۇجۇم قىلىشلا بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش دۈشمەن كۈچى بىلەن

ئۆز كۈچىمىزنىڭ ئۇمۇمىي ئۆزگىرىشىگە باغلىق. ئۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، مۇدايىئە ۋاستىسى پەقەت قىسمەن نەرسىلا بولۇپ قالىدۇ.

## 2 - بۆلۈم «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىقى

دۈشمەن ئېلىپ بارغان پىلانلىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارىتا زورۇر ۋە تولۇق تەييارلىق كۆرمىسەك، مۇقەررەر ھالدا بىپىدۇۇك ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز. ئالدىراپ-تېنەپ جەڭگە كىرگەندە، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىلىك بولماي قالىدۇ. شۇڭا، دۈشمەن «قورشاپ يوقىتىش»قا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ۋاقىتتا بىزنىڭمۇ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈشىمىز، ھەقىقەتەن، تامامەن زورۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا ئىلگىرى تەييارلىق كۆرۈشكە قارشى پەيدا بولغان پىكىرلەر گودەكلىك ۋە كۈلكىلىك ئىدى.

بۇ يەردە ئاسانلا تالاش-تارتىش پەيدا قىلىدىغان بىر قىيىن مەسىلە بار. ئۇ بولىمۇ قاچان ئۆز ھۇجۇمىمىزنى ئاياقلاشتۇرۇپ، «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىغا ئۆتىمىز؟ دېگەن مەسىلە. بىز غەلىبىلىك تۇردە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، دۈشمەن مۇدايىئە ئورنىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، دۈشمەننىڭ «قورشاپ يوقىتىش» تەييارلىقى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قاچان ھۇجۇم باشلايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز قىيىن. بىز «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى بالدۇر باشلىۋەتسەك، ھۇجۇم قىلىشتىن كېلىدىغان مەنپەئەتتى كېمەيتىپ قويىمىز، بەلكى بەزىدە قىزىل ئارمىيىگە ۋە خەلققە بىرمۇنچە يامان تەسىرلەرنى بېرىپ قويىمىز. چۈنكى تەييارلىق كۆرۈش باسقۇچىدىكى ئاساسىي تەدبىرلەر ھەربىي

جەھەتتە چېكىنىشكە تەييارلىق كورۇشتىن ۋە چېكىنىشكە تەييارلىق كورۇش ئۈچۈن سىياسى جەھەتتىن سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بەزىدە تولىمۇ بالدۇر تەييارلىق كورۇلسە، ئۇ دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇزاق كۈتسەك، لېكىن دۈشمەن كەلمىسە، ئۆز ھۇجۇمىمىزنى يېڭىۋاشتىن قوزغاشقا مەجبۇر بولىمىز. بەزىدە يېڭىۋاشتىن قىلىدىغان ھۇجۇمىمىزنىڭ باشلىنىشى دەل دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ باشلىنىشىغا توغرى كېلىپ قالىدۇ-دە، ئۆزىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىقنى باشلاش پەيتىنى تاللىۋېلىش مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق پەيتنى بەلگىلەشتە دۈشمەن تەرەپنىڭ ۋە ئۆز تەرىپىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ھەم ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كوزدە تۇتۇش لازىم. دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، دۈشمەن تەرەپنىڭ سىياسى، ھەربى ۋە مالىيە ئەھۋالى ھەم جامائەت پىكرى قاتارلىق تەرەپلەردىن ماتېرىيال توپلاش كېرەك. بۇ ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلغان چاغدا دۈشمەننىڭ پۈتۈن كۈچىنى يېتەرلىك دەرىجىدە مولچەرلەش كېرەك، دۈشمەننىڭ ئوتمۇشتىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ دەرىجىسىنى مۇبالىغە قىلىشقا بولمايدۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى، مالىيە قىيىنچىلىقىنى، ئوتمۇشتىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ تەسىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىمۇ ھەرگىز مولچەرلىمەي بولمايدۇ. ئۆز تەرىپىمىزگە كەلگەندە، ئوتمۇشتىكى غەلىبىنىڭ دەرىجىسىنى مۇبالىغە قىلىشقا بولمايدۇ، لېكىن ئوتمۇشتىكى غەلىبىنىڭ تەسىرىنىمۇ ھەرگىز يېتەرلىك مولچەرلىمەي بولمايدۇ.

لېكىن تەييارلىقنى باشلاشنىڭ پەيتى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، كېچىكتۈرۈپ باشلىغاندىن بالدۇر باشلىغان

ياخشى. چۈنكى كېيىنكىسىنىڭ زىيىنى ئالدىنقىسىنىڭكىدىن ئازراق بولىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى شۇكى، تەييارلىق بار يەردە بالا-قازا يوق دېگەندەك، پۈتۈنلەي يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

تەييارلىق باسقۇچىدىكى ئاساسىي مەسىلە — قىزىل ئارمىيىنىڭ چېكىنىشكە تەييارلىق كۆرۈش، سىياسىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش، يېڭى ئەسكەر ئېلىش، مالىيە ۋە ئاشلىق غەملەش، سىياسىي يات ئۇنسۇرلارنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

قىزىل ئارمىيىنىڭ چېكىنىشكە تەييارلىق كۆرۈش دېگىنىمىز، قىزىل ئارمىيىنى چېكىنىشكە پايدىسىز تەرەپكە ئېۋەتمەسلىك، بەكمۇ يىراققا ھۇجۇم قىلدۇرماسلىق ۋە ھەددىدىن ئوشۇق چارچىتىۋەتمەسلىك كېرەك، دېگەنلىكتۇر. بۇ — دۈشمەننىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ھارپىسىدا ئاساسىي قىزىل ئارمىيىنىڭ زورۇر بولغان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. بۇ چاغدا قىزىل ئارمىيىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى، ئاساسەن، جەڭ مەيدانىنى بەرپا قىلىش، ماددىي كېرەك-ياراقلار توپلاش، ئۆزىنى كېڭەيتىش ۋە ئۆزىنى تەربىيىلەش پىلانىغا قارىتىلىشى لازىم.

سىياسىي سەپەرۋەرلىك — «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەشتە بىرىنچى مۇھىم مەسىلە. بۇ، قىزىل ئارمىيە تەركىۋىدىكىلەرگە ۋە كېنجۇيدىكى خەلققە دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە جىددىلىكى، دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ خەلققە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقلىرى، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوبدان شەرت-شارائىتى، بىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قازىنىش ئارزۇيىمىز، خىزمىتىمىزنىڭ يۆنىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار توغرىسىدا ئېنىق، قەتئىي ۋە تولۇق سۆزلەپ بېرىش

كېرەك، دىگەنلىك. قىزىل ئارمىيىنى ۋە خەلقنى ھەممە بىرلىكتە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش، گېنجۇيدىلەرنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىش لازىم. ھەربى مەخپىيەتنى ھېساپقا ئالمىغاندا، سىياسى سەپەرۋەرلىكنى ئاشكارا يۈرگۈزۈش، بەلكى ئۇنى ئىنقىلاپ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشى مۇمكىن بولغان ھەر بىر كىشىگە قەدەر ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. مۇھىم ھالقا — كادىرلارنى قايىل قىلىش.

يېڭى ئەسكەر ئېلىشتا ئىككى تەرەپنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك: بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ سىياسى ئاڭ سەۋىيىسىنى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى ۋە «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى پۈتۈن جەنىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىھتىمالى بولغان خوراش دەرىجىسىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

مالىيە ۋە ئاشلىق مەسىلىسىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىنىڭ ئۇزاقتا سوزۇلۇش ئىھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. بۇ يەردە ئاساسەن قىزىل ئارمىيىنىڭ، ئاندىن قالسا، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى خەلقنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى پۈتۈن كۈرەش داۋامىدا ماددى ئەشيالارغا بولغان ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجىنى ھېساپلاپ چىقىش لازىم.

سىياسى يات ئۇنسۇرلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدىن ئارتۇقچە قورقۇپ كېتىپ، ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىيات چارىلىرىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. پومېشچىكلار، سودىگەرلەر ۋە باي دىخانلارنى بىر-بىرىدىن

پەرقلەندۈرۈش كېرەك، مۇھىمى، ئۇلارغا سىياسى جەھەتتىن چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى نارازەت قىلىشقا ئامىنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەڭ خەۋپلىك ئۇنسۇرلارغىلا قاتتىق چارە، مەسىلەن، قولغا ئېلىشقا ئوخشاش چارىلەر قوللىنىلسا بولىدۇ.

«قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى كۈرەش غەلىبىسىنىڭ دەرىجىسى تەييارلىق باسقۇچىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىش دەرىجىسىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ. دۈشمەننى سەل چاغلاشتىن پەيدا بولىدىغان تەييارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ۋە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ كېتىشتىن پەيدا بولىدىغان ئالاقزادە بولۇپ كېتىشلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى — قەتئىي قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك ناچار خاھىش. بىز قىزغىن، ئەمما ئېغىر بېسىق كەيپىياتتا بولۇشىمىز، جىددىي، ئەمما تەرتىپلىك ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 3-بۆلۈم جەنلۇەپلۇك چېكىنىش

جەنلۇەپلۇك چېكىنىش — تەۋەن كۈچكە ئىگە ئارمىيە ئۈستۈن كۈچكە ئىگە ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى چاپسان تار-مار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، پەيتى كەلگەندە دۈشمەننى تار-مار قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان پىلانلىق جەنلۇەپلۇك تەدبىر. لېكىن، ھەربىي تەۋەككۈلچىلەر بولسا، بۇنداق تەدبىرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار «دۈشمەنىدىن دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا مۇداپىئەلىنىش» دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىككى چامباش تۇتۇشقاندا، ئەقىللىق چامباش،

كوپۇنچە، دەسلەپتە چېكىنىپ يول قويىدۇ، ئەخمەقرەگى بولسا، ھەددىدىن ئېشىپ، ھەدىگەندە بارلىق ھۈنىرىنى كورسىتىدۇ، نەتىجىدە، كوپ چاغلاردا چېكىنىپ يول قويغىنى يېڭىدۇ.

«شۈيخۇجۇەن»دە ئېيتىلىشىچە، خۇڭ جياۋتۇ چەي جىنىڭ ئويىدە لىن چۇڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپتۇ، ئۇ «كېلە»، «كېلە»، «كېلە» دەپ ئېتىلىپتۇ، لىن چۇڭ باشتا چېكىنىپ يول قويۇپتۇ، كېيىن خۇڭ جياۋتۇنىڭ ئاجىز يېرىنى پايقىۋېلىپ، ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئورۇۋېتىپتۇ[21].

چۇنچيۇ دەۋرىدە لۇ بەگلىكى بىلەن چى بەگلىكى[22] ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ، لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭگۇڭ باشتا چى بەگلىكى قوشۇنىنىڭ چارچىشىنى كۇتمەستىنلا جەڭگە كىرمەكچى بولىدۇ، كېيىن ساۋ گۇي توسۇپ قويىدۇ، بۇلار «دۈشمەن چارچىسا ھۇجۇم قىلىش» دېگەن فاكچىنى قوللىنىپ، چى بەگلىكى قوشۇنىنى يېڭىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئۇرۇش تارىخىدا كۈچلۈك قوشۇنى ئاجىز قوشۇن بىلەن يېڭىشنىڭ مەشھۇر نەمۇنىسى يارىتىلىدۇ. بۇ ھەقتە تارىخچى زو چيۇمىڭنىڭ[23] مۇنۇ بايانىغا قاراڭلار:

«ئەتىياز ئىدى، چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى بىزگە ھۇجۇم قىلدى. جۇاڭگۇڭ ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلاندى. ساۋ گۇي ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ساۋ گۇينىڭ يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا: ئەمەلدارلار ئوزلىرى ئامال قىلمامدۇ، ئارىلىشىپ نىمە قىلاتتىڭ؟ دېيىشتى. ساۋ گۇي ئۇلارغا: ئەمەلدارلار كالتە پەم كېلىدۇ، يىراقنى كورەلمەيدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ جۇاڭگۇڭنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن: نىملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇدىلا، بېگىم؟ دەپ سورىدى. جۇاڭگۇڭ: كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكلەر بىلەن يالغۇز ئوزەملا راھەتلىنىپ قالغىنىم يوق، ھەمىشە ئۇنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقانمەن، دېدى.

ساۋ گۇي: ئەرزىمىگەن ھەممەت بىلەن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدىلا، خەلق ئۆزلىرىگە ئەگەشمەيدۇ، دېدى. جۇاڭگۇڭ: چارىپاي، قاش تېشى ۋە يىپەك رەختلەرنى خۇدا يولىغا نەزىر قىلدىم، خۇدانى ئالدىمىدىم، ھەمىشە خۇدا ئالدىدا ۋىجدانىم بىلەن ئىش قىلدىم، دېدى. ساۋ گۇي: مۇنچىلىك ۋىجدان كىپايە قىلمايدۇ، خۇدا ئۆزلىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلمايدۇ، دېدى. جۇاڭگۇڭ: خەلقنىڭ چوڭ-كىچىك دەۋالىرىغا، گەرچە ئەينى ئەھۋالنى ئېنىقلىيالمىساممۇ، ھەر دائىم توغرىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلدىم، دېدى. ساۋ گۇي: بۇ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئۆتىگەنلىكلىرى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. ئۇرۇشقا بارىدىغان بولسىلا، مەنمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارسام، دېدى. جۇاڭگۇڭ ئۇنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇرۇشقا ئېلىپ باردى. ئۇرۇش چاڭشو دېگەن يەردە بولدى. جۇاڭگۇڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش دۇمبىقى چالماقچى بولدى. ساۋ گۇي: ھازىر بولمايدۇ، دېدى. چى بەگلىكى تەرەپ ئۈچ قېتىم دۇمباق چالدى. ساۋ گۇي: ئەمدى دۇمباق چالساق بولىدۇ، دېدى. نەتىجىدە چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. جۇاڭگۇڭ قوغلىماقچى بولدى. ساۋ گۇي: ھازىر قوغلاشقا بولمايدۇ، دېدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ھارۋا ئىزلىرىغا قاراپ باقتى، ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىپ، چى بەگلىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدىن قاراپ: ئەمدى قوغلىساق بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇاڭگۇڭنىڭ قوشۇنى چى بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جۇاڭگۇڭ ساۋ گۇيدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ساۋ گۇي جاۋاپ بېرىپ دېدىكى، ئۇرۇش باتۇرلۇق بىلەن بولىدۇ. باتۇرلۇق بىرىنچى قېتىمقى دۇمباقتا ئاشىدۇ، ئىككىنچى قېتىمقى دۇمباقتا پەسىيىدۇ، ئۈچىنچى قېتىمقى دۇمباقتا تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلىقى تۈگەپ، بىزنىڭ باتۇرلىقىمىز ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يەڭدۇق. چوڭ بەگلىك بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەپ بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قويغان ئەسكەرلىرى بارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. لېكىن مەن

ئۇنىڭ ھارۋا ئىزلىرىغا قاراپ باقسام، قالايمىقان ئىكەن، بايراقلىرىغا قاراپ باقسام، يىقىلىپتۇ، شۇڭا قوغلايلى دېدىم.»

ئۇ چاغدىكى ئەھۋال ئاجىز بەگلىكنىڭ كۈچلۈك بەگلىككە قارشى ئۇرۇشى ئىدى. باياندا ئۇرۇش ئالدىدىكى سىياسى تەييارلىق — خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرسىتىلگەن، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئەپلىك جىبھەدى — چاڭشو دېگەن يەر بايان قىلىنغان، قايتۇرما ھۇجۇم باشلاشقا ئەپلىك پەيت — دۈشمەننىڭ باتۇرلىقى تۈگەپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلىقى ئاشقان ۋاقىت بايان قىلىنغان، قوغلاپ زەربە بېرىشنى باشلاش پەيتى — ھارۋا ئىزلىرى قالايمىقانلاشقان، بايراقلىرى يىقىلغان ۋاقىت بايان قىلىنغان. گەرچە بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان بىر جەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا جەڭلۈۋېلۈك مۇداپىئە پىرىنسىپى ئىپادىلەنگەن. جۇڭگونىڭ ئۇرۇش تارىخىدا بۇ پىرىنسىپقا مۇۋاپىق ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان چېڭگاۋ جېڭى[24]، لىيۇشيۇ بىلەن ۋاڭ ماڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈنياڭ جېڭى[25]، يۈەن شاۋ بىلەنساۋ ساۋ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۈەندۇ جېڭى[26]، ۋۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان چىبى جېڭى[27]، ۋۇ بەگلىكى بىلەن شۇ بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان يىلىڭ جېڭى[28]، چىن بەگلىكى بىلەن جىن بەگلىكى ئوتتۇرىسىدا بولغان فېيشۇي جېڭى[29] ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەشھۇر چوڭ جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈكلۈك - ئاجىزلىقلىقى ئوخشاش بولمىغان، ئاجىز تەرەپ ئالدى بىلەن بىر قەدەم يول قويۇپ، تەشەببۇسكارلىقنى كېيىن قولغا ئېلىپ غەلىبە قازانغان.

بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز 1927 - يىلى كۈزدە باشلاندى، ئۇ چاغدا

ھېچقانداق تەجرىبىمىز يوق ئىدى. نەنچاڭ قوزغىلىڭى[30]، گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى[31] مەغلۇپ بولدى، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا[32] قاتناشقان خۇنەن-خۇبېي-جياڭشى چېگرا رايونىدىكى قىزىل ئارمىيىمۇ ئۇرۇشتا بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، خۇنەن-جياڭشى چېگرىسىدىكى جىڭگاڭشەن رايونىغا يۆتكەلدى. ئىككىنچى يىلى 4-ئايدا، نەنچاڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان قىسىملارمۇ جەنۇبىي خۇنەن ئارقىلىق جىڭگاڭشەنگە كەلدى. ئەمما 1928-يىل 5-ئايدىن باشلاپ، شۇ چاغنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، ساددا خاراكتېردا بولغان پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى بارلىققا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ «دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا چېكىنىش، دۈشمەن توختىسا پاراكەندە قىلىش، دۈشمەن چارچىسا ھۇجۇم قىلىش، دۈشمەن چېكىنسە ئارقىسىدىن قوغلاش» دېگەن 16 سۆزدىن ئىبارەت. بۇ 16 سۆزلۈك ھەربىي پرىنسىپنى لىسەن لۇشيەنىگىچە بولغان جۇڭياڭ ئېتىراپ قىلدى. كېيىن بىزنىڭ ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپىمىز يەنىمۇ راۋاجلاندى. جياڭشى گېنجۇيدىسىدە بىرىنچى قېتىم «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتقا كەلگەندە، «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. دۈشمەن ئېلىپ بارغان ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى يەڭگەن ۋاقىتقا كەلگەندە، قىزىل ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇش قىلىش پرىنسىپى شەكىللەندى. بۇ ۋاقىت ھەربىي پرىنسىپنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى بولدى، مەزمۇنى زور دەرىجىدە بېيىدى، شەكلىدىمۇ بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولدى، مۇھىمى، ئىلگىرىكى ساددىلىق دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتتى، لېكىن ئاساسىي پرىنسىپ يەنە شۇ 16 سۆز بولدى. بۇ 16 سۆز «قورشاپ يوقىتىش»قا

قارشى تۇرۇشنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى، جەنلۇبلۇك مۇداپىە ۋە جەنلۇبلۇك
ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇداپىە
ۋاقتىدا يەنە جەنلۇبلۇك چېكىنىش ۋە جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇمدىن
ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكىلەرى بۇ پرىن-
سىپنىڭ تەرەققىياتى، خالاس.

لېكىن 1932 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ، پارتىيىنىڭ «ئۇچىنچى
قېتىملىق "قورشاپ يوقىتىش" بىت ـ چىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن بىر ئۆلكىدە ياكى بىرقانچە ئۆلكىدە غەلىبە قازىنىش» دېگەن
ئېغىر پرىنسىپلىق خاتالىقنى ئۇز ئىچىگە ئالغان قارارى ئېلان قىلىن-
غاندىن كېيىن، «سول»چىل جىخۇيجۇيچىلار توغرى پرىنسىپقا قارشى
كۆرەش قىلدى، ئاخىردا بىر پۈتۈن توغرى پرىنسىپ ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان باشقا بىر پۈتۈن «يېڭى پرىن-
سىپ» ياكى «مۇنتىزىملىق پرىنسىپى» ئورنىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئاۋالقى نەرسىلەرنى مۇنتىزىم دەپ ئاتاشقا بولماي قالدى، ئۇلار
ئىنكار قىلىنىشقا تېگىشلىك «پارتىزانچىلىق» بولۇپ قالدى. «پارتى-
زانچىلىق»قا قارشى تۇرۇش كەيپىياتى تولۇق 3 يىل ھۆكۈم سۈردى.
ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ھەربى تەۋەككۈلچىلىك بولدى، ئىككىنچى
باسقۇچى ھەربى باۋشوۋجۇيىغا ئۆتتى، ئاخىردا، ئۇچىنچى باسقۇچى
قاچقۇنلۇققا ئايلاندى. پەقەت داڭجۇڭياڭ 1935 ـ يىل 1 ـ ئايدا گۈيجۇ
ئۆلكىسىنىڭ زۇنيى ناھىيىسىدە جىڭجۈجۇينىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى
ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتىلا يەتكەندىلا، ئاندىن بۇ خاتا لۇشيەن بەربات
بولۇپ، ئىلگىرىكى لۇشيەنىنىڭ توغرىلىقى يېڭىۋاشتىن ئېتىراپ
قىلىندى. بۇ قانچىلىك قىممەتكە چۈشتى ـ ھە!

«پارتىزانچىلىق»قا ھەدەپ قارشى تۇرغان يولداشلار: دۈشمەننى

ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش توغرى ئەمەس، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەرلەرنى تاشلاپ چىقتۇق. گەرچە ئىلگىرى ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازانغان بولساقمۇ، لېكىن ھازىرقى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭدەك يەرلەرنى تاشلاپ چىقمىساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننى يېڭەلمەسەك، تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ دۈشمەن رايونلىرىدا ياكى بىزنىڭ رايونىمىز بىلەن دۈشمەن رايونى تۇتاشقان يەرلەردە دۈشمەننى يەڭسەك، تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئىلگىرىكى نەرسىلەردە ھېچقانداق مۇنتىزىملىق يوق ئىدى، ئۇلار پەقەت پارتىزان دۈيلىرى قوللىنىدىغان چارىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. ھازىر بىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلدى، قىزىل ئارمىيىمىز مۇنتىزىملاشتى. بىزنىڭ جياڭجېيشى بىلەن قىلىۋاتقان ئۇرۇشىمىز — دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، چوڭ ئارمىيە بىلەن چوڭ ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش. تارىخنى تەكرارلىماسلىق كېرەك، «پارتىزانچىلىق» دىگەن نەرسە پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاشقا تېگىشلىك بولۇپ قالدى. يېڭى پرىنسىپ «پۈتۈنلەي ماركسىزىم»لىق پرىنسىپ، ئوتمۇشتىكى نەرسىلەرنى پارتىزان دۈيلىرى تاغلاردا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، تاغلاردا بولسا، ماركسىزىم يوق، دىيىشتى. ئۇلارنىڭ يېڭى پرىنسىپى بۇنىڭ ئەكسىچە: «بىرنى ئونغا قارشى قويۇش، ئوننى يۈزگە قارشى قويۇش، جەسۇر ۋە قەتئى بولۇش، غەلىبىدىن پايدىلىنىپ توختىماي قوغلاش»، «پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئوتۇش»، «مەركىزىي شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش»، «ئىككى مۇشت بىلەن ئۇرۇش». دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندا، تاقابىل تۇرۇش چارىسى «دۈشمەننى دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا مۇداپىئەلىنىش»، «تەشەببۇسكارلىقنى ئاۋال قولغا ئېلىش»، «قاچا-قۇچىلارنى چاقتۇرماسلىق»،

«بىر سۆك يەرنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك»، «ئەسكەرلەرنى ئالتە يونىلىشكە بولۇش»تىن؛ «ئىنقىلاپ يولى بىلەن مۇستەملىكىلىك يولى ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ»دىن؛ قىسقا ۋاقىتلىق تويۇق-سىز ھۇجۇم، قورغان ئۇرۇشى، خورستىش ئۇرۇشى، «ئۇزاقتا سوزۇلمىدىغان ئۇرۇش»تىن؛ ئارقا سەپ ئورگانلىرىنى كەڭ قىلىش، مۇتلەق مەركەزلەشكەن قوماندانلىقتىن؛ ئاخىردا بولسا، كەڭ كولەمدە كوچۇشتىن ئىبارەت بولدى. كىمىكى بۇلارنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىخۇيجۇيىچى دىگەن نام بېرىلدى ۋاھاكازالار.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى خاتا ئىدى. بۇ ــ جۇگۇەنجۇيىلىق. بۇ، شارائىت ئەپلىك بولغاندا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپتىكى بىردەملىك قىزغىنلىقى ۋە ئىنقىلاپتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېسىلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ شارائىت قىيىنلاشقاندا بولسا، ئەھۋالنىڭ ئوزگىرىشىگە قاراپ، باشتا جانپىدا-چىلىق، ئاندىن باۋشۇجۇيىلىق، ئاخىردا قاچقۇنچىلىققا ئايلىنىدۇ. بۇ ــ قارىملارنىڭ ۋە كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى، ھېچقانداق ماركسىزىم ھىدى يوق نەرسە، ماركسىزىمغا قارشى نەرسە.

بۇ يەردە پەقەت جەنلۈېلۈك چېكىنىشنىلا ئالىدىغان بولساق، بۇ جياڭشىدا «دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش» دەپ، سىچۇەندە «چېندىنى تارايتىش»، دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتمۇشتىكى ھەربى نەزەرىيە-چىلەر ۋە ئەمەلىيەتچىلەردىنمۇ بۇنى، ئاجىز ئارمىيە كۈچلۈك ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان فاڭجېن، دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىرى يوق. بىر

چەتئەل ھەربىي مۇتەخەسسىسى: «جەڭلىۋىلۈك مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىدا، كوپۇنچە، باشتا پايدىسىز بولغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلاردىن ساقلىنىپ، پايدىلىق شارائىت كەلگەندە، ئاندىن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا كىرىشىش كېرەك» دىگەن. بۇ — پۈتۈنلەي توغرى، بۇنىڭغا ھېچقانداق سۆز قوشمىدۇق.

جەڭلىۋىلۈك چېكىنىشتىن مەقسەت — ھەربىي كۈچنى ساقلاپ قېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىش. چېكىنىش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە بىر قەدەم چېكىنمىگەندە، ھەربىي كۈچنى ساقلاپ قېلىشقا مۇقەررەر خەۋپ يېتىدۇ. لېكىن ئۆتمۈشتە نۇرغۇن كىشىلەر چېكىنىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بۇنى «جىسخۇيجۇيىلىق نوقۇل مۇداپىئە لۇشيەنى» دەپ قارىدى. بىزنىڭ تارىخىمىز بۇنداق قارشى تۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىشتا بىزگە پايدىلىق، دۈشمەنگە پايدىسىز بولغان بىرقانچە شەرتلەرنى تاللاپ ھەم ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، دۈشمەن كۈچى بىلەن ئۆز كۈچىمىزنىڭ سېلىشتۇرمىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىمىز، ئاندىن قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالىمىزغا ئاساسەن ئېيتقاندا، چېكىنىش باسقۇچىدا، ئومۇمەن، تۆۋەندىكى شەرتلەردىن، ئاز بولغاندا ئىككىدىن ئوشۇغىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، بىزگە پايدىلىق، دۈشمەنگە پايدىسىز ئەھۋالنى ياراتقىلى بولىدۇ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلەيدىغان بولىمىز. بۇ شەرتلەر مۇنۇلار:

1. قىزىل ئارمىيىگە پائال ياردەم بېرىدىغان خەلق؛

2. ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك جىبھەدى؛
3. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ پۈتۈنلەي توپلىنىشى؛
4. دۈشمەننىڭ ئاجىز يەرلىرىنى تېپىش؛
5. دۈشمەننى چارچىتىش ۋە روھسىزلاندۇرۇش؛
6. دۈشمەننى يېڭىلدۇرۇش.

خەلق دېگەن بۇ شەرت — قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم شەرت. بۇ گېنجۇيدى شەرتىدۇر. شۇنىڭدەك مۇشۇ شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن، تونىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى شەرتلەرنىمۇ ئاسان ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى ياكى تاپقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن قىزىل ئارمىيىگە كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، قىزىل ئارمىيە ھامان ئاق رايونلاردىن گېنجۇيدىلەرگە چېكىنىدۇ، چۈنكى گېنجۇيدىلەردىكى خەلق قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاق ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇشىغا ئەڭ پائال ياردەم بېرىدۇ. گېنجۇيدىلەرنىڭ چەت - ياقا رايونلىرى بىلەن مەركىزىي رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بار؛ خەۋەرلەرنى سىرتقا چىقارماسلىق، چارلاش، نەقلىيات، ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا ئوخشاش ئىشلاردا مەركىزىي رايوندىكى خەلق چەت - ياقا رايونلاردىكىگە قارىغاندا ياخشىراق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى جياڭشىدا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لارغا قارشى تۇرغان چاغدا، «چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى» خەلق شەرتى ئەڭ ياخشى ياكى بىرقەدەر ياخشى بولغان رايونلاردىن تاللانغان ئىدى. گېنجۇيدىلەرنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئارقىسىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇشى ئادەتتىكى ئۇرۇشلارغا قارىغاندا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى، بۇمۇ دۈشمەننى كېيىنكى ۋاقىتتا قورغانچىلىقنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان ئاساسىي سەۋەب بولدى.

چېكىنگەن ئارمىيە ئۆزى خالىغان ئەپلىك جېنىدىنى تاللىۋېلىپ، ھۇجۇم قىلغان ئارمىيىنى ئۆز دائىرىسى ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلالايدۇ، بۇ ــ ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئۇبدان بىر شەرتى، ئاجىز ئارمىيە كۈچلۈك ئارمىيىنى يېڭىش ئۈچۈن جېنىدى دىگەن بۇ شەرتكە ئەھمىيەت بەرمەي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن يالغۇز بۇ شەرتنىڭلا بولۇشى كىپايە قىلمايدۇ، يەنە باشقا شەرتلەرنى ئۇنىڭغا جىپىسلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن خەلق دىگەن بۇ شەرت بولۇشى كېرەك. ئاندىن قالسا، دۈشمەنىنىڭ ئاسان ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى، مەسىلەن، دۈشمەنىنىڭ چارچىغانلىرىنى ياكى يېڭىلىشقانلىرىنى، ياكى مەلۇم يونۇلۇشتە ئىلگىرىلەۋاتقان دۈشمەنىنىڭ جەڭگىۋار كۈچى بىرقەدەر كەم بولغانلىرىنى تاللىۋېلىشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ شەرتلەر ھازىرلانمىغاندا، ئۇبدان جېنىدى بولغان بىلەنمۇ، بۇنىڭغا قارىماي، ئۆزى خالىغان شەرتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن داۋاملىق چېكىنىشكە توغرى كېلىدۇ. ئاق رايونلاردا ئۇبدان جېنىدىلەر يوقمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇبدان خەلق شەرتى يوق. ئەگەر باشقا شەرتلەرمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلمىگەن ياكى تېپىلمىغان بولسا، قىزىل ئارمىيە گېنجۈيدىلەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. گېنجۈيدىلەرنىڭ چەت ـ ياقا رايونلىرى بىلەن مەركىزىي رايونلىرىنىڭ پەرقىمۇ ئومۇمەن شۇنداق.

يەرلىك قىسىملار ۋە ئىسكەنجىگە ئالدىغان ئەسكىرىي كۈچلەردىن باشقا، بارلىق زەربىدار ئەسكىرىي كۈچلەر پۈتۈنلەي توپلىنىشنى پىرىنسىپ قىلىدۇ. بىز جەنلۇۋىي جەھەتتە مۇداپىئەگە ئۆتكەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان چېغىمىزدا، قىزىل ئارمىيە، كوپىۇنچە، بولۇنىگەن بولىدۇ. دۈشمەن بىزگە كەڭ كولەمدە ھۇجۇم قىلىدىكەن، قىزىل

ئارمىيە «مەركەزگە ئىنتىلىش چېكىنىشى» دىگەننى ئەمەلگە قويىدۇ. چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، كوپۇنچە، كېنجۇيدىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تاللىنىدۇ؛ ئەمما بەزى چاغدا ئالدىنقى قىسمىدىنمۇ تاللىنىدۇ، بەزىدە بولسا، ئارقا قىسمىدىن تاللىنىدۇ، بۇ ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مۇنداق مەركەزگە ئىنتىلىش چېكىنىشى قىزىل ئارمىينىڭ بارلىق ئاساسىي كۈچلىرىنى تولۇق توپلاشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

ئاجىز ئارمىينىڭ كۈچلۈك ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىنىڭ يەنە بىر زورۇر شەرتى — دۈشمەننىڭ ئاجىز قىسمىنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىش. لېكىن دۈشمەن ھۇجۇم باشلىغان چاغدا، ئۇنىڭ بولۇنۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ قايسى قىسمى ئەڭ كۈچلۈك، قايسى قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە كۈچلۈك، قايسى قىسمى ئەڭ ئاجىز، قايسى قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە ئاجىز ئىكەنلىكى، كوپۇنچە، بىزگە مەلۇم بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر چارلاش جەريانى لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كوپۇنچە، نۇرغۇن ۋاقىت لازىم بولىدۇ. بۇمۇ جەنلۇبىلۇك چېكىنىشنىڭ زورۇر ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئاساسى.

ئەگەر ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن سان ۋە كۈچ جەھەتتىن بىزنىڭ ئارمىيىمىزدىن كوپ يۇقۇرى بولۇپ، كۈچلۈكلۈك - ئاجىزلىق سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش ياسايمىز دىسەك، خۇددى ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدا جياڭ جيېشىنىڭ مەلۇم بىرلۇي سەنمۇ-جاڭىنىڭ: «سىزلارنى سورەپ يۇرۇپ ئورۇقلاتتى، ئورۇقلارنى سورەپ يۇرۇپ ئولتۇردى» دىگىنىدەك، شۇنىڭدەك «قورشاپ يوقىتىش» قوشۇنىنىڭ غەربىي يونۇلۇش زۇڭسىلىڭى چېن مىڭشۇنىڭ: «دولەت ئارمىيىگە ھەممىلا يەر قاراڭغۇ، قىزىل ئارمىيىگە ھەممىلا يەر

يورۇق» دېگىنىدەك، پەقەت دۈشمەننىڭ گېنجۈيدىلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، گېنجۈيدىلەردە تازا ئازاپ چېكىشىنى كۈتۈشلا كېرەك، شۇ چاغدىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق چاغدا دۈشمەن ئارمىيىسى كۈچلۈك بولسىمۇ، كوپ ئاجىزلىشىدۇ؛ ئەسكەرلىرى چارچايدۇ، روھى چۈشىدۇ، نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ. قىزىل ئارمىيە ئاجىز بولسىمۇ، كۈچ-قۇۋۋەت توپلايدۇ، دەم ئېلىۋېلىپ، چارچىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى، كوپۇنچە، مەلۇم دەرىجىدە تەڭپۇڭلىشىدۇ ياكى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى نىسبى ئۈستۈنلۈككە ئۆزگىرىدۇ، بىزنىڭ ئارمىيىمىزنىڭ مۇتلەق تۆۋەنلىكى نىسبى تۆۋەنلىككە ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا دۈشمەن ئارمىيىسى بىزنىڭ ئارمىيىمىزدىن تۆۋەن، بىزنىڭ ئارمىيىمىز بولسا، ئەكسىچە، دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. جياڭشىدا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا قىزىل ئارمىيە بىر تۈرلۈك چېكىنگە يەتكەن چېكىنىشنى يولغا قويدى (قىزىل ئارمىيە گېنجۈيدىنىڭ ئارقا قىسمىغا توپلاندى)، بۇنداق قىلمىغاندا، دۈشمەننى يېڭەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ چاغدىكى «قورشاپ يوقىتىش» قوشۇنى قىزىل ئارمىيىدىن 10 ھەسسىدىن كوپرەك ئۈشۈق ئىدى. سۈن زىنىڭ «دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلىرىدىن ئۆزەڭنى تارت، بوشىشىپ ئارقىغا قايتقانلىرىغا زەربە بەر» دېگىنى دۈشمەننى ھالسىزلاندۇرۇپ، روھىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يوقىتىشنى كورسىتىدۇ.

چېكىنىشتە قويۇلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تەلەپ — دۈشمەننى يېڭەلىدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ يېڭەلىشقان يەرلىرىنى تېپىش. بىلىش كېرەككى، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھەرقانداق دانا جىڭخۇيىۋەنىنىڭ

خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە بىر ئازمۇ يېڭىلىشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بىز ئۈچۈن دۈشمەننىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى ھامان مەۋجۇت. خۇددى ئۆزىمىزنىڭمۇ بەزىدە خاتا قىلىپ قويىدىغانلىقىمىزغا، بەزىدە دۈشمەنگە پايدىلىنىپ كېتىدىغان يوچۇق بېرىپ قويىدىغانلىقىمىزغا ئوخشاش، دۈشمەنمۇ خاتالىشىدۇ. بەلكى سۈن زىنىڭ «شەپە بېرىش» (شەرقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، غەرپتىن زەربە بېرىش، يەنى ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش) دېگىنىدەك، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلىشىشىنى سۈنئى ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. مۇشۇنداق قىلىش ئۈچۈن، چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى مەلۇم بىر جاي بىلەن چەكلەپ قويغىلى بولمايدۇ. بەزىدە مەلۇم بىر جايغا چېكىنىپ بارغىنىمىزدا پايدىلانغىدەك يوچۇق بولمىسا، دۈشمەننىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان «يوچۇغى»نىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتۈش ئۈچۈن، يەنە بىرقانچە قەدەم چېكىنمەي بولمايدۇ.

چېكىنىشنە تەلەپ قىلىنىدىغان پايدىلىق شەرتلەر ئومۇمەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ، مۇشۇ شەرتلەر تامامەن ھازىرلانغاندىلا، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ شەرتلەرنى بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ھازىرلاش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى زۆرۈرمۇ ئەمەس. لېكىن دۈشمەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ، بىرقانچە زۆرۈر شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش — ئاجىز كۈچ بىلەن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارمىيە ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىش، بۇنىڭغا قارشى پىكىرلەر توغرى ئەمەس.

چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى زادى قەيەر بولىدىغانلىقىنى

بەلگىلەشتە پۈتۈن ۋەزىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. قىسمەن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بىزنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىمىزگە پايدىلىق بولۇپ، ئەگەر ئەينى زاماندا، ئۇمۇمى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بىزگە پايدىلىق بولمىسا، بۇنىڭغا ئاساسەن چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى بەلگىلەش توغرى بولمايدۇ. چۈنكى قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاشتا كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېساپقا ئېلىش لازىم، بىزنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىمىز بولسا، ھامان قىسمەنلىكتىن باشلىنىدۇ. بەزىدە چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى گېنجۇيدىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن تاللاش كېرەك، مەسىلەن، جياڭشىدا ئىككىنچى، تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش، شەنشى-گەنسۇدا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش. بەزىدە گېنجۇيدىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تاللاش كېرەك، مەسىلەن، جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش. بەزىدە گېنجۇيدىنىڭ ئارقا قىسمىدىن تاللاش كېرەك، مەسىلەن، جياڭشىدا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىسمەن ۋەزىيەتنى پۈتۈن ۋەزىيەتكە باغلاش بىلەن بەلگىلىنىدۇ. جياڭشىدا بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغاندا، ئارمىيىمىز چېكىنىشكە پۈتۈنلەي ئەھمىيەت بەرمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىسمەن ۋەزىيەتكىمۇ ۋە پۈتۈن ۋەزىيەتكىمۇ ئەھمىيەت بەرمىدى، بۇ، ھەقىقەتەن، بىر خىل ئىنتايىن قاراملىق بىلەن ئىش قىلىش. ۋەزىيەتنى شەرت-شارائىت ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ؛ قىسمەن ۋەزىيەت بىلەن پۈتۈن ۋەزىيەتنىڭ باغلىنىشىنى كۆزەتكەندە، شۇ چاغدىكى دۈشمەن تەرەپ ۋە ئۆز تەرىپىمىزدە ھازىرلانغان شەرتلەرنىڭ

قىسمەنلىكتە ۋە ئۇمۇملۇقتا ئىپادىلىنىشىنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم باشلى-شىمىزغا بەلگىلىك دەرىجىدە پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىغا قاراش كېرەك.

چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى گېنجۇيدىلەردە ئۇمۇمەن ئالدىنقى قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم ۋە ئارقا قىسىمدىن ئىبارەت ئۈچ يەردە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئاق رايونلاردا ئۇرۇش قىلىشنى پۈتۈنلەي رەت قىلغانلىقمۇ؟ ياق. بىزنىڭ ئاق رايونلاردا ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلىشىمىز پەقەت دۈشمەن ئارمىيىسى ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك «قورشاپ يوقىتىش»قا تاقابىل تۇرغان چاغدىكى رەت قىلىشنىلا كۆرسىتىدۇ. دۈشمەن بىلەن بىز كۈچلۈك - ئاجىزلىق جەھەتتىن ناھايىتى زور پەرقلىنىمىز، بىز ئەسكىرىي كۈچىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، پەيتى كەلگەندە دۈشمەننى تار - مار قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدىلا گېنجۇي-دىلەرگە چېكىنىشنى قۇۋۋەتلەيمىز، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈشنى قۇۋۋەتلەيمىز، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا، قايتۇرما ھۇجۇمغا پايدىلىق بولغان شەرت - شارائىتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى ياكى تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال مۇنداق جىددىي بولمىسا ياكى ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكى ھەتتا قىزىل ئارمىيىنىڭ گېنجۇيدىلەردىمۇ قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىسە، ياكى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئوتتۇش پايدىسىز بولۇپ، ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە چېكىنىش لازىم بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا، چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى ئاق رايوندىن تاللاشنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك، ھېچبول-مىغاندا، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىش كېرەك، گەرچە ئوت-مۈشتە بىزنىڭ بۇنداق تەجرىبىلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولغان بولسىمۇ.

ئاق رايونلاردىكى چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىمۇ ئۇمۇمەن

ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى، گېنجۇيدىلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە، ئىككىنچى، گېنجۇيدىلەرنىڭ يان تەرىپىدە، ئۈچىنچى، گېنجۇيدىلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە. بىرىنچى خىلدىكى ئاخىرقى نۇقتىدا، مەسىلەن، جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا، ئەگەر قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بىرلىككە كەلمەسلىكى ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى بولمىغان بولسا ئىدى، يەنى لىسەن لۇشيەنى ۋە A B تەشكىلاتىدىن[33] ئىبارەت ئىككى قىيىن مەسىلە مەۋجۇت بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا جىمەن، نەنفېڭ ۋە جاڭشۇ ئارىلىقلىرىدا ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا گەنجياڭ، فۇشۇي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا[34] ئىلگىرىلەۋاتقان دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى قىزىل ئارمىيىگە قارىغاندا ئانچە ئۈستۈن ئەمەس (40 مىڭغا قارشى 100 مىڭ) ئىدى. خەلق شەرتى گېنجۇيدىلەردىكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن جېندى شەرتى بار ئىدى، بەلكى دۈشمەننىڭ يۇنۇلۇشلەرگە بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بىر-بىرلەپ تار-مار قىلغىلى بولاتتى. ئىككىنچى خىلدىكى ئاخىرقى نۇقتىدا، مەسىلەن، جياڭشىدا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا، ئەگەر شۇ چاغدىكى دۈشمەن ھۇجۇمىنىڭ كۆلىمى ئۇنداق كەڭ بولمىغان، بەلكى دۈشمەننىڭ بىر يۇنۇلۇشتىكى كۈچى فۇجيەن-جياڭشى چېگرىسىدىكى جيەننىڭ، لىچۈەن، تەينىڭلاردىن ئىلگىرىلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يۇنۇلۇشتىكى كۈچى بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىشىمىزغا مۇۋاپىق بولغان بولسا ئىدى، قىزىل ئارمىيىنىڭ فۇجيەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاق رايونغا توپلىنىپ، ئالدى بىلەن شۇ يۇنۇلۇشتىكى

دۈشمەننى تار ـ مار قىلىدىغانلىقىمىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى، رۇيجىن ناھىيىسىدىن شىڭگو ناھىيىسىگە بېرىش ئۈچۈن ئۇزاق يوللارنى ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. ئۈچىنچى خىلدىكى ئاخىرقى نۇقتىدىمۇ، مەسىلەن، جياڭشىدا ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدىكىدەك، ئەگەر دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەستىن، جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بولسا، بىز بەلكىم خۇيچاڭ، شۈنۇۋ، ئەنيۇەن رايون-لىرىغىچە (ئۇ يەرلەر ئاق رايون) چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، دۈشمەننى يەنىمۇ جەنۇپقىراق ماڭغۇزغان بولاتتۇق، ئاندىن كېيىن قىزىل ئارمىيە جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ گېنجۇيدىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى، بۇ چاغدا شىمالدىكى گېنجۇيدىلەر-نىڭ ئىچىدىكى دۈشمەن ئارمىيىسى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن يۇقۇرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەنلەرنىڭ ھەممىسى پەرەز، تەجرىبە بولمىغانلىقتىن، ئۇنى ئومۇمى پىرىنسىپ دەپ قارىماستىن، ئالاھىدە نەرسە دەپ قاراشقا توغرى كېلىدۇ. دۈشمەن كەڭ كۆلەملىك «قورشاپ يوقىتىش» ئېلىپ بارغان چاغدا، بىز ئۈچۈن ئومۇمى پىرىنسىپ — دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش، گېنجۇيدىلەرگە چېكىنىپ ئۇرۇش قىلىش، چۈنكى بۇ — دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى ئەڭ ئىشەنچلىك ھالدا تار ـ مار قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان چارە.

«دۈشمەندىن دولەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا مۇداپىەلىنىش»نى قۇۋۋەتلەيدىغان كىشىلەر جەنلۇپلۇك چېكىنىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار بۇنىڭغا، چېكىنسەك، يەرلىرىمىز قولدىن كېتىدۇ، خەلققە زىيان يېتىدۇ («قاچا ـ قۇچىلار چېقىلىدۇ»)، سىرتقىمۇ ناچار تەسىر بېرىدۇ، دەپ ئاساس كۆرسىتىدۇ. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا

قارشى تۇرۇش داۋامىدا بولسا، ئۇلار: بىز بىر قەدەم چېكىنسەك، دۈشمەننىڭ قورغانلىرى بىر قەدەم سىلجىيدۇ، گېنجۇيدىلەر كۈندىن-كۈنگە تارىيىپ كېتىپ، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چارىسىز قالىمىز؛ ئەگەر دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش ئىلگىرى كارغا كەلگەن ئىدى دېيىلسە، ئۇ هالدا، قورغانچىلىق ئاساسىدىكى بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»تا كارغا كەلمەيدۇ؛ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا تاقابىل تۇرۇشقا پەقەت ئەسكەرلەرنى بۆلۈپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەم قىسقا ۋاقىتلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشقا بولىدۇ، دېيىشتى.

بۇ پىكىرلەرگە جاۋاپ بېرىش ئاسان، بىزنىڭ تارىخىمىز جاۋاپ بېرىپ بولغان. يېرىمىزنى قولدىن بېرىپ قويۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلىدۇكى، پەقەت قولدىن بەرگەندىلا، ئاندىن قولدىن بەرمىگىلى بولىدۇ، بۇ — «ئالىمەن دېسەڭ، ئاۋال بەر» دېگەن پرىنسىپ. ئەگەر بىزنىڭ قولدىن بېرىپ قويىدىغىنىمىز يەر بولۇپ، قولغا كەلتۈرىدىغىنىمىز دۈشمەننى يېڭىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش، ھەتتا يېرىمىزنى كېڭەيتىش بولىدىغان بولسا، بۇ — پايدىلىق ئوقەت. بازاردىكى سودا-سېتىقتا خېرىدار پۇلنى قولدىن بەرمەي تۇرۇپ، مالنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ؛ ساتقۇچىمۇ مېلىنى قولدىن بەرمەي تۇرۇپ، پۇلنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى — ۋەيرانچىلىق، قولغا كەلتۈرىدىغىنى — ئىلغار قۇرۇلۇش. ئۇخلىغاندا ۋە دەم ئالغاندا، ۋاقىت قولدىن كېتىدۇ، ئەمما ئەتىكى خىزمەت ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت قولغا كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئەخمەق بۇ داۋلىنى بىلمەستىن، ئۇخلاشتىن باش تارتسا، ئەتىسى بوشىشىپ كېتىدۇ،

بۇ — زىيانلىق ئوقەت. دۈشمەن ئېلىپ بارغان بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» مەزگىلىدە بىزنىڭ تارتقان زىيىنىمىز ئەنە شۇ سەۋەپتىن بولدى. بىر قىسىم يەرنى قولدىن بېرىشنى خالىماي، نەتىجىدە پۈتۈن يەرنى قولدىن بەردۇق. ھەبەشىستانمۇ قارىسىغا ئۇرۇش قىلىپ، نەتىجىدە پۈتۈن مەملىكەتنى قولدىن بېرىپ قويدى، گەرچە ھەبەشىستاننىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەپلىرى يالغۇز مۇشۇلا بولمىسىمۇ.

خەلققە زىيان يەتسىدۇ، دىگەن مەسىلىدىمۇ داۋلى مۇشۇنداق. خەلقنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئائىلىسىدە بىر مەزگىل قاچا-قۇچا ئانچە-مۇنچە چېقىلمىغاندا، پۈتۈن خەلقنىڭ ئائىلىسىدە ئۇزاق مۇددەت قاچا-قۇچا چېقىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر مەزگىللىك ناچار سىياسى تەسىردىن قورققاندا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇزاق مۇددەتلىك ناچار تەسىر كېلىپ چىقىدۇ. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، روسىيە بولشېۋىكلىرى ئەگەر «سول كوممۇنىزىمچىلار»نىڭ پىكرى بويىچە گېرمانىيە بىلەن سۈلھە تۈزۈشنى رەت قىلغان بولسا، يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن سوۋېتلەر ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچرىغان بولاتتى[35].

قارىماققا ئىنقىلاۋىدەك كورۈنگەن مۇنداق «سول»چىل پىكىرلەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرىنىڭ ئىنقىلاپتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېسىلىدىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى دىخانلارنىڭ قىسمەن مۇتەئەسسىپلىكىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار مەسىلىگە قاراشتا يالغۇز قىسمەنلىكنىلا نەزەردە تۇتىدۇ، بىر پۈتۈنلۈككە ئەتراپلىق قاراش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس، بۈگۈنكى مەنپەئەت بىلەن ئەتىكى مەنپەئەتنى ئۆز ئارا باغلاشنى، قىسمەن مەنپەئەت بىلەن ئومۇمى مەنپەئەتنى ئۆز ئارا باغلاشنى خالىماي،

قىسمەن ۋە بىر مەزگىللىك نەرسىگە يىپىشىۋېلىپ، ئۇلىسىمۇ قويىۋېپ بەرمەيدۇ. دۇرۇس، مەلۇم بىر چاغدىكى كونكرېت ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇ چاغدىكى بىر پۈتۈنلۈك ۋە پۈتۈن مەزگىل ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، بولۇپمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بارلىق قىسمەن ۋە بىر مەزگىللىك نەرسىلەرنى قويۇپ بەرمەي، چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئىشنى ئۆز بولۇشىغا قويۇپ بەرگۈچىلەر ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگۈچىلەرگە ئايلىنىپ قالىمىز. چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇشى كېرەكلىكىنىڭ داۋلىسى ئەنە شۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا بولىدىغان يىراقنى كورەلمەسلىككە ھەرگىز يولەنگىلى بولمايدۇ. بىز بولشېۋىكلارچە دانالىقنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كوزىمىزنىڭ قۇۋۋىتى يەتمىسە، دۇربۇن ۋە مىكروسكوپلارنىڭ ياردىمىگە يولىنىشىمىز كېرەك. ماركسىزىملىق ئۇسۇل — سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ.

ئەلۋەتتە، جەنلۇۋېلۇك چېكىنىشتە قىيىنچىلىق بولىدۇ. چېكىنىشنى باشلاش پەيتىنى تاللاش، چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى تاللاش، كادىرلار ۋە خەلقنى سىياسى جەھەتتىن قايىل قىلىشنىڭ ھەممىسى قىيىن مەسىلىلەر، ھەممىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

چېكىنىشنى باشلاش پەيتى مەسىلىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدىكى چېكىنىشىمىز ئەگەر دەل شۇ پەيتتە بولمىغان بولسا، يەنى يەنە كېچىككەن بولساق، ئۇ چاغدا، ھېچبولمىغاندا، غەلىبىمىزنىڭ دەرىجىسىگە تەسىر يەتكەن بولاتتى. تولىمۇ بالدۇر چېكىنىشمۇ، تولىمۇ كېچىكىپ چېكىنىشمۇ ئەلۋەتتە زىيانلىق. لېكىن، ئومۇمەن

ئېيتقاندا، تولىمۇ كېچىكىپ چېكىنىشنىڭ زىيىنى تولىمۇ بالدۇر چېكىنىشنىڭكىگە قارىغاندا زورراق بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا چېكىنىش پۈتۈنلەي جۇدۇڭ ئورۇندا تۇرۇشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ، بۇ چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يەتكەندىن كېيىن، قوشۇنىي تەرتىپكە سالغان، دەم ئېلىۋېلىپ، چارچىغان دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە تەييارلانغان ھالدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جياڭشىدا دۈشمەننىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لىرىنى تار-مار قىلىش جەنىلىرىدە دۈشمەنگە بىمالال تاقابىل تۇردۇق. پەقەت ئۈچىنچى جەنىدىلا، دۈشمەن ئىككىنچى جەنىدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، كۈتۈلمىگەندە تېزدىن يېڭى ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغانلىقتىن (1931-يىل 5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرغان ئىدۇق، 7-ئاينىڭ 1-كۈنى جياڭ جيېشى ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى باشلىدى)، قىزىل ئارمىيە ئايلانما يوللار بىلەن يۈرۈپ، ئالدىراپ-تېنەپ توپلاندى، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چارچىدى. بۇ پەيتنى قانداق تاللاشنى، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تەييارلىق باسقۇچىنىڭ باشلىنىش پەيتىنى تاللاشتا قوللىنىلغان ئۇسۇلغا ئوخشاش، تامامەن زۆرۈر ماتېرىياللارنى توپلاشقا، دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئۆز تەرىپىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمى ۋەزىيەتكە قاراپ بەلگىلىدۇق.

جەنلۈبىلۈك چېكىنىشتە كادىرلار ۋە خەلق تېخى تەجرىبىسىز ۋاقىتتا، ھەربى رەھبەرلىكنىڭ ئابرويى تېخى جەنلۈبىلۈك چېكىنىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ھوقۇقىنى ئەڭ ئاز سانلىق كىشلەرنىڭ، ھەتتا بىر كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى قايىل قىلالىغىدەك

دەرىجىگە يەتمىگەن ۋاقىتتا، كادىرلار ۋە خەلقنى قايىل قىلىش مەسىلىسى ئىنتايىن قىيىن مەسىلە بولىدۇ. كادىرلار تەجرىبىسىز بولۇپ، جەنلۈۋىلۈك چېكىنىشكە ئىشەنمىگەنلىكتىن، بىرىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشنىڭ پۈتۈن مەزگىلىدە بۇ مەسىلىدە ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدۇق. بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتتا، لىسەن لۇشيەنىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، كادىرلارنىڭ پىكرى، قايىل قىلىنغانغا قەدەر، چېكىنىش ئەمەس، ھۇجۇم قىلىش بولدى. تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتتا، ھەربىي تەۋەككۇلچىلىكنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، كادىرلار-نىڭ پىكرى، تەييارلىق كۆرۈشكە قارشى تۇرۇش بولدى. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتتا كادىرلارنىڭ پىكرى باشتا ھەربىي تەۋەككۇلچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈشكە قارشى تۇرۇش نۇقتەئىي نەزىرىدىن ئىبارەت بولدى، كېيىن ھەربىي باۋشۇجۇيىغا ئايلاندى. جاڭ گوتاۋ لۇشيەنى زاڭزۇ ۋە خۇيزۇ[16] رايونلىرىدا گېنجۇيدىلىرىمىزنى قۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، پەقەت تۇمشۇقىغا يېگەندىن كېيىنلا ئىشەندى، بۇمۇ ئەملىي مىسال. تەجرىبە كادىرلار ئۈچۈن زۆرۈر، مەغلۇبىيەت، ھەقىقەتەن، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. لېكىن باشقىلار-نىڭ تەجرىبىسىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشمۇ زۆرۈر، ئەگەر ھەممىلا ئىش ئۆز تەجرىبىمىزدىن ئۆتۈشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، ئۆز پىكرىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمايمىز دېيىلسە، بۇ ئىنتايىن «تار تەجرىبىچىلىك» بولىدۇ. بىز ئۇرۇشتا

بۇنىداق زىيانلارنى ئاز تارتمىدۇق.

خەلقنىڭ تەجرىبىسىزلىكتىن جەنلۇبلۇك چېكىنىشىنىڭ زورۇرلىگە ئىشەنمەسلىگى جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتتا ئەڭ چېكىگە يەتتى. ئۇ چاغدا جىەن، شىڭگو ۋە يۇڭفېڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ئاممىسىدىن قىزىل ئارمىيىنىڭ چېكىنىشىگە قارشى تۇرمىغانلىرى يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار شۇ قېتىمقى تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لارغا قارشى تۇرغان چاغلاردا بۇ مەسىلە تامامەن كۆرۈلمىدى. ھەممەيلەن گېنجۈيدىلەرنىڭ قولدىن كېتىشى، خەلقنىڭ جاپا چېكىشى ۋاقىتلىق ئىكەنلىگىگە ئىشەندى، ھەممەيلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»لارنى تار-مار قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. لېكىن خەلقنىڭ ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىگى كادىرلارنىڭ ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىگىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي ۋە بىرىنچى ۋەزىپە — كادىرلارنى قايىل قىلىش.

جەنلۇبلۇك چېكىنىشنىڭ پۈتۈن رولى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە، جەنلۇبلۇك چېكىنىش پەقەت جەنلۇبلۇك مۇداپىئەنىڭ بىرىنچى باسقۇچىلا بولىدۇ. پۈتۈن جەنلۇبنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچى جەنلۇبلۇك چېكىنىشتىن كېيىنلا كېلىدىغان قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا غەلىبە قازىنىش-قازىنالماسلىقتا.

## 4- بۆلۈم جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇم

مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى يېڭىش جەنلۇبلۇك چېكىنىش باسقۇچىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن، بىزگە پايدىلىق،

دۇشمەنگە پايدىسىز بولغان ۋە دۇشمەن ھۇجۇم باشلىغان چاغدىكىگە قارىغاندا ئۆزگىرىش ياسىغان ۋەزىيەتكە باغلىق، مۇنداق ۋەزىيەتنى بولسا، تۆرلۈك شەرت-شارائىتلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بۇنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

لېكىن بىزگە پايدىلىق، دۇشمەنگە پايدىسىز شەرت ھەم ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش تېخى دۇشمەننى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارغانلىق بولمايدۇ. بۇنداق شەرت ھەم ۋەزىيەت يېڭىش-يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئىمكانىيەتنى ھازىرلىغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ تېخى يېڭىش-يېڭىلىشنىڭ رېياللىغى ئەمەس، ئىككى ئارمىيىنىڭ يېڭىش-يېڭىلىشى تېخى ئەمەلدە كورۇلمىگەن بولىدۇ. بۇ يېڭىش-يېڭىلىشنىڭ ئەمەلدە كورۇلۇشى ئىككى ئارمىيىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشىغا باغلىق. پەقەت ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلا ئىككى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى كىم يېڭىش-كىم يېڭىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ. بۇ — جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىناڭ پۈتۈن ۋەزىپىسى. قايتۇرما ھۇجۇم — ئۇزاق بىر جەريان، مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئوبدان، ئەڭ جانلىق باسقۇچى، شۇنداقلا مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى. ئاكتىپ مۇداپىئە دېگەنلىك ئاساسەن مۇشۇنداق ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش خاراكتېرىدا بولغان جەنلۇبلۇك قايتۇرما ھۇجۇمنى كورسىتىدۇ.

شەرت ھەم ۋەزىيەت يالغۇز جەنلۇبلۇك چېكىنىش باسقۇچىدىلا ۋۇجۇتقا كېلىپ قالماستىن، قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدىمۇ داۋاملىق ۋۇجۇتقا كېلىپ تورىدۇ. بۇ چاغدىكى شەرت ھەم ۋەزىيەت ئالدىنقى باسقۇچتىكى شەرت ھەم ۋەزىيەت بىلەن تامامەن بىردەك شەكىل ۋە بىردەك خاراكتېردا بولۇپ كەتمەيدۇ.

بىردەك شەكىل ۋە بىردەك خاراكتېردا بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن،

دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ چارچىغانلىقى ۋە ئادەم-
لىرىنىڭ كېمەيگەنلىكى پەقەت ئالدىنقى باسقۇچتا چارچىغانلىقى ۋە
ئادەملىرىنىڭ كېمەيگەنلىكىنىڭ داۋامى بولىدۇ، خالاس.

لېكىن مۇقەررەر ھالدا پۈتۈنلەي يېڭى شەرت ھەم ۋەزىيەتمۇ
كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، دۈشمەن ئارمىيىسى بىر ياكى بىرنەچچە
ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولسا، بۇ چاغدا بىزگە پايدىلىق، دۈشمەنگە
پايدىسىز بولغان شەرت يالغۇز دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ چارچىغانلىقى
ۋە باشقىلار بىلەن چەكلەنگەن بولمايدۇ، بەلكى دۈشمەن ئارمىيە-
سىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشىدەك يېڭى شەرت قوشۇلغان بولىدۇ.
ۋەزىيەتتىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش بولىدۇ. دۈشمەن ئارمىيىسى يوتكىلىشتە
قالايمىقانلىشىدۇ، ھەرىكەتتە يېڭىلىشىدۇ، ئىككى ئارمىيىنىڭ ئۈستۈن-
لۈك ۋە تۆۋەنلىك ۋەزىيىتىمۇ ئىلگىرىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

مۇبادا بىر ۋە بىرنەچچە مەغلۇبىيەت دۈشمەن ئارمىيىسى تەرەپتە
ئەمەس، بىزنىڭ ئارمىيىمىز تەرەپتە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا شەرت
ھەم ۋەزىيەتنىڭ پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقى تەتۈر تەرەپكىمۇ
ئۆزگىرىدۇ. دېمەك، دۈشمەنگە پايدىسىزلىرى كېمىيىدۇ، بىزگە
پايدىسىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، ھەتتا كېڭىيىدۇ. بۇمۇ ئىلگە-
رىكىگە ئوخشىمايدىغان پۈتۈنلەي يېڭى نەرسە بولىدۇ.

مەيلى قايسى تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتى بولسۇن، ئۇ مەغلۇپ بولغۇچى
تەرەپنىڭ بىر خىل يېڭى تىرىشچانلىقىنى، يەنى خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن
قۇتۇلۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى بىۋاسىتە ۋە تېز كەلتۈرۈپ چىقا-
رىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى بۇنداق يېڭىدىن پەيدا بولغان،
ئۆزىگە پايدىسىز، دۈشمىنىگە پايدىلىق شەرت ھەم ۋەزىيەتتىن
قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە پايدىلىق، دۈشمىنىگە پايدىسىز شەرت ھەم

ۋەزىيەتنى يېڭىۋاشتىن يارىتىپ، قارشى تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىدىغان بولىدۇ.

غەلبە قازانغۇچى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ غەلبىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۈشمەنگە تېخىمۇ زور زىيان يەتكۈزۈشكە قاتتىق ئۇرۇنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە پايدىلىق شەرت ھەم ۋەزىيەتنى ئاشۇرۇشقا ياكى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ، شۇنىڭدەك قارشى تەرەپنىڭ پايدىسىز شەرت ھەم خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يول قويماسلىققىمۇ ئىنتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى قايسى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتايلۇق، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش باسقۇچىدىكى كۈرەش پۈتۈن ئۇرۇش ياكى پۈتۈن جەنيى داۋامىدا ئەڭ شىددەتلىك، ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئەڭ ئۆزگىرىشچان، شۇنىڭدەك ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇشەققەتلىك، قوماندانلىق جەھەتتىن ئالغاندا ئەڭ تەس پەيت بولىدۇ.

قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا مەسىلە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، مۇھىملىرى قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاش مەسىلىسى، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش مەسىلىسى، يۆندۈگجەن مەسىلىسى، تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇش مەسىلىسى، يوقىتىش ئۇرۇشى مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

بۇ مەسىلىلەردىكى پرىنسىپ، مەيلى قايتۇرما ھۇجۇم ئۈچۈن بولسۇن ياكى ھۇجۇم ئۈچۈن بولسۇن، تۈپ خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، قايتۇرما ھۇجۇمنى ھۇجۇم دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن قايتۇرما ھۇجۇم ھۇجۇمنىڭ تامامەن ئۆزى ئەمەس. قايتۇرما

ھۇجۇم پىرىنسىپى دۈشمەن ھۇجۇم قىلغان چاغدا قوللىنىلىدۇ. ھۇجۇم پىرىنسىپى دۈشمەن مۇداپىئەلەنگەن چاغدا قوللىنىلىدۇ. بۇ مەنىسىدىن ئالغاندا، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە پەرقلەرمۇ بار.

شۇ سەۋەبتىن، گەرچە بۇ يەردە ئۇرۇش قىلىشتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى جەنلۇبىلۇك مۇداپىئەنىڭ قايتۇرما ھۇجۇم قىسمىدا سوزلىگەن، سوزنىڭ تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن، جەنلۇبىلۇك ھۇجۇم قىسمىدا باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدىلا توختالماقچى بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنى قوللانغان ۋاقتىمىزدا ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقلىرىغا ئېتىۋارسىز قارىماسلىقىمىز، پەرقلىرىگىمۇ ئېتىۋارسىز قارىماسلىقىمىز كېرەك.

## 5 - بولۇم قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاش مەسىلىسى

قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاش مەسىلىسى «دەسلەپكى جەڭ» ياكى «مۇقەددىمە جەڭ» دېگەن مەسىلىدۇر.

نۇرغۇن بۇرژۇئا ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى، مەيلى جەنلۇبىلۇك مۇداپىئە ياكى جەنلۇبىلۇك ھۇجۇمدا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە، بولۇپمۇ مۇداپىئەدە دەسلەپكى جەڭنى ئېھتىيات بىلەن قىلىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بىزمۇ ئىلگىرى بۇ مەسىلىنى جىددى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. جياڭشىدا دۈشمەننىڭ بىرىنچى قېتىمدىن بەشىنچى قېتىمغىچە بولغان «قورشاپ يوقىتىش»لىرىغا قارشى قىلىنغان ئۇرۇشلار بىزگە مول تەجرىبىلەرنى بەردى، بۇ تەجرىبىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇش پايدىسىز ئەمەس.

بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدا دۈشمەن تەخمىنەن 100 مىڭ كىشى بىلەن شىمالدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، جەن-

جيەنىنىڭ لىنىيىسىدىن 8 زۇڭدۇيگە بولۇنۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ گېنجۇيدىسىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا قىزىل ئارمىيە تەخمىنەن 40 مىڭ كىشى بولۇپ، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نىڭدۇ ناھىيىسىدىكى خۇاڭپى، شياۋبۇ رايونلىرىغا توپلانغان ئىدى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى: (1) «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» قوشۇنى 100 مىڭ كىشىدىن ئاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گورۇھىغا قاراشلىق قوشۇنلار ئەمەس ئىدى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. (2) دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ لو لىن شىسى جەن ناھىيىسىنى مۇداپىيە قىلىپ، گەنجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىدە تۇراتتى. (3) دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 3 شىسى — گۇڭ بىڭفەن، جاڭ خۇيزەن، تەن داۋيۈەن شىلىرى جەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە نىڭدۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى فۇتيەن، دۇڭگۇ، لۇڭگاڭ ۋە يۈەنتۇ تەرەپلەرنى بېسىۋالغان ئىدى. جاڭ خۇيزەن شىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى لۇڭگاڭدا، تەن داۋيۈەن شىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى يۈەنتۇدا ئىدى. فۇتيەن، دۇڭگۇ رايونلىرىدا خەلق AB تەشكىلاتىنىڭ ئالدىمىغا ئۇچراپ، بىر مەزگىل قىزىل ئارمىيىگە ئىشەنمىگەن ۋە قىزىل ئارمىيە بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇ يەرلەرنى جەڭ مەيدانى قىلىپ تاللاش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. (4) دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ليۇ خېدىڭ شىسى يىراقتا — فۇجيەن ئاق رايونىدىكى جيەنىڭ ناھىيىسىدە بولۇپ، جياڭشىغا يېتىپ كېلىشى ناتايىن ئىدى. (5) دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 2 شىسى — ماۋ بىڭۋېن، شۈي كېشياڭ شىلىرى گۇاڭچاڭ ناھىيىسى بىلەن نىڭدۇ ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى توۋپى، لوكۇ، دۇڭشاۋ تەرەپلەرگىچە ئىلگىرىلەپ بارغان ئىدى. توۋپى ئاق رايون، لوكۇ پارتىزان

رايونى ئىدى، دۇڭشاۋدا AB تەشكىلاتى بار ئىدى، خەۋەرلەر ئاسان پاش بولۇپ قالاتتى. ماۋ بىڭۋېن ۋە شۈي كېشياڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن غەرپكە ھۇجۇم قىلغاندا، غەرپتە 3 شىنىڭ ــ جاڭ خۇيزەن، تەن داۋيۇەن، گۇڭ بىڭفەن شىلىرىنىڭ توپلىنىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن، ئاسانلىقچە يەڭگىلى، مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلغىلى بولمايتتى. (6) جاڭ خۇيزەن، تەن داۋيۇەن شىلىرى «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ ئاساسىي كۈچى ئىدى، بۇلار «قورشاپ يوقىتىش» ئارمىيىسىنىڭ زۇڭسىلىڭى، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جۇشىسى لۇ دىپىڭنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق قوشۇنلار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ خۇيزەن ئالدىنقى سەپنىڭ زۇڭجىخۇيى ئىدى، بۇ ئىككى شىنى يوقاتقاندا، «قورشاپ يوقىتىش» تۈپتىن تار-مار قىلىنغان بولاتتى. بۇ ئىككى شىنىڭ ھەر بىرىدە تەخمىنەن 14 مىڭدىن كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ خۇيزەن شىسى ئىككى ئورۇنغا بۆلۈنۈپ جايلاشقان، بىز بىر قېتىمدا بىر شىگە ھۇجۇم قىلساق، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بولاتتۇق. (7) جاڭ خۇيزەن، تەن داۋيۇەن شىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى جايلاشقان لۇڭگاڭ، يۇەنتۇ تەرەپ بىز توپلانغان جايغا يېقىن، خەلق شەرتىمۇ ياخشى بولۇپ، دۈشمەنگە يوشۇرۇن ھالدا يېقىنلاشقىلى بولاتتى. (8) لۇڭگاڭدا ئوبدان جېندى بار ئىدى. يۇەنتۇغا ھۇجۇم قىلىش تەس ئىدى. ئەگەر دۈشمەن شياۋبۇدا بىزگە ھۇجۇم قىلغان بولسا، بۇ يەردىكى جېندىمۇ ياخشى ئىدى. (9) بىز لۇڭگاڭ تەرەپتە ئەڭ زور ئەسكىرىي كۈچىمىزنى توپلىيالايتتۇق. لۇڭگاڭدىن بىرقانچە ئون لى غەربىي جەنۇپتىكى شىڭگو ناھىيىسىدە مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك مۇستەقىل شى بار ئىدى، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئايلىنىپ يۈرۈشكىمۇ بولاتتى. (10) ئارمىيىمىز ئوتتۇرىدىن

بۇزۇپ ئۆتۈپ، دۈشمەن سېپىدە بىر يوچۇق ئاچقاندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ شەرق ۋە غەرپتىكى زۇڭدۈيلىرىنى ئارىسى يىراق بولغان ئىككى توپقا بۆلۈۋەتكىلى بولاتتى. يۇقۇرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن، بىز بىرىنچى جەڭنى قىلىشنى قارار قىلدۇق ھەمدە جاڭ خۇيزەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئىككى لۈي ۋە بىر شىبۇنى تار-مار قىلدۇق، شىجاڭ بىلەن قوشۇپ 9 مىڭ كىشىنى ئەسىر ئالدۇق، بىرمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بىزنىڭ ئەنە شۇ جەڭدىكى غەلبىمىزدىن قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، تەن داۋيۈەن شىسى دۇڭشاۋغا، شۇي كېشياڭ شىسى تۇپىغا قاچتى. ئارمىيىمىز يەنە تەن داۋيۈەن شىسىغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ يېرىمىنى يوقاتتى. 5 كۈن ئىچىدە (1930-يىل 12-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 1931-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە) ئىككى قېتىم جەڭ بولدى، شۇنىڭ بىلەن فۇتيەن، دۇڭگۇ ۋە تۇپەدىكى دۈشمەنلەر زەربىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ، كەينى-كەينىدىن چېكىندى، بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ئاياقلاشتى.

ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدىكى ئەھۋال مۇنداق بولدى: (1) «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» قوشۇنى 200 مىڭ كىشى ئىدى، خې يىڭچىن زۇڭسىلىڭ بولۇپ، نەنچاڭدا تۇراتتى. (2) بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گورۇھىغا قاراشلىق قوشۇنلاردىن ئەمەس ئىدى. سەي تىڭكەينىڭ 19-ئارمىيىسى، سۇن ليەنجۇڭنىڭ 26-ئارمىيىسى، جۇ شاۋلياڭنىڭ 8-ئارمىيىسى ئەڭ كۈچلۈك ياكى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، قالغانلىرى بىرقەدەر ئاجىز ئىدى. (3) AB تەشكىلاتى يوقىتىلىپ، گېنجۈيدىلەردىكى خەلق قىزىل ئارمىيىنى پۈتۈنلەي ھىمايە قىلىدىغان بولغان ئىدى. (4) ۋاڭ

جېنيۇينىڭ 5 - ئارمىيىسى شىمال تەرەپتىن يېڭىلا كەلگەن بولۇپ، قورقانلىقنى بىلدۈرۈپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ سول قانىتى بولغان گو خۇازۇڭ، خاۋ مېڭلىڭ شىلىرىمۇ ئۇمۇمەن شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى. (5) ئارمىيىمىز فۇتيەندىن ھۇجۇم باشلاپ، شەرققە سۈرۈپ كەلگەن ئىدى، فۇجيەن - جياڭشى چېگرىسىدىكى جيەننىڭ، لىچۇەن، تەيىنىڭ رايونلىرىدا گېنجۇيدىنى كېڭەيتكىلى، ماددى كېرەك - ياراقلار تولۇقلىغىلى بولاتتى، بۇ يەرلەر كېيىنكى «قورشاپ يوقىتىش»نى تار - مار قىلىشقا ئەپلىك ئىدى. ئەگەر شەرقتىن غەربكە قاراپ ھۇجۇم قىلغان بولساق، گەنجياڭ دەرياسى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايتتۇق. ئەگەر ئۇرۇش قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شەرققە بۇرۇلىدىغان بولساق، قوشۇنىمىزنى ھاردۇرۇپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغان بولاتتۇق. (6) ئارمىيىمىزنىڭ كىشى سانى ئالدىنقى جەنىي ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا بىرئاز كېمەيگەن (30 مىڭدىن ئوشۇقراق قالغان) بولسىمۇ، لېكىن 4 ئاي دەم ئېلىپ كۈچ - قۇۋۋەت تولۇقلىغان ئىدى. يۇقۇرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن، فۇتيەن رايونىدىكى ۋاڭ جىنيۇي، گۇڭ بىڭفەن (جەمئىي 11 تۈەن) بىلەن بىرىنچى جەڭنى قىلىش قارارىغا كەلدۇق. غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گو خۇازۇڭ، سۈن ليەنجۇڭ، جۇ شاۋليالڭ ۋە ليۇ خېدىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدۇق، 15 كۈن ئىچىدە (1931 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە) 700 لى يول مېڭىپ، 5 قېتىم جەڭ قىلىپ، 20 مىڭدىن ئوشۇق مىلتىق غەنىيمەت ئېلىپ، «قورشاپ يوقىتىش»نى پۇخادىن چىققىدەك تار - مار قىلدۇق. ۋاڭ جىنيۇيگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا بىز دۈشمەننىڭ سەي تىڭكەي قوشۇنى بىلەن

گو خۇازۇڭ قوشۇنى ئۇتتۇرىسىدا بولۇپ، گو خۇازۇڭدىن 10 نەچچە لى، سەي تىڭكەيدىن 40 نەچچە لى يىراقلىقتا تۇراتتۇق، بەزىلەر بىزنى «تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى» دېيىشكەن ئىدى، لېكىن بىز ئاخىر ئۇ يەردىن چىقىپ كەتتۇق. بۇ، ئاساسەن، گېنجۈيدى شەرتىدىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلمىگەنلىگىدىن بولدى. گو خۇازۇڭ شىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خاۋمېڭلىڭ شىسى كېچىلەپ يۈگىنگفا قېچىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدىكى ئەھۋال مۇنداق بولدى: (1) جياڭ جيېشى ئۆزى ئۇتتۇرىغا چىقىپ، زۇڭسىلىڭ بولدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سول، ئوڭ ۋە ئوتتۇرا يونۇلۇشلەر بويىچە ئۈچ زۇڭسىلىڭ قويۇلدى. ئوتتۇرا يونۇلۇشتە خې يىڭچىن بولۇپ، جياڭ جيېشى بىلەن نەنچاڭدا تۇردى؛ ئوڭ يونۇلۇشتە چېن مىڭشۇ بولۇپ، جىنىدە تۇردى؛ سول يونۇلۇشتە جۇ شاۋلياڭ بولۇپ، نەنفېڭدا تۇردى. (2) «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش» قوشۇنى 300 مىڭ كىشى ئىدى. ئاساسىي كۈچى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق قوشۇنلاردىن 5 شى — چېن چېڭ، لو جويىڭ، جاۋ گۇەنتاۋ، ۋېي لىخۇاڭ، جياڭ دىڭۋېن شىلىرى ئىدى، ھەر بىر شىدا 9 تۇەن بولۇپ، جەمئىي يۈز مىڭچە كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، 3 شى — جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي، خەن دېچىن شىلىرى بولۇپ، 40 مىڭ كىشى ئىدى. بۇنىڭدىن قالسا، سۈن ليەنجۇڭ قوشۇنى بولۇپ، 20 مىڭ كىشى ئىدى. قالغانلىرى جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق بولمىغان قوشۇنلار بولۇپ، ئاجىزراق ئىدى. (3) «ھۇجۇم قىلىپ يوقىتىش»نىڭ جەڭلۈيسى «توسالغۇسىز ئىلگىرىلەش» بولۇپ، ئىككىنچى

قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»تا قوللىنىلغان «قەدەممۇ قەدەم بىر ئىستىھكام قۇرۇش»قا زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى، قىزىل ئارمىيىنى گەنجياڭ دەرياسىغا قىستاپ بىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. (4) ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ئاياقلىشىپ، ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» باشلانغانغا قەدەر، پەقەت بىر ئايلا ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى. قىزىل ئارمىيە مۇشەققەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن دەم ئالمىغان، شۇنىڭدەك ئۆزىنى تولۇقلىمىغان ئىدى (30 مىڭچە كىشى بار ئىدى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يوللارنى ئايلىنىپ، جەنۇبىي جياڭشى گەنجۇيدىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شىڭگو ناھىيىسىگە كېلىپ توپلانغان ئىدى، شۇ چاغدا دۈشمەن بىرنەچچە يونىلىشكە بولۇنۇپ، توپ-توغرى قىستاپ كېلىپ قالغان ئىدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ بەلگىلىگەن بىرىنچى فاڭجېنىمىز شىڭگودىن ۋەنئەن ئارقىلىق فۇتيەن ئۇقتىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈش، ئاندىن غەربتىن شەرققە مېڭىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ ئالاقە يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەنۇبىي جياڭشى گېنجۇيدىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، ھېچبىر كارغا يارىمايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئىدى، بۇنى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى قىلىپ بەلگىلىدۇق. دۈشمەن ئارقىغا يېنىپ، شىمالغا قاراپ ماڭسا، چوقۇم ناھايىتى چارچايتتى، بىز بۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلالايتتۇق، بۇ ئىككىنچى باسقۇچ بولاتتى. بۇ فاڭجېننىڭ مەركىزى دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ئاجىز قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن بىزنىڭ ئارمىيىمىز فۇتيەنگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن چاغدا دۈشمەن سېزىپ قېلىپ،

چىن چېڭ، لو جويىڭ شىلىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، شىڭگو ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى گاۋشىڭشۇي بازىرىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق، بۇ چاغدا پەقەت مۇشۇ بازار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقانچە ئون پىڭفاڭ لى كېلىدىغان جايلارلا ئارمىيىمىزنى توپلاشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. توپلىنىپ بىر كۈندىن كېيىن، شەرققە قاراپ شىڭگو ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ليەنتاڭ، يۇڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى لياڭسۇن، نىڭدۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى خۇاڭپى تەرەپلىرىگە قاراپ جىددى ئىلگى-رىلەشنى قارار قىلدۇق. بىرىنچى كۈنى كېچىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ دىڭۋېن شىسى بىلەن جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي، خەن دېچىن قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى 40 لى بوشلۇقتىن ئوتۇپ، ليەنتاڭغا باردۇق. ئىككىنچى كۈنى شاڭگۇەن يۈنشياڭ قوشۇنى (شاڭگۇەن يۈنشياڭ ئۆزىنىڭ بىرشىسى ۋە خاۋمېڭلىڭ شىسىغا قوماندانلىق قىلاتتى) نىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۈچىنچى كۈنى شاڭگۇەن يۈنشياڭ شىسىغا ھۇجۇم قىلدۇق، بۇ بىرىنچى جەڭ بولدى، تۆتىنچى كۈنى خاۋمېڭلىڭ شىسىغا ھۇجۇم قىلدۇق، بۇ ئىككىنچى جەڭ بولدى، ئاندىن كېيىن 3 كۈن يول يۈرۈپ، خۇاڭپىغا بېرىپ، ماۋ بىڭۋېن شىسىغا ھۇجۇم قىلدۇق، بۇ ئۈچىنچى جەڭ بولدى. ئۈچ جەڭنىڭ ھەممىسىدىلا غەلىبە قازىنىپ، 10 مىڭدىن ئوشۇق مىلتىق غەنىمەت ئالدۇق. بۇ چاغدا غەربكە ۋە جەنۇبقا قاراپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ ھەممىسى شەرققە بۇرۇلۇپ، دىققەت - ئېتىۋارىنى خۇاڭپىغا مەركەزلەشتۈردى، شىددەت بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولدى، بىر - بىرىگە زىچ تۇتاشقان كەڭ مۇھاسىرىگە ئېلىش ھالىتى بىلەن بىزنىڭ

ئارمىيىمىزگە يېقىنلاشتى. ئارمىيىمىز جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي، خەن دېچىن قوشۇنلىرى بىلەن چىن چېڭ، لو جويىڭ قوشۇنلىرى ئارىلىقىدىكى 20 لى كېلىدىغان بوشلۇقتىكى تاغ ئارىسىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، شەرقتىن غەرپكە قايتىپ، شىڭگو ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە توپلاندى. دۈشمەن بۇنى سېزىپ، يەنە غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلىگۈچە، بىز يېرىم ئاي دەم ئېلىۋالدۇق، دۈشمەن بولسا، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن روھى چۈشۈپ، ئامالسىز قېلىپ، چېكىنىش قارارىغا كەلدى. بىز يەنە ئۇلارنىڭ چېكىنىشىدىن پايدىلىنىپ، جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي، جياڭ دىڭۋېن ۋە خەن دېچىن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، جياڭ دىڭۋېننىڭ بىر لۇيىنى، خەن دېچىننىڭ بىر شىسىنى يوقاتتۇق. جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي شىلىرىغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتا تىركىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويدۇق.

تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدىكى ئەھۋال مۇنداق بولدى: دۈشمەن ئۈچ يونۇلۇشكە بولۇنۇپ، گۇاڭچاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچى شەرقىي يونۇلۇشتە ئىدى، غەربىي يونۇلۇشتىكى ئىككى شىسى بىزنىڭ ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى ۋە بىز توپلانغان جايغا قىستاپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاۋۋال يىخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايدا دۈشمەننىڭ غەربىي يونۇلۇشىگە ھۇجۇم قىلىپ، لى مىڭ، چېن شىجى شىلىرىنى بىر يولىلا يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. دۈشمەن سول يونۇلۇشتىن ئىككى شىسىنى ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا يونۇلۇشكە ماسلاشتۇرۇپ يەنە ئىلگىرىلىدى، بىز يىخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايدا ئۇنىڭ يەنە بىر شىسىنى يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئىككى جەڭدە 10 مىڭدىن ئوشۇق

مىلتىق غەنىمەت ئالدۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى «قورشاپ يوقـ-
تىش»نى تۈپتىن تار ـ مار قىلدۇق.

بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»تا دۈشمەن قورغانچىلىقتىن
ئىبارەت يېڭى جەنلۇپ بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئالدى بىلەن لىچۈەننى
بېسىۋالدى. بىز لىچۈەننى قايتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەندىن گېنجۇيدىنىڭ
سىرتىدا مۇداپىەلىنىش مەقسىدىدە، لىچۈەننىڭ شىمالىدىكى دۈشمەنـ-
نىڭ مۇستەھكەم جېبدىسى ھەم ئاق رايون بولغان شياۋشىغا ھۇجۇم
قىلدۇق. بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنالماي، يەنە لىچۈەننىڭ شەرقىي
جەنۇبىدىكى زىشىچياۋغا ھۇجۇم قىلدۇق، بۇمۇ دۈشمەننىڭ مۇستەھـ-
كەم جېبدىسى ھەم ئاق رايون ئىدى، بۇنىڭدىمۇ غەلىبە قازىنالمىـ-
دۇق. شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن قورغانـ-
لىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ، پۈتۈنلەي
پېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقـ-
تىش»قا قارشى ئۇرۇشىمىز بىر يىل داۋام قىلدى، زادىلا تەشەببۇسكار
ۋە پائالىيەتچان بولالمىدۇق. ئاخىرى جياڭشى گېنجۇيدىسىدىن
چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بىرىنچى قېتىمدىن بەشىنچى قېتىمغىچە
بولغان «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدە ئارمىيـ-
مىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتـ-
لىدىكى، مۇداپىە ئورنىدا تۇرغان قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك «ھۇجۇم
قىلىپ يوقىتىش» قوشۇنىنى تار ـ مار قىلىشىدا قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ
بىرىنچى جېڭى ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچى جەڭنىڭ
غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىر پۈتۈنلۈككە ئىنتايىن زور
تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر جەڭگە قەدەر تەسىر

كورسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن تۇۋەندىكى خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ:
بىرىنچى، بىرىنچى جەڭدە غەلىبە قازىنىش كېرەك. دۈشمەن ئەھۋالى، يەر شارائىتى ۋە خەلققە ئوخشاش شەرتلەرنىڭ بىزگە پايدىلىق، دۈشمەنگە پايدىسىز ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن جەڭگە كىرىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، چېكىنسەكمۇ چېكىنەيلىكى، ئېھتىيات بىلەن پۇرسەت كۈتەيلى. پۇرسەت ھامىنى كېلىدۇ، يېنىكلىك قىلىپ جەڭگە كىرىشكە بولمايدۇ. بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا ئاۋال تەن داۋيۈەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان ئىدۇق، دۈشمەن يەر تۇزۇلۇشى ئەپلىك بولغان يۈەنتۇ جىبەندىسىدىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئارمىيىمىز ئىككى قېتىم ئىلگىرىلەپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككى قېتىم سەۋرى قىلىپ قايتىپ كەلدى، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلىشقا ئاسان بولغان جاڭ خۇيزەننى تاپتى. ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا ئارمىيىمىز دۈڭگۇغا ئىلگىرىلەپ بارغان ئىدى، بۇ يەردە ۋاڭ جىنيۇينىڭ فۇتيەندىكى مۇستەھكەم جىبەندىسىدىن ئايرىلىشىنى كۈتكەنلىكى ئۈچۈنلا، خەۋەرلەرنىڭ پاش بولۇپ قېلىش خەۋپىگە قارىماي ۋە ئالدىراپ تېز ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، دۈشمەننى قىستاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىقىنىدا 25 كۈن كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاخىرى تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش جۇددۇن-چاپقۇنلۇق بىر ۋەزىيەت بولۇپ، ئارمىيىمىز ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنىنىڭ يان ۋە ئارقا تەرەپلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈش پىلانىمىزنى دۈشمەن سېزىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىز

يەنىلا سەۋرىلىك بىلەن ئارقىغا قايتىپ، پىلانىمىزنى ئارىلىقتىن بۇزۇپ ئۆتۈشكە ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى لىيەنتاڭدا بىرىنچى جەڭنى ئوبدان قىلدۇق. تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا نەنفېڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالالمىغان ئىدۇق، چېكىنىش تەدبىرىنى قەتئىي قوللىنىپ، ئاخىرى دۈشمەننىڭ ئوڭقانىتىغا ئۆتۈپ، دۇڭشاۋ رايونىدا توپلىنىپ، يىخۇاڭنىڭ جەنۇبىدا زور غەلىبىلىك بولغان ئۇرۇشنى باشلىدۇق. پەقەت بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدىلا، دەسلەپكى جەڭنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تامامەن بىلمەي، بىر لىچۇەن شەھىرى-نىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن چۆچۈپ كېتىپ، ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە شىمالغا مېڭىپ، دۈشمەننىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالدۇق، كۈتۈلمىگەن ھالدا شۈنكۈدا ئۇچرىشىش جېڭى قىلىپ، غەلىبە قازانغاندىن (دۈشمەننىڭ بىر شىسىنى يوقاتقاندىن) كېيىن، بۇ جەڭنى بىرىنچى جەڭ دەپ قارىماستىن، بۇ جەڭ مۇقەررەر كەلتۈرۈپ چىقار-غان ئۆزگىرىشلەرگە قارىماستىن، جەزمەن غەلىبە قازىنىش مۇمكىن بولمىغان شياۋشىگە يەككىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قەدەمدىلا جۇدۇڭلۇقنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، بۇ ھەقىقە-تەنمۇ ئەڭ ئەخمىقانە ۋە ئەڭ يامان ئۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى.

ئىككىنچى، دەسلەپكى جەڭنىڭ پىلانى پۈتۈن جەڭنىڭ پىلانىنىڭ ئورگانىك مۇقەددىمىسى بولۇشى كېرەك. پۈتۈن جەڭنىڭ ئوبدان پىلانى بولمىسا، تازا ئوبدان بىرىنچى جەڭنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. يەنى دەسلەپكى جەڭ غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر بۇ جەڭ پۈتۈن جەڭگە پايدىلىق بولماسلىقى بىلەنلا قالماي، ئەكسىچە، زىيانلىق بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ جەڭ غەلىبە قازانغان

بىلەنمۇ مەغلۇپ بولغان ھېساپلىنىدۇ (مەسىلەن، بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدىكى شۇنىكۇ جېڭىگە ئوخشاش). شۇڭا بىرىنچى جەڭنى قىلىشتىن ئاۋال ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى جەڭنى ئومۇمەن قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى، ھەر نۆۋەتتە غەلىبە قازانساق، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەغلۇپ بولساق، يەنە قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. نەتىجىنىڭ تامامەن كۈتكىنىمىزدەك بولۇپ چىقىشى ناتايىن بولسىمۇ، ھەتتا ھەرگىز مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپتە بولغان بىر پۈتۈنلۈككە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى تەپسىلى ۋە ھەقىقى ئويلاپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىر پۈتۈنلۈكنى نەزەردە تۇتمىغاندا، شەخمەتتە ھەقىقەتەن ياخشى بىر يۈرۈشنى ماڭغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، يەنە كەلگۈسىدىكى جەنلۇپىلۇك باسقۇچتا قانداق قىلىشنىمۇ ئويلاش كېرەك. ئەگەر قايتۇرما ھۇجۇمنىلا نەزەردە تۇتۇپ، قايتۇرما ھۇجۇم غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ياكى مۇبادا قايتۇرما ھۇجۇم مەغلۇپ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلەركى قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەكلىكى نەزەردە تۇتۇلمىسا، جەنلۇپىلۇك يېتەكچىنىڭ مەسئۇلىيىتى يەنىلا ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ. جەنلۇپىلۇك يېتەكچى جەنلۇپىلۇك باسقۇچتا تۇرغان چاغدا كەلگۈسىدىكى كۆپلىگەن باسقۇچلارنى ھېساپقا ئېلىشى، ھېچبولمىغاندا، كېيىنكى بىر باسقۇچنى ھېساپقا ئېلىشى كېرەك. كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مولچەرلەش قىيىن، قانچە يىراققا قارىساڭ، شۇنچە غۇۋا كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئومۇمى تۈردە ھېساپلاش مۇمكىن، يىراق كەلگۈسىنى مولچەرلەش زۆرۈر. بىر قەدەم مېڭىپ، شۇ قەدەمنىلا كۆرىدىغان يېتەكچىلىك ئۇسۇلى

سىياسى ئۇچۇن پايدىسىز، ئۇرۇش ئۇچۇنمۇ پايدىسىز. بىر قەدەم ماڭغاندا، شۇ قەدەمدىكى كونكرېت ئۆزگىرىشنى كورۇشىمىز، شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئوزىمىزنىڭ جەنلۇۋې ۋە جەنيىي پىلانلىرىنى تۈزىتىشىمىز ياكى راۋاجلاندۇرىشىمىز كېرەك، مۇنداق قىلمىغاندا، تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، قارىسىغا ئۇسۇش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن پۈتۈن جەنلۇۋېلۇك باسقۇچقا، ھەتتا بىرقانچە جەنلۇۋېلۇك باسقۇچقا سىڭدۇرۇلىدىغان، ئۇمۇمەن ئويلاپ يېتىلگەن، ئۇزاق مۇددەتلىك بىر فاڭجېن بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئىككىلىنىپ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ، ئەمەلدە دۇشمەننىڭ جەنلۇۋېلۇك تەلىپىگە مۇۋاپىقلىشىپ قېلىپ، ئوزىمىزنى بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. بىلىش كېرەككى، دۇشمەننىڭ تۈگشۈەيبۇسى مەلۇم جەنلۇۋېلۇك نەزەر دائىرىگە ئىگە. بىز ئوزىمىزنى دۇشمەندىن بىر دەرىجە ئۇستۇن قىلىپ چېنىقتۇرغىنىمىزدىلا، جەنلۇۋېلۇك غەلىبە قازىنىشنىڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. دۇشمەن ئېلىپ بارغان بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» مەزگىلىدىكى «سول»چىل جىخۇيىجۇيىلىق لۇشيەنىنىڭ، شۇنىڭدەك جاڭ گوتاۋ لۇشيەنىنىڭ جەنلۇۋېلۇك يېتەكچىلىگىنىڭ خاتا بولۇشى، ئاساسەن، مۇشۇ نۇقتىنى ئورۇنلىمىغانلىقتىن بولدى. قىسقىسى، چېكىنىش باسقۇچى ۋاقتىدا قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىنى ھېساپقا ئېلىش، قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچى ۋاقتىدا ھۇجۇم باسقۇچىنى ھېساپقا ئېلىش، ھۇجۇم باسقۇچى ۋاقتىدا يەنە چېكىنىش باسقۇچىنى ھېساپقا ئېلىش كېرەك. بۇنداق ھېساپقا ئېلىش بولماي، كوز ئالدىدىكى پايدا-زىيان بىلەنلا چىرمىلىپ قېلىش — مەغلۇبىيەت يولى.

بىرىنچى جەڭدە غەلىبە قازىنىش كېرەك؛ پۈتۈن جەنيىي پىلانغا

ئېتىۋار بېرىش كېرەك؛ كېيىنكى جەڭلەردە باسقۇچنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك — بۇلار قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاشتا، يەنى بىرىنچى جەڭنى قىلىشتا ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدىغان ئۈچ پرىنسىپ.

## 6 ـ بۆلۈم ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش مەسىلىسى

ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش قارىماققا ئاسان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش خېلى تەس. ئازنى كۆپ بىلەن يېڭىشنىڭ ئەڭ ئوبدان چارە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق قىلالمايدۇ، ئەكسىچە، كۆپ ۋاقىتتا ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈۋېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى يېتەكچىدە جەڭلەرلەرگە مىگە بولماي، ئۇنىڭ مۇرەككەپ شارائىتتا قايمۇقۇپ قالغانلىقىدىن، شارائىتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، تەشەببۇسكارلىق قابىلىيىتىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرۈش يولىنى تۇتقانلىقىدىندۇر.

مەيلى قانداق مۇرەككەپ، ئېغىر ۋە مۇشكۈل شارائىتتا تۇرغاندا بولسۇن، ھەربىي يېتەكچىگە ھەممىدىن ئاۋال لازىم بولىدىغىنى — ئۆز كۈچىنى مۇستەقىل ـ ئۆزىچە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش. دۈشمەننىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن بىيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، مۇھىمى، جۇدۇڭ ئورۇننى تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئورۇننى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەندە، كېيىنكى قەدەم مەغلۇبىيەت بولىدۇ.

جۇدۇڭ ئورۇن خىيالىي ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ماددى بولىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى — جانلىق كۈچكە ئىگە بولغان ئەڭ زور ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىش ۋە توپلاش.

مۇداپىئە ئۇرۇشى ئەسلىدە ئاسانلا بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان ئۇرۇش، مۇداپىئە ئۇرۇشى جۇدۇڭلۇقنى ھۇجۇم ئۇرۇشىدەك تولۇق جارى قىلالمايدۇ. لېكىن مۇداپىئە ئۇرۇشى بېيدۇڭلۇق شەكىل ئىچىدە جۇدۇڭلۇق مەزمۇنغا ئىگە بولالايدۇ، شەكىل جەھەتتىكى بېيدۇڭلۇق باسقۇچىدىن شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى جۇدۇڭلۇق باسقۇچىغا ئۆتەلەيدۇ. پۈتۈنلەي پىلانلىق بولغان جەڭلۈپلۈك چېكىنىش شەكىل جەھەتتە مەجبۇرىيەت ئاستىدا مەيدانغا كېلىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە ئەسكىرىي كۈچنى ساقلاپ قېلىش، پەيتى كەلگەندە دۈشمەننى تار-مار قىلىش، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرى كىرگۈزۈش، قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چېكىنىشنى خالىماستىن، ئالدىراپ-تېنەپ جەڭگە كىرىش (مەسىلەن، شياۋشى جېڭىدىكىگە ئوخشاش)، قارىماققا جۇدۇڭلۇقنى قولغا ئېلىشقا تىرىشقاندەك كورۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بېيدۇڭلۇق. جەڭلۈپلۈك قايتۇرما ھۇجۇم بولسا، يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىلا جۇدۇڭلۇق بولۇپ قالماستىن، شەكىل جەھەتتىمۇ چېكىنىش ۋاقتىدىكى بېيدۇڭلۇق ھالىتىدىن قۇتۇلۇش بولىدۇ. دۈشمەن ئارمىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايتۇرما ھۇجۇم ئارمىيىمىزنىڭ ئۇنى جۇدۇڭلۇقتىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بېيدۇڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈشكە تىرىشقانلىقى بولىدۇ.

بۇ مەقسەتكە تولۇق يېتىش ئۈچۈن، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش، يۈندۇڭجەن، تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى ۋە يوقىتىش ئۇرۇشى — ھەممىسى زورۇر شەرتلەر. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش بولسا، بىرىنچى ۋە ئاساسىي شەرت.

ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش شۇنىڭ ئۈچۈن زورۇركى، ئۇ دۈشمەن

بىلەن بىزنىڭ ئۇتتۇرىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىرىنچى، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئوتمۇشتە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ، بىز چېكىندۇق، ئەمدى ئۆزىمىز ئىلگىرىلەپ، دۈشمەنني چېكىندۈرۈش مەقسىدىگە يېتىشكە ئىنتىلىۋاتىمىز. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ بىر جەڭدىلا غەلىبە قازانساق، بۇ مەقسەتكە شۇ جەڭدىلا ئېرىشكەن بولىمىز، شۇنىڭدەك پۈتۈن جەنىگىمۇ تەسىر كورسىتىمىز.

ئىككىنچى، ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كورۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چېكىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا قەدەر چېكىنىپ بېرىش مۇداپىئە ئۇرۇشىدا ئاساسەن پاسسىپ باسقۇچقا، يەنى «مۇداپىئە» باسقۇچىغا كىرىدۇ. قايتۇرما ھۇجۇم بولسا، ئاكتىپ باسقۇچقا، يەنى «ھۇجۇم» باسقۇچىغا كىرىدۇ. گەرچە پۈتۈن جەنلۈپ-لۈك مۇداپىئە داۋامىدا ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىمىز مۇداپىئە خاراكتېرىدىن ئاجرالمىسىمۇ، لېكىن قايتۇرما ھۇجۇم چېكىنىشكە قارىغاندا، يالغۇز شەكىل جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش ياسىغان تەرسە بولىدۇ. قايتۇرما ھۇجۇم جەنلۈپلۈك مۇداپىئە بىلەن جەنلۈپلۈك ھۇجۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئوتكۈنچى نەرسە بولۇپ، جەنلۈپ-لۈك ھۇجۇم ھارپىسى خاراكتېرىدا بولغان بولىدۇ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈندۇر.

ئۈچىنچى، ئىچكى ۋە تاشقى سەپ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. جەنلۈپ جەھەتتىن ئىچكى سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئارمىيە، بولۇپمۇ «قورشاپ يوقىتىش»قا دۈچ كېلىپ تۇرغان قىزىل ئارمىيە نۇرغۇن ئوكۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن جەنىي ياكى جەڭلەردە ئۇنى ئۆزگەرتىشىمىز مۇمكىن ۋە تامامەن تېگىشلىك.

دۇشمەن ئارمىيىسى بىزنىڭ ئارمىيىمىزگە قارىتا ئىلىپ بارغان چوڭ «قورشاپ يوقىتىش»نى ئارمىيىمىزنىڭ دۇشمەن ئارمىيىسىگە قاراتقان ئۇرغۇن ئايرىم - ئايرىم كىچىك قورشاپ يوقىتىشلىرىغا ئۆزگەرتىش كېرەك. دۇشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىزنىڭ ئارمىيىمىزگە قاراتقان جەنلۈۋى جەھەتتىن بولۇنۇپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بېرىشىنى ئارمىيىمىزنىڭ دۇشمەن ئارمىيىسىگە قاراتقان جەنيى ۋە جەڭ جەھەتتىن بولۇنۇپ ئىلگىرىلەپ، بىرلىشىپ زەربە بېرىشكە ئۆزگەرتىش كېرەك. دۇشمەن ئارمىيىسىنىڭ بىزنىڭ ئارمىيىمىزگە نىسبەتەن جەنلۈۋى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈگىنى ئارمىيىمىزنىڭ دۇشمەن ئارمىيەسىگە نىسبەتەن جەنيى ياكى جەڭ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈگىگە ئۆزگەرتىش كېرەك. جەنلۈۋى جەھەتتىن كۈچلۈكلۈك ئورۇندا تۇرغان دۇشمەن ئارمىيىسىنى جەنيى ياكى جەڭ جەھەتتىن ئاجىزلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىمىزنىڭ جەنلۈۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىق ئورنىمىزنى جەنيى ياكى جەڭ جەھەتتىكى كۈچلۈكلۈك ئورنىغا ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇلار ئىچكى سەپ ئۇرۇشى ئىچىدىكى تاشقى سەپ ئۇرۇشى، «قورشاپ يوقىتىش» ئىچىدىكى قورشاپ يوقىتىش، قامال ئىچىدىكى قامال، مۇداپىئە ئىچىدىكى ھۇجۇم، توۋەنلىك ئىچىدىكى ئۈستۈنلۈك، ئاجىزلىق ئىچىدىكى كۈچلۈكلۈك، پايدىسىزلىق ئىچىدىكى پايدىلىقلىق، بېيدۇڭلۇق ئىچىدىكى جۇدۇڭلۇق دىمەكتۇر. جەنلۈۋىلۈك مۇداپىئەدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسى جەھەتتىن ئەسكىرى كۈچنى توپلاشتىن ئىبارەت بىر يۇرۇشكە باغلىق.

جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا بۇ مەسىلە، كۆپىنچە، مۇھىم تالاش - تارتىشلىق مەسىلە بولدى. 1930 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى جىئەن جەنىيىسىدە ئەسكىرى كۈچ تولۇق

توپلىنىپ بولالماي تۇرۇۋېلىپ ئىلگىرىلىگەن ۋە ھۇجۇم قىلغان ئىدۇق، بەختكە يارىشا، دۈشمەن (دېڭ يېڭ شىسى) ئۆزى قېچىپ كەتتى، بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنىڭ ئۆزى نەتىجە بەرمىدى.

1932 ـ يىلدىن باشلاپ، «پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈش» دېگەن شۇئار پەيدا بولۇپ، گېنجۇيدىنىڭ توت تەرىپىدىن — شەرق، غەرپ، جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلىرىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەلەپ قىلىندى. بۇ يالغۇز جەڭلۈبىلۇك مۇداپىئە ۋاقتىدىلا ناتوغرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەڭلۈبىلۇك ھۇجۇم ۋاقتىدىمۇ ناتوغرى. دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىغان ۋاقتىدا، مەيلى جەڭلۈپ ياكى جەڭنىڭ ئۇدا بولسۇن، مۇداپىئە ۋە ھۇجۇمدىن، ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە تۈپۈقسىز ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولىدۇ، «پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈش» دېگەن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈش شۇئارى — ھەربىي تەۋەككۈلچىلىككە ئەگىشىپ كەلگەن ھەربىي تەڭ تەقسىماتچىلىق.

ھەربىي تەڭ تەقسىماتچىلار 1933 ـ يىلغا كەلگەندە، «ئىككى مۇشت بىلەن ئۇرۇش» دېگەن سوزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى ئىككىگە بولۇۋەتتى، ئىككى جەڭلۈبلۇك يونىلىشتە بىر ۋاقىتتا غەلىبە قازىنىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر مۇشتى ئىشقا سېلىنماي قالدى، يەنە بىر مۇشتى سوقۇشۇپ ناھايىتى هاردى، بەلكى شۇ چاغدا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەڭ زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلمىدى. مېنىڭ پىكرىمچە، كۈچلۈك دۈشمەن ئارمىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، ئۆزىمىزدە مەيلى قانچىلىك ئارمىيە بولسۇن، بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى ئىشقا سېلىشنىڭ ئاساسىي

يونۇلۇشى ئىككى بولماستىن، پەقەت بىر بولۇشى كېرەك. مەن ئۇرۇش قىلىش يونۇلۇشىنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئوشۇق بولۇشىغا قارشى ئەمەسمەن، لېكىن ئاساسىي يونۇلۇش بىر ۋاقىت ئىچىدە پەقەت بىرلا بولۇشى كېرەك. جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئاجىزلىق قىياپىتى بىلەن ئىچكى ئۇرۇش مەيدانىغا چىقتى، ئۇنىڭ كۈچلۈك دۈشمەننى ئۈستى-ئۈستىگە مەغلۇپ قىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۇرۇش نەتىجىلىرى، كۆپۈنچە، ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئىشلەتكەنلىكىدىن بولدى. مەيلى قانداق بىر ئۇرۇشتا قازانغان زور غەلىبىمىز بولسۇن، بۇنى ئىسپاتلايدۇ. «بىرنى ئونغا قارشى قويۇش، ئوننى يۈزگە قارشى قويۇش» جەنلۈېلۈك ئىبارە بولۇپ، پۈتۈن ئۇرۇشقا، دۈشمەن بىلەن ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا قارىتىپ ئېيتىلغان؛ بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىز، ھەقىقەتەن، شۇنداق قىلدۇق. لېكىن بۇ جەنىيى ۋە جەنشۇغا قارىتىپ ئېيتىلغان ئەمەس؛ بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىز ھەرگىز ئۇنداق قىلماسلىقىمىز كېرەك. مەيلى قايتۇرما ھۇجۇم ياكى ھۇجۇمدا بولسۇن، بىز ھەر قاچان زور كۈچ توپلاپ، دۈشمەننىڭ بىر قىسمىغا ھۇجۇم قىلىمىز. 1931-يىل 1-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسى نىڭدۇ ناھىيىسىنىڭ دۇڭشاۋ رايونىدا تەن داۋيۈەنگە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇشتا، 1931-يىل 8-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسى شىڭگو ناھىيىسىنىڭ گاۋشىڭشۈي رايونىدا 19-ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇشتا، 1932-يىل 7-ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى نەنشيۇڭ ناھىيىسىنىڭ شۈيكۇشۈي رايونىدا چېن جىتاڭغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇشتا، 1934-يىل 3-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسى لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ تۇەنسۇن رايونىدا چېن چېڭغا ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇشتا ئەسكىرىي كۈچنى توپلىمىغانلىقنىڭ زىيىنىنى تارتتۇق. شۈيكۇشۈي ۋە

تۈەنسۈندىكىگە ئوخشاش ئۇرۇشلارنى ئەسلىدە ئومۇمەن غەلىبە قازانغان ئۇرۇش دەپ ھېساپلىغىلى، بەلكى زور غەلىبە قازانغان ئۇرۇش دەپمۇ ھېساپلىغىلى بولاتتى (ئالدىنقىسىدا چىيەن جىناڭنىڭ 20 تۈەنتى، كېيىنكىسىدە چىيەن چىڭنىڭ 12 تۈەنى تار ـ مار قىلىنغان ئىدى)، لېكىن بىز بۇنداق غەلىبە قازانغان ئۇرۇشنى ھېچقاچان ئالقىشلىغان ئەمەس، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ھەتتا ئۇنى مەغلۇپ بولغان ئۇرۇش دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى غەنىمەت ئېلىنمىسا ياكى ئېلىنغان غەنىمەت چىقىمدىن ئېشىپ چۈشمىسە، بىزنىڭچە، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى ئاز بولغان بولىدۇ. بىزنىڭ جەنلۇيېمىز ـــ «بىرنى ئونغا قارشى قويۇش»، بىزنىڭ جەنشۇيىمىز ـــ «ئوننى بىرگە قارشى قويۇش»، بۇ ـــ بىزنىڭ دۈشمەننى يېڭىشىمىزنىڭ تۈپ قانۇنلىرىدىن بىرى.

ھەربى تەڭ تەقسىماتچىلىق 1934 ـ يىلى بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان ۋاقىتقا كەلگەندە، راۋاجلىنىپ ئەڭ چېكىگە يەتتى. «ئەسكىرىي كۈچنى ئالتە يونۇلۇشكە بولۇش»، «پۈتۈن سەپ بويىچە قارشىلىق كۆرسىتىش» بىلەن دۈشمەننى يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ قارالغان ئىدى، نەتىجىدە دۈشمەن يەڭدى، بۇنىڭ سەۋەبى يەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورققانلىق بولىدى. ئاساسىي كۈچنى بىر يونۇلۇشكە توپلاپ، باشقا يونۇلۇشلەردە ئىسكەنجىگە ئالىدىغان كۈچلەرنى قالدۇرغاندا، تەبىي، يەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ ـــ ۋاقىتلىق، قىسمەن قولدىن بېرىپ قويۇش، بۇنىڭ بەدىلىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش يونۇلۇشىدە غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ. تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش يونۇلۇشىدە غەلىبە قازانغاندا، ئىسكەنجىگە ئېلىش يونۇلۇشىدىكى

قولدىن بېرىپ قويغانلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دۈشمەننىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لىرىنىڭ ھەممىسىدە بىز يەرلىرىمىزنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، بولۇپمۇ دۈشمەن ئېلىپ بارغان ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» ۋاقتىدا جياڭشىدىكى قىزىل ئارمىيە گېنجۈيدىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قولدىن بېرىپ قويدۇق، لېكىن نەتىجىدە يەرلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە كېڭەيتتۇق.

گېنجۈيدىلەردىكى خەلقنىڭ كۈچىنى كۆرمىگەنلىكتىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ گېنجۈيدىلەردىن يىراققا كېتىشتىن قورقۇشتەك خاتا روھىي ھالەت دائىم پەيدا بولۇپ تۇردى. بۇنداق روھىي ھالەت 1932-يىلى جياڭشىدىكى قىزىل ئارمىيە يىراققا يۈرۈش قىلىپ، فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى جاڭجۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، 1933-يىلى تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە بۇرۇلۇپ فۇجيەن ئۆلكىسىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا پەيدا بولغان ئىدى. ئالدىنقىسىدا پۈتۈن گېنجۈيدىنىڭ بېسىۋېلىنىشىدىن، كېيىنكىسىدە گېنجۈيدىنىڭ بىر قىسمىنىڭ بېسىۋېلىنىشىدىن قورقۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى توپلاشقا قارشى تۇرۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈپ، گېنجۈيدىنى ساقلاپ قېلىش تەشەببۇس قىلىندى، نەتىجىدە ھەر ئىككىلىسىنىڭ ناتوغرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. دۈشمەننىڭ قارىشىچە، بىر تەرەپتىن، گېنجۈيدى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قورقۇنچ سالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق رايونغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن قىزىل ئارمىيە — ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاساسىي خەۋپلىك نەرسە. دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى ھامان ئاساسىي قىزىل ئارمىيە تۇرغان يەرگە

قارىتىلىدۇ، ئاساسىي قىزىل ئارمىيىنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت گېنجۇيدىلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ئىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قىزىل ئارمىيە مۇداپىەدە تۇرغان چاغدىمۇ دۇشمەننىڭ دىققەت-ئېتىۋارى يەنىلا قىزىل ئارمىيىگە مەركەزلىشىدۇ. گېنجۇيدىلەرنى تارايتىش پىلانى — دۇشمەننىڭ پۈتۈن پىلانىنىڭ بىر قىسمى؛ لېكىن قىزىل ئارمىيە ئاساسىي كۈچنى توپلاپ، دۇشمەننىڭ بىر يونۇلۇشتىكى كۈچنى يوقاتسا، دۇشمەن ئارمىيىسىنىڭ تۈگشۈەيبۇسى ئۆزىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ۋە ئەسكىرىي كۈچنى قىزىل ئارمىيىگە يەنىمۇ كۆپرەك قاراتماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇشمەننىڭ گېنجۇيدىلەرنى تارايتىش پىلانىنىمۇ بۇزغىلى بولىدۇ.

«قورغانچىلىق ئاساسىدىكى بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش» مەزگىلىدە بىز ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئۇرۇش قىلالمايمىز، پەقەت ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈپ مۇداپىە كورۇپ، قىسقا ۋاقىتلىق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنالايمىز» دېيىشمۇ توغرى ئەمەس. دۇشمەننىڭ 4 ـ 5 لى يەردە بىر ئىلگىرىلەيدىغان، 9 ـ 10 لى يەردە بىر سىلجىيدىغان قورغانچىلىق ئۇرۇش ئۇسۇلىنى پۈتۈنلەي قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدەممۇ قەدەم بىر مۇداپىە كورۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر ئارمىيىمىز ئىچكى سەپتە قەدەممۇ قەدەم بىر مۇداپىە كورىدىغان ئۇرۇش ئۇسۇلىدىن ۋازكەچسە، يەنە زۆرۈر ۋە ئىمكانىيەت بولغان چاغدا دۇشمەننىڭ ئىچكى سېپىگە ھۇجۇم قىلسا، ۋەزىيەت چوقۇم باشقىچە بولغان بولاتتى. ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش قانۇنى — دەل قورغانچىلىقنى يېڭىشنىڭ قورالى.

بىز قوۋۋەتلەيدىغان ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش خەلقنىڭ پارتىزان ئۇرۇشىدىن ۋازكېچىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. لىسەن لۇشيەنى

كىچىك كولەملىك پارتىزان ئۇرۇشلىرىدىن ۋازكېچىپ، «بىر تال مىلتىق بولسىمۇ قىزىل ئارمىيىگە توپلاش»نى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى، بۇنىڭ توغرى ئەمەسلىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى. پۈتۈن ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش نۇقتەئى نەزىرىدىن قارىغاندا، خەلقنىڭ پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن ئاساسىي قىزىل ئارمىيە بىر ـ بىرىگە سول ۋە ئوڭ قول بولىدۇ، ئاساسىي قىزىل ئارمىيىلا بولۇپ، خەلقنىڭ پارتىزان ئۇرۇشى بولمىسا، ئۇ بىر قوللۇق جىياڭجۇنگە ئوخشاپ قالىدۇ. گېنجۇيدىلەردە بولىدىغان خەلق شەرتى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئۇرۇش قىلىشقا قارىتا ئېيتقاندا، قوراللانغان خەلقنىڭ بولغانلىقىدۇر. دۈشمەننىڭ قورقۇنچلۇق دەپ قارىغىنىمۇ ئاساسەن ئىدتە شۇ.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەممىسىنىلا توپلىۋالماستىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش قىلىش يونىلىشلىرىگە جايلاشتۇرۇشىمۇ زۆرۈر. بىز قۇۋۋەتلەيدىغان ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇتلەق ياكى نىسبىي ئۈستۈنلۈككە كاپالەت بېرىش پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان. كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ياكى مۇھىم بولغان جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلغاندا، مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى ئىشلىتىش كېرەك؛ مەسىلەن، 1930 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى قىلىنغان بىرىنچى جەڭدە 40 مىڭ كىشىنى توپلاپ، جاڭ خۇيزەننىڭ 9 مىڭ كىشىسىگە ھۇجۇم قىلغانغا ئوخشاش. ئاجىز دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ياكى ئانچە مۇھىم بولمىغان جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلغاندا، نىسبىي ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى سالسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ؛ مەسىلەن، 1931 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى قىلىنغان ئەڭ

ئاخىرقى بىر جەڭدە، جىيەننىڭگە بېرىپ 7 مىڭ كىشىلىك لىۋ خېيدىڭ شىسىغا ھۇجۇم قىلغاندا، قىزىل ئارمىيىنىڭ پەقەت 10 مىڭدىن ئوشۇقراق ئادەم ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش.

بۇ، ھەر قېتىمدا ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بولۇشى لازىم، دىگەنلىكمۇ ئەمەس. مەلۇم ئەھۋالدا، نىسبى تۆۋەن ياكى مۇتلەق تۆۋەن ئەسكىرىي كۈچ بىلەنمۇ جەڭ مەيدانىغا چىقىشقا بولىدۇ. نىسبى تۆۋەنلىكتە تۇرغاندا، مەسىلەن، مەلۇم بىر رايوندا قىزىل ئارمىيىنىڭ پەقەت ئانچە زور بولمىغان بىر قىسمى بولسا (ئەسكەر بار تۇرۇپ، توپلىمىغانلىق ئەمەس)، ئۈستۈنلۈككە ئىگە مەلۇم بىر دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى تار-مار قىلىش ئۈچۈن، خەلق، يەر شارائىتى ياكى ھاۋا رايىغا ئوخشاش شەرتلەر بىزگە زور ياردەم بەرگەندە، دۈشمەننى ئۇدۇلىدىن ۋە بىر قانىتىدىن پارتىزان دۈيى بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ كىچىك قىسمى بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىشى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، دۈشمەننىڭ يەنە بىر قانىتىنىڭ بىر قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشمۇ ئەلۋەتتە زورۇر، بەلكى بۇنىڭدا غەلىبە قازىنالايدۇ. بىز دۈشمەننىڭ بىر قانىتىنىڭ بىر قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان چېغىمىزدا، ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا يەنىلا تۆۋەن كۈچكە ئۈستۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇش، ئازنى كۆپ بىلەن يېڭىش پىرىنسىپىنى قوللىنىش مۇۋاپىق. مۇتلەق تۆۋەن بولغاندا، مەسىلەن، پارتىزان دۈيى ئاق ئارمىيىنىڭ زور قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، پەقەت دۈشمەننىڭ بىرئاز قىسمىغىلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پىرىنسىپنى قوللىنىش مۇۋاپىق.

زور قوشۇننى بىر جەڭ مەيدانىغا توپلاپ ئۇرۇش قىلىش يەر

شارائىتى، يول، تەمىنات، تۇرىدىغان ئورۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار-نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، دىگەن سوزگىمۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ پەرقلىق قاراش كىرەك. بۇ چەكلىمىلەر قىزىل ئارمىيە ۋە ئاق ئارمىيە ئۇچۇن دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىق بولىدۇ، چۇنكى قىزىل ئارمىيە ئاق ئارمىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بىرەلەيدۇ.

بىز كوپنى ئاز بىلەن يېڭىمىز — پۇتۇن جۇڭگو ھوكۇمرانلىرىغا ئەنە شۇنداق دەيمىز. شۇنداقلا ئازنى كوپ بىلەن يېڭىمىز — جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسمەنلىكتىكى دۇشمەنلەرگە ئەنە شۇنداق دەيمىز. بۇ ئىش ئەمدى ھېچقانداق مەخپىيەت ئەمەس، دۇشمەن ئۇمۇمەن بىزنىڭ مىجەزىمىزنى ئوبدان بىلىپ قالدى. لېكىن دۇشمەن بىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىمىزنى توسالمايدۇ، ئوزلىرى-نىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىنمۇ ساقلىنالمايدۇ، چۇنكى بىزنىڭ قايسى ۋاقىتتا ۋە قايسى جايدا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىغىمىزنى ئۇلار بىلمەي-دۇ. بۇنىڭدا بىز مەخپىيەتلىكنى ساقلايمىز. قىزىل ئارمىيىنىڭ جەڭلىرى، ئۇمۇمەن، ئاجايىپ ھۇجۇمدىن ئىبارەت.

## 7- بولۇم يۇندۇگچەن

يۇندۇگچەنمۇ ياكى جىيندىجەنمۇ؟ بىزنىڭ جاۋاۋىمىز: يۇندۇگ-چەن. كەڭ ئەسكىرىي كۇچ بولمىغان، تولۇقلاپ تۇرۇشقا ئوق-دورا بولمىغان، ھەر بىر گېنجۇيدىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بار-يوقى بىرلا قىزىل ئارمىيە بولغان شارائىتتا جىيندىجەن بىز ئۇچۇن ئاساسى جەھەتتىن ھاجەتسىز. جىيندىجەن بىز ئۇچۇن پەقەت مۇداپىيە ۋاقتىدىلا تۇيۇقسىز قوللىنىشقا بولماي قالماستىن، ھەتتا ھۇجۇم ۋاقتىدىمۇ

قولىنىشقا بولمايدۇ.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىدا دۈشمەنىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ئاجىز بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان كوزگە كورۇنەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى — مۇقىم ئۇرۇش سېپىنىڭ بولمىغانلىقى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش سېپى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش يونىلىشىگە بويسۇنىدۇ. ئۇرۇش يونىلىشىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى ئۇرۇش سېپىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىغا تەسىر كورسىتىدۇ. چوڭ يونىلىش بىر مەزگىل ئىچىدە ئوزگەرمەسمۇ، لېكىن چوڭ يونىلىش ئىچىدىكى كىچىك يونىلىشلەر ھەر ۋاقىت ئوزگىرىپ تۇرىدۇ، بىر يونىلىش چەكلىمىگە ئۇچراپ قالسا، يەنە بىر يونىلىشكە ئوتۇشكە توغرى كېلىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن چوڭ يونىلىشمۇ چەكلىمىگە ئۇچراپ قالسا، ھەتتا بۇ چوڭ يونىلىشنىمۇ ئوزگەرتىشكە توغرى كېلىدۇ.

ئىنقىلاۋىي ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە ئۇرۇش سېپىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بولۇپ ئوتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ بىزنىڭ ئارمىيىمىزدىن پەرقلىندىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇش سېپىنىڭ مۇقىمسىزلىق دەرىجىسى بىزنىڭكىدەك كۈچلۈك بولمىغان. بارلىق ئۇرۇشلاردىمۇ مۇتلەق مۇقىم ئۇرۇش سېپىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يېڭىش ۋە يېڭىلىش، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتىكى ئوزگىرىشلەر بۇنداق بولۇشقا يول قويمايدۇ. لېكىن نىسبى مۇقىم بولغان ئۇرۇش سېپى، كوپىنچە، ئادەتتىكى ئۇرۇشلاردا ئۇچراپ تۇرىدۇ. پەقەت دۈشمەن بىلەن ئوزىنىڭ كۈچلۈكلۈك ـ ئاجىزلىق پەرقى ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭكىدەك بولغان ئارمىيىدىلا بۇنداق ئەھۋال

كورۇلمەيدۇ.

ئۇرۇش سېپىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى گېنجۇيدى تېرىتورىيىسىنىڭ مۇقىم بولماسلىقىغا سەۋەپ بولىدۇ. بەزىدە چوڭىيىش، بەزىدە كىچىكلەش، بەزىدە تارىيىش، بەزىدە كېڭىيىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە بارلىققا كەلسە، ئۇ يەردە قولدىن كېتىشمۇ دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تېرىتورىيىنىڭ مۇنداق تۇراقسىزلىقى پۈتۈنلەي ئۇرۇشنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇرۇش ۋە تېرىتورىيىنىڭ تۇراقسىزلىقى گېنجۇيدىلەردىكى تۇرلۇك قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىدىمۇ تۇراقسىزلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بىرقانچە يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پىلاندا ئۆزگىرىشنىڭ كوپ بولۇپ تۇرۇشى — بىزدە ئادەتتىكى ئىش.

بۇنداق خۇسۇسىيەتنى ئېتىراپ قىلىش بىز ئۇچۇن پايدىلىق. مۇشۇ خۇسۇسىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، كۈندىلىك ئىشلىرىمىزنى بەلگىلىشىمىز، ئىلگىرىلەشلا بولۇپ چېكىنىش بولمايدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا خام خىيال قىلماسلىقىمىز، تېرىتورىيىنىڭ ۋە ھەربى ئارقا سەپنىڭ ۋاقىتلىق تۇراقسىزلىقىدىن چوچۇپ كەتمەسلىكىمىز، ئۇزاق مۇددەتلىك كونكرېت پىلان تۈزۈشكە ئۇرۇنماسلىقىمىز لازىم. ئىدىيىمىزنى، خىزمىتىمىزنى ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئولتۇرۇشقا تەييارلىنىشىمىز ھەم يول يۈرۈشكە تەييارلىنىشىمىز، ئوزۇق - تۈلۈك خالتىمىزنى تاشلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. پەقەت ھازىرقى تۇراقسىز تۇرمۇشتا تىرىشقاندىلا، كەلگۈسىدىكى بىرقەدەر تۇراقلىقلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئۇزۇل - كېسىل تۇراقلىقلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە

ھوكۇم سۈرگەن «مۇنتىزىم ئۇرۇش» دېگەن جەنلۇپ قاگجېنى بۇنداق تۇراقسىزلىقنى ئىنكار قىلدى، «پارتىزانچىلىق» دېگەنگە قارشى تۇردى. تۇراقسىزلىققا قارشى تۇرغان يولداشلار ئۆزلىرىنى چوڭ بىر دولەتنىڭ ھوكۇمرانلىرى قىياپىتىدە كورسىتىپ ئىش ئېلىپ بارماقچى بولدى، نەتىجىدە ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ تۇراقسىزلىققا — 25 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپەرگە ئېرىشتى.

بىزنىڭ ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىمىز — بىر دولەت، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە تېخى تولۇق بولمىغان بىر دولەت، بۈگۈنكى كۈندە بىز تېخى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ جەنلۇبلۇك مۇداپىيە مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز، بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىز تولۇق بىر دولەت شەكلىگە يېتىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق، ئارمىيىمىزنىڭ سانى ۋە تېخنىكىسى دۈشمەننىڭكىدىن تېخى ناھايىتى توۋەن، بىزنىڭ تېرىتورىيىمىز تېخى ناھايىتى كىچىك، بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇت بىزنى يوقىتىپ يۇخادىن چىقماقچى بولىدۇ. بىز قاگجېنىمىزنى مۇشۇ ئاساستا بەلگىلەيمىز، پارتىزانچىلىققا ئومۇمى تۇردە قارشى تۇرماستىن، بەلكى قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزانلىق خاراكتېرىنى سەمىمى تۇردە ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ يەردە نومۇس قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەكسىچە، پارتىزانلىق خاراكتېر دەل بىزنىڭ خۇسۇسىيىتىمىز، دەل بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز، دەل بىزنىڭ دۈشمەننى يېڭىدىغان قۇرالىمىز. بىز پارتىزانلىق خاراكتېردىن ۋازكېچىشكە تەييارلىنىشىمىز كېرەك، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە تېخى ۋازكېچەلمەيمىز. پارتىزانلىق خاراكتېر كەلگۈسىدە چوقۇم نومۇس قىلىدىغان ھەم ۋازكېچىشكە تېگىشلىك نەرسە بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بولسا، قىممەتلىك ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا

تېگىشلىك نەرسە.

«يەڭگىلى بولسا ھۇجۇم قىلىش، يەڭگىلى بولمىسا كېتىش»، بۇ — بۈگۈنكى يۇندۇڭجەنىمىزنىڭ ئاممىباپ ئىزاھى. يەر يۈزىدە ھۇجۇم قىلىشنىلا ئېتىراپ قىلىپ، كېتىشنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ھەربى مۇتەخەسسىسمۇ يوق، لېكىن ئۇلار ئېتىراپ قىلغان كېتىش بىزنىڭكىدەك قالتىس كېتىش ئەمەس، خالاس. بىزدە يول ماڭغان ۋاقىت ئادەتتە ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتىن كوپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر ئايدا بىر چوڭ ئۇرۇش قىلىنسا، ياخشى بولغىنى. بارلىق «كېتىش» لەر «ھۇجۇم قىلىش» ئۈچۈن، بىزنىڭ بارلىق جەنلۇۋې ۋە جەنيى فاڭجېنلىرىمىز «ھۇجۇم قىلىش»تىن ئىبارەت توپ نۇقتا ئۈستىگە قۇرۇلغان. لېكىن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھۇجۇم قىلىشقا تەس بولىدىغان بىرقانچە خىل ئەھۋال بار: بىرىنچى، قارشىمىزدىكى دۈشمەن كوپ بولسا، ھۇجۇم قىلىش تەس بولىدۇ؛ ئىككىنچى، قارشىمىزدىكى دۈشمەن كوپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خوشنا قىسىملىرى بىلەن ناھايىتى يېقىن تۇتۇشۇپ تۇرغان بولسا، بۇنىڭدىمۇ بەزىدە ھۇجۇم قىلىش تەس بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تايانچىسىز بولمىغان ۋە ناھايىتى مۇستەھكەم جېندىنى ئىگىلەپ تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش تەس بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ھۇجۇم قىلىپ جەڭنى ھەل قىلغىلى بولمىغان چاغدا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش تەس بولىدۇ. يۇقۇرىدىكىدەك ۋاقىتلاردا بىز كېتىشكە تەييارلىنىمىز. مۇنداق كېتىشلەرگە يول قويۇلىدۇ ۋە مۇنداق كېتىشلەر زورۇر. چۈنكى بىزنىڭ زورۇر بولغان كېتىشنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئالدى بىلەن، زورۇر بولغان ھۇجۇمنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدا بولىدۇ. قىزىل ئارمىيە يۇندۇڭجەنىنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ يەردە.

ئاساسەن يۆندۆگچەن قىلىش دىگەنلىك زورۇر ۋە ئىمكانىيىتى بولغان جېندىجەنىي رەت قىلغانلىق ئەمەس. جەنلۆېلۆك مۇداپىئە ۋاقتىدا بىز ئىسكەنجىگە ئالغان تەرەپتىكى بەزى جۈدىيەنلىرىمىزنى مەھكەم ساقلاشتىمۇ، جەنلۆېلۆك ھۇجۇم ۋاقتىدا ياردەمچىسىز قالغان يەككە دۆشمەنگە دۇچ كەلگەندىمۇ جېندىجەنىي قوللىنىپ تاقابىل تۇرۇشنى ئىبتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئوتمۇشتە مۇشۇنداق جېندىجەنىي قوللىنىپ، دۆشمەننى يېڭىشتە ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىمىز ئاز بولمىدى: نۇرغۇن شەھەرلەر، قورغانلار ۋە قورۇللارغا بېسىپ كىردۇق، دۆشمەننىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى دالا ئۇرۇش جېندىلىرىنى بۇزۇپ ئوتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى-مىزنى ئاشۇرۇپ، ئاجىزلىقىمىزنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. بىز ئەھۋال تەلەپ قىلغان، بەلكى يول قويغان ئەنە شۇنداق جېندى ھۇجۇمنى ۋە جېندى مۇداپىئەسىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز پۈتۈنلەي لازىم. بىز پەقەت بۈگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى جېندىجەنىي قوللىنىش ياكى جېندىجەنىي يۆندۆگچەن بىلەن تەڭ كۆرۈشكە قارشى تۇرىمىز، مانا مۇشۇلارغىلا يول قويغىلى بولمايدۇ.

قىزىل ئارمىيىنىڭ پارتىزانلىق خاراكتېرى، مۇقىم ئۇرۇش سېپىنىڭ بولمىغانلىقى، گېنجۈيدىلەرنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە گېنجۈيدىلەردىكى قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ تۇراقسىزلىقىدا 10 يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا بىرئازمۇ ئوزگىرىش بولمىدىمۇ؟ ئوزگىرىش بولدى. جىڭگاڭشەن مەزگىلىدىن تارتىپ جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىق بىرىنچى باسقۇچ بولدى، بۇ باس-قۇچتا پارتىزانلىق خاراكتېر ۋە تۇراقسىزلىق ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، قىزىل ئارمىيە تېخى گودەكلىك دەۋرىدە تۇراتتى، گېنجۈيدىلەر

تېخى پارتىزان رايونلىرى ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ ئۇچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىق ئىككىنچى باسقۇچ بولدى، بۇ باسقۇچتا پارتىزانلىق خاراكتېر ۋە تۇراقسىزلىق كوپ ئازايدى، فاكمىيەنجۇن قۇرۇلدى، بىرنەچچە مىليون ئاھالىنى ئوز ئىچىگە ئالغان گېنجۇيدى ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشتىن كېيىنكى ۋاقىتتىن تارتىپ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىق ئۇچىنچى باسقۇچ بولدى، پارتىزانلىق خاراكتېر ۋە تۇراقسىزلىق تېخىمۇ ئازايدى. مەركىزىي ھوكۇمەت ۋە ئىنقىلاۋىي ھەربى ۋېيۋەنخۇي قۇرۇلدى. ئۇزۇن سەپەر توتىنچى باسقۇچ بولدى. كىچىك پارتىزانلىق ۋە كىچىك تۇراقسىزلىق خاتا ھالدا ئىنكار قىلىنغانلىقتىن، چوڭ پارتىزانلىق ۋە چوڭ تۇراقسىزلىق كېلىپ چىقتى. ھازىر بولسا، بەشىنچى باسقۇچ. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى يېڭەلمىگەنلىكىمىزدىن ۋە چوڭ تۇراقسىزلىق بولغانلىقتىن، قىزىل ئارمىيە ۋە گېنجۇيدىلەر زور دەرىجىدە ئازايدى، شۇنداقتىمۇ يەنە شىبېيدە ئاياق بېسىپ تۇردۇق، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايون گېنجۇيدىسىنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۇچى بولغان 3 فاكمىيەنجۇنگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىنىدىغان بولدى، بۇ ئىش ئىلگىرى كورۇلۇپ باقمىغان.

جەنلۇپى خاراكتېرى بويىچە ئېيتقاندا، جىڭگاڭشەن مەزگىلىدىن تارتىپ توتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش مەزگىلىگىچە بولغان ئارىلىقنى بىرىنچى باسقۇچ، بەشىنچى قېتىملىق

«قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش مەزگىلىنى يەنە بىر باسقۇچ، ئۇزۇن سەپەردىن هازىرغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۈچىنچى باسقۇچ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا بەزى كىشىلەر ئىلگىرىدىن توغرى بولۇپ كەلگەن فاڭجېننى خاتا هالدا ئىنكار قىلغان ئىدى، بىز بولساق، بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلەرنىڭ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكى خاتا فاڭجېننى توغرى هالدا ئىنكار قىلىپ، ئىلگىرىكى توغرى فاڭجېننى تىرىلدۇردۇق. لېكىن بۇ بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكى هەممىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىلگىرىكى هەممىنى تىرىلدۇرگەنلىكمۇ ئەمەس. تىرىلدۇرگىنىمىز — ئىلگىرىكى ئېسىل نەرسىلەر، ئىنكار قىلغىنىمىز — بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدىكى خاتا نەرسىلەر.

پارتىزانچىلىقنىڭ ئىككى تەرىپى بار. بىر تەرىپى — مۇنتىزىمسىزلىق، يەنى مەركەزلەشمەسلىك، بىرلىككە كەلمەسلىك، ئىنتىزام قاتتىق بولماسلىق، خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي بولۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. بۇ نەرسىلەرنى قىزىل ئارمىيىنىڭ گودەكلىك دەۋرى ئېلىپ كەلگەن، بەزىلىرى شۇ چاغدا دەل لازىم ئىدى. لېكىن قىزىل ئارمىيىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەندە، ئۇلارنى پەيدىنپەي ۋە ئاڭلىق تۈردە چۆرۈپ تاشلاپ، قىزىل ئارمىيىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈش، تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش، تېخىمۇ ئىنتىزاملىق قىلىش، ئۇنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەنى تېخىمۇ مۇنتىزىملىققا ئىگە قىلىش كېرەك. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش جەھەتتىمۇ يۇقىرى باسقۇچتا زۆرۈر بولمايدىغان پارتىزانلىق

خاراكتېرىنى پەيدىن-پەي ۋە ئاڭلىق تۈردە كېمەيتىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئالغا بېسىشتىن باش تارتىپ، كونا باسقۇچتا قاتتىق تۇرۇۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، بۇ زىيانلىق، كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىشقا پايدىسىز.

يەنە بىر تەرىپى يۇندۇڭجەن فاڭجېندىن، جەنلۈې ۋە جەنيى دائىرىلىك ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھازىرمۇ ئېھتىياجلىق بولغان پارتىزانلىق خاراكتېرىدىن، گېنجۇيدىلەرنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تۇراقسىزلىغىدىن، گېنجۇيدىلەر قۇرۇلۇشى پىلانلىرىنىڭ جانلىق ئۆزگىرىشچانلىغىدىن، قىزىل ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مۇنتىزىملىشىشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە تارىخىي فاكتلارنى رەت قىلىش، لازىملىق نەرسىلەرنى ساقلاپ قېلىشقا قارشى تۇرۇش، ھازىرقى باسقۇچتىن يەڭگىللىك بىلەن چەتنەش، ئېرىشكىلى بولمايدىغان، ھازىر تېخى رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان «يېڭى باسقۇچ» دىگەن نەرسىگە قارغۇلارچە يۈگۈرۈشكىمۇ، ئوخشاشلا، يول قويۇلمايدۇ، بۇلار زىيانلىق، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا پايدىسىز.

بىز ھازىر قىزىل ئارمىيىنىڭ تېخنىكا ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى كىيىنكى يېڭى باسقۇچىنىڭ ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. يېڭى باسقۇچقا ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق تەييارلىقنى قىلماسلىق توغرى ئەمەس، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلار ئۈچۈن پايدىسىز. كەلگۈسىدە، قىزىل ئارمىيىنىڭ تېخنىكا ۋە تەشكىلىي شارائىتى ئۆزگەرگەندە، قىزىل ئارمىيە قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا كىرگەندە، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش يونۇلۇشى ۋە ئۇرۇش سېپىنىڭ بىرقەدەر مۇقىملىشىشى مەيدانغا كېلىدۇ؛ جېندىجەن كۆپىيىدۇ؛ ئۇرۇشنىڭ تۇراقسىزلىغى،

ئىرىستورىيىسىنىڭ ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تۇراقسىزلىقى زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ، ئاخىرى بىرىسپ يوقىلىدۇ؛ ھازىر بىزنى چەكلەپ تۇرغان نەرسىلەر، مەسىلەن، ئۈستۈنلۈككە ئىگە دۈشمەن ۋە ئۇ تۇتۇپ تۇرغان مۇستەھكەم جىندىلار بىزنى چەكلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىز ھازىر، بىر تەرەپتىن، «سول»چىل جىخۇيجۇيى ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى خاتا چارىلەرگە قارشى تۇرىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ كودەكلىك دەۋرىگە خاس بولغان، ھازىر لازىم بولمايدىغان بىرمۇنچە مۇنتىزىمسىزلىقلارنى تىرىلدۇرۇش-كىمۇ قارشى تۇرىمىز. لېكىن بىز قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەمىشە قوللىنىپ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىپ كەلگەن بىرمۇنچە قىممەتلىك ئارمىيە قۇرۇش پىرىنسىپى ۋە جەنلۇپ، جەنشۇ پىرىنسىپلىرىنى قەتئىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئېسىل نەرسىلەرنى يەكۈنلەپ، شىتۇكلۇق بولغان، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان، تېخىمۇ بېيىتىلگەن ھەربى لۇشيەنگە ئايلاندۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى كۈندە دۈشمەننى يېڭىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ۋە كەلگۈسىدە يېڭى باسقۇچقا ئۆتۈشكە تەييارلىنىشىمىز كېرەك.

يۇندۇگجەن ئېلىپ بېرىشتا مەسىلە ناھايىتى كوپ، مەسىلەن، چارلاش، ھوكۇم قىلىش، قەتئىي قارارغا كېلىش، جەڭنى ئورۇنلاش-تۇرۇش، قوماندانلىق قىلىش، يوشۇرۇنۇش، توپلاش، ئىلگىرىلەش، قانات يايدۇرۇش، ھۇجۇم قىلىش، قوغلاپ زەربە بېرىش، تۇيۇقسىز ھۇجۇم، جىندىلىك ھۇجۇم، جىندىلىك مۇداپىە، ئۇچرىشىش جېڭى، چېكىنىش، كېچىلىك جەڭ، ئالاھىدە جەڭ، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قىسىملىرىدىن ساقلىنىپ، ئاجىز قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىش، شەھەرنى قورشىۋېلىپ، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش، يالغان

ھۇجۇم، ھاۋا مۇداپىئەسى، بىرقانچە دۈشمەننىڭ ئارىلىقىدا ئۇرۇش، دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قىسىملىرىدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ، باشقا قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىش، ئۇدا جەڭ قىلىش، ئارقا سەپسىز جەڭ قىلىش، كۈچ-قۇۋۋەت توپلاشلارنىڭ زورۇرلىگى ۋە باشقىلار. بۇ مەسىلىلەر قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلىدى، بۇلار جەزمەن ئىلمىدە تەرتىپلىك بايان قىلىنىشى، يەكۈنلىنىشى كېرەك، مەن بۇ يەردە توختالمايمەن.

## 8-بۆلۈم تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى

جەڭلۈپلۈك ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بىلەن جەڭنىي ۋە جەڭ دائىرىلىك تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى — بۇلار بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى، بۇ — ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تەڭ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ئىككى پىرىنسىپى، بۇنى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇشتىمۇ قوللانغىلى بولىدۇ.

ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنىڭ پەيدىن-پەي ئۆسىدىغانلىقى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇ جەھەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، بۇ جەھەتتە «تېز ھەل قىلىش»نى تەشەببۇس قىلىش ناتوغرى. 10 يىل ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش قىلغانلىقىمىز باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن، بەلكىم، ھەيران قالارلىق ئىشتۇر، بىز ئۈچۈن بولسا، گويا باگۇ ماقالىسىنىڭ پەقەت مەۋزۇ ئېچىش، مەۋزۇنى شەرھلەش ۋە قىسقىچە مەزمۇنى[37] دېگەن قىسىملىرىلا يازغانلىق، ئۇنىڭ نۇرغۇن قىزىق قىسىملىرى تېخى ئالدىمىزدا. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى شەرت-شارائىتلارنىڭ تەسىرىدە، شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرىشتىكىگە قارىغاندا ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن

ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى خەلقارا ۋە ئىچكى شارائىتتا ئۆزگىرىش بولىدى، بەلكى تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئوتمۇشتىكىدەك ئاستا راۋاجلىنىدىغان يەككە ـ يېگانە ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالىدىن قۇتۇلدۇق دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئەتىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز، دەپ ئويلىماسلىق كېرەك. «ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتىپ، ئاندىن ناشتا قىلىش» روھى ياخشى، «ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتىپ، ئاندىن ناشتا قىلىش»نىڭ كونكرېت پىلانى ياخشى ئەمەس. چۈنكى جۇڭگودىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى نۇرغۇن جاھانگىرلار قوللايدۇ، ئىچكى ئىنقىلاۋىي كۈچلەر ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسى جېبھىلىرىنى بۇزۇپ ئوتەلىگىدەك دەرىجىدە توپلانمىغىچە، خەلقارا ئىنقىلاۋىي كۈچلەر خەلقارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كوپ قىسمىنى تار ـ مار قىلمىغىچە ۋە ئىسكەنجىگە ئالمىغىچە، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشىمىز يەنىلا ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن، بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىدىغان جەنلۇپىلۇك فاكجېنىمىز بەلگىلىنىدۇ، بۇ جەنلۇپىلۇك يېتەكچىلىكنىڭ مۇھىم فاكجېنلىرىدىن بىرى بولىدۇ.

جەنيى ۋە جەڭ پىرىنسىپلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇش ئەمەس، بەلكى تېز ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. جەنيى ۋە جەڭ جەھەتلىرىدە تېز ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامانىدىمۇ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىمۇ ئوخشاش بولۇپ كەلدى. ئۇرۇش مەسىلىسىدىمۇ قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە تېز ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلماسلىق كورۇلمىدى، ئارتۇقچە ئۇزاققا سوزۇش ھامان پايدىسىز دەپ قارىلىپ كەلدى. پەقەت جۇڭگودىكى ئۇرۇشقىلا ئەڭ زور سەۋرچانلىق بىلەن مۇئا- مىلە قىلماي بولمايدۇ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بىلەن مۇئامىلە

قىلماي بولمايدۇ. بەزىلەر لىسەن لۇشيەننى مەزگىلىدە بىزنىڭ ئۇسۇ-لىمىزنى «چامباشچىلىق جەڭ ئۇسۇلى» دەپ مەسخىرە قىلىشقان (چوڭ شەھەرلەرنى ئۇرغۇن ھۇجۇملارنى قىلغاندىلا تارتىۋالغىلى بولىدۇ، دېيدۇ، دېمەكچى)، بىزنى چاچىلىرى ئاقارغاندا، ئاندىن ئىنقى-لاپنىڭ غەلىبىسىنى كورەلەيدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشقان ئىدى. ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىنى كورسىتىدىغان مۇنداق كەيپىياتنىڭ ناتوغرى-لىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەنقىدىي پىكرى جەڭلۇۋ مەسىلىسى ئۇستىگە قويۇلماي، جەڭ ۋە جەڭ مەسىلىسى ئۇستىگە قويۇلغان بولسا، ئىنتايىن توغرى بولغان بولاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: بىرىنچىدىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ قورال-ياراق مەنبەئى، بولۇپمۇ ئوق-دورا مەنبەئى يوق؛ ئىككىنچىدىن، ئاق ئارمىيە نۇرغۇن قوشۇنغا ئىگە، قىزىل ئارمىيە پەقەت بىرلا قوشۇن، بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىشتا تېز ۋە ئۇدا ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىش لازىم بولىدۇ؛ ئۇچىنچىدىن، ئاق ئارمىيە ئايرىم-ئايرىم بولۇنۇپ ئىلگىرىلىسىمۇ، لېكىن كوپچىلىكىنىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر زىچ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئەگەر جەڭ تېز ھەل قىلىنمىسا، قالغانلىرى بىر-بىرلەپ يېتىپ كېلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر بولغانلىقتىن، تېز ھەل قىلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. بىز ئۇچۇن، بىر جەڭنى بىرنەچچە سائەتتە، بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندە ھەل قىلىش ئادەت-تىكى ئىش. پەقەت «شەھەرنى قورشىۋېلىپ، ياردەمگە كەلگەن دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىش» فاڭجېنى ئاستىدىلا، بىزنىڭ مەقسىدىمىز قورشىۋېلىنغان دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى ياردەمگە كەلگەن دۇشمەنگە ھۇجۇم قىلىش بولىدۇ، قورشىۋېلىنغان دۇشمەنگە

قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خېلى ئۇزاققا سوزۇشقا تەييارلىنىمىز، لېكىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەن بىلەن قىلىنىغان ئۇرۇشنى يەنىلا تېز ھەل قىلىمىز. جەنلۇبىلۇك مۇداپىئە ۋاقتىدا ئىسكەنجىگە ئېلىنغان تەرەپتىكى جۈيدىيەنلەرنى چىڭ ساقلىغان، جەنلۇبىلۇك ھۇجۇم ۋاقتىدا ياردەمچىسىز قالغان يەككە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە گېنجۇيدىلەردىكى ئاق جۈيدىيەنلەرنى يوقاتقان چاغلاردىمۇ، جەنىيى ياكى جەڭلەردە دائىم ئۇزاققا سوزۇش فاڭجېنىنى قوللانمىز. لېكىن بۇ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشلار ئاساسىي قىزىل ئارمىيىنىڭ تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، بەلكى ياردەم بېرىدۇ.

تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى كوكۇلدە قانداق قىلىمەن دىسە شۇنداق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى بىرمۇنچە كونكرېت شەرتلەر بولۇشى كېرەك. ئاساسىي شەرتلەر — تولۇق تەييارلىق كورۇش، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۇرۇش جەنشۇسى، ئوبدان جېندى، ھەرىكەتتىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ياكى ئورۇنلىشىۋالغان بولسىمۇ، جېندىسى تېخى مۇستەھكەم بولمىغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش. بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، جەنىيى ياكى جەڭنى تېز ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىش بىر چوڭ جەنىگە ياتىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ئۇزاققا سوزۇش پىرىنسىپىنى ئەمەس، تېز ھەل قىلىش پىرىنسىپىنى قوللىنىش مۇۋاپىق. چۈنكى گېنجۇيدىدىكى ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ئەسكىرىي كۈچكە ئوخشاش شەرتلەر ئۇزاققا سوزۇشقا يول قويمايدۇ.

لېكىن ئادەتتىكى تېز ھەل قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدا، ناتوغرى

ئالدىراڭغۇلۇققا قارشى تۇرۇش زورۇر. بىر ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىنىڭ ئالىي ھەربىي - سىياسىي رەھبەرلىك ئورگىنى گېنجۇيدىدىكى بۇ شەرتلەرنى مۆلچەرلەپ، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى مۆلچەرلەپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتمەي، چىداشلىق بەرگىلى بولىدىغان قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغاندا روھسىزلانماي، بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا ئۈمىتسىزلەنمەي، تېگىشلىك دەرىجىدە سەۋرى قىلىشى ۋە ئۇزاققا بەرداشلىق بېرىشى تامامەن زورۇر. جياڭشىدا بىرىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار - مار قىلىشقا دەسلەپكى جەڭدىن باشلاپ ئۇرۇش تاماملانغىچە پەقەت بىر ھەپتە، ئىككىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار - مار قىلىشقا پەقەت يېرىم ئاي كەتتى، ئۈچىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار - مار قىلىشتا 3 ئاي چىداشلىق بېرىلدى؛ تۆتىنچى قېتىملىقىغا 3 ھەپتە كەتتى، بەشىنچى قېتىملىقىدا توللۇق بىر يىل چىداشلىق بېرىلدى. لېكىن بەشىنچى قېتىمقىسىدا «قورشاپ يوقىتىش»نى تار - مار قىلالماي تۇرۇپ مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان چېغىمىزدا ئورۇنسىز ئالدىراڭغۇلۇقمۇ بولدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، يەنە 2 - 3 ئاي چىداشلىق بېرىپ، ئارمىيىنى دەم ئالدۇرۇش - تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ئىدى. ئەگەر شۇنداق قىلىنغان بولسا، شۇنىڭدەك مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقاندىن كېيىنكى رەھبەرلىك بىر ئاز ياخشىراق بولغان بولسا ئىدى، ئەھۋال زور دەرىجىدە باشقىچە بولغان بولاتتى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئېيتقان پۈتۈن جەنۇبىي ۋاقىتنى قىسقارتىشقا تىرىشىش پىرىنسىپى ھېلىمۇ بۇزۇلمايدۇ. جەنۇبىي ۋە جەڭ پىلانلىرىدا ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش ۋە يۆندۈگىچىدىنگە ئوخشاش شەرتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان، ئىچكى سەپتە

(گېنجۇيدىلەردە) دۇشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى كېچىكتۈرمەي يوقاتقان ۋە «قورشاپ يوقىتىش»نى تېز ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، «قورشاپ يوقىتىش»نى ئىچكى سەپتە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىسپاتلانغان چاغدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى دۇشمەننىڭ مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم سېپىنى بۇزۇپ چىقىشقا سېلىپ، ئوزىمىزنىڭ تاشقى سېپىمىزگە، يەنى دۇشمەننىڭ ئىچكى سېپىگە ئوتۇپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. قورغانچىلىق تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ۋاستە ئۇرۇشنىڭ دائىملىق ۋاستىسى بولۇپ قالدۇ. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككى ئاي ئوتكەندىن كېيىن، فۇجيەن ۋەقەسى پەيدا بولغان چاغدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى، شەك-شۈبھىسىز، جېجياڭ ئولكىسىنى مەركەز قىلغان جياڭسۇ-جېجياڭ-ئەنخۇي-جياڭشى رايونىغا بوسۇپ كىرىپ، خاڭجۇ، سۇجۇ، نەنجىڭ، ۋۇخۇ، نەنچاڭ، فۇجۇ ئارىلىقلىرىدا كەڭ تۇردە ھەرىكەتلىنىپ، جەنلۇبلۇك مۇداپىەدىن جەنلۇبلۇك ھۇجۇمغا ئوتۇپ، دۇشمەننىڭ ئاساسىي مۇھىم يەرلىرىگە تەھدىت سېلىشى، قورغانسىز كەڭ جايلاردا ئۇرۇش قىلىشقا ئىنتىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، جياڭشىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە فۇجيەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلغان دۇشمەننى ئوزىنىڭ ئاساسىي مۇھىم يەرلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قايتىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنىڭ جياڭشى گېنجۇيدىكى قىلغان ھۇجۇمنى بىت-چىت قىلغىلى ۋە فۇجيەن خەلق ھوكۇمىتىگە ياردەم بەرگىلى بولاتتى، ــــ بۇ ئۇسۇل فۇجيەن خەلق ھوكۇمىتىگە چوقۇم ياردەم بېرەلەيتتى. بۇ تەدبىر قوللىنىلمىغانلىقتىن، بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلغىلى بولمىدى، فۇجيەن

خەلق ھۆكۈمىتىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. بىر يىل ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، گەرچە جېجياڭغا بېرىش پايدىسىز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى بىر يۆنۈلۈش بىلەن جەنلۈپلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش، يەنى ئاساسىي كۈچ بىلەن خۇنەنگە قاراپ ئىلگىرىلەش، خۇنەن ئارقىلىق گۈيجۇغا قاراپ ئىلگىرىلىمەي، بەلكى خۇنەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، جياڭشىدىكى دۈشمەننى خۇنەنگە يوتكەپ يوقىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ تەدبىرمۇ قوللىنىلمىغانلىقتىن، بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلىشتىن تامامەن ئۈمىت ئۈزۈلدى، ئۈزۈن سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالدى.

## ٩- بۆلۈم يوقىتىش ئۇرۇشى

«كۈچ خورىتىش»نى قۇۋۋەتلەش، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەيتكە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. «بايلىق سېلىشتۇرۇش»تا لۇڭۋاڭ لۇڭۋاڭ بىلەن سېلىشتۇرماي، بەلكى قەلەندەر لۇڭۋاڭ بىلەن سېلىشتۇرسا، ئەلۋەتتە، كۈلكىلىك بولىدۇ. پۈتۈنلەي دىگىدەك دۈشمەن تەرەپتىن تەمىنلىنىپ كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن تۈپ فاڭجېن — يوقىتىش ئۇرۇشى. پەقەت دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچىنى يوقاتقاندىلا، ئاندىن «قورشاپ يوقىتىش»نى تار-مار قىلغىلى ۋە ئىنقىلاۋىي گېنجۈيدىلەرنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. دۈشمەنگە تالاپەت يەتكۈزۈش دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. دۈشمەنگە تالاپەت يەتكۈزۈش بىلەن ئۆزىمىزنىمۇ خورىتىمىز، شۇنىڭدەك دۈشمەننى يوقىتىش بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلايمىز، شۇنداق قىلىپ، ئارمىيىمىزدە بولغان خوراشنى قاپلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئارمىيىمىزنىڭ

كۈچنى ئاشۇرىمىز. تار ـ مار قىلىش ئۇرۇشى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارىتا يېڭىش-يېڭىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن بەلگىلەيدىغان نەرسە ئەمەس. يوقىتىش ئۇرۇشى بولسا، ھەرقانداق دۈشمەنگە دەرھال زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئادەمگە قاراتقاندا، ئۇنىڭ ئون بارمىقىنى جاراھەتلەندۈرگەندىن كۆرە، بىر بارمىقىنى ئۈزۈپ تاشلىغان ئارتۇق؛ دۈشمەنگە قاراتقاندا، ئۇنىڭ ئون شىسىنى تار ـ مار قىلغاندىن كۆرە، بىر شىسىنى يوقاتقان ئارتۇق.

بىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»لارغا قاراتقان قاكچېنىمىز يوقىتىش ئۇرۇشى بولدى. ھەر قېتىم يوقىتىلغان دۈشمەن پۈتۈن دۈشمەننىڭ پەقەت بىر قىسمىلا بولغان بولسىمۇ، لېكىن «قورشاپ يوقىتىش»نى تار ـ مار قىلدۇق. بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرغان چاغدا ئەكسىچە يونىلىش قوللىنىلىپ، ئەمەلىيەتتە دۈشمەننىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىپ قويۇلدى.

يوقىتىش ئۇرۇشى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاش بىلەن، قورشىۋېلىش ۋە ئايلىنىپ يۈرۈش جەڭ ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرمەنىدە. كېيىنكىسى بولمىسا، ئالدىنقىسى بولمايدۇ. خەلقنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى، ئوبدان جېندى، ئاسان ھۇجۇم قىلىشقا بولىدىـ غان دۈشمەن، دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىشقا ئوخشاش شەرتلەرنىڭ ھەممىسى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەر.

تار ـ مار قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بار، ھەتتا دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويۇشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بار، بۇ پەقەت پۈتۈن جەڭ ياكى پۈتۈن جەنىي داۋامىدا ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ

ئېنىق بەلگىلەنگەن دۈشمەنگە قارشى يوقىتىش خاراكتېرىدا جەڭ قىلىشقا قارىتىپ ئېيتىلغان، ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇمۇ قولدىن بېرىشنىڭ قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەھمىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر تۈرلۈك ئەھۋال.

بىز ھەربىي ساناەت قۇرۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىۋېلىشنى ئۇستۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ توپ قاكچىمىز — جاھانگىرلار ۋە ئىچكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەربىي ساناەتىگە تايىنىش. لوندون ۋە خەنياڭ ھەربىي زاۋۇتلىرىدا بىزنىڭ ھەققىمىز بار، بەلكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى دۈشمەننىڭ نەقلىيات دۈيلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇ چاقچاق ئەمەس، ھەقىقەت.

## ئىزاھلار

① بۇ يەردىكى «ئەمەلىيەت» 实际 — شىجى، «شىجى» دېگەن ئۇقۇم خەنزۇچىدا ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى، ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى (يەنى ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىدىغان ئەمەلىيەت)نى كۆرسىتىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇقۇمنى دائىم قوش مەنىدە ئىشلىتىدۇ.

② سۈن ۋۇزى، يەنى سۈن ۋۇ — جۇڭگونىڭ مىلادىيىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ھەربىي ئالىمى، ئۇ 13 بابلىق «سۈنزى» دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل توغرىسىدا «سۈنزى»نىڭ 3 ـ توم، «ھۇجۇمغا تەييارلىنىش» قىسمىغا قارالسۇن.

③ جۇڭگو كۇڭچەنداڭى 1921 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان، 1936 ـ يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ ئەسەرنى يازغان چاغ ئۇنىڭ دەل 15 يىللىقى ئىدى.

④ چېن دۇشيۇ — ئەسلىدە بېيجىڭ داشۆينىڭ جياۋشۇسى بولۇپ، «شىن چىڭنيەن» ژۇرنىلىنى چىقىرىش بىلەن نام چىقارغان ئىدى.

چېن دۇشيۇ — جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇ 4-ماي
ھەرىكىتى دەۋرىدە قازانغان شۆھرىتى ۋە پارتىيىنىڭ دەسلەپ قۇرۇل-
غان دەۋرىدىكى گودەكلىكى ئارقىسىدا پارتىيىنىڭ زوڭشۇجىسى بولدى.
1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى بىر
مەزگىلىدە پارتىيە ئىچىدە چېن دۇشيۇ ۋەكىللىك قىلغان ئوڭچىل ئىدىيە
تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى شەكىللەندۈردى. شۇ چاغدىكى «تەسلىمچى
ئۇنسۇرلار دىخانلار ئاممىسىغا، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئوتتۇرا
بۇرژۇئازىيىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز-
كېچىپ، بولۇپمۇ قۇراللىق كۈچلەرگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن
ۋازكېچىپ، شۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى» (ماۋ زېدۇڭ:
«ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز»). 1927-يىلى ئىنقىلاپ
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چېن دۇشيۇ ۋە باشقا ئازغىنا بىر قىسىم
تەسلىمچىلەر ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىتسىزلىنىپ، جۇيشياۋجۇيىچى-
لارغا ئايلىنىپ كەتتى، تروتسكىزىملىق ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى تۇتتى
ۋە تروتسكىچىلار بىلەن بىرلىشىپ، پارتىيىگە قارشى كىچىك گۇرۇپپا
تۈزدى، شۇڭا 1929-يىل 11-ئايدا پارتىيىدىن قوغلاندى. چېن دۇشيۇ
1942-يىلى ئۆلدى. چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل جىخۇيجۇيىسى توغرىسىدا
«جۇڭگو جەمىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل»، «خۇنەن دىخانلار
ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەن ئەسەرلەرنىڭ مەۋزۇ ئىزاھ-
لىرىغا ۋە مۇشۇ تاللانما ئەسەرلەرنىڭ 2-تومىدىكى ««گۇڭچەنداڭرېن»
ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

⑤ لى لىسەن «سول»چىل جىخۇيجۇيىسى 1930-يىل 6-ئايدىن
كېيىن توت ئايچە داۋام قىلغان، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭىنىڭ شۇ
چاغدىكى ئاساسىي رەھبىرى بولغان لى لىسەن ۋەكىللىك قىلغان
«سول»چىل جىخۇيجۇيىي لۇشيەنىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئادەتتە «لىسەن
لۇشيەنى» دەپ ئاتىلىدۇ. لىسەن لۇشيەنىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى،
ئۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيىنىڭ فاڭجېنىغا خىلاپلىق قىلدى،
ئىنقىلابنىڭ ئاممىنىڭ كۈچىنى تەييارلاشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە

ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى ئىنكار قىلدى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكچە ئاساسىي دىققەت-ئېتىۋارنى يېزا گېنجۇيدىلىرى قۇرۇشقا قارىتىش، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، گېنجۇيدىلەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئالغا سۈرۈش ئىدىيىسىنى «ئۇچىغا چىققان خاتالىق»، «دېخانلار ئېڭىغا خاس مەھەللىۋازلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك» دەپ قاراپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەممە جايدا دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. يولداش لى لىسەن مۇشۇ خاتا لۇشيەن ئارقىسىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەركىزىي شەھەرلەردە دەرھال قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەۋەككۈلچىلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. لىسەن لۇشيەنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمىي پارتلىشى مۇقەررەر سۈرەتتە دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ ئومۇمىي پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلاۋى بولسا، دۇنيا ئىنقىلاۋى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ، دەپ قارىدى؛ جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلماي، ئالدى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە ئۆلكىدە غەلىبە قازىنىشنىڭ باشلىنىشى سوتسىيالىزمغا بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ، دەپ قارىدى ۋە شۇ سەۋەبتىن پەيتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىرقانچە «سول»چىل تەۋەككۈلچىلىك سىياسەتلىرىنى بەلگىلىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ خاتا لۇشيەنگە قارشى تۇردى، پۈتۈن پارتىيىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىمۇ بۇ لۇشيەننى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. يولداش لى لىسەننىڭ ئۆزى پارتىيىنىڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ 1930-يىل 9-ئايدىكى 3-ئومۇمىي يىغىنىدا شۇ چاغدا كۆرسىتىلگەن خاتالىقلىرىنى ئىقرار قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇڭياڭدىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن يۆتكەلدى. يولداش لى لىسەن ئۇزاق ۋاقىت داۋامىدا ئۆزىنىڭ خاتا قاراشلىرىنى تۈزەتكەنلىكى ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيى ئۇنى يەنە جۇڭياڭ

ۋېيىۋەنلىككە سايلىدى.

⑧ پارتىيىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 1930 - يىل 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى داڭجۇڭياڭ لىسەن لۇشيەنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توختىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدىغان بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى كۆردى. لېكىن 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ئىچىدە ئەمەلىي ئىنقىلاۋىي كۈرەش تەجرىبىسى بولمىغان بىر قىسىم يولداشلار چېن شاۋيۈي (ۋاڭ مىڭ)، چىن باڭشيەن (بوگۇ) يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا جۇڭياڭنىڭ تەدبىرلىرىگە قارشى چىقتى. ئۇلار شۇ چاغدا ئېلان قىلىنغان «ئىككى لۇشيەن»، يەنى «جۇڭگو گۇڭچەنداڭنى تېخىمۇ بولشېۋىكلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشەيلى» دېگەن كىتابچىسىدا شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە بولغان ئاساسىي خەۋپنى «سول»چىل جىخۇيجۇيى ئەمەس، بەلكى «ئوڭچىل جىخۇيجۇيى» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ، لىسەن لۇشيەنىنى «ئوڭ» دەپ «تەنقىت» قىلىشنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ دەسمايىسى قىلدى. ئۇلار لىسەن لۇشيەنىنى ۋە باشقا «سول»چىل ئىدىيە ھەم «سول»چىل سىياسەتلەرنى يېڭى شەكىل ئاستىدا داۋاملاشتۇرىدىغان، ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ياكى راۋاجلاندۇرىدىغان يېڭى سىياسىي گاڭلىڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ توغرى لۇشيەنىگە قارىمۇ-قارشى قويدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسى» دېگەن كىتاۋى ئاساسەن مۇشۇ يېڭى «سول»چىل جىخۇيجۇيىلىق لۇشيەنىنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى يېيەن قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇ يېڭى «سول»چىل خاتا لۇشيەنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىقى پارتىيىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ 1931 - يىل 1 - ئايدىكى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلىنىپ، داڭجۇڭياڭنىڭ 1935 - يىل 1 - ئايدا گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۈنيى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن جېڭجۈجۈي يىغىنى بۇ خاتا لۇشيەن رەھبەرلىكىگە خاتىمە بېرىپ،

جۇڭياڭنىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى يېڭى رەھبەرلىكنى باشلىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ قېتىمقى «سول»چىل خاتا لۇشيەنىنىڭ پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى ئىنتايىن ئۇزۇن (4 يىل)، پارتىيىگە ۋە ئىنقىلابقا يەتكۈزگەن زىيىنى ئىنتايىن زور بولدى، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى تەشكىلاتلىرى، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ۋە قىزىل ئارمىيە گېنجۇيدىلىرىنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتى زىيانغا ئۇچرىدى، ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەردىكى نەچچە 10 مىليون خەلق گومىنداڭ تەرىپىدىن ئاياق-ئاستى قىلىندى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلگىرىلىشى كېچىكتۈرۈلدى. بۇ «سول»چىل لۇشيەن خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەن يولداشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي تەجرىبىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تونۇدى ۋە تۈزەتتى ھەمدە پارتىيە ۋە خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ يولداشلار باشقا كۆپچىلىك يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئورتاق سىياسىي تونۇش ئاساسىدا، يولداش ماۋزېدۇڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزئارا ئىتتىپاقلاشتى.

⑦ «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىلۇپى توغرىسىدا»نىڭ ㉑ ۋە ㉒ ئىزاھلىرىغا قارالسۇن.

⑧ لۇشەن جۇنگۇەنلەر تەلىم-تەربىيە كۇرسى جياڭ جيېشىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى ھەربىي كادىرلار تەربىيىلەيدىغان تەشكىلاتى بولۇپ، 1933-يىل 7-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جيۇجياڭ ناھىيىسىدىكى لۇشەندە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ كۇرسقا جياڭ جيېشى ئارمىيىسىنىڭ جۇنگۇەنلىرى نۆۋەت بىلەن كېلىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ئامېرىكا ھەربىي جياۋگۇەنلىرىنىڭ فاشىستىك ھەربىي ۋە سىياسىي تەلىم-تەربىيەسىنى ئالاتتى.

⑨ بۇ يەردە ئېيتىلغان بەشىنچى قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش»نىڭ يېڭى ھەربىي پىرىنسىپى، ئاساسەن، جياڭ جيېشى قاراقچىلىرىنىڭ پوتەي قۇرۇپ ئىلگىرىلەش، قەدەممۇ قەدەم بىر ئىستىھكام قۇرۇشتىن ئىبارەت «قورغان سىياسىتى»نى كۆرسىتىدۇ.

⑩ «لېنىن ئەسەرلىرى»نىڭ 25-تومىدىكى «كوممۇنىزم» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن. بۇ ئەسەردە لېنىن ۋېنگرىيە گوڭچەنداڭىنىڭ ئەزاسى بېلاكۇننى تەنقىت قىلىپ: «ئۇ ماركسىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ جېنىدىن: كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن ۋازكەچتى» دېگەن ئىدى.

⑪ خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونى 1-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايون گوڭچەنداڭ تەشكىلاتىنىڭ 1928-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى نىڭگاڭ ناھىيىسىنىڭ ماۋپىڭ دېگەن يېرىدە چاقىرىلغان 1-قۇرۇلتىيىنى كۆرسىتىدۇ.

⑫ «پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا»نىڭ ② ۋە ③ ئىزاھلىرىغا قارالسۇن.

⑬ «باشمىچىلىق» ئىنتىزامسىزلىق، تەشكىلسىزلىك ۋە ئېنىق سىياسىي نىشان بولماسلىقتىن ئىبارەت بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ بۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ جياڭشىدىن شىمالىي شەنشىگىچە قىلغان 25 مىڭ لىلىق ئۇزۇن سەپىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سېلۇبى توغرىسىدا»نىڭ ⑳ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑮ «يان تەرەپتىكى قوشۇنلار» ئاساسىي كۈچنى ئەمەس، بەلكى ئارمىيىنىڭ يان تەرەپتە ھەرىكەتلىنىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

⑯ بۇ روسىيىدە 1905-يىلدىكى دېكابىر قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش دەۋرىدىن پەيدىن-پەي پەسىيىش دەۋرىگە بۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «سوۋېت ئىتتىپاقى گوڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ III باب، 5، 6-بۆلۈملىرىگە قارالسۇن.

⑰ برېست شەرتنامىسى — سوۋېت روسىيىسى 1918-يىل 3-ئايدا گېرمانىيە بىلەن تۈزگەن سۈلھى شەرتنامىسى. بۇ شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ كۈچى ئىنقىلاپ كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى روشەن تۇرغان

ئەھۋالدا، ئەمدىلا قۇرۇلغان، تېخى ئۆزىنىڭ ئارمىيىسى بولمىغان سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى گېرمانىيە جاھانگىرلىگىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن قىلىنغان ۋاقىتلىق چېكىنىش ئىدى. بۇ سۈلھ شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنى ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، پرولې-تارىيات ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش، قىزىل ئارمىيە قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ پرولېتارىياتىنى ئۆزىنىڭ دېھقانلارغا بولغان رەھبەرلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، كۈچ توپلاپ، 1918 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە ئاق گۋاردىيىچىلەرنى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ياپونىيە، پولشا قوراللىق مۇداخىلىچىلىرىنى تار ـ مار قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

[18] 1927 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيفېڭ، لۇفېڭ ناھىيىلىرىدىكى دېھقانلار جۇڭگو گوڭچەندانگىنىڭ رەھبەرلىكىدە 3 ـ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەيفېڭ، لۇفېڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلدى، قىزىل ئارمىيە تەشكىل قىلدى، ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇردى. كېيىن دۈشمەننى سەل چاغلاش خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەنلىكتىن مەغلۇپ بولدى.

[19] 1936 ـ يىلى كۈز پەسلىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ 4 ـ فاڭمىيەنجۈنى بىلەن 2 ـ فاڭمىيەنجۈنى قوشۇلغاندىن كېيىن، شىكاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىن چىقىپ، شىمالغا قاراپ ماڭدى. جاڭ گوتاۋ بۇ چاغدا يەنىلا پارتىيىگە قارشى تۇرۇشتا قاتتىق تۇردى، ئۆزىنىڭ ئىزچىل چېكىنىش يولى ۋە چۈيشياۋجۇيىسىدا قاتتىق تۇردى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيىنىڭ 2 ۋە 4 ـ فاڭمىيەنجۈنلىرى گەنسۇ ئۆلكىسىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جاڭ گوتاۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ 4 ـ فاڭمىيەن-جۈنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى 20 مىڭدىن ئوشۇق كىشى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، چىڭخەي ئۆلكىسىگە قاراپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى 1936 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۇرۇشتا زەربىگە ئۇچراپ ئاساسەن مەغلۇپ بولدى، 1937 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە، تامامەن مەغلۇپ بولدى.

⑳ ماركسنىڭ پارىژ كوممۇنىسى توغرىسىدا كۇگېلمانغا يازغان خېتىگە قارالسۇن.

㉑ «شۈيخۇجۇەن» — جۇڭگونىڭ دېھقانلار ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن مەشھۇر رومانى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇنى مىلادى 14-ئەسىردە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدا ياشىغان شى نەيئەن يازغان. لىن چۇڭ، چەي جىنلار — بۇ روماننىڭ قەھرىمانلىرى، خۇڭ جياۋتۇ — چەي جىننىڭ ئۆيىدىكى چامباشچىلىق ئۇستازى.

㉒ لۇ بەگلىكى بىلەن چى بەگلىكى — جۇڭگونىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدە (مىلادىدىن 722 — 481 يىللار بۇرۇن) ئۆتكەن ئىككى فېئودال بەگلىك. چى — چوڭ بەگلىك، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان؛ لۇ بەگلىكى كىچىكرەك بولۇپ، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. لۇ جۇاڭگۇڭ — مىلادىدىن 693 — 662 يىللار بۇرۇن لۇ بەگلىكىنىڭ بېگى بولغان.

㉓ زو چيۇمىڭ — جۇڭگونىڭ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر يىلنامىسى بولغان «زوجۇەن»نىڭ ئاپتورى. بۇ ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل توغرىسىدا «زوجۇەن»دىكى جۇاڭگۇڭنىڭ 10-يىلى دېگەن قىسمىغا قارالسۇن.

㉔ قەدىمقى چېڭگاۋ شەھىرى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى چېڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمقى زاماندا ھەربىي جەھەتتىن مۇھىم جاي بولغان. مىلادىدىن 203 يىل بۇرۇن خەن بەگلىكىنىڭ ۋاڭى ليۇ باڭ بىلەن چۇ بەگلىكىنىڭ ۋاڭى شياڭ يۈي مۇشۇ يەردە جەڭ قىلدۇ. شۇ چاغدا شياڭ يۈي ئارقىمۇ-ئارقا شىڭياڭ ۋە چېڭگاۋنى ئىشغال قىلىپ، ليۇ باڭنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تار-مار قىلدۇ. لېكىن كېيىن ليۇ باڭ چۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى سىشۈي دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، چۇ قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلىپ، چېڭگاۋنى قايتۇرۇۋالدۇ.

㉕ قەدىمقى كۇنياڭ شەھىرى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يېشەن ناھىيىسى دائىرىسىگە جايلاشقان. مىلادى 23-يىلى ليۇ شيۇ

(شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى گۇاڭۋۇدى) مۇشۇ يەردە ۋاڭ ماڭنىڭ قوشۇنىنى تار-مار قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربى كۈچلىرى كۈچلۈك-ئاجىزلىق جەھەتتىن زور پەرق قىلىدۇ: ليۇ شيۇنىڭ ئاران 8-9 مىڭ ئادىمىلا بولىدۇ، ۋاڭ ماڭنىڭ بولسا، 400 مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى بولىدۇ. لېكىن ليۇشيۇ ۋاڭ ماڭنىڭ جياڭجۇنلىرى ۋاڭ شۈن، ۋاڭ يىلارنىڭ دۈشمەننى سەل چاغلاپ بوشىشىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ خىللانغان 3 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ۋاڭ ماڭ قوشۇنىنىڭ مۇستەھكەم تايانچىسىنى بۇزۇپ ئۆتىدۇ، مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تار-مار قىلىدۇ.

㉖ گۆەندۇ ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى جۇگمۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. مىلادى 200-يىلى ساۋساۋ قوشۇنى بىلەن يۈەن شاۋ قوشۇنى مۇشۇ يەردە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ چاغدا يۈەن شاۋ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولىدۇ، ساۋساۋنىڭ بولسا، ئەسكەرلىرى ئاز، ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگەيدۇ. لېكىن ساۋساۋ يۈەن شاۋ قوشۇنىنىڭ دۈشمەنگە سەل قاراپ تەييارلىق كۆرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئازغىنا ئەسكەر بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، يۈەن شاۋ قوشۇنىنىڭ ھەربى لازىمەتلىكلەر بېسىلغان ھارۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. يۈەن شاۋ قوشۇنىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلىدۇ، ساۋساۋ قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۈەن شاۋ قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىدۇ.

㉗ ۋۇ بەگلىكى سۈن چۈەن تەرەپنى، ۋېي بەگلىكى ساۋساۋ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. چىبى — خۇبېي ئۆلكىسى جيايۈي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئۆتىدىغان چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. مىلادى 208-يىلى ساۋساۋ 500 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، بۇنى 800 مىڭ ئەسكەر قىلىپ كۆرسىتىپ، سۈن چۈەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سۈن چۈەن ساۋساۋنىڭ دۈشمىنى ليۇ بېي بىلەن بىرلىشىپ، 30 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ساۋساۋ قوشۇنىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ سۇدا ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ساۋساۋ قوشۇنىنىڭ كېمىلىرىگە ئوت قويۇپ، ئۇلارنى

تار ـ مار قىلدۇ.

㉘ يىلىڭ ـــ هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسى يىچاڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. مىلادى 222 ـ يىلى ۋۇ بەگلىكىنىڭ قوماندانى لۇ شۈن مۇشۇ يەردە شۇ خەن بەگلىكىنىڭ قوماندانى ليۇ بېينى قاتتىق مەغلۇپ قىلدۇ. بۇ ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، ليۇ بېي قوشۇنى ئارقىمۇ ـ ئارقا جەڭ قىلىپ، ئۇدا غەلىبە قازىنىپ، يىلىڭغا يېتىپ بېرىپ، ۋۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنىغا 5 ـ 6 يۈز لى ئىچكىرىلەپ كىردۇ. لۇ شۈن 7 ـ 8 ئاي ئۇرۇش قىلماي، ليۇ بېينىڭ «ئەسكەرلىرى ھېرىپ، روھى چۈشۈپ، ئەسلىگە كېلىشكە كوزى يەتمەسلىك» ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى كۈتىدۇ، ئاندىن شامالدىن پايدىلىنىپ ئوت قويۇپ، شۇ خەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى تار ـ مار قىلدۇ.

㉙ مىلادى 383 ـ يىلى شەرقىي جىن بەگلىكىنىڭ جياگجۇنى شېي شۈەن چىن بەگلىكىنىڭ ھوكۇمدارى فۇجيەننى ئەنخۇيدىكى فېيشۇي دەرياسى بويىدا مەغلۇپ قىلدۇ. ئۇ چاغدا فۇ جيەنىڭ 600 مىڭدىن ئوشۇق پىيادە ئەسكىرى، 270 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى، 30 مىڭدىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچى ئاتلىق ئەسكىرى بولىدۇ، شەرقىي جىن بەگلىكىنىڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ئەسكەرلىرى ئاران 80 مىڭ بولىدۇ. ئىككى قوشۇن فېيشۇي دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارىمۇ ـ قارشى تۇرغان چاغدا، جىن بەگلىگى قوشۇنىنىڭ قوماندانى دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن كورەڭلىشىدىن پايدىلىنىپ، جىن قوشۇنىنىڭ دەريادىن ئوتۇپ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن فېيشۇي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جىن قوشۇنىدىن بىر پارچە ئۇرۇش مەيدانى بوشىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جىن قوشۇنى بۇ تەلەپنى ماقۇل كورىدۇ، لېكىن چېكىنىشى بىلەنلا قوشۇنىنى توختىتالماي قالىدۇ، جىن قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەريادىن ئوتۇپ ھۇجۇم قىلىپ، چىن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدۇ.

㉚ 1927 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى جۇڭگو گوڭچەندانىڭ جياڭجيېيشى ھەم ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرۇش، 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاۋي ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى نەنچاڭدا مەشھۇر قوزغىلاڭغا

رەھبەرلىك قىلدى. بۇ قوزغىلاڭغا 30 مىڭدىن ئوشۇق كىشىلىك قۇراللىق قىسىم قاتناشتى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، خې لۇڭ، يې تىڭ قاتارلىق يولداشلار رەھبەرلىك قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەسلى پىلانى بويىچە نەنچاڭدىن چېكىنىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋجۇ ۋە شەنتۇ دېگەن يەرلىرىگە بارغاندا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىر قىسمى كېيىن جۇ دې، چېن يى ۋە لىن بياۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا يوتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ، جىڭگاڭشەنگە بېرىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى-دىخان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسى 1-جۈن 1-شىسى بىلەن قوشۇلدى.

㉛ «جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟»نىڭ ⑧ ئىزاھىغا قارالسۇن.

㉜ 1927-يىل 9-ئايدا خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايونىنىڭ شيۇشۇي، پىڭشياڭ، پىڭجياڭ، ليۇياڭ قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى خەلق قۇراللىق كۈچلىرى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە مەشھۇر كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنى كوتۈرۈپ، ئىشچى-دىخان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىنىڭ 1-جۈن 1-شىسىنى قۇردى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ قوشۇننى باشلاپ جىڭگاڭشەنگە بېرىپ، ئۇ يەردە خۇنەن-جياڭشى چېگرا رايون ئىنقىلاۋىي گېنجۈيدىسىنى قۇردى.

㉝ AB تەشكىلاتى — شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ قىزىل رايونلاردا موكتۈرۈپ قويغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى. AB — ئىنگلىزچە Anti - Bolshevik (بولشېۋىكلارغا قارشى)دېگەن سوزنىڭ قىسقارتىلمىسى.

㉞ بۇ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى گەنجياڭ دەرياسى بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى فۇشۇي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كورسىتىدۇ.

㉟ لېنىننىڭ «دەرھال ئايرىم سۈلھ قىلىش ۋە يەر كېسىپ بېرىش سۈلھ شەرتنامىسىنى ئىمزالاش مەسىلىسى توغرىسىدا تىزىسلار»، «ئاجايىپ ۋە غارايىپ»، «جىددى ساۋاق ۋە جىددى مەسئۇلىيەت»، «ئۇرۇش ۋە

تېچلىق مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن ئەسەرلىرىگە ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» نىڭ VII باپ، 7 ـ بۆلۈمىگە قارالسۇن.

(36) بۇ يەردە ئېيتىلغان زاكۇنلار ۋە خۇيزۇلار ــــ شىكاڭ ئۆلكىسى تەرەپتىكى زاكۇنلار ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

(37) باگۇ ئەدەبىياتى ــــ جۇڭگونىڭ 15 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان فېئوداللىق خاندانلىقلىرىنىڭ ئىمتىھان تۈزۈمىدە بەلگىلەنگەن بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە ماقالە شەكلى. باگۇ ئەدەبىياتىدىكى ھەر بىر ماقالە مەۋزۇ ئېچىش، مەۋزۇنى شەرھىلەش، قىسقىچە مەزمۇننى بېرىش، باياننى باشلاش، باياننىڭ بېشى، باياننىڭ ئوتتۇرىسى، باياننىڭ ئاخىرى، خاتىمە دېگەن قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. «مەۋزۇنى ئېچىش» ئىككى جۈملىدىن تۈزۈلۈپ، مەۋزۇنىڭ مۇھىم مەنىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. «مەۋزۇنى شەرھىلەش» ئۈچ ياكى تۆت جۈملىدىن تۈزۈلۈپ، مەۋزۇنىڭ ئېچىلغان مەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇ. «قىسقىچە مەزمۇننى بېرىش» تە پۈتۈن ئەسەر قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ، بۇ مۇھاكىمىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. «باياننى باشلاش» قىسقىچە مەزمۇنى بېرىلگەندىن كېيىن باياننى باشلىغان قىسىم بولىدۇ. باياننىڭ بېشى، باياننىڭ ئوتتۇرىسى، باياننىڭ ئاخىرى ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت تۆت قىسىملا رەسمىي مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ، باياننىڭ ئوتتۇرىسى پۈتۈن ماقالىنىڭ مەركىزى بولىدۇ. بۇ تۆت قىسىمنىڭ ھەر بىرىدە بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلىدىغان ئىككى بۆلەكتىن جەمئىي سەككىز بۆلەك بولغاچقا، باگۇ ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىدۇ، سەككىز سېلىشتۇرما دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ يەردە باگۇ ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىشىدا ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن يەنە بىر قىسمىغا كېڭەيىش جەريانىنى ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىغا تەمسىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋالدا بولسا، يولداش ماۋ زېدۇڭ باگۇ ئەدەبىياتىنى جىۋۇتياۋجۈيىغا تەمسىل قىلىپ قوللىنىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن جىۋۇتياۋجۈيىنى مەسخىرە قىلىدۇ.

# جياڭجيېشىنىڭ باياناتى توغرىسىدا باـيـانـات

**(1936 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى)**

جياڭ جيېشى جاناپلىرى شەندە جاڭ شۈېلياڭ، ياڭ خۇچېڭ جياڭجۇنلەرنىڭ ۋە شىبېي خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئالدى بىلەن ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان قوشۇنلىرىنى شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشقا بۇيرۇدى، بۇ جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ 10 يىللىق خاتا سىياسىتىدە بۇرۇلۇش ياسىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى[1]. بۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان، بۆلۈنۈش پەيدا قىلغان ھەمدە بۇ قېتىمقى ۋەقەدە جياڭ جيېشى جاناپلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە جۇڭگو جازا يۈرۈشى تەرەپدارلىرىنىڭ[2] سۇئىقەستىگە بىر زەربە بولدى. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە جۇڭگو جازا يۈرۈشى تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقى ناھايىتى روشەن بولۇپ قالدى. جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ بۇنداق ئويغىنىش

ئىپادىسىنى گومىنداڭنىڭ 10 يىللىق خاتا سىياسىتىنى ئاياقلاشتۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

جياڭ جيېشى جاناپلىرى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لوياڭدا بىر باياناتى، يەنى «جاڭ شۇېلياڭ، ياڭ خۇچېڭلارغا نەسىھەت» دىگەن نىمنى ئېلان قىلدى، مەزمۇنى تۇتۇق، چۈشىنىكسىز بۇ بايانات، ھەقىقەتەن، جۇڭگونىڭ سىياسى ھوججەتلىرى ئىچىدە قىزىق بىر ھوججەت بولدى. جياڭ جيېشى جاناپلىرى راستىنلا بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، گومىنداڭنىڭ يېڭى ھاياتىنى تىكلەش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ تاشقىرىغا قارىتا مۇرەسسە قىلىش، ئىچكىرىگە قارىتا ئەسكەر ئىشلىتىش ۋە خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىلىك خاتا سىياسىتىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭنى خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ كەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا، سىياسى جەھەتتە ئۆتمۈشتىكىلىرىگە قاتتىق توۋا قىلىپ، كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان ئوبدانراق ھوججەت بىلەن ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى باياناتى جۇڭگو خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمايدۇ.

جياڭ جيېشى جاناپلىرى باياناتىنىڭ بىر بولىكى، يەنى «سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، ھەرىكىتىمدە نەتىجە كۆرسىتىمەن» دىگەن بولىكى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شەندە جاڭ شۇېلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە قول قويمىغان بولسامۇ، لېكىن دولەتكە ۋە مىللەتكە پايدىلىق بولغان ئەنە شۇ تەلەپلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايمەن، قول قويمىدىم دەپ، سۆزۈمگە ئەمەل قىلماي قالمايمەن، دىگەنلىك بولىدۇ. بىز، جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆز سۆزىگە

ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا، ئۆزى ۋەدە قىلغان شەرتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان - ئاشۇرمايدىغانلىقىغا قارايمىز. بۇ شەرتلەر: 1) گومىنداڭنى ۋە گومىنجۈڭگونى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، ياپونپەرەسلەرنى قوغلاپ چىقىرىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش؛ 2) شاڭخەيدىكى ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلەرنى③ ئازات قىلىش، بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىغا كاپالەت بېرىش؛ 3) «گۇڭ- چەنداڭنى يوقىتىش» سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توختىتىپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش؛ 4) ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يىغىنىنى چاقىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ فاڭجېنىنى بەلگىلەش؛ 5) جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا خەيرىخاھلىق قىلغۇچى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش؛ 6) ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ باشقا كونكرېت چارىلىرى. بۇ شەرتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز سۆزىگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىشقا ھەممە بىر ئاز جاسارەت كۆرسىتىشكە توغرى كېلىدۇ. بىز بۇنى جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي ئىپادىلىرىدىن تەكشۈرۈپ باقىمىز.

لېكىن جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ باياناتىدا، شەن ۋەقەسى «ئەكسىيەتچىلەر»نىڭ مۇھاسىرىسى سەۋەبىدىن بولدى، دېگەن سۆزمۇ بار. ئەپسۇسكى، جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئۆزى ئېيتقان «ئەكسى- يەتچىلەر»نىڭ زادى قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمىگەن، جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ لوغىتىدىكى «ئەكسىيەتچىلەر» دېگەن

سوزنىڭ قانداق ئىزاھلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما شەن ۋەقەسىنىڭ قوزغىتىلىشى، ھەقىقەتەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بولدى: 1) جاڭ شۈېلياڭ، ياڭ خۇچېڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋە شىبېيدىكى ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى؛ 2) پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى غەزەپ دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى؛ 3) گومىنداڭنىڭ سولچى كۈچلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقى؛ 4) ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە گۇرۇھلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى؛ 5) گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى تەشەببۇس قىلغانلىقى؛ 6) دۇنيا تىنچلىق سېپىنىڭ راۋاجلانغانلىقى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرغىلى بولمايدىغان فاكتلار. جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئېيتقان «ئەكسىيەتچىلەر» باشقىلار ئەمەس، مانا مۇشۇ كۈچلەر، بۇلارنى كىشىلەر ئىنقىلابچىلار دەپ ئاتايدۇ، جياڭ جيېشى جاناپلىرى بولسا، «ئەكسىيەتچىلەر» دەپ ئاتاۋاتىدۇ، خالاس. جياڭ جيېشى جاناپلىرى شەندە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئەستايىدىل قارشى تۇرىمەن، دېگەن سوزنى قىلغان ئىكەن، شەندىن چىقىۋېلىپلا يەنە ئىنقىلاۋىي كۈچلەرگە كۈچىنىڭ بىرىچە ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، چۈنكى قىلغان سوزىگە ئەمەل قىلىش مەسىلىسى جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىي سىياسىي يولدىمۇ، ئۇرلەپ چىقىۋاتقان ۋە ئۇزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان بىر تۇرلۇك كۈچ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ كۈچ شىدن ۋەقەسىدە جياڭ جيېشى جاناپلىرىنى ئولتۇرمەكچى بولغان جازا

يۈرۈشى تەرەپدارلىرى دېيىلگەنلەردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز جياڭ جيېشى جاناپلىرىغا ئۇزىنىڭ سىياسى لوغىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «ئەكسىيەتچىلەر» دېگەن سوزنى ئىنقىلاپچىلار دېگەن سوزگە ئۆز-گەرتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز، ئىمى جىمىغا لايىق ئۆزگەرتىلسە، مۇۋاپىقراق بولىدۇ.

جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئىسىدە تۇتۇشى كېرەككى، ئۇنىڭ شىدىدىن ساق-سالامەت كېتەلىشىگە، شەن ۋەقەسىنىڭ رەھبەرلىرى جاڭ شۆيلياڭ، ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈنلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، گۇڭچەنداڭنىڭ كېلىشتۈرۈشى ھەقىقەتەن كۈچلۈك تەسىر كورسەتتى. گۇڭچەنداڭنىڭ شەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىقلارنى كورسەتكەنلىكى تامامەن مىللەتنىڭ ھاياتىنى كوزدە تۇتقانلىقى ئىدى. ئەگەر ئىچكى ئۇرۇش كېڭىيىپ كەتسە، جاڭ شۆيلياڭ، ياڭ خۇچېڭلار جياڭ جيېشىنى ئۇزاق مۇددەت قاماپ قويغان بولسا، ئۇ چاغدا ۋەقەنىڭ تەرەققىياتى بىكاردىن-بىكار ياپون جاھانگىرلىكىگە ۋە جۈڭگونىڭ جازا يۈرۈشى تەرەپدارلىرىغا پايدىلىق بولۇپ كېتەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گۇڭچەنداڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە جۈڭگودىكى جازا يۈرۈشى تەرەپدارلىرى ۋاڭ جىڭۋېي[4]، خې يىڭچىن[5] قاتارلىقلارنىڭ سۇيىقەستىنى قەتئىي ئېچىپ تاشلاپ، بۇ ۋەقەنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدى، بۇنى جاڭ شۆيلياڭ، ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈنلەر ۋە سۇڭ زىۋېن جاناپ-لىرى[6] قاتارلىق گومىنداڭچىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ—پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەشەببۇسى، چۈنكى ھازىرقى ئىچكى ئۇرۇشنى خەلق ناھايىتى يامان كورىدۇ.

جياڭ جيېشى جاناپلىرى شەندە قويۇلغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى گەپ جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ «سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، ھەرىكىتىمدە نەتىجە كۆرسىتىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى تولۇق ئورۇنلاپ، مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇشىنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى ھەقىقى تۈردە ئەمەلدە كۆرسىتىش - كۆرسەتمەسلىگىدە. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جياڭ جيېشى جاناپلىرىنىڭ ئەمدى ھەرقانداق ئارسالدى بولۇشىغا ھەم ۋەدىسىنى تولۇق ئورۇنلىماسلىقىغا يول قويمايدۇ. جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئەگەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ، ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كېچىكتۈرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاپ دولقۇنى جياڭ جيېشى جاناپلىرىنى غەرق قىلىۋېتىدۇ. «سۆزىگە ئەمەل قىلمىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆز بار. جياڭ جيېشى جاناپلىرى ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھى بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك.

جياڭ جيېشى جاناپلىرى ئەگەر گومىنداڭنىڭ 10 يىللىق ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى يۇيۇپ، ئۆزىنىڭ تاشقىرىغا قارىتا يول قويۇش، ئىچكىرىگە قارىتا ئەسكەر ئىشلىتىش ۋە خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن ئىبارەت تۈپ خاتالىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ، دەرھال ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش سېپىگە ئاتلىنىدىغان، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى ھەربى ۋە سىياسى جەھەتلەردە ئەمەلى رەۋىشتە قوللىنىدىغان بولسا، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇنى ئەلۋەتتە قوللايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە مۇشۇنداق قوللايدىغانلىقىنى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭغا ئەۋەتكەن خېتىدىلا جياڭ جيېشى جاناپلىرىغا

ۋە گومىنداڭغا ۋەدە قىلغان ئىدى⑦. گۇڭچەنداڭنىڭ «سوزىگە ئەمەل قىلىپ، ھەرىكىتىدە نەتىجە كورسىتىدىغان»لىغىنى 15 يىلدىن بېرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئېتىراپ قىلىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى گۇڭچەنداڭنىڭ سوز ۋە ھەرىكىتىگە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقانداق پارتىيە-گۇرۇھنىڭ سوز ۋە ھەرىكىتىگە قارىغاندا ھەققەتەن ئارتۇق ئىشىنىدۇ.

## ئىزاھلار

① جاڭ شۆليالڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ دۇڭبېي قوشۇنى ۋە ياڭ خۇچېڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ 17-ئارمىيىسى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى ماقۇل كوردى، جياڭ جيېشىدىن گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جياڭ جيېشى بۇنى رەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ تەتۈر يولغا مېڭىپ، «گۇڭچەنداڭنى يوقىتىش» جەھەتتىكى ھەربى ئىشلارنى پائال ئورۇنلاشتۇردى ھەم شەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان ياشلارنى قىردى. شۇڭا جاڭ شۆليالڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ جياڭ جيېشىنى قولغا ئالدى. بۇ — 1936-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى مەشھۇر شىەن ۋەقەسى. شۇ چاغدا جياڭ جيېشى گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شەرتىنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدى، ئاندىن قويۇپ بېرىلىپ نەنجىڭغا قايتتى.

② بۇ شىەن ۋەقەسى ۋاقتىدا نەنجىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جاڭ شۆليالڭ ۋە ياڭ خۇچېڭلارغا قارشى «جازا يۈرۈشى» ئېلىپ بېرىشنى قۇۋۋەتلىگەن ۋە جياڭ جيېشى بىلەن ھاكىمىيەت تالاشقان

بىر قىسىم ياپونپەرەسلەرنى كورسىتىدۇ، بۇلارغا ۋاڭ جىڭۋېي، خې يىڭچىنلار باشچىلىق قىلاتتى، ئۇلار شەن ۋەقەسىنى بانا قىلىپ، كەلگۈسىدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەكچى ۋە يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ جياڭ جيېشىنىڭ ھوكۇمرانلىق ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولدى.

③ شاڭخەيدىكى ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلەر شاڭخەيدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ 7 رەھبىرىنى، يەنى شېن جۈنرۇ، جاڭ نەيچى، زۇ تاۋفېن، لى گۇڭپۇ، شا چيەنلى، شى لياڭ، ۋاڭ زاۋشىلارنى كورسىتىدۇ. ئۇلار 1936 - يىل 11 - ئايدا جياڭ جيېشى ھوكۇمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1937 - يىل 7 - ئايدا ئازات قىلىنغان.

④ ۋاڭ جىڭۋېي شۇ چاغدا گومىنداڭ ئىچىدىكى ياپونپەرەسلەرنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇ 1931 - يىلدىن باشلاپ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارىتا مۇرەسسەچىلىكنى ئىزچىل قۇۋۋەتلەپ كەلدى. 1938 - يىل 12 - ئايدا چۇڭچىڭدىن كېتىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا ئاشكارا تەسلىم بولدى ۋە نەنجىڭ قورچاق ھوكۇمىتى تەشكىل قىلدى.

⑤ خې يىڭچىن — گومىنداڭ جۈنفاسى، گومىنداڭ ئىچىدىكى يەنە بىر تۈركۈم ياپونپەرەسلەرنىڭ باشلىقى. شەن ۋەقەسى داۋامىدا ئۇ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشنى پائال پىلانلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ لۇڭخەي تومۇر يولى بويلاپ شەنشىگە ھۇجۇم قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغان ھەم شەننى بومباردىمان قىلىپ جياڭ جيېشىنى ئولتۈرۈشنى پىلانلىغان، بۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئورنىغا چىقماقچى بولغان ئىدى.

⑥ سۇڭ زىۋېن — ئامېرىكاپەرەس. ئۇ چاغدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدا يىراق شەرقتە خوجا بولۇشنى تالىشىش زىددىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇمۇ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، شەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى.

⑦ بۇ خەتتە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇ چاغدىكى گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىنى تولۇق ئاساسلار بىلەن قاتتىق پىپەن قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش ۋە گومىنداڭ-گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقىنى يېڭىۋاشتىن ئورنىتىشقا تەييارلىق كۆرۈش توغرىسىدىكى سىياسىتى بايان قىلىنغان. بۇ خەتنىڭ ئاساسىي قىسمى تۆۋەندىكىچە: «پارتىيەڭلار جۇڭياڭنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش»نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، ھەقىقەتەن، مەسىلىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكتۇر. بىلىش كېرەككى، 10 يىلدىن بۇيانقى ئىچكى ئۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلمەسلىكنى تامامەن پارتىيەڭلارنىڭ ۋە پارتىيەڭلار ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىرلىككە تايىنىۋېلىشتىن ئىبارەت دۆلەتنى خاراپ قىلىدىغان سىياسىتى، بولۇپمۇ «18-سېنتەبىر»دىن بۇيان ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن قارشى تۇرماسلىق سىياسىتى پەيدا قىلدى. پارتىيەڭلارنىڭ ۋە پارتىيەڭلار ھۆكۈمىتىنىڭ «تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك» دېگەن شۇئارى ئاستىدا، ھەر يىلى ئۈزمەي ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ باردىڭلار، قىزىل ئارمىيەگە سانسىز مۇھاسىرىلىك ھۇجۇم قىلدىڭلار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە دېموكراتىك ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن باستۇردۇڭلار. تاكى يېقىنقىچە دۈڭبېي ۋە خۇابېينى تاشلاپ قويۇپ كارىڭلار بولمىدى، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ، بارلىق كۈچ بىلەن قىزىل ئارمىيەگە قارشى تۇردۇڭلار ۋە پارتىيەڭلارنىڭ ئۆز لاگېرى ئىچىدىكى تالاش-تارتىش بىلەن بولۇپ كەتتىڭلار، قىزىل ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىنى بارلىق كۈچ بىلەن توستۇڭلار، قىزىل ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سېپىنى پاراكەندە قىلدىڭلار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەلىۋىگە ئېتىۋار قىلمىدىڭلار،

بۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدىڭلار. ۋەتەننى سۆيۈش جىنايەت بولۇپ قالدى، ناھەق قاماشلار بۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملاشتى؛ ۋەتەننى سېتىش مۇكاپاتلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ۋەتەن خائىنلىرى ئىچ-ئىچىگە پاتماي خوشال بولۇشتى. بۇنداق خاتا سىياسەت بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىش، ھەقىقەتەن، دەرەخ بېشىدىن بېلىق ئىزلىگەنلىك بولىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئەمدى جانابى ئەپەندىلەرگە جىددىي ئۇقتۇرىمىزكى، ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ خاتا فاڭجېنىڭلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتمىسەڭلار، ئەگەر ئۆچمەنلىكنى ياپون جاھانگىرلىككە قاراتماي، يەنىلا ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا قاراتساڭلار، ئۇ چاغدا ھەرقانچە زورلانساڭلار بىلەنمۇ ھازىرقى ئەھۋالنى ساقلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس، مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم «ھازىرقى زامان دۆلىتى» دېگەن ئىبارىلەر تېخىمۇ قۇرۇق سۆز بولۇپ قالىدۇ. بۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھازىر چەتئەلگە خوشامەت قىلىپ خەلقنى ۋەيران قىلىدىغان مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇھتاج. بۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھازىر ۋەتەننى ۋە خەلقنى ھەقىقىي قۇتقۇزىدىغان ھۆكۈمەتنى، ھەقىقىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى قىزغىن تەلەپ قىلىدۇ. بۈتۈن مەملىكەت خەلقى خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي گاڭلىڭى: بىرىنچىدىن، تاشقى تاجاۋۇزغا قارشى تۇرالايدىغان بولسۇن. ئىككىنچىدىن، خەلققە دېموكراتىك ھوقۇق بېرەلەيدىغان بولسۇن. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى يېنىكلىتەلەيدىغان، ھەتتا تۈگىتەلەيدىغان بولسۇن. ئەگەر سۆز «ھازىرقى زامان دۆلىتى» ئۈستىدە بارىدىغان بولسا، مۇشۇ گاڭلىڭلارلا مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگو ھازىرقى دەۋردە ھەقىقىي تەلەپ قىلىدىغان

گاڭلىڭلار بولالايدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھازىر قىزغىن ئارزۇ ۋە قەتئىي نىيەت بىلەن بۇنداق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. پارتىيەگۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيەگۇرۇھلار ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى بولسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۇنداق ئارزۇسىغا زىت كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو گۇڭچەندانگى ۋە جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ھازىر ئالاھىدە تەنتەنە بىلەن خىتاب قىلىدۇكى، بىز پۈتۈن جۇڭگو بويىچە بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمىز، ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى بويىچە سايلانغان گوخۇي چاقىرىشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيەلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قۇرۇلتىيىنى ھىمايە قىلىمىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر پۈتۈن دۆلەت مۇداپىئە ھۆكۈمىتى بولۇشىنى ھىمايە قىلىمىز. بىز شۇنى جاكالايمىزكى، پۈتۈن جۇڭگو بويىچە بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان چاغدا، قىزىل رايونلار پۈتۈن جۇڭگو بويىچە بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ، قىزىل رايونلار خەلقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە چاقىرىلىدىغان گوخۇيغا قاتنىشىدۇ ھەمدە قىزىل رايونلاردا پۈتۈن جۇڭگودىكىگە ئوخشاش دېموكراتىك تۈزۈم ئەمەلگە قويۇلىدۇ. بىز، پارتىيەگۇرۇھلار جۇڭيا گۇيىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلغان دۆلەت مۇداپىئە كېڭىشى، شۇنىڭدەك پارتىيەگۇرۇھلار ۋە پارتىيەگۇرۇھلار ھۆكۈمىتى چاقىرماقچى بولۇۋاتقان گومىنداخۇي مەركەزلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ، دەپ قارايمىز. پارتىيەگۇرۇھلار جۇڭيا گۇيىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان دۆلەت مۇداپىئە كېڭىشى تياۋلىسىدىن قارىغاندا، دۆلەت مۇداپىئە كېڭىشىنىڭ تەشكىلى پەقەت پارتىيەگۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيەگۇرۇھلار ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئاز سانلىق ئەمەلدارلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن؛

دولەت مۇداپىئە كېڭىشىنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيەگىلار ھوكۇمىتىنىڭ مەسىلە-
ھەت بېرىش ئورگىنى بولۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. مۇنداق
كېڭەشنىڭ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ۋە خەلقنىڭ
ھېچقانداق ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى ناھايىتى روشەن.
جانابى ئەپەندىلەر چاقىرماقچى بولغان گومىنداخۇيمۇ، پارتىيەگىلار
ھوكۇمىتى ماقۇللىغان «جۇڭخۇا مىنگو شيەنفاسىنىڭ لايىھىسى» ۋە
«گومىنداخۇينىڭ تەشكىلىي قانۇنى ھەم ۋەكىل سايلاش قانۇنى»دىن
قارىغاندا، ئوخشاشلا، ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىگە
ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى بۇنداق گومىنداخۇي پەقەت پارتىيەگىلارنىڭ ۋە
پارتىيەگىلار ھوكۇمىتىنىڭ ئاز سانلىق ئەمەلدارلىرى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان
ئورگاندىن، بۇ ئەمەلدارلارنىڭ بېقىندىسى ۋە زىننەت بۇيۇمىدىنلا
ئىبارەت، خالاس. بۇنداق دولەت مۇداپىئە كېڭىشى ۋە گومىنداخۇينىڭ
پارتىيىمىز تەشەببۇس قىلغان مەملىكەتلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قۇرۇلتىيى (يەنى دولەت مۇداپىئە كېڭە-
شى) بىلەن، جۇڭخۇا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ گوخۇيى
بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى يوق. بىزنىڭچە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان دولەت مۇداپىئە كېڭىشى
ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەلەر ۋە
ھەرقايسى قوراللىق قوشۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ زور تەدبىرلىرىنى
ھەقىقىي بەلگىلىيەلەيدىغان ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ تۈزۈلۈشى ۋە
بۇ كېڭەشتىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر پۈتۈن دولەت مۇداپىئە ھوكۇ-
مىتى بارلىققا كېلىشى شەرت. گومىنداخۇيمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
ئومۇمىي سايلىمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن گوخۇي بولۇشى، جۇڭخۇا
دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇشى شەرت.
پەقەت مۇشۇنداق دولەت مۇداپىئە كېڭىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەتلىك
گوخۇي بولغاندىلا، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالقىشلايدۇ، ھىمايە

قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ، ۋەتەننى ۋە خەلقنى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇق ئىشنى تەۋرەنمەيدىغان مۇستەھكەم ئاساسقا قويغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ھەرقانداق چىرايلىق ئاتالغۇلار ئەمەلىي ئىشلارغا ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ، بۇنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەرگىز ماقۇل كورمەيدۇ. پارتىيەگىلار ۋە پارتىيەگىلار ھوكۇمىتى چاقىرىپ كەلگەن تۈرلۈك يىغىنلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى — بۇنىڭ ئەڭ ئوبدان ئىسپاتى. پارتىيەگىلار جۇڭگىياگىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىتاپنامىسىدە يەنە: «خەۋپ-خەتەر ۋە توسالغۇلارنىڭ بىرلۈشىنى ئەسلىدە مولجەرلەشكە بولاتتى، دولەت ئىشىنىڭ مۇشەققەتلىك بولۇشى سەۋەبىدىن، ئوتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىزنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويالمايمىز.» «پارتىيىمىز دولەتنىڭ كۈللىنىشى پاكى مۇنقەرىز بولۇشىغا ئالاقىدار بولغان ئىشلارغا چوقۇم ئوزىنىڭ بارلىق ئوي-پىكرى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى باشتىن-ئاخىر ئىزچىل سەرىپ قىلىدۇ» دېيىلگەن. دەرۋەقە، پارتىيەگىلار — جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ ئەڭ چوڭ قىسمىدا ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان پارتىيە، ئوتمۈشتە ئەمەلگە قويۇلغان بارلىق ئىشلارنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى پارتىيەگىلار ئوز ئۇستىگە ئالماي بولمايدۇ. بىر پارتىيە دىكتاتۇرىلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ھوكۇمىتى شارائىتىدا، گومىنداڭ ئوز مەسئۇلىيىتىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بولۇپمۇ 18-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيان پارتىيەگىلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇتلەق خاتا سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ كەلدى، نەتىجىدە جۇڭگونىڭ يېرىمىنى دىگۈدەك قولدىن بېرىپ قويدى، بۇ مەسئۇلىيەتنى ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ يېرىمىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشىغا پارتىيەگىلار سەۋەپ بولدى، تېررىتورىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ھەرگىز پارتىيەگىلارغا يۈكلىمەي بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيەگىلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە ۋىجدانلىق

كىشىلەرمۇ ھازىر ۋەتەننىڭ مۇتەقەررىز بولۇش خەۋپىنى ۋە خەلق ئىرادى-
سىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن سېزىپ، يېڭىدىن بۇر-
ۇلۇش ياساشقا باشلىدى، ئۆز پارتىيىسى ئىچىدىكى پارتىيە ھەم ۋەتەنگە
بالايى-ئاپەت كەلتۈرگۈچى ئۇنسۇرلارغا غەزەپلىنىشكە ۋە ئۇلاردىن
نارازى بولۇشقا باشلىدى. جۇڭگو گوڭچەنداڭى بۇنداق يېڭى بۇرۇلۇشقا
تامامەن ھېسداشلىق قىلىدۇ، جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەر
ۋىجدانلىق ئەزالىرىنىڭ جاسارىتى ۋە ئويغىنىشىنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ،
ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ مۇتەقەررىز بولۇش خەۋپى ئالدىدا پەيداكارلىق بىلەن
كۈرەش قىلىشىنى خالاش ۋە يېڭىلىق كىرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلىش
روھىنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ. بىزگە مەلۇمكى، پارتىيەگاھلار جۇڭياڭى ۋە
ھەرقايسى شېڭداڭبۇلىرىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
لەردە، مائارىپ ساھەسىدە، پەن ساھەسىدە، سەنئەت ساھەسىدە،
ئاخبارات ساھەسىدە، سودا-سانائەت ساھەسىدە، ئاياللار ساھەسىدە،
دىنىي ساھەدە، تىببىي ساھەدە، ساقچى ساھەسىدە، تۈرلۈك خەلق
تەشكىلاتلىرىدا، بولۇپمۇ كەڭ ئارمىيىدە، گومىنداڭنىڭ يېڭى ۋە كونا
پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئارىسىدا، ھەقىقەتەن،
نۇرغۇن ئويغانغان ھەم ۋەتەننى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، بەلكى بۇنداق
كىشىلەر يەنە كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ — كىشىنى ئىنتايىن خۇشال
قىلىدىغان ئەھۋال. جۇڭگو گوڭچەنداڭى بۇ گومىنداڭ ئەزالىرى بىلەن
قول تۇتۇشۇپ، مۇستەھكەم مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ، پۈتۈن
مىللەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى — ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا
ھەر قاچان تەييار. بىز بۇ گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ گومىنداڭ ئىچىدە
تېزلىك بىلەن بىر تۈرلۈك ئۈستۈن كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، مىللىي
مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
گۇماشتىلىرى بولۇپ قالغان، ئەمەلىيەتتە ياپونپەرەس ۋەتەن خائىنلىرى
بولۇپ قالغان ئەڭ ئۇنسال ۋە ئەڭ نومۇسسىز گومىنداڭ ئەزالىرىنى —
سۈن جۇڭشەن ئەپەندىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن گومىنداڭ ئەزالىرىنى

بىسىپ چۈشۈشىنى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىسى-
نىڭ روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ روسىيە
بىلەن بىرلىشىش، گوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، دېخان ۋە ئىشچىلارغا
يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسىتىنى يېڭىۋاشتىن
جانلاندۇرۇشىنى، ئۆزىنىڭ «ئوي-پىكرى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى» بىلەن
ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيى ۋە ئۈچ چوڭ سىياسەتنى «باشتىن-ئاخىر
جارى قىلىشى»نى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەسىيىتىنى
«باشتىن-ئاخىر جارى قىلىشى»نى ئۈمىت قىلىمىز. بىز ئۇلارنىڭ پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار ۋە ھەرقايسى
ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلىرى بىلەن ھەم ۋەتەنپەرۋەر
كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىشىغا
ۋارىسلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئۈستىگە ئېلىپ، قەتئىي تۈردە
ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭگونى مۇنقەرزلىك
خەۋپىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى، پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى، جۇڭگونىڭ
خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقنى ئازاپ-
ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى، جۇڭخۇا دېمو-
كراتىك جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك كوڭخۇيى، دېموكراتىك
ھۆكۈمىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.
جۇڭگو گوڭچەندىكى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا خىتاپ
قىلىدۇكى، ئەگەر سىلەر، ھەقىقەتەن، مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار،
بىز سىلەرنى قەتئىي قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمىز، بىز سىلەر بىلەن خۇددى
جۇڭگونىڭ 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان ئۇلۇق ئىنقىلاپ
دەۋرىدە ئىككى پارتىينىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى
تۈزگەن ئۇلۇق بىرلىكسېپىگە ئوخشاش مۇستەھكەم ئىنقىلاۋىي بىرلىكسەپ
قۇرۇشنى خالايمىز، چۈنكى بۇ — بۈگۈنكى كۈندە مۇنقەرزلىكتىن
قۇتۇلۇش-ئامان قېلىشنىڭ بىردىن-بىر توغرى يولى.»

# جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى*

**(1937-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنى)**

## مىللىي زىددىيەت ۋە ئىچكى زىددىيەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچى

1. جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئىچكى زىددىيەت ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە ئىچكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى شەكىللەندۈردى.

2. جۇڭگو خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئىككى خىل كەسكىن ۋە نېگىزلىك

زىددىيەت ئىچىدە ــــ جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى. 1927 ـ يىلى گومىنداڭ ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، مىللىي مەنپەئەتنى جاھانگىرلىككە سېتىپ، ئىشچى ـ دېھقان ھاكىمىيىتى بىلەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى كەسكىن قارىمۇ ـ قارشى بولغان ھەمدە مىللىي ۋە دېموكـ ـراتىك ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى جۇڭگو كۆكچەنداگى ئۆزى يالغۇز ئۈستىگە ئالماي بولمايدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى.

3. 1931 ـ يىلدىكى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن، بولۇپمۇ 1935 ـ يىلـ ـدىكى خۇابېي ۋەقەسىدىن① بۇيانقى ۋەزىيەت بۇ زىددىيەتلەردە تۆۋەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى:

ئا) ئومۇمى جاھانگىرلىك بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە كورۇ ـ نەرلىك ۋە ئالاھىدە ئۆتكۈر زىددىيەتكە ئايلاندى. ياپون جاھانـ ـگىرلىكى جۇڭگونى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. شۇڭا، باشقا بىرقانچە جاھانگىرلار بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، بۇ جاھانگىرلار بىلەن ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ چاكىلىرى بولسا كېڭەيدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كۆكچەنداگى ۋە جۇڭگو خەلقى ئالدىغا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسېپىنى دۇنيانىڭ تىنچلىق سېپى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى قويۇلدى. دېمەك، جۇڭگو يالغۇز جۇڭگو خەلقىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل

* بۇ ــ يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كۆكچەنداگىنىڭ 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا يەنئەندە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا قىلغان دوكلات.

ياخشى دوستى بولۇپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەنلا بىرلىشىپ قالماي، بەلكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەگە ئوخشاش ياپونغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەنمۇ بىرلىكتە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى لازىم. بىزنىڭ بىرلىكسەپىمىز بارلىق جاھانگىرلارغا بىرلا ۋاقىتتا قارشى تۇرۇشنى ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

ب) جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىچكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتتى، بۇرژۇئازىيە، ھەتتا جۇنفالارنى ھايات - مامات مەسىلىسىگە دۇچ كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىش جەريانىنى پەيدىن-پەي پەيدا قىلدى. بۇ ھال جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ۋە جۇڭگو خەلقى ئالدىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش ۋەزىپىسىنى قويدى. بىزنىڭ بىرلىكسەپىمىز — بۇرژۇئازىيىنى ھەمدە ۋەتەننى قوغداشقا قوشۇلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، مەملىكەت بويىچە ھەممە بىردەك تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرىدىغان بىرلىكسەپ. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش لازىم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئورۇنلاش مۇمكىن.

س) جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئاممىسى (پرولېتارىيات، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى)نىڭ ئەھۋالىنى ۋە گۇڭچەنداڭنىڭ سىياستىنى ئۆزگەرتتى. خەلق ئىلگىرىكىدىنمۇ كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى. گۇڭچەنداڭ «18 - سېنتەبىر»دىن كېيىن 3 شەرت (ئىنقىلاۋىي

گېنجۇيىدىلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىش، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلقنى قوراللاندۇرۇش) ئاستىدا گومىنداڭنىڭ بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان قىسمى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى تۈزۈش سىياسىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنى قۇرۇش سىياسىتىگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭدىن پارتىيىمىزنىڭ 1935 ـ يىلدىكى ئاۋغۇست خىتاپنامىسى②، دېكابىر قارارى③، 1936 ـ يىل 5 ـ ئايدا «جياڭ جىيشىغا قارشى تۇرۇش» شوئارىدىن ۋازكەچكەنلىكى④، 8 ـ ئايدا گومىنداڭغا ئېۋەتكەن خېتى⑤، 9 ـ ئايدا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا قىلغان قارارى⑥، 12 ـ ئايدا شەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى، 1937 ـ يىل 2 ـ ئايدا گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3 ـ ئومۇمىيغىنىغا يوللىغان دېيەنباۋسى⑦ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلىرى كېلىپ چىقتى.

د) جاھانگىرلارنىڭ تەسىر دائىرە سىياسىتى ۋە جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئىقتىسادىي ئەھۋالى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان جۇڭگودىكى جۇنفالارنىڭ گېجۇيلىرى ۋە جۇنفالارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرىدىمۇ جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئالدىدا ئۆزگىرىش بولدى. ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ جۇڭگونى تەنھا بېسىۋېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇنداق گېجۇي ۋە ئىچكى ئۇرۇشلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. باشقا بىرقانچە جاھانگىرلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن جۇڭگونىڭ بىرلىكى ۋە تىنچلىقىنى ۋاقتىنچە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەۋاتىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى بولسا، ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىچكى ئۇرۇش ۋە

بولۇنۇشكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، تىپچىلىق ۋە بىرلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ.

ئې) جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتى، سىياسى سالماق جەھەتتىن، مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ۋە سىياسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋە بويسۇنغۇچى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. لېكىن مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە سىياسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزى كېمەيمىدى ياكى يوقالمىدى، بەلكى ئاۋالقىدەكلا مەۋجۇت. جۇڭگونىڭ ياپونى-يىدىن باشقا جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ۋە جۇڭگو خەلقى ئالدىغا تۆۋەندىكى ۋەزىپە قويۇلدى: ئىچكى ۋە خەلقارا جەھەتتىكى ھازىر تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ۋە زۆرۈر بولغان زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش. بۇنىڭدىن جۇڭگو كۇڭچەنداڭىنىڭ تىپچلىق ۋە بىرلىكنى، دېموكراتىك سىيا-سىنى، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان چەتئەللەر بىلەن تەنپەن ئوتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتەك تۈرلۈك فاڭجېنلىرى كېلىپ چىقتى.

4. جۇڭگو ئىنقىلاۋى يېڭى دەۋرىنىڭ 1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باشلانغان بىرىنچى باسقۇچى گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 1937 - يىل 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋاقتىغا يەتكەندە ئاياقلاشتى. بۇ باسقۇچتا بولغان چوڭ ۋەقەلەر مۇنۇلار: ئوقۇغۇچىلار

ساھەسى، مەدەنىيەت ساھەسى ۋە جامائەت پىكرى ساھەسىنىڭ مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىبېيگە كەلگەنلىكى، گوڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ تەشۋىقىي ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرى، شاڭخەي ۋە چىڭداۋلاردىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئىش تاشلاشلار[8]، ئەنگلىيىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ بىرقەدەر قاتتىقلىشىشقا يۈز تۇتقانلىقى[9]، گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى ۋەقەسى[10]، سۈيۈەن ئۇرۇشى ۋە سۈيۈەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى[11]، نەنجىڭنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە تەنپەنىدە بىرقەدەر قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى[12]، شىئەن ۋەقەسى، ئاخىردا، نەنجىڭ گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى[13]. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقتىن ئىبارەت مۇشۇ نېگىزلىك زىددىيەتنى مەركەز قىلغان، ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخىي تەلەپنى بىۋاستە مەركەز قىلغان. ئىنقىلاپنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى تۈپ ۋەزىپىسى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىچكى قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىشتىن ئىبارەت. گوڭچەنداڭ بۇ باسقۇچتا «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ چاقىرىق ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى ئەمەلىي تەشكىل قىلىشنىڭ بىرىنچى زۆرۈر شەرتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

5. گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياپونپەرەسلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئۇز سىياسىتىدە

ئېنىق ۋە ئۈزۈل-كېسىل بۇرۇلۇش ياسالغانلىقىنى كورسەتمىدى، مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلمىدى. لېكىن خەلقنىڭ مەجبۇر قىلغانلىقى ۋە گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، گومىنداڭ ئۆزىنىڭ ئوتمۇشتىكى 10 يىللىق خاتا سىياسىتىدە بۇرۇلۇش ياساشقا باشلىماي تۇرالمىدى، يەنى ئىچكى ئۇرۇش، ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە ياپونىيىگە قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىدىن تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە بۇرۇلۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، بۇنداق دەسلەپكى بۇرۇلۇش گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىپادىلەندى. بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئۆز سىياسىتىدە ئۈزۈل-كېسىل بۇرۇلۇش ياسىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىيە ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ زور راۋاجلاندۇرۇشقا، گومىنداڭنى يەنىمۇ تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا، گومىنداڭ ئىچىدىكى تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، تەۋرىنىپ ئارىسالدى بولغانلارغا تۈرتكە بولۇش ۋە ياپونپەرەسلەرنى سىقىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇ چاغدىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

6. ھازىرقى باسقۇچ — يېڭى دەۋرنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى. ئالدىنقى باسقۇچ بىلەن بۇ باسقۇچنىڭ ھەر ئىككىلىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى قوراللىق مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قەدەم قويۇلغان ئوتكۈنچى باسقۇچ. ئەگەر ئالدىنقى

باسقۇچنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش بولغان بولسا، بۇ باسقۇچنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش بولىدۇ. بىلىش لازىمكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەقىقى ۋە مۇستەھكەم مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدە تېچلىق بولماي ئەلۋەتتە بولمايدۇ، مەملىكەت ئىچىدە دېموكراتىيە بولمايمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش — ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىنىڭ مەركىزى ھالقىسى. دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۈچۈق كورمەي، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمىزنى توۋەنلەشتۈرۈپ قويساق، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەقىقى ۋە مۇستەھكەم مىللى بىرلىكسەپنى قۇرۇپ چىقىشقا ئېرىشەلمەيمىز.

## دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش

7. ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كورۈۋاتىدۇ. گىتلېر، مۇسسولىنىلارنىڭ غەربتە جىددى تەييارلاۋاتقان قاراقچىلىق ئۇرۇشلىرىغا ماسلىشىپ، ياپونىيە شەرقتە ئۆزىنىڭ ئېنىق بەلگىلىگەن قەدەم-باسقۇچلىرى ئاساسىدا، جۇڭگونى بىريولىلا مۇنقەرىز قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەييارلاۋاتىدۇ — مەملىكىتىدە ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى، ئىدېيىۋى شەرتلەرنى، خەلقارادا ۋەيجىياۋ شەرتلىرىنى تەييارلاۋاتىدۇ، جۇڭگودىكى ياپونپەرەس كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. ياپونىيىنىڭ «جۇڭگو - ياپونىيە ھەمدەم-

لىكى» دېگەننى تەشۋىق قىلغانلىقى ۋە بەزى ۋەيجىباۋ تەدبىرلىرىنى
يۇمشاتقانلىقى دەل ئۇنىڭ ئۇرۇش ھارپىسىدىكى تاجاۋۇزچىلىق
سىياسىتىنىڭ جەنۇب جەھەتتىكى ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. جۇڭگو
ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدىغان پەيتكە يېقىنلىشىۋاتىدۇ،
جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-مۇنقەرزلىكتىن
قۇتۇلۇش ئۇرۇشىغا ناھايىتى تېز تەييارلىق كۆرۈش لازىم. بىز تەييار-
لىق كۆرۈشكە قارشى تۇرمايمىز، لېكىن تەييارلىق كۆرۈشنى ئۇزاق
مۇددەت سوزۇش نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرىمىز، ئەمەلدارلارنىڭ
قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ كۈن بويى كەيپى-ساپاغا بېرىلىپ بىخارامان
يۈرۈشىدەك ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىدىغان ھادىسىگە قارشى تۇرىمىز،
بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە، دۈشمەنگە ياردەم بەرگەنلىك
بولىدۇ، بۇلارنى تېزدىن پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك.

8. سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مائارىپ جەھەتلەردىكى
دۆلەت مۇداپىئە تەييارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش-مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۇرۇشىنىڭ زۆرۈر شەرت-
لىرى، بۇلارنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. سىياسىي
جەھەتتىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەت بېرىش-
نىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېچلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج،
دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك بولمىسا، قولغا كەلتۈرۈلگەن تېچلىقنى
مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى
كۈچەيتكىلى بولمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خەلقنىڭ
سەپەرۋەر قىلىنىشىغا مۇھتاج، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك بولمىسا،

سەپەرۋەرلىك يۇرگۇزگىلى بولمايدۇ. مۇستەھكەم ئىچىلىق ۋە ئىتتىپاقلىق بولمىسا، خەلق سەپەرۋەر قىلىنمىسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ھەبەشىستان مەغلۇپ بولغانىدەك مەغلۇبىيەت گاتىكىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەبەشىستان ئاساسەن فېوداللىق تۈزۈمنىڭ ھوكۇمرانلىقى، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇستەھكەم بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى. جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەقىقىي ۋە مۇستەھكەم مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن دېموكراتىيە بولمىسا بولمايدۇ.

9. جۇڭگو ئوۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتنى دەرھال باشلىشى كېرەك. بىرىنچى تەرەپتىن، سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە، بىر سىنىپلىق ئەكسىيەتچىل ھاكىم مۇتلەق ھاكىمىيەت تىجرىسىنى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ھەرقايسى سىنىپلار ھەمكارلىشىدىغان دېموكراتىك ھاكىمىيەت تىجرىسىغا ئۆزگەرتىش. بۇ ئىشنى گومىنداخۇيىنىڭ سايلىمى ۋە چاقىرىلىشى جەھەتتىكى دېموكراتىيىگە خىلاپ چارىلەرنى ئۆزگەرتىش، دېموكراتىك سايلامنى ئەمەلگە قويۇش ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئەركىن ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەت بېرىشتىن باشلاپ، ھەقىقىي دېموكراتىك شىيەنفا تۈزۈش، ھەقىقىي دېموكراتىك گوخۇيې چاقىرىش، ھەقىقىي دېموكراتىك ھوكۇمەت سايلاش، ھەقىقىي دېموكراتىك سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا قەدەر ئېلىپ بېرىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ھەقىقىي تۈردە ئىچكى تىچلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى قوراللىق دۈشمەنلىشىشنى توختىتىپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە ھەممە بىردەك تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرغىلى

بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشى، يەنى بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز تاماملانغىچە، ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھۇجۇمى باشلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەر ۋاقىت ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرالايدىغان ۋە ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل يېڭەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، تېز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئۇزۇل-كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش دەرىجىسىگە يەتمەكچىمىز. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر گومىنداڭخۇيغا ۋە شيەنفا تۈزۈش مەسىلىسىگە بولغان ئوتتۇرىشتىكى سۇس قاراشلىرىنى تاشلاپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ئەھمىيىتىگە ئىگە مۇشۇ كونكرېت گومىنداڭخۇي ھەرىكىتى ۋە شيەنفا ھەرىكىتىگە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشى، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى گومىنداڭنى قاتتىق پېيدىن قىلىپ، گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە، بىر سىنىپ ھاكىم مۇتلەق قىلىدىغان ۋازكېچىپ، خەلقنىڭ پىكرىنى ئىجرا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بۇ يىل بىرقانچە ئاي ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەڭ دېموكراتىك ھەرىكەت قوزغاش كېرەك، بۇ ھەرىكەتنىڭ ھازىرقى نىشانىسى گومىنداڭخۇي ۋە شيەنفانى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئورۇنلاشقا قارىتىلىشى لازىم. ئىككىنچى تەرەپتىن، خەلقنىڭ سۆز، يىغىلىش، تەشكىللاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكلىرى. بۇنداق ئەركىنلىكلەر بولمىسا، سىياسىي تۈزۈم جەھەتتىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلغىلى، ۋەتەننى قوغداش ۋە قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئالدىمىزدىكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى بۇ ۋەزىيەتنىڭ مەلۇم ھالدا ئەڭ توۋەن دەرىجىدە ئورۇنلىنىشىنى، جۈملىدىن سىياسى مەھبۇسلارنىڭ ئازات قىلىنىشى، پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەنئى قىلىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. سىياسى تۈزۈمنىڭ دېموكراتىك يول بىلەن ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى — ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ گاكلىكىنىڭ مۇھىم قىسمى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەقىقى ۋە مۇستەھكەم مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇشنىڭمۇ زورۇر شەرتى.

10. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز — ياپون جاھانگىرلىكى، جۇڭگودىكى ۋەتەن خائىنلىرى، ياپونپەرەسلەر ۋە تروتسكىچىلار جۇڭگونىڭ تىنچلىق ۋە بىرلىكىنىڭ، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنىڭ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ھەر بىر قەدەم-باسقۇچىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. بىز ئىلگىرى تىنچلىق ۋە بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار كۈچىنىڭ بېرىچە ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان ۋە بۆلگۈنچىلىك سالغان ئىدى. بىز ھازىر ۋە يېقىن كەلگۈسىدە دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەم تىرىشىدىغان چېغىمىزدا، ئۇلار، شۈبھىسىز-كى، يەنە بۇزغۇنچىلىق سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمى نىشانىسى ۋەتەننى قوغداش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىنى ئورۇنلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەي، ئۆزلىرى-نىڭ جۇڭگونى مۇنقەرىز قىلىدىغان تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىن دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرەشلىرىدە يالغۇز گومىنداڭنىڭ جاھىللار گۇرۇھىغا

ۋە خەلق ئىچىدىكى قالاق تەركىپلەرگە قارىتا تەشۋىق ـ تەرغىپ ۋە تەنقىت قىلىش خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ئىشلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدا غالىپلىق قىلۋاتقان ياپونپەرەسلەر ۋە تروتسكىچىلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېچىپ تاشلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

11. تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو گوڭچەنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3 ـ ئۇمۇمىي يىغىنىغا يوللىغان دېئەنباۋسىدا ئۇلارغا تۆۋەندىكى 4 كاپالەتنى بەردى: 1) گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا ئىنقىلاۋىي گېنجۇيىدىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نامىنى جۇڭخۇا مىنگو ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە، قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنى مىللىي ـ ئىنقىلاۋىي ئارمىيىگە ئۆزگەرتىپ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان قىلىش؛ 2) ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تەۋە جايلاردا ئۈزۈل ـ كېسىل دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە قويۇش؛ 3) گومىنداڭنى قوراللىق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇش فاڭجېنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توختىتىش؛ 4) پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى توختىتىش. بۇنداق كاپالەت بېرىش زورۇر ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مىللىي زىددىيەت بىلەن ئىچكى زىددىيەتنىڭ سىياسىي سالماق جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ دۈشمەنلىشىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغىلى بولىدۇ. بۇ بىر

تۈرلۈك پرىنسىپلىق، شەرتلىك يول قويۇش، بۇنداق يول قويۇش پۈتۈن مىللەتكە ئېھتىياجلىق بولغان تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن. لېكىن يول قويۇشنىڭ چېكى بار. ئالاھىدە رايون ۋە قىزىل ئارمىيىدە گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ مۇناسىۋىتىدە گۇڭچەنداڭنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ۋە تەنقىت ئەركىنلىكىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى — بۇلار يول قويۇشنىڭ چېكى، بۇ چەكتىن ئېشىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يول قويۇش — ئىككى پارتىيىنىڭ يول قويۇشى: گومىنداڭ ئىچكى ئۇرۇش، ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرماسلىق سىياسەتلىرىدىن ۋازكېچىدۇ؛ گۇڭچەنداڭ ئىككى ھاكىمىيەت دۈشمەنلىشىش سىياسىتىدىن ۋازكېچىدۇ. بىز كېيىنكىسىنىڭ بەدىلىگە ئالدىنقىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گومىنداڭ بىلەن يېڭىۋاشتىن ھەمكارلىشىپ، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ئەگەر بۇ گۇڭچەنداڭنىڭ تەسلىم بولۇشى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ پەقەت ئاQچىلىق[14] ۋە يامان نىيەت بىلەن قىلىنغان تۆھمەت بولىدۇ، خالاس.

12. گۇڭچەنداڭ سەنمىنجۇيىنى ماقۇل كۆرەمدۇ-يوق؟ بىزنىڭ جاۋابىمىز: ماقۇل كۆرىدۇ[15]. سەنمىنجۇيى ئۆزىگە خاس تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە. سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ گۇڭچەنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىش قەتئىي ئىجرا قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە بولغان غەلىبىنىڭ ۋە ئىنقىلابنىڭ بايرىقىغا ئايلانغان ئىدى. لېكىن 1927-يىلى گومىنداڭ گۇڭچەنداڭنى چەتكە قېقىپ (پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتى[16] ۋە گۇڭچەنداڭغا

قارشى ئۇرۇشلار)، ئەكسىچە سىياسەت قوللىنىپ، ئىنقىلاپنى مەغ-
لۇبىيەتكە ئېلىپ باردى، مىللەتنى خەتەرلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ
قويدى، شۇنىڭ بىلەن سەنمىنجۇيىمۇ خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن
ئايرىلىپ قالدى. ھازىر مىللى ۋېيجى ئىنتايىن ئېغىر، گومىنداڭ
ئاۋالقى پېتىچە ھوكۇمرانلىق قىلىۋېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر
ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقىنى يەنە جىددى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، سەنمىنجۇيىنىڭ روھىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش،
تاشقى جەھەتتە مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرىدىغان
مىللى مەسلەك، ئىچكى جەھەتتە دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى
ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خەلق ھوقۇقى مەسلىكى ۋە خەلقنىڭ بەخت-
سائادەتلىك بولۇشىنى ئالغا سۈرىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى
ئاساسىدا، ئىككى پارتىيىنىڭ يېڭىۋاشتىن ھەمكارلىشىپ ۋە خەلققە
رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى قەتئى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى جۇڭگو ئىنقىلاۋى-
نىڭ تارىخىي تەلىۋىگە تامامەن ئۇيغۇن، ھەر بىر گۇڭچەنداڭ ئەزاسى
بۇنى ئېنىق چۈشىنىشى لازىم. كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىزىم
ۋە كوممۇنىزىم غايىسىدىن ھەرگىز ۋازكەچمەيدۇ، ئۇلار بۇرژۇئا-
دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچى ئارقىلىق سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇ-
نىزىم باسقۇچىغا يېتىپ بارىدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ئۆز ئالدىغا
سىياسى-ئىقتىسادىي گاڭلىڭى بار. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقۇرى گاڭلىڭى —
سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم، بۇ سەنمىنجۇيىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ
دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى گاڭلىڭىمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى
ھەرقانداق پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭكىدىن ئۈزۈل-كېسىل. لېكىن
گۇڭچەنداڭنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ گاڭلىڭى گومىنداڭنىڭ

1 ـ نوۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئېلان قىلغان سەنمىنجۇيىلىق گاڭلىگى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن توقۇنۇشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سەنمىنجۇيىنى رەت قىلمايلا قالماستىن، بەلكى سەنمىنجۇيىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى خالايمىز، بەلكى گومىنداڭدىن سەنمىنجۇيىنى بىز بىلەن بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سەنمىنجۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىمىز. بىز، گۇڭچەنداڭ، گومىنداڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مىللىي مۇستەقىللىق، خەلق ھوقۇقى ئەركىنلىگى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۈچ چوڭ نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى لازىم، دەپ ھېساپلايمىز.

13. بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شۇئارىمىز خاتا بولغانمىدى؟ خاتا بولمىغان. بۇرژۇئازىيە، بولۇپمۇ چوڭ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپتىن چېكىنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىرلار ۋە فېئودال كۈچلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان ئىكەن، ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىدىن پەقەت پرولېتارىيات، دېھقانلار ۋە شەھەرلەردىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلا قالغان بولىدۇ؛ ئىنقىلاۋىي پارتىيىدىن پەقەت گۇڭچەنداڭلا قالغان بولىدۇ؛ ئىنقىلاپنى ئۇيۇشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى بىردىن ـ بىر ئىنقىلاۋىي پارتىيە بولغان گۇڭچەنداڭنىڭ زىممىسىگە چۈشمەي قالمايدۇ. پەقەت گۇڭچەنداڭلا ئىنقىلاپ تۇغىنى داۋاملىق ئىگىز كوتۇرۇپ كەلدى، ئىنقىلاپ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالدى، ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ شۇئار ئۈچۈن نۇرغۇن يىللار جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئىشچى ـ دېھقان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شۇئارى

بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسىگە خىلاپ كەلمەيدۇ، بەلكى بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسىنى قەتئى ئىجرا قىلىدۇ. ئەمەلىي كۆرەشلەردە بىزنىڭ ھېچبىر سىياسىتىمىز بۇنىداق ۋەزىپىگە مۇۋاپىق كەلمەي قالغان ئەمەس. بىزنىڭ سىياسىتىمىز، جۈملىدىن پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە 8 سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سىياسىتىمىز كاپىتالىزم فەنچۇسىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە قويغىنى يوق. يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قانداق تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇ پرولېتارىياتنى، دېھقانلارنى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنى، بۇرژۇئازىيىنى، شۇنىڭدەك مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاپنى ماقۇل كۆرىدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ — مۇشۇ سىنىپلارنىڭ مىللىي ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىتتىپاقى. بۇ يەردىكى ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بولۇپ، بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ بۈگۈنكى شارائىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا يەنە يېڭىۋاشتىن قاتنىشىشىنىڭ ئېھتىمالى بارلىقىدىن بولدى، شۇڭا جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، پرولېتارىيات پارتىيىسى ئۇلارنى رەت قىلماسلىقى، بەلكى ئۇلارنى جەلپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىدىغان ئىتتىپاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىم. ئىچكى قوراللىق توقۇنۇشلارنى توختىتىش ئۈچۈن، كۇڭچەنداڭ پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ، يەر مەسىلىسىنى يېڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش جەريانىدا قانۇن چىقىرىش ۋە باشقا مۇۋاپىق

ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگونىڭ يېرى ياپونلارغا تەئەللۇقمۇ ياكى جۇڭگولۇقلارغا تەئەللۇقمۇ، بۇ — ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. دېخانلارنىڭ يەر مەسىلىسى جۇڭگونى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ھەل قىلىنىدۇكەن، ئۇ ھالدا، زورلۇق كۈچ بىلەن مۇسادىرە قىلىش ئۇسۇلىدىن يېڭى مۇۋاپىق ئۇسۇلغا ئۆتۈش تامامەن زورۇر.

ئىشچى-دېخان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى شۇئارىنىڭ ئۆتمۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشمۇ توغرى ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشمۇ توغرى.

14. مىللى بىرلىكسەپ قۇرۇپ، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ئىچكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش زورۇر، ئۇنىڭ پىرىنسىپى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە تارايتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۈچىيىشى ۋە كېڭىيىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدا مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى، پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى، سىياسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىسىز بولغان كۈرەشلەر (ئىچكى ئۇرۇش، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ دۈشمەنلىشىشى، جايلارنىڭ گېجۈي قىلىنىشى، بىر تەرەپتىكى فېوداللىق سىياسى زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇم، يەنە بىر تەرەپتىكى قوزغىلاڭ كوتۇرۇش سىياستى ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىسىز بولغان ئارتۇقچە يۇقۇرى ئىقتىسادىي تەلەپلەر ۋە باشقىلار)نى توختىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق بولغان

كۆرەشلەر(تەنقىت ئەركىنلىكى، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە باشقىلار)نى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، بەلكى شۇنداق قىلىش لازىم.

15. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ ۋە بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇمۇمى ۋەزىپە بويىچە، قىزىل ئارمىيىنىڭ ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گېنجۇيدىلەرنىڭ ۋەزىپىسى مۇنۇلار: (1) قىزىل ئارمىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، دەرھال مىللى-ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ھەمدە ھەربى، سىياسى تەربىيە ۋە مەدەنىيەت تەربىيىسىنى بىر قەدەم يۇقۇرى كوتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىك بىگتۇەنى قىلىش. (2) گېنجۇيدىلەرنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تەركىۋي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى شارائىتتىكى دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە قويۇش، ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى يېڭىۋاشتىن تۈزۈپ چىقىش، ۋەتەن خائىنلىرى ۋە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچى ئۇنسۇرلارنى يوقىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈلگىلىك رايونىنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇش. (3) بۇ رايوندا زورۇر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش. (4) زورۇر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش.

## بىزنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىمىز

16. مەلۇم تارىخي شارائىتتا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشقا ۋە

فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان جۇڭگو بۇرژۇ-
ئازىيىسى، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتلەردىكى ئاجىزلىق-
لىرى سەۋەبىدىن، ئىككىنچى بىر خىل تارىخىي شارائىتتا تەۋرىنىدۇ
ۋە ئاينىيدۇ، بۇ قانۇنىيەت جۇڭگو تارىخىدا ئىسپاتلانغان. شۇ سەۋەپ-
تىن جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى بۇرژۇئا-
دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ رەھبەرلىكى
ئارقىلىق ئورۇنلىغىلى بولمايدىغانلىقى، بەلكى پرولېتارىياتنىڭ
رەھبەرلىكى ئارقىلىقلا ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىغا تارىخ ھۆكۈم
قىلىپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە پرولېتارىياتنىڭ دېموكراتىك
ئىنقىلاپتىكى قەتئىيەتلىكى ۋە ئۈزۈل-كېسىللىكلىكىنى تولۇق جارى
قىلغاندىلا، بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇغما تۇراقسىزلىقى ۋە ئۈزۈل-كېسەل-
سىزلىكىنى يېڭىپ، ئىنقىلاپنى چۈشۈك بىلەن ئاياقلاشتىن ساقلاپ
قالغىلى بولىدۇ. پرولېتارىياتنى بۇرژۇئازىيىگە ئەگەشتۈرگەن قىلىش
كېرەكمۇ ياكى بۇرژۇئازىيىنى پرولېتارىياتقا ئەگەشتۈرگەن قىلىش
كېرەكمۇ؟ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىدىن ئىبا-
رەت بۇ مەسىلە — ئىنقىلاپنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ
بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى. 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا
ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنىڭ سىياسى
رەھبەرلىكىگە ئەگەشكەن چاغدا ئىنقىلاپنىڭ قانداق ئىلگىرىلىگەنلى-
گىنى؛ پرولېتارىيات (گۇڭچەنداڭ مەسئۇل) سىياسى جەھەتتە
بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇيرىقى بولۇپ قالغان چاغدا[17] بولسا، ئىنقىلاپنىڭ
قانداق مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. بۇنداق تارىخ
تەكرارلانماسلىقى كېرەك. ھازىرقى ئەھۋال بويىچە ئېيتقاندا، پرولې-
تارىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ سىياسى رەھبەرلىكىدىن

چەتنەلسە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى قۇرغىلى بولمايدۇ، تىچلىق، دېموكراتىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ۋەتەننى قوغدىغىلى بولمايدۇ، بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە گومىنداڭ ۋەكىللىگەندىكى بۇرژۇئازىيە يەنىلا ناھايىتى نۇرغۇن بىيدۇگلۇق ۋە مۇتەئەسسىپلىك خاراكتېرغا ئىگە، ئۇنىڭ گوڭچەنداڭ تەشەببۇس قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى قوبۇل قىلىشقا ئۇزاق مۇددەت جۈرئەت قىلالمىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. بۇ ھال پرولېتارىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ سىياسى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئېغىرلاشتۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ـ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ زۇڭسەنمۇبۇسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن گوڭچەنداڭ باش تارتمايدۇ ۋە باش تارتىشقا يول قويۇلمايدۇ.

17. پرولېتارىيات پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئىنقىلاۋى سىنىپلارغا بولغان سىياسى رەھبەرلىكىنى ئۆز پارتىيىسى ئارقىلىق قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ بىرىنچىدىن، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بېرىشىغا قاراپ، تۈپ سىياسى شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇ شۇئارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچى ۋە ھەر بىر چوڭ ۋەقە توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك شۇئارلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، بىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىردەك ھەرىكەتلىنىشىنىڭ كونكرېت نىشانىسى سۈپىتىدە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ» ۋە «بىر پۈتۈن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت» دىگەن تۈپ شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنىڭدەك

«ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش»، «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش»، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، مۇنداق كونكرېت نىشان بولماي تۇرۇپ، سىياسىي رەھبەرلىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، مۇشۇنداق كونكرېت نىشان بويىچە پۈتۈن مەملىكەت ھەرىكەتكە كەلگەن چاغدا، پرولېتارىيات، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شىيەنفېڭدۈيى — گوڭچەنداڭ ئۆزىنىڭ چەكسىز ئاكتىپلىقى ۋە سادىقلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ كونكرېت نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان چاغدا گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئەڭ يىراقنى كۆرىدىغان بولۇشى، ئەڭ زور پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولۇشى، ئەڭ مۇستەھكەم بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالنى ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن چۈشىنىدىغان، ئاممىنىڭ كۈچىگە تايىنىدىغان، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدىغان بولۇشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئېنىق بەلگىلەنگەن سىياسىي نىشانىنى يوقىتىپ قويماسلىق پرىنسىپى ئاساسىدا، ئىتتىپاقچىلار بىلەن مۇۋاپىق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ، بۇ ئىتتىپاقنى راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ. تۆتىنچىدىن، گوڭچەنداڭ قوشۇنىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىدىيىسىنىڭ بىرلىكى، ئىنتىزامىنىڭ چىڭ بولۇشى. گوڭچەنداڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە بولغان سىياسىي رەھبەرلىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان شەرتلەرنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ شەرتلەر — ئۇنىڭ سىياسىي رەھبەرلىككە كاپالەت بېرىشنىڭ ئاساسى، شۇنىڭدەك ئىنقىلابنى ئىتتىپاقچىلارنىڭ تۇراقسىزلىقى ئارقىسىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ قويماي، ئۇزۇل-كېسىل

غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭمۇ ئاساسى.

18. تېچلىق ئەمەلگە ئاشقان ۋە ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقى ئور-نىتىلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئىككى ھاكىمىيەت دۈشمەنلىشىش لۇشيەنى ئاستىدىكى كۈرەش ئۇسۇلىمىز، تەشكىلىي ئۇسۇلىمىز ۋە خىزمەت ئۇسۇلىمىز ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. بۇنداق ئۆزگەرتىش، ئاساسەن قوراللىق كۈرەش شەكلىدىن تېچ كۈرەش شەكلىگە ئۆتۈش، قانۇنىي بولماسلىقتىن قانۇنلۇققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق بۇرۇلۇش ياساش ئاسان ئەمەس، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە توغرى كېلىدۇ. كادىرلارنى يېڭىۋاشتىن تەربىيىلەش ئاساسىي بىر ھالقا بولۇپ قالىدۇ.

19. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدىكى مەسىلىنى يولداشلار ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق: ئۇ سىنىپلىقى جەھەتتىن ھەرقايسى ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ ئىتتىپاقى، ئۇنىڭ ئىستىقبالى سوتسىيالىزىمغا قاراپ مېڭىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇ-رىيىتىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا قۇرۇلىدۇ، پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا قۇرۇلىدۇ، خەلقارا يېڭى شارائىتتا (سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىم غەلىبە قىلغان شارائىتتا، دۇنيا ئىنقىلابى يېڭى دەۋرگە كىرىش ھارپىسىدا) قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي شەرتلەر بويىچە ئۇ يەنىلا بۇرژۇئا-دېموكراتىك خاراكتېردىكى دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت سىياسىي شەرتلەر بويىچە ئۇ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئا-زىيىنىڭ ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى دۆلەت بولۇشى، ئادەتتىكى بۇرژۇئا

جۇمھۇرىيىتىدىن پەرقلىنىشى لازىم. شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدا ھېلىمۇ كاپىتالىزىم تەرەپكە قاراپ مېڭىش ئېھتىمالى بولسىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىزىم تەرەپكە بۇرۇلۇش ئېھتىمالىمۇ بار، جۇڭگو پرولېتارىيات پارتىيىسى مۇشۇ كېيىنكى ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

20. گۇرۇھۋازلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇيرۇقچىلىققىمۇ قارشى كۈرەش قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ زورۇر شەرتى. ئاممىۋى ھەرىكەتلەر داۋامىدا پارتىيىمىزدە ئېغىر گۇرۇھۋازلىق، تەكەببۇرانە مەزھەپچىلىك ۋە تەۋەككۇلچىلىك خاھىشلىرى ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلدى، بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇشقا ۋە كۆپچىلىك ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان يامان خاھىش. ھەر بىر كونكرېت خىزمەتتە بۇ خاھىشنى سۈپۈرۈپ تاشلاش تامامەن زورۇر. بىزنىڭ تەلىۋىمىز — كۆپچىلىككە تايىنىش ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى نەزەردە تۇتۇش. چېن دۇشيۇ قۇيرۇقچىلىقىنىڭ تىرىلىشىگە يول قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، بۇ — بۇرژۇئا گەيلىياگچىلىكىنىڭ پرولېتارىيات قوشۇنىدىكى ئىنكاسى. پارتىيىنىڭ مەيدانىنى تۆۋەنلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ قىياپىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بىلەن بۇرژۇئا گەيلىياگچىلىكىنىڭ تەلىۋىگە ماسلىشىش ئىنقىلاپنى مۇقەررەر مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ تەلىۋىمىز — قەتئىي ئىنقىلاۋىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ تولۇق-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە

بويىچە ماركسىزىم ـ لېنىنىزىملىق نەزىرىيىۋى سەۋىيىنى يۇقۇرى
كوتۇرۇش تامامەن زورۇر، چۈنكى پەقەت مۇشۇ نەزىرىيىلا جۇڭگو
ئىنقىلاۋىنى غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان قىلىنامە.

## ئىزاھلار

① «خۇابېي ۋەقەسى» 1935 ـ يىلى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ خۇابېيغا
تاجاۋۇز قىلغانلىقى ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ھوكۇمە ـ
تى خۇابېيدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۇر ـ
گەن بىر قاتار ۋەقەلەرنى كورسىتىدۇ. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ياپون
قاراقچىلىرى گومىنداڭ ھوكۇمىتىدىن خۇابېيغا ھوكۇمرانلىق قىلىش
ھوقۇقىنى تەلەپ قىلدى، 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ خۇابېيدىكى
ۋەكىلى خې يىڭچىن ياپون قاراقچىلىرىنىڭ خۇابېيدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ـ
لىرىنىڭ سىلىڭگۇەنى مېيجىن مېيجىرلاڭ بىلەن كېلىشىم تۇزۇپ، بۇ تەلەپ ـ
نى قوبۇل قىلدى، بۇ «خې يىڭچىن ـ مېيجىن مېيجىرلاڭ كېلىشىمى» دەپ
ئاتالدى. بۇ كېلىشىم بويىچە جۇڭگو خېبېي ۋە چاخار (ھازىر سەنشى،
خېبېي ئولكىلىرىگە ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېتىلدى)
لاردىكى ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ كوپ قىسمىنى قولدىن بېرىپ قويدى.
ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ۋەتەن خائىنلىرى 10 ـ ئايدا
خېبېي ئولكىسىنىڭ شياڭخې ناھىيىسىدە توپىلاڭ كوتۇرۇپ، ناھىيە
شەھىرىنى بېسىۋالدى. ياپون قاراقچىلىرىنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن ۋەتەن
خائىنلىرى 11 ـ ئايدا «خۇابېي بەش ئولكىنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتى»
دىگەن نىمىنى ئېلىپ باردى ۋە شەرقىي خېبېيدا ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ
«گۇڭچەنداڭدىن ساقلىنىش ئاپتونوم ھوكۇمىتى»نى قۇردى. گومىنداڭ
ھوكۇمىتى سۇڭ جېيۈەن قاتارلىقلارنى ئېۋەتىپ، «خېبېي ـ چاخار
مەمۇرى ئىشلار ۋېيۈەنخۇيى» قۇرۇپ، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ «خۇابېي

ھاكىمىيىتىنى ئالاھىدىلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى تەلىۋىگە ماسلاشتى.

② بۇ جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ 1935-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى چىقارغان خىتابنامىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە: «ۋەتىنىمىزنى مۇنقەرىز قىلىپ نەسلىمىزنى قۇرىتىدىغان چوڭ ئاپەت قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە گۇڭچەنداڭ بارلىق قېرىنداشلارغا يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلىدۇ: ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ۋە ھازىر سىياسىي قاراشلار ۋە پايدا-زىيانلارنىڭ قانچىلىك ئوخشاش بولمىغان ھەم بولمايۋاتقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تۈرلۈك ساھەدىكى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر جەھەتتىن ياكى مەنپەئەت جەھەتتىن قانچىلىك پەرقلەرنىڭ بولغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تۈرلۈك ئارمىيىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ۋە ھازىر ھەرقانداق دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بولغان ھەم بولۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىمىزدە «ئاكا-ئۇكىلار ئۆز ئىچىدە ئۇرۇش-جېدەل قىلىشسىمۇ، تاشقى تاجاۋۇزغا بىرلىكتە قارشى تۇرىدۇ» دېگەن سەمىمىي ئاڭ-سېزىم بولۇشى لازىم، ئالدى بىلەن ھەممىدىن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، مەملىكەتنىڭ بارلىق كۈچىنى (ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، قورال كۈچى قاتارلىقلارنى) توپلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتەك مۇقەددەس ئىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. گۇڭچەنداڭ يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە تەنتەنە بىلەن جاكالايدۇ: پەقەت گومىنداڭ ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى توختاتسىلا، پەقەت ھەرقانداق قوشۇن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بارسىلا، ئۇلار بىلەن قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى ۋە ھازىر ھەرقانداق كونا ئاداۋەتلەرنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار بىلەن قىزىل ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا ئىچكى مەسىلىلەردە ھەرقانداق ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىدىن قەتئىي نەزەر، قىزىل ئارمىيە ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلار بىلەن

مەھكەم قول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى خالايدۇ.» «گوڭچەنداڭ مۇشۇنداق دۆلەت مۇدابىيە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇشنى خالايدۇ. گوڭچەنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىشىغا قاتنىشىشنى خالايدىغان جۇڭگودىكى بارلىق پارتىيە - گۇرۇھلار، جامائەت تەشكىلاتلىرى (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلەر جەمئىيىتى، مائارىپچىلار جەمئىيىتى، مۇخبىرلار بىرلەشمىسى، ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر بىرلەشمىسى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، جىڭگوڭتاڭ، مىللىي قۇراللىق قوغدىنىش جەمئىيىتى، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى ۋە باشقىلار)، ئاتاقلىق ئالىملار، سىياسىيونلار، شۇنىڭدەك بارلىق يەرلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەت مۇدابىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا دەرھال تەنپەن ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. تەنپەن نەتىجىسىدە قۇرۇلغان دۆلەت مۇدابىيە ھۆكۈمىتى مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش - ئامان قېلىشنىڭ ۋاقىتلىق رەھبىرىي ئورگىنى بولۇشى لازىم. بۇنداق دۆلەت مۇدابىيە ھۆكۈمىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ھەر خىل مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ كونكرېت مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، بىر ئىلاج قىلىپ، پۈتۈن قېرىنداشلارغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەكىللەر (ئىشچىلار، دېھقانلار، ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرى، سودا - سانائەتچىلەر، زىيالىيلار، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى خالايدىغان بارلىق پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، شۇنىڭدەك چەتئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ھەم جۇڭگو زېمىنىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن دېموكراتىيە شەرتى ئاستىدا سايلاپ چىققان ۋەكىللەر) كېڭەشنى چاقىرىشى كېرەك. گوڭچەنداڭ بۇ ئومۇمخەلق ۋەكىللەر كېڭىشىنىڭ چاقىرىلىشىنى بارلىق كۈچى بىلەن سۆزسىز قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە بۇ كېڭەشنىڭ قارارلىرىنى سۆزسىز ئىجرا قىلىدۇ.» «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بارلىق قوشۇنلارنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشى بىلەن تەشكىل قىلىنىشى لازىم. دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۇرۇلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە زۇڭسىلىڭبۇسى تەشكىل قىلىنىشى لازىم. بۇنداق زۇڭسىلىڭبۇنىڭ يا ھەرقايسى ئارمىيەلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جۇنگۇەنلىرى ۋە جەڭچىلىرى سايلىغان ۋەكىللەردىن تەركىپ تاپىدىغانلىقى، يا باشقا شەكىل بىلەن تەركىپ تاپىدىغانلىقمۇ ھەرقايسى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇمۇمى ئىرادىسى بىلەن بەلگىلىنىشى كېرەك. قىزىل ئارمىيە بىرلەشمە ئارمىيىگە سوزسىز ھەممىدىن ئاۋال قاتنىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئوتەيدۇ. دولەت مۇداپىئە ھوكۇمىتىنى دولەت مۇداپىئەسىدەك ئېغىر ۋەزىپىنى ھەقىقى تۇردە ئوز ئۇستىگە ئالالايدىغان قىلىش ئۇچۇن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ھەقىقى تۇردە ئوتىيەلەيدىغان قىلىش ئۇچۇن، گۇڭچەنداڭ بارلىق قېرىنداشلارغا چاقىرىق قىلىدۇ: پۇلى بارلار پۇل چىقارسۇن، قۇرالى بارلار قۇرال چىقارسۇن، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق چىقارسۇن، كۈچى بارلار كۈچ چىقارسۇن، مەخسۇس ھۇنىرى بارلار مەخسۇس ھۇنىرىنى تەقدىم قىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئومۇمى سەپەرۋەرلىككە كەلسۇن ۋە بارلىق يېڭى-كونا شەكىلدىكى قۇراللار بىلەن مىليونلىغان ئاممە قوراللانسۇن.»

③ بۇ جۇڭگۇڭ جۇڭياڭنىڭ 1935-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنى شىمالى شەنشىدىكى ۋاياۋباۋدا ئوتكۇزۇلگەن جىڭجۇجۇي يىغىنى ماقۇللىغان «ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى قارار»نى كورسىتىدۇ. بۇ قاراردا شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيىتى، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوزگىرىشلەر ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى مۇكەممەل تەھلىل قىلىنغان ۋە بەلگىلەنگەن. تۇۋەندىكىلەر

بۇ قارارنىڭ بىر قىسمى: «ھازىرقى ۋەزىيەت بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونى يۇتۇۋېلىش ھەرىكىتى پۈتۈن جۇڭگو ۋە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ھەرقايسى سىنىپلار، تەبىقىلەر، پارتىيىلەر ۋە قوراللىق كۈچلەر ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتتى ۋە ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. مىللىي-ئىنقىلابىي سەپ ۋە مىللىي-ئەكسىلئىنقىلابىي سەپ يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى پۈتۈن جۇڭگونىڭ، پۈتۈن مىللەتنىڭ بارلىق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى ھازىرقى ئاساسىي دۈشمەنگە — ياپون جاھانگىرلىكىگە ھەم ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ باشلىقى جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەشكىللەشتىن ئىبارەت. مەيلى قانداق ئادەم، قانداق گۇرۇھ، قانداق قوراللىق قوشۇن، قانداق سىنىپ بولسۇن، پەقەت ياپون جاھانگىرلىكىگە ھەم ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، ھەممىسى بىرلىشىپ مۇقەددەس مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى، جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقى ۋە تېررىتورىيەسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم. پەقەت ئەڭ كەڭ كۆلەملىك ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي بىرلىكسەپ بولغاندىلا (تۆۋەن تەبىقە ۋە يۇقۇرى تەبىقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)، ياپون جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىسى جياڭ جيېشىنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تۈرلۈك شەخسلەر، تۈرلۈك جامائەت تەشكىلاتلىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سىنىپلار ۋە تەبىقىلەر، تۈرلۈك قوراللىق قوشۇنلارنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىللىي ئىنقىلابقا قاتنىشىشتا ھەرقايسىسىنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەيدانى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئورۇنلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزلەيدۇ، بەزىلىرى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى

قولغا كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى ئۆزلىرى يول قويغان دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتمەسلىكنى كوزلەيدۇ، بەزىلىرى، ھەقىقەتەن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆزۈل-كېسىل ئازاتلىقىنى كوزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەيدانى ھەرخىل بولغانلىقتىن، بەزىلىرى كۈرەش باشلانغان چاغدىلا تەۋرىنىپ ئاسىيلىق قىلىدۇ، بەزىلىرى يېرىم يولدا پاسسىپلىشىدۇ ياكى سەپتىن چېكىنىپ چىقىدۇ، بەزىلىرى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشنى خالايدۇ. لېكىن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق تۈپ كۈچلەر بىلەنلا ئىتتىپاقلىشىپ قالماي، بەلكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق ئىتتىپاقچىلار بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشتىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىدىغان، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىدىغان، قۇرالى بارلار قۇرال چىقىرىدىغان، بىلىمى بارلار بىلىم چىقىرىدىغان قىلىپ، بىرمۇ ۋەتەنپەرۋەر جۇڭگولۇقنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ كەڭ مىللىي بىرلىكسەپ سىلۇبىنىڭ زۇڭلۇشيەنى. مۇشۇنداق لۇشيەن بويىچە ئىش كۆرگەندىلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈچىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنىگە: ياپون جاھانگىرلىكى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ جياڭ جيېشىغا تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلالايمىز. جۇڭگونىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلىرى ھېلىمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. كەڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاممىسى، ئىنقىلابىي زىيالىيلار — مىللىي ئىنقىلابتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقچى. ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقى — ياپون جاھانگىرلىكىنى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى يېڭىدىغان تۈپ كۈچ. بىر قىسىم مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە جۇنفالار، يەر ئىنقىلابىغا ۋە قىزىل ھاكىمىيەتكە قوشۇلمايدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا قارشى كۈرەشكە خەيرىخاھلىق بىلدۈرسە ياكى ياخشى نىيەت بىلەن بىتەرەپ تۇرسا، ياكى بۇ كۈرەشكە

بىۋاستە قاتناشسا، بۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق. چۈنكى بۇ ئۇلارنى ئۇمۇمى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەردىن ئاجرىتىپ، ئۇمۇمى ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى كېڭەيتىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پارتىيىمىز ھەر خىل مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللىنىپ، بۇ كۈچلەرنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپكە ئوتۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇلارلا ئەمەس، پومېشچىكلار سىنىپى ۋە مەيبەنلەر سىنىپى لاگېرىمۇ تولۇق بىرلىككە كەلمىگەن. جۇڭگو ئىلگىرى بىرمۇنچە جاھانگىرلارنىڭ ئۆزئارا تالىشىشىدا قالغانلىقى نەتىجىسىدە، جۇڭگودا ھەرقايسى ئەللەر جاھانگىرلىرىغا بېقىندىغان، ئۆزئارا تالىشىدىغان ۋەتەن ساتقۇچ گۇرۇھلار پەيدا بولدى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ھەم توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى، پارتىيىمىز بىرمۇنچە چارىلەرنى قوللىنىپ، بەزى ئەكسىلئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ۋاقىتىنچە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپكە ئاكتىپ قارشى تۇرمايدىغان ئورۇندا تۇرغۇزۇشى لازىم. ياپون جاھانگىرلىكىدىن باشقا جاھانگىرلارغا قارىتىلىدىغان سىلۇبمۇ شۇنداق. پارتىيىمىز پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچىنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇمۇمى دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇشقا قوزغىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرغان ۋە تەشكىللىگەن چاغدا، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرلىكتە ئىچىدىكى بارلىق تەۋرىنىش، مۇرەسسەلىشىش، تەسلىم بولۇش ۋە ئاسىيلىق قىلىش خاھىشلىرى بىلەن ئىككىلەنمەستىن قەتئى كۈرەش قىلىشى لازىم. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلار، ھەممە كىشى قوزغىلىپ ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى لازىم. گۇڭچەنداڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەم ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارغا قارشى ئۆزۈل-كېسىل ۋە توغرى سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەرىكەتمۇ پەقەت گۇڭچەنداڭنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ئۆزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان كەڭ ئاممىنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتىگە دائىر تەلەپلىرىنى (دېخانلارنىڭ يەر تەلىۋىنى، ئىشچىلار، ئەسكەرلەر، كەمبەغەللەر ۋە زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىنى ياخشىلاش تەلىۋىنى) قاندۇرۇش لازىم. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كەڭ ئاممىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى جەبھىگە قەدەم قويۇشقا سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ھەرىكەتنى ئۇزاق داۋاملاشالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ، ئاندىن ھەرىكەتنى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىزنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشتىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.» «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ سېلىۋېي توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

④ قىزىل ئارمىيىنىڭ 1936-يىل 5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئۇرۇشنى توختىتىپ سۈلھىگە كېلىش، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئومۇمىي دىيەنباۋسىغا قارالسۇن. بۇ دىيەنباۋنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «نەنجىڭ گومىنجېڭفۇ ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىغا، بارلىق دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىگە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى پارتىيىلەرگە، گۇرۇھلارغا، جامائەت تەشكىلاتلىرىغا، گېزىتخانىلارغا، ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان بارلىق قېرىنداشلارغا: جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيۈەنخۇيى تەشكىل قىلغان جۇڭگو خەلق قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شيەنفېڭجۈنى خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلغاندىن بۇيان بارغانلا يېرىدە غەلىبە قازىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شيەنفېڭجۈن داتۇڭ-پۇجۇ تۆمۈر يولىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقتە خېبېي ئۆلكىسىگە بېرىپ ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلىشقا پاتال ھازىرلىنىۋاتقان چاغدا، جياڭ جيېشى

سەنشى ئۆلكىسىگە 10 شىدىن ئوشۇق ئەسكىرىي كۈچىنى كىرگۈزۈپ، يەن شىشەن بىلەن بىرلىكتە قىزىل ئارمىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىشۋاتقان يولىدىن توستى ھەمدە جاڭ شۆلياڭ بىلەن ياڭ خۇچېڭگا ۋە شىمالىي شەنشىدىكى قوشۇنلىرىغا شەنشى - گەنسۇ قىزىل رايونىغا بېسىپ كىرىپ، بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپىمىزنى پاراكەندە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جۇڭگو خەلق قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شيەنفېڭجۈنى ئەسلىدە پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بارىدىغان يولىنى توسقان جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىۋاستە ئۇرۇش قىلىش مەقسىتىگە يېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قىزىل ئارمىيە ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى قايتا - قايتا ئويلىنىپ، شۇنداق قاراشقا كەلدىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا ئاپەت چۈشكەن ھازىرقى پەيتتە ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشىپ قالسا، كىمنىڭ يېڭىش - يېڭىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىگە زىيان يېتىدۇ، بۇنى ياپون جاھانگىرلىكى ئالقىشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جيېشى، يەن شىشەنلەرنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان بىرمۇنچە ۋەتەنپەرۋەر ھەربىيلەر بار، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا جياڭ جيېشى بىلەن يەن شىشەننىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا كىرىشۋاتقان يولىدىن توسقانلىقى، ھەقىقەتەن، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرىكەت. شۇ سەۋەبتىن، قىزىل ئارمىيە ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيىۋەنخۇيى دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ، تېزدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ھەر قېتىم ۋەتەنداشلارغا جاكالاپ كەلگەن ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جياڭ جيېشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەتەنپەرۋەر

ھەربىلەرنىڭ تولۇق ئويغىنىشىنى چاپانلىتىش ئۈچۈن، سەنشى ئۆلكىسىدە بىرمۇنچە غەلىبىلەر قازانغانلىقىغا قارىماي، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شىيەنفېڭچۈننى خۇاڭخېنىڭ غەربىي قىرغىقىغا چېكىندۈردى. مۇشۇ ھەرىكەت ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئۆز سەمىمىيىتىنى كۆرسەتتى، بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان يارلىق قۇراللىق قوشۇنلار بىلەن بىر ئاي ئىچىدە ئۇرۇشنى توختىتىپ، سۈلھىگە كېلىشنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنى خالايمىز. قىزىل ئارمىيە ئىنقىلاۋىي ھەربىي ۋېيۈەنخۈيى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىۋىدىكى جاناپلارغا شۇنى ئالاھىدە جىددىيلىك بىلەن تەكىتلەپ قىلدۇكى، ۋەتەن مۇنقەرىز بولۇش-نەسىل قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان جىددىي پەيتتە تېز ۋە تولۇق ئويغىنىپ، „ئاكا-ئۇكىلار ئۆز ئىچىدە ئۇرۇش-جېدەل قىلىشسىمۇ، تاشقى تاجاۋۇزغا بىرلىكتە قارشى تۇرىدۇ“ دېگەن روھ بىلەن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، ئالدى بىلەن شەنشى، گەنسۇ، سەنشىلەردە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشىڭلار كېرەك، ئىككى تەرەپ ۋەكىل ئېۋەتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشى لازىم. بۇ — جانابىڭلار ئۈچۈنلا بەخت بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللەت ۋە دۆلەت ئۈچۈنمۇ ھەقىقەتەن بەخت. ئەگەر ھۇشۇڭلارنى تاپماي، خاتالىقىڭلاردا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەن ساتقۇچ خائىن بولۇشنى خالىساڭلار، ئۇ ھالدا، جانابىڭلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جەزمەن ئۇزۇل-كېسىل بىت-چىت بولىدۇ، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلىنىدۇ ۋە گۇمران قىلىنىدۇ. „كۆينىڭ قاغىسىغا ئۇچرىغان ئاغرىماي ئۆلەر“ دېگەن سۆز بار، يەنە: „جاللات قانلىق قىلىچنى تاشلىسا، دەرھال ئەۋلىيا بولىدۇ“ دېگەن سۆزمۇ بار، جانابىڭلارنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشۈڭلارنى خالايمىز. قىزىل ئارمىيە ئىنقىلاۋىي

ھەربىي ۋىيىۋەنخۇيى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋەتەننى مۇنقەرىز بولغان قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان جامائەت تەشكىلاتلىرىنى، پارتىيە-گۇرۇھلارنى، خەلقلەرنى ئۇرۇشنى توختىتىپ سۈلھىگە كېلىش، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىشنى ئالغا سۈرۈش جەمئىيەتلىرى قۇرۇپ، ۋەكىللەر ئەۋەتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ئوتىنى توختىتىشىغا، بۇ تەشەببۇسنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.»

⑤ «جياڭ جيېشىنىڭ باياناتى توغرىسىدا باياتات»نىڭ ⑦ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑥ جۇڭگو جۇڭياڭ جېڭجىجۈيىنىڭ 1935-يىل 12-ئايدا ئوتكۈزۈلگەن يىغىنى ماقۇللىغان «ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا قارار»دا ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا» دېگەن دوكلادىدا خەلق جۇمھۇرىيىتى شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، پارتىيىمىز جياڭ جيېشىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش سىياسىتىنى قوللاندى، خەلق جۇمھۇرىيىتى شوئارىنىڭ جياڭ جيېشى گۇرۇھى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ، 1936-يىل 8-ئايدا گومىنداڭغا ئەۋەتكەن خېتىدە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شوئارىنى قوللاندى. بۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە شۇ يىلى 9-ئايدا داڭجۇڭياڭ چىقارغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا قارار»دا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شوئارى كونكرېت چۈشەندۈرۈلدى. ئىككى شوئار شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن بىر ئىدى. تۆۋەندە داڭجۇڭياڭنىڭ 1936-يىل 9-ئايدىكى قارارىنىڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىككى بۆلۈمىنى كۆرسىتىپ

ئۇتتىمىز: «جۇڭگىياڭ شۇنداق قارايدۇكى، ھازىرقى ۋەزىيەتتە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، چۈنكى بۇ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگو تېررىتورىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتىنى مۇنقەرىز بولۇپ نەسلى قۇرۇيدىغان پاجىئەلىك ئاپەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە تەلىۋىدىن كېلىپ چىققان ئەڭ مۇۋاپىق بىرلىكسەپ شۇئارى. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت — بىر قىسىم تېررىتورىيىدىكى ئىشچى-دېھقان دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىگە قارىغاندا، رايون جەھەتتىن تېخىمۇ ئومۇملاشقان دېموكراتىيە، پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئاساسىي رايونىدىكى گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە دىكتاتۇرىسىغا قارىغاندا، زور دەرىجىدە ئالغا باسقان سىياسىي تۈزۈم، شۇڭا ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغاشقا ۋە ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قازاندۇرۇشقا تېخىمۇ كاپالەت بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پۈتۈن جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى سىياسىي ھاياتقا قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ۋە تەشكىلىي كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو پرولېتارىياتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى بولغان گۇڭچەنداڭنى كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا ئەركىن ھەرىكەت قىلىش سەھنىسى بىلەنمۇ تەمىنلىيەلەيدۇ. شۇڭا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. يەنە جاكالايدۇكى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پۈتۈن جۇڭگو بويىچە قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي سايلام ئاساسىدا كوخۇي چاقىرىلغان چاغدا، قىزىل رايونلار دەرھال ئۇنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالىدۇ، قىزىل رايونلارنىڭ خەلقى ۋەكىل سايلاپ كوخۇيغا قاتناشتۇرىدۇ ۋە قىزىل رايونلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە قويىدۇ.» جۇڭگىياڭ تەكىتلەپ كۆرسەتتىدۇكى،

پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ــ مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرغان، ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى كېڭەيتكەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مىللىي بىرلىكسەپتىكى سىياسىي رەھبەرلىك رولىنى كۈچەيتكەن، قىزىل ھاكىمىيەت ۋە قىزىل ئارمىيىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇستەھكەملىگەندىلا، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ۋە مىللىي بىرلىكسەپنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق سۆز ــ ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىغا مېڭىشقا ھەرىكەتلەندۈرەلەيمىز، ئاندىن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئالدىنقى شەرت ھازىرلىيالايمىز. ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مۇشەققەتلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىلماي تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى قوزغىتىلماي ۋە ئىنقىلاب ئۆرلىمەي تۇرۇپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو كوممۇنىستىك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا بۇ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ــ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق ئاڭلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئارتىپ، تاكى جۇڭگو بۇرژۇئا ــ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تۈپ ۋەزىپىلىرىنى ئۈزۈل ــ كېسىل ئورۇنلاشقا قەدەر ئىلگىرىلەيدىغان قىلىش لازىم.»

⑦ بۇ دېيەنباۋ 1937 ــ يىل 2 ــ ئاينىڭ 10 ــ كۈنى بېرىلگەن ئىدى، تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «جۇڭگو گومىنداڭ جۇڭياڭىنىڭ 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىكى ئەپەندىلەرگە: شىئەن ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى پۈتۈن مەملىكەت خوشاللىق بىلەن تەبرىكلەيدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ تىنچلىق، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى،

بۇ، ھەقىقەتەن، دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن بەخت. ياپون قاراقچىلىرى غالجىرلىشىۋاتقان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ھايات-ماماتى قىل ئۈستىدە تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيىمىز پارتىيەگىلار جۇڭگىياگىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن مۇشۇ فاڭجېنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەشنى چوڭقۇر ئۈمىد قىلىدۇ: (1) بارلىق ئىچكى ئۇرۇشلارنى توختىتىپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ، بىرلىكتە تاشقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش؛ (2) سۆز، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكلىرىگە كاپالەت بېرىش، بارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى ئازات قىلىش؛ (3) ھەرقايسى پارتىيىلەر، ھەرقايسى گۇرۇھلار، ھەرقايسى ساھەلەر ۋە ھەرقايسى قوشۇنلار ۋەكىللەر يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى توپلاپ، بىرلىكتە ۋەتەننى قۇتقۇزۇش؛ (4) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى چاپسان ئورۇنلاش؛ (5) خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش. ئەگەر پارتىيەگىلار جۇڭگىياگىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى بۇلارنى قەتئىي ۋە كەسكىن تۈردە دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بەلگىلەيدىغان بولسا، پارتىيىمىز ئىتتىپاقلىشىپ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشقا بولغان سەمىمىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، پارتىيەگىلار جۇڭگىياگىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىغا تۆۋەندىكى كاپالەتنى بېرىشنى خالايدۇ: (1) گومىنجېڭفۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان قوراللىق قوزغىلاڭ فاڭجېنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە توختىتىش؛ (2) ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنىڭ نامىنى جۇڭخۇا مىنگو ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە، قىزىل ئارمىيىنىڭ نامىنى مىللىي-ئىنقىلابىي ئارمىيىگە ئۆزگەرتىپ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ھەربىي ۋېيۈەنخۇيىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان قىلىش؛ (3) ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تەۋە جايلاردا ئومۇمىي سايلام ئاساسىدىكى ئۆزۈل-كېسىل دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە قويۇش؛ (4) پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توختىتىپ،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنىڭ ئورتاق ئاڭگىلىگىنى قەتئى ئىجرا قىلىش.»

⑧ 1936-يىل 11 ۋە 12-ئايلاردا شاڭخەيدىكى ياپونىيە يىپ ئېگىرىش زاۋۇتلىرى ۋە جۇڭگو يىپ ئېگىرىش زاۋۇتلىرى بولۇپ جەمئى 26 زاۋۇتنىڭ 45 مىڭدىن ئوشۇق ئىشچىسى كەڭ كولەمدە ئىش تاشلىدى. 12-ئايدا چىڭداۋدىكى ياپونىيە يىپ ئېگىرىش زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ شاڭخەي ئىشچىلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ ئومۇمى ئىش تاشلىدى. شاڭخەي ئىشچىلىرى غەلىبە قازىنىپ، 11-ئايدىن باشلاپ ئىش ھەققى 5 پىرسەنت ئاشۇرۇلدى، زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ ئىشچىلارنى سەۋەبسىز ئىشتىن بوشىتىشىغا، ئىشچىلارنى ئۇرۇپ-تىللىشىغا يول قويۇلمايدىغان بولدى. چىڭداۋ ئىشچىلىرى ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسى لۇجەندۇيى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

⑨ 1933-يىلى ياپون قاراقچىلىرى شەنخەيگۇەننى بېسىۋېلىپ خۇابېيغا كىرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1935-يىلدىكى «خې يىڭچىن-مېيجىن مېيجۇلاڭ كېلىشىمى»دىن كېيىن، ئەنگلىيە-ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ خۇابېي ۋە خۇاجۇڭدىكى مەنپەئەتلىرى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بىۋاستە زەربىسىگە ئۇچرىدى، شۇڭا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ياپونىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى ھەمدە جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونىيىگە تۇتقان سىياسىتىگە تەسىر كورسەتتى. 1936-يىلى شەن ۋەقەسى ۋاقتىدا ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە پايدىسىز بولغان ياپونىيىنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشتى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەتتا جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقىغە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغانلا بولسا، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن «گۇڭچەنداڭ بىلەن مەلۇم شەكىلدە بىرلىشىش»كە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

⑩ گۇاڭشى جۇنفالىرى لى زوڭرېن، بەي چۇڭشى، گۇاڭدۇڭ جۇنفاسى چېن جىتاڭ قاتارلىقلار 1936-يىل 6-ئايدا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش ــ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» شۇئارىنى بانا قىلىپ، بىرلىشىپ جياڭ جېيشىغا قارشى تۇردى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا بۇ ۋەقەنى جياڭ جېيشى بولۇۋېتىش ۋە ئالداش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ بىت ـ چىت قىلدى.

⑪ 1936 ـ يىل 8 ـ ئايدا ياپونىيە قوشۇنلىرى ۋە قورچاق قوشۇنلار سۈييۈەن ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. 11 ـ ئايدا سۈييۈەندە تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرى قارشىلىق كورسەتتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سۈييۈەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى.

⑫ 1935 ـ يىلدىكى «خې يىڭچىن ـ مېيجىن مېيجۇلاڭ كېلىشىمى»دىن كېيىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنىنىڭ بېسىمى بىلەن، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ياپونىيىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ بىر قەدەر قاتتىق بولغانلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، نەنجىڭ گومىنداڭ ھوكۇمىتى ياپونىيىگە قارىتا بىرقەدەر قاتتىق پوزىتسىيە تۇتتى. 1936 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە بولغان تەنپەندە گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئارقىغا تارتىش چارىسىنى قوللىنىپ، تەنپەننى نەتىجىسىز توختىتىپ قويدى.

⑬ بۇ شىەن ۋەقەسى تىنچ يول بىلەن ھەل بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ جۇڭياگىنىڭ 1937 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەنجىڭدا ئۆتكۈزگەن بىر يىغىنىنى كورسىتىدۇ.

⑭ ئا Q ــ جۇڭگونىڭ ئۇلۇق يازغۇچىسى لۇ شۈننىڭ «ئا Q نىڭ ھەقىقى تەرجىمە ھالى» دىگەن مەشھۇر ھىكايىسىدىكى باش قەھرىمان. لۇ شۈن بۇ قەھرىمان ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىشكە ئادەتلەنگەن ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى غەلىبە قازانغۇچى، يەنى «مەنىۋى غەلىبە» قازانغۇچى دەپ ھېساپلايدىغان بىر خىل تىپنى تەسۋىرلەيدۇ.

⑮ بۇ يەردە ئېيتىلغان سۈن جۇڭشەننىڭ سەنمىنجۇيىسى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ياكى نەزەرىيە تىشىسىنى كورسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مىللەت، خەلق ھوقۇقى، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلە توغرىسىدىكى پىرىنسىپ ۋە گاڭلىگىنى كورسىتىدۇ. كوممۇنىستلار

بۇرژۇئا ـ دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا سۇن جۇڭشەننىڭ گاڭلىڭى ـ نىڭ توپ تەرىپىگە قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى، لېكىن ئۇ ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىغا ياكى نەزەرىيە تىزىمىغا قوشۇلمىدى. دۇنيا قاراش ياكى نەزەرىيە تىزىمى جەھەتتە، مىللىي مەسىلە ياكى باشقا مەسىلىلەر توغرى ـ سىدىكى نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلار جەھەتتە جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ شيەنفېڭدۈيى بولغان كوممۇنىستلار سۇن جۇڭشەندىن پۈتۈنلەي پەرقلە ـ نىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑯ گومىنداڭ 1924 ـ يىلى سۇن جۇڭشەن تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىغا ئايلاندى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۇ چاغدا گومىنداڭغا شەخسىي لاياقەت ـ لىرى بىلەن كىرگەن ئىدى. گومىنداڭ 1927 ـ يىلى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گوڭچەنداڭ ئەزالىرىنى ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ چوڭ سىياسى ـ تىنى ھەقىقىي ھىمايە قىلىدىغان بىرمۇنچە سولچىللارنى قىردى، گومىنداڭ بۇنى «پارتىيىنى تازىلاش ھەرىكىتى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ چوڭ پومېشچىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي پارتىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

⑰ بۇ يەردە 1927 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا داڭجۇڭياڭنىڭ جېنخۇيجۇيىلىق رەھبەرلىكى پەيدا قىلغان ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلدۇ.

# مىليونلىغان ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرىشەيلى*

(1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)

يولداشلار! مېنىڭ دوكلادىمغا ——«جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدىكى ۋەزىپىلىرى»گە بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك مۇزاكىرە ئارقىلىق، ئايرىم يولداشلارنىڭ باشقىچە پىكىر قويغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئايرىم يولداشلارنىڭ بۇ باشقىچە پىكىرلىرى خېلى مۇھىم خاراكتېردا بولغانلىقتىن، مەن ئۆز خۇلاسەمدە ئاۋال مۇشۇ پىكىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپ، ئاندىن باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمەن.

## تىنچلىق مەسىلىسى

پارتىيىمىزنىڭ ئىچكى تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا

ئىككى يىلچە ۋاقىت بولۇپ قالدى. گومىنداڭ جۇڭياڭنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىز، تىنچلىق قولغا كەلدى، «تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش» باسقۇچى ئۆتۈپ كەتتى، يېڭى ۋەزىپە «تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش»تىن ئىبارەت، دېگەن ئىدۇق ھەمدە بۇنىڭ «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش» بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى — تىنچلىقنىڭ دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىزنىڭ بۇ پىكرىمىز بىرنەچچە يولداشنىڭ ئېيتىشىچە، ئىز باسالماسمىش. ئۇلارنىڭ خۇلاسىسى چوقۇم بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇرىدىغان خۇلاسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار: «ياپونىيە چېكىندى①، نەنجىڭ تېخىمۇ ئىككىلىنىپ قالدى، مىللىي زىددىيەت تۆۋەنلەپ، ئىچكى زىددىيەت ئۆرلەۋاتىدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنداق مۆلچەر بويىچە بولغاندا، ئەلۋەتتە، يېڭى باسقۇچ ۋە يېڭى ۋەزىپە ئۈستىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئەھۋال كونا باسقۇچقا قايتىپ كېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. بۇنداق پىكىر، مېنىڭچە، توغرى ئەمەس.

بىزنىڭ تىنچلىق قولغا كەلدى دېگىنىمىز تىنچلىق مۇستەھكەملەندى دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، بىز ئۇنى مۇستەھكەم ئەمەس دەۋاتىمىز. تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن تىنچلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىشى — ئىككى ئىش. تارىخ ۋاقىتىنچە ئارقىغا قايتىشى مۇمكىن، تىنچلىق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبى — ياپون جاھانگىرلىكى ھەم ۋەتەن خائىنلىرى، ياپونپەرەسلەرنىڭ مەۋجۇت

* بۇ — يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا چىقارغان خۇلاسە.

بولۇپ تۇرغانلىقى. لېكىن شەن ۋەقەسىدىن كېيىن تېچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى فاكت، بۇ ئەھۋال نۇرغۇن تەرەپلەر (ياپونىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت تۇپ فاكتېنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيەلەرنىڭ تېچلىقنى قوللاپ-قۇۋەتلىگەن-لىكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ قىستىغانلىقى، گۇڭچەنداڭنىڭ شەن ۋەقە-سىدىكى تېچلىق فاكتېنى ۋە ئىككى ھاكىمىيەت دۈشمەنلىشىشنى توختىتىش سىياستى، بۇرژۇئازىيىنىڭ پارچىلانغانلىقى، گومىنداڭنىڭ پارچىلانغانلىقى ۋە باشقىلار)دىن ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ بىر ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدۇ ۋە ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. تېچلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا نۇرغۇن تەرەپلەردىكى كۈچلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا، بەلكى ياپون جاھانگىرلىگىگە ۋە ياپونپەرەسلەرگە يېقىنلىشىشقا توغرى كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ. شۇنىڭدا گەپ يوقكى، ياپون جاھانگىر-لىكى ۋە ياپونپەرەسلەر ھېلىمۇ جۇڭگونى داۋاملىق ئىچكى ئۇرۇش قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. تېچلىقنىڭ مۇستەھكەملەنمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى دەل ئەنەشۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ خۇلاسىمىز «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش» ياكى «تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت كونا شۇئارغا قايتىش ئەمەس، بەلكى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، «دېمو-كراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت يېڭى شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تېچلىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ ۋە مۇشۇنداق بولغاندىلا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن «تېچلىقنى مۇستەھ-كەملەش»، «دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش»، «ياپون باسقۇنچىلى-رىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ جەھەت

بىر گەۋدە بولغان شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟ بۇ، ئىنقىلاۋىمىزنىڭ چاقىنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، ئەھۋالنىڭ ئالغا قاراپ بىر قەدەم تاشلىشىمىزغا يول قويغانلىقى ئۈچۈن. ئەگەر يېڭى باسقۇچ ۋە يېڭى ۋەزىيەتلەر ئىنكار قىلىنسا، گومىنداڭنىڭ «بۆرۈلۈش ياساشقا باشلىغانلىقى» ئىنكار قىلىنسا، دېمەك، لوگىكىلىق خۇلاسىمۇ بىر يېرىم يىلدىن بۇيان تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى گۇرۇھ كۈچلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىش بولماي قالمايدۇ، ئۇ ھالدا، ئۆزىمىز كونا ئورۇندا توختاپ قېلىپ، بىر قەدەممۇ ئالغا باسمىغان بولىمىز، خالاس.

نېمە ئۈچۈن بۇ يولداشلار بۇنداق نامۇۋاپىق مۆلچەرنى قىلىشىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ۋەزىيەتنى كۆزىتىشتە تۈپ ـ ئاساسىي نۇقتىنى نەزەردە تۇتماي، بەلكى بىرمۇنچە قىسمەن ۋە بىر مەزگىللىك ھادىسىلەر (زوتېڭ ۋەيجياۋسى، سۇجۇ سورىقى②، ئىش تاشلاشنىڭ باستۇرۇلغانلىقى، دۇڭبېي قوشۇنىنىڭ شەرققە يۆتكىۋېتىلگەنلىكى③، ياڭ خۇچېڭنىڭ چەتئەلگە كەتكەنلىكى④ ۋاھاكازالار)نى نەزەردە تۇتقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر خىرە كۆرۈنۈش شەكىللەنگەن. بىز، گومىنداڭ بۆرۈلۈش ياساشقا باشلىدى، دەيمىز، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، گومىنداڭ ئۆزۈل ـ كېسىل بۆرۈلۈش ياسىغىنى يوق، دەيمىز. بىز ۋە خەلق يېڭىدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ 10 يىللىق ئەكسىيەتچىل سىياسىتىدە ئۆزۈل ـ كېسىل بۆرۈلۈش بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. «سول»چىل دەپ ئاتىلىدىغان بىرمۇنچە كىشىلەر ئادەتتە گومىنداڭنى قاتتىق تىللايدۇ، ئۇلار شەن ۋەقەسى ۋاقتىدا جياڭ جيېشىنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە «تۇڭگۇەندىن

بوسۇپ ئۇتتۇش»نى[5] تەشەببۇس قىلدى، ئەمما تېچلىق ئەمدىلا
ئەمەلگە ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇجۇ سورىفى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
ئىشلار يۈز بەرگەن ۋاقىتقا كەلگەندە، ھەيران قېلىشىپ: «نېمە
ئۈچۈن جياڭ جيېشى يەنە مۇنداق قىلىدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشتى.
بۇ كىشىلەر بىلىشى كېرەككى، گومىنداڭ ئەزەلدىنمۇ، جياڭ جيېشىمۇ
ئەۋلىيا ئەمەس، شۇنىڭدەك يەككە-يىگانە شەخسلەرمۇ ئەمەس،
بەلكى ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر پارتىيىگە، بىر سىنىپقا مەنسۇپ
كىشىلەر. گومىنداڭ ئىنقىلاپنى پەيدىن-پەي ئالغا سىلجىتىش
ماھارىتىگە ئىگە، لېكىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يامان ئىشلارنى بىر
ئەتىگەندىلا پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاش ماھارىتىگە ئىگە ئەمەس.
جياڭ جيېشى ياكى گومىنداڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇلۇش ياسىشىنى باش-
لىدى، لېكىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقى
بولماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ 10 يىللىق كىر-قاسماقنى بىر ئەتىگەندىلا
پاك-پاكىز يۇيۇۋېتىشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىز، ھەرىكەتنىڭ
يۆنىلىشى تېچلىققا، دېموكراتىيىگە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشقا يۈزلەندى، دەيمىز، لېكىن بۇ، تىرىشماي تۇرۇپ، ئىچكى
ئۇرۇش، ھاكىم مۇتلەقلىق ۋە قارشىلىق كورسەتمەسلىكتىن ئىبارەت
كونا زەھەرلەرنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك
ئەمەس. كونا زەھەرلەر، كىر-قاسماقلار، ئىنقىلاپ جەريانىدىكى
بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارنى، شۇنىڭدەك ئېھتىمالى بولغان ئارقىغا
قايتىشلارنى پەقەت كۈرەش قىلغان ۋە تىرىشقاندىلا تۈگەتكىلى بولىدۇ،
بەلكى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشقا ۋە تىرىشىشقا توغرى كېلىدۇ.
«ئۇلار پۈتۈن نىيىتى بىلەن بىزنى ۋەيران قىلماقچى.» توغرى،
ئۇلار ھامان بىزنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، مەن بۇنداق مولچەرنىڭ

توغرىلىقىنى تامامەن ئىپتىراپ قىلىمەن، بۇنى مولچەرلىمەسلىك ئۇخلاپ قالغانلىق بولىدۇ. لېكىن گەپ ۋەيران قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش بولغان ـ بولمىغانلىقىدا. مېنىڭچە، ئۆزگىرىش بولىدى. ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق سىياستىدىن ئىسلاھاتچىلىق ۋە ئالدامچىلىق سىياستىگە ئۆزگىرىش، قاتتىق سىياسەتتىن يۇمشاق سىياسەتكە ئۆزگىرىش، ھەربىي سىياسەتتىن سىياسىي سىياسەتكە ئۆزگىرىش بولدى. نىمە ئۈچۈن مۇنداق ئۆزگىرىش بولىدى؟ بىزنىڭ بۇرژۇئا ـ زىيىدىن ئىتتىپاقچى ئىزلىگەنلىگىمىزگە ئوخشاش، بۇرژۇئازىيە بىلەن گومىنداڭمۇ ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ ئالدىدا ۋاقتىنچە پۈرولېتارىيات ـ تىن ئىتتىپاقچى ئىزلىمەي تۇرالمىدى. مەسىلىنى كۆزىتىشتە مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. خەلقارادا فرانسىيە ھوكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچمەنلىك قىلىشتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىشكە⑥ ئۆزگەرگەنلىگىنىڭ داۋلىمۇ شۇنداق. بىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىپىمىزمۇ ھەربىي جەھەتتىن سىياسىي جەھەتكە ئۆزگەردى. بىز سۇئىقەست قىلىشقا ۋە ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە مۇھتاج ئەمەس، بىزنىڭ مەقسىدىمىز بۇرژۇئازىيە ۋە گومىنداڭ ئىچىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ھىمداشلىق قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ياپون جاھانگىرلىگىنى يېڭىشتىن ئىبارەت.

## دېموكراتىيە مەسىلىسى

«دېموكراتىيىنى تەكىتلەش خاتا، پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىلا تەكىتلەش لازىم؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

بىۋاستە ھەرىكەت بولماي تۇرۇپ، دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ كوپچىلىك كىشىلەر دېموكراتىيىنى ئەمەس، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىلا تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىر «9 ـ دېكابىر» بولغان بولسا، توغرى بولاتتى.»

مەن ئاۋال مۇنۇ سوئاللارنى سوراپ باقاي: ئوتكەن باسقۇچتا (1935 ـ يىلدىكى 9 ـ دېكابىر ھەرىكىتىدىن گومىنداڭ جۇڭگيانىڭ 1937 ـ يىل 2 ـ ئايدىكى 3 ـ ئومۇمىيغىنىغىچە) كوپچىلىك كىشىلەر پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىلا تەلەپ قىلىپ، تىنچلىقنى تەلەپ قىلمىدى، دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئىلگىرى تىنچلىقنى تەكىتلىگەنلىك خاتا بولغانمىدى؟ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىۋاستە ھەرىكەت بولماي تۇرۇپ، تىنچلىق ھەرىكىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسمۇ (شەن ۋەقەسى ۋە گومىنداڭ جۇڭگيانىڭ 3 ـ ئومۇمىيغىنى دەل سۈييۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن بولدى، ھازىر سۈييۈەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشمۇ يوق، «9 ـ دېكابىر»مۇ يوق)؟ ھەممىگە مەلۇمكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تىنچلىق كېرەك، تىنچلىق بولماي تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، تىنچلىق — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ شەرتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئوتكەن باسقۇچتىكى بارلىق بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ («9 ـ دېكابىر»دىن گومىنداڭ جۇڭگيانىڭ 3 ـ ئومۇمىيغىنىغىچە) ھەممىسى تىنچلىقنى قولغا كەلتۇرۇشنى مەركەز قىلدى، تىنچلىق ئوتكەن باسقۇچنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ ئوتكەن باسقۇچتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىسى بولدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ئۈچۈن، دېموكراتىيىمۇ يېڭى باسقۇچتا ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسە، دېموكراتىيە ئۈچۈن دېگەنلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دېگەنلىكتۇر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن تېچلىق، دېموكراتىيە بىلەن تېچلىق بىر-بىرىنى شەرت قىلغاندەك، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىمۇ بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. دېموكراتىيە — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ كاپالىتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دېموكراتىيە ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

يېڭى باسقۇچتا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى بىرمۇنچە بىۋاسىتە ھەم ۋاستىلىك كۈرەشلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە بۇنداق كۈرەشلەر بولىدۇ، بۇلار ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مۇداپىيە ئۇرۇشىنى ئالغا سۈرىدۇ، دېموكراتىيە ھەرىكىتىگىمۇ چوڭ ياردەم بېرىدۇ. لېكىن تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ئىنقىلاب ۋەزىپىسىدە مەركىزىي ۋە ماھىيەتلىك نەرسە — دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش. «دېموكراتىيە»، «دېموكراتىيە» دېيىش خاتا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، خاتا بولمايدۇ.

«ياپونىيە چېكىندى، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە مۇرەسسەلىشىشكە يۈزلەندى، نەنجىڭ تېخىمۇ ئىككىلىنىپ قالدى.» بۇ — بىر خىل تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان ئورۇنسىز ئەندىشە. ياپونىيە ئەگەر ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىنقىلاب سەۋىيىسى بىلەن تۈپتىن چېكىنگەن بولسا، بۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا ياردىمى بولاتتى، بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدەك بولاتتى، دۇنيا تاجاۋۇزچىلىق

سىنىپىنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ باشلىنىشى بولاتتى، يەنە ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ لېكىن ئەھۋال زادى مۇنداق ئەمەس؛ زوتېڭ ۋەيجياۋسى — چوڭ ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى، چوڭ ئۇرۇش بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئىككىلىنىش سىياسىتى نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ، خالاس، بۇنى ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغان پايدا-زىيىنى بەلگىلىگەن. نەنجىڭ ئەگەر ئۇزاق مۇددەت ئىككىلىنىسە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭغا نەنجىڭنىڭ مەنپەئەتىمۇ يول قويمايدۇ. بىر مەزگىللىك چېكىنىش ھادىسىسى ئومۇمىي تارىخ قانۇنىيىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا يېڭى باسقۇچنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، دېموكراتىيە ۋەزىپىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانداقلىكى ئەھۋالدا بولسۇن، دېموكراتىيە شۇئارى مۇۋاپىق كېلىۋېرىدۇ، دېموكراتىيە جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن كەمچىل، ئوشۇق ئەمەس، بۇ ھەممىگە ئايان. يەنە كېلىپ ئەمەلىي ئەھۋال ئوچۇق كۆرسەتتىكى، يېڭى باسقۇچنى كۆرسىتىش ۋە دېموكراتىيە ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بىر قەدەم يېقىنلاشقانلىق بولىدۇ. ۋەزىيەت ئىلگىرىلىدى، ئۇنى ئارقىغا تارتماسلىق كېرەك.

«نېمە ئۈچۈن گومىنداخۇي تەكىتلىنىدۇ؟» چۈنكى ئۇ — پۈتۈن تۇرمۇش بىلەن چېتىلىشى ئېھتىمال بولغان نەرسە، چۈنكى ئۇ — ئەكسىيەتچىل ھاكىم مۇتلەقلىقتىن دېموكراتىيىگە ئۆتۈشنىڭ كۆۋرۈكى، چۈنكى ئۇ — دۆلەت مۇداپىئە خاراكتېرىدا بولغان نەرسە، چۈنكى ئۇ — قانۇنىي نەرسە. شەرقىي خېبېي ۋە شىمالىي چاخارنى قايتۇرۇۋېلىش، ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش، «ئىقتىسادىي ھەمدەملىك»كە

قارشى تۇرۇش ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسى، يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ناھايىتى توغرى، لېكىن بۇ دېموكراتىيە ۋەزىيىتىگە ۋە گومىنداخۇيغا قىلچىلىكمۇ زىت كەلمەيدۇ، بۇ ئىككىسى دەل بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، لېكىن مەركىزىي نەرسە — گومىنداخۇي ۋە خەلق ئەركىنلىكى.

ئادەتتىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر دېموكراتىيە ھەرىكىتى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك، بۇ پۈتۈنلەي توغرى، بۇ توغرىدا ھېچقانداق تالاش-تارتىشمۇ يوق. لېكىن ھازىرقى باسقۇچتىكى مەركىزىي ۋە ماھىيەتلىك نەرسە — دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك.

## ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسى

بىرنەچچە يولداش بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەن بۇنىڭغا قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ ئۆتىمەن.

ئەگەر ماقالا ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىنى يېزىپ بولغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى قىسمىنى يازغىلى بولىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاپقا قەتئىي رەھبەرلىك قىلىش — سوتسىيالىزم غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتى. بىز سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، بۇ — بىزنىڭ ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي سەنمىنجۇيىچىدىن پەرقلىنىدىغان يېرىمىز. ھازىرقى تىرىشچانلىقلار كەلگۈسىدىكى چوڭ نىشانغا قارىتىلغان، بۇ چوڭ نىشاننى يوقىتىپ قويغۇچىلار گۇڭچەنداڭ ئەزاسى ھېساپلانمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندىكى تىرىشچانلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغۇچىلارمۇ گۇڭچەنداڭ

ئەزاسى ھېساپلانمايدۇ.

بىز ئىنقىلاپنىڭ بۆرۈلۈش ياسىشى نەزىرىيىسى[7] تەرەپدارلىرىدىمىز، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سوتسىيالىزىم تەرەپكە بۆرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. دېموكراتىك ئىنقىلاپتا بىرنەچچە تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ، بۇلار دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت شۇئارى ئاستىدا بولىدۇ. بۇرژۇئازىيە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەشتىن پرولېتارىيات ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەشكە ئۆتۈش — بۇ، كۈرەشنىڭ ئۇزاق بىر جەريانى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى، بۇ گۇگچەنداڭنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، دېخانلارنىڭ ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە تەشكىللىنىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە باغلىق.

پرولېتارىياتنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقچىسى — دېخانلار، ئۇنىڭدىن قالسا، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى. بىز بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقى تالاشقۇچى — بۇرژۇئازىيە.

بۇرژۇئازىيىنىڭ ئارسالدىلىقى ۋە ئۇزۇل-كېسىلسىزلىكىنى يېڭىشتە ئاممىنىڭ كۈچىگە ۋە توغرى سىياسەتكە تايىنىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئەكسىچە، بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنى يېڭىدۇ.

قان توكۈلمەيدىغان بۆرۈلۈش — بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ نەتىجىسى ئاممىنىڭ كۈچىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.

بىز ئىنقىلاپنىڭ بۆرۈلۈش ياسىشى نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرىمىز، تروتسكىزىملىق «ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ» نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى[8] ئەمەسمىز. بىز دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق زۆرۈر

باسقۇچلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا يېتىشنى قۇۋۋەتلەيمىز. بىز قويرۇقچىلىققا قارشى تۇرىمىز، لېكىن تەۋەككۇلچىلىككە ۋە ئالدىراڭغۇلۇق كېسەللىگىمۇ قارشى تۇرىمىز.

بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپقا قاتنىشىشىنى ۋاقىتلىق دەپ، بۇرژۇئازىيىنى رەت قىلىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىشنى (يېرىم مۇستەملىكىدە) تەسلىمچىلىك دەپ كۆرسىتىش — تروتسكىزمىلىق مۇلاھىزە، بىز بۇنىڭغا قوشۇلالمايمىز. بۈگۈنكى كۈندە بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىش — سوتسىيالىزمغا بېرىشتا مۇقەررەر ئۆتىدىغان كۆۋرۈك.

## كادىرلار مەسىلىسى

ئۇلۇغ ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ پارتىيە بولۇشى، نۇرغۇن ئەڭ ياخشى كادىرلار بولۇشى لازىم. 450 مىليون ئاھالىگە ئىگە جۇڭگودا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلاپنى ئېلىپ بېرىشتا ئەگەر رەھبەرلىك قىلغۇچىلار تار رامكىلىق كىچىك گۇرۇھتىن ئىبارەت بولۇپ قالسا بولمايدۇ، پارتىيە ئىچىدە پەقەت ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئومۇمى ئەھۋالنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، قابىلىيەتسىز رەھبەرلەر ۋە كادىرلارلا بولسا، بۇمۇ بولمايدۇ. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بۇرۇندىنلا چوڭ بىر پارتىيە ئىدى، ئەكسىيەتچىلىك دەۋرىدە زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ بىر پارتىيە بولۇپ قېلىۋەردى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشى رەھبەرلەر ۋە كادىرلار بار، لېكىن بۇ

تېخى يېتىشمەيدۇ. پارتىيىمىزنىڭ تەشكىلاتلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭىيىشى كېرەك، ئاكتىپلىق تۈردە تۈمەنلىگەن كادىر يېتىشتۈرۈشى كېرەك، بىرنەچچە يۈز ئەڭ ياخشى ئاممە رەھبەرلىرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ كادىرلار ۋە رەھبەرلەر ماركسىزم-لېنىنىزىمنى بىلىشى، سىياسى جەھەتتىن يىراقنى كورىدىغان بولۇشى، خىزمەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، پىداكارلىق روھىغا باي بولۇشى، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلالايدىغان بولۇشى، قىيىنچىلىقلار داۋامىدا تەۋرەنمەسلىكى، مىللەت ئۈچۈن، سىنىپ ئۈچۈن، پارتىيە ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىشى كېرەك. پارتىيىمىز بۇ كىشىلەرگە تايىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممە بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئاممىگە بولغان مۇستەھكەم رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، دۈشمەننى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەتنى كوزلىمەسلىكى، شەخسىي قەھرىمانلىق ۋە شوھرەتپەرەسلىك قىلماسلىقى، ھورۇنلۇق ۋە پاسسىپلىق قىلماسلىقى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتەك مەزھەپچىلىكتىن خالىي بولۇشى كېرەك، ئۇلار شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كوزلەيدىغان مىللى ۋە سىنىپي قەھرىمانلاردىن بولۇشى كېرەك. بۇلار كۇڭچەنداڭ ئەزالىرىدا، پارتىيىنىڭ كادىرلىرىدا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت ۋە ئىستىل. بىزنىڭ ۋاپات بولغان بىرقانچە تۈمەن پارتىيە ئەزالىرىمىزنىڭ، بىرقانچە مىڭ كادىرلىرىمىزنىڭ ۋە بىرقانچە ئون ئەڭ ياخشى رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھمۇ ئەنە شۇ نەرسىلەر. بىز، شەك-شۈبھىسىز، بۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆزگەرتىشىمىز، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى ئىنقىلاۋىي سەۋىيىگە كوتۈرۈشىمىز كېرەك.

لېكىن بۇ تېخى كىپايە قىلمايدۇ، بىز بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن يېڭى كادىر ۋە رەھبەرلەرنى تېپىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز كادىرلارغا تايىنىدۇ، خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك: «كادىر ھەممىنى ھەل قىلىدۇ.»⑤

# پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە مەسىلىسى

ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە زۆرۈر. پارتىيىنى كۈچلۈك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلگە قويۇش ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك. ئەكسىيەتچىلىك ۋە ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى كۆپرەك ئىپادىلەندى. يېڭى دەۋردە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن زىچ باغلىنىشى كېرەك. دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئەمەلگە قويۇش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلىش لازىم. پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلىش ئارقىلىق كۆپلىگەن كادىرلارنى چېنىقتۇرۇپ چىقىش، مەزھەپچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى تۈگىتىش، پۈتۈن پارتىيىنى پولاتتەك مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇش لازىم.

# يىغىننىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى

يىغىن داۋامىدا سىياسى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئوخشاش بولمىغان

پىكىرلەر چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق بىرلىككە كەلدى؛ جۇڭگىيا گىنىڭ لۇشيەنى بىلەن ئايرىم يولداشلار رەھبەرلىگىدىكى چېكىنىش لۇشيەنى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرىكى ئىختىلاپلارمۇ ھەل بولۇپ كەتتى[10]، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقانلىغىنى كورسىتىدۇ. بۇنداق ئىتتىپاقلىق — نۆۋەتتىكى مىللى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى؛ چۈنكى پەقەت گوڭچەنداڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىقلا پۈتۈن سىنىپنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، پەقەت پۈتۈن سىنىپنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئارقىلىقلا دۈشمەننى يېڭىپ، مىللى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

## مىليونلىغان ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرىشەيلى

بىزنىڭ توغرى سىياسى فاڭجېنىمىز ۋە مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىمىز مىليونلىغان ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپكە قاتناشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. پرولېتارىيات، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىدىن ئىبارەت كەڭ ئاممە ئوتتۇرىسىدا تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەشكىلات خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بېرىشىمىزگە توغرى كېلىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى گۇرۇھىنىڭ بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ئۈچۈنمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلەپ بېرىشىمىزگە توغرى كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ فاڭجېنىنى ئاممىنىڭ فاڭجېنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىزنىڭ

ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇپ، ئېگىلمەي-پۈكۈلمەي، مىسلىسىز جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، ئاۋارىگەرچىلىكتىن قورقماي سەۋرچانلىق بىلەن تىرىشىشىمىزغا توغرى كېلىدۇ. مۇنداق تىرىشچانلىق بولماي تۇرۇپ، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ جۇڭگودا ۋۇجۇتقا كېلىشى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمىزدىن قىلچىلىكمۇ ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق تىرىشچانلىق ئارقىلىق مىليونلىغان ئاممىنى ئۆز رەھبەرلىكىمىز ئاستىغا تارتالايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىنى چاپسان ئورۇنلىيالايمىز. بىز ئۆز تىرىشچانلىقىمىز بىلەن چوقۇم ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىمىز ھەمدە پۈتۈن مىللىي ئازاتلىق ۋە ئىجتىمائىي ئازاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز.

## ئىزاھلار

① شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون جاھانگىرلىرى گومىنداڭ دائىرىلىرىنى شۇ چاغدا جۇڭگودا ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغان ئىچكى تېنچلىقنى ۋە پەيدىن-پەي شەكىللىنىۋاتقان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بۇزۇشقا قوزغاش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە ۋاقىتىنچە يۇمشاق پوزىتسىيە تۇتتى. 1936-يىل 12-ئايدا ۋە 1937-يىل 3-ئايدا ياپون قاراقچىلىرى قورچاق ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنى قۇترىتىپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككى قېتىم ئومۇمىي دىيەنباۋ تارقاتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپونىيە تاشقى ئىشلار شياڭى زوتېك ئوتتۇرىغا چىقىپ جياڭ جېيشىنى ئۆزىگە تارتىپ،

ياپونىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىمىز، جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ۋە گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىمىز، دەپ نەيرەڭۋازلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ياپونىيە جۇڭگوغا ئېرىيۈي چيەتىي قاتارلىق سەيغالاردىن تەركىب تاپقان «ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى»نى ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ «ھازىرقى زامان دۆلەت تەشكىللىنىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشى»گە ياردەملىشىمىز، دەپ نەيرەڭۋازلىق قىلدى. «زوتېلىڭ ۋەيجياۋسى» ۋە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بۇنداق ساختا كورۇنۈشلىرى بىلەن قايمۇقۇپ قالغان بەزى كىشىلەر ئېيتقان «ياپونىيە چېكىندى» دېگەن سوزلەر مانا مۇشۇ بىر پۈتۈن تاجاۋۇزچىلىق سۇيىقەستىنى كورسىتىدۇ.

② 1936-يىل 11-ئايدا گومىنداڭ ھوكۇمىتى شۇ چاغدا شاڭخەيدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان رەھبەرلەردىن شېن جۈنرۇ قاتارلىق 7 كىشىنى قولغا ئالدى، 1937-يىل 4-ئايدا گومىنداڭنىڭ سۇجۇدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك فايۈەنىنىڭ جيەنچاگۇەنى شېن جۈنرۇلار ئۈستىدىن «شىكايەت» قىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى «مىنگوغا زىيان يەتكۈزدى» دەپ ئاتايدىغان ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل كونا مۇقامىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، شېن جۈنرۇلارغا تاڭغان «جىنايەت»نىمۇ «مىنگوغا زىيان يەتكۈزدى» دەپ ئاتىدى.

③ شىەن ۋەقەسىدىن ئىلگىرى دۇڭبېي قوشۇنى شەنشى-گەنسۇ چېگرىسىدا تۇرغان بولۇپ، شىمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيە بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇراتتى، شۇڭا قىزىل ئارمىيىدىن چوڭقۇر تەسىر ئېلىپ، نەتىجىدە شىەن ۋەقەسىنى قوزغىغان ئىدى. 1937-يىل 3-ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىزىل ئارمىيە بىلەن دۇڭبېي قوشۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇڭبېي قوشۇنىنىڭ ئىچىگە بولگۇنچىلىك سېلىش ئۈچۈن، دۇڭبېي قوشۇنىغا شەرققە يوتكىلىپ خېنەن ۋە ئەنخۇي ئۆلكىلىرىگە بېرىش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق

بەردى.

④ ياڭ خۇچېڭ — شەن ۋەقەسىنى قوزغىغان شىبېيدىكى ھەربى رەھبەرلەردىن بولۇپ، جاڭ شۆيلياڭ بىلەن بىللە داڭ چىقارغان ئىدى، شۇ چاغدا ئۇلار «جاڭ ـ ياڭ» دەپ ئاتىلاتتى. جاڭ شۆيلياڭ جياڭ جيېشىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇزىتىپ نەنجىڭغا بىللە بارغاندا تۇتۇپ قىلىندى. 1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا ياڭ خۇچېڭمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن ۋەزىپىسىنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. ياڭ خۇچېڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن مەملىكەتكە قايتىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئىشىغا قاتناشماقچى بولغان ئىدى، ئۇمۇ جياڭ جيېشى تەرىپىدىن ئۇزاق مۇددەت قاماپ قويۇلدى، 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا خەلق جيېفاڭجۈنى چۇڭچىڭغا قىستاپ كەلگەن چاغدا، ئاخىر جازا لاگېرىدا ئۆلتۈرۈلدى.

⑤ تۇڭگۇەن — شەنشى، خېنەن، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى مۇھىم ھەربى ئورۇن. شەن ۋەقەسى ۋاقتىدا گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرى ئاساسەن تۇڭگۇەننىڭ شەرقىدە تۇراتتى، ئۇ چاغدا «سول»چىل دەپ ئاتىلىدىغان بەزى كىشىلەر (جاڭ گوتاۋ ئۇلاردىن بىرى) «تۇڭ-گۇەننى بوسۇپ ئۆتۈش»نى، يەنى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق تەشەببۇس داڭجۇڭياڭنىڭ شەن ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش فاڭجېنىغا زىت ئىدى.

⑥ فرانسىيە جاھانگىرلىكى روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىش سىياسىتىنى ئۇزاق مۇددەت يۈر-گۈزۈپ كەلدى. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا فرانسىيە ھۆكۈمىتى 14 دۆلەتنىڭ 1918 ـ يىلىدىن 1920 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتى-پاقىغا قىلىنغان قوراللىق مۇداخىلىسىگە ئاكتىپ قاتناشتى، بەلكى بۇ قېتىمقى مۇداخىلە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى يەنىلا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى داۋاملىق يۈرگۈزدى.

تاكى 1935 ـ يىل 5 ـ ئايغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېچلىق ۋەيجياۋسىنىڭ فرانسىيە خەلقى ئارىسىدىكى تەسىرى، فاشىستلار گېرمانىيىسىنىڭ فرانسىيىگە سالغان تەھدىدى ئارقىسىدا، فرانسىيە ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىش كېلىشىمى تۈزدى. لېكىن فرانسىيە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى كېيىن بۇ شەرتنامىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلمىدى.

⑦ ماركس، ئېنگېلس. «گۇڭچەنداڭ خىتاپنامىسى»نىڭ 4 ـ قىسمىغا، لېنىن. «دېموكراتىك ئىنقىلاپتا شېخۇي ـ مىنجۇداڭنىڭ ئىككى سىلۇبى»نىڭ 12 ۋە 13 ـ قىسىملىرىغا، «سوۋېت ئىتتىپاقى گۇڭچەنداڭى (بولشېۋىكلار پارتىيىسى) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ III باپ، 3 ـ بۆلۈمىگە قارالسۇن.

⑧ ستالىن. «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»نىڭ III قىسمىغا، «ئوكتەبىر ئىنقىلابى ۋە روسىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ سىلۇبى»نىڭ 2 ـ قىسمىغا، «لېنىنىزم مەسىلىلىرىگە دائىر»نىڭ III قىسمىغا قارالسۇن.

⑨ 1935 ـ يىل 5 ـ ئايدا ستالىننىڭ قىزىل ئارمىيە شۆبيۆەنى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىغا قارالسۇن. تېكىستتە مۇنداق: «ئىختىساسلىق كىشىلەر، كادىرلار — دۇنيادىكى ھەممە قىممەتلىك كاپىتاللار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە كاپىتال. چۈشىنىش كېرەككى، بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدا "كادىر ھەممىنى ھەل قىلىدۇ".»

⑩ بۇ 1935 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە داڭجۇڭياڭنىڭ لۇشيەنى بىلەن جاڭ گوتاۋنىڭ چېكىنىش لۇشيەنى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىختىلاپىنى كۆرسىتىدۇ. «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنىڭ سىلۇبى توغرىسىدا»نىڭ ㉒ ئىزاھىغا قارالسۇن. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ يەردە «ئىختىلاپلار ...... ھەل بولۇپ كەتتى» دېگىنى قىزىل ئارمىيە 4 ـ فاڭمىيەنجۈننىڭ جۇڭياڭ قىزىل ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن جاڭ گوتاۋنىڭ پارتىيىگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئاسىيلىق قىلىپ،

چۈشكۈنلىشىپ ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ كەتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ رەھبەرلىك لۇشيەنى ئۈستىدىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ ئاسىيلىق ھەرىكىتى، خالاس.

# ئەملیەت توغرسدا*

بلش بلەن ئەملیەتنڭ مۇناسۋتی ــــ بلمەك بلەن قلماقنڭ مۇناسۋتی توغرسدا

(1937 ـ يل 7 ـ ئاي)

ماركسقچه بولغان ۋېيۋۇلۇن بلش مەسلسنی ئادەمنڭ ئجتمائیلغدن، ئادەمنڭ تارىخي تەرەققیاتدن ئايرلغان هالدا كۆزەتتی، شۇڭا بلشنڭ ئجتمائی ئەملیەتكە بولغان بېقندلق مۇناسۋتنی، يەنی بلشنڭ ئشلەپچقرشقا ۋە سنپي كۆرەشكە بولغان بېقندلق مۇناسۋتنی چۈشنەلمدی.

ئالدی بلەن، ماركسزمچلار، ئنسانلارنڭ ئشلەپچقرش پائالیتی ــ ئەڭ تۈپ ئەملیەت پائالیتی، باشقا هەممە پائالیەتلەرنی بەلگلەيدغان نەرسە، دەپ قارايدۇ. ئادەمنڭ بلشی، ئاساسەن، ماددی ئشلەپچقرش پائالیتگە بېقنغان بولۇپ، تەبەت هادسلرنی، تەبەتنڭ خاراكتېرنی، تەبەتنڭ قانۇنيەتلرنی، ئادەمنڭ تەبەت بلەن بولغان مۇناسۋتنی پەيدن ـ

پەي چۈشىنىش بىلەن؛ شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنىمۇ تۈرلۈك دەرىجىدە پەيدىن-پەي بىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ بىلىملەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. سىنىپسىز جەمئىيەتتە ھەر بىر كىشى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. تۈرلۈك سىنىپىي جەمئىيەتلەردە بولسا، ھەرقايسى سىنىپلارغا مەنسۇپ جەمئىيەت ئەزالىرى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش

* پارتىيىمىز ئىچىدە بىر قىسىم جىياۋتىياۋجۇيىچى يولداشلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى رەت قىلىپ، «ماركسىزم جىياۋتىياۋ ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى» دېگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ كەلدى ۋە پەقەت ماركسىزم كىتابلىرىدىكى ئايرىم سۆز-جۈملىلەرنى ئۇيەر-بۇيەردىن يۇلۇۋېلىپ، كىشىلەرنى قورقۇتۇپ كەلدى. يەنە بىر قىسىم تەجرىبىچى يولداشلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزلىرىنىڭ پارچە-پۇرات تەجرىبىلىرىگە يېپىشۋېلىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت ئۈچۈن مۇھىملىقىنى چۈشەنمىدى، ئىنقىلابنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى كۆرمىدى، گەرچە ئۇلارمۇ جاپا-مۇشەققەت چېكىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن قارىغۇلارچە ئىشلىدى. بۇ ئىككى خىل يولداشلارنىڭ خاتا ئىدىيىلەر، بولۇپمۇ جىياۋتىياۋجۇيىلىق ئىدىيە 1931 — 1934-يىللىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنى ناھايىتى چوڭ زىيانغا

مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى — ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تۈپ مەنبەئى.

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت بىرلا شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ يەنە سىنىپىي كۈرەش، سىياسىي ھايات، پەن ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش باشقا نۇرغۇن شەكىللىرىمۇ بولىدۇ، قىسقىسى، جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ئىجتىمائىي ئادەملەر قاتنىشقان بولىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ بىلىشى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ماددىي ھاياتتىن تاشقىرى، يەنە سىياسىي ھايات ۋە مەدەنىي ھاياتتىنمۇ (ماددىي ھاياتقا يېقىن باغلانغان) ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى سىنىپىي كۈرەشلەر ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر بىر ئادەم مۇئەييەن سىنىپىي ئورۇندا ياشايدۇ،

---

ئۆجراتتى، جياۋتياۋجۇيىچىلار بولسا، ماركسىزىم تونىغا ئورىنىۋېلىپ، جىق يولداشلارنى قايمۇقتۇردى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دىگەن بۇ ئەسىرى پارتىيە ئىچىدىكى جياۋتياۋجۇيى ۋە تەجرىبىچىلىكتىن، بولۇپمۇ جياۋتياۋجۇيىدىن ئىبارەت جۇگۇەنجۇيىلىق خاتالىقلارنى ماركسىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى نۇقتىئى نەزەرى بىلەن پاش قىلىش مەقسىدىدە يېزىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتكە سەل قارايدىغان جياۋتياۋجۇيىدىن ئىبارەت جۇگۇەنجۇيىلىقنى پاش قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغانلىقتىن، بۇ ئەسەرگە «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دەپ مەۋزۇ قويۇلغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان نۇقتىئى نەزەرلەرنى يەنئەندە يايون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربى-سىياسىي داشۆبىدە لېكسىيە قىلىپ ئوقۇغان ئىدى.

سىنىپىي تامغا بېسىلمىغان ھېچقانداق ئىدىيە يوق.

ماركسىزمچىلار، ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائا-لىيىتى قەدەممۇ-قەدەم تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا راۋاج-لىنىدۇ، شۇڭا، ئادەملەرنىڭ بىلىشىمۇ، تەبىئەتكە نىسبەتەن بولسۇن، جەمىيەتكە نىسبەتەن بولسۇن، قەدەممۇ-قەدەم تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا، يەنى تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، بىرتەرەپلىمىلىك-تىن كوپ تەرەپلىمىلىككە راۋاجلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. كىشلەر ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋر ئىچىدە جەمىيەت تارىخىنى پەقەت بىرتەرەپلىمە چۈشىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن ئىدى، بۇ، بىر تەرەپتىن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ بىرتەرەپلىمە قاراشلىرى جەمىيەت تارىخىنى دائىم بۇرمىلاپ كەلگەنلىكتىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىش كولىمىنىڭ تار بولۇشى كىشلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ قويغانلىقتىن بولدى، پەقەت غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە — يىرىك سانائەتكە ئەگىشىپ يېڭىنقى زامان پۇرولېتارىياتى پەيدا بولغان چاغدىلا، كىشلەر جەمى-يەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە تارىخىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، جەمىيەت توغرىسىدىكى بىلىشنى پەنگە ئايلاندۇرالىدى، بۇ — ماركسىزم پېنى.

ماركسىزمچىلار، پەقەت كىشلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىلا كىشلەرنىڭ تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىشىنىڭ ھەقىقەتلىگىنى ئولچەيدىغان ئولچەم، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق بولىدۇ: پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا (ماددى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، سىنىپىي كۈرەش جەريانىدا، ئىلمىي تەجرىبە جەريانىدا) كىشلەر كوڭلىدە پۇككەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن

ئۇلارنىڭ بىلىشىنىڭ چىنلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. كىشىلەر خىزمەتتە غەلىبە قازانماقچى، يەنى كۆڭلىدە پۈككەن نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكچى بولسا، ئۆز ئىدىيىلىرىنى چوقۇم كېگۈەن تاشقى دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى كېرەك، مۇۋاپىقلاشتۇرمىسا، ئەملىيەت داۋامىدا مەغلۇپ بولىدۇ. كىشىلەر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالىدۇ، ئۆز ئىدىيىلىرىنى تۈزىتىپ، تاشقى دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ، «مەغلۇبىيەت — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى»، «بىر ئۆكۈشسىزلىققا ئۇچرىماي، بىر ئەقىل تاپماسسەن» دېگەن سۆزلەر ئەنە شۇ داۋلىنى كۆرسىتىدۇ. بېيەنجىڭلىق ۋېيۈۋۈلۇننىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ئەملىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئادەمنىڭ بىلىشى ئەملىيەتتىن بىرئازمۇ ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئەملىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، بىلىشنى ئەملىيەتتىن ئايرىۋېتىدىغان بارلىق خاتا نەزەرىيىلەرنى رەت قىلىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەملىيەت (نەزەرىيىۋى) بىلىشتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئومۇملۇق خىسلىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بىۋاستە رېياللىق خىسلىتىگىمۇ ئىگە.»[1] ماركسىزىمچە پەلەمپەيلىك-بېيەنجىڭلىق ۋېيۈۋۈلۇننىڭ ئەڭ روشەن ئىككى خۇسۇسىيىتى بار: بىرى، ئۇنىڭ سىنىپىيلىقى، بېيەنجىڭلىق ۋېيۈۋۈلۇننىڭ پرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكالىغانلىقى؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئەملىيەتچىللىكى، نەزەرىيىنىڭ ئەملىيەتكە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى، نەزەرىيىنىڭ ئاساسى ئەملىيەت ئىكەنلىكىنى، نەزەرىيىنىڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەملىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى. بىلىشنىڭ ياكى

نەزىرىيىنىڭ ھەقىقەت-ھەقىقەت ئەمەسلىكى جۇگۇەن جەھەتتىن قانداق تۇيۇلغانلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى كېگۇەن جەھەتتىن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە قانداق نەتىجە بەرگەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلا بولىدۇ. ئەمەلىيەت نۇقتەئىي نەزىرى — بىيەنجىگىلىق ۋېيۇۋۇلۇنىنىڭ بىلىش نەزىرىيىسىنىڭ بىرىنچى ۋە تۈپ نۇقتەئىي نەزىرى②.

ئەمما، ئادەمنىڭ بىلىشى زادى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىقىدۇ ۋە يەنە قانداق قىلىپ ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلە بىلىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى كوزدىن كوچۇرۇلسىلا چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

ئەسلىدە ئادەم ئەمەلىيەت جەريانىدا دەسلەپ پەقەت شۇ جەرياندىكى شەيئىلەرنىڭ ھادىسە تەرەپلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى ۋە شەيئىلەر ئارىسىدىكى تاشقى باغلىنىشلارنىلا كورىدۇ. مەسىلەن، چەتتىن يەنئەنگە كۆزىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر دەسلەپكى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە يەنئەننىڭ يەر شارائىتىنى، كوچىلىرىنى، ئىمارەتلىرىنى كورىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، زىياپەتلەرگە، ئەدەبىيات كېچىلىرىگە، ئاممىۋى يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ، تۈرلۈك سوزلەرنى ئاڭلايدۇ، تۈرلۈك ھوججەتلەرنى كورىدۇ، بۇلار بولسا، شەيئىلەرنىڭ ھادىسىلىرى، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ تاشقى باغلىنىشلىرى. بۇ تۈيغۇ ۋە تەسىرات باسقۇچى بولۇپ، بىلىشنىڭ ھىسسى باسقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، يەنئەندە ئۇچرىغان بۇ ئايرىم-ئايرىم شەيئىلەر كۆزەتكۈچى ئۆمەكتىكى ئەپەندىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كورسىتىپ، ئۇلاردا تۈيغۇ ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە نۇرغۇن

تەسىراتلارنى ۋە بۇ تەسىراتلار ئارىسىدىكى تەخمىنىي، تاشقى باغ-لىنىشلارنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ — بىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا كىشىلەر تېخى چوڭقۇر ئۇقۇم ھاسىل قىلالمايدۇ، مەنتىققە (لوگىكىغا) مۇۋاپىق خۇلاسە چىقىرالمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ داۋام قىلىشى ئارقىسىدا كىشىلەردە ئەمەلىيەت جەريانىدا تۇيغۇ ۋە تەسىرات پەيدا قىلغان نەرسىلەر نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە بىلىش جەريانىدىكى كەسكىن ئۆزگىرىش (سەكرەش) پەيدا بولىدۇ، ئۇقۇم ھاسىل بولىدۇ. ئۇقۇم دېگەن بۇ نەرسە شەيئىلەرنىڭ ھادىسە-لىرىنى ئەمەس، شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنى ئەمەس، ئۇلارنىڭ تاشقى باغلىنىشلىرىنى ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، شەي-ئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئۇقۇم بىلەن تۇيغۇ سان جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مەنتىققە مۇۋاپىق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. «ئۈچ پادىشالىق ھەققىدە قىسسە»دىكى «قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈۋىدى، كۆڭلىگە ئەقىل كەلدى» دېگەن سۆز ۋە بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان «ئويلاپ باقاي» دېگەن سۆز ئادەمنىڭ ئۆز مېڭىسىدە ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدى-غانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ — بىلىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى. چەتتىن كەلگەن كۆزىتىش ئۆمىكىدىكى ئەپەندىلەر تۈرلۈك ماتېرىياللارنى توپلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئويلاپ باققان»دىن كېيىن، ئۇلار «گوڭ-چەنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپلىك سىيا-سىتى تەل-تۆكۈس، سەمىمىي ۋە ھەقىقىي ئىكەن» دېگەن ھۆكۈمنى

چىقىرالايدۇ. ئۇلار بۇنداق ھوكۇمنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇزلىرىمۇ ئىنتىپاقلىشىپ ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرۇشقا سەممى بولمىسغان بولسا، ئۇ ھالدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ» دىگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇنداق ئۇقۇم، ھوكۇم ۋە ئەقلىي يەكۇن باسقۇچى كىشىلەرنىڭ بىرەر شەيئىنى بىلىشىنىڭ پۇتۇن جەريانىدا تېخىمۇ مۇھىم باسقۇچ، يەنى ئەقلىي بىلىش باسقۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىلىشنىڭ ھەقىقى ۋەزىپىسى تۇيغۇلار ئارقىلىق پىكىر قىلىشقا يېتىش، كېيىن شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، بۇ جەريان بىلەن ئۇ جەريان ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى پەيدىن-پەي چۇشىنىشكە، يەنى مەنتىقىي بىلىشكە يېتىشتىن ئىبارەت. تەكرار ئېيتقاندا، مەنتىقىي بىلىش ھىسسى بىلىشتىن شۇنىڭ ئۇچۇن پەرقلىنىدىكى، ھىسسى بىلىش — شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىگە، ھادىسىلىرىگە، تاشقى باغلىنىشلىرىغا تەۋە نەرسە، مەنتىقىي بىلىش بولسا، چوڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىگە، ماھىيىتىگە ۋە ئىچكى باغلىنىشلىرىغا يېتىپ بارغان نەرسە، ئۇ ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا يېتىپ بارغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ ئومۇمىيلىكىدىن، ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىدىن ئىگەللىۋالالايدۇ.

ئەمىلىيەتنى ئاساس قىلغان، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ئوتىدىغان، بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇنچە بولغان بۇنداق بىلىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى توغرىسىدىكى نەزىرىيىنى ماركسىزمدىن ئىلگىرى ھېچكىم بۇنداق ھەل قىلمىغان ئىدى، ماركسىزملىق ۋېيۋۇلۇن بۇ مەسىلىنى بىرىنچى

بولۇپ توغرى ھەل قىلدى، بىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بېرىش ھەرىكى-
تىنى، ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىنىپىي كۈرەشتىكى
مۇرەككەپ ۋە دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلىيىتىدە ھېسسىي
بىلىشنىڭ مەنتىقىي بىلىشكە سىلجىش ھەرىكىتىنى ۋېيۋۇلۇنلۇك، بەلكى
بىيەنجىڭلىق يوسۇندا كۆرسىتىپ بەردى. لېنىن: «ماددا ئابستراك-
يىسى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئابستراكسىيىسى، قىممەت ئابستراك-
سىيىسى ۋاھاكازالار، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەممە ئىلمىي
(تۇترۇقسىز ئەمەس، توغرى، جىددىي) ئابستراكسىيەلەر تەبىئەتنى
يەنىمۇ چوڭقۇر، يەنىمۇ توغرى، يەنىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ»⑤ دېگەن ئىدى. ماركسىزم-لېنىنىزم: بىلىش جەريانىدىكى
ئىككى باسقۇچنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى شۇكى، بىلىش تۆۋەن باسقۇچتا
ھېسسىي بىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، يۇقۇرى باسقۇچتا مەنتىقىي
بىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن بۇ باسقۇچلارنىڭ قايسىبىرى بول-
سۇن بىر پۈتۈن بىلىش جەريانىدىكى باسقۇچلار، دەپ قارايدۇ.
ھېسسىلىق بىلەن ئەقلىلىق سۈپەت جەھەتتىن پەرقلىق، لېكىن بىر-
بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەس، ئۇلار ئەمەلىيەت ئاساسىدا بىرلىككە
كەلگەن بولىدۇ. بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز: ھېس قىلغان نەرسىلەرنى
دەرھال چۈشىنەلمەيدىغانلىقىمىزنى، پەقەت چۈشەنگەن نەرسىلەرنىلا
تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. تۇيغۇ ھادىسە
مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىدۇ، نەزەرىيە بولسا، ماھىيەت مەسىلىسىنى ھەل
قىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىيەتتىن زادى چەتنەپ
كەتكىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم بىرەر شەيئىنى بىلمەكچى بول-
دىكەن، شۇ شەيئى بىلەن ئۇچرىشىشى، يەنى شۇ شەيئىنىڭ شارائىتىدا
ئۆز ھاياتىنى(ئەمەلىيىتىنى) ئۆتكۈزۈشى كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا چارە

يوق. فېوداللىق جەمىيەتتە تۇرۇپ، كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئالدىن بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدا كاپىتالىزم تېخى كېلىپ چىقمىغان، بۇنداق ئەمەلىيەت تېخى بولمىغان ئىدى. ماركسىزم پەقەت كاپىتالىستىك جەمىيەتنىڭلا مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. ماركسنىڭ ئەركىن كاپىتالىزم دەۋرىدە جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ بەزى ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنى ئالدىن كونكرېت بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى كاپىتالىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولغان جاھانگىرلىك تېخى يېتىپ كەلمىگەن، بۇنداق ئەمەلىيەت تېخى بولمىغان ئىدى، بۇ ۋەزىپىنى پەقەت لېنىن ۋە ستالىنلا ئۆز ئۈستىگە ئالالىدى. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىنلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز نەزەرىيىلىرىنى يارىتالىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرى دانا بولغاندىن تاشقىرى، مۇھىمى، شۇ چاغدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەر ئەمەلىيىتىگە شەخسەن قاتناشتى، بۇ كېيىنكى شەرت بولمىغاندا، ھەرقانداق دانالىقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتى. «شيۇسەي ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپمۇ يەر يۈزىدىكى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ» دېگەن سۆز تېخنىكا راۋاجلانمىغان قەدىمقى زاماندا بىر قۇرۇق سۆز ئىدى، تېخنىكا راۋاجلانغان ھازىرقى دەۋردە بۇ سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي بىۋاستە بىلىدىغانلار يەنىلا يەر يۈزىدە ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلاردۇر، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى داۋامىدا «بىلىش»كە ئىگە بولىدۇ، بۇ «بىلىش» يېزىق ۋە تېخنىكا ۋاستىسى بىلەن «شيۇسەي»نىڭ قولىغا يېتىدۇ، شيۇسەي ئاندىن ۋاستىلىك يوسۇندا «يەر يۈزىدىكى ئىشلارنى بىلىشى» مۇمكىن. مەلۇم شەيئى ياكى شەيئىلەرنى بىۋاستە بىلىش ئۈچۈن، پەقەت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، مەلۇم شەيئى

ياكى شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىي كۈرەشلەرگە شەخسەن قاتنىشىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، شۇ شەيئى ياكى شەيئىلەرنىڭ ھادىسىلىرى بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك پەقەت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىي كۈرەشلەرگە شەخسەن قاتناشقاندىلا، شۇ شەيئى ياكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ، ئۇلارنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مانا بۇ — ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە مېڭىۋاتقان بىلىش يولى، بىراق بەزىلەر قەستەن بۇرمىلىغان ھالدا قارشى گەپلەرنى قىلىدۇ. دۇنيادا ئەڭ كۈلكىگە قالىدىغانلار «بىلىم ئەھلى» دېگەنلەردۇر، ئۇلار ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئاڭلىۋالغان يېرىم-ياتا بىلىملىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى «يەر يۈزىدە بىرىنچى» ھېساپلايدۇ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چاغلىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بىلىم مەسىلىسى — پەن مەسىلىسى، ئۇ قىلچىلىكمۇ ساختىپەزلىكنى ۋە مەغرۇرلۇقنى كوتۇرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىنى — سەمىمىلىك ۋە كەمتەرلىكنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ. بىلىملىك بولاي دېسەڭ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەتكە قاتنىشىشىڭ كېرەك. نەشپۈتنىڭ تەمىنى بىلەي دېسەڭ، نەشپۈتنى ئۆزگەرتىشىڭ — ئېغىزغا ئېلىپ يەپ بېقىشىڭ كېرەك. ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە خاراكتېرىنى بىلەي دېسەڭ، فىزىكا ۋە خىمىيە تەجرىبىلىرىنى ئوتكۈزۈپ، ئاتومنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك. ئىنقىلاپنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى بىلەي دېسەڭ، ئىنقىلاپقا قاتنىشىشىڭ كېرەك. ھەقىقىي بىلىملەرنىڭ ھەممىسى بىۋاستە تەجرىبىدىن باشلىنىدۇ. لېكىن ئادەم ھەممىلا ئىشنى بىۋاستە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، بىلىمنىڭ كوپچىلىكى ۋاستىلىك تەجرىبىلەردىن كېلىدۇ، قەدىمقى زاماندىن قالغان ۋە باشقا

جايلاردىن كەلگەن بارلىق بىلىملەر ئەنە شۇنداق بىلىملەر. بۇ بىلىملەر — قەدىمقى كىشىلەر ۋە باشقا كىشىلەر بىۋاستە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن نەرسىلەر، ئۇلار ئەگەر قەدىمقى كىشىلەر ۋە باشقا كىشىلەر بىۋاستە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتدا لېنىن ئېيتقان شەرتكە ئۇيغۇن بولغان: «ئىلمىي ئابستىراكسىيە» بولغان بولسا، كېيىنكى شەيئىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا ئەكس ئەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ بىلىملەر ئىشەنچلىك بولىدۇ؛ ئۇنداق بولمىسا، ئىشەنچلىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ بىلىمى بىۋاستە تەجرىبىدىن كەلگەن بىلىم ۋە ۋاستىلىك تەجرىبىدىن كەلگەن بىلىم دىگەن ئىككى قىسىمدىن تاشقىرى چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك مەن ئۈچۈن ۋاستىلىك تەجرىبە بولغىنى باشقىلار ئۈچۈن يەنىلا بىۋاستە تەجرىبە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىمنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىلىم بىۋاستە تەجرىبىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەرقانداق بىلىمنىڭ مەنبەئى ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ كېيىنكى تاشقى دۇنيا توغرىسىدىكى تۇيغۇسىدا بولىدۇ، كىمكى بۇ تۇيغۇنى ئىنكار قىلسا، بىۋاستە تەجرىبىنى ئىنكار قىلسا، رېياللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەتكە شەخسەن قاتنىشىش لازىملىغىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ ۋېيۇۋلۇنچى ئەمەس. «بىلىم ئەھلى»لىرىنىڭ كۈلكىگە قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. جۇڭگولۇقلاردا «يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى تۇتالمايسەن» دىگەن بىر كونا سۆز بار. بۇ سۆز — كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئۈچۈن ھەقىقەت، بىلىش نەزەرىيىسى ئۈچۈنمۇ ھەقىقەت. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بىلىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

رېياللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەمەلىيەت ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىغان بىيەنجېڭلىق ۋېيۇۋلۇنچە بىلىش ھەرىكىتىنى —

بىلىشنىڭ پەيدىن - پەي چوڭقۇرلىشىش ھەرىكىتىنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندە يەنە بىرقانچە كونكرېت مىساللارنى كەلتۈرىمەن.

پرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى بىلىشىنى ئالساق، ئۇلار ئۆز ئەمەلىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە — ماشىنىلارنى ۋەيران قىلىش ۋە ئىستىخىيىلىك كۈرەش دەۋرىدە پەقەت ھېسسى بىلىش باسقۇچىدا بولۇپ، كاپىتالىزمدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنىلا ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى باغلىنىشلىرىنىلا بىلەتتى. ئۇ دەۋردە ئۇلار تېخى «ئۆزىدىكى سىنىپ» ئىدى. لېكىن ئۆز ئەمەلىيىتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىگە — ئاڭلىق، تەشكىللىك ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە سىياسىي كۈرەش دەۋرىگە كەلگەندە، ئەمەلىيەتلەر ئارقىسىدا، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش تەجرىبىلىرى ۋە بۇ تەجرىبىلەر ماركس، ئېنگېلس تەرىپىدىن ئىلمىي ئۇسۇلدا خۇلاسىلىنىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇنىڭ بىلەن پرولېتارىياتنىڭ تەربىيىلىنىشى ئارقىسىدا، پرولېتارىيات كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندى، ئىجتىمائىي سىنىپلار ئارىسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندى، پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى چۈشەندى، بۇ دەۋردە ئۇلار «ئۆزى ئۈچۈن سىنىپ»قا ئايلاندى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىكنى بىلىشىمۇ ئەنە شۇنداق بولدى. بىرىنچى باسقۇچ يۈزە، ھېسسى بىلىش باسقۇچى بولدى، بۇ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە يىخېتۇەن ھەرىكىتى قاتارلىق تومتاق پەيۋەيجۇيىسلىق كۈرەشلىرىدە ئىپادىلەندى. ئىككىنچى باسقۇچ ئاندىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچى بولدى. بۇنىڭدا جاھانگىرلىكنىڭ تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلىرى كۆرۈۋېلىندى ھەم

جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى مەيبەنلەر سىنىپى ۋە فېئوداللار سىنىپى بىلەن بىرلىشىپ، كەڭ جۇڭگو خەلقىنى ئېزىش ماھىيىتى كۆرۈۋېلىندى، بۇ بىلىش 1919-يىل 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى-كەينىدىلا باشلاندى.

ئەمدى بىز ئۇرۇشقا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى. ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئەگەر ئۇرۇش تەجرىبىسى يوق كىشىلەردىن بولۇپ قالسا، كونكرېت بىر ئۇرۇشنىڭ (مەسىلەن، ئۆتكەنكى 10 يىللىق يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىمىزنىڭ) چوڭقۇر يېتەكچى قانۇنىيەتلىرىنى دەسلەپكى باسقۇچتا چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار دەسلەپكى باسقۇچتا نۇرغۇن جەڭلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنىلا باشتىن كوچۇرىدۇ، بەلكى جەڭلەردە ناھايىتى كۆپ مەغلۇپ بولىدۇ. لېكىن تەجرىبىلەر (جەڭلەردە غەلىبە قازىنىش، بولۇپمۇ مەغلۇپ بولۇشتىن ئالغان تەجرىبىلەر) ئارقىسىدا، ئۇلار پۈتۈن ئۇرۇشقا سىڭگەن ئىچكى نەرسىلەرنى، يەنى شۇ كونكرېت ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش، جەنلۈې ۋە جەنشۇنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا ئىشەنچلىك ھالدا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولىدۇ. شۇ چاغدا ئەگەر ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا باشقا بىر تەجرىبىسىز كىشى قويۇلسا، ئۇمۇ بەزىبىر جەڭلەردە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن (تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن)، ئاندىن ئۇرۇشنىڭ توغرى قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

بەزى يولداشلارنىڭ بىرەر خىزمەت-ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلالمىغاندا، ئىشەنچىم يوق، دەيدىغانلىقىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. نېمە ئۈچۈن ئىشەنچى يوق؟ چۈنكى ئۇلار شۇ خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ۋە شارائىتى ھەققىدە قانۇنىيەتلىك چۈشەنچىگە

ئىگە ئەمەس، ئۇلار يا بۇنداق خىزمەت بىلەن ھېچقاچان ئۇچراشمىغان، يا كۆپ ئۇچراشمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇنداق خىزمەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس. خىزمەتنىڭ ئەھۋالى ۋە شارائىتىنى تەپسىلى تەھلىل قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزىدە بىرقەدەر ئىشەنچ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، شۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە رازى بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇ خىزمەتتە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ خىزمەتكە دائىر تەجرىبىلەرگە ئىگە بولۇۋالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەسىلىگە جۇگۇەن، بىرتەرەپلىمە ۋە يۈزە قارايدىغان كىشىلەردىن بولماي، ئەھۋالنى ئىخلاس بىلەن چوڭقۇر كۆزىتىدىغان كىشىلەردىن بولسا، خىزمەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىگە توغرىلىق ئۆزلىرى خۇلاسە چىقىرالايدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى غەيرىتىمۇ زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ. مەسىلىگە جۇگۇەن، بىرتەرەپلىمە ۋە يۈزە قارايدىغان كىشىلەرلا بىرەر جايغا بارغاندا، مۇھىتنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئىشنىڭ ئومۇمىيىتىگە (ئىشنىڭ تارىخىغا ۋە ھازىرقى پۈتۈن ئەھۋالىغا) قارىماي، شۇنىڭدەك ئىشنىڭ ماھىيىتىگە (ئىشنىڭ خاراكتېرى ۋە شۇ ئىشنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشىغا) بېرىپ يەتمەيلا، ئۆزىمچىللىك بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كېتىدۇ، بۇنداق كىشىلەردىن دومۇلاپ چۈشمەيدىغىنى يوق.

بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، بىلىش جەريانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى تاشقى دۇنيا بىلەن دەسلەپكى ئۇچرىشىش بولۇپ، تۇيغۇ باسقۇچىغا ياتىدۇ. ئىككىنچى قەدىمى تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش ۋە يېكۈنلەشتىن ئىشلەش بولۇپ، ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي يەكۈن باسقۇچىغا ياتىدۇ. تۇيغۇ ماتېرىياللىرى ناھايىتى مول

(پارچە-پۇرات ئەمەس) ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن (خاتا تۇيغۇ ئەمەس) بولغاندىلا، مۇشۇنداق ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، توغرى ئۇقۇم ۋە مەنتىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە تەكىتلەپ كۆرسىتىش زۆرۈر بولغان ئىككى مۇھىم نۇقتا بار. بىرىنچىسى، ئەقلىي بىلىشنىڭ ھىسسىي بىلىشكە بېقىنىدىغانلىقى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم، بۇ يەردە يەنە تەكرار ئېيتىپ ئۆتىمەن. كىمكى ئەقلىي بىلىش ھىسسىي بىلىشتىن ھاسىل بولماسلىغىمۇ مۇمكىن دەپ قارىسا، ئۇ ۋېيشىنلۇنچى بولىدۇ. پەلسەپە تارىخىدا «ۋېيشىنلۇن» ئېقىمى دىگەن بىر ئېقىم بار، بۇ ئېقىم پەقەت ئەقلىلىقنىڭ چىنلىقىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، تەجرىبىنىڭ چىنلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، پەقەت ئەقلىلىقلا ئىشەنچلىك، ھىسسىي تەجرىبىلەر بولسا، ئىشەنچسىز، دەپ ھېساپلاي-دۇ، بۇنىڭ خاتالىقى فاكىتلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ئەقلىي نەرسىلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ دەل ھىسسىي نەرسىلەردىن كېلىپ چىققانلىقىدا، ئۇنداق بولمىغاندا، ئەقلىي نەرسىلەر مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخقە ئوخشاش بولۇپ قالغان بولاتتى، شۇنىڭدەك پەقەت جۇگۇەن رەۋىشتە ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ قالغان ئىشەنچسىز نەرسە بولۇپ قالغان بولاتتى. بىلىش جەريانىنىڭ تەرتىۋىدىن ئېيتقاندا، ھىسسىي تەجرىبە — بىرىنچى نەرسە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئەھمىيىتىنى تەكىتلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتلا ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا، كېگۇەن تاشقى دۇنيادىن ھىسسىي تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىشقا باشلى-شىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالغان،

كېگۈەن تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزگەن ئادەمدە بىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ. بىلىش تەجرىبىدىن باشلىنىدۇ ــــ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ۋېيۋۇلۇنى ئەنە شۇ.

ئىككىنچىسى، بىلىشنى چوڭقۇرلىتىشقا، بىلىشنىڭ ھېسسى باسقۇچىنى ئەقلىي باسقۇچقا راۋاجلاندۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ ــــ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ بىيەنجېڭفاسى ئەنە شۇ④. بىلىشنى تۆۋەن باسقۇچ بولغان ھېسسى باسقۇچتا توختىتىپ قويسا بولىدۇ، پەقەت ھېسسى بىلىشلا ئىشەنچلىك بولىدۇ، ئەقلىي بىلىش ئىشەنچلىك بولمايدۇ، دەپ ھېسابلانسا، بۇ تارىختىكى «تەجرىبىچىلىك» خاتالىقىنى تەكرارلىغانلىق بولىدۇ. تۇيغۇ ماتېرىياللىرى، دەرۋەقە، كېگۈەن تاشقى دۇنيانىڭ بەزىبىر چىنلىقىنىڭ ئىنكاسى بولسىمۇ (مەن بۇ يەردە تەجرىبىنى پەقەت ئىچكى شەخسەن تەسىرات دەپ قارايدىغان ۋېيشىنلىق تەجرىبىچىلىك ئۈستىدە توختالمايمەن)، لېكىن بۇ ماتېرىياللارنىڭ پەقەت بىرتەرەپلىمە ۋە يۈزە نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئىنكاسنىڭ تولۇق بولمايدىغانلىقىنى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكىنى چۈشەنمەسلىك ــ بۇنداق نەزەرىيىنىڭ خاتالىقى. تولۇق ھالدا پۈتكۈل شەيئىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، تەپەككۇر ياردىمى بىلەن مول تۇيغۇ ماتېرىياللىرى ئۈستىدە ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغۇۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىشتەك يېڭىۋاشتىن ئىشلەپ چىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇقۇم ۋە نەزەرىيە شىتۇگىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش لازىم، ھېسسى بىلىشتىن

ئەقلىي بىلىشكە سەكرەش لازىم. بۇنداق يېڭىۋاشتىن ئىشلەپ چىقىلغان بىلىش ئەسلىدىكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ قۇرۇق، تېخىمۇ ئىشەنچسىز بىلىش بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ بىلىش جەريانىدا ئەمەلىيەت ئاساسىغا بىنائەن، ئىلمىي يوسۇندا يېڭىۋاشتىن ئىشلەنگەن نەرسىلا بولىدىكەن، خۇددى لېنىن ئېيتقانىدەك، كېڭۈەن شەيئىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ توغرى، تېخىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن نەرسە بولىدۇ. چاكىنا ئىشۋازلار ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇلار تەجرىبىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەمما نەزەرىيىگە سەل قارايدۇ، شۇڭا كېڭۈەن جەريانىنىڭ ئۇمۇمىيىتىنى پايقىيالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېنىق فاكچىنى بولمايدۇ، كەڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ، ئۇلار تاسادىپى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تار قاراشلىرى بىلەن مەس بولۇپ يۈرىدۇ. ئەگەر بۇنداق كىشىلەر ئىنقىلاپقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولسا، ئىنقىلاپنى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەقلىي بىلىش ھېسسى بىلىشكە بېقىنىدۇ، ھېسسى بىلىشنى ئەقلىي بىلىشكە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ، بۇ — بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇننىڭ بىلىش نەزەرىيىسى. پەلسەپىدىكى «ۋېيلىلۇن» ۋە «تەجرىبىچىلىك» بىلىشنىڭ تارىخىلىقىنى ياكى بىيەنجېڭلىقلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ھەقىقەتنىڭ بىر تەرىپى بار بولسىمۇ (بۇ يەردە سوز ۋېيشىنلىق ۋېيلىلۇن ۋە تەجرىبىچىلىك توغرىسىدا ئەمەس، ۋېيۋۇلۇق ۋېيلىلۇن ۋە تەجرىبىچىلىك توغرىسىدا بارىدۇ)، لېكىن بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئۇمۇمىيىتىدىن ئالغاندا، ھەر ئىككىلىسى خاتا. ھېسسىلىقتىن ئەقلىلىققە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇنچە بىلىش ھەرىكىتى بىر كىچىك بىلىش جەريانى (مەسىلەن، بىر شەيئى ياكى بىر ئىشنى بىلىش) ئۈچۈنمۇ، بىر چوڭ بىلىش

جەريانى (مەسىلەن، بىر جەمئىيەت ياكى بىر ئىنقىلاپنى بىلىش) ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولىدۇ.

لېكىن بىلىش ھەرىكىتى بۇنىڭ بىلەن تېخى تۈگىمەيدۇ. بيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇنچە بىلىش ھەرىكىتى ئەگەر ئەقلىي بىلىشكىچىلا بېرىپ يەتسە، ئۇ ھالدا، مەسىلىنىڭ يېرىمىغىلا يەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماركسىزمچە پەلسەپىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخى ئانچە مۇھىم بولمىغان يېرىمىغىلا يەتكەن بولىدۇ. ماركسىزمچە پەلسەپىنىڭ قارىشىچە، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە كېگۇەن دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشتا ئەمەس، بەلكى كېگۇەن قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى بۇ بىلىشتىن پايدىلىنىپ، پائال سۈرەتتە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، نەزەرىيە مۇھىم، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى لېنىننىڭ: «ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ»⑤ دېگەن سۆزى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ماركسىزم نەزەرىيىنى ئۇنىڭ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ۋە پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا مۇھىم بىلىدۇ. ئەگەر توغرى نەزەرىيە بولغاندىمۇ، پەقەت قۇرۇق-قۇرۇق سۆزلەپ قويۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرماي، تاختۇۋېشىغا ئېلىپ قويۇلسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق نەزەرىيە ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ ئەھمىيەتسىز بولىدۇ. بىلىش ئەمەلىيەتتىن باشلىنىدۇ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان نەزەرىيىۋى بىلىش يەنە ئەمەلىيەتكە قايتۇرۇلۇشى كېرەك. بىلىشنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت پائال سەكرەشتىلا ئىپادىلىنىش بىلەن قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئەقلىي بىلىشتىن ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت

سەكرەشتىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك. دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىگەن بىلىش يەنە دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىگە قايتۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە، ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشلەر ئەمەلىيىتىدە، شۇنداقلا ئىلمىي تەجرىبىلەر ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىشى لازىم. بۇ — نەزەرىيىنى سىناپ كۆرۈش ۋە نەزەرىيىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانى، پۈتۈن بىلىش جەريانىنىڭ داۋامى. نەزەرىيىۋى نەرسىنىڭ كېگۆەن ھەقىقەتلىككە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىك مەسىلىسى يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن مىسىلىقتىن ئەقلىلىققە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىلىش ھەرىكىتىدە تولۇق ھەل قىلىنمايدۇ، تولۇق ھەل قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەقەت ئەقلىي بىلىشنى يەنە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قايتۇرۇش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، ئۇنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېلىپ بارالايدىغان-بارالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. نۇرغۇن تەبىيەت نەزەرىيىلىرىنىڭ ھەقىقەت دەپ ئاتىلىشى بۇ تەلىماتلارنىڭ تەبىي پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان چاغدا ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ئىلمىي ئەمەلىيەتلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان چاغدا ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن. ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ھەقىقەت دەپ ئاتىلىشىمۇ بۇ تەلىماتنىڭ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىنلار تەرىپىدىن ئىلمىي يوسۇندا ئىشلەپ چىقىلغان چاغدا ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشلەر ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان چاغدا ھەقىقەت بولغانلىقى ئۈچۈن. دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقەت بولۇشى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چەتكە چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى

ئۈچۈن. ئىنسانلار بىلىشىنىڭ تارىخى بىزگە نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنىڭ ھەقىقەتلىكى تولۇق بولمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تولۇقسىزلىقى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق تولۇقلاندۇرۇلغانلىقىنى؛ نۇرغۇن نەزەرىيەلەرنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق تۈزىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، «تۇرمۇش، ئەمەلىيەت نۇقتىئىي نەزىرى بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ بىرىنچى ۋە تۈپ نۇقتىئىي نەزىرى بولۇشى كېرەك»⑥ دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. ستالىن ئوبدان ئېيتقان: «ئەگەر نەزەرىيە ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەت بىلەن باغلانمىسا، دۇيشياگسىز نەزەرىيە بولۇپ قالىدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك، ئەمەلىيەتمۇ ئۆز ئىنقىلاۋىي نەزەرىيەسىنى قىبلىنامە قىلمىسا، قارىغۇ ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ.»⑦

ئەمسە، بىلىش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن تاماملانغان بولامدۇ؟ بىزنىڭ جاۋابىمىز شۇكى، تاماملانغان بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە تاماملانمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئادەم بىرەر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى بىرەر كېگۇەن جەرياننى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىگە (مەيلى تەبىئەتتىكى بىرەر جەرياننى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى بولسۇن ياكى جەمئىيەتتىكى بىرەر جەرياننى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى بولسۇن) كىرىشكىنىدە، كېگۇەن جەرياننىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە جۇگۇەن پائالىيەتچانلىقنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ بىلىشىنى ھېسسىيلىقتىن ئەقلىيلىققە سىلجىتىپ، شۇ كېگۇەن جەرياننىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئومۇمەن ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىدىيە، نەزەرىيە، پىلان ياكى فاڭئەنلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىدىيە، نەزەرىيە، پىلان ياكى فاڭئەنلەرنى يەنە شۇ ئەينى بىر كېگۇەن

جەريانىدىكى ئەمەلىيەتتە قوللىنىدۇ، ئەگەر كوزلىگەن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، يەنى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىدىيە، نەزىرىيە، پىلان، فاكتەنلەرنى شۇ ئەينى بىر جەريانىدىكى ئەمەلىيەتتە ۋەقەلىككە ئايلاندۇرالىسا ياكى ئۇمۇمەن ۋەقەلىككە ئايلاندۇرالىسا، ئۇ هالدا، شۇ كونكرېت جەرياننى بىلىش هەرىكىتى تاماملانغان بولىدۇ. مەسىلەن، تەبىەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا بىرەر قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى، بىرەر ئىلمىي پەرەزنىڭ ئىسپاتلىنىشى، بىرەر سايمان ـ جابدۇقنىڭ ياسىلىشى، بىرەر زىرائەتنىڭ يىغىۋېلىنىشى؛ جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا بىرەر ئىش تاشلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، بىرەر ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشى، بىرەر مائارىپ پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى — بۇلارنىڭ هەممىسى كوزلىگەن مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، تەبىەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ياكى جەمىيەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن، كىشىلەر ئالدىن بەلگىلىگەن ئىدىيە، نەزىرىيە، پىلان، فاكتەنلەر هېچبىر ئۆزگەرىشسىز ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ناهايىتى ئاز بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، رېياللىقنى ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر دائىم نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ؛ ئىلمىي ۋە تېخنىكىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى كېڭۋەن جەرياننىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ (كېڭۋەن جەرياننىڭ تەرەپلىرى ۋە ماهىيىتى تېخى تولۇق ئېچىلمىغان بولىدۇ). بۇنداق ئەهۋالدا، ئىلگىرى كۈتۈلمىگەن هاللار ئەمەلىيەت جەريانىدا كورۇلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئىدىيە، نەزىرىيە، پىلان، فاكتەنلەرنى

قىسمەن ئۆزگەرتىش ئىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي ئۆزگەر-
تىش ئىشىمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىدېيە،
نەزىرىيە، پىلان، فاكتلەر ئەمەلىيەتكە قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي
مۇۋاپىق كەلمەي قالىدىغان، قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ
چىقىدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، دېگەن سۆز. كوپ ۋاقىتلاردا
مەغلۇبىيەتنى نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىغاندا، ئاندىن خاتا بىلىش-
لەرنى تۈزەتكىلى بولىدۇ، ئاندىن كېگۆەن جەرياننىڭ قانۇنىيەت-
لىرىگە ئۇيغۇنلاشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاندىن
جۇگۆەن نەرسىلەرنى كېگۆەن نەرسىلەرگە ئايلاندۇرغىلى، يەنى
كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئەمەلىيەت جەرياندا ئېرىشكىلى بولى-
دۇ. لېكىن قانداق بولسا بولسۇن، شۇ ۋاقىتقا يەتكەندە، كىشىلەرنىڭ
بىرەر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى بىرەر كېگۆەن جەرياننى بىلىش
ھەرىكىتى تاماملانغان ھېسابلىنىدۇ.

بىراق، جەرياننىڭ سىلجىشىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ بىلىش
ھەرىكىتى تاماملانمىغان بولىدۇ. ھەرقانداق جەريان، مەيلى تەبىئەت
دۇنياسىغا تەئەللۇق جەريان بولسۇن ياكى جەمىيەتكە تەئەللۇق
جەريان بولسۇن، ئىچكى زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەر سەۋەبىدىن
ئالغا قاراپ سىلجىيدۇ ۋە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ
بىلىش ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ سىلجىشى ۋە راۋاجلىنىشى
كېرەك. ئىجتىمائىي ھەرىكەتتىن ئېيتساق، ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي رەھبەر-
لەر، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئۆز ئىدېيىسى، نەزىرىيىسى،
پىلانى، فاكتلىرىدە خاتالىق كۆرۈلگەندە، ئۇنى تۈزىتىشكە ماھىر
بولۇشى كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرەر كېگۆەن جەريان
بىرەر تەرەققىيات باسقۇچىدىن يەنە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا

سىلجىغان ۋە بۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزىدە ۋە ئىنقىلاپقا قاتناشقان بارلىق كىشىلەردە جۇگۇەن بىلىش جەھەتتىمۇ سىلجىش ۋە بۇرۇلۇش قىلىشقا ماھىر بولۇشى، يەنى يېڭى ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەر ۋە يېڭى خىزمەت فاكتىلىرىنى ئەھۋالدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئىنقىلاپ دەۋرىدە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ، ئەگەر ئىنقىلاپچىلار بىلىشىنى شۇنىڭغا يارىشا تېز ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا، ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ.

لېكىن ئىدىيە ئەمەلىيەتتىن كېيىن قالىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئادەملەرنىڭ بىلىشى نۇرغۇن ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىدۇر. بىز ئىنقىلاپ قوشۇنىدىكى جاھىللارغا قارشى تۇرىمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئۆزگەرگەن كېگۈەن ئەھۋالغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلىيەلمەي، تارىختا ئوكچىل جىخۇيجۇيى بولۇپ ئىپادىلەندى. بۇ كىشىلەر زىددىيەتلەر كۆرەشنىڭ كېگۈەن جەريانىنى ئالغا سۈرگەنلىكىنى پايقىۋالالمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىشى بولسا، كونا باسقۇچتا تۇرۇۋېرىدۇ. بارلىق جاھىللارنىڭ ئىدىيىلىرىدە بۇنداق خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئۇلار جەمئىيەت هارۋىسى چاقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يولباشلامچى بولالمايدۇ، ئۇلار پەقەت هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن سورۇلۇپ، هارۋا بەك چاپسان مېڭىپ كەتتى، دەپ زارلىنىشنىلا بىلىدۇ، ئۇنى ئارقىغا تارتىشقا، كەينىگە بۇراشقا ئۇرۇنىدۇ.

بىز «سول»قانات سەپسەتىچىلەرگىمۇ قارشى تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى كېگۈەن جەريانىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىن

ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خام خىيالنى ھەقىقەت دەپ ھېساپلايدۇ، بەزىلىرى بولسا، پەقەت كەلگۈسىدىلا رېيال مۇم-كىنچىلىككە ئىگە بولىدىغان غايىلەرنى ھازىرلا كۆچەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، كوپچىلىك كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەملىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھازىرقى رېياللىقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بۇ ھال ھەرىكەتتە تەۋەككۇلچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ۋېيشنلۇن ۋە جىشىپىلىك ۋېيۋۇلۇن، جىخۇيجۇيى ۋە تەۋەككۇل-چىلىك جۇگۇەن بىلەن كېگۇەننى بىر-بىرىدىن بولۇۋېتىش، بىلىش بىلەن ئەملىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىلمىي بولغان ئىجتىمائىي ئەملىيەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن ماركس-ىزم-لېنىنىزمچە بىلىش نەزەرىيىسى بۇ خاتا ئىدىيىلەرگە قەتئىي قارشى چىقماي تۇرالمايدۇ. ماركسىزمچىلار ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئالەمنىڭ مۇتلەق ئۇمۇمى تەرەققىياتى جەريانىدا ھەر بىر كونكرېت جەريانىنىڭ تەرەققىياتى نىسبىي بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق ھەقىقەت ئېقىنىدا كىشىلەرنىڭ ھەر بىر مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇ-چىدىكى كونكرېت جەريانلارنى بىلىشى پەقەت نىسبىي ھەقىقەتلىككە ئىگە. سان-ساناقسىز نىسبىي ھەقىقەتلەرنىڭ يىغىندىسى مۇتلەق ھەقىقەت بولىدۇ[9]. كېگۇەن جەريانىنىڭ تەرەققىياتى — زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان تەرەققىيات، ئادەمنىڭ بىلىش ھەرى-كىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەر بىلەن تولغان تەرەققىيات. كېگۇەن دۇنيادىكى ھەممە بېيەنجېگىفالىق ھەرىكەتلەر كىشىلەرنىڭ بىلىشىدە يا بالدۇر، يا كېيىن ئەكس ئېتىدۇ. ئىجتىمائىي ئەملىيەتتىكى پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش جەريانلىرى چەكسىز بولىدۇ، ئادەمنىڭ بىلىشىدىكى پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش

ۋە يوقىلىش جەريانلىرىمۇ چەكسىز بولىدۇ. مۇئەييەن ئىدىيە، نەزەرىيە، پىلان، فاكتئەنلەرگە ئاساسلىنىپ، كېڭەن رېياللىقنى ئۆزگەرتىدىغان ئەمەلىيەت توختىماي ئالغا باسىدۇ، ئادەمنىڭ كېڭەن رېياللىقنى بىلىشىمۇ توختىماي چوڭقۇرلىشىدۇ. كېڭەن رېيال دۇنيا-نىڭ ئۆزگىرىش ھەرىكىتى مەڭگۈ ئاياقلاشمايدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقەتنى بىلىشىمۇ مەڭگۈ ئاياقلاشمايدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقەتنى بىلىشنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىش يولىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئېچىپ بارىدۇ. خۇلاسىمىز مۇنداق: جۇگۇەن بىلەن كېڭەننىڭ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ كونكرېت تارىخىي بىرلىكىنى قوۋەتلەش؛ كونكرېت تارىختىن ئايرىلغان بارلىق «سول» ياكى ئوڭ خاتا ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇش.

جەمىيەت راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەندە، دۇنيانى توغرى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش مەسئۇلىيىتى تارىخىي يوسۇندا پۈرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. ئىلمىي بىلىشكە ئاساسەن بەلگىلەنگەن، دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان مۇنداق ئەمەلىيەت جەريانى دۇنيادا، جۇملىدىن جۇڭگودا بىر تارىخىي پەيتكە — تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇھىم پەيتكە يېتىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ دۇنيانىڭ، جۇملىدىن جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك تەرىپىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان پارلاق دۇنياغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. پۈرولېتارىياتنىڭ ۋە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشلىرى تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى: كېڭەن دۇنيانى ئۆزگەرتىش، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ جۇگۇەن دۇنياسىنى — ئۆزىنىڭ

بلش قابلیتنی ئۆزگەرتش، جۇگۇەن دۇنیا بلەن کېگۇەن دۇنیانڭ مۇناسۋتنی ئۆزگەرتشنی ئۆز ئچگە ئالدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتشنی یەرشارنڭ بر قسمی — سوۋېت ئتتپاقی یولغا قویـ- دی. ئۇلار هازر بۇنداق ئۆزگەرتش جەریاننی ئلگری سۈرمەکتە. جۇڭگو خەلقی ۋە پۈتۈن دۇنیا خەلقلرمۇ بۇنداق ئۆزگەرتش جەریاننی بېسپ ئۆتمەکتە یاکی بېسپ ئۆتكۈسی. ئۆزگەرتلدغان کېگۇەن دۇنیا ئۆزگەرتشکە قارشی بولغان بارلق کشلەرنمۇ ئۆز ئچگە ئالدۇ: ئۇلارنڭ ئۆزگەرتلشی مەجبۇرلاش باسقۇچدن ئۆتۆشی لازم، ئاندن ئۇلار ئاڭلق باسقۇچغا کرەلەیدۇ. دۇنیا پۈتۈن ئنسانلار ئۆزنی ۋە دۇنیانی ئاڭلق ئۆزگەرتش ۋاقتغا یەتکەندە، دۇنیاۋی کوممۇنزم دەۋری بولدۇ.

ئەملیەت ئارقلق هەقیقەت تېپلدۇ، یەنە ئەملیەت ئارقلق هەقیقەت ئسپاتلندۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلدۇ. هسسی بلشتن پائال سۈرەتتە ئەقلي بلشکە ئۆتۈش، یەنە ئەقلي بلشتن پائال سۈرەتتە ئنقلاپ ئەملیتگە یېتەکچلك قلشقا، جۇگۇەن دۇنیا ۋە کېگۇەن دۇنیانی ئۆزگەرتشکە ئۆتۈش بولدۇ. ئەملیەت — بلش — یەنە ئەملیەت — یەنە بلش، — بۇنداق شەکل چەکسز دەۋری قلپ تۈردۇ، ئەملیەت بلەن بلشنڭ هەر بر دەۋری قلشنڭ مەزمۇنی بولسا، ئلگرکسگە قارغاندا بر بالداق یۇقۇری کوتۈرۈلدۇ. مانا بۇلار بیەنجیگلق ۋېیۋۇلۇنڭ پۈتۈن بلش نەزریسی، بۇلار بیەنجیگلق ۋېیۋۇلۇنڭ بلمەك بلەن قلماقنڭ برلکی قارشی.

# ئىزاھلار

① لېنىن. «گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»دىن ئېلىنغان.

② ماركس. «فېيېرباخ توغرىسىدا تېگاگلار»غا ۋە لېنىن. «ۋېيۇۋجۇيى ۋە جىڭيەن پىپەنجۇيى» 2 ـ باپ، 6 ـ بولۇمگە قارالسۇن.

③ لېنىن. «گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»دىن ئېلىنغان.

④ لېنىن. «گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»گە قارالسۇن: «چۈشىنىش ئۈچۈن، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى تەجرىبىدىن باشلاش كېرەك، تەجرىبىدىن ئۇمۇملۇققا كوتۈرۈلۈش كېرەك.»

⑤ لېنىن. «نىمە قىلىش كېرەك؟» 1 ـ باپ، 4 ـ بولۇمدىن ئېلىنغان.

⑥ لېنىن. «ۋېيۇۋجۇيى ۋە جىڭيەن پىپەنجۇيى»دىن ئېلىنغان. شۇ كىتاپىنىڭ 2 ـ باپ، 6 ـ بولۇمگە قارالسۇن.

⑦ ستالىن. «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا»دىن ئېلىنغان. شۇ كىتاپنىڭ 3 ـ قىسمىغا قارالسۇن.

⑧ لېنىن. «ۋېيۇۋجۇيى ۋە جىڭيەن پىپەنجۇيى» 2 ـ باپ، 5 ـ بولۇمگە قارالسۇن.

# زىددىيەت توغرىسىدا*

### (1937-يىل 8-ئاي)

شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت قانۇنى، يەنى قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىك قانۇنى — ۋېيۋۇلۇق بيەنجېڭفانىڭ ئەڭ تۈپ قانۇنى. لېنىن: «ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بيەنجېڭفا دۇيشياڭنىڭ ئۆز ماھىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش دېمەكتۇر»① دەيدۇ. لېنىن بۇ قانۇننى دائىم بيەنجېڭفانىڭ ماھىيىتى دەپ ئاتايدۇ، يەنە ئۇنى بيەنجېڭفانىڭ خېشىنى دەپمۇ ئاتايدۇ②. شۇڭا، بۇ قانۇننى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، نۇرغۇن جەھەتلەر ئۈستىدە توختالماي ئۆتەلمەيمىز، نۇرغۇن پەلسەپەۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالماي ئۆتەلمەيمىز. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىقلىۋالساق، ۋېيۋۇلۇق بيەنجېڭفانى تۈپ ئاساسىدىن چۈشەنگەن بولىمىز. بۇ مەسىلىلەر: ئىككى خىل دۇنيا قاراش؛ زىددىيەتنىڭ ئومۇملىقى؛ زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى؛ ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى؛ زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە كۈرىشى؛ دۇيكاڭنىڭ زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇتقان ئورنى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرى يېقىنقى يىللاردا دېبورىن ئېقى-
مىنىڭ ۋېيشىنلوڭنى پېيەن قىلدى، بۇ ئىش بىزنى تولىمۇ قىزىق-
تۇردى. دېبورىننىڭ ۋېيشىنلوڭنى جۇڭگو كۇڭچەنداڭى ئىچىدە
تاھايىتى يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان ئىدى، پارتىيىمىز ئىچىدىكى
جياۋتياۋجۇيىلىق ئىدىيىلەرنى ئەنە شۇ ئېقىمنىڭ پىكىر قىلىش
ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن، بىزنىڭ ھازىرقى پەلسەپە تەتقىقاتى خىزمىتىمىز جياۋتياۋ-
جۇيىلىق ئىدىيىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئاساسىي نىشان قىلىشى
كېرەك.

## 1. ئىككى خىل دۇنيا قاراش

ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا ئالەم تەرەققىياتىنىڭ قانۇنلىرى
توغرىسىدا ئەزەلدىنلا ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت، ئۇنىڭ بىرى،
شىڭئېرشاڭشۆيېچە قاراش، يەنە بىرى، بيەنجېڭفاچە قاراش بولۇپ،
بۇلار بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل دۇنيا قاراشنى
شەكىللەندۈرگەن. لېنىن: «تەرەققىيات (جىنخۇا) توغرىسىدىكى
ئىككى خىل تۈپ (ياكى مۇمكىن بولغان ئىككى خىل؟ ياكى تارىختا

* بۇ پەلسەپىۋى ئەسەرنى يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»دىن
كېيىن، ئەينى بىر مەقسەتتە، يەنى پارتىيىدە ساقلىنىپ كەلگەن ئېغىر
جياۋتياۋجۇيىلىق ئىدىيىلەرنى يېڭىش مەقسىتىدە يازغان ۋە يەنئەندە
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي داشۆيدە لېكسىيە قىلىپ
ئوقۇغان ئىدى، بۇ تاللانما ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈش ۋاقتىدا، ئاپتور
قىسمەن تولۇقلىدى، قىسقارتتى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىككى خىل؟) نۇقتەئىي نەزەر: (1) تەرەققىيات ئازىيىش ۋە كۆپىيىشتۇر، تەكرارلىنىشتۇر دەپ تونۇشتىن؛ (2) تەرەققىيات قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى (بىرلىكنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئىككى قارىمۇ-قارشى تەرەپكە بۆلۈنۈشى ۋە ئىككى قارىمۇ-قارشى تەرەپنىڭ يەنە ئۆز ئارا باغلىنىشى) دەپ تونۇشتىن ئىبارەت»[5] دەيدۇ. لېنىننىڭ دىگىنى ئەنە شۇ بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل دۇنيا قاراش.

شىڭئېرشاڭشۆي شۇەنشۆي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئىدىيە، مەيلى جۇڭگودا بولسۇن، مەيلى ياۋروپادا بولسۇن، ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋر داۋامىدا ۋېيشىنلۇنچە دۇنيا قاراشقا مەنسۇپ بولۇپ كەلدى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ياۋروپادا بۇرژۇئازىيىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ۋېيۋۇلۇنىمۇ شىڭئېرشاڭشۆيلۈك ۋېيۋۇلۇن ئىدى. ياۋروپادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسات ئەھۋالىنىڭ كاپىتالىزىمنىڭ يۇقۇرى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەنلىكى، سانائەت پرولېتارىياتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قالغانلىقى ئارقىسىدا، ماركسىزىمچە-ۋېيۋۇلۇق بيەنجېڭفاچە دۇنيا قاراش مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيە تەرەپتە ئوپ-ئوچۇق، ياپ-يالىڭاچ ئەكسىيەتچىل ۋېيشىنلۇندىن باشقا يەنە چاكىنا جىنخۇالۇن پەيدا بولۇپ، ۋېيۋۇلۇق بيەنجېڭفاغا قارشى چىقتى.

شىڭئېرشاڭشۆيچە ياكى چاكىنا جىنخۇالۇنچە دۇنيا قاراش دۇنياغا ھەممىنى يەككە، جىمجىت دەپ ھېساپلايدىغان ۋە بىرتەرەپلىمىلىك

بولغان نۇقتەئى نەزەر بىلەن قارايدۇ. بۇنداق دۇنيا قاراش دۇنيا-
دىكى ھەممە شەيئىلەرنى، ھەممە شەيئىلەرنىڭ شەكىللىرى ۋە
تۈرلىرىنى ئەبەدى يەككە تۇرىدۇ ۋە ئەبەدى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ
قارايدۇ. ئۆزگىرىش بولىدۇ دېگەندىمۇ، ئۇنى پەقەت سانىنىڭ
كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىدىن ۋە ئورۇنىنىڭ ئالمىشىشىدىنلا ئىبارەت
بولىدۇ دەيدۇ. بۇنداق كۆپىيىش ياكى ئازىيىش ۋە ئورۇن ئالمە-
شىشنىڭ سەۋەپلىرىگە كەلگەندە بولسا، ئۇنى شەيئىلەرنىڭ ئۆز
ئىچىدە ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ سىرتىدا، يەنى تاشقى كۈچلەر-
نىڭ تۈرتكە بولغانلىقىدا دەيدۇ. مېتافىزىكىچىلار، دۇنيادىكى
تۈرلۈك شەيئىلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلار پەيدا
بولغان چېغىدىلا شۇنداق ئىدى، دەپ ھېساپلايدۇ. كېيىنكى ئۆزگە-
رىشلەرنى بولسا، پەقەت سان جەھەتتىكى ئاۋۇش ياكى كېمىيىشتىنلا
ئىبارەت، دەيدۇ. ئۇلار، بىر خىل شەيئىدىن قاچانلا بولسۇن پەقەت
تەكرار يوسۇندا ئەينى شۇ خىلدىكى شەيئى پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ
ئىككىنچى خىلدىكى باشقا بىر شەيئى بولۇپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن
ئەمەس، دەپ قارايدۇ. مېتافىزىكىچىلەرنىڭ قارىشىچە، كاپىتا-
لىستىك ئېكسپلاتاتسىيە، كاپىتالىستىك رىقابەت، كاپىتالىستىك
جەمىيەتتىكى شەخسىيەتچىلىك ئىدېيىلىرى ۋە باشقىلار قەدىمقى
قۇللۇق جەمىيىتىدە، ھەتتا باشلانغۇچ جەمىيەتتىمۇ تېپىلارمىش، بەلكى
ئۇلار ئەبەدى ئۆزگەرمەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرەرمىش. مېتافىزىكى-
چىلار جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋەپلىرىگە كەلگەندە،
ئۇنى جەمىيەتنىڭ تاشقى شارائىتى بىلەن — جۇغراپىيىۋى مۇھىت،
ئىقلىم ۋە باشقىلار بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار تەرەققىياتنىڭ سە-
ۋەپلىرىنى ئاددى رەۋىشتە شەيئىلەرنىڭ سىرتىدىن ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ،

ۋىيۇۋلۇق بىيەنجىڭفا قوۋۋەتلەيدىغان، شەيئىلەر ئىچكى زىددىيەت-لىرى سەۋەبىدىن تەرەققى قىلىدۇ، دىگەن تەلىماتنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار شەيئىلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن خىلمۇ-خىللىقىنى ۋە بىر سۈپەتنىڭ ئىككىنچى بىر سۈپەتكە ئۆزگىرىش ھادىسىسىنى چۈشەن-دۈرۈپ بىرەلمەيدۇ. بۇنداق ئىدىيە ياۋروپادا 17 ۋە 18-ئەسىرلەردە جىشىيلىك ۋىيۇۋلۇن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئە-سىرنىڭ باشلىرىدا بولسا، چاكىنا جىنخۇالۇن بولۇپ ئىپادىلەندى. جۇڭگودا «تەڭرى ئۆزگەرمەيدۇ، داۋمۇ ئۆزگەرمەيدۇ»④ دىگەن شىڭئېرشاڭشۇيېلۇك ئىدىيە بولغان، ئۇنى چىرىكلەشكەن فېودال ھوكۇمران سىنىپلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ھىمايە قىلىپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ياۋروپانىڭ جىشىيلىك ۋىيۇۋلۇنى ۋە چاكىنا جىنخۇالۇنى كىردى، ئۇنى بۇرژۇئازىيە ھىمايە قىلدى.

شىڭئېرشاڭشۇيېچە دۇنيا قاراشنىڭ ئەكسىچە، ۋىيۇۋلۇق بىيەنجىڭ-فاچە دۇنيا قاراش شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن، بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تەتقىق قىلىشنى قوۋۋەتلەيدۇ، يەنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ ئىچكى، مۇقەررەر ئۆز ھەرىكىتى دەپ، ھەر بىر شەيئىنىڭ ھەرىكىتىنى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا باغلى-نىدۇ ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى شەيئىلەرنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بەلكى ئىچىدە، شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەردە. ھەرقانداق شەيئى-نىڭ ئىچىدە شۇنداق زىددىيەتلەر بولىدۇ، ئەنە شۇلار شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەرەققىياتىنى تۇغدۇرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىكى بۇنداق زىددىيەتلەر — شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ سەۋەبى،

بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرى بولسا، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى سەۋەبى، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋېيۋۇلۇق بىيەنجېڭفا شىڭئېرشاڭشۆېچە جىسىملىك ۋېيۋۇلۇن ۋە چاكىنا جىنخۇالۇننىڭ تاشقى سەۋەب نەزەرىيىسىگە ياكى بېيدۇڭلۇن نەزەرىيىسىگە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، نوقۇل تاشقى سەۋەب پەقەت شەيئىلەرنىڭ جىسىملىك ھەرىكىتىنىلا، يەنى ھەجىمىنىڭ كېڭىيىشى ياكى تارىيىشى ۋە سانىنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىنىلا سەۋەب بولالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن سۈپەت جەھەتتىن چەكسىز پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تاشقى كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پەيدا بولىدىغان جىسىملىك ھەرىكەتمۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتلارنىڭ نوقۇل ئۆسۈشى ۋە سان جەھەتتىن كۆپىيىشىمۇ، ئاساسەن، ئىچكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ، ئاساسەن، تاشقى سەۋەبلەردىن ئەمەس، بەلكى ئىچكى سەۋەبلەردىن بولىدۇ. نۇرغۇن مەملىكەتلەر بىر خىل دىگىدەك جۇغراپىيىۋى مۇھىت ۋە ئىقلىم شارائىتىدا تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرق ۋە تەكشىسىزلىك ئىنتايىن زور بولىدۇ. بىر مەملىكەتنى ئالساق، ئۇنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە ئىقلىمىدا ئۆزگىرىش بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، جەمىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور بولىدۇ. جاھانگىر روسىيە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئايلاندى، چەت بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان فېئودال ياپونىيە جاھانگىر ياپونىيىگە ئايلاندى، ئەمما بۇ

مەملىكەتلەرنىڭ جۇغراپىيۋى مۇھىتى ۋە ئىقلىمى ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇزاق مۇددەت فېوداللىق تۈزۈم ھوكۇمرانلىغىدا بولغان جۇڭگودا يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇ ھازىر ئەركىن، ئازات يېڭى جۇڭگوغا ئايلىنىش نىشانىسىگە قاراپ ئۆزگەرمەكتە، لېكىن جۇڭگونىڭ جۇغراپىيۋى مۇھىتى ۋە ئىقلىمى ئۆزگەرگىنى يوق. پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر قىسىملىرىنىڭ جۇغراپىيۋى مۇھىتى ۋە ئىقلىمىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى جەمىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆلچەم بىرلىگى ئالدىنقىسى ئۈچۈن بىرقانچە تۈمەن يىل بولسا، كېيىنكىسى ئۈچۈن بىرنەچچە مىڭ يىل، بىرنەچچە يۈز يىل، بىرنەچچە ئون يىل، ھەتتا بىرنەچچە يىل ياكى بىرنەچچە ئاي (ئىنقىلاپ دەۋرىدە) بولىدۇ. ۋېيۋۇلۇق بيەنجىڭفا نۇقتەئى نەزىرىدىن قارىغاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن بولىدۇ. جەمىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئاساسەن، جەمىيەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ، يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىدىن بولىدۇ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى جەمىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، كونا جەمىيەتنىڭ ئورنىنى يېڭى جەمىيەتنىڭ ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ۋېيۋۇلۇق بيەنجىڭفا تاشقى سەۋەپنى چەتكە قاقامدۇ؟ چەتكە قاقمايدۇ. ۋېيۋۇلۇق بيەنجىڭفا، تاشقى سەۋەپ ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى، ئىچكى سەۋەپ ئۆزگىرىشنىڭ

ئاساسى، تاشقى سەۋەپ ئىچكى سەۋەپ ئارقىلىق رول ئوينايدۇ،
دەپ قارايدۇ. تۇخۇم مۇۋاپىق ئىسسىقلىقنى ئېلىپ، چۈجىگە ئايلى-
نىدۇ، لېكىن ئىسسىقلىق تاشنى چۈجىگە ئايلاندۇرالمايدۇ، چۈنكى بۇ
ئىككىسىنىڭ ئاساسى ئوخشاش ئەمەس. ھەرقايسى مەملىكەت خەلق-
لىرى ئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش دائىم مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ. كاپىتالىزىم دەۋرىدە، بولۇپمۇ جاھانگىرلىك ۋە پرولېتا-
رىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ سىياسى،
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە
ئۆزئارا تۈرتكە بولۇشى غايەت زور بولىدۇ. ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاۋى روسىيە تارىخىدا يېڭى دەۋر ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى
دۇنيا تارىخىدىمۇ يېڭى دەۋر ئاچتى، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى
مەملىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، جۇڭ-
گونىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشلىرىگىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بەلكى ئالاھىدە
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن بۇ ئۆزگىرىشلەر ھەرقايسى مەملى-
كەتلەرنىڭ ئىچىدىكى، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى ئۆز قانۇنى-
يەتلىرى ئارقىلىق بولدى. ئىككى ئارمىيە ئارىسىدىكى جەڭدە بىرى
يېڭىدۇ، بىرى يېڭىلىدۇ، يېڭىشمۇ، يېڭىلىشمۇ ئىچكى سەۋەپلەرگە
باغلىق. يەڭگۈچى يا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى، يا قوماندانلى-
غىنىڭ خاتاسىز بولغانلىقى سەۋەۋىدىن يېڭىدۇ، يېڭىلگۈچى يا
ئۆزىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى، يا قوماندانلىقىنىڭ ناباپ بولغانلىقى
سەۋەۋىدىن يېڭىلىدۇ، تاشقى سەۋەپ ئىچكى سەۋەپ ئارقىلىق رول
ئوينايدۇ. 1927 - يىلى جۇڭگودا چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارى-
ياتنى يېڭىشى ئۇنىڭ جۇڭگو پرولېتارىياتى ئىچىدىكى (جۇڭگو
كوڭچەنداڭى ئىچىدىكى) جىخۇيىجۇيى ئارقىلىق رول ئوينىغانلىقىدىن

بولدى. بىز بۇ جىنخۇيجۇيىدىن ھېساپ ئالغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلاۋى يېڭىۋاشتىن راۋاجلاندى. كېيىن جۇڭگو ئىنقىلاۋى يەنە دۈشمەنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى، بۇنىڭغا پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدە تەۋەككۈلچىلىكنىڭ يۈزبەرگەنلىكى سەۋەپ بولدى. بىز بۇ تەۋەككۈلچىلىكتىن ھېساپ ئالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز يەنە يېڭىۋاشتىن راۋاجلاندى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىر پارتىيە ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆز سىياسى لۈشيەنىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن مۇستەھكەملىكىگە تايىنىشى لازىم.

بېيەنجېڭغاچە دۇنيا قاراش، جۇڭگودا بولسۇن، ياۋروپادا بولسۇن، قەدىمقى زاماندىلا مەيدانغا كەلگەن. لېكىن قەدىمقى زامانىدىكى بېيەنجېڭغا ئىستىخىيىلىك، ساددا خاراكتېردا ئىدى، شۇ زامانىدىكى ئىجتىمائى-تارىخىي شارائىت سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مۇكەممەل نەزىرىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئالەمنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى شىڭئېرشاڭشۈې ئالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر نېمىس پەيلاسوپى گېگېل بېيەنجېڭغاغا ناھايىتى مۇھىم تۆھپە قوشتى، لېكىن ئۇنىڭ بېيەنجېڭغاسى ۋېيشىنلىك بېيەنجېڭغا ئىدى. تاكى پرولېتارىيات ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇق ئەرباپلىرى ماركىس بىلەن ئېنگېلس ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى ئىجابى نەتىجىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بولۇپمۇ گېگېل بېيەنجېڭغاسىنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق قىسمىنى پىپەن قىلغان ھالدا قوبۇل قىلىپ، بېيەنجېڭلىق ۋېيۋۇلۇن ۋە تارىخىي ۋېيۋۇلۇندىن ئىبارەت ئۇلۇق نەزىرىيىنى ياراتقان ۋاقىتتا يەتكەندە، ئاندىن ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن

چوڭ ئنقلاپ يۈزبەردى. كيين لېنن بلەن ستالن بۇ ئۇلۇق نەزرىيىنى يەنە راۋاجلاندۇردى. بۇ نەزرىيە جۇڭگوغا كرىش بلەنلا جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگرىش-لەرنى پەيدا قلدى.

بۇ بېيەنجېڭفاچە دۇنيا قاراش، ئاساسەن، كشلەرگە تۈرلۈك شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنى ماھىرلىق بلەن كۆزىتىشنى ۋە تەھلىل قلشنى ھەم شۇ تەھلىلگە بىنائەن زىددىيەتلەرنى ھەل قلشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەشنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا، شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت قانۇنىنى كونكرېت چۈشىنىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## 2. زىددىيەتنىڭ ئومۇملىقى

بايان قلشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە ئالدى بلەن زىددىيەتنىڭ ئومۇملىقى ئۈستىدە توختىلىمەن، ئۇنىڭدىن كيين زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ماركسىزمنىڭ ئۇلۇق ئىجادچىلىرى ھەم ۋارىسلىرى ماركس بلەن ئېنگېلس ۋە لېنن بلەن ستالنلار ۋېيۋۇلۇق بېيەن-جېڭفاچە دۇنيا قاراشنى كەشىپ قىلغاندىن كيين، ۋېيۋۇلۇق بېيەنجېڭفا ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋە تەبىئەت تارىخىنى تەھلىل قلشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە، جەمئىيەتنى ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ نۇرغۇن ساھە-لىرىدە تەتبىق قىلىنىپ (مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا)، ناھايىتى ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكتىن، زىددىيەتنىڭ ئومۇملىقى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى، شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ئازغىنا سۆز بلەنلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؛

زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىنى بولسا، نۇرغۇن يولداشلار، بولۇپمۇ جياۋتياۋجۇيىچىلار ئېنىقلىۋالالمايۋاتىدۇ. ئۇلار زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىچىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆز ئالدىمىزدىكى كونكرېت شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىنى ئېتىۋار بىلەن تەتقىق قىلىشقا ۋە يېتەرلىك ئورۇن بېرىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت قانۇنىنى تەھلىل قىلغاندا، بىز ئاۋال زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىنى ئېتىۋار بىلەن تەھلىل قىلىمىز، ئاخىردا يەنە زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى مەسىلىسىگە قايتىمىز.

زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى ياكى مۇتلەقلىقى دىگەن مەسىلىنىڭ ئىككى مەنىسى بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، زىددىيەت بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىككىنچىسى، ھەر بىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا باشتىن-ئاخىرغىچە زىددىيەتلەر ھەرىكىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دىگەندىن ئىبارەت.

ئېنگېلس: «ھەرىكەتنىڭ ئۆزى زىددىيەت»[5] دەيدۇ. لېنىن قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىك قانۇنىغا بەرگەن تەبىرىدە ئۇنى «تەبىئەت دۇنياسىدىكى (روھ ۋە جەمىيەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەممە ھادىسىلەر ۋە جەريانلاردا بىر-بىرىگە زىت، بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى تېندېنسىيەلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى

ئېتراپ (كەشپ) قىلىشتىن ئىبارەت»⑥ دەيدۇ. بۇ پىكىر توغرىمۇ؟ ھە، توغرى. بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ئۆزئارا بېقىنىشى ۋە ئۆزئارا كۈرىشى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھېچقانداق شەيئى يوق، زىددىيەت بولمىغان بولسا، دۇنيامۇ بولمىغان بولاتتى.

زىددىيەت — ئاددىي ھەرىكەت شەكلىنىڭ (مەسىلەن، جىسىملىك ھەرىكەتنىڭ) ئاساسى، بولۇپمۇ مۇرەككەپ ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئاساسى.

ئېنگېلس زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن ئىدى: «ئەگەر ئاددىي، جىسىملىك رەۋىشتە يۆتكىلىشنىڭ ئۆزىدە زىددىيەت بار ئىكەن، ئۇ ھالدا، ماددىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ھەرىكەت شەكلىدە، بولۇپمۇ ئورگانىك ھاياتتا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا زىددىيەت تېخىمۇ بار. ...... ھايات، ئالدى بىلەن، جانلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەر بىر مۇئەييەن پەيتتە خۇددى ئۆزى ۋە شۇنداقلا باشقا بىر نەمە. شۇڭا ھاياتمۇ جىسىملارنىڭ ۋە جەريانلارنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئۆز-ئۆزىنى تۇغدۇرۇپ ۋە ئۆز-ئۆزىنى ھەل قىلىپ تۇرىدىغان زىددىيەت؛ بۇ زىددىيەت توختاش بىلەن ھاياتمۇ توختايدۇ، ئۆلۈم يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، پىكىر قىلىش دائىرىسىدىمۇ زىددىيەتتىن خالىي بولالمايمىز، بەلكى شۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مەسىلەن، ئادەمنىڭ چەكلەنمىگەن ئىچكى بىلىش قابىلىيىتى بىلەن بۇنداق بىلىش قابىلىيىتىنىڭ پەقەت تاشقى جەھەتتىن چەكلەنگەن، بەلكى بىلىش جەھەتتىنمۇ چەكلەنگەن ئايرىم-ئايرىم ئادەملەردىلا ئەمەلدە

ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنسانىيەتنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان ئەۋلادلىرىنىڭ چەكسىز — ھەر ھالدا بىز ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چەكسىز — تىزىلمىسىدا، چەكسىز ئالغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشىدا ھەل قىلىنىدۇ.»

«ئالىي ماتېماتىكىنىڭ ئاساسىي نېگىزلىرىدىن بىرى زىددىيەت-تۇر. ......»

«توۋەن ماتېماتىكىدىمۇ زىددىيەتلەر تولۇپ ياتىدۇ. ......»⑦

لېنىنمۇ زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن ئىدى:

«ماتېماتىكىدا پىلۇس ۋە مىنۇس، ۋېيفېن ۋە جىفېن.
لىشۇېدە تەسىر ۋە ئەكس تەسىر.
فىزىكىدا مۇسبى زەرەت ۋە مەنپى زەرەت.
خىمىيىدە ئاتوملارنىڭ بىرىكىشى ۋە ئاجرىلىشى.
ئىجتىمائى پەندە سىنىپىي كۈرەش.»⑧

ئۇرۇشتا ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇداپىئە كورۇش، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش، يېڭىش ۋە يېڭىلىش — ھەممىسى بىر-بىرىگە زىت ھادىسىلەر. بۇلارنىڭ بىر تەرىپى يوقالسا، يەنە بىر تەرىپى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى ۋە يەنە باغلىنىشى ئۇرۇشنىڭ ئۇمۇمىيغىندىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ، ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۇقۇملىرىدىكى ھەر بىر پەرقنى كېگوۋەن زىددىيەتنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراش كېرەك. كېگوۋەن زىددىيەتلەر جۇگوۋەن ئىدېيىدە ئەكس ئېتىپ، ئۇقۇملاردىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئىدېينىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدېيە مەسىلىسىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ بارىدۇ.

پارتىيە ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىلەرنىڭ قارىمۇ-قارشى-لىقى ۋە كۆرىشى ھەمىشە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ-جەمىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ۋە يېڭى شەيئىلەر بىلەن كونا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى. ئەگەر پارتىيە ئىچىدە زىددىيەتلەر ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىدىيىۋى كۆرەشلەر بولمايدىكەن، پارتىيىنىڭ ھاياتىمۇ توختايدۇ.

دېمەك، مەيلى ئاددى ھەرىكەت شەكلىدە بولسۇن ياكى مۇرەككەپ ھەرىكەت شەكلىدە بولسۇن، مەيلى كېگۇەن ھادىسىلەردە بولسۇن ياكى پىكىر ھادىسىلىرىدە بولسۇن، زىددىيەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، زىددىيەتلەر ھەممە جەريانلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ نۇقتىنى ئېنىقلىۋالدۇق. لېكىن ھەر بىر جەرياننىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىمۇ زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرامدۇ؟ ھەر بىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا باشتىن-ئاخىرغىچە زىددىيەت ھەرىكىتى بولامدۇ؟

سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىنىڭ دېبورىن ئېقىمىنى پىپەن قىلىپ يازغان ماقالىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، دېبورىن ئېقىمى مۇنداق قاراشنى، يەنى زىددىيەت جەرياننىڭ دەسلەپكىدىلا ئەمەس، بەلكى جەريان راۋاجلىنىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن پەيدا بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، شۇ ۋاقىتقا يەتكىچە، جەرياننىڭ تەرەققىياتى ئىچكى سەۋەپلەردىن ئەمەس، بەلكى تاشقى سەۋەپلەردىن بولۇپ قالغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، دېبورىن شىگېرشاگشۇيلۇك تاشقى سەۋەپ نەزىرىيىسىگە ۋە جىشىپ-لۇنگە قايتىدۇ. كونكرېت مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق قاراش بىلەن تەھلىل قىلىپ، دېبورىنچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى شارائىتىدا باي

دىخانلار بىلەن ئادەتتىكى دىخانلار ئارىسىدا پەرقلا بار، زىددىيەت يوق دەپ، بۇخارىنىنىڭ پىكرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ. فرانسىيە ئىنقىلاۋىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار ئىشچىلار، دىخانلار ۋە بۇرژۇ- ئازىيىدىن تەركىپ تاپقان ئۈچىنچى تائىپە ئىچىدىمۇ ئىنقىلاپتىن بۇرۇن پەرقلەرلا بولغان، زىددىيەتلەر بولمىغان ئىدى دەپ ھىساپ- لايدۇ. دېبورىن ئېقىمىنىڭ بۇ قارشى — ماركسىزىمغا قارشى قاراش. دېبورىنچىلار دۇنيادىكى ھەرقانداق پەرقنىڭ ئۆزىدە زىددىيەت بارلىغىنى، پەرقنىڭ ئۆزى زىددىيەت ئىكەنلىگىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات پەيدا بولغاندىن تارتىپلا ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى، پەقەت كەسكىن- لەشمىگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائى شارائىتىدىمۇ ئىشچىلار بىلەن دىخانلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، ئۇلارنىڭ ئوتتۇ- رىسىدىكى پەرق زىددىيەت بولىدۇ، پەقەت كەسكىنلىشىپ دۇيكاڭغا ئايلىنىپ كەتمەيدۇ، سىنىپىي كۈرەش شەكلىنى ئالمايدۇ، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئوخشىمايدۇ؛ ئۇلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا مۇستەھكەم ئىتتىپاق تەشكىل قىلدى، سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا بېرىشنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بۇ زىددىيەتنى پەيدىن-پەي ھەل قىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە — زىددىيەتلەرنىڭ بار-يوقلىغى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زىددىيەتلەرنىڭ پەرقلىقلىغى مەسىلىسى. زىددىيەت ئومۇمى، مۇتلەق بولىدۇ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ھەممە جەريانلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ھەممە جەرياننىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ.

يېڭى جەرياننىڭ پەيدا بولۇشى دىگەن نىمە؟ بۇ شۇنىڭدىن

ئىبارەتكى، كونا بىرلىك ۋە شۇ بىرلىكنى تەشكىل قىلغان قارىمۇ-قارشى تەركىپلەر يېڭى بىرلىككە ۋە شۇ بىرلىكنى تەشكىل قىلغان قارىمۇ-قارشى تەركىپلەرگە ئورۇن بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كونا جەرياننىڭ ئورنىغا يېڭى جەريان پەيدا بولىدۇ. كونا جەريان تۈگەيدۇ، يېڭى جەريان پەيدا بولىدۇ. يېڭى جەريان يەنە يېڭى زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۆز زىددىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى باشلايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۆتىدىغان زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنى، لېنىننىڭ كۆرسىتىشىچە، ماركس «كاپىتال»دا نەمۇنىلىك ھالدا تەھلىل قىلغان. بۇ — ھەرقانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا قوللىنىش زۆرۈر بولغان ئۇسۇل. لېنىن ئۆزىمۇ بۇ ئۇسۇلنى توغرى قوللانغان ۋە ئۆزىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن.

«ماركس «كاپىتال»دا ئاۋال بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى (شاڭپىن جەمئىيىتىدىكى) ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئومۇمى، ئەڭ ئاساسىي، دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، ئەڭ ئادەتتىكى، كۆرمىلىك قېتىملاپ ئۇچرايدىغان مۇناسىۋەتنى — شاڭپىن ئايرىۋاشلاشنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇ تەھلىل ئەنە شۇ ئەڭ ئاددىي ھادىسىدە (بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئەنە شۇ «ھۈجەيرىسى»دە) ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ھەممە زىددىيەتلىرىنى (ۋە ھەممە زىددىيەتلەرنىڭ ئۇندۇرمىسىنى) ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلار بىزگە يەنە شۇ زىددىيەتلەرنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ يىغىندىسىدىكى باشتىن-ئاخىرغىچە بولغان تەرەققىياتىنى (ئۆسۈشىنىمۇ، ھەرىكىتىنىمۇ) كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

لېنىن يۇقۇرىدىكى سوزلەردىن كېيىن داۋام قىلىپ: «ئۇمۇمەن بىەنجىكفانى ...... بايان قىلىش (ۋە تەتقىق قىلىش) ئۇسۇلى ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك»⑨ دەيدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىنى ۋە هازىرقى ئەھۋالىنى توغرى تەھلىل قىلالايدۇ ھەم ئىنقىلاپنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ھوكۇم چىقىرالايدۇ.

## 3. زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىگى

زىددىيەت بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، زىددىيەت ھەر بىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ، بۇ زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىغى ۋە مۇتلەقلىغى بولۇپ، بۇنى يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتتۇم. ئەمدى زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە نىسبىلىگى ئۇستىدە توختىلىمەن.

بۇ مەسىلىنى بىرقانچە خىل ئەھۋالدىن تەتقىق قىلىش كېرەك.

ئەڭ ئاۋال، ماددىنىڭ تۇرلۇك ھەرىكەت شەكىللىرىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئادەمنىڭ ماددىنى بىلىشى ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى بىلىشىدۇر، چۈنكى دۇنيادا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ماددىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، ماددىنىڭ ھەرىكىتى بولسا، چوقۇم مۇئەييەن بىر شەكىل ئالىدۇ. ماددىنىڭ بىر تۇرلۇك ھەرىكەت شەكلىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ ھەرىكەت شەكلىنىڭ باشقا ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن بولغان ئورتاقلىغىغا دىققەت قىلىش كېرەك. لېكىن، تېخىمۇ مۇھىمى، — بۇ بىزنىڭ شەيئىلەرنى

بىلىشىمىزگە ئاساس بولىدىغان نەرسە، — ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك، يەنى شۇ ھەرىكەت شەكلىنىڭ باشقا ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن بولغان سۈپەت جەھەتتىكى پەرقىغە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەنە شۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغاندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق ھەرىكەت شەكلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ ئالاھىدە زىددىيەتلەر بىر شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ماھىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ چەكسىز پەرقلىق بولۇشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى ياكى ئاساسى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسىدا نۇرغۇن ھەرىكەت شەكىللىرى مەۋجۇت، مەسىلەن، جىسىملىك ھەرىكەت، ئاۋاز چىقىرىش، نۇر چېچىش، ئىسسىقلىق چىقىرىش، ئېلېكتىر ئېقىمى، ئاجرىلىش، بىرىكىش ۋە باشقىلار. ماددىنىڭ مۇشۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك ماھىيەتتە يەنە بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ماددىنىڭ ھەر بىر ھەرىكەت شەكلىگە خاس بولغان ئالاھىدە ماھىيىتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تەبىئەت دۇنياسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئىدىيىۋى ھادىسىلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ھەر بىر ئىجتىمائىي شەكىل ۋە ئىدىيىۋى شەكىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدە زىددىيەت ۋە ئالاھىدە ماھىيەتكە ئىگە.

ئىلىم-پەن تەتقىقاتلىرى دائىرىسى ئىلىم-پەن دۇيشياگىلىرىدا بولغان ئالاھىدە زىددىيەتلەرگە قاراپ ئايرىلىدۇ. شۇڭا، ھادىسىنىڭ مەلۇم دائىرىسىگە خاس بولغان مەلۇم زىددىيەتنى تەتقىق قىلىش

مەلۇم ئىلىم-پەننىڭ دۇيشىياگىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ماتېما-
تىكىدىكى پىلوس ۋە مىنوس، جىشىپىشۇپىدىكى تەسىر ۋە ئەكس تەسىر،
فىزىكىدىكى مەنپى زەرەت ۋە مۇسبى زەرەت، خىمىيىدىكى ئاجرىلىش
ۋە بىرىكىش، ئىجتىمائى پەنلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، سىنىپ بىلەن سىنىپنىڭ ئۆزئارا
كۆرەشلىرى، ھەربى ئىلىمدىكى ھۇجۇم ۋە مۇدابىيە، پەلسەپىدىكى
ۋېيشىنلۇن ۋە ۋېيۋۇلۇن، شىڭئېرشاڭشۇېچە قاراش ۋە بيەنجېڭفاچە
قاراش ۋە باشقىلار — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە زىددىيەتلەرگە
ۋە ئالاھىدە ماھىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك ئىلىم-پەن
تەتقىقات دۇيشىياگىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇرۇس، زىددىيەتنىڭ
ئۇمۇملىقىنى بىلمىگەندە، شەيئىلەر ھەرىكىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ
ئۇمۇمى سەۋەپلىرىنى ياكى ئۇمۇمى ئاساسلىرىنى ئېچىش مۇمكىن
ئەمەس؛ لېكىن، زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىگىنى تەتقىق قىلمىغاندا،
بىر شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ماھى-
يەتنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئەمەس، شەيئىلەر ھەرىكىتى ۋە تەرەققىيا-
تىنىڭ ئالاھىدە سەۋەپلىرىنى ياكى ئالاھىدە ئاساسلىرىنى ئېچىش
مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئىلىم-پەن
تەتقىقات دائىرىسىنى ئايرىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ بىلىش ھەرىكىتىنىڭ تەرتىۋىنى ئالىدىغان بولساق،
ئۇ ھامان ئايرىم ۋە ئالاھىدە شەيئىلەرنى بىلىشتىن ئۇمۇمى شەيئى-
لەرنى بىلىشكە پەيدىن-پەي كېڭىيىدۇ. كىشىلەر ھامان ئالدى بىلەن
نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە ماھىيەتلىرىنى
بىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇمۇملاشتۇرۇش
خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتىنى

بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر بۇ ئورتاق ماھىيەتنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئورتاق بىلىشنى يېتەكچى قىلىپ، تېخى تەتقىق قىلىنمىغان ياكى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغان ھەرخىل كونكرېت شەيئىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى تاپىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇنداق ئورتاق ماھىيەت ھەققىدىكى بىلىشنىڭ قۇرۇق-قاقشال ۋە قېتىپ قالغان نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى، بەلكى بۇنداق ئورتاق ماھىيەت ھەققىدىكى بىلىشنى تولۇقلىغىلى، بېيىتقىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ بىلىشنىڭ ئىككى جەريانى: بىرى، ئالاھىدىلىكتىن ئومۇمىلىققا، يەنە بىرى، ئومۇمىلىقتىن ئالاھىدىلىككە ئوتۇشتۇر. ئىنسانلارنىڭ بىلىشى ھامان مۇشۇنداق تەكرار دەۋرى قىلىپ بارىدۇ، ھەر قېتىمقى دەۋرى قىلىش (ئىلمىي ئۇسۇلغا قاتتىق رىئايە قىلىندىغانلا بولسا) ئىنسانلارنىڭ بىلىشنى يەنىمۇ يۇقۇرى دەرىجىگە كوتۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بىزنىڭ جىياۋتىياۋجۇيىچىلىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىدىكى خاتالىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار، بىر تەرەپتىن، زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغاندا ۋە ئايرىم شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى بىلگەندىلا، ئاندىن زىددىيەتنىڭ ئومۇمىلىقىنى تولۇق بىلگىلى، تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتىنى تولۇق بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ؛ ئىككىنچى تەرەپتىن، شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغان ياكى يېڭىدىن باش كوتۇرۇپ چىققان كونكرېت شەيئىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ. بىزنىڭ جىياۋتىياۋجۇيىچىلىرىمىز — ھورۇنلار، ئۇلار كونكرېت شەيئىلەر توغرىسىدا

ھەرقانداق مۇشەققەتلىك تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن باش تارتىدۇ، ئۇلار ئۇمۇمى ھەقىقەتنى قۇرۇق-قۇرۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نوقۇل ئابستراكت گۇڭگۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشىنىڭ بۇ نورمال تەرتىۋىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ، بەلكى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار بىلىشىنىڭ ئىككى جەريانىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى — ئالاھىدىلىكتىن ئۇمۇمىلىققا، يەنە ئۇمۇمىلىقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈشىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار ماركسىزمچە بىلىش نەزەرىيىسىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدۇ.

ماددىنىڭ ھەر بىر چوڭ شىتۇگدىكى ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنى ۋە شۇ زىددىيەت بەلگىلىگەن ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ماددىنىڭ ھەر بىر ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئۇزۇن تەرەققىيات يولىدىكى ھەر بىر جەريانىنىڭ ئالاھىدە زىددىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. بارلىق ھەرىكەت شەكىللىرى خىيالىي بولمىغان، بەلكى ھەقىقى بولغان ھەر بىر تەرەققىيات جەريانىدا سۈپەت جەھەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىز بۇ نۇقتىغا كۆپرەك قارىتىلىشى، بەلكى مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىشى كېرەك.

سۈپەت جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەر پەقەت سۈپەت جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەنلا ھەل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ خەلق ئاممىسى بىلەن فېوداللىق تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ مۇستەملىكىلەر بىلەن

جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىللى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېخانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يېزا ئىگىلىگىنى كوللېكتىپلەشتۈرۈش ۋە ماشىنىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ گوڭچەنداڭ ئىچىدىكى زىددىيەت تەنقىت ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ؛ جەمىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. جەريان ئۆزگەرگەندە، كونا جەريان ۋە كونا زىددىيەتلەر يوقىلىپ، يېڭى جەريان ۋە يېڭى زىددىيەتلەر تۇغۇلغاندا، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. روسىيىدىكى فېۋرال ئىنقىلاۋى بىلەن ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ھەل قىلغان زىددىيەتلەر ۋە بۇ ئىككى ئىنقىلاپتا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا قوللىنىلغان ئۇسۇللار بىر-بىرىگە تۈپ ئاساسىدىن ئوخشاش بولمىدى. بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش — ماركسىزىم-لېنىنىزىمچىلار قاتتىق ئەمەل قىلىشى زورۇر بولغان پىرىنسىپ. جىاۋتياۋجۇيىچىلار بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلمايدۇ، ئۇلار تۈرلۈك ئىنقىلاپلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىكى پەرقلەرنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا، بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش لازىملىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۆزلىرىچە، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەپ ھېسابلىغان بىر خىل گۇڭشىنى ھەممىلا جايدا بىردەك ئىشلىتىۋېرىدۇ، بۇ ھال پەقەت ئىنقىلاپنى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىتىدۇ ياكى ئەسلىدە ئوبدان ئىشلەشكە بولىدىغان ئىشنى چاتاق قىلىپ قويىدۇ، خالاس.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۇمۇم- يىغىندىسى، ئۆزئارا باغلىنىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ تاشلاش، يەنى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، شۇ جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەر تەرەپىتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، جەريانىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، بۇمۇ تەتقىقات خىزمىتىنى قىلغاندا، تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر بولغان نۇقتا.

ھەر بىر چوڭ شەيئى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بىرمۇنچە زىددىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى جەريانىدا جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئېزىلگۈچى سىنىپلار بىلەن جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، خەلق ئاممىسى بىلەن فېودالىلىق تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دېھقانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ھەرقايسى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران گۇرۇھ- لار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە باشقا زىددىيەتلەر بار، ئەھۋال ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپ. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئۇلارغا بىردەك قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر زىددىيەتنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار، ئۇلارغىمۇ بىردەك قارىغىلى بولمايدۇ. بىز جۇڭگو ئىنقىلاۋى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار زىددىيەت- لەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يالغۇز ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي يىغىندىسى جەھەتتىن، يەنى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى جەھەتتىنلا چۈشىنىپ

قالماستىن، بەلكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىنمۇ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى چۈشىنىش ئۇلارنىڭ ھەر بىر تەرىپىنىڭ قانداق مەخسۇس ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن قانداق كونكرېت شەكىلدە ئۆزئارا تەقەززالىق ۋە يەنە ئۆزئارا زىتلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى، ئۆزئارا تەقەززالىق ۋە يەنە ئۆزئارا زىتلىق داۋامىدا، شۇنىڭدەك تەقەززالىق بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن يەنە قانداق كونكرېت ئۇسۇلدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش دېمەكتۇر. بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. لېنىن: ماركسىزمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ جېنى — كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش[10]، دېگەن ئىدى. بۇ سۆز ئەنە شۇ مەنىدە ئېيتىلغان. بىزنىڭ جياۋتياۋجۇيىچىلىرىمىز لېنىننىڭ يوليورۇقىغا خىلاپلىق قىلدى، ھەرقانداق بىر شەيئىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا ھەرگىز مىڭە ئىشلەتمەي، ماقالا يازسا ياكى نۇتۇق سۆزلىسە، ھامان قۇرۇق، مەنىسىز باگۇ مۇقامىنى تەكرارلاپ، پارتىيىمىز ئىچىدە بىر خىل ناھايىتى يامان ئىستىلنى پەيدا قىلدى.

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا جۈگۈەنلىك، بىرتەرەپلىمىلىك ۋە يۈزەلىككە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. جۈگۈەنلىك مەسىلىگە كېڭۈەن رەۋىشتە قاراشنى بىلمەسلىك، يەنى مەسىلىگە ۋېيۋۇلۇق نۇقتەئى نەزەر بىلەن قاراشنى بىلمەسلىكتۇر. بۇ توغرىلىق «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ماقالامدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بىرتەرەپلىمىلىك مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى بىلمەسلىكتۇر. مەسىلەن: جۈگگو

تەرەپنىلا چۈشىنىپ، ياپونىيە تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، گۇڭچەنداڭ تەرەپنىلا چۈشىنىپ، گومىنداڭ تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، پرولېتارىيات تەرەپنىلا چۈشىنىپ، بۇرژۇئازىيە تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، دېخانلار تەرەپنىلا چۈشىنىپ، پومېشچىكلار تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، ئوڭۇشلۇق تەرەپنىلا چۈشىنىپ، قىيىنچىلىق تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، ئۆتمۈش تەرەپنىلا چۈشىنىپ، كەلگۈسى تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، يەككە تەرەپنىلا چۈشىنىپ، ئومۇم تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، كەمچىلىك تەرەپنىلا چۈشىنىپ، ئۇتۇق تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، دەۋاگەر تەرەپنىلا چۈشىنىپ، جاۋابكار تەرەپنى چۈشەنمەسلىك، يوشۇرۇن ئىنقىلاۋىي خىزمەت تەرەپنىلا چۈشىنىپ، ئاشكارا ئىنقىلاۋىي خىزمەت تەرەپنى چۈشەنمەسلىك ۋاھاكازالار، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەنمەسلىكتۇر. بۇ، مەسىلىگە بىرتەرەپلىمە قاراش ياكى قىسمەنلىكنىلا كورۇپ، ئومۇمىيەتنى كورمەسلىك، دەرەخنىلا كورۇپ، ئورماننى كورمەسلىك، دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق بولغاندا، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئىنقىلاۋىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ، تاپشۇرۇلغان خىزمەتلەرنى بېجىرگىلى بولمايدۇ، پارتىيىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەشلەرنى توغرى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. سۇن زى ھەربىي ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭىلمەيسەن»[11] دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنى كوزدە تۇتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋېي جېڭ: «ھەر تەرەپتىن ئاڭلىساڭ، ئەھۋال ئېنىق بولىدۇ، بىر تەرەپكە ئىشەنسەڭ، ئەھۋال تۇتۇق بولىدۇ»[12] دېگەن ئىدى. ئۇمۇ بىرتەرەپلىمە قاراشنىڭ

ناتوغرىلىقىنى چۈشەنگەن. بىراق، بىزنىڭ يولداشلىرىمىز مەسىلىگە،
كۆپىنچە، بىرتەرەپلىمە قارايدۇ، مۇنداق ئادەملەر، كۆپىنچە، مىققا
ئۇسۇۋالىدۇ. «شۈيخۇجۇەن» رومانىدا سۇڭ جياڭ ئۈچ قېتىم جۇجيا-
جۇاڭ[13] يېزىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئىككى قېتىمىقىسىدا ئەھۋالنى ئېنىق
بىلمىگەنلىكى، ئۇسۇلى توغرى بولمىغانلىقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراي-
دۇ. كېيىن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئەگرى-بۈگرى يوللارنى ئوبدان بىلىۋالىدۇ، لىجيا-
جۇاڭ، خۇجياجۇاڭ ۋە جۇجياجۇاڭ يېزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
ئىتتىپاقنى بۇزىدۇ، دۈشمەن لاگېرىغا ئۆز ئادەملىرىنى يوشۇرۇن
كىرگۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە چەتئەل چۆچەكلىرىدە راۋايەت
قىلىنىدىغان ياغاچ ئات ھىيلىسىگە ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ،
شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى قېتىمدا غەلىبە قازىنىدۇ. «شۈيخۇجۇەن»
رومانىدا ۋېيۋۇلۇق بېيەنجېڭغا دائىر نۇرغۇن مىساللار بار، جۇجيا-
جۇاڭ يېزىسىغا قىلىنغان بۇ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇم ئەڭ ئوبدان مىسال
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېنىن: «دۇيشياڭنى ھەقىقىي بىلىش ئۈچۈن،
ئۇنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، ھەممە باغلىنىشلىرىنى ھەم «ۋاستىچى-
لىرى»نى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز
تولۇق ئېرىشەلمەيمىز، لېكىن ئەتراپلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش بىزنى
خاتالىقتىن ۋە قاتمىللىقتىن ساقلاپ قالىدۇ»[14] دېگەن ئىدى. بىز
لېنىننىڭ سۆزىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. يۈزەلىك — زىددىيەتنىڭ
ئۇمۇمىي يىغىندىسىغا ۋە زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ خۇسۇسى-
يەتلىرىگە نەزەر سالماسلىق، زىددىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى شەيئى-
نىڭ ئىچىگە چوڭقۇر كىرىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى
ئىنكار قىلىش، پەقەت يىراقتىن قاراپ قويۇپ، زىددىيەتنىڭ

كورۇنۇشلىرىنى چالا ـ بۇلا كورۇپ قېلىش بىلەنلا زىددىيەتنى ھەل قىلىش (مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىش، ماجىرالارنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش)قا كىرىشمەك بولۇش. بۇنداق ئۇسۇلدىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ. جۇڭگودىكى جياۋتياۋجۇيىچى ۋە تەجرىبىچى يولداشلار شۇنىڭ ئۇچۇن خاتالاشتىكى، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە قاراش ئۇسۇلى — جۇگۇەن، بىرتەرەپلىمە ۋە يۈزە. بىرتەرەپلىمىلىك ۋە يۈزەلىكمۇ جۇگۇەنلىك، چۈنكى ھەممە كېگۇەن شەيئىلەر ئەسلىدە ئۆزئارا باغلانغان ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلەرگە ئىگە تۇرسا، ئۇلار بۇ ئەھۋاللارنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرمەستىن، بەلكى ئۇلارغا بىرتەرەپلىمە ياكى يۈزە قارايدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇنداق ئۇسۇل جۇگۇەنجۇيىلىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بىز شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىرىدىكى، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ ئەھۋالى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جەريان تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈپ زىددىيەت ۋە مۇشۇ تۈپ زىددىيەت بەلگىلىگەن جەرياننىڭ ماھىيىتى تاكى جەريان تاماملانمىغىچە يوقالمايدۇ؛ لېكىن شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن جەريانىدىكى ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا ئەھۋال، كوپۈنچە، يەنە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەيئىلەرنىڭ

تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈپ زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە جەرياننىڭ ماھىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن تۈپ زىددىيەت ئۇزۇن جەرياننىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا بارا-بارا كەسكىنلىشىپ بارىدىغان شەكىلنى ئالىدۇ. شۇنىڭدەك تۈپ زىددىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياكى ئۇنىڭ تەسىرىدە بولغان نۇرغۇن چوڭ-كىچىك زىددىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى كەسكىنلىشىدۇ، بەزىلىرى ۋاقىتىنچە ياكى قىسمەن ھەل بولىدۇ، ياكى يۇمشايدۇ، يەنە بەزىلىرى يېڭى تۇغۇلغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جەريان ئۆزىنىڭ باسقۇچلۇقلۇغىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ باسقۇچلۇقلۇغىغا ئېتىبار بەرمەيدىكەن، شەيئىلەردىكى زىددىيەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

مىسال ئۈچۈن ئەركىن رىقابەت دەۋرىدىكى كاپىتالىزىمنىڭ راۋاجلىنىپ جاھانگىرلىككە ئايلىنىشىنى ئالساق، ئۇ چاغدا بىر-بىرىگە تۈپتىن زىت بولغان ئىككى سىنىپنىڭ — پۇرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە شۇ جەمئىيەتنىڭ كاپىتالىستىك ماھىيىتى ئۆزگەرمىگەن ئىدى؛ لېكىن ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشكەن، لۇڭدۇەن كاپىتال بىلەن ئەركىن كاپىتال ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر پەيدا بولغان، زوڭجۇگولار بىلەن مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشكەن، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر، يەنى ھەرقايسى مەملىكەتلەر تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر ئالاھىدە ئۆتكۈر ئىپادىلەنگەن ئىدى، شۇنداق قىلىپ، كاپىتالىزىمنىڭ ئالاھىدە باسقۇچى — جاھانگىرلىك باسقۇچى ۋۇجۇتقا كەلدى. لېنىنىزىم شۇنىڭ ئۈچۈن جاھانگىرلىك ۋە پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىنىڭ

ماركسىزمى بولۇپ قالدىكى، لېنىن بىلەن ستالىن بۇ زىددىيەتلەرنى توغرى چۈشەندۈردى ھەم بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ نەزىرىيە ۋە سىلۇپلىرىنى توغرى ئىشلەپ چىقتى.

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن باشلانغان جۇڭگو بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى ئەھۋالنى ئالساق، ئۇنىڭدىمۇ بىرقانچە ئالاھىدە باسقۇچلار بولدى. بولۇپمۇ بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان دەۋردىكى ئىنقىلاپ بىلەن پۇرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان دەۋردىكى ئىنقىلاپ بىر-بىرىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرق قىلىدىغان ئىككى تارىخىي باسقۇچ بولۇپ ئايرىلدى. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، پۇرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ئىنقىلاپنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە يېڭى تەكشىلىشلەرنى پەيدا قىلدى، دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ كەڭ كولەمدە قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى ئىنقىلاپقا ئۈزۈل-كېسىللىك خاراكتېر بەردى، دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا بۇرۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنى تۇغدۇردى ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاپقا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان دەۋردە مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە پۈتۈن جەرياندىكى تۈپ زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى، جەرياننىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاپلىق خاراكتېرى (ئۇنىڭ ئەكسى تەرىپى — يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېوداللىق خاراكتېردا بولۇشى) ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، شۇ ئۇزاق دەۋر ئىچىدە شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە بېيياڭ جۇنفالارنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشى، بىرىنچى قېتىملىق مىللىي بىرلىكسەپنىڭ

قوزغۇلۇشى ۋە 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپ، بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاپ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى، يېڭى جۇڭفالارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى، ئىككىنچى قېتىملىق مىللى بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش زور ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى، يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە بىرنەچچە تەرەققىيات باسقۇچى بېسىپ ئۆتۈلدى. بۇ باسقۇچلار مۇنداق ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: بەزى زىددىيەتلەر كەسكىنلەشتى (مەسىلەن، يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشى بولدى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرى دۆڭبېي تۆت ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى)، بەزى زىددىيەتلەر قىسمەن ياكى ۋاقىتىنچە ھەل بولدى (مەسىلەن، بېيياڭ جۇڭفالار يوقىتىلدى، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدۇق)، بەزى زىددىيەتلەر يېڭىۋاشتىن پەيدا بولدى (مەسىلەن، يېڭى جۇڭفالار ئارىسىدا كۈرەشلەر بولدى، جەنۇبتىكى ئىنقىلاۋى گېنجۇيدىلەر قولىمىزدىن كەتكەندىن كېيىن، پومېشچىكلار يەرلىرىنى يەنە يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇۋالدى) ۋە باشقىلار.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ باغلىنىشى، ئومۇمىيلىكىدىن نەزەر سېلىش لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر باسقۇچتىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىنمۇ نەزەر سېلىش لازىم.

مىسال ئۈچۈن گومىنداڭ بىلەن كوڭچەنداڭنى ئالايلى. گومىنداڭ تەرەپ بىرىنچى قېتىملىق بىرلىكسەپ دەۋرىدە سۇن جۇڭشەننىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى ـ

دىخانلارغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى يولغا قويغان ئىلغى ئۈچۈن، ئۇ ئىنقىلاۋىي ئىدى، كوتۇرەڭگۇ روھلۇق ئىدى، ئۇ ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىتتىپاقى ئىدى. 1927 ـ يىلدىن كېيىن گومىنداڭ بۇنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئۆزگىرىپ، پومېشچىكلار بىلەن چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىغا ئايلىنىپ كەتتى. 1936 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى شەن ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىش، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش تەرىپىگە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇلار گومىنداڭنىڭ ئۈچ باسقۇچتىكى خۇسۇسىيەتلىرى. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە تۇرلۇك سەۋەپلەر بار، ئەلۋەتتە. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى تەرەپ بىرىنچى قېتىملىق بىرلىكەپ دەۋرىدە تېخى گودەك پارتىيە ئىدى، ئۇ 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلاپقا قەھرىمانلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلدى؛ لېكىن ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى بىلىش جەھەتتە بولسا، ئۆزىنىڭ گودەكلىكىنى كورسەتتى، شۇڭا شۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پەيدا بولغان چېن دۇشيۇچىلىق رول ئوينىيالىدى ۋە شۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى 1927 ـ يىلدىن كېيىن يەنە يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىغا قەھرىمانلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلدى، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە ۋە ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلەرنى قۇردى، لېكىن تەۋەككۇلچىلىك خاتالىقىنىمۇ ئوتكۇزۇپ، ئارمىيە ۋە گېنجۇيدىلەرنى ناھايىتى چوڭ زىيانلارغا ئۇچراتتى. 1935 ـ يىلدىن كېيىن يەنە تەۋەككۇلچىلىك خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى يېڭى بىرلىكەپكە رەھبەرلىك قىلدى، بۇ ئۇلۇق كۇرەش ھازىر راۋاجلانماقتا. بۇ

باسقۇچتا گوڭچەنداڭ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ سىناقلىرىدىن
ئۆتكەن ۋە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان پارتىيە بولۇپ تۇرماقتا.
بۇلار جۇڭگو گوڭچەنداڭنىڭ ئۈچ باسقۇچتىكى خۇسۇسىيەتلىرى. بۇ
خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدىمۇ تۈرلۈك سەۋەپلەر بار. ئىككى
پارتىيىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلمىغاندا، ئۇلارنىڭ
ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئۆز ئارا ئالاھىدە مۇناسىۋەت-
لىرىنى: بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى، بىرلىكسەپنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە
بىرلىكسەپنىڭ يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇشىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئىككى
پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بولسا،
تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسلىرىنى ۋە
شۇ سەۋەپلىك ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۇلار بىلەن باشقا تەرەپلەر
ئارىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن زىددىيەتلەرنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى
تەتقىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، گومىنداڭ بىرىنچى قېتىم گوڭچەن-
داڭ بىلەن بىرلەشكەن دەۋردە، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بىلەن چەتئەل
جاھانگىرلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىدى، شۇڭا ئۇ جاھان-
گىرلىككە قارشى تۇرغان ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بىلەن
مەملىكەت ئىچىدىكى خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار
ئىدى، ئۇ ئاغزىدا ئەمگەكچىلەرگە بىرمۇنچە مەنپەئەتلەر بېرىشنى
ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلدە ناھايىتى ئاز مەنپەئەت بەردى
ياكى زادى ھېچنېمە بەرمىدى. ئۇ گوڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇش
ئېلىپ بارغان دەۋردە بولسا، جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم بىلەن
بىرلىشىپ، خەلق ئاممىسىغا قارشى تۇردى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلگىرى
ئىنقىلاپتا قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مەنپەئەتلىرىنى تامامەن يوق
قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى

كەسكىنلەشتۈردى. ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە گومىنداڭ بىلەن ياپون جاھانگىرلىگى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار، ئۇ، بىر تەرەپتىن، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گۇڭچەنداڭغا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلققە قارشى كۈرەشنى ۋە زۇلۇمنى ھەرگىز بوشاشتۇرمايدۇ. گۇڭچەنداڭ بولسا، قايسىلا دەۋردە بولسۇن، ھەردائىم خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە تۇرۇپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ كەلدى؛ لېكىن ھازىرقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرىدە، گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىگى ئۈچۈن، گۇڭچەنداڭ گومىنداڭغا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرگە قارىتا مۆتىدىل سىياسەت قوللاندى. ئەنە شۇ ئەھۋاللار ئاستىدا، يا ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىشىشى كېلىپ چىقتى، يا ئىككى پارتىيىنىڭ كۈرەشى كېلىپ چىقتى، بەلكى ئىككى پارتىيە بىرلەشكەن دەۋردىمۇ ھەم بىرلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىشتەك مۇرەككەپ ئەھۋال بولۇپ تۇردى. ئەگەر بىز بۇ زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلمىساق، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ باشقا تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنەلمەيلا قالماستىن، ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىمۇ چۈشىنەلمەي قالىمىز.

بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، مەيلى ھەرقانداق زىددىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى — ماددىنىڭ ھەر بىر ھەرىكەت شەكلىنىڭ زىددىيەتلىرىنى، ھەر بىر ھەرىكەت شەكلىنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات جەريانىدىكى زىددىيەتلىرىنى، ھەر بىر تەرەققىيات جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى، ھەر بىر تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئۆزىنىڭ

هەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى زىددىيەتلىرىنى ۋە هەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، زىددىيەتلەرنىڭ مانا مۇشۇ هەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، جۇگۇەن ئۆز بېشىمچىلىققا يول قويغىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. كونكرېت تەھلىلنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاندا، هېچقانداق زىددىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېنىننىڭ، كونكرېت شەيئىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك، دېگەن سۆزىنى هەر دائىم ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز لازىم.

مۇنداق كونكرېت تەھلىل قىلىشتا بىزگە ئەڭ ئاۋال ماركس، ئېنگېلسلەر ناهايىتى ئوبدان نەمۇنىلەرنى بەردى.

ماركس، ئېنگېلسلەر شەيئىلەرنىڭ بۇ زىددىيەت قانۇنىنى جەمئىيەتنىڭ تارىخىي جەريانىنى تەتقىق قىلىشقا تەتبىقلىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى هەم بۇ زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي بازىس بىلەن سىياسىي ۋە ئىدېيە قاتارلىق ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىققان زىددىيەتلەرنى، بەلكى بۇ زىددىيەتلەرنىڭ تۈرلۈك سىنىپىي جەمئىيەتلەردە قانداق قىلىپ مۇقەررەر يوسۇندا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىنقىلابلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆردى.

ماركس بۇ قانۇنىي كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىشقا تەتبىقلىغاندا، بۇ جەمئىيەتنىڭ تېگىدىكى زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ

خۇسۇسىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى كوردى. بۇ زىددىيەت ئايرىم-ئايرىم كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىللىكلىكى بىلەن پۈتۈن جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىلسىزلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىپادىلىنەتتى. بۇ زىددىيەتنىڭ سىنىپىي ئىپادىسى بولسا، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى.

شەيئىلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە تەرەققىياتى چەكسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مۇئەييەن پەيتتە ئومۇملىقتا ئىگە بولغان نەرسە ئىككىنچى بىر مۇئەييەن پەيتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر مۇئەييەن پەيتتە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسە ئىككىنچى بىر مۇئەييەن پەيتتە ئومۇملىقتا ئىگە بولغان نەرسىگە ئۆزگىرىدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمى ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۇلۇكلۇگى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت—كاپىتالىزم مەۋجۇت بولغان ۋە راۋاجلىنىۋاتقان ھەممە مەملىكەتلەرگە ئورتاق نەرسە، كاپىتالىزم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ — زىددىيەتنىڭ ئومۇملىقى. لېكىن كاپىتالىزمدىكى بۇ زىددىيەت—ئومۇمى سىنىپىي جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچقا خاس نەرسە، ئومۇمى سىنىپىي جەمىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ — زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى. ھالبۇكى، ماركس كاپىتالىستىك جەمىيەتتىكى بۇ زىددىيەتنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ كورسىتىش بىلەن بىللە، ئومۇمى سىنىپىي جەمىيەتتىكى بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقىنىمۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ تەل-توكۈس بايان قىلىپ بەردى.

ئالاھىدە شەيئىنىڭ ئۇمۇمى شەيئى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقى، ھەر بىر شەيئىنىڭ ئىچىدە زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىلا ئەمەس، بەلكى زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقىنىڭمۇ بولىدىغانلىقى، ئۇمۇملىق ئالاھىدىلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىز مۇئەييەن شەيئىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەنە شۇ ئىككى تەرەپنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئېچىشىمىز، بىر شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاھىدىلىك بىلەن ئۇمۇملىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئېچىشىمىز، بىر شەيئىنىڭ ئۆزىدىن باشقا نۇرغۇن شەيئىلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئېچىشىمىز لازىم. ستالىن ئۆزىنىڭ «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە لېنىنىزىمنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىنى چۈشەندۈرگەندە، لېنىنىزىمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن خەلقارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدۇ، جاھانگىرلىك شارائىتىدا كاپىتالىزىمنىڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن زىددىيەتلىرىنى ۋە بۇ زىددىيەتلەرنىڭ پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى توغرىدىن-توغرى ئەمەلىي مەسىلە قىلىپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭدەك كاپىتالىزىمغا توغرىدىن-توغرى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەپلىك شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە روسىيە نېمە ئۈچۈن لېنىنىزىمنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالغانلىقىنى تەھلىل قىلىدۇ، چار روسىيە ئۇ چاغدا جاھانگىرلىكنىڭ ھەممە زىددىيەتلىرىنىڭ مەركەزلەشكەن تۈگۈنى بولۇپ قالغانلىقى ۋە روسىيە پۇرولېتارىياتى خەلقارا ئىنقىلاۋىي پۇرولېتارىياتنىڭ شيەنفېڭدۇيىگە ئايلىنالىغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ستالىن جاھانگىرلىكنىڭ زىددىيەتلىرىنىڭ ئۇمۇمىيلىقىنى تەھلىل قىلىپ، لېنىنىزمنىڭ جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىنىڭ ماركسىزمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى؛ يەنە چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بۇ ئادەتتىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇتقان ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىپ، روسىيىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنىڭ ۋەتىنى بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئالاھىدىلىك زىددىيەتنىڭ ئۇمۇمىيلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ستالىننىڭ بۇ تەھلىلى بىزگە زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇمۇمىيلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى بىلىشنىڭ نەمۇنىسىنى بەردى.

ماركس بىلەن ئېنگېلس، شۇنداقلا لېنىن بىلەن ستالىن بىيەنجىڭفانى كېگۇەن ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا تەتبىقلاش ھەققىدە توختالغىنىدا، كىشىلەرگە، شۇ ھادىسىلەردىكى كونكرېت زىددىيەتلەرنى، زىددىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ كونكرېت ئورۇنلىرىنى ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا كونكرېت ئالاقىلىرىنى ھەرقانداق جۇگۇەن ئۆز بېشىمچىلىقتا بېرىلمەي؛ كېگۇەن ئەمەلىي ھەرىكەت ئۆز ئىچىگە ئالغان كونكرېت شەرت-شارائىتتىن كۆرۈۋېلىش لازىم، دەپ تەلىم بېرىپ كەلدى. بىزنىڭ جياۋتياۋجۇيىچىلىرىمىز مۇشۇنداق تەتقىقات پوزىتسىيىسىنى تۇتمىغانلىقتىن، ھېچ ئىشنى جايىدىن چىقىرالمىدى. بىز جياۋتياۋجۇيىچىلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئەنە شۇنداق تەتقىقات پوزىتسىيىسىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم، بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى خىل تەتقىقات ئۇسۇلى يوق.

زىددىيەتنىڭ ئۇمۇمىيلىقى بىلەن زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زىددىيەتنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن خاسلىقى

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئۇنىڭدىكى ئورتاقلىق — زىددىيەتلەر-
نىڭ ھەممە جەريانلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ھەممە جەريان-
لارنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولۇشى، دېمەك،
زىددىيەت ھەرىكەتتۇر، شەيئىدۇر، جەرياندۇر ۋە ئىدىيىدۇر.
شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ھەممىنى ئىنكار قىلىشتۇر.
بۇ — قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۈچۈنمۇ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەر
ئۈچۈنمۇ باشقىچە بولۇشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ئورتاق داۋلى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئورتاقلىق ۋە مۇتلەقلىق دېيىلىدۇ. ھالبۇكى،
بۇنداق ئورتاقلىق ھەممە خاسلىقلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ،
خاسلىق بولمىغان بولسا، ئورتاقلىقمۇ بولماس ئىدى. ئەگەر ھەممە
خاسلىق چەتكە قېقىلسا، يەنە قانداق ئورتاقلىق بولسۇن؟ زىددىيەت-
نىڭ ھەرقايسى ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن خاسلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.
ھەممە خاسلىق شەرتلىك، ۋاقىتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇ نىسبىي بولىدۇ.

ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق، مۇتلەقلىق بىلەن نىسبىيلىك توغرى-
سىدىكى بۇ داۋلى — شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەسىلە-
نىڭ مېغىزى، ئۇنى چۈشەنمەسلىك بىيەنجىگىچىلىكتىن ۋازكېچىشلىك
بىلەن باراۋەر.

## 4. ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى

زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىدە مەخسۇس ئوتتۇرىغا
قويۇپ تەھلىل قىلىش لازىم بولغان يەنە ئىككى خىل ئەھۋال بار،

ئۇ بولسىمۇ ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى.

مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن بىرى چوقۇم ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى باشقا زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ ياكى شۇنداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى كۈچ — پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ باشقا بىر-بىرىگە زىت كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مەسىلەن، قالدۇق فېئوداللار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئۇششاق مۈلۈكدار دېھقانلار بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، پرولېتارىيات بىلەن ئۇششاق مۈلۈكدار دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئەركىن بۇرژۇئازىيە بىلەن لۇڭدۇۋەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، بۇرژۇئا دېموكراتىزمى بىلەن بۇرژۇئا فاشىزمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، كاپىتالىستىك دولەتلەر بىلەن كاپىتالىستىك دولەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، جاھانگىرلار بىلەن مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە باشقا زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇ ئاساسىي زىت كۈچلەر بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگودەك يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەردىكى ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتلەر مۇناسىۋىتىدە مۇرەككەپ ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

جاھانگىرلار مۇنداق مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان چاغدا، بۇ مەملىكەتلەردىكى ھەرقايسى سىنىپلار، ۋەتەن

ئاسىيلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ۋاقىتىنچە ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدۇ. بۇ چاغدا جاھانگىرلار بىلەن بۇنداق مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق مەملىكەتلەر ئىچىدىكى ھەرقايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە زىددىيەتلەر (جۈملىدىن ئاساسىي زىددىيەت بولغان فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت) بولسا، ۋاقىتىنچە ئىككىنچى ئورۇنغا ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. جۇڭگودا بولغان 1840 ـ يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى، 1894 ـ يىلدىكى جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشى، 1900 ـ يىلدىكى يىخېتۈەن ئۇرۇشى ۋە ھازىرقى جۇڭگو ـ ياپون ئۇرۇشىدا ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى.

ئەمما باشقا بىر خىل ئەھۋالدا بولسا، زىددىيەتلەرنىڭ ئورنى ئۆزگىرىدۇ. جاھانگىرلار ئۇرۇش شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىرقەدەر مۆتىدىل شەكىل ـــ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي شەكىللەر بىلەن ئەزگەن چاغدا، يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار جاھانگىرلارغا تەسلىم بولۇپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنى بىرلىكتە ئېزىدۇ. مۇنداق چاغلاردا خەلق ئاممىسى، كۆپىنچە، ئىچكى ئۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، جاھانگىرلار بىلەن فېئودال سىنىپلارنىڭ ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدۇ، جاھانگىرلار بولسا، كۆپىنچە، بىۋاستە ھەرىكەتكە ئۆتمەي، بەلكى يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەردىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلقنى ئېزىشىگە ۋاستىلىك يوللار بىلەن ياردەم بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى زىددىيەتلەر ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدۇ. جۇڭگودىكى شىنخەي ئىنقىلابى ئۇرۇشىدا، 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابىي

ئۇرۇشتا ۋە 1927-يىلدىن كېيىنكى 10 يىللىق يەر ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىدا ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى. يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەتلەردىكى ھەرقايسى ئەكسىيەتچى ھوكۇمران گورۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلار، مەسىلەن، جۇڭگودىكى جۇنفالارنىڭ ئۇرۇشلىرىمۇ ئەنە شۇ خىلغا كىرىدۇ.

ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش راۋاجلىنىپ جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بولغان ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا تۈپتىن تەھلىكە سېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن چاغدا، جاھانگىرلار ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ، كوپۇنچە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇللاردىن باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ: يا ئىنقىلاۋىي سەپنىڭ ئىچكى قىسمىنى پارچىلايدۇ، يا بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىچكى ئەكسىيەتچىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ چاغدا چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋە ئىچكى ئەكسىيەتچىلەر ئوچۇقتىن-ئوچۇق بىر قۇتۇپتا تۇرىدۇ، خەلق ئاممىسى بولسا، يەنە بىر قۇتۇپتا تۇرىدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالىدۇ، بەلكى باشقا زىددىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ ياكى راۋاجلىنىشىغا تەسىر كورسىتىدۇ. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن كاپىتالىستىك دولەتلەرنىڭ روسىيە ئەكسىيەتچىلىرىگە ياردەم بەرگەنلىكى — قۇراللىق مۇداخىلىنىڭ مىسالى. 1927-يىلى جياڭ جيېشىنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى — ئىنقىلاۋىي سەپنى پارچىلاشنىڭ مىسالى.

لېكىن قانداق بولسا بولسۇن، جەريان تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا يېتەكچى رول ئوينايدىغان بىرلا ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەرقانداق جەرياندا ئەگەر نۇرغۇن زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇلاردىن بىرى چوقۇم ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ، يېتەكچى، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، قالغان زىددىيەتلەر بولسا، ئىككىنچى ئورۇندا ۋە بويسۇنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق جەرياننى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر ئۇ ئىككىدىن ئوشۇق زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەريان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تېپىپ چىقىش كېرەك. بۇ ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇۋېلىنسا، بارلىق مەسىلىلەر ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ — ماركس كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغاندا، بىزگە كۆرسەتكەن ئۇسۇل. لېنىن، ستالىنلارمۇ جاھانگىرلىكنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمىي ۋېيجەسىنى تەتقىق قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلغاندا، بىزگە شۇنداق ئۇسۇلنى كۆرسەتتى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ۋە ئىجراچىلار بۇ ئۇسۇلنى چۈشەنمەيدۇ، نەتىجىدە، خۇددى تۇتەك ئىچىدە قالغاندەك، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تاپالمايدۇ، شۇڭا زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ تاپالمايدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جەرياندىكى ھەممە زىددىيەتلەرگە تەڭكىشى قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى ئاساسىي زىددىيەت ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىش، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. لېكىن يەنە تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ، مەيلى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ بولسۇن ياكى ئىككىنچى ئورۇندىكى زىددىيەتنىڭ بولسۇن، بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى تەرىپىگە تەڭكىشى قاراشقا بولامدۇ؟ مۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. مەيلى قانداقلا زىددىيەتتە بولسۇن، زىددىيەت تەرەپ-

لىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمايدۇ. بەزى چاغلاردا ھەر ئىككى تەرەپ تەڭدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن بۇ — ۋاقىتلىق ۋە نىسبىي ئەھۋال، ئاساسىي ئەھۋال بولسا، تەكشىسىزلىكتىن ئىبارەت. بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ئاساسىي تەرەپ، يەنە بىر تەرىپى ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي تەرىپى دېگىنىمىز — زىددىيەتتە يېتەكچى رول ئوينايدىغان تەرەپ. شەيئىلەرنىڭ سۈپىتى، ئاساسەن، زىددىيەتنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورۇنىنى ئىگىلىگەن ئاساسىي تەرىپى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ئەمما مۇنداق ئەھۋال تۇراقلىق ئەھۋال ئەمەس، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپى بىر-بىرىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ئەگەر زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن جەريانىدا ياكى مۇئەييەن باسقۇچىدا ئاساسىي تەرەپ A بولسا، ئاساسىي بولمىغان تەرەپ B بولىدۇ؛ ئىككىنچى بىر تەرەققىيات باسقۇچى ياكى ئىككىنچى بىر تەرەققىيات جەريانىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئورنى ئۆزئارا ئالمىشىدۇ، بۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا زىددىيەتنىڭ ئۆزئارا كۈرەش قىلغۇچى ئىككى تەرىپىنىڭ كۈچىنىڭ ئېشىش-كېمىيىش دەرىجىسىگە باغلىق.

بىز ھەردائىم «كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئالىدۇ» دەيمىز. كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى — ئالەمدە ئومۇمى ۋە ھېچقاچان قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت. شەيئىلەرنىڭ ئۆز سۈپىتىگە ۋە شارائىتىغا مۇۋاپىق، تۈرلۈك سەكرەش شەكىللىرى ئارقىلىق، بىر شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىگە ئايلىنىشى — كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىش جەريانى. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆز ئىچىدە يېڭى بىلەن

كونىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولىدۇ، بۇ زىددىيەت بىر قاتار چىگىش كۈرەش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. كۈرەش نەتىجىسىدە يېڭى تەرەپ كىچىكلىكتىن چوڭىيىدۇ ۋە ئۆسۈپ ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ؛ كونا تەرەپ بولسا، چوڭلۇقتىن كىچىكلەيدۇ ۋە پەيدىن - پەي يوقىلىپ بارىدۇ. يېڭى تەرەپ كونا تەرەپكە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىگەن هامان، كونا سۈپەتلىك شەيئى يېڭى سۈپەتلىك شەيئى بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، شەيئىلەرنىڭ سۈپىتى، ئاساسەن، زىددىيەتنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىگەن ئاساسىي تەرىپى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. زىددىيەتنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىگەن ئاساسىي تەرىپى ئۆزگىرىشى بىلەنلا شەيئىنىڭ سۈپىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە كاپىتالىزم كونا فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدىكى بېقىندىلىق ئورنىدىن ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىگەن كۈچكە ئايلىنىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىمۇ فېئوداللىق جەمئىيەتلىكتىن كاپىتالىستىك جەمئىيەتلىككە ئايلىنىدۇ. يېڭى كاپىتالىستىك جەمئىيەت دەۋرىدە فېئودال كۈچلەر بولسا، ئاۋالقى ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان كۈچلۈكتىن بېقىندى كۈچلۈككە ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدىن - پەي يوقىلىپ بارىدۇ، مەسىلەن، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە شۇنداق بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇرژۇئازىيە تەرەققىيپەرۋەرلىك رول ئوينايدىغان يېڭى سىنىپلىقتىن ئەكسىيەتچىل رول ئوينايدىغان كونا سىنىپلىققا ئايلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا پرولېتارىيات تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، هاكىمىيەتتىن ئايرىلغان سىنىپلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ سىنىپمۇ

پەيدىن - پەي يوقىلىپ بارىدۇ. كىشى سانى بۇرژۇئازىيىدىن ناھايىتى كوپ بولغان ھەمدە بۇرژۇئازىيە بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ ئوسكەن، ئەمما بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان پۇرولېتا-رىيات — يېڭى كۈچ؛ ئۇ بۇرژۇئازىيىگە بېقىندى بولغان دەسلەپكى ئورنىدىن پەيدىن - پەي زورىيىپ، مۇستەقىل ۋە تارىختا يېتەكچى رول ئوينايدىغان سىنىپ بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ھوكۇمران سىنىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جەمىيەتنىڭ خاراكتېرى كونا، كاپىتالىستىك جەمىيەتلىكتىن يېڭى، سوتسىيالىستىك جەمىيەتلىككە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ — سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىپ ئوتكەن ۋە باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر بېسىپ ئوتىدىغان يول.

جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، يېرىم مۇستەملىكە بولۇپ قېلىشتەك زىددىيەتتە جاھانگىرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، جۇڭگو خەلقىنى ئەزدى، جۇڭگو بولسا، مۇستەقىل دولەتلىكتىن يېرىم مۇستەم-لىكىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ئەھۋال چوقۇم ئوزگىرىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى شارائىتىدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ پۇرولېتارىيات رەھبەرلىكىدە ئوسۇپ چىققان كۈچلىرى مۇقەررەر يوسۇندا جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكىلىكتىن مۇستەقىل دولەتكە ئايلاندۇرىدۇ، جاھانگىرلار بولسا ئاغدۇرۇلىدۇ، كونا جۇڭگو مۇقەررەر يېڭى جۇڭگوغا ئايلىنىدۇ.

كونا جۇڭگونىڭ يېڭى جۇڭگوغا ئايلىنىشى مەملىكەت ئىچىدىكى كونا فېودال كۈچلەر بىلەن يېڭى خەلق كۈچلىرى ئارىسىدىكى ئەھۋالنىڭ ئوزگىرىشىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. كونا فېودال - پومېش-شىكلار سىنىپى ئاغدۇرۇلىدۇ، ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىنغۇچىغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ سىنىپمۇ پەيدىن - پەي يوقىلىپ بارىدۇ. خەلق بولسا، پۇرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىدە،

هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىدىن هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىدۇ، كونا، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتلىكتىن يېڭى، دېموكراتىك جەمئىيەتلىككە ئايلىنىدۇ.

بۇنداق بىر ـ بىرىگە ئايلىنىش ئەھۋالى ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن. جۇڭگودا 300 يىلغا يېقىن هۆكۈمرانلىق قىلغان چىڭ سۇلالىسى دىڭگوسى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاغدۇرۇلدى؛ سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي تۇڭمېڭخۇي بولسا، بىرمەھەل غەلىبە قازاندى. 1924 ـ يىلدىن 1927 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشتا گوڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ بىرلىشىشىدىن هاسىل بولغان جەنۇبتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئاجىزلىقلىقتىن قۇدرەتلىكلىككە ئايلىنىپ، بېيفا ئۇرۇشىدا غەلىبە قازاندى؛ بىر مەزگىل كۆرەڭلىگەن بېيياڭ جۇنفالار بولسا ئاغدۇرۇلدى. گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق كۈچلىرى 1927 ـ يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ناھايىتى كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى؛ لېكىن ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى جىخۇيجۇيىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقتىن، يەنە پەيدىن ـ پەي زورايدى. گوڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي گېنجۇيدىلەردە دېھقانلار هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىدىن هۆكۈمرانلىق قىلغۇچىغا ئايلاندى، پومېشچىكلار بولسا، تەتۈرسىگە ئايلاندى. دۇنيادا هامان ئەنە شۇ يوسۇندا كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى بېسىپ تۇرىدۇ، هامان ئەنە شۇ يوسۇندا كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىپ تۇرىدۇ، كونا يوقىلىپ، يېڭى تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ ياكى كونا بۇزۇلۇپ، يېڭى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىنقىلابىي كۆرەشتە بەزى ۋاقىتلاردا قىيىن شارائىت ئۈستۈنلۈك

شارائىتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا قىيىنچىلىق زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولىدۇ، ئوڭۇشلۇق بولسا، زىددىيەتنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى تەرىپى بولىدۇ. ئەمما ئىنقىلابچىلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، قىيىنچىلىقلارنى پەيدىن-پەي يېڭىپ، ئوڭۇشلۇق يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتقىلى بولىدۇ، قىيىن ۋەزىيەت ئوڭۇشلۇق ۋەزىيەتكە ئورۇن بېرىدۇ. 1927-يىلدىكى جۇڭگو ئىنقىلابى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالمۇ، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇزۇن سەپەردىكى ئەھۋالمۇ ئەنە شۇنداق بولدى. ھازىرقى جۇڭگو-ياپون ئۇرۇشىدىمۇ جۇڭگو يەنە قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا، لېكىن بىز بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ياپونىيە تەرەپنىڭ ئەھۋالىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايمىز. ئەكسىچە بولغان ئەھۋالدا، ئېيتايلى، ئىنقىلابچىلار خاتالىشىپ قالسا، ئوڭۇشلۇقمۇ قىيىنچىلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1924-يىلدىن 1927-يىلغىچە داۋام قىلغان ئىنقىلابتا قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبە مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى. 1927-يىلدىن كېيىن جەنۇبتىكى ئۆلكىلەردە راۋاج تاپقان ئىنقىلاۋىي گېنجۈيدىلەر 1934-يىلى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

بىلىم ئېلىشتا بىلمەسلىكتىن بىلىشكىچە بولغان جەريانىدىكى زىددىيەتمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز ماركسىزمنى ئەمدىلا تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن چېغىمىزدا بىزنىڭ ماركسىزمنى بىلمەسلىكىمىز ياكى ئاز بىلىشىمىز بىلەن ماركسىزم ئىلمى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىسىدا، بىلمەسلىكتىن بىلىدىغان، ئاز بىلىشتىن كۆپ بىلىدىغان بولىمىز، ماركسىزمغا نىسبەتەن قارىغۇلۇقتىن ماركسىزمنى ئەركىن تەتبىقلىيالايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىمىز.

بەزىلەر، بەزىبىر زىددىيەتلەر ئۇنداق ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسـ ۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىي تەرەپ؛ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئەمەلىيەت ئاساسىي تەرەپ؛ ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىي تەرەپ؛ ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈشمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بىيەنچىلىق ۋېيۇۇلۇنچە قاراش ئەمەس، بەلكى جىشىبىلىك ۋېيۇۇلۇنچە قاراش. دۇرۇس، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئەمەلىيەت ۋە ئىقتىسادىي بازىس ئۇمۇمەن ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بۇنى كىم ئىنكار قىلمايدىكەن، ئۇ ۋېيۇۇلۇنچى ئەمەس. ئەمما مۇئەييەن شارائىتتا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، نەزەرىيە ۋە ئۈستقۇرۇلما تەرەپلىرىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بۇنىمۇ ئىتىراپ قىلىش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. لېنىننىڭ «ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ»[15] دېگىنىدەك بولۇپ قالغان چاغدا، ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىشى ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىرەر ئىشنى (مەيلى ھەرقانداق ئىش بولسۇن) ئورۇنلاش لازىم بولۇپ، ئەمما فاڭجېن، ئۇسۇل، پىلان ياكى سىيا- سەت يوق چاغدا، فاڭجېن، ئۇسۇل، پىلان ياكى سىياسەت بەلگى- لەشمۇ ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ نەرسە بولۇپ قالىدۇ. سىياسى ۋە مەدەنىيەتكە ئوخشاش ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىياتىغا

توسالغۇ بولۇپ قالغان چاغدا، سىياسى ۋە مەدەنى جەھەتلەردىكى يېتەكلاش ئاساسي ۋە ھەل قىلغۇچ نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق دېمەك، ۋېيۋۇلۇنگە خىلاپلىق قىلغان بولامدۇق؟ ياق. چۈنكى بىز ئومۇمى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ماددىنىڭ روھنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى، ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىجتىمائى ئاڭنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز؛ ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە روھنىڭ ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئىجتىمائى ئاڭنىڭ ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتكە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز، بەلكى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ ۋېيۋۇلۇنگە خىلاپلىق قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى دەل جىشىيلىك ۋېيۋۇلۇندىن ساقلانغانلىق، يەنىجېنلىق ۋېيۋۇلۇندە چىڭ تۇرغانلىق.

زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا جەرياندىكى ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەھۋال تەتقىق قىلىنمىسا، يەنى زىددىيەتلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل ئەھۋالىدىكى پەرق تەتقىق قىلىنمىسا، ئابستراكت تەتقىقات يولىغا كىرىپ قېلىپ، زىددىيەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى كونكرېت رەۋىشتە ئۇقۇپ چىققىلى بولمايدۇ، شۇ سەۋەپتىن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققىلىمۇ بولمايدۇ. زىددىيەتلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل ئەھۋالىدىكى پەرق ياكى ئالاھىدىلىك زىددىيەت كۈچلىرىنىڭ تەكشىسىزلىكىدىن ئىبارەت. دۇنيادا مۇتلەق يوسۇندا تەكشى تەرەققى قىلىدىغان نەرسە يوق، بىز تەكشىلىك نەزەرىيىسىگە، يەنى مۇۋازىنەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشىمىز

كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە زىددىيەتلەردىكى ئەنە شۇنداق كونكرېت ئەھۋال ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلىرى دەل يېڭى شەيئى كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان كۈچنى ئىپادىلەيدۇ. زىددىيەتلەردىكى ھەرخىل تەكشىسىزلىك ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتلەرنى، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپىنى تەتقىق قىلىش ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى جەنلۇۋى ۋە جەنشۇ فاڭجېنلىرىنى توغرى بەلگىلىشىدە مۇھىم ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ھەممە كوممۇنىستلار دىققەت قىلىشلىرى كېرەك.

## 5. زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە كۈرىشى

زىددىيەتنىڭ ئۇمۇملىقى ۋە ئالاھىدىلىكى مەسىلىسىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە كۈرىشى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئوخشاشلىق، بىرلىك، بىردەكلىك، بىر-بىرىگە سىڭىش، بىر-بىرىگە ئۆتۈش، بىر-بىرىگە بېقىنىش (ياكى بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىش)، ئۆزئارا باغلىنىش ياكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش — مانا بۇ ھەرخىل ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەنىدە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ: 1) شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر بىر زىددىيەتنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ھەر ئىككىلىسى

ئۆزئارا قارىمۇ ـ قارشى بولغان تەرەپنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرىدۇ؛ 2) بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ھەر ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىتتا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇلار ئوخشاشلىق دېيىلىدۇ.

لېنىن: «بىيەنجېڭفا مۇنداق بىر خىل تەلىمات: ئۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنىڭ قانداق قىلىپ ئوخشاش بولالايدىغانلىقى ۋە قانداق قىلىپ ئوخشاش بولغانلىقى (قانداق قىلىپ ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى)نى، ــــ ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىپ، ئوخشاش بولغانلىقىنى، ــــ نىمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ مېڭىسى بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنى ئۆلۈك، قېتىپ قالغان نەرسە دەپ قارىماستىن، بەلكى جانلىق، شەرتلىك، ئۆزگىرىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدىغان نەرسە دەپ قارىشى كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ»[16]دەيدۇ.

لېنىننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قانداق مەنا چىقىدۇ؟

ھەممە جەريانلاردىكى بىر ـ بىرىگە زىت بولغان تەرەپلەر ئەسلىدە بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى تۇرىدىغان بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەرنىڭ جەريانى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھېچقايسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئاددىي جەرياندا پەقەت بىرلا زىددىيەت، مۇرەككەپ جەرياندا بولسا، بىردىن ئارتۇق زىددىيەت بولىدۇ. ھەرقايسى زىددىيەتلەر يەنە ئۆزئارا زىت بولىدۇ. كېيىن دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ئەنە شۇ تەرىزدە شەكىللىنىدۇ ۋە ئۇلار شۇ تەرىزدە ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

بۇ گەپكە قارىغاندا، زادى ئوخشاش ئەمەس، زادى بىر ئەمەس ئىكەن، قاندىغىسىغا يەنە ئوخشاش ياكى بىر دەيمىز؟

بىر ـ بىرىگە زىت بولغان تەرەپلەر يەككە ـ يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۆزىگە قارشى تەرىپى بولمىسا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئويلاپ كورەيلى: بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ھەممە شەيئىلەرنىڭ ياكى كىشىلەرنىڭ كوڭلىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ئۇقۇملارنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپى ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟ ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. يۇقۇرى بولمىسا، تۆۋەن بولمايدۇ؛ تۆۋەن بولمىسا، يۇقۇرىمۇ بولمايدۇ. بالايى ـ ئاپەت بولمىسا، بەخت ـ سائادەت بولمايدۇ؛ بەخت ـ سائادەت بولمىسا، بالايى ـ ئاپەتمۇ بولمايدۇ. ئوڭۇشلۇقلۇق بولمىسا، قىيىنچىلىق بولمايدۇ؛ قىيىنچىلىق بولمىسا، ئوڭۇشلۇقلۇقمۇ بولمايدۇ. پومېشچىك بولمىسا، ئىجارىگە ئالغۇچى بولمايدۇ؛ ئىجارىگە ئالغۇچى بولمىسا، پومېشچىكمۇ بولمايدۇ. بۇرژۇئازىيە بولمىسا، پرولېتارىيات بولمايدۇ؛ پرولېتارىيات بولمىسا، بۇرژۇئازىيىمۇ بولمايدۇ. جاھانگىرلىكنىڭ مىللىي زۇلمى بولمىسا، مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەر بولمايدۇ؛ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەر بولمىسا، جاھانگىرلىكنىڭ مىللىي زۇلمىمۇ بولمايدۇ. ھەممە قارىمۇ ـ قارشى تەركىبلەر ئەنە شۇنداق بولىدۇ، مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن، بىر تەرەپتىن، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ تۇرىدۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن، بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر ـ بىرىگە ئوتتۇشىدۇ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدۇ، بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ، بۇنداق خاراكتېر ئوخشاشلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر-بىرىگە زىت ھەممە تەرەپلەر مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن ئوخشاشماسلىققا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن زىددىيەت دېيىلىدۇ. لېكىن يەنە ئوخشاشلىققا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. لېنىن، بيەنجېڭفا «قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ قانداق قىلىپ ئوخشاش بولالايدىغانلىقى»نى تەتقىق قىلىدۇ، دېگەندە، مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتىدۇ. قانداق قىلىپ ئوخشاش بولالايدۇ؟ چۈنكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ — ئوخشاشلىقنىڭ بىرىنچى مەنىسى.

ئەمما، زىددىيەتنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ، شۇڭا بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرالايدۇ، دېسەكلا كۇپايە قىلامدۇ؟ كۇپايە قىلمايدۇ. زىددىيەتنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى-نىڭ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىپ تۇرۇشى بىلەن ئىش ئاياقلاشمايدۇ: يەنىمۇ مۇھىمى شۇكى، بىر-بىرىگە زىت بولغان شەيئىلەر يەنە بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇ، شەيئىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر-بىرىگە زىت بولغان ھەر ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۆزىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى تۇرغان ئورۇنغا ئۆتىدۇ، دېگەن سۆز. بۇ — زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى.

نېمە ئۈچۈن بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلىق بولىدۇ؟ قاراڭلار، ھۆكۈمران-لىق قىلىنغۇچى بولغان پرولېتارىيات ئىنقىلاب ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىغا ئايلىنىدۇ، ئەسلىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بولغان بۇرژۇ-ئازىيە بولسا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىغا ئايلىنىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قارشى تەرىپى ئىگىلەپ كەلگەن ئورۇنغا ئۆتۈشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا

شۇنداق بولىدى، پۈتۈن دۇنيادىمۇ شۇنداق بولغۇسى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن شارائىتتىكى باغلىنىش ۋە ئوخشاشلىق بولمىسا، بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈزبېرىشى قانداق قىلىپ مۇمكىن بولاتتى؟

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان گومىنداڭ ئۆزىگە خاس سىنىپىي تەبىتى ۋە جاھانگىرلارنىڭ ئازدۇرۇشى (بۇلار — شەرتلەر) سەۋەبىدىن 1927 - يىلدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي پارتىيىگە ئايلانغان ئىدى، كېيىن يەنە جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ۋە گوڭچەنداڭنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتى (بۇلار — شەرتلەر) سەۋەبىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇرى ماقۇل بولدى. بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەرنىڭ بىرىنىڭ ئىككىنچىسىگە ئۆزگىرىشىدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئوخشاشلىق بولىدۇ.

بىز يۈرگۈزگەن يەر ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق جەريان بولدى ۋە شۇنداق بولغۇسى، يەرگە ئىگە بولغان پومېشچىكلار سىنىپى يەردىن مەھرۇم بولغان سىنىپقا ئايلىنىدۇ، يەردىن مەھرۇم بولغان دىخانلار بولسا، يەرگە ئىگە بولغان ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكدارغا ئايلىنىدۇ. بارلىق بىلەن يوقلۇق، ئىگە بولۇش بىلەن مەھرۇم بولۇش ئوتتۇرى-سىدا مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن ئۆزئارا باغلىنىش بولىدۇ، ئوخشاشلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا دىخانلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكى يەنە سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى ئومۇم مۈلۈكچىلى-كىگە ئايلىنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا شۇنداق بولدى، پۈتۈن دۇنيادىمۇ شۇنداق بولغۇسى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك بولىدۇ، بۇ پەلسەپىدە ئوخشاشلىق ياكى بىر-بىرىگە ئايلىنىش، بىر-بىرىگە

سىڭىشىش دەپ ئاتىلىدۇ.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ياكى خەلق دىكتاتۇرىسىنى مۇستەهكەملەش دەل ئەنە شۇنداق دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، هەرقانداق دولەت تۈزۈمى يوقىتىلغان تېخىمۇ يۇقۇرى باسقۇچقا يېتىپ بېرىشنىڭ شەرتلىرىنى تەييارلاشتۇر. گۇڭچەنداڭنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش دەل گۇڭچەنداڭنى ۋە هەممە پارتىيەچىلىك تۈزۈملىرىنى يوقىتىشنىڭ شەرتلىرىنى تەييارلاشتۇر. گۇڭچەنداڭ رەهبەرلىكىدىكى ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى قۇرۇش ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش دەل ئۇرۇشنى مەڭگۇ يوقىتىشنىڭ شەرتلىرىنى تەييارلاشتۇر. بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان بۇ نۇرغۇن نەرسىلەر ئەينى زاماندا بىر-بىرىگە باغلانغان نەرسىلەردۇر.

هەممىگە مەلۇمكى، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇرۇش تىنچلىققا ئايلىنىدۇ، مەسىلەن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى تىنچلىققا ئايلاندى، جۇڭگودىكى ئىچكى ئۇرۇشمۇ هازىر توختاپ، مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. تىنچلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىدۇ، مەسىلەن، 1927-يىلى گومىنداڭ-گۇڭچەنداڭ هەمكارلىقى ئۇرۇشقا ئايلاندى، هازىرقى دۇنيا تىنچلىقى ۋەزىيىتىمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى سىنىپىي جەمىيەتتە ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقتىن ئىبارەت مۇنداق بىر-بىرىگە زىت شەيئىلەر مۇئەييەن شارائىتتا ئوخشاشلىققا ئىگە.

بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار مۇئەييەن شارائىتتا بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن شارائىتتا بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ،

بۇ — زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقىنىڭ تولۇق مەنىسى. لېنىننىڭ «قانداق قىلىپ ئوخشاش بولغانلىقى (قانداق قىلىپ ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى)، — ئۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا بىر-بىرىگە ئايلىنىپ، ئوخشاش بولغانلىقى» دېگىنى ئەنە شۇ مەنىدە.

«نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ مېڭىسى بۇ قارىمۇ-قارشىلىقلارنى ئۆلۈك، قېتىپ قالغان نەرسە دەپ قارىماستىن، بەلكى جانلىق، شەرتلىك، ئۆزگىرىدىغان، بىر-بىرىگە ئايلىنىدىغان نەرسە دەپ قارىشى كېرەك» بولىدۇ؟ چۈنكى كېگۇەن شەيئىلەر ئەسلىدە شۇنداق بولىدۇ. كېگۇەن شەيئىلەرنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولغان تەرەپلىرىنىڭ بىرلىكى ياكى ئوخشاشلىقى ئەسلىدە ئۆلۈك، قېتىپ قالغان بولماستىن، بەلكى جانلىق، شەرتلىك، ئۆزگىرىدىغان، ۋاقىتلىق ۋە نىسبىي نەرسە، زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن شارائىتتا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئەكس تەرىپىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئېتىپ، ماركسىزمچە-ۋېيۋۇلۇق بىيەنجېڭفاچە دۇنيا قاراش بولىدۇ. پەقەت ھازىرقى ۋاقىتتىكى ۋە تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار ھەم ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان شىڭئېرشاڭشۆي قارىمۇ-قارشى شەيئىلەرنى جانلىق، شەرتلىك، ئۆزگىرىدىغان، بىر-بىرىگە ئايلىنىدىغان نەرسە دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۆلۈك ۋە قېتىپ قالغان نەرسە دەپ قارايدۇ ھەمدە مۇشۇنداق خاتا قاراشنى قەدىمى يەتكەنلا جايلاردا تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ ۋەزىپىسى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋە شىڭئېرشاڭشۆيچىلەرنىڭ خاتا ئىدىيىلىرىنى پاش قىلىپ، شەيئىلەردە ئەزەلدىن بار بولغان بىيەنجېڭفانى تەشۋىق قىلىپ،

شەيئىلەردىكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنقىلاۋىي مەقسەتكە يېتىشتىن ئىبارەت.

زىددىيەتنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى ئوخشاشلىقى دېگىنىمىزدە، بىز ئېيتقان زىددىيەت رېيال زىددىيەتنى، كونكرېت زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ، زىددىيەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىشىمۇ رېيال ۋە كونكرېت بولىدۇ. ئەپسانىلەردىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى، مەسىلەن، «شەنخەيجىڭ»دا ئېيتىلغان «كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى»[17]، «خۇەينەنزى»دە ئېيتىلغان «يى پالۋاننىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈشى»[18]، «شىيۇجى»دا ئېيتىلغان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىشى[19] ۋە «لياۋجەي جىزىي»دا[20] ئېيتىلغان جىن-تۈلكىلەرنىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى توغرىسىدىكى بىرمۇنچە ھېكايىلەر ۋە باشقىلارنى ئالساق، بۇ ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كونكرېت زىددىيەتلەر ئىپادىلىگەن كونكرېت ئۆزگىرىشلەر ئەمەس، بەلكى ھېساپسىز، مۇرەككەپ رېيال زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كىشىلەردە پەيدا قىلغان ساددا، قىياسىي ۋە جۈگۈەن-خىيالىي ئۆزگىرىشلەردۇر. ماركس: «ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسىلا قىياس بىلەن ۋە قىياس ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىش، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇش، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇشتۇر؛ شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئەمەلدە بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن ئەپسانىلەرمۇ يوقىلىدۇ»[21] دەيدۇ. بۇنداق ئەپسانىلەردە (چوچەكلەردىمۇ) ئۇچرايدىغان خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەردە ئادەملەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇشى ۋاھاكازالار تەسەۋۋۇر قىلىپ چىقىلغانلىقتىن، ئۇلار ئادەملەرنى قىزىقتۇرالىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپسانىلەرنىڭ ئەڭ

ئوبدانلىرىدا «مەڭگۈ سېھرىي كۈچ» (ماركس) بولسىمۇ، لېكىن ئەپسانىلەر كونكرېت زىددىيەتلەرنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئەمەس، شۇڭا ئۇلار رېياللىقنىڭ ئىلمىي ئىنكاسى ئەمەس. دېمەك، ئەپسانە ياكى چۆچەكلەردىكى زىددىيەتنى تەشكىل قىلغان تەرەپلەرنىڭ ئوخشاشلىقى كونكرېت ئوخشاشلىق ئەمەس، پەقەتلا خىيالىي ئوخشاشلىق. رېئال ئۆزگىرىشلەردىكى ئوخشاشلىقنى ماركسىزمچە بېيەنجېڭفا ئىلمىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن تۇخۇم چۈجىگە ئايلىنالايدۇ-يۇ، تاش چۈجىگە ئايلىنالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولىدۇ-يۇ، ئۇرۇش بىلەن تاش ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئادەم پەقەت ئادەم تۇغىدۇ، باشقا نەرسە تۇغمايدۇ؟ بۇلارنىڭ سەۋەبى باشقا ئەمەس، زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى مۇئەييەن ۋە زۆرۈر شارائىتتىلا بولىدىغانلىقى. مۇئەييەن ۋە زۆرۈر شارائىت بولمىسا، ھېچقانداق ئوخشاشلىق بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن روسىيىنىڭ 1917-يىلدىكى فېۋرال بۇرژۇئا-دېموكراتىك ئىنقىلاۋى شۇ يىلدىكى ئوكتەبىر پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى بىلەن توغرىدىن-توغرى باغلاندى-يۇ، فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بىلەن توغرىدىن-توغرى باغلانماي، 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسى ئاخىرى مەغلۇپ بولدى؟ نېمە ئۈچۈن موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆچمەنچىلىك تۈزۈمى توغرىدىن-توغرى سوتسىيالىزم بىلەن باغلاندى؟ نېمە ئۈچۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋى يەنە غەرب ئەللىرىنىڭ كونا تارىخىي يولىدىن ماڭماستىن، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسى دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرمەستىن، كاپىتالىستىك ئىستىقبالىدىن

ساقلىنىپ، سوتسىيالىزىم بىلەن توغرىدىن-توغرى باغلىنىشى مۇمكىن؟ بۇلارنىڭ سەۋىۋى باشقا نەرسە ئەمەس، شۇ چاغدىكى كونكرېت شارائىت. مۇئەييەن ۋە زورۇر شارائىت ھازىرلانسا، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا مۇئەييەن زىددىيەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق زىددىيەت ياكى بۇ زىددىيەتلەر بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، يەنە بىر-بىرىگە ئايلىنىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن بولماس ئىدى.

ئوخشاشلىق مەسىلىسى ئەنە شۇنداق. ئۇنداق بولسا، كۈرەش دىگەن نىمە؟ ئوخشاشلىق بىلەن كۈرەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ؟

لېنىن: «قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى (بىردەكلىكى، ئوخشاش-لىقى، بىرىكىشى) شەرتلىك، بىردەملىك، ۋاقىتلىق، نىسبى بولىدۇ. بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ كۈرىشى بولسا، مۇتلەق بولىدۇ، خۇددى تەرەققىيات ۋە ھەرىكەت مۇتلەق بولغاندەك»[22] دەيدۇ.

لېنىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قانداق مەنا چىقىدۇ؟

ھەممە جەريانلارنىڭ باش-ئاخىرى بولىدۇ، ھەممە جەريانلار ئۆزلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىگە ئايلىنىدۇ. ھەممە جەريانلارنىڭ دائىملىقى نىسبى بولىدۇ، ئەمما بىر جەرياننىڭ ئىككىنچى بىر جەر-يانغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىشچانلىقى بولسا، مۇتلەق بولىدۇ.

ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەرىكىتىدە ئىككى خىل ھالەت — نىسبى جىمجىتلىق ھالىتى ۋە روشەن ئۆزگىرىش ھالىتى بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ھالەتتىكى ھەرىكەتنى شەيئىنىڭ ئىچىدىكى بىر-بىرىگە زىت ئىككى ئامىلنىڭ ئۆز-ئارا كۈرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شەيئىنىڭ

ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى ھالەتتە بولغاندا، شەيئىدە پەقەت سان ئۆزگىرىشلا بولىدۇ، سۈپەت ئۆزگىرىشى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ جىمجىت تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. شەيئىنىڭ ھەرىكەتنى ئىككىنچى ھالەتتە بولغاندا، شەيئى بىرىنچى ھالەتتىكى سان ئۆزگىرىشىدىن مەلۇم ئەڭ يۇقۇرى نۇقتىغا بېرىپ يېتىپ، بىرلىكنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سۈپەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرىتىدىغان بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، بىرلىشىش، كېلىشىش، مۇۋازىنەت، تىركىشىش، تۇرغۇنلۇق، جىمجىتلىق، دائىملىق، تەكشىلىك، قېتىشىش، ئۆزئارا تارتىش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى شەيئىلەرنىڭ سان ئۆزگىرىشى ھالىتىدە تۇرغاندىكى كۆرۈنۈشلىرى. بىرلىكنىڭ پارچىلىنىشى، يەنى ئىتتىپاقلىق، بىرلىشىش، كېلىشىش، مۇۋازىنەت، تىركىشىش، تۇرغۇنلۇق، جىمجىتلىق، دائىملىق، تەكشىلىك، قېتىشىش، ئۆزئارا تارتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ئەكس ھالەتكە ئۆتۈشى بولسا، شەيئىلەرنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى ھالىتىدىكى، بىر جەرياندىن ئىككىنچى بىر جەريانغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئۆزگىرىشلىرىدىكى كۆرۈنۈشلىرى. شەيئىلەر ھامان ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بىرىنچى ھالەتتىن ئىككىنچى ھالەتكە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، زىددىيەتنىڭ كۈرىشى بولسا، ھەر ئىككى ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم ئىككىنچى ھالەت ئارقىلىق زىددىيەت ھەل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكى شەرتلىك، ۋاقىتلىق، نىسبىي بولىدۇ، قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش كۈرىشى بولسا، مۇتلەق بولىدۇ، دەيمىز.

يۇقۇرىدا، بىر-بىرىنىڭ ئەكسى بولغان ئىككى نەرسە ئارىسىدا

ئوخشاشلىق بولىدۇ، شۇڭا، ئۇلار بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرالايدۇ، شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە ئايلىنالايدۇ، دېگەن ئىدۇق، بۇ يەردە شارائىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى بىر-بىرىگە زىت نەرسىلەر مۇئەييەن شارائىتتا بىرلىككە كېلەلەيدۇ، شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە ئايلىنالايدۇ؛ بۇنداق مۇئەييەن شارائىت بولمىغاندا، زىددىيەت بولۇپ چىقالمايدۇ، بىللە تۇرالمايدۇ، بىر-بىرىگە ئايلىنالمايدۇ. مۇئەييەن شارائىت بولغاندىلا، ئاندىن زىددىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاشلىق شەرتلىك، نىسبىي بولىدۇ، دەيمىز. بۇ يەردە يەنە زىددىيەتنىڭ كۈرىشى جەريانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ ۋە بىر جەرياننى ئىككىنچى بىر جەريانغا ئايلاندۇرىدۇ، زىددىيەتنىڭ كۈرىشى ھەممىدە مۇستەسناسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن، زىددىيەتنىڭ كۈرىشى شەرتسىز، مۇتلەق بولىدۇ، دەيمىز.

شەرتلىك ۋە نىسبىي ئوخشاشلىق بىلەن شەرتسىز ۋە مۇتلەق كۈرەشنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى ھەممە شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىز جۇڭگولۇقلار دائىم: «بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ئەمما بىر-بىرىگە باغلانغان»[29] دەيمىز، بۇ، بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان نەرسىلەر ئارىسىدا ئوخشاشلىق بار، دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز بىيەنجېڭفاغا ئۇيغۇن، شىڭئېرشاڭشۇېگە خىلاپ. «بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ» دېگەن سۆز، بىر-بىرىگە زىت ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ ياكى ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدۇ، دېگەن بولىدۇ. «بىر-بىرىگە باغلانغان» دېگەن سۆز، بىر-بىرىگە زىت ئىككى تەرەپ مۇئەييەن شارائىتتا ئۆز ئارا باغلىنىپ ئوخشاشلىققا ئېرىشىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

كۆرەش ئوخشاشلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كۆرەش بولمى-
غان بولسا، ئوخشاشلىق بولمىغان بولاتتى.

ئوخشاشلىق ئىچىدە كۆرەش بولىدۇ، ئالاھىدىلىك ئىچىدە ئومۇ-
ملىق بولىدۇ، خاسلىق ئىچىدە ئورتاقلىق بولىدۇ. لېنىننىڭ سوزى
بىلەن ئېيتقاندا: «نىسبىلىك ئىچىدە مۇتلەقلىق بولىدۇ»[29].

## 6. دۇيكاڭنىڭ زىددىيەتلەر ئىچىدە تۇتقان ئورنى

زىددىيەتلەر كۆرىشى مەسىلىسىدە دۇيكاڭ نىمە، دىگەن مەسىلىمۇ
بار. بىز: دۇيكاڭ زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس،
بەلكى زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ بىر خىل شەكلى، دەپ جاۋاپ
بېرىمىز.

ئىنسانىيەت تارىخىدا سىنىپىي دۇيكاڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە،
بۇ — زىددىيەتلەر كۆرىشىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىسى. ئېكس-
پىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى
سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئالساق، مەيلى قۇللۇق جەمى-
يەتتە بولسۇن، مەيلى فېئودالىلىق جەمىيەتتە بولسۇن، مەيلى
كاپىتالىستىك جەمىيەتتە بولسۇن، بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى
سىنىپ بىر جەمىيەتتە ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشايدۇ، ئۇلار
ئوزئارا كۆرەش قىلىدۇ، لېكىن ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىد-
دىيەت راۋاجلىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ھەر
ئىككى تەرىپى ئاندىن سىرتقى دۇيكاڭ شەكلىنى ئالىدۇ، زىددىيەت
راۋاجلىنىپ ئىنقىلاپقا ئايلىنىدۇ. سىنىپىي جەمىيەتتە تېچلىقنىڭ

ئۇرۇشقا ئايلىنىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بومبىنىڭ پارتلىماي تۇرغان ۋاقتى — ئۇنىڭدىكى بىر - بىرىگە زىت نەرسىلەرنىڭ مۇئەييەن شارائىت سەۋەبىدىن بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرغان ۋاقتى. يېڭى شارائىت (ئوت ئېلىش) ۋۇجۇتقا كەلگەندە، ئاندىن پارتلاش يۈز بېرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاخىر بېرىپ سىرتقى توقۇنۇش شەكلى بىلەن كونا زىددىيەتلەر ھەل بولۇپ، يېڭى شەيئىلەر پەيدا بولىدىغان ھەممە ھادىسىلەردىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال بار.

بۇنداق ئەھۋالنى بىلىش ئىنتايىن زورۇر. بۇ بىزگە سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشلارنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، بۇنىڭسىز جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى سەكرەشلەرنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىيەتچى ھوكۇمران سىنىپلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى، خەلقنى ھاكىمىيەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كوممۇنىستلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، ئىجتىمائى ئىنقىلاپ زورۇر ئەمەس ۋە ئۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دىگەنگە ئوخشاش ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلىشى، ماركسىزىم - لېنىنزىمنىڭ ئىجتىمائى ئىنقىلاپ نەزىرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە ئىجتىمائى ئىنقىلاپ پۈتۈنلەي زورۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

لېكىن بىز زىددىيەتلەر كۆرىشىدە بولىدىغان تۈرلۈك ئەھۋالنى كونكرېت تەتقىق قىلىشىمىز لازىم، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن كۆكشە-لارنى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ناموۋاپىق ھالدا تاڭماسلىقىمىز

كېرەك. زىددىيەت ۋە كۈرەش — ئومۇمى، مۇتلەق، ئەمما زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى، يەنى كۈرەشنىڭ شەكىللىرى بولسا، زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ. بەزى زىددىيەتلەر ئاشكارا دۈشمەنلىك خاراكتېرىگە ئىگە، بەزى زىددىيەتلەر بولسا، ئۇنداق ئەمەس. شەيئىلەرنىڭ كونكرېت تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئەسلىدە دۈشمەنلىكسىز بولغان بەزى زىددىيەتلەر راۋاجلىنىپ دۈشمەنلىك زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئەسلىدە دۈشمەنلىك بولغان بەزى زىددىيەتلەر راۋاجلىنىپ دۈشمەنلىكسىز زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىچىدىكى توغرى ئىدىيىلەر بىلەن خاتا ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرگە كەلسەك، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سىنىپلار مەۋجۇت ۋاقىتتا بۇلار سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى. بۇنداق زىددىيەتلەر دەسلەپكى چاغلاردا ياكى ئايرىم مەسىلىلەردە دەرھاللا دۈشمەنلىك بولۇپ ئىپادىلىنىۋەرمەيدۇ. لېكىن سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇنداق زىددىيەتلەر راۋاجلىنىپ دۈشمەنلىك زىددىيەتلەرگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، لېنىن، ستالىنلارنىڭ توغرى ئىدىيىسى بىلەن تروتسكىي، بۇخارىن قاتارلىقلارنىڭ خاتا ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەسلەپكى چاغلاردا دۈشمەنلىك شەكلىدە ئىپادىلەنمىگەن ئىدى، ئەمما كېيىن راۋاجلىنىپ دۈشمەنلىك زىددىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىدىمۇ بولۇپ ئۆتتى. بىزنىڭ پارتىيىمىزدىكى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ توغرى ئىدىيىسى بىلەن چېن دۇشيۇ، جاڭ گوتاۋ قاتارلىقلارنىڭ خاتا

ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ دەسلەپكى چاغلاردا دۈيكاگلىق شەكىلدە ئىپادىلەنمىگەن ئىدى، ئەمما كېيىن راۋاجلىنىپ دۈيكاگلىق زىددىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا پارتىيىمىز ئىچىدىكى توغرى ئىدىيە بىلەن خاتا ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دۈيكاگلىق شەكىلدە ئىپادىلەنگىنى يوق، ئەگەر خاتالاشقان يولداشلار ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ ئالالىسا، ئۇ چاغدا بۇ زىددىيەت دۈيكاگلىق نەرسىگە راۋاجلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا پارتىيە، بىر تەرەپتىن، خاتا ئىدىيىلەرگە قارشى جىددى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خاتالاشقان يولداشلارغا ئۆزلىگىدىن ئويغىنىش پۇرسىتىنى تولۇق بېرىشمۇ لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا چېكىدىن ئاشقان كۈرەش، روشەنكى، نامۇۋاپىق. لېكىن خاتالاشقانلار ئۆز خاتالىقلىرىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىكەن ۋە ئۇنى چوڭايتىۋېرىدىكەن، بۇنداق زىددىيەتنىڭ راۋاجلىنىپ دۈيكاگلىق نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىمۇ مەۋجۇت.

شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي زىددىيەتلەر كاپىتالىستىك جەمىيەتتە (ئۇنىڭدا بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەھەرلەر يېزىلارنى رەھىمسىز رەۋىشتە بۇلايدۇ)، جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلىرىدا (ئۇ يەرلەردە چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋە جۇڭگونىڭ چوڭ مەيبەن بۇرژۇئازىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەھەرلەر يېزىلارنى ۋەھشىلەرچە بۇلايدۇ) ئىنتايىن دۈيكاگلىق زىددىيەتلەردۇر. ئەمما سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە ۋە بىزنىڭ ئىنقىلاۋىي گېنجۇيدىلىرىمىزدە بۇنداق دۈيكاگلىق زىددىيەتلەر دۈيكاگسىز زىددىيەتلەرگە ئايلىنىدۇ، كوممۇنىزىم جەمىيىتىگە بارغاندا بولسا، بۇنداق زىددىيەتلەر يوقىلىدۇ.

لېنىن: «دۇيكالىك بىلەن زىددىيەت پۈتۈنلەي باشقا-باشقىدۇر. سوتسىيالىزىمدا دۇيكالىك يوقىلىدۇ، زىددىيەت ساقلىنىپ قالىدۇ»[25] دەيدۇ. دېمەك، دۇيكالىك زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس، پەقەت بىر خىللا شەكلى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۈگۈشنى ھەممىلا يەردە كەلسە-كەلمەس قوللىنىۋەرگىلى بولمايدۇ.

## 7. خۇلاسە

ئەمدى بىرنەچچە ئېغىز سوز بىلەن خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن. شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت قانۇنى، يەنى قارىمۇ-قارشىلىق بىرلىك قانۇنى — تەبىەت ۋە جەمىيەتنىڭ تۈپ-ئاساسىي قانۇنى، شۇڭا تەپەككۇرنىڭمۇ تۈپ-ئاساسىي قانۇنى. بۇنداق قاراش — شىكىبىرشاگشۇبچە دۇنيا قاراشنىڭ ئەكسى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا چوڭ ئىنقىلاپ ھېساپلىنىدۇ. بيەنجىگلىق ۋېيۋۇلۇنىنىڭ قارىشىچە، زىددىيەتلەر ھەممە كىبگۇەن شەيئى ۋە جۇگۇەن تەپەككۇر جەريانلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، زىددىيەتلەر پۈتۈن جەريانلارنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ، بۇ — زىددىيەتلەرنىڭ ئۇمۇمىلىقى ۋە مۇتلەقلىقى. بىر-بىرىگە زىت شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭدىكى تەرەپلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بۇ — زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە نىسبىلىكى. بىر-بىرىگە زىت شەيئىلەر مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا ئوخشاشلىققا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر پۈتۈنلۈكتە بىللە تۇرالايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە بىر-بىرىنىڭ ئەكسى تەرىپىگە ئايلىنالايدۇ، بۇمۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە نىسبىلىكى. لېكىن زىددىيەتلەرنىڭ كۈرىشى ئۈزلۈكسىز بولىدۇ، مەيلى ئۇلار

بىلله تۇرغان ۋاقىتتا بولسۇن ياكى ئۇلار بىر-بىرىگە ئايلىنىش ۋاقتىدا بولسۇن، كۆرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، خۇسۇسەن ئۇلار بىر-بىرىگە ئايلىنىش ۋاقتىدا كۆرەش تېخىمۇ روشەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بۇمۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇمىلىقى ۋە مۇتلەقلىقى. بىز زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە نىسبىيلىكىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتنى، زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بىلەن ئاساسىي بولمىغان تەرىپىنى پەرق ئېتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم؛ بىز زىددىيەتلەرنىڭ ئومۇمىلىقىنى ۋە كۆرىشىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، زىددىيەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆرەش شەكىللىرىنى پەرق ئېتىشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم؛ ئۇنداق قىلمىساق، خاتالىشىمىز. ئەگەر بىز تەتقىقات نەتىجىسىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ مۇھىم نۇقتىلارنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىۋالساق، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولغان ۋە بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىسىز بولغان جىياۋتياۋجۇيىلىق ئىدىيىلەرنى بىت-چىت قىلالايمىز؛ شۇنىڭدەك تەجرىبىلىك يولداشلارنى ئۆز تەجرىبىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇنى پرىنسىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان ۋە تەجرىبىچىلىك خاتالىقىنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىدىغان قىلالايمىز. زىددىيەت قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتىن ھاسىل قىلغان قىسقىچە خۇلاسىمىز ئەنە شۇلار.

## ئىزاھلار

① لېنىن. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»: «گېگېلنىڭ »پەلسەپە تارىخى توغرىلىق لېكسىيەلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 1-تومىدىكى »ئېلىيە ئېقىمى»

دىگەن بولۇمدىن ئۈزۈندىلەر»دىن ئېلىنغان.

② لېنىن. «بېيەنجىڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»غا قارالسۇن؛ «بىرلىكنىڭ ئىككىگە بولۇنۇشى ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭ زىت قىسىملىرىنى بىلىشىمىز — بېيەنجىڭغانىڭ ماھىيىتى.» يەنە لېنىن. «گېگېلنىڭ «لوگىكا ئىلمى» دىگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»گە قارالسۇن: «بېيەنجىڭغانى، قىسقىچە، قارىمۇ-قارشىلىقلارنىڭ بىرلىگى توغرىسىدىكى تەلىمات، دەپ بەلگىلەش مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بېيەنجىڭغانىڭ خېشىنى تۇتۇۋېلىنىدۇ، ئەمما بۇ چۈشەندۈرۈشنى ۋە كەلگۈ بايان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

③ لېنىن. «بېيەنجىڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»دىن ئېلىنغان.

④ كۇڭزى تەلىماتىنىڭ خەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ۋەكىلى دۇڭ جۇڭشۇ (مىلادىدىن 179 — 104 يىللار بۇرۇن) پادىشا خەن ۋۇدىغا: «داۋنىڭ باش مەنبەئى — تەڭرى، تەڭرى ئۆزگەرمەيدۇ، داۋمۇ ئۆزگەرمەيدۇ»دەپ ئېيتقان. «داۋ» سوزى جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن كەڭ تۈردە قوللىنىلغان بولۇپ، مەنىسى «يول» ياكى «قائىدە»دىگەن بولىدۇ، ئۇنى «قانۇن» ياكى «قانۇنىيەت»دەپ ئىزاھلاشمۇ مۇمكىن.

⑤ ئېنگېلس. «ديۇرىڭگە قارشى» 1-قىسىم، 12-بولۇم «بېيەنجىڭغا. سان ۋە سۈپەت»كە قارالسۇن.

⑥ لېنىن. «بېيەنجىڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»غا قارالسۇن.

⑦ ئېنگېلس. «ديۇرىڭگە قارشى» 1-قىسىم، 12-بولۇم «بېيەنجىڭغا. سان ۋە سۈپەت»تىن ئېلىنغان.

⑧ لېنىن. «بېيەنجىڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»دىن ئېلىنغان.

⑨ لېنىن. «بېيەنجىڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»دىن ئېلىنغان.

⑩ «لېنىن. ئەسەرلەر» 25-تومدىكى «كوممۇنىزىم»دىگەن ئەسەرگە قارالسۇن. «جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۇرۇشىنىڭ جەنلۈي مەسىلىسى»نىڭ ⑩ ئىزاھىغا قارالسۇن.

⑪ «سۇن زى» 3-توم «ھۇجۇمغا تەييارلىنىش» قىسمىغا قارالسۇن.

⑫ ۋېي جېڭ (مىلادى 580 — 643 - يىللىرى) — تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆتكەن سىياسى ئەرباب ۋە تارىخچى. بۇ ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل توغرىسىدا «زىجىڭ تۇڭجيەن»نىڭ 192 - تومىغا قارالسۇن.

⑬ «شۈيخۇجۇەن» — شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن دېھقانلار ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن رومان. سۇڭ جياڭ — بۇ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى. جۇجياجۇاڭ — دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ گېنجۇيدىسى بولغان لياڭشەنبو دېگەن جايغا يېقىن بىر يېزا، بۇ يېزىغا جۇ چاۋفېڭ دېگەن بىر چوڭ زومىگەر پومېشىك ھۆكۈمران بولغان.

⑭ لېنىن. «يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا، ھازىرقى پەيت توغرىسىدا ھەمدە تروتسكى ۋە بۇخارىننىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا»دىن ئېلىنغان.

⑮ لېنىن. «نېمە قىلىش كېرەك؟» 1 - باپ، 4 - بۆلۈمگە قارالسۇن.

⑯ لېنىن. «گېگېلنىڭ ‹لوگىكا ئىلمى› دېگەن كىتاۋىدىن ئۈزۈندىلەر»دىن ئېلىنغان.

⑰ «شەنخەيجىڭ» — جۇڭگونىڭ جەنگو دەۋرىدە (مىلادىدىن 403 — 221 يىللار بۇرۇن) يېزىلغان ئەسەر. كۇافۇ — «شەنخەيجىڭ»دا بايان قىلىنغان ئەۋلىيا. بۇ كىتابتا راۋايەت قىلىنىشىچە، «كۇافۇ قۇياشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. قۇياش پاتىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئۇسساپ كېتىپ خۇاڭخې ھەم ۋېيخې دەريالىرىدىن سۇ ئىچىپتۇ، لېكىن بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيىگە قانماپتۇ، چوڭ بىر كۆلدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما كۆزلىگەن جايىغا يېتەلمەي، يېرىم يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن قالغان ھاسا شاپتۇللۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.» («خەيۋەي بېيجىڭ»)

⑲ يى — جۇڭگونىڭ قەدىمقى راۋايەتلىرىدىكى بىر پالۋان. «قۇياشنى ئېتىش» — ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى ماھىرلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان مەشھۇر ھېكايە. خەن دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇ ئەن (مىلادىدىن 2 ئەسىر

يۇرۇن باشقان بىر ئاقسۆڭەك) يازغان «خۇەينەنزى» دېگەن كىتابتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ياۋنىڭ زامانىدا بىر ۋاقىتتىلا 10 قۇياش بىللە چىقىپ، ھەممە زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، ھەممە گىيالارنى قۇرۇتۇپ تاشلاپتۇ، خەلققە يەپ-ئىچىدىغان ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇزۇن چىشلىق يالماۋۇزلار، يانغىن ۋە چوڭ سۇ ئاپەتلىرىنى تۇغدۇرىدىغان بەدخەيۋەت مەخلۇقلار، ئۆي-ماكانلارنى خاراپ قىلىدىغان بوران-چاپقۇن قۇشلىرى، بەدخەيۋەت ۋەھشى قاۋانلار، ناھايىتى زەھەرلىك يىلانلار خەلققە بالايى-ئاپەت ياغدۇرۇپتۇ. ياۋ پادىشا يى پالۋانغا ...... ئاسماندىكى 10 قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى ۋە يەردىكى بەدخەيۋەت مەخلۇقلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. ...... ھەممە خەلق خوشال بولۇشۇپتۇ.» شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يى (مىلادى 2-ئەسىردە ئۆتكەن يازغۇچى) چۇي يۈەننىڭ شېئىرلىرىدىن «تيەنۋېن»گە بەرگەن ئىزاھىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خۇەينەنزىدە ئېيتىلىشىچە، ياۋنىڭ زامانىدا بىر ۋاقىتتىلا 10 قۇياش بىللە چىقىپ، ھەممە گىيالارنى قۇرۇق-قاقشال قىلىپ تاشلاپتۇ. ياۋ پادىشا يى پالۋانغا 10 قۇياشنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى، بۇيرۇپتۇ، ئۇ توققۇزىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ ...... بىرى قاپتۇ.»

⑲ «شىيۇجى» — مىلادى 16-ئەسىردە يېزىلغان جۇڭگونىڭ ئەپسانىۋى رومانى. سۇن ۋۇكۇڭ — بۇ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى، ئۇ خىلەتلىك مايمۇن بولۇپ، يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىش ھۈنىرىنى بىلىدىكەن، خالىغىنىچە ئۇچار-قاناتلارغا، ھايۋانلارغا، قۇرۇت-قوڭغۇزلارغا، بېلىققا، ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەرگە، سايمان-جابدۇقلارغا ياكى ئادەمزاتقا ئۆزگىرەلەيدىكەن.

⑳ «لياۋجەي جىيى» — چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 17-ئەسىردە) ئۆتكەن پۇ سۇڭلىڭ تەرىپىدىن خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان ھېكايىلەر توپلىمى، بۇ توپلام 431 قىسقا ھېكايىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەۋلىيا-

ماشايىقلار، جىن ـ تۈلكىلەر توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

㉑ ماركسنىڭ ئىقتىسات ئىلمى قول يازمىسىغا «مۇقەددىمە»سىدىن ئېلىنغان.

㉒ لېنىن. «بېيەنجېڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»دىن ئېلىنغان.

㉓ بۇ سۆز دەسلەپ بەن گۇ (مىلادى 1 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر جۇڭگو تارىخچىسى) يازغان «چيەنخەنشۇ» دېگەن كىتابىنىڭ 30 ـ تومى «يىۋېنجى»دا ئۇچرايدۇ، كېيىن خېلى تارقالغان. بەن گۇنىڭ سۆزى تۆۋەندىكىچە: «ئالىملار 10 ئېقىمغا بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ توققۇزى ئېتىۋارغا سازاۋەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى خانلىق تەرتىپلىرى سۇسلىشىپ، يەرلىك ھاكىملار ئۆز كۈچلىرىگە يۆلىنىپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقتىدا ئەۋج ئالغان، بۇ چاغدىكى ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان. شۇڭا توققۇز ئېقىم بىللە مەيدانغا چىقىپ، بىللە ئۆتكەن، ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن، ھەرقايسىسى ئۆز تەلىماتلىرىنى ئالغا سۈرگەن، ھەرقايسىسى ئۆز تەلىماتلىرىنى ماختاشقان، ھەرقايسىسى بەگلىكلەرگە بېرىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىشقان. بۇ تەلىماتلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش بىر ـ بىرىنى چەتكە قاققان ۋە يەنە بىر ـ بىرىنى ئالغا سۈرگەن. مېھرىبانلىق بىلەن ئىنساپلىق، ھۆرمەت بىلەن ئىناقلىق — بۇلار بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، ئەمما بىر ـ بىرىگە باغلانغان.»

㉔ لېنىن. «بېيەنجېڭغا توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»غا قارالسۇن.

㉕ لېنىن. «بۇخارىننىڭ «ئۆتكۈنچى دەۋر ئىقتىسادى» دېگەن كىتاۋى توغرىسىدا پىكىرلەر»دىن ئېلىنغان.

بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1965 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم ئۇيغۇرچە 2 - نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى.

本书根据我社1965年9月出版的《毛泽东选集》第一卷维吾尔文版第二版重印。


ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى

1 - توم

*

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بېيجىڭ تارقىتىش ئورنى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ

*

1965 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا چىققان 2 - نەشرىگە ئاساسەن قايتا بېسىلدى

1967 - يىل 7 - ئايدا بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلدى

ئاددىي مۇقاۋىلىنىشىنىڭ باھاسى: 0.44 يۈەن

# 毛泽东选集

## 第一卷

（维吾尔文）

•

民族出版社出版
（北京安定门外和平东路）
北京市书刊出版业营业许可证出字第047号
民族印刷厂印刷
新华书店北京发行所发行
各地新华书店经售

•

787×1092毫米1/32・印张：20 1/8・插页：3
根据1965年9月北京第二版重印
1967年7月北京第二次印刷
统一书号：M1049(4)131　精及本定价：0.44元